تۇرسۇنجان قادىرى

# قۇرۇماس دەرەخ



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

永不枯萎的树:维吾尔文/吐尔孙·/卡德尔著.一.喀什:喀什维吾尔文出版社，2000.9

ISBN 7—5373—0811—X

Ⅰ.永... Ⅱ.吐... Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2000)第52609号

**喀什维吾尔文出版社出版发行**

(喀什市塔吾古孜路14号 邮编:844000)

**各 地 新 华 书 店 经 销**

**喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷**

850×1168毫米 1/32开本 13.375印张 3插页

2000年11月第1版 2000年11月第1次印刷

印数:1 —— 3110 定价:21.00元



# نەشرياتتىن

ياش يازغۇچى تۇرسۇنجان قادىرى 1960 ـ يىلى ئاتۇش شەھرىگە قاراشلىق ئازاق يېزىسىنىڭ مېيى كەنتىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان، كېيىن ئاتا ـ ئانىسى بىلەن ئەسلىي يۇرتى ئۇستۇنئاتۇش يېزا تاقۇت كەنتىگە كۆچۈپ چىقىپ، باشلانغۇچ ـ ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئوقۇغان؛ 1981 ـ يىلى قىزىلسۇ پېداگوگىكا مەكتىپىنىڭ ئىجتىمائىي پەنلەر سىنىپىنى پۈتكۈزۈپ، ئاقتۇ ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان. 1989 ـ يىل 4 ـ ئايدا «قىزىلسۇ گېزىتى» ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىگە يۆتكەلگەندىن بۇيان مۇخبىر ـ مۇھەررىر بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

تۇرسۇنجان قادىرى ئۆسمۈرلۈك چاغلىرىدىلا ئەدەبىياتقا ئىشتىياق باغلاپ، «بىر تاۋاق يارما»، «گۈل قىستۇرۇلغان جىنازا» قاتارلىق ھېكايىلارنى يازغان، 1991 ـ يىلى «قىزىلسۇ گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «پۇل تاپماق ئاسان ئەمەس» ناملىق ھېكايىسى بىلەن ئەدەبىي ئىجادىيەت سېپىگە كىرىپ كەلگەن. شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «سەھرادىكى كېچە»، «تۇخۇم»، «تىنجىق تۈن» قاتارلىق 40 پارچىدىن ئارتۇق ھېكايىسى ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى گېزىت ـ ژۇرناللاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ يازغان «جوڭگو قىرغىزلىرى» ناملىق ئىككى قىسىملىق تېلېۋىزىيە بەدىئىي سەنئەت فىلىمى 1997 ـ يىلى «قىزىلسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ ئۇيغۇرچە ـ قىرغىزچە سانلىرىدا ئېلان قىلىنىپ، قىرغىز خەلقىنىڭ ئۇزاق دەۋرلىك مەدەنىيىتىنى بىرقەدەر مۇپەسسەل يورۇتۇپ

بەرگەنلىكى بىلەن بەلگىلىك تەسىر قوزغىغان ؛ « تۇخۇم » ناملىق ھېكايىسى « ئۇيغۇر قەلەمكەشلىرى » ( قىرغىزچە ) ناملىق توپلام ( 1994 ـ يىلى )دا تونۇشتۇرۇلغان . ئۇنىڭ بىر قىسىم ئەسەرلىرى قىرغىزچە ۋە خەنزۇچە كىتاب ـ ژۇرناللارغا كىرگۈزۈلگەن . قولىڭىزدىكىسى ياش يازغۇچىنىڭ تۇنجى رومانى بولۇپ ، نۆۋەتتە « بۇ تەقدىر ئەمەس » ناملىق رومانى ئۈستىدە ئىشلەۋاتىدۇ .

تۇرسۇنجان قادىرى ھازىر قىزىلسۇ ئوبلاستلىق يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى .

# مۇندەرىجە

## بىرىنچى قىسىم قايتىش


دەھشەتلىك يول ........................................ 3
تۇنجىسى ئوت يالقۇنى ........................................ 7
ھالاكەت ........................................ 15
يىلان كاۋىپى ........................................ 19
سىرلىق چوققا ........................................ 26
ئىزدەنسە ئاسمانغىمۇ يول چىقار ........................................ 32
خىزىرنىڭ ئىپتىقانلىرى ........................................ 40
تۇكلۇك ئادەم ........................................ 46
ئۇمىد ھاياتنى تۇغدۇ ........................................ 50
ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا ........................................ 60
ئانا بۆركۈت ........................................ 68
ئۇلار بىرلەشتى ........................................ 72
قايتىش ........................................ 83


## ئىككىنچى قىسىم بىلىق قارنىدا


تەۋەررۇك ساندۇق ........................................ 107
قانلىق دېڭىز ........................................ 116

ساغلام تەنلەر ........................................ 131
تولۇن ئاي ........................................ 145
دېڭىز لاچىنى ........................................ 159
چىلىلىيالمىغان خوراز ........................................ 172
ئۈ ۋىسال تاپتى ........................................ 193
بوۋاينىڭ ھېكايىسى ........................................ 209
يار ئىشقى ........................................ 224
ئەمدى مەن ئاجىز ئەمەس ........................................ 244
ئىت ۋاپا ........................................ 249

## ئۈچىنچى قىسىم تاشلىقلار

شۇم خەۋەر ........................................ 265
قايغۇ ئىچىدە ئىزدىنىش ........................................ 280
ئېچىلغان سىر ........................................ 302
كۆكۈللۈك سەپەر ........................................ 316
مەسلىھەتچى ........................................ 341
ساپ ئۆزىمىزدىن ........................................ 357
چارباغقا ھۇجۇم ........................................ 365
چارباغنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ........................................ 378
ئايپالتىنىڭ كارامىتى ........................................ 383
سۇكۇتتىكى دەريا ........................................ 394
« قۇرۇماس دەرەخ » ........................................ 402
ئاخىرقى سۆز ........................................ 417


برنچی قسم
قاتیش

# دەھشەتلىك يول

ئىككىسى بىر تۆگىگە مىنىپ ، كىشىلەر « سەھرايى كەبىر » دەپ نام قويغان چۆللۈك قوينىدا كېتىۋاتاتتى . ئۇلارنى پەقەت چۆللۈك پەيدا قىلغان ۋەھىمىلىك مەنزىرىلەر ئوراپ تۇراتتى . بۇ يەردە مۇشۇنچىلىك بىر تۆگىگە ئېرىشىشنىڭ ئۆزىلا قالتىس مۆجىزە ئىدى . چۈنكى ، بۇنداق قۇملۇقنىڭ تاناۋىنى تارتىشتا « چۆل كېمىسى » بولمىسا بولمايتتى . ئەمما ، ئۇلار كېمىچى پالىقنى ئېلىپلا سەپەرگە ئاتلانغاندەك ، تۆگىنىڭ يەم - خەشىكىنى ئېسىدىن چىقارغان بولسىمۇ ، قامچىنى ئۇنتۇمىغان ئىدى . ئېچىرقاپ كەتكەن تۆگە ئاپتاپ تەپتىدىن قىزىپ قوقاسقا ئايلانغان چۆل-لۈكتە ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان يانتاق - چاكاندىلارغا بويۇن سوزۇشقا باش - كۆزىگە قامچا يەيتتى . ئۇنىڭ شىللىسىدە چاپلىشىپ ئولتۇرغان ياش ئەر - خوتۇن تېززاق بىر مەنزىلگە يېتىشىۋېلىشقا ئالدىرايتتى .

ئۇلار شۇنداق چۆللۈكتە كېتىۋاتقىنىغا قارىماي ، تولىمۇ روھلۇق كۆرۈنەتتى . گەرچە قاغجىرىغان زېمىن ئۈستىدە توختىماي ئېقىۋاتقان شىر - شىر قۇملار ئۇلارنى بويسۇندۇرۇشقا ئۇرۇنسىمۇ ، تىنىمسىز ھەرى-كەت دۆۋە - دۆۋە قۇملارنى ھامان ئارقىدا قالدۇراتتى . تۆگە لوكسىنى ئەسلىتىدىغان قوم بارخانلىرى داۋالغۇش ئىلكىدىكى چەكسىز دېڭىزغا ئوخشىشاتتى . ئۇلار بولسا خۇددى پالاقسىز قوللۇقتا لەيلەپ كېتىۋاتقاندەك سەپىرىنى داۋاملاشتۇراتتى .

بەجايىكى ، بۇ قۇملۇق ئۇلار كىچىكىدە ئېغىناپ ئوينايدىغان مە-ھەللىسىدىكى راھەتبەخش قۇملاردىن بولماستىن ، بەلكى يەر شارىنىڭ

ئوندىن يەتتىسىنى ئىگىلەيدىغان دېڭىز ـ ئوكيانلارنىڭ چوڭ بىر پارچە-سىدەك كىرسە چىقماس تىلسىماتنىڭ ئۆزى ئىدى . ئەتراپنى قورشاپ تۇرغان ئېدىرلار ـ تاغلار گويا قۇملارنى دەريا سۈيىگە ئوخشاش ئېقىپ كەتمىسۇن دېگەندەك بىر يەرگە قاماپ تۇراتتى . بۇرۇقتۇرما بولغان قۇملار كۆچلۈك قۇياش نۇرىدا قوقاستەك قىزىپ ، ئۇلارنىڭ سەپىرىگە توسالغۇ بولۇشقا ئۇرۇناتتى .

چىدىغۇسىز تەشنالىق ئۇلارنى قىيناپ ، گاللىرىنى ئوتتۇندەك قا-تۇرۇۋەتتى ، لەۋلىرىنى ئاقۇالداقتەك ئېتىلدۇرۇپ ، شۇمەلەشتۇردى . ئۇلار شۇ ھالدىمۇ ئۇن ـ تىنسىز مېڭىۋەردى .

تۆگىنىڭ ئالدىغا مىنگەن پالۋان قۇرۇغان لەۋلىرىنى يالىغىنىچە بېشىنى بۇراپ ئارقىسىغا قارىغان ئىدى ، تاشكۆل ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى چۈشىنىپ ، سۇ قاپىقىنى قولىقىغا يېقىن ئەكېلىپ چالغىتتى . شالاقلىغان ئاۋازنى ئاڭلىغان پالۋان يەتكۈدەك سۇنىڭ بارلىقىنى پەرەز قىلغان بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر ئېغىزىنى نەمدىۋېلىشتىن يالتايدى . ئۇنىڭ بۇ مۇ-شەققەتلىك سەپەردە كۆتۈلمىگەن ئەھۋالنىڭ يۈز بېرىپ قېلىشىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ، سۇنى ئايىغانلىقى ئېنىق ئىدى .

پالۋان سۇنى يەنە بىر قېتىم كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە ، تەشنالىق يۈرىكىنى چېقىپ ئۆتكەندەك بولدى . چۈنكى ، بۇنداق خەتەرلىك سەپەردە سۇ ھاياتلىقنىڭ بىردىنبىر كاپالىتى ئىدى . ئۇ پات ـ پات قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ مەنزىلگە تىكىلىپ قارايتتى ، لېكىن ئۇتەڭدىن نىشانە كۆرۈنمەيتتى . پەقەت كۆز ئالدىدا ئالۋۇنلار جىمىرلاپ تېنىنى شۈركۈندۈرەتتى . يولنى داۋاملاشتۇرغانسېرى بايىقى مەنزىرىلەر يەنە ئالدىدىكى يىراق نۇقتىدا ئەكس ئېتەتتى .

ئەمەلىيەتتە بۇ چوڭ چۆللۈكتە نەدىمۇ يول بولسۇن ؟ ئۇلار پەقەت ئۆز سېزىمى بىلەن تۇرلۇك بەلگىلەرگە ئاساسلىنىپ يۈرەتتى . ئۇلار قەدەملىرىنى يۆتكىشىگىلا سۇنىڭ ئېقىشىنى ئەسلىتىدىغان قۇملار ئىزلارنى يوقىتىپ ئۆلگۈرەتتى . مانا بۇ ئىككىيلەن چۆللۈك باغرىغا يېڭىدىن ئىز

سالماقتا ئىدى. پايانسىز قۇملۇق قەدەم رەنج قىلغۇچى بۇ ئەر - خوتۇنلارنى ئەنە شۇنداق جاپالىق يۇرۇپ، يېڭىۋاشتىن يول تېپىشقا مەجبۇرلايتتى.

پالۋان يېقىنلا يەردە بىر تۆگىنىڭ سۇنايلىنىپ ياتقانلىقىنى كۆردى. بۇ هالدىن ئۇنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ: «بۇ تۆگە مىسكىن ئىگىسىنى ياياق قالدۇرۇپ يېتىۋالغان بولمىسۇن» دېگەننى خىيالىغا كەلتۇردى. چۈنكى، ئۇلار ئۆزلىرىمۇ دەردمەن يولۇچى - دە! تۆگىسىدىن ئايرىلىپ قالسا يولنى داۋاملاشتۇرۇش مۇمكىن ئەمەسلىكى ئۇلارغا ئايان. يېقىنلاپ بېرىۋىدى، ياتقىنى بىر تاپ بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ بىر قىسمى چوقچىيىپ تۇرسا، يەنە بىر قىسمى قۇمغا كۆمۈكلۈك ئىدى. قارشى تەرىپىدىن چوك بىر قۇش چوقۇلاۋاتاتتى. بەش قەدەمچە نېرىدا كەتمەن سېپىدەك بىر يىلان باش قىسمىنى تىك كۆتۈرۈۋالغان ئىدى. پالۋان بىلەن تاشگۈلنى بىردىنلا سۈر باستى. بۇ يىرتقۇچلار ئادەمدىن تەپ تارتىدىغاندەك قىلمايتتى. تاپتىن غەيرىي هىد كەلمىگىنىدىن قارىغاندا، تۆگە تېخى بايىلا ئۆلگىنى ئېنىق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن كۆمەچ كۆمسە هازىرلا پىشقۇدەك قىزىق قۇمدا تېزدىن قۇرۇپ قاقشالغا ئايلانغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. نېمىلا بولمىسۇن بۇ «چۆل كېمىسى» ئىگىسىنى مەنزىلگە يەتكۈزەلمەي «يېرىم يول»دا هالاك بولغان ئىدى. ئەمما بۇ ئەر - خوتۇن تۇنجى بولۇپ تىلسىماتلىق دەشتۇچۆلنى بۆسۈپ، يول ئاچماقتا ئىدى. بۇ چۆللۈكتە هاياتلىقنىڭ دەرۋازىسى ئەنە شۇنداق قۇلۇپلانغاچقا، تاپ ئەتراپىدىكى ئاشۇنداق گۆشخور قۇشلارنى هېسابقا ئالمىغاندا، قۇملۇقتا باشقا جاندارمۇ كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى.

ئادەمنى شۈر كۆندۈرىدىغان غەيرىي بىر سادا جىمجىتلىقنى بۇزاتتى. بۇنداق جىمجىتلىق كۆيدۈرگۈچى ئاپتاپنىڭ تەپتىنى تېخىمۇ ئاشۇراتتى. تۆگە خۇددى قۇملارنى يۇدۇپ كېتىۋاتقاندەك قەدىمىنى ئېغىر - ئېغىر يۆتكەيتتى. ئۇلار شۇنچە يول يۈرسىمۇ بۇ گىياھسىز چوك چۆللۈك قوينىدا ئېزىپ قېلىپ بىر دائىرىنى ئايلىنىپ يۈرگەندەكلا تۇيغۇدا ئىدى.

قىزىل ئۆرۈك تامامەن ئوخشاشمايدىغان چىرايلارنى بىر-بىرىدىن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان چىرايلارغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. شۇ تاپتا بۇ ئىككىيلەننىڭ قايسىسىنىڭ ئەر، قايسىسىنىڭ ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولمايدىغان بىر جۈپ قوشماقلارغا ئوخشىشاتتى. قىسقىسى، بۇ قارغىش تەگكۈر زېمىنغا ئاياغ باسقانلارنىڭ ئەسلىي چىرايىدىن ئەسەر قالمايتتى.

ئۇلار تولىمۇ جىمغۇرلىشىپ كەتكەن ئىدى، جانىنى قاقشىتىدىغان تىنىمسىز ئۇچقۇن سورۇش تۆۋەنلەپ، نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن بولغاچقا، ئاستىدىكى تۆگىدەك بورۇن پەرەكلىرىنى كېرىپ پۇشۇلدايتتى. ئىلگىرىكىدەك ئانچە-مۇنچە گىڭشىپ قويىدىغان ناخشىلىرىمۇ ئۈچىگە سىڭىپ كەتكەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتى مۇسىبەتلىك ئادەملەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇزۇن يول مەڭگۈ تۈگىمەيدىغاندەك، ھەتتا ئۆتەڭمۇ بارغانسېرى يىراقلاپ كېتىۋاتقاندەك ئۇلارنى تەشۋىش ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى.

تاشگۈل ئاخىر قاپاقنىڭ ئېغىزىنى ئېچىپ، پالۋاننى يېنىك نوقۇدى. پالۋان سۇدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ، قاپاقنى تاشگۈلگە قايتۇرۇپ بەردى. تاشگۈلمۇ تونۇردەك ئىسسىقتا قايناغان سۇدىن ئاۋايلاپ بىر يۇتۇم ئوتلاپ گېلىنى نەمدىۋالدى.

ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە تورالغۇغا يېتىپ كەلدى. تەيمۇر بوۋاي ئۇلارنىڭ بۇ چۆللۈكنى تۇنجى بويسۇندۇرغان مۆجىزە خاراكتېرلىك ئىشىدىن خەۋەر تېپىپ ھەيران قالدى ۋە ئۇلارنى كۆڭلى تارتقان يېمەك-ئىچمەكلەر بىلەن غىزالاندۇرغاندىن كېيىن، ئورۇن راسلاپ بېرىپ، تۆگىنى جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى.



# تۈندىكى ئوت يالقۇنى

تاشگۈل يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇخلىغىنىغا قارىماي، قۇياش ئۇپۇقتىن كۆتۈرۈلۈشى بىلەن تەڭ ئورنىدىن تۇردى. پالۋان بولسا ھېچنېمىنى تۇيماي خورەك تارتىپ ئۇخلاۋاتاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ كۆپرەك ئارام ئېلىۋېلىشىنى تىلەپ، مەمنۇنلۇق ئىلكىدە قاراپ قويدى. دەرۋەقە، تاشگۈل ئۇنىڭغا شۇنداق كۆيۈنەتتىكى، ھەرقانداق ئالدىراش ئەھۋالدىمۇ ئىشلارنى ئۆزى قىلىۋېرەتتى. ھېلىھەم كېچە ھارغىنلىقتا قالايمىقان تاشلىۋەتكەن نەرسە - كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا تۇتۇندى.

ھەش - پەش دېگۈچە قۇياش نۇرى پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىردى. تاشگۈل پەنجىرىنىڭ ئىككى گىرۋىكىنى چىڭ تۇتقىنىچە سىرتقا بويۇنداپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزىگە تۇنجى بولۇپ چېلىققىنى يەنىلا ئۆتەڭنى قىستاپ تۇرغان قۇم بارخانلىرى بولدى. سارغۇچ قۇملار سەلكىن شامالدا ئۆتەڭگە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ، پەنجىرە گىرۋىكىدىن قولىنى بوشىتىپ، تامدا ئەكس ئەتكەن چېكىت - چېكىت نۇرلارغا تىكىلدى. بۇ جىمجىت، قىزغۇچ نۇرلار بارا - بارا ئاقىرىۋاتاتتى. پالۋاننىڭ ئېغىر پۇشۇلداشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئۆي ئىچى جىمجىتلىققا پاتقان ئىدى. پەقەت پەنجىرىدىن چۆل بىلەن دېڭىزنىڭ بىرىكمە شاۋقۇنىدىن ھاسىل بولغان مۇرەككەپ سادا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تاشگۈل ئادەمنى مۇڭغا پاتۇرىدىغان بۇنداق ساداغا ئادەتلىنىپ قالغاچقىمىكىن، شۇنچىلىك تەمكىن ۋە پەرۋاسىز ئىدى. ئاخشام ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە كېلىپ ئەتراپنى پەرقلەندۈرۈشكە ئۈلگۈرمىگەچكە، تاشگۈل دېڭىزنىڭ تاڭ قۇياشى سۆيگەن مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشنى خالاپ قالدى. ئۇ ئۆيدىن

چىقىشىغا ئۆتەڭدىكى مىڭ - مىڭ ئادەملەر كۆزگە چېلىقتى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى يۈك ئارتىلغان قاتار - قاتار تۆگىلەرنى دېڭىز تەرەپكە ئېلىپ كېتىۋاتاتتى؛ بەزىلىرى كېمىدىن قۇرۇقلۇققا چىقىۋاتاتتى، ئاز ساندىكىلىرى بولسا كېمىدىن چۈشۈرگەن ماللارنى چۆكلىنىپ ياتقان قاتار - قاتار تۆگىلەرگە ئارتىۋاتاتتى. تۆگىلەر خۇددى ئۈستىگە تاغ يۈكلىنىۋاتقاندەك، ئالەمنى مالەم قىلىپ سەت ۋارقىرايتتى. ھەر خىل تىللاردا گويا بىر - بىرى بىلەن ئۇرۇشۇۋاتقاندەك گەپلىشىۋاتقانلارنىڭ قوپال ئاۋازلىرى تۆگىلەرنىڭ نالىلىك ۋارقىرىشىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى. تاشگۈل بۇ خىل مۇرەككەپ مۇھىتتا كۆپ تۇرمايلا ئارقىغا بۇرۇلدى. پالۋان بىلەن تاشگۈل ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ بۇ ئارالغا كېلىپ، ئاندىن بۇ ئۆتەڭدىن يىراق - يىراق جايلارغا ئاتلانغان ئىدى. ئۇلار بارغانلىكى يېرىدە ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن ئالدىراش ئادەملەرنى كۆردى. ياقا يۇرتلۇقلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەن پەرۋايى يوقلۇقىنى ھار ئېلىپ، يەنە بۇ ئارالغا قايتىپ كەلدى. لېكىن، كىشىلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن بولغان ياۋايىلەرچە مۇئامىلىسى ئۇلارنى ھەرقانچە بىزار قىلسىمۇ، چىدىماي بولمايتتى. تاشگۈل ھازىر كۆز ئالدىدا ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئۆلە - تىرىلىشكە باقماي مەشغۇل بولۇۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ ئۆتكەنكى ئىشلارنى ئەسلەپ قالغان ئىدى.

دېڭىز ساھىلىدىكى بۇ ئۆتەڭ سۇ ۋە قۇرۇقلۇق قاتنىشىدىكى مۇھىم تۈگۈن بولغاچقا، ھەر خىل مەملىكەت - قەۋمدىن كەلگەن ئۇلۇغ زاتلار، ھېكىملەر ۋە دانىشمەنلەرنىڭ شاراپىتى بىلەن تولىمۇ كۆجۈم ئۆتەڭگە ئايلانغان ئىدى. ئۇ، دېڭىزنىڭ كۈنگەي قىرغىقىغا جايلاشقان بولۇپ، چۆللۈك تېنىدىكى غايەت زور قان تومۇرغا ئوخشىشاتتى. دېڭىزنىڭ ئىككى قىرغىقىدىكى كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا بويلاپ سوزۇلغان ئېگىزلىك ۋە ئېدىرلىقلار بۇ قان تومۇرنىڭ دولقۇنلىرىنى ئەسىرلەردىن بۇيان كىشەنلەپ، چۆلنى سۇغا، سۇنى چۆلگە تەشنا قىلىپ كېلىۋاتاتتى.

قۇلاق - مېڭىنى يەيدىغان ۋاراڭ - چۇرۇڭ ئاۋازلار تاشگۈلنىڭ

نىرۋىسىنى ئۆرلەتتى بولغاي، كۆزلىرى بىردىنلا دېڭىزدىكى «ئالتۇن چېچەك»لەرگە چۈشتى، ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن «ئايهاي!» دېۋەتتى - دە، بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ يۇقىرىغا چىقتى. دەرۋەقە، قىنىغا پاتماي چايقىلىۋاتقان دېڭىز سۈيى قۇياشنىڭ ئەتىگەندىكى گۈل رەڭ نۇرىدا دەم ئالتۇن چېچەكلەردەك، دەم ئۈنچە - مەرۋايىتلاردەك، دەم دېڭىزغا يېيىلغان غايەت چوڭ شايىدەك ئاجايىپ كۆركەم جۇلالايتتى. گۈزەل مەنزىرىلەر تاشگۈلنىڭ ئويچان كۆزلىرىنى چاقنىتىپ، ئېغىرلىشىپ كەتكەن كاللىسىنى يەڭگىللەتكەندەك بولدى. ئۇ بارغانسېرى كۆتۈرۈلۈۋاتقان كەيپىنىڭ تەسىرىدە تېخىمۇ روھلىنىپ، كۈنگەيدە تاۋلىنىپ تۇرغان باراقسان خورما، پالما دەرەخلىرىنى تاماشا قىلدى. بۇنىڭ بىلەن كۆڭلى شادلىققا تولدى، كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىكىۋىدى، چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز تاغلار گويا چەكسىز قۇملۇقنىڭ ئومۇرتقىسىدەك تۇيغۇ بەردى. شۇ ئەسنادا خورما دەرىخىدىن بىر توپ كىچىك قۇش كۆتۈرۈلدى - دە، پالمىنى ئەگىپ ئۆتۈپ يانتاق تۈۋىگە قوندى، ئاندىن ۋىچىرلاپ سايراشقىنىچە ئۇچى كۆتۈمەكلىشىپ كەتكەن بۇ يانتاقنى چوقۇلاشقا باشلىدى. كۈتۈلمىگەندە بىر نار تۆگە پەيدا بولۇپ، يانتاقنى بىر قاساپلا يىلتىزى بىلەن يۇلۇۋالدى. قۇشلارنىڭ كۆپچىلىكى بۇ هالدىن نارازى بولۇشۇپ ئۇچۇپ كېتىشتى. بەزىلىرى ئەتراپتا ئەگىپ يۈرۈشتى. بەك ئېچىرقاپ كەتكەنلىرىدىن بىرقانچىسى بولسا تۆگىنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتقان يانتاقتىن مېهرىنى ئۈزەلمەي مەهكەم قونۇۋېلىشتى. ئۇلار قاناتلىرىنى لەپىشتىپ، هەدەپ يانتاقنى چوقۇلىشاتتى، بەزىلىرى تېخى تەپ تارتماستىن تۆگىنىڭ تۇمشۇقىنىمۇ چوقۇيتتى. تۆگە بۇ كىچىك جانىۋارلارنى چىۋىندەك هېس قىلىپ، بىپەرۋا هالدا يانتاقنى يالماش بىلەن هەلەك ئىدى. يانتاقنىڭ تۆگە ئاغزىغا كىرىپ كېتىشىگە قىيمىغان بىر قۇش يەم بولۇش ئالدىدا تۇرغان ئاخىرقى ئۇچىنى مەهكەم چوقۇپ تۈۋەنگە كۈچەپ تارتتى. گەرچە ئۇ ئوتخور قۇش بولمىسىمۇ، شارائىت شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلاۋاتاتتى، ئەسلىدىنلا گۆشخور بولمىغان تۆگىمۇ

قۇشنى يانتاق بىلەن قوشۇپلا يېۋەتتى. قالغان قۇشلار تۆگە ئەتراپىدا بىرپەس يۇقىرى - تۆۋەن ئۇچۇشۇپ، ئاندىن بايا يانتاق يۇلۇنغان يەرگە قونۇشقان بولسىمۇ، ئاچ پوكىنىغا دال بولغۇدەك ھېچنېمە تاپالمىدى، ئەمما شۇنداقلىقىغا قارىماي تۇمشۇقى بىلەن قۇمنى ئوڭتەي - توڭتەي قىلاتتى.

قۇشلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى تاشگۈلنىڭ ئىچىنى سىيرىلدۇرۇۋەتتى. ئۇلارنىڭ ياشاش جاسارىتى تاشگۈلنى ئىلھاملاندۇرسا، تۆگە بىلەن يانتاق تالاشقۇدەك كۈنگە قالغىنى يۈرىكىنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ناشتىلىق ئۈچۈن ئېلىۋالغان بىر پارچە سۆك نېنىنى ئىككىگە بۆلۈپ، بىر پارچىسىنى قۇشلارغا تاشلاپ بەردى. ناننى چوقۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن قۇشلار يېمەكلىك تالىشىپ ئۆزئارا قان بولۇشۇپ كېتىشتى. يەنە بەزىلىرى نان چوقۇلاۋاتقان ھەمراھىنىڭ دۈمبىسىنى چوقۇپ يېغىر قىلىۋەتتى، بىراق نانغا يېپىشقان قۇشلارنىڭ بۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. تاشگۈل بىر پارچە نانغا خۇددى ئاچ ھەرىلەردەك يېپىشىۋالغان قۇشلارغا قاراپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى. ئۇ قولىدىكى يەنە بىر پارچە ناننىمۇ بېرىۋەتمەكچى بولۇۋاتاتتى، خۇددا بۇ رەھىمدىل قىزنىڭ ياخشى كۆڭلىنى قۇشلارغا بىلدۈرۈپ ئۈلگۈرگەندەك، ئۇلار گۈررىدە ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇنىڭ دولا ۋە بېشىغا قونۇۋېلىشتى. تاشگۈل ئۇۋۇچى تۇرۇپ مۇشۇنداق قەھەتچىلىكتە نېمىشقا بىرەرسىنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلمايدىكىنا؟ بۇنداق سوئال ئۇنىڭ كاللىسىغا كەلمىگەن دەمسىزا، توغرىسىنى ئېيتقاندا، بۇ قۇشلار ئۇنىڭ ئوۋ نىشانى ئەمەس ئىدى. ئۇ چوڭ - چوڭ نەپەس ئالغىنىچە دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ، ناننى ئۇششاق ئۇۋۇاشقا باشلىدى. قۇشلار ئۇ تاشلاپ بەرگەن نان ئۇۋۇندىلىرىنى بىردەمدىلا پاك - پاكىز يەپ بولدى، ئاندىن يەنە ئۇنىڭغا تەلمۈرۈشتى.

تاشگۈل كېتىشكە تەمشەلگەن ئىدى، قۇشلار چاققانلىق بىلەن پۈتۈن بەدىنىگە چاڭگىدەك قونۇۋالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ چۆللۈكتىكى يەككە - يېگانە دەرەخكە ئوخشىشىپ قالدى. قۇشلار بۇ ساخاۋەتچىسىگە

مەدھىيە ئوقۇغاندەك ۋىچىرلاپ سايرىشاتتى . ئۇ يانچۇقلىرىنىڭ خالتىلىرىنى ئۆرۈپ كۆرسەتسىمۇ ، قۇشلار ئىشىنىشنى خالىمايتتى . ئاخىر ئۇ : « ماڭا ئىشىنىڭلار ، ئەمدى سىلەرگە بەرگۇدەك ھېچنېمە قالمىدى ، ياخشىسى ئۆزۈڭلار دان ئىزدىگىنىڭلار تۈزۈك » دېگەن مەنىدە دولىسىنى قاقتى . بۇ نۆۋەت قۇشلار ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك ، بىر ـ بىرلەپ ئۇچۇپ كېتىشتى .

تاشگۈل قۇشلار ئۇچۇپ كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىچە بىرقىسملا بولۇپ قالدى . چۈنكى ، ئۇلار ئۇچقان بويى قۇملۇق قوينىغا سىڭىپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ مۇسىبەت ئەھلىدەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ، تۇرالغۇغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ چۆل قۇشلىرىنى زادى ئېسىدىن چىقىرالمىدى . قۇشلارنىڭ نالە ـ پەرياد قىلغاندەك ۋىچىرلاپ سايراشلىرى ئۇنىڭ قۇلاق پەردىسىگە ئورنىشىپ قالغان ئىدى .

بۇ ئۆتەڭنى تەيمۇر بوۋاينىڭ ئۇرۇق ـ ئەجدادلىرى تا مۇشۇ كەمگىچە ئوبدان باشقۇرۇپ كېلىۋاتاتتى . ئەمدىلىكتە ئۇ ياشىنىپ قالغاچقا ، ئوغلى سىرتتىن قايتىپ كەلسىلا ئۆتەڭنى ئۆتكۈزۈپ بېرىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . مۇنداق قىلغاندا ، كۆزىنىڭ ئوچۇق چېغىدا ئوغلىنىڭ ئىشنى دەستىگە ئالغىنىنى كۆرەلەيتتى ـ دە ، ھاياتى بىلەن خاتىرجەم خوشلىشاتتى . تەيمۇر بوۋاي ئۆتەڭنى باشقۇرغاندىن بۇيان تالايلىغان ئالىم ـ دانىشمەن ، ئىقتىدار ئىگىلىرى بىلەن تونۇشۇپ ھال ـ مۇڭ بولدى ، تۇرمۇش بىلىمى چوڭقۇرلاپ ۋەلى سۈپەت بىر زاتقا ئايلاندى . ئۇنىڭ قىران يىگىتلەرگە خاس خۇش چاقچاق مىجەزى تاشگۈل بىلەن پالۋانغا ئالاھىدە يېقىپ قالغان ئىدى . بوۋايمۇ ئۇلارنىڭ سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدىن ئادەتتىكى « كۆز مونچاق »لاردىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ ئۈلگۈردى . بولۇپمۇ تاشگۈلنىڭ ئالاھىدە ئىقتىدار ئىگىسى ئىكەنلىكىنى تېزلا سېزىۋالدى .

تاشگۈل ھۇجرىغا قايتىپ كىرگەندە پالۋان ئويغانغان ئىدى . ئۇلار غۇۋۋا يورۇپ تۇرغان لىملارغا قاراشتى . پەنجىرىدىن « ئوششاق » نەغمىلە

رىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان يېقىملىق سادا كىرىۋاتاتتى. ناخشا ـ مۇزىكىلاردىن كۆرە، ئويۇن ـ تاماشىنى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرىدىغان ئىسقىرت ـ چاۋاكلار ئۇلارنىڭ دىققىتىنى بەكرەك تارتتى. ئەمما، سىرتنى كۆڭلى خالىمىدى.

بىر كۈن شۇ تەرىقىدە ئۆتۈپ كەچ كىردى. تاڭ ئاتسىلا ئۇلار بۇ ئۆتەڭدىن يەنە ئايرىلاتتى.

تۈيۈقسىز ئىشىك «غاچچىدە» ئېچىلىپ، تەيمۇر بوۋاي كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەر ـ خوتۇن ئىككىيلەننى زورلاپ يۇرۇپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى.

ـــ ئۆتەڭ ھەر ئاخشىمى مۇشۇنداق قىزىپ كېتىدۇ، ـــ دېدى ئۇ ئىككىيلەننى يېڭى كەلگەندەك ھېس قىلىپ، ـــ بەلكىم بۇ، يەرلىك خەلق ۋە سەپەر ئەھلىنىڭ بۇ زېمىنغا بولغان ئەقىدىسىنىڭ ئىپادىسى بولسا كېرەك.

ئەمما ئۇلار ھېچقانداق ئىنكاس قايتۇرماي، يىراقلارغا ۋە چەكسىز ساماغا بېقىپ ھۇزۇرلاندى، ئاندىن ھۇجرىسىغا قايتىپ كىرىشتى. كۆپ ئۆتمەي نەغمە ـ ناۋالار بېسىققان بولسىمۇ، ئىككىيلەننىڭ خىيال دولقۇنلىرى جاھان قوينىنى كەزمەكتە ئىدى. ئاڭغىچە ئايمۇ ئۇيقۇسى كەلگەندەك ئۇيۇققا باش قويدى. پەنجىرىدىن كىرىۋاتقان كۈمۈش نۇر ئېقىمىنىڭ ئورنىنى زۇلمەت ئىگىلەپ، ھۇجرىدىكى باشقا نەرسىلەر تۇ-گۇل، ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئۆزئارا بىر ـ بىرىنى پەرق ئېتەلىشىمۇ ئىمكان بەرمىدى. ئۇلار تىنجىق ھاۋا قاپلىغان ھۇجرىنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، ئىرا-دىسىگە خىلاپ ھالدا ئۇيقۇنىڭ ئەسىرىگە ئايلاندى، سان ـ ساناقسىز يۇلتۇزلار ھۆكۈمرانلىق قىلىۋاتقان كېچە ئاجايىپ سۈرلۈك، قاراڭغۇ ھەم بۇرۇقتۇرمىلىق ئىدى. ئۇلار راستىتىنلا تۇنجۇقۇپ قالىدىغاندەك ئارامسىزلاندى. چۈنكى، پەنجىرىدىن ئۇسۇپ كىرىۋاتقان نەم ۋە قۇرغاق ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى جاننى قاقشاتماقتا ئىدى. شۇ تاپتا ئۇلار ئۆزلىرىنى ئوتى توختىتىلىپ دۇملەپ قويۇلغان خۇمدانغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قى-

لىشتى .
تاشگۈلنىڭ خىيالىدا بىردىنلا ھېلىقى قۇشلارنىڭ ئاچلىق ئىلكىدىكى ئېچىنىشلىق سايراشلىرى نامايان بولدى . بۇنىڭغا ئۇلارپلا ئۇ يۇرتنىنى ئەسلەپ زادىلا ياتالمىدى . نېمشقىدۇر گېلىنى بىرسى بوغقاندەك نەپىسى قىيىنلاشتى ، تومۇرلىرى چىڭقىلىپ ، ئەمدى بۇ ئۆيدە يېتىشۋېرىشكە تاقىتى تاق بولدى - دە ، ھېچنېمىگە قارىماي سىرتقا يۈگۈردى . پالۋان ئۇلار ئۆتەڭگە كەلگەن ئىككى كۈندىن بېرى ئۇنى قانداقتۇر بىر خىل ۋەسۋەسە ئىلكىگە ئېلىۋالغانلىقىنى سەزگەن ئىدى ، شۇڭا « ئىچى سىقى-لىپ سىرتقا چىققۇسى كەلگەن چېغى » دەپ ئېرەنسىمەي يېتىۋەردى .
تاشگۈل ئىشىكتىن چىقىپ بىرقانچە قەدەم نېرىغا بېرىپ ، ئەمدى ئولتۇراي دەۋاتقاندا ، كۆزىگە بىردىنلا يىراقتا چاقنىغان ئوت يالقۇنى كۆ-رۈندى . ئۇ يالقۇن ئۆتەڭ تاملىرىنىمۇ سۇس يورۇتۇۋاتاتتى ، تاشگۈل كۆرۈۋاتقىنىنىڭ چۈشى ئەمەس ، بەلكى ئوڭى ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەش-تۈرگەندىن كېيىن ، ئوت يالقۇنىنىڭ يىراقتىكى تىك تاغ ئۈستىدىن تاراۋاتقىنىنى جەزملەشتۈردى ، لېكىن قارىغانسېرى ۋۇجۇدىنى سۈر بې-سىپ ، ئەتيانى چىلىق - چىلىق قارا تەرگە چۆمۈلدى . يەنە بىر تەرەپتىن ھاياجانلىنىپ روھى كۆتۈرۈلدى . ئىمانى نۇرلىنىپ ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ ۋە غەيرەتكە تولغاندەك بولدى . تاشگۈل ، شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئادەم كەمدىن - كەم ئاياغ باسقان تاغ تۆرلىرىدا يورۇپ ، بۇنداق خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى ھېلىغىچە كۆرۈپ باقمىغاچقا ، كۆز ئالدىدىكى مۆجىزىگە ھېچ ئىشەنگۈسى كەلمىگەندەك ھەيرانلىقتا چۆمۈپ ، سېزىمىنى كونترول قىلالماي قالدى . قىسقىسى ، بىر خىل قۇدرەتلىك غايىۋى كۈچ ئۇنى ھاياجانغا سالماقتا ئىدى . شۇڭا ، ئۇ قىن - قىنىغا پاتماي : «مۆجىزە ! مۆجىزە ! ... » دەپ جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىۋەتتى . ياڭراق سادا ئېغىر تۈن پەردىسىنى يېرىپ ، يىراق - يىراقلارغا تارقالدى . ئۆيقۇدىكى ئادەملەرمۇ ئويغىنىپ « نېمە ۋەقە يۈز بەرگەندۇ ! » دېيىشىپ ، ئۆۋىسىغا سۇ كىرگەن چۆمۈلىلەردەك چۇۋۇلۇپ چىقىشتى . ئۇلارنىڭ

ئارىسىدا پالۋان ، تەيمۇر بوۋايلارمۇ بار ئىدى . ئادەملەر تاشگۈلنىڭ چۆرىسىگە ئولىشىپ ، ئۇنىڭ كۆرسىتىشى بىلەن تاغ چوققىسىدىكى مۆجىزىلىك ئوت يالقۇنىنى كۆرۈشتى ، قارىغانسېرى ئۇلارمۇ ھاياجانغا چۆمۈلدى . چالا ئۇيقۇدا تالاغا چىققانلارنىڭ زېھنى ئۆتكۈرلەشتى ، ئوت يالقۇنىغا قارىغانسېرى ئىمانى نۇرلىنىپ ، پۈتكۈل ۋۇجۇدى چەكسىز كۈچ ۋە غەيرەتكە تولغاندەك بولدى . ئاجىزلارغا كۈچ - قۇۋۋەت كىرگەندەك ، قېرىلاردا ياشىرىپ قالغاندەك ، ئاغرىقلاردا ساقىيىپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى . ھەربىر ئادەم خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىغا قاراپ ، ئۆز تەنلىرىدە بىرخىل يېڭى كۈچ - قۇۋۋەت ، روھىي جەھەتتە گويا تەقدىر يولىنى تاپقاندەك سېزىمگە ئىگە بولماقتا ئىدى . ھەممەيلەن بۇ خاسىيەتلىك ئوت تالقۇنىغا ئېرىشىشكە ئالدارايتتى .

— مەن ئۆتەڭنى شۇنچە يىل باشقۇرۇپ كەلگەن بولساممۇ ، بۇنداق ئەھۋالنى بايقىمىغان ئىكەنمەن ، — دېدى تەيمۇر بوۋاي ياشلارغا خاس ھاياجاندا ، — ئەمما كونىلارنىڭ بۇ تاغدا ھەر 100 يىلدا بىر قېتىم خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى كۆرۈنىدۇ دېگەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدىم . ئاتا - بوۋىلارنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا ، بۇ مۆجىزىنى كۆرۈشكە مۇيەسسەر بولغان ۋە بۇ خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىغا ئېرىشكەن ئادەمنىڭ بېشىغا ۋە يۇرت - قوۋمىغا قۇت ياغارمىش .

تەيمۇر بوۋاينىڭ سۆزى ئەتراپىدىكىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى . شۇنىڭ بىلەن مېڭىشقا قۇربى يېتىدىغانلىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىغا ئېرىشىش ئىستىكىدە تاغ تامان ئېتىلىشتى . تاشگۈل بىلەن پالۋانمۇ كۆپچىلىكنىڭ قاتارىدا جان - جەھلى بىلەن يۈگۈرمەكتە ئىدى .

# ھالاكەت

كېشىلەرنىڭ قىقاس - چۇقانلىرى تۈن قوينىدىكى بۇ ئارالنى ئويغىتىۋەتتى. ئەسەبىيلەشكەن كىشىلەر توختىماي يۈگۈردى، قېرى - ئاجىزلار ياشلارغا يېتىشەلمەي قالدى. شۇنداقتىمۇ قىلچە يالتايماي يولنى داۋام قىلىۋەردى، بەلكى بار كۈچى بىلەن تىركىشىپ مەنزىلگە يېتىشكە ئالدىراشتى. كىشىلەر كېچىچە يۈرۈپ، تاڭ شەپىقى ئۇپۇقنى سۆيگەندە پارچە - پارچە تاغلارنىڭ بېلىگە ياماشتى. گرانىت تاغلار كۈچلۈك قۇياش نۇرىنىڭ كۆيدۈرۈشى، بوران - چاپقۇنلۇق يامغۇرلارنىڭ زەربىسى بىلەن چاك - چېكىدىن ئاجراپ، تەرەپ - تەرەپكە گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەن بولۇپ، ئۈچلىرى جاللاتلارنىڭ قىلىچ - نەيزىسىنى ئەسلىتەتتى.

كىشىلەر تاغ تىزمىلىرى تامان ئېچكىرىلىگەنسېرى چورۇقلىرى يىرتىلىپ، يالاڭ ئاياغ دېگۈدەك ھالغا چۈشۈپ قالدى. پۇتلار تىلىم - تىلىم بولۇپ ئالغا ئىلگىرىلەش قىيىن بولۇۋاتاتتى. تىك تاغقا ياماشقانلاردىن بىرقانچىسى دەھشەتلىك ۋارقىرىغىنىچە غۇلاپ چۈشتى، بەزىلىرى ئالدىغا ياكى ئارقىسىغا ماڭالماي قاپسىلىپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرىگە دەھشەتلىك ئۆلۈمنىڭ كۆلەڭگىسى كۆرۈنۈپ، قۇلىقى تۈۋىدە ئەجەل سىگنالى ياڭرىدى. ۋارقىراش - جارقىراشلار تاغ قوينىنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئامان قالغانلار توختىماي يولنى داۋام قىلاتتى. ھەممىسىنىڭ ئالدىدا تاشگۈل، پالۋان ۋە بىر قارا تەنلىك كېتىۋاتاتتى. تاشگۈل بۇنداق خەتەرلىك تاغ يولىدا قانداق مېڭىشنى ئوبدان بىلەتتى. شۇنداقتىمۇ پىچاق بىسىدەك قىرلىق تاشلار ئىلگىرىلەشكە توسقۇنلۇق قىلاتتى. قارا تەنلىك بىلەن پالۋاننىڭ ئىشتانلىرى ئوخشاش جايدىن يىرتىلىپ كەتكەن بولۇپ،

ئىككىسى بىر - بىرىگە كۆشەندە ئىدى . ھەسەتخورلۇق ئىللىتى سەپەرداشلارنىڭ كۆپ قىسمىنىڭ ھالاك بولۇشىغا سەۋەب بولدى . ھايات قالغانلىرى قەتئىي ئىرادە بىلەن ئىلگىرىلەۋەردى . خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى گاھ يېقىندا ، گاھ يىراقتا زاھىر بولۇپ ، ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە جان پىدا قىلىۋاتقان كىشىلەرنىڭ تەشنالىقىنى ئاشۇراتتى . ئەمما ، ئىلگىرىلىگەنسېرى تاغنىڭ كەينىدە ئېگىز تاغ ، خەتەرلىك « يول »نىڭ ئارقىسىدا ئۇنىڭدىنمۇ خەتىرى يامان « يول » پەيدا بولاتتى . تۇرۇپلا ئوت يالقۇنى غايىب بولسا ، يەنە تۇرۇپلا ناھايىتى يىراق بىر چوققىدا كۆرۈنەتتى . بەلكىم بۇ تاغنىڭ ئېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك ، قۇياش كۆتۈرۈلسىلا خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنىڭ پۈتۈنلەي غايىب بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى . كۆپ ئۆتمەستىن بۇ تىلسىم جايدا ئادەمنى شۈركۈندۈرىدىغان ئەھۋاللار يۈز بېرىشكە باشلىدى . ئىلگىرىلەۋاتقانلارنىڭ بەزىلىرى ئۇچلۇق تاشلارغا كاۋاپىتەك سانجىلىپ قالسا ، بەزىلىرى قارنى يىرىلغان ھالدا تاشقا خۇددى خۇرجۇندەك ئارتىلىپ ياتاتتى . يەنە بەزىلەر بولسا پۇت - قوللىرىدىن ئايرىلىپ مەجرۇھلانغان ئىدى . ئۇلار تاغ ئىچىنى بېشىغا كىيىپ ئېچىنىشلىق ۋارقىراشقىنىچە ھەر تەرەپكە ئۆملەپ يۈرەتتى . تىك قىيادىن ئۇچۇپ چۈشۈپ كۇكۇم - تالقان بولغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى ، ھايات قالغانلارنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىدىن بەتتەر ئىدى . شۇنداقتىمۇ ھېچكىمنىڭ تەقدىرگە تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى ، ھەركىم ئۆز ئىمكانىيىتىگە يارىشا تىرىشقىنى تىرىشقان ئىدى . ماڭالمىغانلىرى قوللىرىنى ئوت يالقۇنى كۆرۈنگەن تەرەپكە سۇنۇپ ، جان - جەھل بىلەن ۋارقىرايتتى ...

خەتەرلىك يۈرۈشتە ئاخىر ئۈزۈپ چىققىنى تاشگۈل ، پالۋان ۋە قارا تەنلىك بولدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى بۇ خەتەرلىك سەپەرنىڭ غالىبلىرىدىن سانايتتى . ئەمما ، ئۇلار تىك چوققىدا تۇرغىنى بىلەن خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى كۆرۈشتىن مەھرۇم ئىدى .

قۇياش بارا - بارا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . ئۇنىڭ كۈچلۈك ھارارىتى گرانىت تاشلارنى قىزدۇرۇپ باراتتى . مانا ئەمدى بۇ غا-

لـىبلارنـى ئۈسـتـى تەرەپتىن قۇياش ، ئاستىدىن پىچتا تاۋلانغان پولاتتەك قـىزىـق تـاشلار چاقناقتا ئىدى . تاغ تىزمىلىرى ئارىسىدىكى جىلغىلاردىن كۆتـۈرۈلـگەن ئىسسىق هاۋامۇ خۇددى يانار تاغ لاۋالىرىدەك چاچ ـ كـىرپىكلەرنى ئۆكلەيتتى . ۋۇجۇدىنى كۆچلۈك ھەسەت چىرمىغان قـارا تـەنلـىـك بـۇ قـەيـسـەر ئەر ـ خوتۇننىڭ تىزراق ۋايجىنى چىقىشىنى كۈتـەتتى ، ئەمما ئۇلار ھىچ ئىش بولمىغاندەك توختىماي ئىلگىرىلەيتتى . قـارا تـەنلىك ئۇلارنى ئىچىدە قارغاپ ، ئىسسىق ئۆتۈپ ياكى ئىچى سۆرۈپ هالاك بـولۇشىنى تىلىدى . شۇڭا ، ئۇ بەزىدە ئۇلارغا مەنىستىمـىگـەنـدەك قـاراپ : « ئىش تىخى ئالدىـمـىزدا ! » دىگىنىچە كۈلۈپ قوياتتى .

چـىڭقـىچۇش بولغاندا تاغۇ تاشلار چوغدەك قىزاردى ، تاشگۈللەر ئۆزلـىرىنى رىۋايەتتە قەيت قىلىنغان دوزاخقا كىرىپ قالغاندەك سىزىشتى ، قـارا تـەنلـىـك پـىژقىرىم ئاپتاپتا تىخمۇ قارىيىپ كۆمۈر گىلا ئوخشىشىپ قـالـدى . پالۋاننىڭمۇ يۈزى كۆسەيدەك كۆيۈپ ، كالپۇكلىرى قارا تەمرەتكە چۈشكـەنـدەك تـىـشـىـغا ئۆرۈلۈپ كـەتتى . ئەمما ، تاشگۈلگە خۇدانىڭ كـارامـىتى بىلەن ھىچنىمە تەسىر قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . قارا تەنلىك بـۇ هالـدىـن ھەيـران قـالـدى . ھەتتا پالۋان بولالمىغاندا تاشگۈلنىڭ ئۆنى چـوڭ تـاش دالـدىـسىغا باشلاپ ئاپىرىپ پاناهلاندۇرۇشى يەنە بىر مۆجىزە ئىـدى . قارا تەنلىكمۇ ئۇلارنى دوراپ ، بىر قـورام تاشنـىـڭ تـەسـكـەي تـەرىـپـىـگـە ئۆتۈۋالدى .

پـالـۋانـنـىڭ تـورلاشقان قوغۇندەك يىرىلغان يۈزىگە ئاچچىق تەر تـەپچىۋىدى ، تۇز قۇيغاندەك ئىچىشىپ كەتتى . لىكىن ، ئۇ ئاغرىققا چىداپ ئۈنـچىقمىدى . تاشگۈل قولياغلىقى بىلەن ئۇنىڭ يۈز ـ كۆزلىرىنى ئاۋايلاپ سۈرتـۈپ ، غـەيرەت ئاتا قىلدى . ئۇلار خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى ئەسكە ئالـغـىنىدا ئىمانى نۇرلىنىپ ، ۋۇجۇدى يىڭىۋاشتىن كۈچكە تولاتتى ، ئىرا- دىسى چىڭىيتتى . قارا تەنلىك قورام تاش دالدىسىدىن مارىلاپ ، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مىھىر كۆرسىتىپ ، بىر ـ بىرىگە مەدەت بىرىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە ، ئىچى ئىچىشىپ كەتتى ، بۇنىڭسىزمۇ ئۇ تازا قىينىلىۋاتاتتى .

ئۇ پالۋانلارغا قاراپ ئۆز تىلىدا :

ــ قايتىش ! ــ دەپ ۋارقىرىدى .

ئۇلار باش چايقاش بىلەن ئىنكاس قايتۇردى .

قارا تەنلىك ئەمدى ئاپئاق چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ زەھەرخەندە روھىي دۇنياسىنى ئاشكارىلىدى ، قارىغاندا ئۇمۇ بولالماي قېلىۋاتقاندەك ئىدى . ئىنسانىي نومۇسنى دېمىسە كالتە ئىشتىنىنىمۇ سېلىۋېتەتتى . ئۇ ئاخىر قىرلىق تاشلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ پەسكە چۈشۈپ كېتىشىنىڭ تەرەددۇتىنى قىلدى . بۇ ھالنى كۆرۈپ پالۋانمۇ ئىككىلەندىيۇ ، ئۈنچىقماي تۇردى . شۇ تاپتا نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنغا چۈشۈۋاتاتتى . تاشگۈل ئىچ كۆڭلىكىنى قالدۇرۇپ ، ئۈزۈن كۆڭلىكنى سالدى ـ دە ، پالۋاننى يەلپۈدى . بۇنىڭدىن گەرچە ئىسسىق شامال چىقسىمۇ ، تىنجىق ھاۋانىڭ ھەرىكەتلىنىشى جانغا ئاز ـ تولا ئارام بېرەتتى . تاشگۈلنىڭ توختىماي يەلپۈشى بىلەن ئۇ ئاستا ـ ئاستا بوشىشىپ ، كۆزلىرى خۇمارلىششقا باشلىدى ، كېيىن گويا ئەللەيلىنىۋاتقاندەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى . ئەمەلىيەتتە تاشگۈل نەدىمۇ ئەللەي ناخشىسى ئېيتسۇن ، بەلكى خاسىيەتلىك ئوت گۈرۈلدەپ كۆيگەندەك سادا قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتاتتى .

شۇ تاپتا تاشگۈلمۇ بىردەم ئۇخلىۋېلىشنى ئويلايتتى ، لېكىن پالۋان بىلەن ئۆزىنى سېلىشتۇرسا بولمايدىغانلىقىنى بىلەتتى . ئۇ كۆپ ھاللاردا پالۋانغا قولايلىق يارىتىپ بېرىش ئارقىلىق كۆڭلىنى خۇش قىلاتتى . ئۇلار ھەرقانچە قىينالسىمۇ چىداپ كۈننى تۈنگە ئۇلىسا ، كېچىسى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى يەنە كۆرەلىشى ، بەلكى ئۇنىڭ ۋىسالىغا ئېرىشەلىشى مۇمكىن ئىدى . ئەمما ، ئىشلار ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك ئاسانغا توختىمايتتى ، كۆز ئالدىدا قانچىلىغان خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلار كۈتۈپ تۇرۇۋاتقىنى ئۇلارغا ئايان ئىدى .



# يىلان كاۋىپى

پالۋاننىڭ خورەك تارتىپ بەخىرامان ئۇخلىشى تاشگۇلنى سۆيۈندۈردى . ئۇ « ئېشەك ئېغىنىسا هاردۇقى چىقار ، ئەر ئۇخلىسا كۈچكە تولار » دېگەن گەپكە ئىشىنەتتى . ئۇنىڭ ئويىچە ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتاتتى . شۇڭا ، پالۋاننىڭ كۆپ پىتىپ خاسىيەتلىك ئوت بالقۇنى زاهىر بولغۇچە ئۇخلىشىنى ئارزۇ قىلدى . پالۋاننىڭ خورەك ئاۋازىلا بۇ يەردە ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ ، ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزاتتى . قاتتىق هارغىنلىق ۋە بۇ خىل مۇھىت تاشگۇلنىمۇ ئۇيقۇ ئەسرىگە ئايلان- دۇرۇشقا ئاران تۇراتتى . ئۇمۇ ئادەم بولغاندىكىن ، كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالسا بەك ئوبدان بولاتتى . ئەمما ، تاشگۇل غەيلەت لەشكەرلىرى بىلەن قەتئىي ئېلىشىپ ، ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمىگەن بۇ جايدا ئىككىيلەننىڭ تەڭلا ئۇخلىشىنى توغرا تاپمىدى . ئادەمغۇ ئۇخلايلا دېسە هەرقانداق ناچار مۇھىتتىمۇ ئۇخلاۋېرىشى مۇمكىن ، « ئۇيقۇ جاي تاللىماس » دېگەن گەپ بىكار چىقمىغان .

تاشگۇل پالۋاننى يېنىك يەلپۈگەچ سەگەك ئولتۇراتتى ، كۈتۈلمە- گەندە قۇلىقىغا ۋىشىلدىغان ئاۋاز ئاڭلاندى . ئۇ دەرهال بۇنىڭ يىلاننىڭ تېۋىشى ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ ، چۇراپ ئورنىدىن تۇردى . چۈنكى ، تاغ يىلانلىرىنى سەل چاغلىغىلى بولمايتتى . شۇڭا ، هەر ئېهتىمالغا قارشى تەييارلىنىپ ، يىلاننىڭ قايسى تەرەپتىن كېلىۋاتقانلىقىنى كۆزەتتى . يىلان- نىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن تەۋەككۈل قىلىپ ئالدىغا بەش قەدەمچە مېڭىۋىدى ، « كۇش - كۇش ... » قىلغان ئاۋازدىن يىلانغا يې- قىنلاشقىنىنى بىلدى . ئاۋازغا ئاساسەن يىلان ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىدىكىدىن

چوڭ ئىكەنلىكى ئايان ئىدى .

تاشگۈل ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇپ ، كۆزىنى ئاۋاز چىقىۋاتقان تەرەپكە تىككەن هالدا ئوقنى كىرىچكە تىرىگىنىچە تەييارلىنىپ تۇردى . يىلاننىڭ « كۇش - كۇش » ئاۋازى كۈچىيىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۆزى هېچ كۆرۈنـ مەيتتى ، بۇ هال تاشگۈلنى جىله قىلدى . ئەمما ، ئۇۋچىغا سەۋرىنىڭ قانچىلىك مۇهىملىقىنى ئۇ بىلەتتى . بۇنداق جىددىي پەيتتە پالۋانى ئويـ غىتىش زۆرۈر بولسىمۇ ، نېمىشقىدۇر ئويغىتىشقا كۆڭلى ئۇنىمىدى .

تاشگۈل قارچىغىنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىنى تىكىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى . شۇ ئەسنادا بىر توپ كىچىك قۇش تەسكەيدىن ئۇچۇپ ئۆتۈۋىدى . بىردىنلا يىلاننىڭ كۇشۇلدىشى كۈچەيدى . تاشگۈل شۇنداق قاراپلا كۆز ئالدىدا ئادەمنىڭ پاچىقىدەك ئىككى يىلاننىڭ تىكلىنىپ تۇرـ غانلىقىنى كۆردى . يىلانلار ئاغزىنى يوغان ئېچىشىپ ، قۇشلارنى دەم تارتىۋاتاتتى . ئۇچ قۇش ۋىچىرلىغىنىچە هاۋادا پالاقشىپ لەيلەپ قالدى . ئۇلار هەرقانچە قىلىپمۇ بىر نۇقتىدىن ئاشالماي ، پەيلىرى تەرەپ - تەرەپكە تۇزۇغىلى تۇردى ، پەقەت بىرسىلا پۈتۈن كۈچى بىلەن تىركىشىپ ئاخىر ئۇچۇپ كەتتى . قالغان ئىككىسى ئەجەل بىلەن ئېلىشىپ تىنماي پالاقـ شىيتتى . يىلانلار بۇ جانىۋارلارنى يەم قىلالمىغىنىغا غەزەپلىنىپ ، تېخىمۇ تىكلەندى ۋە پۈتۈن كۈچىنى ئىشقا سېلىپ دەم تارتتى . قۇشلار ئەتلىمە گۈش هالىتىگە كېلىۋاتقىنىغا قارىماي تىركەشكەن بولسىمۇ ، بۇنداق تەگسىز ئېلىشىش ئۇزاققا بارمىدى . ئاخىر ئۇلار ئاستا - ئاستا تۆۋەنلەپ ، پەسلىگەنسېرى تېزلىكى ئېشىپ ، ئايرىم - ئايرىم هالدا ئىككى يىلاننىڭ ئاغزىغا كىرىپ كەتتى .

بۇنداق چوڭ يىلانلارنىڭ كۈهقاپتىن قېلىشمايدىغان بالا نەپسىگە كىچىككىنە قۇش دال بولىدۇ دەمسىز ! يىلانلار ئاغزىغا گىياھ سالمىغاندەكلا تىللىرىنى چىقىرىشىپ ئۇزۇقلۇق ئىزدەشكە كىرىشتى . تاشگۈل يەر بېغىرلاپ ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقان يىلانلاردىن كۆز ئۈزمەي ، بىر - بىرلەپ ئاتماقچى بولۇۋاتقاندا ، يىلانلار چاكقا كىرىپ كېتىشتى . بۇ

چاكىنىڭ تەسكەيدىكى چاكقا تۇتىشىدىغانلىقىنى پەملىگەن تاشگۈل سەزگۈرلۈكىنى تېخىمۇ ئاشۇردى. يىلانلارنىڭ «يېڭى ئوزۇق» ھىدىنى ئالغىنى ئېنىق ئىدى. ئۇ ئەمدى پالۋاننى ئويغاتمىسا چوڭ خەتەر يۈز بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ، پالۋاننىڭ يېنىغا كەلدىيۇ، ئەمما يەنىلا شېرىن ئۇيقۇسىنى بۇزغۇسى كەلمەي ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قالدى. چۈنكى، پالۋان قانچە قېنىپ ئۇخلىۋالسا كېيىنكى ئىشلارغا شۇنچە قۇۋۋەت توپلىۋالاتتى. شۇڭا ئۇ، پالۋاننى ئويغىتىشتىن ۋاز كېچىپ، چەبدەسلىك بىلەن يىلانلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆزەتتى. پالۋان ئۇنىڭ يېنىدىلا ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە تاشگۈل دەسسەپ تۇرغان چاكىتىن بىر يىلان بېشىنى چىقاردى. ئوقيانى بەتلەپ يىلاننى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىۋاتقان تاشگۈل چاقماق تېزلىكىدىكى سەزگۈر ئىنكاسىنىڭ تۈرتكىسىدە يىلاننىڭ كۈشۈلداۋاتقان ئاغزىغا قارىتىپ ئوق ئۈزدى. يېقىن ئارىلىقتىن زەرب بىلەن ئېتىلغان ئوق يىلاننىڭ قارنىغا ئۇدۇل سانجىلدى. ئوقنىڭ قۇيرۇقى يىلاننىڭ ئاغزىدىن ئازراق چىقىپ تۇراتتى، بۇ ھال بىرنەرسىنى كۈچەپ يۇتۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. يىلان ئاچچىق تولغىنىپ چاكقا كىرىپ كەتمەكچى بولغاندا تاشگۈل چاققانلىق بىلەن يىلاننىڭ بېشىدىن تۇتۇۋېلىپ كۈچەپ تارتتى. ئەمما، يىلان قۇيرۇقى ئارقىلىق چاكنىڭ بىرەر يېرىنى يۆگىۋالغان بولسا كېرەك، ھەرقانچە كۈچىگەن بىلەنمۇ زادى چىقمىدى. تاشگۈل قولغا چۈشكەن «ئوق» بىلەن ئارتۇقچە ھەپىلىشىشنى راۋا كۆرمەي، ئىككى تال ئوقنى باش قىسمىغا چاقپەلەك شەكىلدە ئۆتكۈزۈپ قويۇش بىلەن بولدى قىلدى. زەخىملەنگەن يىلان قۇتۇلۇپ كېتىشنى خىيال ئەيلەپ ھەدەپ يۇلقۇناتتى، ئەمما قانچە قىلغىنى بىلەن چاكقا كىرىپ كېتەلمەيتتى. تاشگۈل يىلاننىڭ يەنە بىرسىنىڭ كېلىشىنى كۈتتى. خېلى ۋاقىت ئۆتكەن بولسىمۇ قارىسى كۆرۈنمىدى. ئۇ يىلاننىڭ ئۆز ھەمراھىنىڭ ھالاكىتىدىن ئىبرەت ئېلىپ قاچقانلىقىنى قىياس قىلدىيۇ، لېكىن بۇنىڭغا پۈتۈنلەي ئىشىنىپ كېتەلمىدى، بەلكى بىخۇدلاشتۇرۇش

ھېلىسى قوللىنىۋاتقانلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ تېخىمۇ سەگەكلەشتى. دەرۋەقە، بۇ ئېھتىماللىقنى ئىنكار قىلىشقا بولمايتتى. شۇ ئەسنادا ئۈستى تەرەپتىن تىۋىش ئاڭلىنىپ، تاشگۈلنىڭ ئويلىغىنىنىڭ توغرىلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپلا يىلاننىڭ پالۋاننىڭ ئۈستىگە ساڭگىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، دەرھال ئۇنىڭغا ئوق ئۈزدى. ئوق يىلاننىڭ قورسىقىغا سانجىلىپ يېرىمىغا كەلگەندە توختاپ قالدى. بۇنىڭلىق بىلەن يىلان ھۇجۇم قىلىش ئىقتىدارىنى يوقاتمايتتى. كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلار تاشگۈلنى ئالدىرىتىپ قويدى. يىلان ھۇجۇم نىشانىسىگە يېقىنلاپ قالغان ئىدى. تاشگۈل بىر ئىرغىپلا ئۇنىڭ بويىندىن مەھكەم تۇتۇۋالدى، ئاندىن ساڭگىلىتىپ كۆتۈرگىنىچە بىرنەچچە قەدەم نېرىغا ئاپىرىپ قورام تاشقا زەرب بىلەن ئۇردى. يەنە بىر قولىدا باش قىسمىدىن قارماپ تۇتماقچى بولۇۋىدى، يىلاننىڭ يوغانلىقىدىن بارماقلىرى ئۆتۈشمىدى. شۇ ئارىدا يىلان قۇيرۇق قىسمى بىلەن تاشگۈلنى كەينى ـ كەينىدىن ئۇرۇۋەتتى. كۈتۈلمىگەن زەربە ئۇنى ساراسىمىگە سالدى. يىلان قۇيرۇقىنى تۇتقۇزماستىن ئۈزلۈكسىز ئېتىلاتتى.

تاشگۈل بۇ ئەھۋالدا يىلانغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈردى. شۇنداقتىمۇ ئىككى قولىنى ئۆتۈشتۈرۈپ بويۇن قىسمىدىن مەھكەم تۇتقىنىچە تۇرۇۋەردى. ئۇنىڭ بارماقلىرى خۇددى بۈركۈتنىڭ تىرناقلىرىدەك يىلاننىڭ تېنىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ، ھەدەپ بوشانماقچى بولۇۋاتقان كۈچلۈك يىلاننى بۇنداقلا ئۇجۇقتۇرالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قورام تاش ئۈستىگە بېسىپ تىزلىغان بولسىمۇ، زەربىسى ھېچقانداق تەسىر كۆرسىتەلمىدى. يىلان ئىككى پىلتىڭلاپلا ئۇنىڭ تىزىدىن بوشىنىۋالدى. يىلاننىڭ قارشىلىقى ئاخىر ئۇنى چارچىتىپ قويدى.

تاشگۈل ئۆزىنى سەل رۇسلىۋېلىپ، يىلاننى ئىككىنچى قېتىم تىزلىماقچى بولغاندا، يىلان قۇيرۇقىنى بىر ئېتىپلا تاشگۈلنىڭ بويىندىن

يۆگەپ، گېلىنى سىقىشقا باشلىدى. ئۇ ھەرقانچە قىلىپمۇ يىلاننى بوينىدىن ئاجرىتالمىدى، بەلكى كۈچلۈك يىلاننىڭ سىقىشى نەتىجىسىدە بوينى ئېگىلىپ نەپەس ئېلىشمۇ قىيىنلىششقا باشلىدى. مۇمكىن بولغاندا يىلاننى پىچاق بىلەن ئىككى قىلىۋەتسىلا ئىش تۈگەيتتى. لېكىن، يىلان بۇنىڭغا پۇرسەت بەرمەيۋاتاتتى. ئۇ بىر قولىنى شۇنداق يۆتكىسىلا يىلاننىڭ بوشىنىۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە پالۋاننى ئويغاتمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ توۋلاشقا ئۇرۇنغان ئىدى، ئاۋازى چىقماي خىرقىراپ قالدى. ئاخىر ئىلاجسىز قېلىپ، ئاغ-زىنى يىلاننىڭ بېشى تەرەپكە ئاپىرىپ بويۇن قىسمىدىن چىشلىدى.

يىلاننىڭ تېرىسى قېلىن بولغانىنىڭ ئۈستىگە توختىماي لۆمشۈپ تۇرغاچقا قاساش تەس ئىدى ھەم ئادەمنى يىرگەندۈرەتتى. تاشگۈل سەسكىنىشنى قويۇپ پۈتۈن كۈچى بىلەن غاجىدى، شۇنىڭدەك چىشىغا چىققان تېرىنى كۈچەپ تارتتى. يىلاننىڭ تېرىسى «پاس - پاس» قى-لىپ ئۈزۈلۈپ، يىرىك قاسراق ئارىلاش قاڭسىق قان كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۈزۈۋالغان گۆشنى ئۇدۇللۇق تۈكۈرۈۋېتىپ، زەخ-مىنى ئاخىر ئومۇرتقىغا يەتكۈزدى. ئومۇرتقا قاتتىق ھەم بىگىزدەك ئۇچلۇق ئىدى. ئومۇرتقا سۆڭەكلىرى ئۇنىڭ كالپۇك، ئېغىز بوشلۇقىنى بىرقانچە يەردىن يىرتىۋەتكەن بولسىمۇ، ئاخىرغىچە بەرداشلىق بېرىپ، ئومۇرتقىنى پۈتۈنلەي ئۈزۈپ تاشلىدى. يىلان بىردىنلا بوشىشىپ، قۇيرۇق قىسمى ئۇنىڭ بوينىدىن ئاجرىدى. ئەمدى پىچاق ئىشلىتىشنىڭ ھاجىتى قالمىغان ئىدى.

تاشگۈل قاتتىق بىر كېرىلىش ئارقىلىق تېزلا ئەسلىگە كېلىۋالدى. ئۇ يىلان بىلەن بولغان ئېلىشىشتا زەپەر قۇچقان ئىدى. يىلان كۆز ئالدىدا سۇنايلىنىپ ياتاتتى. ئۇ، چاكتىكى يىلاننىمۇ سۇغۇرۇۋېلىپ ئىككىلىسىنى سويغاندىن كېيىن، تېرىسىنى تاسما تىلدى. ئەمدى يىلانلار «مەززى-لىك» گۆشكە ئايلانغان ئىدى. ھاياتلىق دېگەن مانا شۇ، سەن ئۇنى يېمىسەڭ، چوقۇم ئۇ سېنى يەيدۇ. تاشگۈل كىچىكىدىنلا دادىسىغا ئەگە-

شىپ ئوۋغا قاتنىشىپ ، زوررور تېپىلغاندا يىلان ، كىيىلە قاتارلىقلارنىڭ گۆشىنى يەپ ئادەتلەنگەن ئىدى . يىلان گۆشى كۈچلۈك بولۇپ بەدەننى قىزىتىشىپ بېرىدىغان، كېيىن دېۋىدەك كۈچ - قۇۋۋەت ئاتا قىلاتتى . بۇنى ئۇ دادىسىدىن ئۆگەنگەن ئىدى . بۇنداق ئىسسىق جايدا يىلان گۆشىنى يې- يىش بەك خەتەرلىك بولسىمۇ ، لېكىن ئاچلىق ئۇنىڭ ئوتتەك يېگۈسىنى كەلتۈردى . پالۋان تېخىچە ئويغانمىغان ئىدى .

تاشگۈل ئەتراپنى ئاختۇرۇپ يۈرۈپ ناھايىتى تەستە ئازراق چاۋار - چاتقان يىغدى - دە ، ئوت قالاپ ، ئۇزۇنراق بىر تال ئوتۇنغا بىر غېرىچچە كېسىلگەن يىلان گۆشىنى ئۆتكۈزدى . چاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىغان ئوتقا قاقلانغان بۇ گۆشتىن بىردەمدىلا مەززىلىك ھىد تاراپ تاغ ئىچىنى بىر ئالدى . يېقىنلا يەردىكى تەسكەي قاپتالدا پاناھلىنىۋاتقان ھېلىقى قارا تەنلىك كاۋاپ پۇرىقى دىمىغىغا يېتىش بىلەن تۇرالماي بېشىنى چىقىرىپ قارىدى . ئۇ باياتىنقى « جەڭ »نىڭ پۈتكۈل جەريانىدىن خەۋەردار ئىدى . ئۇ تومۇز ئىسسىقىدا يىلان گۆشى يېسە ھاياتقا خەۋپ يېتىدىغانلىقىنى بىلگەچكە ، تاشگۈلنى توسۇپ قېلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ ، ئۆزلىرىنىڭ تار يولدىكى رەقىبلەر ئىكەنلىكى ئېسىگە كېلىپ ، بۇ نىيىتىدىن دەرھال يان- دى . « يېسۇن ، يېسۇن ، توسۇپ نېمە قىلاي ! — دېدى ئۇ ئىچىدە ، — بولسا ئېرىمۇ قوپۇپ يېسۇن ، ئىچىگە ‹ئوت › كېتىپ يۈرىكى يېرىلىپ ئۆلسۇن . ئۇ چاغدا خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى ماڭىلا قالىدۇ ! »

يىلان كاۋىپىمۇ پىشتى . تاشگۈل كاۋاپنى قورام تاشقا 1 — 2 قېتىم ئۇرۇۋېتىپ ، تۇزنى ئېسىگە ئالدى . ئەمما ، بۇ يەردە تۇز نېمە قىلسۇن ؟ شۇنداق بولسىمۇ ئۇ كاۋاپنى ئىشتىھا بىلەن يېيىشكە باشلىدى . قارا تەنلىك ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەن بولدى ، ئاندىن ئۇنىڭ ھالاكىتىنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈپ ئولتۇردى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىنمۇ ئۇنىڭدا چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگەندىن باشقا ھېچقانداق ئۆزگە- رىش بولمىدى . بۇنى كۆرگەن قارا تەنلىك ھەيران بولغىنىدىن ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي تېپىرلاپ كەتتى . ئارقىدىن يەنە ئۆپكىسىنى بې-

سىڭىپ «تاماشا» نى سەۋر بىلەن كۈتتى. ئارىدىن نەچچە ئاش پىشىم ۋاقىت ئۆتۈپ كۈن قايرىلغان بولسىمۇ، تاشگۈلنىڭ مەڭزلىرى ئوتقاشتەك قىزىرىپ، ۋۇجۇدى كۈچكە تولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلەنگەندىن ئۆزگە ئالامەتنى كۆرمىگەن قارا تەنلىكنىڭ شۈبھىسى ئاشتى ھەمدە ئۇنىڭ ئادەملىكىدىن گۇمانلىنىپ، ھەسەت ئوتىدا پۇچىلاندى. تاشگۈل ئۆزىنى راھەتلەنگەندەك ھېس قىلىپ، سەل - پەل كۆتۈرۈلگەن قورسىقىنى يېنىك ئۇرۇپ قويدى، ئەتراپىغا بويۇنداپ قاراپ. كەينى - كەيىندىن بىرنەچچىنى كېرىلدى، ئاندىن پالۋانغا سەپسېلىپ، خەتەرنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىگە كۆزى يەتكەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا يانپاشلىدى.



# سىرلىق چوققا

پالۋان كونا پېتىشقا ئاز قالغاندا ئويغاندى ، تازا بىرنى كېرىلىپ ئەسنىگەندىن كېيىن ، كاۋاپىنىڭ ھىدىنى ئېلىپ « بۇ نېمە ئىش ؟ » دېگەن ئىستىھزالىق نەزەردە تاشگۈلگە تىكىلدى . ئاندىن سەللا نېرىدىكى تىلىۋېتىلگەن يىلان تېرىسىگە كۆزى چۈشۈپ تاشگۈلگە قايىل بولغان ھەم ئىچى كۆيگەن ھالدا « بۇ ئاشۇ تويمىغۇر خوتۇننىڭ ئىشى ئىكەن - دە» دەپ ئويلاپ ، ئۆزىنىڭ شۇنچە ئىشلار يۈز بەرگۈچە ئۆلۈكتەك ئۇخلىغانلىقىدىن ئەپسۇسلاندى . ئەمما ، ئۇ خېلىلا ماغدۇرىغا كېلىپ قالغىنىدىن قەۋەتلا خۇش ئىدى . شۇ ئەسنادا تاشگۈلمۇ ئويغاندى .

— تاشگۈل ، بۇ قىلىقىڭ تازا قاملاشماپتۇ ! — دېدى پالۋان ھەم كۆيۈنگەن ، ھەم نارازى بولغان تەلەپپۇزدا .

— كۈشەندىنى ئۆلتۈرگەننىڭ نېمىسى قاملاشمايدۇ ؟

— مەن ئۇنداق دېمەكچى ئەمەس ، شۇنداق چوڭ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغىنىڭ بولماپتۇ دەۋاتىمەن . قارىغاندا ، خېلى كۆپ رىيازەت چەككەن ئوخشايسەن ، مېنى نېمىشقا ئويغاتمىدىڭ ؟

— مەن كۆزۈم يەتمىگەن ئىشقا تەۋەككۈل قىلغىنىم يوق ، بۇ مەجەزىمنى ئوبدان بىلىسىز .

— ئەپتىڭدىن ھەممىنى بىلدىم . لەۋلىرىڭنىڭ ساق يېرى قالماپتۇ . ئەگەر مەھەللە ئىچىدە بۇنداق ئىش سادىر بولغىنىدا خەقلەرنىڭ مازاق قىلىشىدىن قورقۇپ خېلى چاغلارغىچە تالاغا چىقالمىغان بولاتتىڭ .

— بولدىلا ، چاقچاقلىرىڭىزنى قويۇڭ ، نېمىلا بولمىسۇن خەتەردىن قۇتۇلغىنىمىزغا خۇش بولايلى ، ھە راست ، يىلان كاۋىپىدىن نېسۋە ئېلىپ

قويغان ئىدىم، يەپ باقامسىز ؟

— ياق . يىلان گۆشىنى يېيىشكە ئادەتلىنىپ كېتەلمىگىنىمنى ئۆزۈڭ بىلىسەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە تومۇز ئىسسىقتا چاتاق چىقىپ قېلىشىدىنمۇ قورقىمەن .

— ئازراق يېگەنگە نېمە چاتاق چىقاتتى ؟ بۇ پەقەت جاننى ساقلاش ئۈچۈن ـ دە ! جاھىللىق قىلىپ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ كەتسەڭ ئارزۇنى ئىشقا ئاشۇرالمايمىز .

— ئادەتلەنمىگەن نەرسىنى يېيىش كېرەكمۇ ؟

— توغرا .

— مەيلى ئەمىسە ، سەن چاتاق چىقمايدۇ دەۋاتقان يەردە ، مەن بېجىرىم ئەركەك تۇرۇپ نېمىدىن قورقاتتىم !؟

— ئەمدى « پالۋان » دېگەن ئىسمىڭىزغا لايىق گەپ قىلدىڭىز .

كۈن ئولتۇردى . تاغ ئۇتاشلار ئەتىگەندىن ـ كەچكىچە قوبۇل قىلغان ھارارەتنى قويۇپ بەرگەچكە دىمىقنىڭ دەستىدىن نەپەس ئېلىش قىيىن ئىدى . قارا تەنلىك دالدىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئوغرىدەك مارايتتى . ئۇنىڭ خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى كۆرۈشكە ئالدىراۋاتقىنى ئېنىق ئىدى . تاشگۈل ئۆزىنى بىغەم قىياپەتتە كۆرسىتىشكە تىرىشىپ ، زورىغا تەمكىن بولۇۋالغىنى بىلەن پالۋان ئۇنداق قىلالمىدى . تاشگۈل ئۇنىڭغا ئېغىر ـ بېسىق بولۇشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئەسكەرتىپ ، يىلان تېرىسىدىن تىلىنغان تاسمىلارنى پاچىقىغا ئىككى قات قىلىپ چىڭ ئورىدى . بۇنى كۆرگەن پالۋان تاشگۈلنىڭ ھەقىقەتەن تەجرىبىلىك ئىكەنلىكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايىل بولدى . ئۇ بايا تاسمىلارنى كۆرگەندە «تاشگۈل بىكار چېلىقتىن زېرىككىپ تىلىپ ئوينىغان چېغى » دەپ ئويلىغان ئىدى . ئەمدى ئۆزىمۇ تاشگۈلنى دوراپ تاسمىلارنى پاچىقىغا ئورىدى .

ئۇلار قاش قارايغاندا يامىشىپ يۈرۈپ ، تۇرۇۋاتقان يېرىدىن يەنە بىر ئېگىزلىككە چىقتى . قاراڭغۇ چۈشكەنسېرى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى

كـۆرۈنۈشكە باشلىدى . يالقۇننى ئۇلار بىلەن تەڭ كۆرۈپ ئۇلگۇرگەن قارا تـەنـلىك خۇشال بولغىنىدىن بىرنېمىلەرنى دەپ چاۋاك چالغىنىچە ئىلگىرى-لـىـمـەكـتـە ئـىـدى . پـالـۋان ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرمەكچى بولۇۋىدى ، تـاشـگۈل ئالدىرىماسلىقنى ئەسكەرتتى . چۈنكى ، بۇ ئىشتا پۇختا تەييارلىق بـولـمـىـسـا بـولـمـايتتى . ئۇلار كېتەرلىك نەرسىلەرنى كۆزدىن كەچۈرۈپ قـانائەت هاسىل قىلغاندىن كېيىن ، ئاندىن قارا تەنلىكنىڭ ئارقىسىدىن ئىز بـېسىپ ئىلگىرىلىدى . ئۇلار پۈتۈن ئۇمىدىنى تاغ چوققىسىدا زاهىر بولغان خـاسـىـيەتلىك ئوت يالقۇنىغا باغلاپ ، نـىـشـانـغـا پـات ـ پـات كـۆز تـ-ـىـكـەتـتـى . «يـالـقـۇن » گـويـا ئۇلارغـا يـول بـاشـلـىـغۇچى ماياكتەك يـورۇقـلـۇق تارقىتىپ ، ئۇمىد بېغىشلايتتى . مۇساپە ئېگىز ـ پەس بولۇپ ، يـالـقۇن كۆرۈنگەن چوققىغا يېتىش ئۈچۈن چوڭ بىر جىلغىدىن ئۆتۈشكە تـوغرا كەلدى . جىلغا ئىچى گۆرىستاندەك قاراڭغۇ هەم ۋەهىملىك ئىدى . پـەقـەت خـاسـىـيـەتـلىك ئوت يالقۇنىلا ئىمان نۇرىدەك دىللارنى يورۇتۇپ تـۇراتـتـى . قـارا تەنلىك ئۇلارنىڭ ئالدىدا جان ـ جەهلى بىلەن يۈگۈرۈپ كـېـتـىـۋاتـاتـتـى ، قـوزۇقـتـەك ئۈچـلۇق تاشلارغا پۇتلىشىپ قەدەمدە بىر مۇدۇرسىمۇ بوشىشىدىغاندەك ئەمەس ئىدى .

— تـاشـگـۈل ، بىز سۈرئەتنى تېزلىتەيلى ، بولـمـىـسـا ئـاۋۇ قارا تەنلىك ...

— كـېچىدە كۆرۈنگەن ئوتنى يېقىن چاغلاشقا بولمايدۇ ، — دېدى تـاشـگـۈل پالۋاننىڭ گېپىنى بۆلۈپ ، — « ئالدىرىغان قالار ، ئالدىرىمىغان ئالار» دېـگـەنـدەك ، قـورام تـاشلارغـا سـەل قارىساق ، يولنى ئاخىرغىـچـە داۋاملاشتۇرالمايمىز .

تـاشـگـۈل قەدەمنى تېزلىتىشكە قوشۇلدى ، ئەمما پالۋانغا كەينىدىن مـەلـۇم ئارىـلىق قالدۇرۇپ مېڭىش تەكلىپىنى بەردى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۇ ئۆزى بـىلەتتى . ئۇلار بىرەر ئاش پىشىمچە غەيرەت قىلىپ قارا تەنلىككە يې-ـتـىشۋالدى . بۇ چاغدا مۇساپە تاغ قاپتىلىغا ئۇلاشقان ئىدى . ئاي يورۇقىدا قـارا تەنلىكنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقاقلىرى تىتما ـ تالاڭ بولۇپ كەتكەنلىكى

كۆرۈنۈپ تۇراتتى، پېشانىسىدىنمۇ قان تەپچىرەۋاتاتتى. ئۇلار قاتتىق بىر كۈچەپلا قارا تەنلىكتىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۇنىڭ چىدىماسلىق قىلىپ يىرتقۇچلاردەك ۋارقىرىشى تاغ ئارىسىنى لەرزىگە سالدى. ئارقىدىن جان - جەھلى بىلەن قەدىمىنى ئىتتىكلىتىپ يەنە ئۇلارنىڭ ئالدىغا كېرىۋالدى. «ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس» دېگەندەك، پالۋانمۇ كۈچەمەكچى بولۇۋىدى، تاشگۈل ھەمدەم بولدى. ئۇلار خۇددى بەيگىگە چۈشكەن ئارسلانلاردەك بىر - بىرىدىن قىزغىنىپ يۈگۈرەيتتى، ئۆزئارا ئۆتۈپ كېتىش - يېتىشىۋېلىش ئۈزلۈكسىز داۋام قىلاتتى. قارا تەنلىكنىڭ تاشگۈللەرگە جەڭ ئېلان قىلغىنى ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭ شۇنچە زەخىملىنىپمۇ ئۆلە - تىرىلىشىگە باقماي يۈگۈرۈشى بۇنى تەستىقلايتتى. ئۇلار مۇسابىقىنىڭ تۈگىمەيۋاتقانلىقىدىن خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىۋاتقانلىقلىرىنى بىلىسمۇ قىلچە بوشاشمايتتى، يول ئازابىدىن ۋايسىمايتتى. بۇ، ئىنسانلارغا نىسبەتەن كەمدىن - كەم نېسىپ بولىدىغان جاسارەت ئىدى.

تاشگۈلنىڭ كۆزى بىردىنلا ئۆزىدىن ئىككى قەدەم ئالدىدا كېتىۋاتقان قارا تەنلىكنىڭ پاچاقلىرىغا چۈشۈپ ئىچى سىيرىلىپ كەتتى. ئۇنىڭ پاچاق ۋە تاپانلىرىدىن قان تەپچىرەۋاتاتتى، ئىشتىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغان ئىدى. لېكىن، شۇنداقتىمۇ ھېچقانداق تالاپەت تارتمىغاندەك كېتىۋاتاتتى. تاشگۈل ئۇنى ناھايىتى تەسلىكتە توختىتىۋالدى - دە، ئۆز پاچىقىدىكى يىلان تېرىسى تاسمىسىنى يېشىپ، يالاڭ ئاياغ پۇتىغا ئوراپ قويدى. ئەمما ئۇ، تاشگۈلنىڭ شېرىن جېنىدىن كېچىپ بۇنچە مېھرىبانلىق كۆرسەتكىنىگە خۇرسەن بولۇپمۇ كەتمىدى، بەلكى كۆڭلىدە: «سەنلەر بولمىساڭ مەن بۇ ھالغا چۈشمەيتتىم» دېگەنلەرنى ئويلىدى. پالۋاننىڭ ئەھۋالىمۇ قارا تەنلىكتىن قېلىشمايتتى. تاشگۈل كىچىكىدىن ئۆۋچى دادىسىغا ئەگىشىپ كۆپ ۋاقتىنى تاغ تۇرالاردا ئۆتكۈزگەچكە، بۇنداق خەتەرلىك يوللار پىسەنتىگە كەلمەيتتى. شۇڭا، ئاياللىقىغا باقماي ئاخىر قارا تەنلىكتىن ئۆتۈپ كەتتى. قارا تەنلىك چۈشىنىكسىز بىر نېمىلەرنى

دەپ غۇدۇرىغىنىچە كەينىدىن يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.

ئۇلار كۆز ئالدىدىكى چوققىغا يېقىنلاشقانسېرى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىمۇ چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىندى. يەنە ئازراق مېڭىشۇدى، يول توسۇلۇپ قالدى. چوققىغا كۆزلىرىنى تىكىشتى، ئۇنىڭ ئاي نۇرى چۈشكەن تەرىپى ياغلاپ قويۇلغاندەك پارقىراق ھەم سىلىق كۆرۈندى. تەسكەي تەرەپنى ئېنىق پەرق ئەتكىلى بولمىسىمۇ، كۈنگەي تەرەپكە ئوخشاشلىقىدا گەپ يوق ئىدى. ئېگىزدىن ساڭگىلاپ تۇرغان قورام تاشلار ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى. تاشگۈل بۇنى ھېچبىر پىسەنتىگە ئالمىدى، بەلكى چوققىغا ئالدى ـ كەينى تەرەپتىن چىقىدىغان يول ئىزدىدى. ئەمما، قەيەرگىلا قارىمىسۇن، خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. ئۇ ئايلىنىپ ئەسلىدىكى جايغا يېتىپ كەلگەندە، ئارقىسىدا قالغان قارا تەنلىكنىڭ يېتىشىپ كەلگەنلىكىنى بىلدى، قىزغىنىش تەبىئىتىنىڭ تۈرتكىسىدە خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىپ چوققىغا ياماشقان ئىدى، دومىلاپ چۈشتى. يەنە دەرھال ئورنىدىن قوپۇپ ئىككىلىنىپ تۇرمايلا، چوقچىيىپ چىقىپ قالغان قىرغا ئېسىلىپ ئازراق ئۆرلىگەن بولسىمۇ، داۋاملىق ئىلگىرىلىيەلمەي توپتەك تۇرۇپ قالدى، ئەمما ئېگىزگە قاراپ ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەرنى كۆرۈش بىلەن بېشى «پىررىدە» قايدى، ئاندىن پەسكە چۈشۈپ چوققىنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتتى. تاشگۈلنىڭ مۇددىئاسى تىك چوققىنىڭ قەۋەت ـ قاتلاملىرىنى كۆزىتىش ئىدى. ئۇ قورام تاشلارنى سىلاشتۇرۇپ مېڭىپ، قاپتالدەك بىر جايغا كەلگەندە بىرنەرسىگە پۇتلىشىپ يىقىلدى. قولىغا ئۇرۇنغان بىرنەرسىنى ئېلىشۇدى، ئادەمنىڭ باش سۆڭىكى بولۇپ چىقتى. شۇئان ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ، گويا چوغنى تۇتۇپ سالغاندەك دەرھال تاشلىۋەتتى. ئارقىدىن ئەتيانىدىكى قارا تەرنى سۈرتكەچ ئۆزىنىڭ قورقۇنچاقلىقىنى ئەيىبلىدى: «بۇ دېگەن قۇرۇق بىر سۆڭەكقۇ، نېمىدىن قورقاتتىم؟» ئۇ شۇنداق دېگىنىچە «يۈرەك» توختىتىۋاتقاندا، قۇلىقىغا غەيرىي بىر ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئى تاشگۈل، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلما، ئالدىڭدىكى خەتەرنى تەسەۋۋۇرۇڭغىمۇ سىغدۇرالمايسەن. مانا بىز بۇ يولدا تالاپەت تارتقانلارنىڭ شاھىتىدۇرمىز. قاراپ تۇرۇپ ھالاكەتيولىغاقەدەم قويما!...

غايىب ئاۋاز شۇنچە جاراڭلىق ھەم ھەسرەتلىك ئىدى، گەپنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەستىن يەنە بىر تىترەك ئاۋاز بۆلۈۋەتتى:

— تاشگۈل، قۇلاق سال، مانا مەن تاغ مۆئەككىلىنىڭ سەردارى ئىدىم. قول ئاستىمدا نۇرغۇن لەشكەر بار ئىدى. ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ بۇ چوققىغا چىقالمىغان. ئەمما، ھېلىقى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى كۆرگەن. خاسىيىتى قۇرۇسۇنكى، ئۇ تالايلىغان باھادىرلارنىڭ بېشىغا چىققان بالا - قازانىڭ يىلتىزىدۇر. ئايال كىشى تۇرۇپ ئۆزۈڭنى چاغلىماي شىلتىڭ ئاتقىنىڭغا كۈلگۈم كېلىدۇ. ھاھ - ھاھ - ھا ...

تەرەپ - تەرەپتىن ياڭرىغان غايىب سادالار سىرلىق بىر دۇنيانى ھاسىل قىلدى. شۇ ئەسنادا باش سۆڭىكى ناھايىتى قوپال، چىشلىرى ئېشەكنىڭكىدەك چوڭ - چوڭ ھەم زىچ، دۇمچەك بىر ئىسكىلىت ئىككى گەزچە ئۆزۈنلۈقتىكى پايخاننى تايانغىنىچە تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ ئارىدەك بارماقلىرىنى ھەر تەرەپكە پۇلاڭلىتىپ تۇرۇپ دېدى:

— تاشگۈل، كۆزۈڭنى يوغان ئېچىپ ئارقامغا قارا! بۇلارنىڭ ھەممىسى تاغ تۇرانىڭ شىر سۈپەت پالۋانلىرى ئىدى ...

دەرۋەقە، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نۇرغۇن ئىسكىلىت كېلىۋاتاتتى، ھەممىسىنىڭ تەقى - تۇرقى ئوخشىشىپ كېتەتتى. بۇ كۆرۈنۈشتىن قورققان تاشگۈل ئىختىيارسىز كەينىگە داجىپ، ئۇلارغا قارىتىپ ئارقا - ئارقىدىن ئوق ئۈزدى. ئىسكىلىتلار ھېچنېمىگە پىسەنت قىلماي، ئاپئاق تۇمانغا پۈركەنگىنىچە يېقىنلاپ كېلىۋەردى. تاشگۈل ئىسكىلىتلار بىلەن شۇنداق تىركىشىۋاتقاندا پالۋان يىقىلىپ - قوپۇپ يېتىپ كەلدى. ئۇ «تاشگۈل!» دەپ چاقىرىشىغىلا، ئىسكىلىتلار ئىز - دېرەكسىز غايىب بولدى. ئەمدى تاشگۈلنىڭ ئالدىدا پەقەت پالۋانلا تۇراتتى. ئەتىيانىنى چىلىق - چىلىق تەر باسقان تاشگۈل ئۆزىنى قارا بوران توختىغاندىن كېيىنكى جىمجىتلىقتا قاباھەتلىك چۈشتىن ئويغانغاندەك ھېس قىلدى.

# ئىزدەنسە ئاسمانغىمۇ يول چىقار

ئۇلار كۆنگەي تەرەپكە ئۆتتى. تاشگۈل پالۋاننىڭ پۇتىغا ئورالغان يىلان تېرىسى تاسمىنى بىر - بىرلەپ يەشتى، ئاندىن ھەر ئىككىلەن پۇتلىرىدىكى قان داغلىرى ۋە يارا ئىيغىزلىرىنى سۈرتۈپ تازىلىدى. ئۇلار ئىلىنغۋالغان يەرلىك دورىلار ئوبدان ئەسقاتتى، جاراھەتلەر تۇجۇپىلەپ دورىلانغاندىن كېيىن، تاسمىلار پۇت - بىلەكلەرگە قايتا ئورالدى.

ئۇلار ئۆز ئىشى بىلەن بەند بولۇپ كەتكەچكە، قارا تەنلىكنىڭ قاچاندىن بېرى بېشىدا قاراپ تۇرغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىدى. تىك چوققا ئالدىدا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىپ بېقىپ قايتىپ كەلگەن قارا تەنلىكمۇ ئۇلارنى دوراپ، پۇتىدىكى تاسمىنى يېشىپ قايتا ئوراۋاتقاندا، تاشگۈل «بۇنداق ئورىساڭ بولمايدۇ» دېگەن سۆزنى شەرەت بىلەن ئۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ پاچاقلىرىدىكى يارا ئىيغىزى ۋە قان داغلىرىنى ئۆزى تازىلاپ، دورا سۈركەپ ئاۋايلاپ ئوراپ قويدى. بۇ نۆۋەت تاشگۈل ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن مەمنۇن بولغانلىقىنى سەزدى. چۈنكى، ئۇ خاتىرجەملىك تۇيغۇسىغا چۆمۈپ، ئەر - خوتۇن ئىككىيلەنگە قول كۆتۈرۈپ مىننەتدارلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن چوققىغا قاراپ يۈگۈردى. تاشگۈل پالۋان بىلەن خوشلىشىپ مەنزىل تامان ئاتلاندى، كېتىۋېتىپ لازىملىق نەرسىلەر ئۇنتۇلۇپ قالغان - قالمىغانلىقى ھەققىدە ئويلاندى. ھەممە نەرسىنىڭ تەل ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن، تاغقا ئالدى بىلەن ئۇنىڭ پۇتىنى ئالدى - دە، 4 — 5 غۇلاچلا قارا تەنلىكتىن ئۆرلەپ كەتتى. تىك چوققىغا غەلىبىلىك ئۆرلەش ئۈچۈن، تاغ قاتلىمىنىڭ تۈزۈلۈشىنى ئاساس قىلىپ تەدرىجىي ياماشتى. نىمشقىدۇر ئازراق ئۆرلىگەندىن كېيىن

بىردىنلا توختاپ قالدى. سەۋەبى، ئۇ بىر چاكىنى كۆرگەن ئىدى، ئۆزىنى رۇسلىۋېلىپ چاكقا قول ئۇزىتىۋىدى، قولى يەتمىدى. شۇنداقتىمۇ بەل قويۇۋەتمەي، يۆگىمەچ قۇرتىدەك بىر تۆگۈلۈپ كۆچ توپلاپ ئالغا تاشلىنىش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ چاكقا قولىنى سىلىۋالدى، ئاندىن يەنە بىر قولى بىلەن ئۇستىگە غۇلاچ ئېتىپ، پۇلتىيىپ چىقىپ تۇرغان كىچىككىنە تاشنى مەھكەم قارمىدى، تاش خېلىلا پۇختا ئىدى. ئۇ پۈتۈن كۈچىنى ھېلىقى قولىغا يىغدى - دە، بىر يۇلقۇنۇپلا يۇقىرىغا ئۆرلەپ، پۇتىنى چاكقا قويۇۋالدى، ئاندىن تاشنى قارمىغان قولىنىڭ رولىغا تايىنىپ بەدەن تەڭپۇڭلۇقىنى مۇقىملاشتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، يەنە بىر قولىنى يۇقىرىدىكى مونەكچىگە سوزدى، ئەمما قانچە تىرمىشىپمۇ يەتكۈزەلمىدى. ئەگەر بۇنىڭدىن بەك ئۆرۈنىدىغان بولسا، بەدەن تەڭپۇڭلۇقى بۇزۇلۇپ غۇلاپ چۈشۈشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «ئاپلا، مۇشۇ دو- قالدىن ئۆتۈپ كەتسەملا يۇقىرىغا ئۆرلەشنىڭ يېڭى يولىنى تېپىشىمغا ئىشەنچىم كامىل ئىدى» دەپ ئويلاپ، قاتتىق باش قاتۇردى. ئەمما، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلىشقا ھەرگىز بولمايتتى. قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر كېلىۋېلىپ ئىرادىسىنى بو- شاشتۇرماقچى بولاتتى. ئۇ جىددىي پەيتتە كاللىسىدىكى دىشۋارچىلىقلارنى دەرھال چىقىرىۋېتىپ، زېھنىنى كۆز ئالدىدىكى مونەكچىگە مەركەزلەشتۈردى - دە، پۈتۈن كۈچى بىلەن يۇقىرىغا ئېتىلدى. بەختىگە يارىشا مونەكچىگە بىر بارمىقى ئىلىنىپ قالدى. ئۇ قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدىكى شۇ پۇرسەتتە پۇتىنىمۇ تېزدىن ھەرىكەتلەندۈرۈپ قەددىنى رۇسلىۋېلىشقا ئۈلگۈردى. قورقۇپ كەتكەن يۈرىكىمۇ ئىزىغا چۈشۈپ، يېڭىدىن ئىشەنچ تۇرغۇزدى، ئاندىن بىرلا كۈچەپ بېشىنى قولىدىن ئېگىزلىتىپ، يەنە بىر قولى بىلەن پالتا چۇلدىسىمان قىرنى تۇتقاندىن كېيىن بەدەن ئېغىرلىقىنى تەڭشەپ ئازراق دېمىنى ئېلىۋالدى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغان پالۋانغا ئۇ چوڭراق پاقىچىلىك كۆرۈندى. پالۋان ئۇنىڭ ھەربىر ھەرىكىتىنى كۆزەتكەندە قورقىنىدىن جىددىيلىشىپ كېتەتتى،

بەزىدە ھەتتا كۆزىنى يۇمۇۋالاتتى . ئۇ قايسى تەرەپكە قىيسايسا پالۋان گويا يۆلىنىۋالماقچى بولغاندەك شۇ ياققا قىيسىياتتى . يۇقىرىغا قارىماسلىققا ھەر-قانچە ئۇرۇنسىمۇ كۆڭلى پەقەت قويمايتتى . كۆڭلى ئۆيگەنسېرى ئىچ - ئىچىدىن ئۇنىڭغا ئامانلىق تىلەيتتى .

تاشگۈل پايدىلىنىشقا بولىدىغانلىكى ئىمكانىيەتنى نەزىرىدىن سا-قىت قىلماي چۇمۇلە روھى بىلەن ئۆرلەپ چوققىنىڭ يېرىمىدىن ئۆتۈپ كەتتى . ئۇ ئۆرلىگەنسېرى كىچىكلەپ ، پالۋانغا ئارانلا كۆرۈنەتتى . مىدىر-لىغىنىنى دېمىگەندە قاتلاملارغا سىڭىپ كەتكەن ئىدى . ئۆرلىگەنسېرى ئىلگىرىلەش قىيىنلىشىپ ، چورۇقى يىرتىلدى ، تىرناقلىرى يېرىلدى . تەپچىرىگەن ئىسسىق قانلار قىياغا « نەقىش » چەكتى .

تاشگۈلگە تاغ - چوققىلار تونۇشلۇق بولسىمۇ ، بۇ ھېچقايسىسىغا ئوخشاشمايتتى ، بەلكى ئىرادىسىنى سىنايدىغان تىلسىم ئىدى . شۇ ھالدا ، قىرىشقاندەك چوققا بېلىدىن پوقاقتەك بۆرتۈپ چىققان غايەت چوڭ بىر تاش ئىلگىرىلەش يولىنى توسۇۋالدى . بۇنىڭدىن ئۆتۈش ھەقىقەتەن قى-يىن بولۇپ ، پەقەت غۇلتىشۋېتىش ئارقىلىقلا يول ئېچىشقا بولىدىغاندەك قىلاتتى . شۇڭا ، ئۇ بىر ئامالار بىلەن يانغا ئۆتتى - دە ، سول قولىنى ئىشقا سېلىپ تاشنى ئىتتەردى . تاش گۈلدۈرلىگەن پېتى پەسكە چۈشۈپ كەتتى .

پالۋان قورققىنىدىن : « تاشگۈل ! ... ئاھ ، تاشگۈل ! » دەپ ۋار-قىراپ تاشلىدى . ئۇ تاشگۈلنىڭ ئامان - ئېسەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىنلا يېنىك تىن ئالدى .

— خاتىرجەملىكىمنى بۇزۇشقا پېتىنغان قايسىڭ !؟

تۇساتتىن ئاڭلانغان دەھشەتلىك ئاۋازدىن چۆچۈگەن تاشگۈل تۆۋەنگە قاراپ ، سۆڭەكلىرى ناھايىتى قوپال بىر ئىسكىلىتنى كۆردى ۋە دەرھال ئىنكاس قايتۇردى :

— نېمە دېمەكچىسەن ؟ كىم سېنىڭ خاتىرجەملىكىڭنى بۇزۇپتۇ ؟

— ئۆكتەملىك قىلما ! دوزاختا ئالدىرىشىڭنىڭ ۋەجى نېمە ؟

— مەن دوزاخقا ئەمەس ، خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىغا ئېرىشىش ئۈچۈن چوققىغا چىقىپ كېتىۋاتىمەن !

— هاي - هاي ... ئۆزۈڭنى چاغلىماي دەۋاتقان گېپىڭنى قارا ، مەن بۇلۇت تېغىنىڭ سەردارى تۇرۇپ چىقالمىغان يەردە سەندەك خوتۇنغا بۇنداق ئامەت نەدە تۇرۇپتۇ ؟

— ئىرادە قىلغان ئىكەنمەن ، بۇ چوققىنى چوقۇم بويسۇندۇرىمەن ! — دېدى تاشگۈل قەتئىي تۇردە .

تاشگۈلنىڭ نەشتەردەك گېپى زەربىدىن چۇۋۇلۇپ كېتەيلا دېگەن ئىسكىلىت بىر ئىرغىپلا پۇتىغا ئېسىلىۋالدى . تاشگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ بوشىنالمىدى . شۇنداقتىمۇ پۇتۇن كۈچى بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلەۋەردى . ھەربىر كۈچىگەندە ، چورۇقىنىڭ يىرتىقىدىن چىقىپ قالغان پۇت بارماقلىرى ۋە قوللىرىنىڭ ئۇچىدىن جىرتىلداپ قان چىقاتتى . بارا - بارا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ ، پۇتى ئۇزۇلۇپ كېتىدىغاندەك سىرقىراشقا باشلىدى . چۈنكى « كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال » دېگەندەك ، مۇشۇنداق جاپالىق چاغدا ئىسكىلىتمۇ ئۇنىڭغا بىر يۈك بولۇپ قالغان ئىدى . ئۇ قىينالغانسېرى ئىسكىلىت مازاق قىلىپ كۈلەتتى . ئىسكىلىت ئۆز قىلمىشىدىن مەغرۇرلىنىپ تازا كۆرەڭلەۋاتقاندا ، ئۇ ئەپچىللىك بىلەن چورۇقىنى سېلىۋەتكەن ئىدى ، پاسىق سۆڭەك ئىسكىلىت چورۇقنى قۇچاقلىغىنىچە موللاقلاپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى . ئەمدى ئۇ قىيىن كەلگەن تۇغۇتتىن بوشانغاندەك يېنىكلەپ ، داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە باشلىدى . ئۇ ئېگىز ئۆرلەش داۋامىدا گاھ ئوڭغا ، گاھ سولغا سىلجىپ ، زورۇر تېپىلغاندا تۆۋەنلەپ چوققىغا چىقىشنىڭ ئامالىنى ئىزدەيتتى . ئۇ قورتتەك ھەرىكەتلىنىپ ، چوققىغا يېتىشكە 5 — 6 غۇلاچچە قالغاندا ، پېشايۋان شەكىللىك چوڭ تاشقا دۇچ كەلدى . بۇ توسالغۇ تىك چوققىنىڭ كۈنگەي تەرىپىنى بىر ئالغان بولۇپ ، ئۇسۇپ چىققان قىسمى نەچچە غۇلاچ كېلەتتى ، ئەگىپ ئۆتۈپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . بۇ تاڭ قاراڭغۇسى مەزگىلى بولغاچقا ، خەتەرلىك تاشنىڭ سالما تاشلىغۇدەك جايىنى پەرق

ئەتكىلى بولمايتتى . پەقەت تاڭنىڭ يورۇشىنى كۈتمەكتىن باشقا ئامال يوق ئىدى . ئەمما، بۇنداق « كۈتۈش» تۈز يەردە تۇرغاندەك ئاسانمۇ ؟ قۇياشمۇ ئۇنىڭ بىلەن قىرىشقاندەك مىسلداپ ، ۋاقىت بىر ئەسىردەك تۇيۇلۇپ كەتتى .

قۇياش ئۇپۇقتىن باش كۆتۈرۈش بىلەن پېشايۋان شەكىللىك قورام تاشنىڭ دولقۇنسىمان قىرلىرى روشەنلىشىشكە باشلىدى . تاشگۈل بىر يوچۇقنى نىشانلاپ سالما تاشلىغان ئىدى ، ئىلىنمىدى . يەنە كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم تاشلىغاندىلا مەقسەت ھاسىل تاپتى ، ئۇ سالمىنىڭ مۇستەھكەملىك دەرىجىسىنى سىناپ ، تولۇق ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ، مەھكەم تۇتۇپ ئۆزىنى قويۇۋەتتى . ئېگىز ھاۋا بوشلۇقىدا بۇنداق ئىلەڭگۈچ ئۇچقاننى پەستە تۇرۇپ كۆرگەن ئادەممۇ قورققىنىدىن بىھوش بولاتتى . ئۇچۇش قۇشلارغىلا خاس ئىقتىدار بولۇپ ، بۇنداق دەھشەتلىك تىك چوققىغا پەقەت بۈركۈتلەرلا چىقالايتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنىڭ دەرىجىدىن تاشقىرى ئىقتىدارىغا ئۆزىمۇ ھەيران ئىدى . لېكىن ، ئاران ئې-رىشكەن بۇ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى . قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرلىرى ئاسمانغا تاقاشقان قىيادا ئەكس ئەتكەندە ، پالۋان ئې-گىزگە تەلمۈرۈپ قاراۋېرىپ بويىنىنىڭ تالغانلىقىنى ھېس قىلدى ، ئەمما قىلچە ۋايسىمىدى . بىر ئايال كىشى ئەرلەرنى بېسىپ چۈشىدىغان جاسا-رەت بىلەن تىك چوققىغا بۈركۈتتەك شۇڭغۇپ چىقىۋاتقان يەردە ، بۇنى پەستە « تاماشا » قىلىپ تۇرۇش قانچىلىك جاپالىق ئىش ئىدى ؟!

تاشگۈل سالمىغا ئېسىلىپ ئېگىزلەۋاتاتتى . پالۋان تاشگۈلنىڭ چوققىغا يېقىنلاپ قالغانلىقىنى كۆرگەندە ، بايا ئاغقان يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى . شۇنداقتىمۇ خەتەر تېخى ئۆتۈپ كەتمىگەچكە ، خاتىرجەملىك يىراقتا ئىدى . قارا تەنلىك چوققىغا چىقىشتا تاشگۈل بىلەن بەسلەشمەكچى ، بەلكى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىغا ئاۋۋال ئېرىشمەكچى بولغان بولسىمۇ ، ئىشلىرى تازا كۆڭۈلدىكىدەك بولمىدى . ئۇ بىرنەچچە سۇۋادان تېرەك بويى ئۆرلەپلا داۋاملىق ئىلگىرىلەشكە ئامالسىز قالدى .

ئۆزلۈكسىز ئېگىزلەپ ، چوققىغا چىقايلا دەپ قالغان تاشگۈلنى كۆرگىنىدە ئىچى ئاچچىققا تولدى . ۋۇجۇدى ھەسەت ئوتىدا كۆيۈپ ، تاشگۈلنى تاپە-نىدىن تارتىپ چۈشۈرۈۋېتىش خىيالىدا قولىنى سوزۇۋىدى ، ھەرقانچە قىلىپمۇ يەتكۈزەلمىدى . شۇنىڭ بىلەن ئارىدىكى مۇساپىنىڭ يىراقلىقىنى بىلىپ ، كۆپ كىچىككەنلىكىگە ئۆكۈندى .

تاشگۈل سالمىنىڭ ئۇچىغا ئېسىلىپ ئۆرلەۋاتاتتى . لېكىن ، توختاۋسىز ھەرىكەتكە ئەگىشىپ سالمىنىڭ قورام تاشقا باغلانغان سىرتـ-مىقى بوشاۋاتقانلىقىدىن خەۋەرسىز ئىدى . ئەگەر سىرتماق چىقىپ كېتىدىغانلا بولسا مۆلچەرلىگۈسىز تالاپەت يۈز بېرەتتى . تاشگۈل چوققىغا يېقىن قالغاندا سالمىنىڭ ئاستا - ئاستا بوشاپ كېتىۋاتقانلىقىنى سېزىپ ، مېڭىسىدىن تۈتۈن چىقىپ كەتتى . نەپىسى توختاپ قالغاندەك بولدى . سالمىنىڭ ئۆز ئىگىسىگە ساداقەتسىزلىك قىلىشى تۈپەيلى مۇنداقلا چۈشۈپ كەتسە تولىمۇ ئادالەتسىز ئىش بولاتتى . شۇڭا ، بۇنداق بولۇشىغا ئىشەنمىدى . لېكىن « تەدبىرلىك قانچىلىك بولسا ، تەقدىرلىك شۇنچىلىك بولار » دېگەندەك جىددىي تەدبىر قوللانماي بولمايتتى . بۇ قائىدىنى چۈشەنگەن تاشگۈل چەبدەسلىك بىلەن نازۇك ھۈنىرىنى ئىشقا سالىدى-غان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملەپ كاللىسىنى سىلكىۋەتتى ، ئاندىن ئۆزىنى ئاللاغا تاپشۇرۇپ ، چاقماق تېزلىكىدە تەدبىر قوللاندى . پالۋان گەرچە بۇ جىددىي ھەرىكەتنى كۆرەلمىگەن بولسىمۇ ، تاشگۈل سالمىنى چوققىغا ئەمەس ، بەلكى ئۇنىڭ يۇرىكىگە سىلىۋالغاندەك مۇكچە-يىپ كەتتى . سالما يەنىلا چىقىپ كېتىش ئالدىدا تۇراتتى . تاشگۈل ئاخىرقى قېتىم قاراپ ، يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان خەتەرنىڭ قاش بىلەن كىرپىك ئارىسىدا قالغانلىقىنى كۆردى . ئۇ سەللا بىخەستەلىك قىلسا ئاس-مان بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كېتىپ كۆكۈم - تالقان بولۇشى تۇرغان گەپ ئىدى . ئۇ شۇنداق چەكسىز قورقۇنچ ئىچىدە تۇر-غاندا قاياقتىندۇر بىر كۆكۈيۈن پەيدا بولۇپ ، كۆز چانىقىغا قوندى . ئېچىرقاپ كەتكەن كۆكۈيۈننىڭ ئالدىدا چايانىنىڭ چېقىشى ھېچ گەپ ئە-

مەس ئىدى . كۆكـۆيـۈن ئۆنـى خـۇددى پۇت ـ قولى باغلانغان ئادەمنى چـاققاندەك بەخىرامان چىقىشقا باشلىدى . بىچارىنىڭ كۆز ـ قاپاقلىرى لە-پىـلـداپ ، ئاچـچـىـق يـاش چـىـقىپ كەتتى ، لېكىن شۇنداق چىدىغۇسىز ئاغـرىـقـقا بەرداشلىق بېرىپ مىدىرلىماي تۇردى . بەجايىكى ، تېنى بۇنداق بـىـچـارىـلـىـكـنـى خـوپ كـۆرمـەي لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى ، قاپىقى مۇشـتۇمدەك پۇلتىيىپ چىقىپ كۆز گۆھىرى توسۇلدى . ئۇ بىر كۆزى بە-لـەن قـاراپ ، سـالـمـىـنـىـڭ بەكمۇ كىچىك ، بەكمۇ كىچىك يىرى تۇتۇپ قـالـغـانلىقىنى كۆردى ـ دە ، مۆلچەرلىگۈسىز غايىب كۈچىنىڭ تۇرتكىسىدە قـورام تـاشـقـا خـۇددى دەھشـەتـلـىـك دېڭىز دولقۇنىدەك ئېتىلدى . سالما چـۇشـۇپ كـەتـتى . شۇ دەقىقىدە گويا كىرىچتىن ئوق ئۇچۇپ چىققاندەك مـۆجـىزە يۈز بېرىپ ، ئۇ بىر قولى قورام تاشقا چالا ـ پۇلا ئىلىنىشى بىلەن يـەنـە بـىـر قـولـىـنى قورام تاشقا ۋاققىدە ئـۇرۇپلا قارماق سېلىۋېلىشقا ئۈل-گـۈردى . كـۆزنـى يـۇمـۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتىكى بۇ ئاجايىپ پۇرسەتتە ئۇ بـىـر قـۇدرەتلىك كۈچىنىڭ ئىلھامى بىلەن ھەقىقەتەن چاققانلىق قىلغان ئىدى .

تـاشـگۈل بىر يۆنىلىشتىكى بۇنداق بېسىم ئالدىدا قارشى قىيا بىلەن تـىـر كـىشىۋاتاتتى . كۆكۆيۈنمۇ ئۆزىنىڭ قېنىنى خاتىرجەم شوراپ لەززەتلە-نـىـۋاتـاتـتى . ئۇ بـۇنـىـڭـغا كـۆنـۈپ قـالـغـان بـولـۇپ ، قـانـخـور ھـاشـارات « گـىـژ ـ گىژ » ئاۋاز چىقارغاندىلا ئىسسىق قېنى تېخىچە شو-رىـلـىـۋاتـقـانـلىقىنى بىلدى . كۆكۆيۈن ئۆزىنىڭ مۇشۇ مۇھىتتا قولنى ئىشقا سـالالـماسلىقتەك ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىپ زەھەرخەندىلىكىنى داۋاملاشتۇ-رۇۋاتـاتـتـى . تـېـخـى ھېلىلا ئاران ئۇچۇپ كەلگەن تېرىق پىنىنىسچىلىك ھاشـارات بـىـكـار قـاننى شوراۋېرىپ بىردەمدىلا قاغا جىگدىدەك چوڭىيىپ كـەتـتـى . ئەمـمـا ، قـانائەت ھاسىل قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى . قورسىقى تـويـىـىـمـۇ ، ئىلگىرى بەك ئېچىرقاپ كەتكەچكىمۇ كۆزى تويماپۋاتسا كې-رەك ، قارنى ئېتىلغاندىلا خاتىرجەم بولىدىغاندەك ئىدى .

تـاشـگـۈلـنـىـڭ بـارماقلىرىدىن توختىماي چىقىۋاتقان قانلار قورام

تاشنى تېخىمۇ سىلىقلاشتۇرۇۋەتتى . ئۇنىڭ دىققىتى يەنە بىر قورام تاشقا چۈشۈپ ، ئاستا ـ ئاستا شۇ تەرەپكە سۈرۈلدى . ئازراق ئارامنى ئېلىپ كۈچ توپلىغاندىن كېيىن مەيدىسىنى قورام تاشقا مەھكەم تاقاپ ، پۇتىنى ھېلىقى قورام تاش ئۈستىگە ئېلىۋالدى ، شۇ ئەسنادا كۆكۈيۈن « پاس » قىلىپ ئېتىلىپ قانغا چىلىنىپ ياتتى .

كۆكۈيۈننىڭ قارنى ئېتىلىپ كەتكىنىگە قانائەت قىلمىغان تاشگۈل مۇشتەك تاش بىلەن ئۇرۇپ ، مىجىقىنى چىقىرىۋەتتى . لېكىن ئۇنىڭ يەنىلا دەردى چىقمىغاندەك قىلاتتى .

ئاخشامدىن بېرى تاشگۈلدىن كۆزىنى ئۈزمەي گەجگىسى قاتقان پالۋان ئۇنىڭ چوققىغا چىققانلىقىنى كۆرۈپ چوڭ بىر تىنىدى ـ دە ، ھو-شىدىن كېتىپ يىقىلدى .



# خىزىرنىڭ ئىپتىقانلىرى

تاشگۈل چوقىغا چىقىپلا نەزىرىنى پەسكە ئاغدۇرۇپ، پالۋاننى ئاران پەرق ئەتتى. قول ئىشارىسى قىلىۋىدى، ھېچقانداق ئىنكاس بولمىدى. چۈنكى، پالۋان بايا ھوشىدىن كېتىپ يېتىپ قالغان ھالەتتە ئىدى. تاشگۈل بۇنىڭدىن خەۋەرسىز بولغاچقا، بار ئاۋازى بىلەن چاقىردى. كەينى ـ كەينىدىن ياڭرىغان ئاۋاز دولقۇنى كۈچلۈك ئەكس سادا پەيدا قىلىپ، پالۋاننى ھوشىغا كەلتۈردى. شۇنچە قاتتىق ئاۋاز ئۇنىڭ قۇلىقىغا يەر ئاستىدىن كېلىۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. ئۇ ئېسىنى يىغقاندىن كېيىن چوققىغا قاراپ، تاشگۈلنىڭ قول پۇلاڭلىتىۋاتقىنىنى ئىلغا قىلدى ـ دە، بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى. تاشگۈلنى چاقىردى، بار ئاۋازى بىلەن چاقىردى، لېكىن ئاۋازى چوققىغا يېتىپ بارغان ـ بارمىغانلىقىنى بىلگىلى بولمايتتى، پەقەت ئەكس سادا تاغ ئىچىنى لەرزىگە سالاتتى. تاشگۈلنىڭ ئاۋازى ناھايىتى نەستە يېتىپ كېلەتتى، نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاران ئۇققىلى بولاتتى.

تاشگۈل پالۋان بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ خوشلاشقاندىن كېيىن، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ چوققىنىڭ ئۇستىدىكى مەنزىرىلەرگە نەزەر تاشلىدى. ئاجايىپ ـ غارايىپ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ دىققىتىنى تارتىسمۇ، قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەن بەدىنى ئارام ئېلىشتىن باشقىنى خالىمايتتى. ئۇ ئۆزىگە بويسۇنمايۋاتقان ئەزالىرىنىڭ رايىغا بېرىپ، ئەپلىك جاينى تاللاپ سۇنايلىنىپ ياتتى. شۇندىلا يارىلانغان پۇت ـ قوللىرىنىڭ سىرقىراپ ئاغرىۋاتقانلىقىنى سەزدى. بايا جىددىيچىلىكتە كۆكۈيۈننىڭ قېنىنى شوراۋېرىشكە كۆنۈپ قالغاندەك، پۇت ـ قوللىرىنىڭ دەردىگە يېتىشكىمۇ

چولسى تەگمىگەن ئىدى . ئۇ كىچىدىن بىرى بىسىپ ئۆتكەن خەتەرلىك پەللىلەرنى ئەسلەپ ، ئىنسانىنىڭ قولىدىن شۇنداق مۆجىزىلەرنىڭ كېلىدىغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى . لېكىن ، بۇ ئەمەلىيەت ئى- دى . ئۇنىڭ تىنىما - تالاڭ بولۇپ كەتكەن كىيىملىرى بەدىنىنى يىپىلىمىغاچقا ئۆز - ئۆزىدىن ئۇيۇلاتتى . بۇ يەردە باشقا ئادەمنىڭ يوقلۇقى ئۇنىڭ ئۇچۇن ئامەت ئىدى . بولمىسا خەقنىڭ ئالدىدا قانداق يۈرەلەيدۇ ؟

تاشگۈل هاردۇقىنى ئاز - تولا چىقىرىۋالغاندىن كېيىن ، پۇت - قوللىرىدىكى جاراهەت ۋە قان داغلىرىنى سۈرتتى ، ئاندىن يارىلىرىغا دورا چېچىپ تاڭدى . سالامەتلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە دائىر ئىشلارنى تاماملاپ بولغاندىن كېيىن ، ئاياللىق رولىنى جارى قىلدۇرۇپ يىڭنە ئىشىغا تۇتۇندى . يىرتىلغان كىيىملەرنى ياماش ئارقىلىق ئېچىلىپ قالغان نو- مۇسلۇق جايلىرىنى ياپقىلى بولاتتى . ئۇ زۆرۈر ئىشلىرىنى تۈگىتىپ ، يەنە يولغا راۋان بولدى .

تاشگۈل ئاچ قورساق هالدا چاشگاهغىچە يول يۈرۈپ ، ماڭغانسېرى ئۆزىنى يېڭى بىر دۇنياغا كېلىپ قالغاندەك هېس قىلدى ، يېڭىدىن - يېڭى مەنزىللەر ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى . ئەمما ، ئۇ خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى هەرقانچە ئىزدەپمۇ تاپالمىدى . ئارقىدىن ، خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنى كېچىدە كۆرگەنلىكىنى ئەسكە ئېلىپ : « هازىر دېگەن كۈندۈز ئەمەسمۇ ، قۇياش نۇرى ئۇنى كۆرۈشكە ئىمكان بېرەمتى ؟ — دېدى - دە ، تەسەللى تاپتى ، — نەتىجىسىز يولنى مېڭىۋەرمەي بىرەر تەسكەينى تېپىپ ئارام ئالاي ، قۇياش پاتقاندا خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى ئۆزلۈكىدىن ئاشكارا بولىدۇ » . شۇنداق قىلىپ ، ئۇ ئاپتاپ چۈشمەيدىغان دالدىنى تېپىپ ياتقان ئىدى ، هارغىنلىق ئۇيقۇ قاينىمىغا غەرق قىلدى .

تاشگۈل ئويغانغاندا كۈن پېتىپ ، قاش قارايغان ئىدى . ئۇ سەپەر تەييارلىقىنى پۈتكۈزۈپ بولغۇچە قاراڭغۇ چۈشتى . لېكىن ، غەربىي ئۇپۇقتىن قىزىللىق تېخى كۆتۈرۈلمىگەن ئىدى . ئۇ تۆت ئەتراپقا سىن- چىلاپ قاراپ ، يىراقتا ناهايىتى سۇس يېلىنجاپ تۇرغان ئوت يالقۇنىنى

كۆردى ـ دە، يېڭى ئويۇنچۇق تېپىۋالغان كىچىك بالىلاردەك سەكرەپ كەتتى. خاسىيەتلىك يالقۇن ئۇنى جەلپ قىلىۋالغان ئىدى. ئۇ ھاياجان ئىچىدە ئوي ـ چوڭقۇر دەپ ئولتۇرمايلا شۇ تەرەپكە يۈگۈردى ...

تاشگۈل مەنزىلگە يېتىپ ھەيران قالدى، پىلىلداپ نۇر تارقىتىۋاتقىنى بىر تۈپ دەرەخ ئىدى. ئۇ ئىچىدە: «مۇشۇ دەرەخنى دەپ شۇنچە رىيازەت چەكتىممۇ؟» دەپ مەيۈسلەندى. چۈنكى ئۇ، پالۋان بىلەن قەلبىگە يۈكسەك ئارزۇلارنى پۈكۈپ، بۇ خەتەرلىك سەپەرنى ئىختىيار قىلغان، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ شېرىن جانلىرىدىن ئايرىلغانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن، قارا تەنلىكمۇ قىيا باغرىدا مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەي، چوققىغا چىقىش ئۈچۈن جان تىكىپ تىرىشىۋاتىدۇ ...

تاشگۈل بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ: «شۇنچە جاپالارنى تارتىپ چوققىغا چىققان ئىكەنمەن، نۇر چاچىدىغان بۇ دەرەخنى تۇتۇپ كۆرمىسەم قانداق بولىدۇ؟» دەپ ئويلاپ، شاخلىرىنى سىلاشتۇرغان ئىدى، كەڭ يوپۇرماقلار ئارىسىدىكى مېۋىلەر قولىغا ئۆرۈلدى، مېۋىنىڭ ئۈستى ياپىلاق كەلگەن بولۇپ، ئاساسلىق «يالقۇن» شۇنىڭدىن چىقىۋاتاتتى. تاشگۈل مۇشۇ يېشىغىچە دۇنيادا بۇنداق مېۋىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئىدى. مېۋە چىرايلىقلىقىدىن ئىشتىھانى قوزغايتتى. تاشگۈل شۇنچە ئاچ قورساق بولسىمۇ، دەمال يېيىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. قايسى زامانلاردىدۇر بىر شاھزادىنىڭ چۆل ـ جەزىرىدە بىر خىل مېۋىنى يەپ قويۇپ بېشىغا مۈڭگۈز چىقىپ قالغانلىقى توغرىسىدىكى چۆچەك ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. بۇ ۋەقە ئۇنى قورقۇنچقا سالسىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقى ھەم تەۋەككۈلچىلىك روھى غالىب كېلىپ، قەلبىگە ئىشەنچ ئۇرۇقلىرى چېچىلدى. شۇنىڭ بىلەن گۇمانى يوقىلىپ، نېمىلا بولسۇن يەپ بېقىش قارارىغا كەلدى. ئەمما، مېۋىنى ئۈزۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتسىمۇ، ئوتتىن قاچۇرغاندەك تارتىۋالدى. ئاخىر قەتئىي نىيەتكە كېلىپ بىر تال ئۈزۈپ ئاغزىغا سالدى. مېۋە ئاغزىغا كىرىپلا «شۇررىدە» ئېرىپ، تومۇر ـ تومۇرلىرىغا ئاجايىپ بىر خىل لەززەت

بىغىشلىدى ، تېخىمۇ مۇھىمى ئىمانى نۇرلىنىپ ، دىلى يورۇدى . ئۆزىنى شۇنداق ئازادە ، يېنىك ھېس قىلدىكى ، نىيىتىدىن يامانلىق سايىسى يىراقلاپ ، ياخشىلىق قارار تاپتى . ئىمانى نۇرلىنىپ ، جىسمانىي يارىلىرى شىپا تېپىپ ، ۋۇجۇدى يېگىۋاشتىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغاندەك ، ياشلىق باھارى جۇش ئۇرۇۋاتقاندەك سەزدى . ئۇ ئۆزىنى چوققىدا ئەمەس ، ئانا قۇچىقىدا ياتقان غەمسىز بوۋاقتەك ھېس قىلدى ـ دە ، بىردىنلا بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنى يۇرتىغا ئالغاچ كېتىپ،ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن قوۋم ـ قېرىنداشلىرى بىلەن ئورتاق بەھرىمەن بولۇش نىيىتىگە كەلدى .

بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى . تاشگۈل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خاسىيەتلىك دەرەخنى قومۇرماقچى بولۇۋاتقاندا ، ئاسمان ـ زېمىن لەرزىگە كەلگۈدەك ئاۋاز ئاڭلاندى :

ـــ قولۇڭنى تارت !

تاشگۈل ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە قارىغان ئىدى ، تۈن پەردىسى قاپلىغان سۇرلۇك مەنزىردىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمىدى . شۇنداقتىمۇ ئىنكاس تەرىقىسدە سورىدى :

ـــ ئۆزلىرى بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ ئىگىسىمۇ ؟

ـــ بۇ دېگەن بېھىشتىن چىققان ئەنجۈر دەرىخى .

ـــ ئۇنداقتا نېمىدەپ ئىگىدارچىلىق قىلىش كويىدا بولىلا ؟

ـــ ئۇ بېھىشتىن مەھرۇم قىلىنغان گۇناھكار دەرەخ . سەنمۇ گۇناھقا شېرىك بولماقچىمۇ ؟

ـــ مەنمۇ بەزى ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە گۇناھكار ھېسابلىنىمەن . شۇنداقتىمۇ بۇنى قومۇرۇپ يۇرتۇمغا ئاپىرىپ يۇرتداشلىرىمغا خىزمەت قىلدۇرۇش ئارقىلىق ئۆز گۇناھىنى يۇيۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتۇرسەم ياخشى ئەمەسمۇ ؟

ـــ ئالدىمدا تولا ئۇستاتلىق قىلمەن دېمە . بىرەرسىگە تەئەللۇق بولمىغان بۇ چوققىغا چىقالىغىنىڭ بىلەن ، بۇ دەرەخنى ئېلىپ كېتىش قو- لۇڭدىن كەلمەيدۇ . ئادەم بىلەن ھەۋۋا بېھىشتە ھۆر ـ پەرىلەر بىلەن

يۈرەتتى ، شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن يېيىش مەنئى قىلىنغان مېۋىنى يەپ قويغاچقا چوڭ تەرىتى قىستاپ كەتتى . ئۇلار بوشانغۇدەك ئەپلىك جاي تاپالماي مېۋىلەردىن يوپۇرماق سورىغاندا ھېچقايسىسى بەرگىلى ئۇنىمىدى . ئاخىر ئۇلار ئەنجۈر دەرىخىگە يالۋۇرۇپ تۇرۇۋالغاندا ، ئۇلارغا كەڭ يوپۇرماقلىرىدىن بەردى ...

— ئۇنداقتا ، ئۇ ئەرزىگۈدەك ئىش قىلغان ئىكەن .

— ئېغىز غېرىچلىما ! ئۇ مانا شۇ گۇناھى ئۈچۈن ھېچكىمگە تەئەللۇق بولمىغان بوۋاقاس چوققىغا ، ئادەم بىلەن ھەۋۋا بولسا باشقا چۆللۈككە قوغلانغان .

— چۈشەندىم . بۇ دەرەختىن نېمىشقا ئوت يالقۇنى چىقىدۇ ؟

— بېھىش مېۋىسى بولغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق .

— ھەقىقەتەن خىسلەتلىك دەرەخ ئىكەن .

— ھەرقانداق نەرسىنىڭ خاسىيىتى قانچىلىك بولسا ، جاپاسىمۇ شۇنىڭغا تۇشلۇق بولىدۇ .

تاشگۇل تاشلىق زېمىندا تېرىكچىلىك قىلىۋاتقان يۇرتداشلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قەتئىيەت بىلەن ئېيتتى :

— بۇ خاسىيەتلىك دەرەختى دەپ شۇنچە جەبىر - جاپالارنى تارتتىم . ئەمدى ئۇنى ئەكەتمەي قويمايمەن !

غايىب ئاۋاز جىمىپ كەتتى . تاشگۇل باياتىن ئۆزىگە تەلىم بەرگۈچىنىڭ خىزىر ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرۈپ ، يېنىشلاپ چاقىرغان بولسىمۇ ، ئاۋاز قايتا ئاڭلانمىدى . تاشگۇل ئۆز ئارزۇسىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا ئاسانلىق تىلەپ قار - يامغۇردەك كۆز يېشى قىلدى ، ئاق يېغىندەك توختاۋسىز ياشلار ئۇنىڭ ئەتراپىنى قارا نەمگە ئايلاندۇرۇۋەتتى . ئەگەر بۇ ياشلار يەنە داۋاملىشىدىغان بولسا چوققا قوينىڭ قۇيرۇقىدەك ئېرىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى .

تاشگۇلنىڭ قەتئىي ئىرادىگە كەلگەنلىكى خىزىرنىڭ ھېسداشلىقىنى قوزغىدى :

— ئەنجۇر دەرىخى ئادەم بىلەن ھەۋۋاغا يوپۇرماق بېرىپ گۇناھ ئۆتكۈزگەن بولسىمۇ ، تەگرى ئۇنىڭغا يەنىلا كۆپلىگەن نۇسرەتلەرنى ئاتا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى « مېۋىلەر شاھى » دەرىجىسگە كۆتۈرگەن .
دېمەكچىمەنكى ، ئىنسانلارمۇ ئۆزىدە ئۇنىڭدەك جۇرئەتنى يېتىلدۈرۈشى كېرەك . سەن تەگرى ئېۋەتكەن يېڭىلمەس قەھرىمان ئانا ، ئالدىمدا يۈرەك سۆزۈڭنى ئېيتالىدىڭ ، مۇشۇنداق ئۇلۇغ غايە يولىدا قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىكەنسەن ، بوپتۇ ، بۇ دەرەخنى قومۇرۇپ ئەكەت . ئېسىڭدە تۇ-تۇشقا تېگىشلىك ھاياتلىق دەستۇرى شۇكى ، ھەممە ئادەم يارىتىلىشتا ئوخشاش بولۇپ ، رىزقى كەڭ زېمىنغا چېچىلغان . ئۇنىڭغا قانداق ئېرى-شىش ھەر كىمنىڭ ئۆزىگە باغلىق . سەۋەب قىلماستىن تەلەپ قىلىش ، تەمەگەرلىك ، يۆلىنىۋېلىش زەبۇنلۇققا ئېلىپ بارىدۇ . شۇڭا ، تەگرى :« يارىتى-لىشىڭ مەندىن ، يارىلىشىڭ ئۆزۈڭدىن » دېگەن . تەقدىرگە تەدبىر قوللانغىنىڭدىلا ھاياتلىق قىممىتىڭنى نامايان قىلىپ ، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىيالايسەن . ھاياتلىق قانۇنىيىتى مانا مۇشۇ نۇقتىغا مۇجەسسەملەنگەن .
خىزىرنىڭ ئېيتقانلىرى تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىنى ۋاللىدە يورۇتۇۋەتتى . ئۇ خۇشاللىقتا چۆمۈپ ، خىزىرغا رەھمەت ئېيتماقچى بو-لۇۋاتقاندا ، غايىب سادا يەنە ئاڭلاندى :
— ئېسىڭدە تۇتقىنكى ، بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسىنى كاچاتلاپ ، ئاندىن يېيىشىڭ كېرەك .
— بۇنداق قىلىش ئادالەتسىزلىك بولمامدۇ ؟
— ھەربىر كاچات تەگكەندە ئۇ ئۆزىنىڭ گۇناھكار دەرەخ ئىكەن-لىكىنى ئېسىگە ئالىدۇ - دە ، بېھىشكە قايتىپ كېتىش ئويىدا بولمايدۇ . بۇنىڭ بىلەن تىكىلگەن يەرگە ئاسان ئۆزلىشىدۇ .
تاشگۈل خىزىردىن يەنە كۆپلىگەن نەرسىلەرنى سوراپ بىلىۋال-غانمۇ بولاتتى ، بىر خىل ئاچچىق ھىد دىمىغىنى ئۆرتەپ ئېغىز ئاچۇرمىدى . شۇ ئەسنادا ئاتقان پاختىدەك بىرنەرسە چوققىدىن كۆتۈرۈ-لۈپ ، ھاۋاغا چىقىپ كەتتى .

# تۈكلۈك ئادەم

تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ چوققىدىن چۈشۈشكە تەمشىلىۋاتقاندا، تۇيۇقسىز ئۇچۇق ھاۋادا چاقماق چېقىپ، چاڭ - توزان كۆتۈرۈلدى. ئاستى چوققىدا بولسا ئۈستى كۆك قەرىگە تۇتاشقان دەھشەت قۇيۇن ھەيۋە كۆرسىتىۋاتاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭدىن ئۆزىنى ئېلىپ قاچماقچى بولۇۋاتقاندا، ئۇ قوينىغا ئېلىۋالدى. تاشگۈل ئېسىنى تاپقاندا ئۆزىنىڭ چوڭ بىر قورام تاش ئۈستىدە ياتقانلىقىنى بىلدى.

تاشگۈل قورام تاش بىلەن بىر تۇغقان بولۇپ كەتكەن ئىمجان گەۋدىسىنى تەستە كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قاراپ، ئەسلىدىكى جايىدىن ھېچقانچە يىراقلىمىغانلىقىنى بىلدى. ئەمما، ئەنجۈر دەرىخىنى قولىدىن چىقىرىپ قويغان ئىدى. شۇئان بېشىدىن بىر قاپاق مۇز سۈيى قۇيۇۋېتىلگەندەك ئەندىكىپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي پىرقىراپ كەتتى. لېكىن، قانچە قىلسىمۇ ئەنجۈر دەرىخىنى تېپىش ئۇياقتا تۇرسۇن، دېرىكىنىمۇ ئالالمىدى. چوققىنى بېشىغا كىيىپ خىزىرنى چاقىردى - چاقىردى، ھېچبىر سادا چىقمىدى، ئاندىن غەزىپىگە پايلىماي ئاسمانغا قارىتىپ 4 — 5 تال ئوق ئۈزدى. بۇنىڭمۇ قىلچە ئۈنۈمى بولمىدى، چوققىدا ئۆلۈكتەك جىمجىتلىق ھۆكۈمران ئىدى. ئۇ تۇرۇپلا پەلەكنىڭ بۇ «ئويۇن»ىدىن نارازى بولدى، ئەمما كىمدىن ئاغرىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. تۇرۇپلا يەنە ئاچچىقىغا ھاي بەردى - دە، قۇيۇننىڭ يۆنىلىشىنى پەم ئېتىپ، ئىزىنى كۆزىدىن يىتتۈرمەي ماڭدى. شۇ ماڭغىنىچە توپتوغرا ئىككى كېچە - كۈندۈز يۈرۈپ بىر ئېگىزلىككە يېتىپ كەلدى.

ئەتراپ ئاجايىپ سۈرلۈك ئىدى. تاشگۈلنىڭ كۆزى چۈشكەن ھەربىر نەرسە خۇددى سېھىر جادۇ بىلەن پۈتۈلگەندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئۇيان ـ بۇيان قىدىرىپ يۈرۈپ، يىراقتا بىر غارنىڭ تۇرغانلىقىغا كۆزى چۈشتى. يېقىنلاپ بېرىپ، غار ئالدىدا بېشى تۈزلۈق قاپاقنىڭ پوستىكىدەك ئايىاق بىر موماينىڭ ئولتۇرغانلىقىنى كۆردى. كۆردىيۇ، بۇنداق جايدا ئادەم، بولۇپمۇ قېرى موماينىڭ مەۋجۇت بولغىنىدىن تەئەججۈپلەندى. ئارقىدىن ئۆزىنىڭمۇ مۇشۇ چوققىدا جاھانكەزدىلىك قىلىۋاتقىنىنى ئەسكە ئېلىپ ئەجەبلىنىشنىڭ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى بىلدى.

— موما، بىر تۈپ خاسىيەتلىك دەرىخىم بار ئىدى، — دېدى ئۇ خۇشخۇي سالامدىن كېيىن، — ئاق قۇيۇن كۆز ئالدىمدىن ئەپقاچتى، كۆزلىرىگە چېلىقتىمىكىن؟

— كۆردۈم، قىزىم، — جاۋاب بەردى موماي.

— ئاغزىلىرىغا ياغ، موما، قەيەردە كۆرلە، ئېيتىپ بەرسىلە.

— غارنىڭ ئىچىگە قارا.

تاشگۈل غارنىڭ ئىچىگە قاراپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ زەي ئۆرلەپ تۇرغان بىر قورام تاشنىڭ ئۈستىدە تۇرغانلىقىنى كۆردى ۋە ھاياجاندىن كۆزلىرى چاقناپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— موما، ئىلاھىم مىڭ ياشقا كىرەلا، خاپا بولماي ئۇنى ئاچىقىپ بەرگەن بولسىلا.

— ھەي نادان، ياش تۇرۇپ مەن قېرىنى ئىشقا بۇيرۇۋاتامسەن؟ تارتىنماي كىرىۋەر، مەن دېگەن قوپسا ئولتۇرالمايدىغان، ئولتۇرسا قوپالمايدىغان ئادەم.

— ئالدىلىرىدىن توغرا ئۆتۈشكە پېتىنالمايۋاتىمەن.

— ماڭا ئۇنچىلىك ھۆرمىتىڭ بولسا، چاڭگىلىشىپ كەتكەن بېشىمغا بىر قاراپ قويساڭ، مۇراد ـ مەقسىتىڭنىڭ ھاسىل تېپىشىغا دۇئا قىلاتتىم.

تاشگۈل موماينىڭ كۆڭلىنى يەردە قويماي ئۇزاقتىن بېرى تارالمى-

غان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى. موماي بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇرسەن بولدى. تاشگۈل ئىشنى تۈگىتىشكە موماي ئۇھسىنىپ ئورنىدىن تۇردى. تاشگۈل شۇنچە جۈدىگەن بولسىمۇ، ۋۇجۇدىدىن ياشلىق باھار كەتمىگەن ئىدى، جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. بۇنى كۆرگەن مومايىنىڭ چىرايىدا ئۆزىنىڭ ياشلىقىنى ئەسلەپ قالغاندەك تۇيغۇ پەيدا بولدى. ئۇ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقاندەك قىياپەتتە، تاشگۈلنىڭ ئىجازىتىنى ئېلىپ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇۋىدى ، پۈتۈن بەدىنى بىرقىسما بولۇپ كەتتى. «قېرى ئادەم سۆيسە شۇنداق سىزىم پەيدا بولسا كېرەك، ئىككىمىز ئوخشاش جىنس ئەمەسمۇ...» تاشگۈل شۇلارنى خىيال قىلىپ تۇرۇشىغا، ئۇ تۇساتتىن بېلىگە چىماق سېلىۋېلىپ، تاشگۈلنىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سۆيۈشلىرى ھەرگىزمۇ قېرى مومايىنىڭ سۆيۈشلىرىگە ئوخشىمايتتى. ۋۇجۇدىدىن بىر خىل كۈچ، ئادەمنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان غەيرىي بىر خىل كۈچ نامايان بولۇپ تۇراتتى. تاشگۈل دەرھال ئۇنىڭ « موماي » سۈرىتىگە كىرىۋالغان جادۇگەر ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى. تاشگۈل ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ ئۇنىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلالمىدى. تاشگۈل بويسۇنمىغانسېرى ئۇنىڭ ئەسەبىيلىكى كۈچىيەتتى. تاشگۈل باشقا ئامال تاپالماي، چېنىقىپ كەتكەن بىگىز بارمىقىنى ئوقۇرىكىگە تىققان ئىدى، چەمدەك تېرىسى پاسسىدە تېشىلىپ قاپقارا قان ئوقچۇپ چىقتى. بۇنچىلىك زەربە ئۇنىڭغا كار قىلىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنى ھالسىرىتىشقا كۆزى يەتمىگەن تاشگۈل بىگىز بارمىقىغا قالغان بارمىقىنىمۇ قوشۇپ بار كۈچى بىلەن تىققان ئىدى، يۈرىكىگىچە يېتىپ باردى. بۇ نۆۋەت ئۇ ئەجەللىك ئوق يېگەن قاۋاندەك چىرقىراپ كەتتى. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن تاشگۈل بىرلا قېقىلىپ بوشىنىۋالدى.

تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ قېچىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا «موماي» چاققانلىق قىلىپ ئۇنى بەش قەدەم نېرىغا ئىتتىۋەتتى. بايىدىن بېرى ئۇنىڭغا سەپسېلىپ ئولگۈرمىگەن تاشگۈل كۆز

ئالدىدا ئاقۋاش موماي ئەمەس ، بەلكى نىقابى ئېلىۋېتىلگەن ، قىپيالىڭاچ ، تۆكلۈك بىر ئەرنىڭ ھۆركىرەپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئۇ ناھايىتى بەستى- لىك ، ئۇستىخانلىرى قوپال ، پۈت - قوللىرى ئەگرى - بۈگرى ، تەلەتى قورقۇنچلۇق بىر مەخلۇق ئىدى ، كۈچتۈڭگۈرلۈكتە تەڭدىشى كەم تې- پىلاتتى . شۇنداقتىمۇ تاشگۈل چەبدەسلىك ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇنىڭ كۆھىقىپىدا خۇددى قۇشتەك ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرۈپ زادى تۇتۇق بەرمىدى . تۆكلۈك ئادەم قارا كۈچىگە تايانسا ، تاشگۈل چاققانلىقىنى نامايىش قىلاتتى . تاشگۈل ئۇنى ئوقيا بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋې- تىشكە ئۇرۇنغان بولسىمۇ ، زادىلا پۇرسەت كەلتۈرەلمىدى .

تۆكلۈك ئادەم ئاخىر تاشگۈلنى كۆھىقاپنىڭ ئىچىگە قىستاپ ئەكىردى . تاشگۈل ئۇنىڭ ھۇجۇمىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئارقىسىغا داجى- ۋەردى . ئويلىمىغاندا ئارقىسىدا خۇددى كاچكۇلدەك زاھىر بولۇپ تۇرغان بوشلۇققا چۈشۈپ كەتتى . تۆكلۈك ئادەم ئوقتەك ئېتىلىپ كەلگەن بول- سىمۇ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىدى . ئۇ كۆكسىگە پىچاق يېگەن تۈگگۈزدەك چىرقىراپ :

— ساڭا كەرىم بولاي دېسەم ، مەجرۇھلۇق قىلدىڭ . بىر يىلدا چىقساڭ بىر يىل ، 10 يىلدا چىقساڭ 10 يىل مۇشۇ يەردە ساقلايمەن ! — دېگىنىچە كۆھىقاپنى بېشىغا كىيمەكتە ئىدى .

# ئۈمىد ھاياتنى تۇغدۇ

ئەتراپ ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان ئىدى. پەقەت ھېلىقى بوشلۇقنى ئىككىگە ئايرىپ تۇرغان ئەزىم دەريالا سوغۇققا پىسەنت قىلماي غايەت زور ھاياتىي كۈچىنى نامايىش قىلىپ تۇراتتى. تاشگۆل تىنىمسىز ۋاشىلداپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشتى. لاۋا - لاتقىلار خۇددى لەشتەك پۈت - قوللىرىغا يۆگەشتى. دەريا دولقۇنى بۇ نىمجان تەننى بىردەم ئېقىتقاندىن كېيىن قىرغاققا تاشلىۋەتتى. شارقىراتمىدىن شارقىراتمىغا چۈشۈپ ھوشىدىن ئايرىلغان تاشگۆل پىلەكتىن ئايرىلىپ سولاشقان خەمەكتەك ياتاتتى. دولقۇن ئارقىسىدىن ئۇرۇپ دوملاتقاندىلا ئاستا - ئاستا ھوشىغا كېلىپ، ئۆزىنىڭ تېخى ھايات ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئەمما، ئەتىيانى سىرقىراپ ئاغرىپ ئۆزىنىڭ ئەمەستەك تۇيغۇ بېرەتتى. بارا - بارا ئېسىنى تېپىپ، ئوۋچى تۇرۇقلۇق مۇشۇنداق قىسمەتلەرگە دۇچار بولغىنىدىن ئۆكۈندى. قىزىق ئىش، تېخى بايا ئىسسىقتىن جانىنى قويغىلى جاي تاپالمايۋاتقان تىنجىق مۇھىتتىن بىر موللاق ئېتىپلا قار - مۇز قاپلىغان جايغا كېلىپ قالغىنىنى كۆرمەمدىغان! تاشگۆل قىرو باسقان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى، ئۈشقىرتىۋاتقان شۇۋىرغاندا قار ئۇچقۇنلىرى ئۇياقتىن - بۇياققا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇ زورۇقۇپ ناھايىتى تەسلىكتە قولىنى چىقىرىپ مۇزنىڭ قىرىغا ئېسىلدى، ئاندىن يالاڭ ئاياغ پۇتى بىلەن مۇزنى تېپىپ ئېغىر گەۋدىسىنى يۆتكىدى. يالىڭاچ تېنىگە يېپىشىۋالغان كرىستالسىمان ئۇششاق - ئۇششاق مۇزلار تۆكۈلۈشكە باشلىدى. مۇزلار بىر قارىسا ئۇنىڭ تېنىنى ياپماقچىدەك، بىر قارىسا تۇگۈلتىپ جانىنى ئېلىش خىيالىدا بولۇۋاتقاندەك ئۈستىلەپ چاپ-

لىنىشىۋالغان ئىدى. ئۇ ھەربىر سىلكىنگەندە ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاز - ئازدىن چۈشەتتى.

تاشگۈل زورۇقۇپ ھەرىكەت قىلمىسا جېنىغا ئىگە بولالمايدىغانلىقىنى بىلدى. پەقەت ھەرىكەت ئارقىلىقلا مۇزلىغان تەندە ھارارەت پەيدا بولاتتى، ھاياتلىق ماماتلىق ئۈستىدىن غالىب كېلەتتى. شۇڭا، قاتتىق سىلكىنىپ بەدىنىگە ئاچ كۆز ھەرىلەردەك ئولىشىۋالغان قار - مۇزلارنى پۈتۈنلەي چۈشۈرۈۋەتتى، ئاندىن كۈچ - قۇۋۋىتىنى يىغىپ، قۇرتتەك تىركىشىپ ئىلگىرىلىدى. لېكىن، قەيەرگە بېرىشنى بىلمەيتتى، ھەرىكىتى نىشانسىز ئىدى. ئۇ پەقەت كۈچىنىش ئارقىلىق بەدىنىدە ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىشنى كۆزلەيتتى، ئۆزىنى بۇ قار - مۇز قاپلىغان دالىدا تۈنجى بولۇپ يول ئېچىۋاتقان ئادەمزات ھېسابلايتتى. ئۇنىڭ بەدىنى بارا - بارا خېلى يەڭگىللەپ قالغاندەك قىلسىمۇ، توختىماي چۈشۈۋاتقان قار ئۇچقۇنلىرىدىن يېڭى مۇز قېتىشمىلىرى ھاسىل بولۇۋاتاتتى. ئاپئاق قارلار ئۆزىنىڭ غۇبارسىزلىقىنى كۆز - كۆز قىلغىنى بىلەن، ئىچىگە ھاياتلىققا تەھدىت سالغۇچى زىمىستان سوغۇق يوشۇرۇنغان ئىدى. بۇنى پەقەت مۇشۇنداق خەۋپكە دۇچ كەلگەن ئادەملا ھېس قىلالايتتى. دەھشەتلىك شۇۋىرغان قارنىڭ دېپىنى چېلىپ بەرگۈچى گۇپپاڭچى ئىدى. بۇ مۇھىتتا ئۇ قەيەرگىلا قارىمىسۇن، زىمىستان سوغۇقنىڭ ھاياتلىققا قارشى قۇترىشىنى كۆرەتتى. قار - مۇزلار ئۆزىنى بۇ زىنداننىڭ ھۆكۈمرانى چاغلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىدى. ئەمما، بۇنىڭلىق بىلەن ئۆزىنىڭ قار - مۇز ئۈستىدە ئۆمىلىگۈچى ھايۋاننىڭ كۈنىگە قېلىشتەك تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلمەيتتى. ئەگەر شۇنداق قىلالىغاندا ئۇ بىرەر قار دۆۋىسىدە پاناھلىنىپ، باش - ئاخىرى يوق شېرىن ئۇيقۇنى باشلىۋەتكەن بولاتتى. ئۇ بۇنداق مۇھىتتا چۈش كۆرۈشنى ھەرگىز خالىمايتتى. چۈنكى، چۈش دېگەن ئادەم مېڭىسىگە خۇددى يىپتەك چىگىلىۋېلىپ، لەگلەكنى خالىغان يەرگە ئۇچۇرىدۇ، نەتىجىدە ئۇيقۇمۇ ئۇيقۇدەك بولمايدۇ.

تاشگۈل ئۆملەۋېرىپ بىر قار دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە چىقتى ـ دە، كۆز ئالدىدا غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بىر ئۆكۈكۈرنى كۆردى. ئەمما، ئۆز كۆزىگە ئىشىنەلمىدى. بېشىنى تازا بىر سىلكىۋېتىپ ئالدىرىماي سەپسالغان ئىدى، ئاپئاق قاردا راستتىنلا ئۆكۈكۈر ئاغزىنىڭ قارىيىپ تۇرغانلىقى روشەنلەشتى. ئۇ ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بىرپەس قاراپ تۇرغاندىن كېيىن گويا يېڭى هاياتلىق يولىنى تاپقاندەك خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە ئۆز سېزىمىنىڭ ئالدىمىغانلىقىغا ئىشەندى. ئۇ كۆكۈل خۇشنۇدلۇقىنىڭ تۇرتكىسىدە ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، خېلى تىركىشىپمۇ قوپالمىدى. گەۋدىسىنى كۆتۈرگەن بولسىمۇ قەددىنى رۇسلىيالمىدى. ئۇ قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۆكۈكۈرگە بالدۇرراق ئۈلىشىۋېلىشنى ئويلايتتى. بىر خىل ئىللىق ئېقىم ۋۇجۇدىغا تاراپ ئۆزىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سېزەتتى. ئۆمىلىگەچ پات ـ پات بېشىنى كۆتۈرۈپ هاياتلىق ئۈمىدى بەخش ئەتكەن ئۆكۈكۈرگە قارايتتى. ئۆكۈكۈرمۇ ئۇنى مېهرىبان ئانىدەك ئالدىغا چاقىرماقتا ئىدى. ئاچچىق شىۋىرغان چاپاندەك چېقىۋاتسىمۇ، ئۇ بۇنى پىسەنتىگە ئالماي پۇتتۇن كۈچى بىلەن ئىلگىرىلەۋەردى. ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا پۇتلىرىنى ئۇۋۇچىنىڭ قاپقىنى چېقىۋەتكەن ناكار ئېيىققا ئوخشىتاتتى. لېكىن، قانداقلا بولمىسۇن بىر ئىزدا توختاپ قالمىغىنىغا قانائەت هاسىل قىلاتتى، ئارقىسىدا ئۈلۈكسىز پەيدا بولۇۋاتقان تۇكچىدەك ئىزلار ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنىڭ پاكىتى ئىدى.

تاشگۈل تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ بۇ هالغا چۈشۈپ قالغىنىدىن ئۆكۈندى، ئۇ ئۆمىلىگۈچىلەر تىپىغا مەنسۇپ هايۋان بولماستىن، بەلكى ئۆرە ماڭالايدىغان مۇكەممەل ئادەم تۇرۇپ قورسىقىنى قار ـ مۇزغا چاپلاپ ئۆمىلەش قانداقمۇ هار كەلمىسۇن !؟ ئۇنىڭ قورساق، كۆكسىنى قار ـ مۇزلار چايانىدەك چاقاتتى، ئەگەر شۇ تاپتا ئۆرە بولۇۋېلىش ئىمكانىيىتى تۇغۇلسىلا، پۇتلىرىنى ئەپلەپ ئەيۋەشكە كەلتۈرۈپ مېڭىپ كېتەتتى، ئەمما هەرقانچە قىلىپمۇ نەتىجە چىقىرالمىغاندىن كېيىن يەنىلا قار بېغىرلاشقا مەجبۇر بولاتتى، پۇت ـ قوللىرىنى ئانچە ـ مۇنچە قاتتىق ـ

قاتتىق سىلكىپ قوياتتى، ھەربىكتى ئاستىلاپ « قەدىمى » قىسقىرىپ كېتىۋاتقىنىدىن كۆڭلى يېرىم بولاتتى.

تاشگۈل كۆزلىرىنى يۇمۇۋېلىپ قار بېغىرلاپ ئىلگىرىلەۋەردى، ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان مۇھىت قاراڭغۇ بولغىنى بىلەن دىلى كۈندەك يورۇق بولۇپ، ئۆڭكۈرنى نىشانلاپ كېتىۋاتقىنى كۆڭلىگە ئايان ئىدى. ئۇ تەھتىساراغا چۈشۈپ كەتمىگەن بولسا، ئەنجۈر دەرىخىنى بۇ چاغقىچە قولغا چۈشۈرۈشى مۇمكىن ئىدى. بۇنى ئويلىغىنىدا بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولدى. « ئەنجۈر دەرىخى ھېلىمۇ ئاشۇ قارغىش تەگكۈر غاردىمىدۇ؟ پالۋان نېمە قىلىۋاتىدىغاندۇ؟ ھېلىقى قارا تەنلىك چوققىغا چىقالىغانمىدۇ؟ ئىسىت، ئۇلارنى ئارغامچا ساڭگىلىتىپ تارتىۋالسام بوپتىكەن، قانداقلا بولمىسۇن بىز سەپەرداشلار بولغاندىكىن، بىر - بىرىمىزگە ياردىمىمىز تېگەتتى. ئەنجۈر دەرىخىنى قارا تەنلىك ئىگىلىۋالغان تەقدىردىمۇ ئاخىرقى ھېسابتا بەرىبىر ئىنسانلارغا مەنسۇپ بولاتتى ... »

ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى بىر ياندا قېلىپ، تەگسىز خىياللارغا پاتقان تاشگۈل يەنە ئويلىدى: « تۇكلۇك ئادەم نېمىدەپ ماڭا قەست قىلىدۇ؟ ئۇنىڭ مەندە نېمە ئۆچى بار ئىدىكىن؟ ئۇ: ‹بىر يىلدا چىقساڭ بىر يىل، 10 يىلدا چىقساڭ 10 يىل ساقلايمەن!› دەۋاتىدۇ، مېنىڭ شۇنچە ئېگىزلىكتىن چۈشۈپ كېتىپ ساق قېلىشىمنى، يەنە كېلىپ قايتىپ چىقىشىمنى قانداق بىلىدۇ؟! مېنى شۇنچە ۋاقىت ساقلاپ نېمىگە ئېرىشمەكچى؟ ... توغرا، مەندە ئۇنىڭ تەقەززالىقىنى چەككە يەتكۈزۈۋاتقان قىممەتلىك نەرسە بولۇشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسىمۇ ماماتلىق بىلەن ئېلىشىپ ھايات قالمىسام بولمايدۇ! »

تاشگۈل قار بېغىرلاپ خېلى ئىلگىرىلىگەن بولسىمۇ، يېقىنلا يەردە كۆرۈنگەن ئۆڭكۈرگە تېخى يېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ ئۆڭكۈرنى نىشانلاپ كېتىۋېتىپ، چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى بىلگىلى بولمايدىغان يارغا غۇلاپ چۈشتى ۋە: « يەنە بىر تۇكلۇك ئادەمگە يولۇقتۇممۇ نېمە؟ » دەپ قورقۇپ كەتتى ...

تاشگۈل يولنى داۋام قىلىپ كېتىۋېتىپ قەيەرگىلا قارىمى-سۇن ، بىر - بىرىدىن سۆرۈن چىرايلارنى كۆرگەندەك ، ئۇلار يولنى تونۇۋېلىۋاتقاندەك بىلىنەتتى . تاشگۈلگە يەنىلا ئۆگكۈر قۇچاق ئاچاتتى ، ئۇنىڭدىن ئۆزگە ئارامگاھ يوق ئىدى . ئۇ ئاسمانغا بېقىپ قۇياشنى ئىزدىدى . ئەمما ، قۇياشنى ئاپئاق تۇمانلار يۇتۇپ كەتكەندەك كۆكۈلنى غەش قىلىدىغان مۇدھىش بوشلۇقتىن باشقا ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى . ئۇنىڭچە ، قۇياش نۇر تۆكسە ھارارەت پەيدا بولۇپ ئاجايىپ مۆجىزە يۈز بېرەتتى . قۇياشسىز كۈنلەر يەنە قانچىلىك داۋام قىلىدۇ ، بۇنىڭغا بىرنېمە دېگىلى بولمايتتى . ئۇنىڭ ئۇچۇن ھاياتىنى ساقلاپ قېلىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى توختىماسلىق ، تېخىمۇ مۇھىمى ئۇخلىماسلىق ئىدى . قورسىقى ئېچىپ كەتكەن بولۇپ ، شۇ تاپتا بىرەر تۇپ ئوت - چۆپمۇ كۆزىگە مەز-زىلىك يېمەكلىكتەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى . لېكىن ، بۇنداق نەرسىلەرقار - مۇزلۇقتا نېمە قىلسۇن !؟ قار - مۇزدىن شۇنداق بىزار بولۇۋاتقاندا ، قارغىش تەگكۈر بۇ جىسمنىڭ ھازىر كەلتۈرۈۋاتقان تالاپەتلىرى يەتمى-گەندەك تاماق ئورنىدا يېيىشكە بولاتتىمۇ ؟

تاشگۈل توختاۋسىز قار بېغىرلىغاچ ، ئالدىغا ئۇچرىغان زومچەك قارلارنى تاتىلاپ ، قولىغا ئۇرۇنغان تۇخۇم شەكىللىك تاشنى ئاغزىغا سې-لىۋالدى . ئۇنىڭ مەقسىتى تاشنى شۈمۈش ئارقىلىق ئاغزىدا ئىسسىقلىق پەيدا قىلىش ئىدى . ئۇ ھازىر قايسى ۋاقىت بولغىنىنى بىلمەيتتى . كۆزىنى ئاچسىلا ئاپئاق قار قايتۇرغان كۈچلۈك نۇر كۆز گۆھىرىگە بىگىزدەك سانجىلاتتى . ئۇ قۇياشقا ئىنتىزار بولغانسېرى ، جاھاننىڭ زۇلمىتى بەند-لەنگەن بۇ زىنداندا قۇياش بولمىغانلىقى ئۇچۇنلا مۇدھىش جۇدۇن ھۆكۈمرانكەن ، دېگەن ھەقىقەتنى چۈشەندى .

تاشگۈلنىڭ قورسىقىنى سۈۋاپ ئۆمىلىشى گال پىچاق بىلەن تېرە شىلغاندەك ئازابلىق ئىش ئىدى . قار بېغىرلاش شۇنچە تەسكە توختىسىمۇ ، گاھىدا قويۇندەك چۆرگىلەپ كەلگەن قار ئۇچقۇنلىرى مەنزىلنى غايىب قىلسىمۇ نىشانىنى كۆگۈل كۆزىدە پەرق ئېتىپ ئىلگىرىلىمىسە بولمايتتى .

كۈتۈلمىگەندە قاردىن هاسىل بولغان قۇيۇن پىرقىراپ - پىرقىراپ ، قار يومىلاقلىرىدەك بارا - بارا زورايدى - دە ، تاشگۈلنى قوينىغا ئېلىۋالدى . بىردەمدىن كېيىن قۇيۇنمۇ پەسىيىپ ، تاشگۈلنىڭ بايىقى ئورنىدا ئۆگزە بويى قار دۆۋىسى چوقچايدى . تاشگۈل قارىسنى كۆرسىتىش ئۈياقتا تۇرسۇن ، ئۈن - تىنىمۇ ئاڭلانمايتتى . ئەمدى ئۇ هاياتتىن كېچىپ ، پاك جىسمىنى مۇشۇ نامىسىز قىسىققا هەدىيە قىلغانمىكىن ؟ ياق ! ئۇ ۋار-قىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قار دۆۋىسىگە كۆمۈلۈپ قالغان ئىدى ! شۇ تاپتا ئۇ تېرىكمۇ ياكى ئاللىقاچان نەپەستىن قالدىمۇ ، هېچكىم بىلمەيتتى . بىرنەچچە ئاش پىشىم ئىلگىرى لەنەت تەگكۈر تۈكلۈك ئادەم بىلەن ئېلىشىپ چوققىدىن بۇ قىسىققا چۈشۈپ كېتىش ، ئەمدى كېلىپ قار قۇيۇنغا يەم بولۇپ ئىز - دېرەكسىز يوقىلىش ... ئادەم ئەقلىگە سىغدۇرالمايدىغان پېشكەللىكلەرنى ئويلىغان كىشى ئۇنى ئۆككۈرگە باقىي دۇنيانى كۆزلەپ كېتىۋاتقان چېغى دەپ قالاتتى ، « جەسىتى » ئوچۇقچىلىقتا قالغاندىن كۆرە ، قار ئىچىگە بولسىمۇ كۆمۈلگىنىنى توغرا تېپىپ قانائەت هاسىل قىلاتتى .

بىر پەردە رەزىل « ئويۇن »نى تاماملىغان قۇيۇن ئاستا - ئاستا سىلجىپ ، قىسىقنىڭ بىر تەرىپىگە جۆنىدى . قار دۆۋىسى يەنىلا چوقچىيىپ تۇراتتى . توساتتىن ئۇنىڭ يان تەرىپىدىن بىر نۇقتا قىمىرلاپ ، ئارقىدىنلا ئاپئاق يەر مەدىكى ( قالپاقلىق زەمبۇرۇغ ) ئۇنگەندەك كارامەت يۈز بەردى ، ئاندىن بۇنداق قار - شىۋىرغاندا مەۋجۇت بولۇشنى تەسەۋۋۇر قىلىشمۇ تەس چۈشىدىغان « يەر مەدىكى » ئەقىلنى تېخىمۇ قايمۇقتۇرۇپ ، ئىككى تەرەپكە سىلكىندى ، ئۇلىشىپلا قارنى قاماللىغان بىر قول ئېتىلىپ چىقىپ هاياتىي كۈچىنى نامايىش قىلدى . قار دۆۋىسى ئىچىدىن گويا كېپەنلەنگەن جەسەتتەك ئاستا - ئاستا سۇغۇرۇلۇپ چىقىۋاتقىنى تاشگۈل ئىدى ، ئۇنىڭ شۇنچە چوڭ قار دۆۋىسى تېگىدە قېلىپمۇ ئۆلمىگەنلىكى هەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى ! ئۇ ئۆلۈمنى ياراتمىدىمۇ ياكى ئۆلۈم ئۇنى ياراتمىدىمۇ بۇنىسى بىر سىر ئىدى !

تاشگۈل يەنە ئۆڭكۈرنى نىشانلاپ ئۆمىلەۋەردى. ئۆڭكۈرگە يېقىنلاشقانسېرى كاۋاپنىڭ ھىدى دىمىغىغا ئۇرۇلدى، بارا - بارا ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە كۆيۈۋاتقان ئوت يالقۇنىنى كۆردى. ئۇ بىردىنلا جانلىنىپ ھەرىكىتىنى تېزلەتتى، چىرايى ئېچىلىپ كۆزلىرىمۇ چولپاندەك نۇرلىنىپ كەتتى.

تەبىئەت ئۆز قوينىغا ئاجايىپ سىرلارنى يوشۇرغانكى، ئۇ ھەم سېخىي، ھەم بېخىل، ھەم مېھرىبان، ھەم رەھىمسىز. ئىنسان بالىسى بېشىغا ھەرقانداق ئېغىر مۇشكۇلات چۈشكەندىمۇ، ھەتتا ئەجەل قارا قولىنى سوزغاندىمۇ ئۈمىدسىزلەنمەسلىكى كېرەك. ئۈمىد — ھايات دېمەكتۇر. ھايۋان چېغىدا پۇتى بوغۇلۇپ بوغۇزىغا پىچاق سۈرۈلگەندە تىپىرلايدىغۇ! ئۇنىڭدا ياشاش ئۈمىدى بولمىغىنىدا، ئۆلۈمنى كۈتۈپ قىمىر قىلماي يېتىپ بەرگەن بولاتتى. مەيلى پادىشاھ، مەيلى گاداي بولسۇن، تەبىئەت ئاتا قىلغان نېمەتتىن ئوخشاش بەھرىمەن بولۇشقا ھوقۇقلۇق، ئوخشاش بولالماسلىققا ھەركىم ئۆزى سەۋەبچى. تەبىئەت ئۈمىدۋار، جاسارەتلىك كىشىلەرگە سېخىي قۇچىقىنى كەڭ ئاچىدۇ.

ئۆڭكۈر ئاپئاق قار بىلەن قاپلانغان بۇ سىرلىق ماكاندا ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى نامايىش قىلىپ، ئاق بىلەن قارىنى روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. بۇ خىل تىمتاس، قورقۇنچلۇق مەنزىرە «كۈچۈك يەتسە ئالمامسەن» دېگەندەك رەھىمسىز ئىدى. تاشگۈل ئاللىقاچان بىر قارارغا كېلىپ بولغان بولسىمۇ، كۆڭلىگە يەنە قانداقتۇر بىر تەشۋىشنىڭ ھەمراھ ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى. ئاچلىق ئۇنى ساراسىمىگە سېلىپ، «تاماقمۇ يېگەن بولغىيمىدىم، سۆڭەكلەرنى چالا - پۇچۇق غاجىلاپ تاشلىۋەتكەندە، يېمەك - ئىچمەكنىڭ بۇ دەرىجىدە قەدىرلىك بولۇپ كېتىشى ئۇخلاپ چۈشۈمگە كىرسۇنمۇ؟» دېگەندەك ئويلاردا بولدى. لېكىن، ئەمدى ھەرنېمە دېگەنبىلەن پايدىسىز ئىدى. ئۇ سىلجىغانسېرى ئۆڭكۈرگە يېقىنلاشسىمۇ، ئارىلىقنىڭ زادى قانچىلىك قالغانلىقى نامەلۇم ئىدى. ماغدۇرسىزلىق تۈپەيلى قول - پۇتلىرىنى ھەرىكەتلەندۈ-

رۇش چوققىغا ياماشقان چاغدىكىدىنمۇ قىيىن چۈشۈۋاتاتتى . ئۆرە بولۇشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى .
تاشگۈل ئۆكۈرگە يېتىشكە ئاز قالغاندا گۈگۈم قىستاپ كەلدى . ئۇ ھەرىكىتىنى تېزلەشتۈرمىسە تۈن قاراڭغۇسى ئۆكۈرنى يۇتۇپ كېتىپ ، ئۇمىدلىرى يوققا چىقاتتى . ئۇ دادىسى بىلەن ئۇۋغا چىققان ۋاقىتلاردىمۇ كۆپلىگەن خەتەرلەرگە دۇچ كەلگەن ، ئەمما دادىسى ھەرقانداق ئەھۋالدىمۇ ئۇنىڭغا ھەرگىز ياردەم قىلماي ئۆزىنىڭ ئىزدىنىشىگە قويۇپ بېرەتتى . شۇ تاپتا ئۇ دادىسىنىڭ ھەقىقەتەن توغرا قىلغانلىقىنى بىلدى . ھازىر ئۇچرىغان پېشكەللىك ئالدىدا ئۇ چاغدىكىسى ھېچنېمە ئەمەس ئىدى . بۇ يەردە ئۇنىڭ بىردىنبىر رىقابەتچىسى قار - مۇزلار بولۇپ ، كۆزگە كۆرۈنگەنلىكى نەرسىلەر ئۆزىنىڭ مۇقەددەسلىكىنى كۆز - كۆز قىلىۋاتاتتى . ئۇ گەرچە ئۆزىنى « مۇقەددەس » دېمىسىمۇ ، بىراق « مەن بىر جانلىق ، جانلىق بولغاندىمۇ ئەڭ ھۆكۈمران ئورۇندىكى ئادەممەن . تەبىئەت ، سەن ھەرقانچە كارامەت ئىگىسى بولساڭمۇ مېنىڭ ھەقىقي ئادەملىكىمنى ئېتىراپ قىلىشىڭ كېرەك . مەيلى ئېتىراپ قىل ياكى قىلما ، ئۆكۈرگە چوقۇم ئۇلىشىمەن ! » دەيتتى . شۇ تاپتا ئۇنى يالمۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا تۇرغان رەھىمسىز قار - مۇزلار ئۇنىڭغا نېمىدەپ جاۋاب بېرەركىن ؟
تاشگۈل ھەرقانچە قىلسىمۇ ، تەبىئەتتىن جاۋاب كەلمىدى . تەبىئەت يەنىلا يېڭىش قىيىن بولغان جاھىل كۈچنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . تاشگۈلنىڭ كاللىسىنى يېڭى پىكىرلەر ئىگىلىدى : «ئۇ ھامان ئىنكاس قايتۇرىدۇ ، تەرسالىقىنى ئۆزگەرتىدۇ ، بۇ چوقۇم يېڭى باشلىنىش بولىدۇ ... » ئەمدى ئۇ خىزىر بىلەن سۆزلەشكەن چاغدىكى مەنزىرىلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . خىزىر : « ئۇنىڭ خاسىيىتى قانچىلىك بولسا جاپاسىمۇ شۇنچىلىك بولىدۇ ، شۇڭا بۇ نىيىتىڭدىن يان !»دېگەندە،ئۇ : «مەن بۇ خاسىيەتلىك ئەنجۈر دەرىخىگە ئۆزۈمنى ئاتىدىم!» دېمىگەنمىدى ؟ !
بۇنى ئويلىغاندا ئۇنىڭ كۆڭلى يورۇپ ، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغاندەك بولدى . تەگرىنىڭ خىزىرغا ئاتا قىلغان نۇسرىتىنىڭ ، شۇنداقلا

ئەنجۈر دەرىخىدىكى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىنىڭ ئەمدى ئۆز بەدىنىدە لاۋۇلداپ كۆيۈۋاتقىنىنى سەزدى . جىسمىغا جىسمىنى سۈركىسە ئىسسىقلىق ھاسىل بولغاندەك ، ئۇنىڭ قار ـ مۇزغا سۈركەلگەن تېنى بىردىنلا قىزىپ ، پۇت ـ قوللىرى يۇمشىدى .

تاشگۈل بىر قىسىم مۇساپىنى دوملاپ باستى ، ئۇ گويا سۇدىن قۇرغاق يەرگە چىقىپ قالغان بېلىقتەك پىلتىڭلاپ ئالغا ئىلگىرىلەيتتى . يېقىنلاۋاتقان ئۆچكۈر ئۇنى قوينىغا چىللاۋاتاتتى . ئۇ ، تارتىۋاتقان مۇشـكۈلاتلىرىغا قارىمۇقارشى ھالدا « پىسىڭگىدە » كۈلۈپ قويدى . قار ـ مۇزلار ئۇنىڭ بەدىنىدە ئۇستى ـ ئۇستىلەپ قېتىپ ، ساناقسىز كىرىستال تىكەنلەرنى ھاسىل قىلغانلىقتىن ، شۇ تاپتىكى تۇرقى خۇددى كىرپىگە ئوخشىشىپ قالغان ئىدى . ئۇ تىرمىشىپ يۇرۇپ قاش قارايغان مەھەلدە ئۆچكۈر ئالدىغا كېلىۋالدى . ئۇنىڭ ئاۋارە تۇرقى ئادەمنى ئەمەس ، بەلكى تاشلاندۇق جۇۋىنى ئەسلىتەتتى . ئۇ شۇنداق قاراپ ئۆچكۈرنىڭ ئىككى غۇلاچچە ئېگىزدە ئىكەنلىكىنى پەم قىلدى . ئۆچكۈر ئالدىدا قاردىن پۈتكەن «سۇپا » بار ئىدى . بۇ ھالدا ئۇنىڭ توسۇقتىن ئۆتۈپ ئۆچـكۈرگە كىرىشكە كۆزى يەتمىدى . دەرۋەقە ، ئۇ شۇنچىلىك ھالسىزلىنىپ كەتكەن ئىدىكى ، چۇمۇلىدەك جېنى بولغىنىدا ئۆچكۈرنىڭ ئېگىزلىكى مۇنچە ئۆزىنى كۆرستەلمىگەن بولاتتى . ئۇ ئۆچكۈر ئالدىدىكى « سۇپا »غا ئارراق يامىشىپلا ئارقىسىغا دوملاپ كەتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئۆزىنى تاختىۋېشىدىكى نانىنى ئالالماي جىلە بولغان كىچىك بالىدەك ھېس قىلدى . ئەمما ، بەل قويۇۋېتىشكە بولمايتتى .

ئۆچكۈر قىسقىنىڭ ئوك تەرىپىدىكى تىك تاغنىڭ يانباغرىدا بو-لۇپ ، سول تەرىپى مۇز تاغقا تۇتىشاتتى . ياخشى يېرى ، ئوڭ تەرىپى يانباغىر بويلاپ ئېگىزلەپ باراتتى . تاشگۈل ئۆچكۈر ئاغزىغا يېتىشتە مۇشۇ ئەۋزەللىكتىن پايدىلانماقچى بولدى . ئەمما ، ئېگىزلىگەنسېرى سوغۇق بىلەن شۇرغان شۇنچە كۈچىيەتتى . جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇق شامال دەم كۈچىيىپ ، دەم پەسىيىپ تۇراتتى . تاشگۈل بار كۈچىنى ئىشقا

سىلىپ ئۆرلەشكە باشلىدى. ئۇ پۇت - قوللىرىنى ھەربىر سىلجىتقاندا شامال قارنى ئۇچۇرۇپ تاتارغان يۈزلىرىگە قامچىدەك ئۇراتتى. ئۇنىڭچە، توختىماي بىر ئىلىك - بىر ئىلىكتىن ئۆرلەۋەرسە چوققۇم نىشانغا يېتەلەيتتى. لېكىن، ھاكتەك قېتىۋالغان قار - مۇزلار كۈتۈلمىگەندە ئۇنىڭ ھەرىكىتىنى توسقۇنلۇققا ئۇچراتتى. ئۇ قاتتىق ئېلىشقان بولسىمۇ، پۇت - قوللىرى غەيرىتىگە ماسلىشىپ بەرمىدى. بۇ، دەل ئۇ ئۆڭكۈر ئېغىزىغا ئۇلىشىپ، لەپتىكى قىرغا كەلگەندە يۈز بەرگەن توسالغۇ ئىدى. بۇ ھالدا ئۇ ئۆڭكۈر لېۋىدىكى بىر پارچە مۇزغا ئوخشىشىپ قالدى، ئەمما يۈرىكى توختىماي سوقۇپ ئىمجان تېنىگە ھارارەت يەتكۈزۈپ تۇراتتى، مۇزدىن پۈتكەن بۇنداق دېۋىرقايدا ھاياتلىق بار دېسە ھېچكىم ئىشەنمەيتتى. پەقەت تىنىمسىز سوقۇۋاتقان جەسۇر يۈرەكلا ھاياتلىقتىن نىشانە بېرەتتى.

تاشگۈل بىرلا سىلجىسا ئۆڭكۈر ئالدىغا يېتىشكە كۆزى يېتىدىغاندەك، بېشىنىلا ھەرىكەتلەندۈرگىنىچە ياتاتتى. شىۋىرغان ئۇنىڭ يۈز - كۆزلىرىنى ئاچچىق - ئاچچىق سۆيۈپ ئۆتەتتى، ھەتتا قار بىلەن كۆمۈپ تاشلاشنى قەستلەيتتى. ئۇ ھاياتلىق ماماتلىق بىلەن جىددىي ئېلىشىشقا توغرا كەلگەن ھالقىلىق پەيتتە خىزىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى يەنە بىر قېتىم ئېسىگە ئېلىپ، ئەنجۈر دەرىخىدىن چىققان خاسىيەتلىك يالقۇن ئۆز بەدىنىدە كۆيۈۋاتقاندەك ھېس قىلدى - دە، غايىب كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە «ھايت!» دەپلا يۇلقۇنۇپ ئۆرە بولدى. بىراق، ئارقا تەرىپىدىن سوققان قار ئارىلاش شامال ئۇنى قار كۆچكۈنىدەكلا تۆۋەنگە دومىلىتىۋەتتى.



# ھەركىمنىڭ تەقدىرى ئۆز قولىدا

تاشگۇل بايىقى دومىلاش نەتىجىسىدە ئۆڭكۈر ئالدىغا چۈشكەندە ، ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلغاندىكىدىنمۇ قاتتىق قېقىلىپ كەتكىنىنى ھېس قىلدى ، قورسىقى خۇددى ئۈچىيى ئۈزۈلۈپ كەتكەندەك ئاغرىيتتى . بۇنداق قاتتىق قېقىلىشنىڭ ياخشى تەرىپىمۇ بار ئىدى ، ئۇ بولسىمۇ بەدىنىگە يېپىشىۋالغان قار - مۇزلارنىڭ تامامەن چۈشۈپ كېتىپ ، باشقىچە يېنىكلەپ قالغىنى ئىدى . بەدىنىنىڭ ئاغرىشىنى تۈكلۈك ئادەم بىلەن ئېلىشىپ چوققىدىن قىسىقا ئۇچۇپ چۈشكەن چاغدىكىگە ھەرگىز سېلىشتۇرغىلى بولمايتتى . شۇنداقتىمۇ كۆزىدىن ئوت چىقىرىپ ، بېشىنى قايدۇرۇپ ، كۆز ئالدىدا گۆرىستان دەھشىتىنى نامايان قىلدى . شۇ تاپتا ئۆزىنىڭ قايسى ھالدا ئىكەنلىكىنى ئويلاشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى . نېمىلا بولمىسۇن ، ئۆڭكۈرگە ئۇلىشىۋالغانلىقىنىڭ خۇشاللىقى ھەممىنى بېسىپ كەتتى .

پۇت - قوللىرى سەل بوشىغان بولسىمۇ ، تېخى زەھەردەك سوغۇقنىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلمىغان تاشگۇل بېشىنى تەستە كۆتۈرۈپ ، قار بىلەن توسۇلغان ئۆڭكۈر ئېغىزىدا ئەتلىمە گۆش ھالەتتىكى ئىككى قۇش بالىسىنىڭ « كىس - كىس » قىلغىنىچە قىسمىتىدىن قاقشاپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . ئاڭغۇچە قۇش باللىرىمۇ تاشگۇلنى كۆرۈپ قېلىپ ، كۆتمەك قاناتلىرىنى لەپشىتكىنىچە سىرتقا بويۇنداشتى . قېلىن قار ، زەھەردەك سوغۇق بۇ جانىۋارلارنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇرمىغىنىدا ، ھازىرلا يۈگۈرۈپ چىقىدىغاندەك ئەلپازدا ئىدى . تاشگۇل ئۇلارنىڭ ھالىنى ئۆتكەن قېتىم ئۆتەڭدە كۆرگەن قۇشلارنىڭكىدىنمۇ بەتتەر ھېس قىلدى .

سەۋەبى ، ئۇلارنىڭ قانات ـ پەيلىرى يېتىلگەن بولۇپ خالىغان يېرىگە ئۇچۇپ كېتەلەيتتى ، بۇ ئىككىسى بولسا ئەتلىمە گۆش ھالىتىدە ئۆلۈمنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتاتتى . قارىغاندا ، بۇلارنىڭ قاپىسلىپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى ، بولمىسا قۇش باللىرى ئۇۋىسىدىن ھەرگىز ئايرىلمايتتى .

تاشگۈل شۇلارنى قىياس قىلىپ ، گويا ئۇلار گەپ ئۇقىدىغاندەك : « ئى قۇش باللىرى ، بۇ ئۆڭكۈردە نېمە قىلىسىلەر ؟ كىمنى كۈتۈۋاتقان ئىدىڭلار ؟ قېنى ، كېلىپ قولۇمنى تارتىۋالساڭلارچۇ ! ... » دېدى . ئۇلار نەدىمۇ بۇ گەپنى چۈشەنسۇن ، پەقەت قانىتىنى « تېز ـ تېز » دېگەندەك لەپىشتەتتى ، خالاس . شۇ ئارىدا بىرسى ماجالىدىن كەتتى بولغاي ، يىقىلىپ چۈشۈپ ئېغىزىنى ماكىلداتقىنىچە 1 ـــ 2 قېتىم پۇت ئېتىپلا جىمىدى . يەنە بىرسى ئۆز ھالى بىلەن كىسىلداشنى داۋام قىلىۋەردى . ئۆڭكۈر ئېغىزىدىن ئۇشقىرتىپ ئۆتۈۋاتقان شىۋىرغان ، بىچارىلەرنىڭ زەئىپ ئاۋازىنى بېسىپ ، بىر خىل ۋەھىمە روي بەرمەكتە ئىدى . ئاچ قورساق كىسىلداۋېرىپ ماغدۇرى ئۈزۈلگەن بۇ جانىۋارمۇ يىقىلىپ ماكىلداشقا باشلىدى . تاشگۈل ئۇنىڭ ھاياتلىقتىن ھېچبىر نېسىۋە ئالماستىنلا ئۆلۈپ قېلىشىغا چىدىماي قالدى .

تاشگۈل ھەسرەتلەنگىنىچە كۆزىنى يۇمۇپ ـ ئاچقىنىدا ، كۆرۈۋاتقىنى جان تالىشىۋاتقان قۇش بالىسى ئەمەس ، بەلكى ئوماق ئوغلى باتۇرنىڭ تېپىچەكلەپ تۇرغىنى بولۇپ چىقتى . « نېمە ؟ يۈرەك پارەم باتۇر ، ئاناڭ چۈشكەن تۇزاققا سەنمۇ چۈشتۈڭمۇ ؟ ... » دېۋەتتى تاشگۈل ئېچىنىشلىق ھالدا .

تاشگۈلنىڭ كۆڭۈل قەسرىدە ئوغلى باتۇرنىڭ سىيماسى ئايان بولغىنىدا ئىچى سىيرىلدى ، ئانىلىق مېھرى ئۆركەشلىدى . بالا ئانىنىڭ مۇقەددەس بىر پارچىسى ، ئانا بىلەن بالا بىر تەننىڭ ئىككىگە ئايرىلىشى ؛ بۇ ، روھنىڭ جىسمىغا ، جىسمىنىڭ روھقا ئالمىشىپ دەۋرلىنىشىدۇر . بۇنى پەقەت توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن ، توققۇز سائەت ... قورساق كۆتۈرۈپ ، ئاچچىق تولغاق ئازابىنى تارتقان ئۇلۇغ ئىنسانلا ھېس قىلالايدۇ . يۈرەك

پارسىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىش جەريانىدىكى پۈتكۈل ئاچچىق ـ تاتلىق ئىشلار ئانا قەلبىگە ئۆچمەس بولۇپ ئورناپ قالىدۇ ... ئانا قەلبىگە تەئەللۇق بۇ ئويلار كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئۇنىڭ كاللىسىدا ئەكس ئېتىپ، ۋۇجۇدىدا غايىبتىن بىر تەلۋە كۈچ پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى سۇدا ئەركىن قىيغىتقان بېلىقتەك پىلتىڭلاپ بېرىپ ئوغلىنى قولىغا ئالدى ۋە ئۇنى باغرىغا چىڭ بېسىپ ئەسەبىيلەرچە سۆيگەندىن كېيىنلا، كۆزىنى يوغان ئېچىپ قۇچىقىدىكىسى بىر نىمجان قۇش بالىسى ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ ئادەتتىكى قۇش بالىسى بولماستىن، ئالاھىدە بۈركۈت چۆجىسى ئىدى. ئۇنىڭ بەدىنىدە بالىغا بولغان ھارارەت تېخى پەسەيمەگەن ئىدى. شۇڭا، بۈركۈت چۆجىسىگە بولسىمۇ ئېرىشىپ، تارتقان جاپالىرى كۆزىگە كۆرۈنمىدى. بىراق، ئاچلىق دەردىدە جان تالىشىۋاتقان بۈركۈت چۆجىسى ئۇنىڭ ئانىلىق قەلبىنى داغلىماقتا ئىدى. بۈركۈت چۆجىسىگە بەرگۈدەك بىرنەرسە يوقلۇقىنى ئويلىغاندا يۈرىكى تېخىمۇ ئېزىلىپ، تال ـ تال بولۇپ كەتتى. ئۇ ياشاشقا ھوقۇقلۇق بىر ھايات ئىگىسىنىڭ ئۆز قولىدا جان بېرىشىگە قاراپ تۇرغۇسى كەلمەي، كۆزى بىردىنلا پاچىقىغا چۈشۈپ، كۆڭلى ۋاللىدە يورۇپ كەتتى. ئۇ ھېچ ئىككىلەنمەيلا پىچىقىنى ئېلىپ پاچىقىنىڭ لوق گۆشىدىن قۇلاقتەك كەستى، ئاندىن قان تېمىپ تۇرغان گۆشنى ئۇچ توغرامچىغا بۆلۈپ، بۈركۈت چۆجىسىنىڭ ئېغىزىغا بىر ـ بىرلەپ سالدى. بۈركۈت چۆجىسى دەسلەپكى توغرامچە گۆشنى قىينىلىپ تەستە يۇتقان بولسىمۇ، ئىككىنچى، ئۈچىنچىسىنى ئۆزىلا چوقۇپ يېۋەتتى. ئارقىدىن قۇرۇقدالغان قولنىمۇ بىرنەچچىنى چوقۇۋەتتى.

تاشگۈل ئۆلۈۋاتقان بۈركۈت چۆجىسىنى قۇتقۇزۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەمراھىنىڭ تېرىسىنى سويۇپ، پاچىقىدىكى قان تەپچىۋاتقان يارىغا چاپلاپ تاڭدى. تاشگۈلنىڭ نە ھاياتلىق، نە پاناھلانغۇدەك تۇرالغۇ جەھەتتىن بىخللىق قىلىۋاتقان بۇ قارغىش تەگكۈر قىسمەتتا ئۆكۈر ۋە بۈركۈت چۆجىسىگە ئېرىشكىنى ياخشى باشلىنىش بول-

غان ئىدى. گەرچە ئۇ بىر قۇش، تاشگۈل ئادەم بولسىمۇ، ئىلگىرى كۆپ ئىشلارنى ھايۋانلار بىلەن ھەمپىكىرلىشىپ ئۆتكۈزگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا چىقىشىپ قالمىقى تەسكە چۈشمەيتتى. بىرەر ھاياتلىق ھامىنى مەلۇم سەۋەب ۋە ماھىيەتتىن مۇستەسنا بولمىغاندەك، ئۇلار بىر - بىرىنى تونجى ئۇچرىتىشتىلا ئۆزئارا تەقدىرداشلىقنى بىلگەن ئىدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، ئۆڭكۈر قاراڭغۇلۇققا يەم بولدى. تاشگۈل بىلەن بۇركۇت چۈجىسى بىر - بىرىنى كۆرەلمىسىمۇ، ئادەم بىلەن قۇش ئەۋلادى ئوتتۇرىسىدا ئانا - بالىدەك مۇناسىۋەت شەكىللەنگەن ئىدى، ھەتتا تاشگۈل ئۇنىڭغا بۆشۈكتىكى بوۋاقتەك مۇئامىلە قىلىپ يۇرەك سۆزلىرىنى ئېيتتى، ئۇ « كىس - كىس » قىلىپ ئىنكاس قايتۇردى. ئۇنىڭ كىسىلداشلىرى خۇددى تاشگۈلگە بەرگەن جاۋابىدەك يېقىملىق بولۇپ، چۈشىنىش باشلانماقتا ئىدى.

تاشگۈل بارا - بارا بۇركۇت چۈجىسگە ئىچىكىپ كەتكەنلىكتىن، بىزار قىلىۋاتقان تەبىئەت ھادىسىلىرىنىمۇ، قورسىقىنىڭ ئاچلىقىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويدى. بىر گەۋدىگە ئايلانغان بۇ « ئىككىيلەن »نىڭ ئۆزئارا « پاراڭ »لىرى ئۆڭكۈردە بىرقانچە ئادەم باردەك ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن ئىدى. بۇركۇت چۈجىسىمۇ ئۆز ئانىسىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك خاتىرجەم ئىدى. تاشگۈل ئۆزىنىڭ بۇ قىسقىقا قانداقلارچە چۈشۈپ، ئۆڭكۈرگە قانداقلارچە كېلىپ قالغىنىنى بۇركۇت چۈجىسگە سۆزلەپ بەردى. بۇركۇت چۈجىسى يەنىلا بىپەرۋا كۆرۈنەتتى. بەلكى تاشگۈلدىن يەنە يېگۈلۈك تەلەپ قىلىپ ئۆيەر - بۇيەرلەرنى يېنىك چوقۇپ، بوۋاق قۇرۇق ئەمچەكنى شورىغاندەك غىدىقنى كەلتۈرەتتى. ئەمما، تاشگۈل ئېرەن قىلىپ كەتمەيتتى. ئۆڭكۈر ئىچى گۆردەك قاراڭغۇ ھەم سىرتقا نىسبەتەن دىمىق بولسىمۇ، تاشگۈل بىرەر ئەپلىك جاي تېپىپ ئۇخلاشنى خالىمىدى. ئەگەر بۇنداق سوغۇق ھەم زەي جايدا ئۇخلاپ قالىدىغانلا بولسا مەڭگۈ ئويغىنالمايدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئەمما، ئاچلىق ھەم سوغۇق ھالسىزلاندۇرغانسېرى زېھنى ئاجىزلاشماقتا ئىدى.

شۇڭا ئۇ ، بۇركۇت چۈجىسىنى باغرىغا بېسىپ يېنىك ھەرىكەت قىلىشقا باشلىدى ، نەتىجىدە بارا ـ بارا ئىسسىقى ھەم قاتقان پۇت ـ قوللىرىغا جان كىردى . شۇنداقتىمۇ قولىقى غوڭۇلداپ ، بېشى قېيىپ يىقىلىپ چۈ- شىدىغاندەكلا ئىدى . شۇ ئارىلىقتا كۆچىيىپ ئۆكتەر ئەتراپىدا ئاجايىپ ـ غارايىپ ئاۋازلار پەيدا بولۇۋاتاتتى . بۇ ئاۋازلار تۇرۇپلا ئۆكتەرگە بۆسۈپ كىرىپ تۆمەن كىشىلىك قوشۇن سەپ تارتىپ كېلىۋاتقاندەك ، يەنە تۇرۇپلا سانسىز كەپتەرلەر ئۇچقاندەك ، گاھ نەيزە ـ يالمان ، قىلى- چلار بىر ـ بىرىگە ئۇرۇلغاندەك ، گاھىدا شىر ـ ئارسلانلار ھۆۋلىغاندەك ساراسىمە پەيدا قىلاتتى .

بىردىنلا ئۆكتەرنىڭ يىراق بۇلۇڭىدىن گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلدى . تاشگۈلنى « ئۆكتەر غۇلاپ چۈشەمدۇ ـ نېمە؟ » دېگەن تۇيغۇ چىرمى- دى . ۋەھىمىلىك سادالار ئاستا ـ ئاستا بېسىقىپ تاشگۈلنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشكەن بولسىمۇ ، خاتىرجەملىك ئۇزاققا بارمىدى . يەنە گۈلدۈر ـ تاراقلار ئەۋجىگە چىقىپ ، تاشگۈل « بۇ ئۆكتەر ئەمەس ، كۆھىقاپمۇ ـ نېمە ؟ » دەپ ئويلاپ قالدى . شۇ ئەسنادا غايەت زور ، ئاپ- ئاق بىر نەرسە تاشگۈلنىڭ ئەتراپىدا قويۇندەك پىرقىراپ يالغاچ بەدىنىگە «قوم » پۈركۈدى . ئۇنىڭ ھەرىكىتى « ئالۋاستى »غا ئوخشى- شاتتى . تاشگۈلنىڭ بەدەنلىرى چىدىغۇسىز ئېچىشىپ كەتتى . «ئالۋاستى » تاشگۈل بىلەن ئۆچەكىشىۋاتقاندەك قىلاتتى .

— سەن قەيەرنىڭ ئالۋاستىسى ؟ — دېدى تاشگۈل غە- زەپلىنىپ ، — سېنى تونۇمسام ، نېمىدەپماڭاقەست قىلماقچى بولىسەن؟

ئۇنىڭدىن « ۋىژ ـ ۋىژ » ئاۋاز كەلدى . بۇ ئۇنىڭ تاشگۈلگە قايتۇرغان ئىنكاسى ئىدى . ئارقىدىن شۇنداق دېدى :

— ئالۋاستىنى ئىش بىلمەيدۇ دەمسەن ؟ مەن جاھاننىڭ قالايمى- قانچىلىقىدىن زەردىگۈش بولۇپ ئاخىر مۇشۇ قىسقىتا ئالۋاستى بولۇۋالغان . ئەمما ، سەن شەرم ـ ھايانى تەرك ئېتىپ ئانىدىن تۇغما بولۇۋاپسەن . مۇشۇ تۇرقىمىزدا زادى قايسىمىزنىڭ ئالۋاستى ئىكەنلىكىنى تەگرى بىلە-

دۇ . مەن گەرچە ئالۋاستى بولساممۇ تېنىمنى ئاپئاق لىباس بىلەن يوشۇرۇپ تۇرىمەن ، تولىمۇ لاتاپەتلىك ، نومۇسچان بولغانلىقىم ئۈچۈن ئىنسانلار ئاسانلىقچە كۆرەلمەيدۇ . ئاشۇنداق يۇرۇشۇڭنى ئاناڭ ، داداڭ ھەم ئەركەك تۇكى بار ئەركەك ياقتۇرامدۇ ؟ قايسىمىز پەزىلەتلىك ئىكەنمىز ؟ نومۇسلۇق يەرلىرىڭنى كۆز - كۆز قىلىشىڭغا قانداق جۈرئەت يول قويدى ؟ سەندەكلەرنىڭ نومۇسسىزلىقى كېيىنكىلەر ئۈچۈن پۇت قويغۇدەك پاك جاي قالدۇرماسلىقى مۇمكىن .

— قارغىش تەگكۈر قىسىق مېنى شۇنداق قىلىپ قويدى .

— ئۇنداق گەپلىرىڭنى قوي ، سەندەكلەرگە باشقىلارنى قايىل قىلىدىغانغىمۇ ، بىزار قىلىدىغانغىمۇ باھانە - سەۋەب دېگەن چىقىپ تۇرىدۇ .

— مېنىڭ بۇنداق بولۇۋالغۇم يوق ئىدى ، ئەمما ...

— ئۇ باھانە بولالمايدۇ ! — گەپنى بۆلدى « ئالۋاستى » ، — بەلكى بۇ قەلبىڭدىكى يوشۇرۇن تۇيغۇلارنىڭ تاشقى قىياپىتىڭدە بېخلىنىشى بولۇشى مۇمكىن . كىم سېنى بۇنداق يالىڭاچ بولۇۋالسۇن دەپتۇ ؟ نومۇسسىزلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتىشى كېرەك . خالساڭ سېنى ئاپئاق لىباس بىلەن كىيىندۇرۇپ قوياي !

« ئالۋاستى » شۇنداق دەپ قەھر - غەزەپىنىڭ سوغۇق شامىلىنى تاشگۈلنىڭ يالىڭاچ بەدىنىگە پۈركۈدى . ئۇنىڭ پۈركۈۋاتقىنى لىباس بولماستىن ، بەلكى كېپەنلىك ئىدى . تاشگۈل چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى دالدىغا ئالدى . « ئالۋاستى » بېشىدىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كەتتى . تاشگۈل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بۇركۇت چۇجىسىنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، ئېلىشىش ئۈچۈن تەييارلاندى .

تاشگۈل شاتۇر قوللىرىنى دەم ئۇڭغا ، دەم سولغا شىلتىپ «ئالۋاستى »نى يېقىن كەلتۈرمىدى . قاراڭغۇ ئۆڭكۈر ئۈنىڭغا « كورلۇق » نى ئاتا قىلغان بولسىمۇ ، « ئالۋاستى »نى كۆرۈشتىن مەھرۇم ئەمەس ئىدى . ئەمما ، قانچە قىلىپمۇ مۇشتىنى « ئالۋاستى »غا تەگكۈ-

زەلمەيتتى. «ئالۋاستى»نى ئەمەس، بەلكى ھاۋانى مۇشتلىغىنىنى بىلمەيتتى.

بۈركۈت چۈجىسىنىڭ كىسىلدىشى تاشگۈلنىڭ دىققىتىنى «ئالۋاستى»دىن ئاغدۇردى. ئۇ بىردىنلا «ئالۋاستى»نى يىتتۈرۈپ قويغانلىقىنى بىلدى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كۆزىگە ئۆڭكۈر سىرتىدىكى غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇرغان قار ئالۋاستىدەك كۆرۈنۈپ كەتكەن ئىدى. ئۇنداقتا، ئوتتۇرىدا بولۇپ ئۆتكەن «سۆھبەت»لەر نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ روشەنكى، بۇ تاشقى ئىنكاسنىڭ ئاجىزلىغان نېرۋىدا ئەكس ئېتىشى ئىدى.

تاشگۈل كاللىسىنى سىلكىۋېتىپ، بايا قورام تاش ئۆرۈلگەن بۇلۇڭغا باردى-دە، بىر پارچە تاشنى ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈردى، قانچىلىك يۈگۈرگىنى توغرۇلۇق بىرنېمە دېيەلمەيتتى، پەقەت مۈزلىغان بەدىنىنىڭ بارا-بارا ئىسسىۋاتقىنىنى ھېس قىلاتتى. ئاچلىق ھالسىزلاندۇرغان ۋۇجۇدىنى دولىسىدىكى تاشنىڭ ئېغىرلىقى مۈكچەيتمەكتە ئىدى. ئۇ ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئۆڭكۈرنىڭ ئېغىزىغا كېلىپ قالدى، ئەمما نە يورۇقلۇق، نە يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. كېچە ئۇنىڭغا بەكمۇ ئۇزاق تۇيۇلۇپ كەتتى. ئەمدى ئۇنىڭ تاشنى كۆتۈرۈشكە ماجالى يەتمەيۋاتاتتى. بەلكى ئۆز تېنى ئۆزىگە ئېغىر كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ كاللىسىغا بىردىنلا يېمەكلىك توغرۇلۇق پىكىر كېلىپ، بايا كۆز ئالدىدا ئۆلگەن بۈركۈت چۈجىسىنى ئويلاپ قالدى. «ياق، ئۇنى يېسەم بولمايدۇ!» دېدى ئۇ شۇئان. لېكىن، ئاچلىق ئىرادىدىن غالىب كېلىپ، ئۆلۈك چۈجە كۆز ئالدىدىن نېرى بولمايۋاتاتتى. «قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى ئۇ ئۆز-ئۆزىگە، — بۈركۈت چۈجىسى مېنىڭ گۆشۈمنى يېدى، ئەمدى مەن ...» ئۇ دېلىغۇللۇقنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، يۈرىكى پىچاق تىققاندەك ئاغرىپ كەتتى. ئاخىر ئۇ ھاياتلىقنىڭ ھەممىدىن قىممەتلىك ئىكەنلىكىنى ئويلاپ، قانداقلا بولمىسۇن جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش قارارىغا كەلدى.

تاشگۈل ئۆگكۈر ئىچىدە قانچىلىك مۇساپىنى باسقانلىقىنى بىلمەيتتى . ۋۇجۇدىنى قاراڭغۇلۇق ئەسىر قىلىۋالغاچقا ، ئۆگكۈرگە قۇياش نۇرى چۈشكىنىنىمۇ سەزمەي مېڭىۋەردى . پەقەت نۇردىن كۆزى قاماشقاندىلا ئۆگكۈر ئېغىزىغا يېقىن كېلىپ شىللىسىدىكى تاشنى ئىرغىتىۋەتتى - دە ، بۇركۇت چۈجىسىنى قولىغا ئېلىپ : « قۇياشنى كۆرۈۋاتامسەن ؟ بۇ قىسقىتمۇ قۇياش بار ئىكەن ! ئەمدى بىز ئۆلمەيدىغان بولدۇق ! » دەپ ئىختىيارسىز توۋلىۋەتتى . ئاندىن قۇياش نۇرىغا قاقلانماقچى بولدى . ئەمما ، قۇياش نۇر چاچقان بىلەن سوغۇق زەھەرلىك نەشتىرىنى سانجىۋاتاتتى . ئەمما ، تاشگۈل نېمىلا بولمىسۇن قۇياش بىلەن دىدارلاشقىنىغا خۇشال ئىدى . ئۇ ئىپتىخارلىق ئىلكىدە نېمىلەرنىدۇر ئويلاشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا ، قۇياش بىردىنلا غايىب بولدى .

تاشگۈل پەرىشان بولغىنىچە ئۇياق - بۇياققا سىنچىلاپ قاراپ ، قىسقىقا تۇۋاقتەكلا كىيدۇرۇلگەن غايەت زور مۇز تاغنى پەم ئەتتى . قىسىق ئەنە شۇ « تۇۋاق »نىڭ تۇسۇۋېلىشى بىلەن قۇياشسىز قالغان ئىدى . تاشگۈل بۇ قىسقىتا نېمە ئۈچۈن يىل بويى زىمىستان سوغۇقنىڭ ھۆكۈمران ئىكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى كېچىكمەي چۈشەنگىنىگە ئۆكۈندى . كىشىنى بىزار قىلىدىغان قار - شىۋىرغان مۇئەللەقتىكى مۇز تاغدىن چۈشۈۋاتاتتى . تاشگۈل ھازىرچە مۇز تاغقا قىزىقمىدى ، ئۇنىڭ قىزىقىۋاتقىنى باشقا نەرسە ئىدى . ئۇ ئۆگكۈر ئېغىزىدا ئولتۇراتتى ، قار ئارىلاش بوران بارغانسېرى كۈچىيىپ ، مەيدىسىدىن ئىتتىرەتتى . لېكىن ، ئۇ قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ كۆزىتىپ ، ئۇتىڭ تەرەپتە بىر چات تۇرغانلىقىنى كۆردى . چاتنىڭ ئالدىنى بىر ئېگىزلىك توسۇۋالغان ئىدى . ئېگىزلىكنىڭ يانباغرى كېسىلگەندەك كۆرۈنەتتى . نەچچە يۈز غۇلاچ قېلىنلىقتىكى قار كېسىلگەن ئېگىزلىكنىڭ يانباغرىنى باسماداپ تۇرسىمۇ ، يەنىلا قەدىمىي يول بارلىقىنى يوشۇرۇپ قالالمايتتى .

# ئانا بۈركۈت

تاشگۈل بۈركۈت چۈجىسىنى قالدۇرۇپ قويۇپ، بايا قىياس قىل-
غان يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى. ئۇ قېلىن قاردا گاھ يىقىلاتتى، گاھ قار
دۆۋىسىگە مىنىپ قالاتتى، قانچىلىك خەتەر ۋە توسالغۇلار ئىرادىسىنى
قىلچە بوشاشتۇرالمايتتى. ئۇ، بارسا كەلمەستەك تۇيۇلۇۋاتقان بۇ
سەپەرگە تەۋەككۈل قىلىپ، غايىب ئىشەنچىنىڭ تۈرتكىسىدە گويا مېڭىپ
كۆنگەن يولدەكلا كېتىۋەردى.

تاشگۈل تۈنۈگۈن قىسقىغا چۈشۈپ كەتكەندە مۇزلاپ قېلىشقا
تاسلا قالغانلىقىنى ئەستىن چىقارغاندەك، قارنىڭ گەجگىسىگە دەسسەپ
سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. قاردا تەكشىلەنگەن «يول» تۈپتۈزدەك
كۆرۈنەتتى. ئەمما، ئۇ گاھىدا قارغا قولىقىغىچە چۆكۈپ تەستە چىقاتتى.
بۇ يەرنىڭ ئالاھىدىلىكى قار يېغىش، بوران چىقىش، قار كۆچۈش
بولۇپ، جانغا تېگىدىغان شىۋىرغان ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا سۈرلۈك
جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. ئايىغاق قارلار ئۇياقتىن - بۇياققا شىرىلداپ
ئاقاتتى. بۇ قارلار ئۇنىڭغا توسالغۇ بولالمايتتى. ئۇ تۈنۈگۈندىن
بۇيانقى «چېنىقىش» ئارقىلىق ھەرقانداق مۈشكۈلاتقا بويۇن
ئەگمىگۈدەك قەيسەر ئىرادە يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ ھەربىر تىنغاندا ئاغ-
زىدىن چىققان ھور تۈرخۇنىنىڭ قويۇق تۈتۈنىنى ئەسلىتەتتى.
ئۇ، كەمدىن - كەم ئۇچرايدىغان دەھشەتلىك جۇدۇننى يېڭىپ كېتىۋې-
تىپ بىردىنلا ئۆڭكۈردە قالغان بۈركۈت چۈجىسىنى ئەسلەپ قالدى. باشتا
خېلى ئەنسىرىگەن بولسىمۇ، ئارقىدىنلا گەرچە كىچىك بولسىمۇ بۈركۈت
پۇشتى ئىكەنلىكىنى يادىغا ئالغىنىدا ساراسىمە قاپلىغان يۈرىكى تىندى. ئۇ

تىرمىشىپ ئاخىر تۆپىلىككە چىقتى . يىراق تاغنىڭ باغرى ۋە ئېتەكلىرىدە
ئورمانلار قارىنى ئېشىپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى . بۇ مەنزىرىدىن ھاياجانغا
چۆمگىنىدە خۇددى ئۆز يۇرتىغا كېلىپ قالغاندەك جانلىنىپ كەتتى . ئە-
مەلىيەتتە بۇ ئانچە خۇش بولۇپ كەتكۇدەك جاي بولمىسىمۇ ، بۇ قىسقىنا
يولۇقتۇرغان ئىككىنچى ھاياتلىق يولى ئىدى . شۇڭا ، قەدىمىنىڭ مۇۋەپپە-
قىيەتلىك بېسىلىۋاتقانلىقىدىن مەمنۇن بولۇپ ، گويا ئورمانلىق باشقا ياققا
قېچىپ كېتىدىغاندەك پۇتۇن كۈچى بىلەن يۈگۈردى . قار بىلەن قاپلان-
غان زېمىنىنىڭ ئۈستى تۆپتۈزدەك كۆرۈنسىمۇ ، ھە دېگەندە بىلىنگىچە
پېتىپ كېتىدىغان ئىشلار قەدەمدە بىر ئۇچراپ تۇراتتى . ئورمانلىق
شالاڭراق بولۇپ ، ئارىلىرىدا قالدۇق كۆتەكلەر ، يىرىلغان شاخ -
شۇمبىلار بار ئىدى . باۋايى ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرىمۇ چېلىقىپ قالاتتى . ئۇ
ئەتراپىغا ئالاڭلاپ قاراپ قويۇپ يولىنى داۋام قىلىۋەردى . ئورمانلىقتىمۇ
شىۋىرغان ئۆز ھەيۋىسىنى كۆرسىتىۋاتاتتى . شىۋىرغان ئۇچۇرۇپ كەلگەن
قارلار بەزى دەرەخلەرنىڭ شاخ - چاتماقلىرىدا چاڭگىدەك توختاپ قالغان
بولۇپ ، ئۇنى كۆتۈرەلمىگەن شاخلار قاراسلاپ سۇنۇپ تۇراتتى . ئۈستى-
دىكى قار پۇتۇنلەي ئۇچۇرۇپ كېتىلگەن يەرلەرمۇ ئانچە - مۇنچە
ئۇچرايتتى . زېمىندىكى يېشىللىق ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتىنى نامايان قىلاتتى .
ئۇ بىر تۈپ چوڭ دەرەخنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ھەر تەرەپنى كۆزەتتى .
ئەمما ، بىرەر ئولجا چېلىقمىدى . ئۇ دادىسى بىلەن ئوۋغا چىققاندىمۇ ھېچ-
نېمە ئوۋلىيالمايدىغان كۈنلەر بولاتتى . بۇ ھالدىن ئۈمىدسىزلەنمىگەن
بولسىمۇ ، شىۋىرغان ئۇنىڭ قەدىمىنى ئاستىلىتىشقا مەجبۇر قىلاتتى . ئې-
لىۋالغان قورام تاش دولىسىنى سوققاندا جىرتىلداپ قان چىقىپ كېتەتتى ،
قىپقىزىل قان ئىككى دولىسىنىڭ ئالدى - كەينىدىن ئېقىپ ، قورساق ۋە
دۈمبە قىسمىدا يېپىسمان داغلارنى قالدۇرغان ئىدى . ئۇ شۇنداقتىمۇ ۋايىسى-
ماي يولىنى داۋام قىلىۋەردى ۋە : «ۋۇجۇدۇمدا مۇشۇ قورام تاشنى
كۆتۈرگۈدەك مادارلا بولىدىكەن ، ھەرگىز توختاپ قالمايمەن » دەپ ئوي-
لىدى . كېتىۋېتىپ ، كۆز يېتىم يەردە بىر بۇركۈتنىڭ بىر پۇتىدا

كىيىكنىڭ تۇمشۇقىنى، يەنە بىر پۇتىدا كىچىكرەك بىر ئىيىقنىڭ تۇمشۇ-
قىنى جان - جەھلى بىلەن قارماپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. بۇركۇت بەك
يوغان ھەم ئالاھىدە بولۇپ، ئىيىق ئۆزىنىڭ كۆچلۈكلۈكىنى ئىپادىلە-
گەچكە، تاكى ئۆلجا ھالسىرىغۇچە ئاشۇ تەرىقىدە قارماپ تۇرۇشقا ئىرادە
قىلغاندەك ئىدى. بۇنداق زېمىستاندا بۇنداق ئۆلجىنى قولغا چۈشۈرۈش-
نىڭ ئاسان ئەمەسلىكى ئۆزىگە ئايان بولۇپ، بىرەر ئۆلجىنىڭ كەينىدە
كۈشەندىدىن نەچچىسى پايلاپ يۈرەتتى.

ئىشنىڭ جەريانى مۇنداق بولغان ئىدى: بىرقانچە كۈن ناشتىسىز
قالغان بۈركۈت قاڭقىپ يۈرۈپ، تۇيۇقسىز ئايرىلغان بىر كىيىكنى
ئۇچراتتى. ئۇ ئانچە كۈچىمەيلا كىيىككە يېتىشىۋېلىپ قارغا باسماداپ
ئەمدى ئېلىپ ماڭاي دەۋاتقاندا، قاياقتىندۇر بىر ئىيىق پەيدابولۇپ«ئوۋ»
نىڭ ئۈستىدىن چۈشتى ۋە تەييارغا ھەييار بولماقچى بولدى. بۈركۈت
ئۆڭكۈردە ئاچ پېتى قالغان چۈجىلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، كىيىك
بىلەن ئىيىقنى تەڭ باسمادىغان پېتى بىللە مۇزلاپ قالغان ئىدى. تاشگۈل
كۆز ئالدىدىكى ئەھۋالنى تەھلىل قىلىپ شۇنداق يەكۈن چىقاردى.
بۈركۈتنىڭ ئۆتكۈر تىرناقلىرى ھەر ئىككى ھايۋاننى قارشىلىق قىلالمايدى-
غان دەرىجىدە ئۆتۈشتۈرۈپ مىخلىۋەتكەنلىكتىن، ئۇلارنى ئاجرىتىشقا
تاشگۈل ئاجىزلىق قىلدى، ئۆتكۈر تىرناقلارنى پۇتلار بىلەن قوشۇپ كې-
سىۋېتىشكە تېخى كۆزى قىيمىدى. شۇڭا، ئاۋۋال ئىيىقنىڭ تېرىسىنى
سويۇپ ئۇچىسىغا ئارتىۋالدى، ئاندىن كىيىكنى بوغۇزلاپ كاللىسىنى
بۈركۈت چاڭگىلىدا قويۇپ، تېنىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۈركۈت بىر
پۇتىدا تېرىسى سويۇۋېلىنغان ئىيىقنى، يەنە بىر پۇتىدا كىيىك كاللىسىنى
قامالىغان پېتى قالدى. ئۇ ئىككى جانىۋارنى بىر نۇقتىغا تارتىۋاتقاندەك
كۆرۈنەتتى. تاشگۈل ئارقىسىغا قاراپ: « ئى قەيسەر ئانا بۈركۈت، بىر
پۇتۇڭدا رەقىبىڭنى، يەنە بىر پۇتۇڭدا ئۆلجىنى چىڭ باسمادىغىنىڭچە
مەڭگۈلۈك ئابىدە بولغايسەن ! » دېدى - دە، كەلگەن يولى بىلەن قايتتى.

تاشگۈل ئۆڭكۈرگە كىرىشكە بۈركۈت چۈجىسى قاناتلىرىنى لەپ-

شىتىپ كىسىلدىدى. تاشگۈل ئالدى بىلەن ئۇنىڭ قورسىقىنى ئارام تاپتۇردى، ئاندىن توڭلاپ قالغان كېيىكنى سويۇپ گۆشىنى پارچىلىدى. ئەمدى ئوت كېرەك ئىدى. شۇڭا، قارىياغاچنىڭ تېنىدىن ئاققان سۇيۇقلۇقتا چىلانغان موخ (بايا ئورمانلىقتا تەييارلىۋالغان ئىدى) نى قىرلىق تاشنىڭ قىرىغا قويۇپ پىچىقنىڭ كەينى بىلەن ئىككىنى ئۇرۇۋىدى، ئوت پەيدا بولۇپ موخقا تۇتاشتى. تاشگۈل چاققانلىق بىلەن ئۇنى تەمەچكە تۇتاشتۇرۇۋالدى - دە، گۆشنى ياغاچ زىخقا ئۆتكۈزۈپ قاقلاپ پىشۇرۇشقا باشلىدى. مەززىلىك كاۋاپ ھىدى زىمستان ھۆكۈمرانلىقىدىكى قىسقىتا ئادەم بارلىقىدىن دېرەك بېرىپ ئەتراپقا تارقىلاتتى.

تاشگۈل ئوتنى چوقچىلاۋېتىپ پىژىلداپ پىشۋاتقان كاۋاپقا كۆز تىككەندە، بىر پۇتىدا ئېيىقنىڭ تۇمشۇقىنى، يەنە بىر پۇتىدا كېيىكنىڭ تۇمشۇقىنى جان - جەھل بىلەن قامالاپ تۇرغان جەسۇر ئانا بۈركۈتنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدە سىيماسى نامايان بولدى.

# ئۇلار بىرلەشتى

تاشكۆل بار ئىمكانىيەتتىن پايدىلىنىپ ئۆزىنى ئوبدان مۇھاپىزەتلەپ، بىرقانچە كۈن ئىچىدىلا ماغدۇرلىنىۋالدى. بۈركۈت چۈجىسى بىلەنمۇ چىقىشىپ قالدى. ئۇ تاشكۆلنى ئانىسىدەك يېقىن كۆرەتتى، تاشكۆل ئۇنىڭغا بالىسىدەك كۆيۈنەتتى. تاشكۆلنىڭ كۆڭلىنى غەش قىلىۋاتقىنى بۇ قىسقىنىڭ قۇياشسىز ئاسمىنى ئىدى. شۇڭا، تاشكۆل بىر ئامال بىلەن قىسقىتىن چىقىپ كېتىشنى ئويلايتتى، كاللىسىدىن بۇ ئوي بىردەم نېرى بولمايتتى. «خىيال خىيالنى تۇغۇپتۇ» دېگەندەك، تاشكۆل بۈركۈت چۈجىسىنى ئۆڭكۈردە قالدۇرۇپ دەريا بويىغا باردى، ئاندىن ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن ئېغىزنى ئىزدىدى. قىسقىنىڭ ھاۋا بوشلۇقىنى ھېلىقى غايەت زور مۇز تاغ خۇددى تۇۋاقتەكلا يېپىۋالغاچقا، تاشكۆل تۇرۇۋاتقان بۇ يەر بەئەينى بىر مۇز قازانغىلا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى. نىشانىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى، قايسى تەرەپكە قارىسا ئاپئاق تۇمان ئىلكىدىكى خىرە مەنزىرە كۆزگە تاشلىناتتى. تارا سىنچىلاپ قارىغاندىلا، ئەزىم دەريانىڭ ئۇ قاسىنقىدىكى تاغنىڭ دەرياغا چىلىشىپ تۇرغان تۆۋەنكى قىسمىنى پەرق ئەتكىلى بولاتتى. بۇ خىل تۇتۇقچىلىق تاشكۆلنىڭ كۆڭۈل ئاسمىنىنى خىرەلەشتۈرۈپ، بېشىنى قايدۇردى. ئۇ نەگە بېرىپ، نەدە تۇرۇشنى بىلمەيتتى. چىقىش ئېغىزى زادى قەيەردە؟ بۇ ئېگىز قارلىق تاغلار (دەريانىڭ ئەتراپى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرى ئىدى) دىن قانداق ئاشقىلى بولىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللار ئۇنىڭ كاللىسىنى گادىرماچلاشتۇراتتى. ئۇ بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ، مۇز تاغنى تىرەپ تۇرغان تاش مۇنارنىڭ ئالدىغا كەلدى ۋە كۈچەپ ئىتتىرىپ كۆردى،

ئەمما تاش مۇنارغا چىقىش قونغانچىلىكمۇ تەس قىلمىدى. تاغۇدەشتىلەرنىڭ قار ـ مۇز بىلەن قاتقىنىغا قارىماي، بىر خىل سادا ئاڭ-لىنىپ ئۆلۈكتەك جىمجىتلىققا خاتىمە بېرەتتى.

تاشگۈل ئىچ پۇشۇقىنى چىقارماقچىدەك تاش مۇنارنى مۇشتلاپ قوياتتى. مۇز تاغدىن توختىماي قار ئۈچۈپ تۇراتتى. تاشگۈل دەم يۇقى-رىغا، دەم پەسكە قاراپ تاش مۇنار ئەتراپىنى بىرقانچە قېتىم ئايلىنىپ چىقتى، ئاندىن ئۇنىڭغا يۆلىنىپ تۇردى ۋە قىلغىلى باشقا ئىش تاپالمىغان-دەك پىچىقىنى يانپىشى تەرەپكە سۇرۇپ قويدى. ئۇ ئوۋچى بولغاچقا يىگىتلەردەك پىچاق قىسىپ ئادەتلەنگەن ئىدى. ئىپىق تېرىسى جۇۋا رو-لىنى ئوينىغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭغا سوغۇق ئالدىراپ تەسىر قىلمايتتى، شىۋىرغان «جۇۋا» ۋە قويۇق چاچلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويۇش بىلەن كۇ-پايىلىنەتتى.

تاغدا قار كۆچۈش يۈز بېرىپ، گۈلدۈر ـ قاراسلار قىسقىنى لەرزىگە كەلتۈردى. تاشگۈلنىڭ دىققىتى ئىبغىپ، تاغدىن كۆتۈرۈلگەن قويۇق تۇمانغا قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ، يىراق تاغ ئارقىسىدىن ئىشەكنىڭ جاراڭلىق ھاڭرىشى ئاڭلاندى. بۇ ھال ئۇنىڭ كۆڭلىدە بۇ قىسقىتا مەندىن باشقىمۇ ئادەمزات بارمىدۇ، دېگەن گۇمانىنى تۇغدۇردى. ئۇ «بۇ قىسقىقا بىرەر ئوۋچى ئاياغ باسقان بولۇشى مۇمكىن» لىكىنى قىياسلاپ بولۇپ، ئارقىدىنلا بۇنىڭ بىمەنە خىيال ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. «ياق، ياق! بۇ قىسقىقا ئوۋچىنىڭ كىرەلىشى ئەقىلگە سىغمايدۇ، قىسقىنىڭ تۇرغان ـ پۈتكىنى ئالتۇندىن ئىبارەت بولغان تەقدىردىمۇ ھېچكىم قىممەتلىك ھاياتىنى دوغا تىكىپ تەۋەككۇلچىلىك قىلمايدۇ». ئۇ شۇنداق خىياللار پاتقىقىغا پېتىپ، ئىشەكنىڭ ھاڭرىغىنى ئاڭلانغان تەرەپنى كۆزلەپ ماڭدى. قار ـ مۇزلار شەكىللەندۈرگەن ئوگىغۇل ـ دوڭغۇل ئېگىزلىك جىلغا بىلەن گىرەلەشكەن بولۇپ، قار كۆچكەندە ھاسىل بولغان قىرلىق مۇزلار مەنزىلنى توسۇپ تۇراتتى. ئې-شەكنىڭ تاغلارنى لەرزىگە كەلتۈرىدىغان ھاڭرىشى دەم يېقىندا، دەم

يـىـراقـتا ئاڭلىناتتى . ئۇ تازا بىر كېرىلگەندىن كېيىن ، قەددىنى رۇسلاپ ، ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە دىققەت بىلەن قۇلاق سالدى . ئېشەك بىرنەچچىنى پۇشـقۇرۇپ يەنە ھاڭرىدى . ئۇ يولنى تامدەك توسۇپ تۇرغان مۇزلاردىن ئەگـىپ ئۆتۈپ دۆڭلۈككە ياماشتى . قىسقىنىڭ يەنە بىر تومۇرى بولغان بۇ جىلغىنىڭ كۆز يېتىم نېرىسىدا بىر ئېشەك كۆرۈندى . سۇر ئېشەك گەرچە قـار بـىـلەن رەڭداش بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، چاپچىپ تۇرغان شاشلىقى ئۇنـى قـار - مۇزلاردىن روشەن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى . ئۆزىنى ئۇرۇپ ، تـۇمشۇقىنى ئاسمانغا قارىتىشىدىن قارىغاندا ھاڭگىدەك ، ھاڭگا بولغاندىمۇ ھاڭگىلارنىڭ ھاڭگىسىدەك قىلاتتى .

تاشگۈل بۇ قىسقتا بۇركۈتتىن باشقا ھاڭگىدىن ئىبارەت ئىككىنچى بىر جانىۋارنى ئۇچراتقىنىدىن قەۋەتلا خۇش بولدى . يۈرىكىمۇ تومـلاندى . ئەمما ، ئىككىسىنىڭ ئارىسىنى ئۆستى پىچاق بىسىدەك خەتەرلىك مۇزلۇقلار ئايـرىـپ تـۇراتـتـى . بـۇ تـەبـىئـي تـوسـالـغـۇ كـۆڭـۈلنى غەش قىلاتتى . شـۇنـداقـتـىمۇ تاشگۈل بۇ خەتەرنى بۆسۈپ ئۆتۈپ ھاڭگا باتۇرنىڭ تەۋە-سـىـگـە كـىـرمـەكچى بولدى . يەنە تۇرۇپلا كۆپ ئىشلارغا ئارىلىشىۋېرىش نـەتـىـجـىسىدە قايتىشىغا توسالغۇ پەيدا بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرىدى . شۇ-ڭـا ، بـۇ نـىـيـىتىدىن يېنىپ ، ھاڭگا باتۇرنىڭ كۆزى چۈشكۈچە كەينىگە يـانـدى . ھاڭـگـا باتۇرنىڭ تاغۇدەشتىنى زىلزىلىگە سېلىپ ھاڭرىشى جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ ، قىسقتىكى جەڭگىۋار ھاياتتىن بەلگە بېرەتتى . تاغلارمۇ بـۇ تـەبىئەت ئەركىسىگە جور بولغاندەك كۈچلۈك ئەكس سادا قايتۇراتتى . بـۇ ھال تـاشـگۈلنى ھەربىر جىلغىدا بىردىن ھاڭگا باردەك تۇيغۇغا كەلتۈ-رەتتى .

تـاشـگـۈل ئورمـانـلىققا بېرىـپ ، دەرەخ قوۋزىقىدىن ئۇزۇن ئارغامچا ئەشـتـى ، قـاش قـارايـغان مەزگىلدە ئۆڭكۈرگە قايتىپ بۈركۈت چۈجىسى بـىـلـەن جـەم بولدى . بۈركۈت چۈجىسى تاشگۈلنىڭ قولىدىكى توشقانى كـۆرۈپ ، چـىـراغقا ئۆزىنى ئۇرغان پەرۋانىدەك تۇرالماي كەتتى . تاشگۈل ئادىـتى بويىچە بۈركۈت چۈجىسىنى دولىسىغا قوندۇرۇۋېلىپ ئوت قالدى ،

ئانـدىن ئوت يورۇقىدا توشقاننى سويدى . گۆشنى كۆرۈپ تاقەتسىزلەنگەن بـۈركـۈت چۈجىسى پەسكە سەكرەپ چۈشتى . ئەمما ، تاشگۈل ئۇنىڭغا بىـرەر تـوغرامچىمۇ بەرمەي ئىشنى قىلىۋەردى ، بەلكى يېقىن كەلسە قولىنىڭ ئارقـىـسى بىلەن پوكىنىدىن ئىتتىرىپ قويدى . گۆشنى بىر تەرەپ قىلىپ بـولـغـانـدىـن كېيىن ، ئالقانچىلىك گۆشنى ئايرىپ تېرىگە يۆگەپ ئېلىپ قويۇپ يەنە ئىشنى قىلىۋەردى .

ئوت ئۆلـغـىـيىپ كۆيۈۋاتاتتى ، بۈركۈت چۈجىسى كىسىلدىغىنىچە كـېـلـىـپ تـاشـگۈلنىڭ قوللىرىنى چوقۇلاشقا باشلىدى . تاشگۈل بۈركۈت چـۈجىسىنى شۇ تەرىقىدە بىرھازا ئويناتقاندىن كېيىن ، بايا گۆش يۆگەپ قـويـغـان تـوشـقـان تـېـرىـسـىـنـى دولـىـسـىغا ئېلىپ ، ئارقىدىن بۈركۈت چۈجىسىنىمۇ چىقىرىپ قويدى . بۈركۈت چۈجىسى تېرىنى چوقۇپ يۈرۈپ ئالـدى بـىـلـەن توشقاننىڭ ئىچ قارنىنى، ئاندىن گۆشنى يەپ ئارام تاپتى . گۆش پىشقۇچە ، تاشگۈل ئوت يورۇقىدا توشقان تېرىسىدىن پايپاق تىكىپ چـورۇق ئورنـىـدا كـىـيـىـۋالـدى . تـاشـگـۈل بـۈركـۈت چـۈجـىسى بىلەن تـېـپـىـشقاندىن كېيىن ، چۈشەنسۇن ـ چۈشەنمىسۇن بۈركۈت چۈجىسىگە گـەپ قـىـلـىپ بېرەتتى . ئۆز بالىسىدەك ئەركىلىتىپ باشلىرىنى سىلايتتى . بـۈركـۈت چـۈجـىـسىمۇ ئۇنىڭ قۇچىقىدا ھۇزۇرلىنىپ ئېغىنايتتى ، ئاندىن بىللە ئۇخلاپ قېلىشاتتى .

تـاشـگـۈل ئەتـىـسـى سەھەر تـۇرۇپ ئۆڭـكـۈر ئېغىزىدا قۇياشنىڭ چـىـقىشىنى كۈتتى . ئۇزاق ئۆتمەي قۇياش كۆتۈرۈلدى . ئۇ قىسقىغا تۇۋاقـسـىـمـان كـۆمـتـۈرۈلـگـەن مـۇز تـاغـنىڭ يوچۇقىدىن ياغۇنچاق شەكلىدە كـۆرۈنـگـەن بولۇپ ، تولىمۇ نۇرانە ئىدى . قىسقىنىكى پۈتكۈل مەۋجۇدات ئۇنىڭ زۇلمەتلىك تۈنگە خاتىمە بەرگەنلىكىدىن ئېچىنىخارلانغاندەك ئاستا ـ ئاسـتـا ئويـغـىـنـىـۋاتـاتـتى . ئۇلارنىڭ ئالدىدا روشەن بىر مەنزىل قۇچاق ئېـچـىـۋاتقاندەك ئىدى . تاشگۈلمۇ شادلىقتىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتـقـانـدا ، قـۇيـاش يـېـغـى تـۆكـكـەن چـىـراغـدەك بـىـردىـنلا ئۆچـتـى . تـاغۇدەشتلەرنىڭ كۆلگەن چىرايى تۇتۇلدى . ھەممە نەرسە بىر ـ بىرسىگە

سۆرۈن بېقىشتى . تاشگۈل قۇياش پارلىغان يوچۇققا تىكىلگىنىچە ئېغىر خۇرسىندى .

تاشگۈل قاراۋېرىپ كۆزلىرى تالغاندا ، ئەتىسى يەنە مۇشۇ ۋاقىتتا قۇياشنى كۆرۈش نېسىپ بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، ئورمانلىققا باردى - دە ، پىچاقسىمان قىرلىق تاشلار بىلەن توم بادرىدىن ياچاق ياساپ ، قوۋزاقنا كىرىچ بېكىتتى . ئەمدى ئۇ ئىپتىدائىي ئوقياغا ئېرىشكەن ئىدى . ئۇ قاش قارايغاندا ئۆگكۈرگە خۇشال قايتتى . ئەتىسى ئەتىگەندە بۆركۆت چۈجىسى بىلەن قۇياشقا قاقلانغاندىن كېيىن ، ئادىتى بويىچە بۆركۆت چۈجىسىنى قالدۇرۇپ ئورمانلىققا باردى ، ئاندىن ئارغامچا ۋە ئوقياسىنى تاش مۇنارنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ ، ئوقيانى مۇز تاغقا قارىتىپ قۇرۇپ ، ئەتراپىنى ياغاچ - تاشلار بىلەن مۇستەھكەم بېكىتتۈۋېتىپ ، تاشتىن ئوق ياساشقا تۇتۇندى . ئاخىرىدا ئارغامچىنىڭ بىر ئۇچى بىلەن ئوقنىڭ قۇيرۇقىنى چېگىپ كىرىچكە قىستۇردى - دە ، مۇز تاغنىڭ ئۇستىگە ئېتىشقا ھازىرلاندى . بىراق ، ئوقيانىڭ كىرىچىنى تارتالماي ، جىسمانىيىتىنىڭ كۆپ ئاجىزلاپ كەتكىنىدىن خۇرسىندى . ئۇ تاش مۇنارنىڭ ئەتراپىنى بىرقانچە ئايلىنىپ ، تۇرۇپ ئېگىزگە ، تۇرۇپ پەسكە قارايتتى . تۇرۇپلا بەلۋېغىنى يېشىپ يەنە باغلايتتى . لېكىن ، ھېچقايسىسى ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرالمايتتى . بىر نۇقتىغا تىكىلىپ « نېمە ئىش بۇ ؟ » دېگىنىچە تۇرۇپ قالاتتى . ھەممە ياق ئاچچىق سوغۇق ئىلكىدە بولۇپ ، قىسقىنىڭ ھۆكۈمرانى ھېسابلانغان مۇز تاغدىن ئايئاق قار لەپىشىپ چۈشۈپ تۇراتتى . تاش مۇنارغا توختىماي تېگىۋاتقان قارلار « تىس - تىس » ئاۋاز چىقىراتتى . بۇ خىل تەبىئەت ھادىسىلىرى ئۇنى قىلچە قىزىقتۇرالمايتتى ، دىققىتىنىمۇ تارتالمايتتى ، ھەتتا شۇئىرغاننىڭ ۋەھىمىلىك ھۇۋلاشلىرىمۇ قۇلىقىغا كىرمەيتتى . ئۇنىڭ ئەس - مەيلى بۇ يەردە ئەمەستەك قىلاتتى . ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ، راسلاپ قويغان ئوقياسىغا قارىدىيۇ ، ئانچە سۆيۈنۈپ كەتمىدى . چۈنكى ، شۇنچە چوڭ ئوقيانى ئېتىشقا كۈزى يەتمەيتتى . ئېھتىياجى يولىدا ئىشلىتەلمىگەن ئوقيا ھەرقانچە ئەتىۋارلىق بولغىنى بىلەن

شۇ تاپتا خۇددى دوڭغاق جىگدىدەك كېرەكسىز كۆرۈنەتتى .

شىۋىرغان تىنماي ھۇۋلايتتى . تاش مۇنار تېخىمۇ غادىيىۋالغان بولۇپ ، قار ئۇچقۇنلىرى گويا گۈل بەرگىلىرىدەك ئۈستىگە چېچىلاتتى . ئەمما ، ئوقيا زارلىماقتا ، ئارغامچا خىرەلەشمەكتە ئىدى . مەقسەتسىز كەينىگە قارىغان تاشگۈل چىگىش ئوي - خىياللار كاللىسىغا كىرىۋالغاندەك بىئارام بولۇۋاتاتتى . ئۇ تۇرۇپلا تۆت قەدەم مېڭىپ توختاپ ، قايتىدىغان تەرەپنى قىياس قىلدى . قايتىش يولى مۇز تاغنىڭ دالدىسىدا ئېنىق كۆرۈنمەيتتى ، پەقەت ئەزىم دەريا لېۋىدىن بۇلۇتقا تاقاشقان تاغنىڭ تۆۋەنكى قىسمىلا غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . بۇ ھال ئۇنىڭغا يۇرتى ، ئاتا - ئانىسى ، ئەنجۈر دەرىخى ، پالۋان ۋە قارا تەنلىكتىن يىراقلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتقاندەك ئىدى .

ئادەمگە مۇزدىن ياسالغان ئۈستى ئوچۇق گۆردەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ قىسىقنىڭ ھەربىر ئۆزگىرىشلىرىگە ئاجايىپ سىرلار يوشۇرۇنغان بولۇپ ، تاشگۈل ئۇنىڭغا تاقابىل تۇرالايدىغان كۈچ خۇسۇسىدا ئىزدىنىۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا تاشگۈلنىڭ قۇلىقىغا غەيرىي بىر سادا ئاڭلاندى . ئەمەلىيەتتە تاش مۇنار بىلەن مۇز تاغ بىرلىشىپ تاشگۈلنى دۇئېلغا چاقىرىۋاتاتتى . تاش مۇنار تىرەپ تۇرۇۋاتقان مۇز تاغ دەھشەتلىك ھۆركىرەپ ، قار - مۇزلارنى غۇلىتىۋاتاتتى . تاشگۈلنى پەسەنتىگە ئېلىپ قويمايتتى . تاغ ، دەريا ، جىلغىلارمۇ قول قوۋۇشتۇرۇپ تۇرۇشاتتى . تاشگۈل بۇنىڭغا سۈكۈت قىلالمىدى . ئۇ ، جىلغىدىكى ھاڭگا باتۇرنىڭ قۇلىقىنى ئەلەم ، قۇيرۇقىنى قەلەم قىلغان ھالدا تاغۇتاشلارنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ھاڭراشلىرى بىلەن يۇرتىدىكى باھادىرلارنىڭ ئەرك يولىدا ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان جەسۇرلۇقلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ روھلاندى . بايا يالغۇز چىلىقتا ئۇچراتقان ھاڭگا باتۇر ئۇنىڭ كۆزىگە بەكمۇ يۈكسەك كۆرۈنۈپ كەتكەنلىكىنى ئېسىگە ئالدى .

تاشگۈل قار - مۇزلاردىن ئاپىرىدە بولغان ئۈستى تىغسىمان يارداڭلاردىن ئەگىپ ئۆتۈپ ، جىلغا ئېغىزىنى توسۇپ تۇرغان دۆڭلۈككە

چىقتى ـ دە ، خېلى ماڭغاندىن كېيىن ، هاڭگا باتۇرنىڭ قۇلىقىنى ئەلەم ، قۇيرۇقىنى قەلەم قىلغىنىچە هاڭراپ ، كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە ئارىلىقتا بىرقانچە يۈز قەدەم يول يۈرۈۋاتقىنىنى كۆردى . تاشگۈلنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان ئېشەك قۇلىقىنى شىڭغايتىپ هاڭرىغىنىچە قارلارنى توزۇتۇپ چېپىپ شۇ تەرەپكە كېلىشكە باشلىدى . ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرگەن بولۇپ ، تۇمشۇقىنى دەم ئوڭغا ، دەم سولغا قىلىپ پۇشقۇراتتى . تۇرۇپلا ئۈركۈگەندەك بىرپەس توختىۋالاتتى . ئۇ ، تاشگۈلنى ئالداپ قويدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، ئارىلىق نەچچە ئون قەدەم قالغاندا خىتىلداپ چىچاڭلاپ قېچىپ كەتتى . ئۇنىڭ بۇ خىل هەرىكىتى بىرقانچە قېتىم تەكرارلىنىپ،ئۇياقتىن ـ بۇياققا خالىغانچە چېپىپ يۈرگەندىن كېيىن ، ئاخىر قار ـ مۇزلارنى تىلـ غاپ بوراندەك كېلىشكە باشلىدى ، تۇياقلىرىنىڭ زەربىدىن ئاجرىغان مۇزلار سالغا تاشلىرىدەك « ۋىلك ـ ۋىلك » ئۇچۇپ نەلەرگىدۇر چۈشەتـ تى . تاشگۈل گويا پالۋاننى ئۇچرىتىپ قالغاندەك ئالدىغا يۈگۈردى .

هاڭگا باتۇر يېتىپ كېلىپلا تاشگۈلنىڭ ئۇيەر ـ بۇيەرلىرىنى پۇراپ كەتتى . تاشگۈلمۇ ئۇنىڭ تۈگەل قىرو باسقان ئۇچىسىنى مېهرىبانلىق بىلەن سىلىدى . بۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ ئۆز ئىگىسىنى تاپقاندەك ، تاشگۈلمۇ يۆلەنچۈككە ئېرىشكەندەك تۇيغۇغا كەلدى . چۈنكى « ئات تاپقۇچە ئېشەك مىن » دېگەندەك ، تاشگۈلنىڭ هاياتىغا يەنە يېڭى بىر مەزمۇن قوشۇلغان ئىدى . تاشگۈل سەكرەپلا ئۇنىڭغا مىنىۋالدى ـ دە ، تونۇشلۇق يول بىلەن يۈرۈپ كەتتى . تاشگۈل ئۆڭكۈرگە كەلگەندىن كېيىن ، « يول ياساپ » هاڭگا باتۇرنىمۇ ئۆزى بىلەن ئېلىپ چىقتى . بۇلارنى كۆرگەن بۈركۈت چۈجىسى باشقىچە جانلىنىپ ، « مەرهابا ، مەرهابا ! » دەۋاتقاندەك كىسىلداپ سايراشقا باشلىدى .

ئەتىسى تاشگۈل هاڭگا باتۇر بىلەن سەپەرگە ئاتلانغاندا بۈركۈت چۈجىسى ئايرىلغۇسى كەلمىگەندەك يېپىشىۋالدى . تاشگۈل ئۇنىڭ دۈمبىسىنى مېهرىبانلارچە سىلاپ : « سېنىڭ تېخى قانات ـ قۇيرۇقلىرىڭ يېتىلمىدى ، سوغۇقتا توڭلاپ قالىسەن » دېۋىدى ، گويا بۇ گەپلەرنى

ئۇقـقـانـدەك ، قاناتلىرىنى « خەير ـ خوش ، ئامان ـ ئېسەن قايتىشىڭلارنى كۈتىمەن ! » دېگەن مەنىدە لەپىشتتى .

تـاشـگـۈل هاڭـگـا بـاتـۇرنـى تاش مۇنارنىڭ ئالدىدا توختاتماقچى بـولـۇۋىدى ، بوي بەرمەي مۇنار ئەتراپىنى ئىككى ئايلاندى . تاشگۈل ئۇنى تـەسـتـە تـوخـتـىـتـىپ ، ئالدىنقى قېتىم ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئوقيانىڭ يېنىغا ئەكـەلـدى ـ دە ، سەكرەپ ئۈستىدىن چۈشۈپ ، كېچىدىن بېرى تەييارلىـ غان تېرە جابدۇقلارنى بوينىغا سالدى ، ئاندىن جابدۇق تانىسىنى ئوقيانىڭ كـىـرىـچـىـگـە چـىـگـىپ ، هاڭگا باتۇرنى هەيدىدى . كىرىچ ئاستا ـ ئاستا تـارتـىـلىپ ئاخىرقى پەللىگە يەتكەندە ، تاشگۈل ئوقيانىڭ تارتىلغان هالىـ تىـنـى كـونـتـرول قـىـلـغـۇچـى تـايـاقـتـىـن پـايدىلىنىپ هاڭگا باتۇرنى بوشىتىۋېتىپ ، قۇيرۇقىغا ئارغامچا چېگىلگەن تاش ئوقنى كىرىچكە سالدى ۋە مـۇز تـاغ چـوققىسىنى قارىغا ئېلىپ ، هالەت ساقلىغۇچى تاياقنى دەرهال چـىقىرىۋەتتى . تاش ئوق هاۋادا قۇيرۇقلۇق يۇلتۇزدەك ۋىشىلداپ ئۇچۈپ ، مـۇز تـاغ ئۈستىگە چۈشتى . تاشگۈل ئارغامچىنى تارتىپ كۆرۈۋىدى ، بىر يـەرگـە ئىـلـىـنـغـانلىقى مەلۇم بولدى . ئەمما ، كۈچەپ تارتقاندا تاش ئوق ئىـلـىـنغان يېرىدىن ئاجراپ كەتتى . « ئوق »مۇ قايتىپ چۈشتى . تاشگۈل يـۇقـىـرىـقـىـدەك ئۇسـۇلـدا بـىـرقـانـچـە كۈن ئوق ئاتقان بولسىمۇ نەتىجە قـازىـنـالـمـىـدى . شۇنداقتىمۇ پەقەت بوشاشماي ئاخىر مۇۋەپپەقىيەتكە ئېـ رىـشـتـى . قـايتا ـ قايتا تارتىپ كۆرۈش ئارقىلىق بۇ قېتىم ئاتقان ئوقنىڭ مـۇز تـاغ چـوقـقـىـسـىنىڭ كاۋىكىغا مۇستەهكەم ئىلىنغانلىقىنى بىلدى . ئۇ چـەكسىز خۇشاللىقتا چۆمگەن هالدا ئارغامچىنىڭ ئۇچىنى هاڭگا باتۇرنىڭ بـويـنـىدىكى جابدۇققا مەهكەم چىگىپ هەيدىگەن ئىدى ، ئېشەكنىڭ تارتـ قىنىغا مۇز تاغ قىمىرلاپمۇ قويمىدى .

تـاشـگـۈل ئەمدى يېڭى چارە ـ تەدبىرلەر ئۈستىدە باش قاتۇردى . ئۇ ئورمـانـلىققا بېرىپ هاڭگا باتۇرغا ماس كەلگۈدەك هارۋا ياساپ ، ئېشەك هارۋىـسـى بـىـلـەن دەريـا بـويـىغا ياغاچ ، شاخ ـ شۇمبا توشۇدى . ئۇنىڭ مـەقـسـتـى دەريانى توسۇپ مۇنارغا سۇ چىقىرىش ئىدى . بايا ئېيتقىنىمىز ـ

دەك ، ھاڭگا باتۇر ئادەتتىكى ئىشەكلەردىن بولمىغاچقا ، تاشگۈلنىڭ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشىدا ياخشى ياردەمچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ پەۋەس ياغاچ - تاش ، شاخ - شۇمبا بىسىلغان ھارۋىنى سۆرەپ ماڭىدىغان بولسا قار - مۇزلۇق يولنىڭ تاناۋىنى تارتىۋېتەتتى ، ھېرىش دېگەننى بىلمەيتتى . ھارۋىنىڭ چاقى قار - مۇزلارنى « غاراس - غۇرۇس » بۆسۈپ ، ئەتراپتا چەمبەرسىمان تۇمانلارنى ھاسىل قىلاتتى . قارىماققا ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان تاشگۈل يىگىتلەرنى بېسىپ چۈشەتتى ، ھارۋا كاتاڭلاردىن چاقى يەرگە تېگىپ - تەگمەي ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك ماڭاتتى .

تاشگۈل ئۆز مۇددىئاسىغا مۇۋاپىق كېرەكلىك ماتېرىياللارنى يېتەرلىك ، بەلكى ئېشىپ قالغۇدەك دەرىجىدە تەقلىدى ، ئاندىن قوزۇقلارنى قېقىپ ، ئورۇندىلارنى بېسىپ ، ئاراچىلارغا شاخ - شۇمبىلارنى تىقىپ ئەزىم دەريا سۈيىنى توسۇپ مۇنارنىڭ تۆۋىنگىچە قايدۇردى . تاش مۇنار ئۆلىنى كولاۋاتقان سۇ ھەقىقەتەن ئۆلۈغ بولۇپ تاش مۇنارنى بىرلا يالماپ يۇتۇۋەتكۈدەك ئەلپازدا ئىدى .

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى . بۇركۈت چۈجىسىنىڭمۇ قانات - قۇيرۇقلىرى يېتىلىپ قالدى . ئۇ يەنىلا تاشگۈلنىڭ بېقىشىغا موھتاج ئىدى . توشقان گۆشى ئاساسي ئوزۇقى ئىدى .

ئەزىم دەريا ئېقىنىنى ئۆزگەرتىپ مۇنار ئۆلىنى ئۈزلۈكسىز كولاۋەردى . تاشگۈل ئۇلۇغ سۇنىڭ مەشغۇلاتىنى كۆزەتكەچ ، يېتىلىش ئالدىدا تۇرغان بۇركۈت چۈجىسىنى كۆندۈرۈش بىلەن شۇغۇللاندى . ئەمدى ئۇ توشقانىنى تىرىك تۇتۇپ دولىسىغا باغلاپ ، ئاندىن بۇركۈت چۈجىسىنىڭ تۇمىقىنى ئېلىۋېتىپ ، ئالدىدا يۈگۈردى . ئىككى كۈندىن بېرى ئاچ قورساق ھالدا كۆزى توسۇقلۇق يېتى تۇرغان بۇركۈت چۈجىسى تاشگۈلنىڭ دولىسىدا تىپىچەكلەۋاتقان توشقاننى كۆرۈپ ئۇچقان بويى شىلىلىسىگە قوندى . توشقان قورققىنىدىن كىسىرلاپ كەتتى . بۇ ھال بۇركۈت چۈجىسىنىڭ ئىشتىھاسىنى تېخىمۇ قوزغىدى . تاقەتسىزلەنگەن بۇركۈت چۈجىسى ئولجىنى چوقۇلاشقا باشلىغاندا ، تاشگۈل ئۇنى ئولجا

بىلەن ئۆزىنى كۆتۈرۈپ ئۇچۇشقا دەۋەت قىلدى. بۇ ئۇرۇنۇشتىن نەتىجە چىقمىغاندىن كېيىن «كۆندۈرۈش ئۇسۇلى»نى ئۆزگەرتتى. ئەمدى تاشگۈل توشقاننى بىرىم غۇلاچچە تاياقتا باغلاپ دولىسىغا قويۇپ يۈگۈرگەن ئىدى، بۈركۈت چۈجىسى ئادىتى بويىچە ئۇچۇپ بېرىپ دولىسىغا قونۇشىغىلا بۈركۈت چۈجىسىنىڭ بىر پۇتىنى چىڭ تۇتۇپ تاياقتا چىگىلگەن توشقاننى ئالدىغا چىقاردى-دە، يۈگۈردى، توشقانمۇ تېپىرلىغىنىچە چىرىلدىدى. بۈركۈت كۆز ئالدىدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان توشقاننى كۆرگەندەك تۇيغۇغا كېلىپ، قانىتىنى كېرىپ ئاستا-ئاستا كۆتۈرۈلدى. تاشگۈلنىڭ پۇتىمۇ قاردىن ئۈزۈلدى. بۈركۈت ئۇچۇپ تاشگۈل بىلەن توشقاننى يۈز قەدەمچە يىراقلىققا ئاپاردى. شۇئان تاشگۈل ھاياجانلىق ئاۋازدا: «بۈركۈت، ئېھ بۈركۈت! سەن ئەمدى چۈجە ئەمەس!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى.

تاش مۇنار ئۆلىنى كولاۋاتقان دەريا سۈيى ھەيۋەتلىك شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى، تاشگۈل يېقىنلاپ بېرىپ، تاش مۇنار ئۆلىنىڭ گەمە شەكلىدە ئويۇلغانلىقىنى كۆردى. تاشگۈل پەيتنى چىڭ تۇتۇپ يەنە بىرقانچە ھارۋا شاخ-شۇمبا ئەكەلدى-دە، مۇز ناغقا ئىلىنغان ئارغامچىنىڭ ئۇچىغا چىگىپ سۇغا تاشلىدى. ئۇلۇغ سۇ شاخ-شۇمبىلارنى تۈرتۈپ ئېقىپ تېخىمۇ قايدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك دولقۇننىڭ كەينى-كەينىدىن ئۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە تاش مۇنار لىڭشىپ، مۇز چوققىغا ھالاكەت ئېلىپ كەلدى. تاشگۈل ئۇنىڭ گىدىيىش دەۋرانىنىڭ ئاخىرلاشقانلىقىنى سېزىپ، ھەمراھلىرى بىلەن بىخەتەر جايغا بېرىۋالدى.

تاش مۇنار ئۆلىنىڭ كولىنىشى، دولقۇنلارنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشى نەتىجىسىدە ئاستا-ئاستا قىيسايدى. بۇنىڭغا ئەگىشىپ كۆرەڭ مۇز تاغمۇ سىڭايان بولماقتا ئىدى. ئەمما، غۇلاپ چۈشۈشكە چىدىماي تىركىشىۋاتاتتى. لېكىن، ئاخىر يۆلەنچۈكى بولغان تاش مۇنارنىڭ غۇلىشى بىلەن ھالاكىتىنى ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇزاق زامانلاردىن بۇيان ھەيۋىتىنى نامايىش قىلىپ كەلگەن مۇز چوققا

ئوق يىلتىزى چىرىگەن غايەت زور پور دەرەختەك گۈلدۈر - غاراسلار ئىچىدە سەلتەنىتى بىلەن خوشلاشتى. قۇياش نۇرلۇق جامالىنى زامانلاردىن بۇيان زىمىستان قاپلىغان قىسىقتا كۆرسەتتى.

تاغ يىمىرىلىشتىن ھاسىل بولغان چاڭ - توزانلار ئاستا - ئاستا تارقاپ ئەتراپ روشەنلىشىشكە باشلىدى. يېرىمى قىسىقتا، يېرىمى قىسىقنىڭ ئارقا تەرىپىگە غۇلىغان مۇز تاغ كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا ئېرىپ، سانسىزلىغان ئەگىز ئېقىنلىرىنى ھاسىل قىلدى. مەڭگۈ شۇ پېتى تۇرىدىغاندەك تۇيغۇ بېرىدىغان بۇ مۇز تاغنىڭ بىردىنلا غۇلاپ چۈشۈشى ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى. ئەمدى قەھرىتان سوغۇقنىڭ ھەيۋىسىمۇ سۇنۇپ، ئىللىق قۇياش نۇرىدا قار - مۇزلار ئېرىپ، گىدەيگەن مۇز تاغلار پەسىيىشكە باشلىدى. تاشگۈل قايتىش يولىنىڭ ئېچىلغانلىقىدىن ھاياجانلىنىپ سەكرەپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا، تىك چوققا ئاستىدا سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈۋاتقان پالۋان، ھەسەت ئوتىدا يېنىپ، تىك چوققىغا يامىشىشنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان قارا تەنلىك ۋە غاردا تۈگۈلۈك ئادەمنىڭ قولىغا چۈشۈپ كەتكەن ئەنجۈر دەرىخى نامايان بولماقتا ئىدى.



# قايتىش

مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن قىسىق بارا - بارا غايەت زور كۆلگە ئاي-لىنىۋاتاتتى . تاشگۈل مۇز تاغنىڭ ئەسلىدە تاش مۇنار ئۈستىگە قونۇۋالغان قاتمۇقات مۇز تىزمىسى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى . مانا ئەمدى ئۇ ئېرىپ كىچىكلەۋاتاتتى ، ئۇنىڭدىن هاسىل بولغان سۇلار يىغىلىپ ، تاغلارنى ئۆ-رۈۋەتكۈدەك تاشقىن پەيدا قىلىۋاتاتتى . قار - مۇزلارنىڭ ئورنىنى سۇ - پاتقاقلار ئىگىلىگەن بولۇپ ، تاشگۈل « هەمراهلىرى » بىلەن تاغنىڭ يو-تىلىرىدىن مېڭىپ ئۆڭكۈرگە ئۇلىشىۋالدى ...

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ پاتقاقلارمۇ قۇرۇدى . تاشگۈل ئەمدى ئىلگىرىكىدەك قار - مۇزلارنى ئەمەس ، بەلكى قۇياش سۆيگەن هەقىقىي ئىللىق زېمىننى كۆرۈۋاتاتتى هەم بىمالال دەسسەپ مېڭىۋاتاتتى . ئۇ كۆك بىلەن بوي تالاشقان تىك چوققىغا سىنچىلاپ قاراپ قانداقتۇر بىر قارا توچكىنى كۆردى . « هە ، ئەمدى بىلدىم ! — دېدى ، ئۇ گۆهەر تېپىۋالغاندەك هاياجانلىنىپ ، — مەن چۈشۈپ كەتكەن غار ئېغىزى شۇ-كەن ! » ئۇ ئاچچىقۇچلۇق پەيتتە بۈركۈتنى پايدىلىنىش قارارىغا كەلدى - دە ، بۈركۈتنىڭ پۇتىنى تۇتۇپ ئېگىزگە كۆتۈرۈلدى .

بۈركۈت تىك چوققىنىڭ يېرىمىغا بارغاندا ، تاشگۈل كۆرسەتكەن كوزىرنىڭ ئەكسىچە ، تاياق ئۇچىدا تېپىرلاپ تۇرغان توشقانغا ئىنتىلمەي ، ئۆزى خالىغان تەرەپكە ئۇچتى ، بەلكى كۈتۈلمىگەندە پەسلەشكە باشلىدى . تاشگۈل بۈركۈتنى ئۇچۇشقا مەجبۇرلىغان بولسىمۇ ، ئۇ هالىدىن كېتىۋاتقاچقا ، قاتتىق سىلكىنىپ خۇي كۆرسەتتى ، شۇنداقتىمۇ تاشگۈل ئۇنىڭغا بېسىم قىلىۋەردى . ئاچچىقى كەلگەن بۈركۈت تاشگۈلنىڭ بېشىنى

بىر چوقۇپ تېرىسىنى يۇلۇۋالدى. بۇ ھالدا تاشگۈل بۈركۈتنىڭ ئۆلجىسى سۈپىتىدە زۇۋان سۈرمەي تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. يارا ئېغىزىدىن سىرغىغان قانلار يۈز - كۆزىگە چۈشۈشكە باشلىدى. بۈركۈت بۇنىڭدىن ئارتۇق ئەسكىلىك قىلغان تەقدىردىمۇ تاشگۈل يەنىلا چىشىنى چىشىغا بېسىپ تۇرۇۋەرگەن بولاتتى. چۈنكى، ئۇ ئىگىسىنى ئالدىغان مۇشۇنداق قۇشلار ئالدىدا سەۋر - تاقەت بىلەن غالىبلىق ئۆتكىلىنىڭ ئاچچىق سىناقلىرىغا بەرداشلىق بېرىش مىجەزىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۈركۈتكە ئەمەس، بەلكى تەۋەككۈلچىلىك دۇلدۇلىنىڭ ئۈستىگە مىنىپ كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.

بۈركۈت خۇيىدىن تېخىچە يانمىدى. تاشگۈل مۇئامىلىسىنى دەرھال ياخشىلىدى. شۇنداقتىمۇ بۈركۈت چاڭگال سېلىشقا ئۇرۇنۇۋىدى، تاشگۈل جىددىي مۇداپىئەلەندى. ئىككىسى كۆك قەرىدە بىر قەپەس ئېلىشتى. تاشگۈل ئىچىدە ئېغىر خۇرسىناتتى. ئاڭغىچە ئۇلار پەسرەك بىر تاغقا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. تاشگۈل پۇتى تاغقا تېگىشى ھامان بۈركۈتنىڭ پۇتىنى تۇتقان قولىنى قويۇۋەتتى - دە، تاغقا سەكرىۋالدى. بۈركۈت بولسا ئۇچقىنىچە ئۆڭكۈر ئەتراپىنى 2 — 3 ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

تاشگۈلنىڭ بۈركۈت جاراھەتلەندۈرگەن بېشىدىن تېخىچە قان چىقىۋاتاتتى. قانلارنىڭ بىر قىسمى ماڭلايلار ئارقىلىق تۆۋەنگە سىرغىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايى تاتىرىشقا، جاراھىتى پىچاق تىققاندىن بەتتەر ئاغرىشقا باشلىدى. ئەمما، روھىي كەيپىياتى يەنىلا ئاۋۋالقىدەك كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. پىكىر - خىيالى بۈركۈت كەتكەن تەرەپكە مەركەزلەشكەن بولۇپ، «ھەمراھ»ىنى قولدىن چىقىرىپ قويغىنىغا ئېچى ئېچىشىۋاتاتتى. شۇڭا، بۈركۈتنى ئويلىغانسېرى زەھەر يۇتقان يىلاندەك تولغىناتتى. تۇرۇپلا جېنىنىڭ بارىچە ۋارقىرىغۇسى كېلەتتى. ھەرقانداق قىلغان بىلەنمۇ ھېچبىر نەتىجە چىقمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ قاقشايتتى. چۈنكى، ھە دېسە بۈركۈتنى تەربىيىلەش جەريانىدا تارتقان رىيازەتلىرى كۆز ئالدىغا

كېلىۋېلىپ ئاراملىق بەرمەيتتى. شۇ تاپتا، بۈركۈت چوقۇپ جاراھەتلەندۈرگەن بېشى ئەمەس، داغدا قالغان يۈرىكى ئاغرىۋاتاتتى.

تاشگۈل بۈركۈت كەتكەن تەرەپكە قارىغان پېتى قانچىلىك تۇرغىنىنى بىلمەيتتى. ئەمما، بۈركۈت قايتىپ كەلمىدى ھەم قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. بۈركۈت بىلەن بەك ئىچىكىپ كەتكەچكىمۇ، يوقىلىپ كەتكىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەيتتى، بەلكى ھېلىلا پەيدا بولىدىغاندەك ھېس قىلاتتى. كۆڭلىدە: «ئۇ ئۇلجا تۇتقىلى كەتتى. چوقۇم قايتىپ كېلىدۇ. ئانىسىغا ھەرگىز ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ، ياشلىقتىكى مېجەزىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ» دەيتتى. ۋاقىت تېز ئۆتۈۋاتاتتى. تاغلارمۇ تاشگۈلگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك ئېغىر سۈكۈت ئىلكىدە ئىدى. تاشگۈل چىڭراق نەپەسلىنىشكىمۇ جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى. ئەمما، جىمجىتلىققا خاتىمە بېرىدىغان بۈركۈتتىن شەپە يوق ئىدى. تاشگۈل ئاخىر ئادىتى بويىچە ئىسقىرتىپ جىملىقنى بۇزدى، تاغلار جور بولۇپ ئەكس سادا قايتۇردى. شۇ تاپتا ئىسقىرت ئاۋازىنى تاغۇتاشلار بىر - بىرىگە يەتكۈزۈپ، دۇنيانىڭ چېتىگىچە تارقاتقاندۇ! بۇنى بۈركۈتمۇ ئاڭلىغاندۇ!

تاشگۈل بۇ كۆڭۈلسىزلىكتىن سىقىلىپ تېرە چاپىنىنىڭ بوغقۇچلىرىنى يېشۋەتتى، قەپەسكە سولانغان شىردەك ئۇياق - بۇياققا توختاۋسىز ماڭدى، ئۇ بىر دائىرىدە ئايلىنىۋېرىپ قانچىلىك مۇساپىنى باسقىنىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بۈركۈتنى باشقىنى ئويلىمايتتى. ئۇ كۆككە قاراۋېرىپ ئۆزى چۈشۈپ كەتكەن غار ئېغىزىنى قايتا كۆرۈش بىلەن نىجاتلىققا ئېرىشكەندەك خۇشاللاندى. غار ئېغىزى ئۇنى چاقىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئارقىدىن غار ئېغىزىدا پالۋان بىلەن قارا تەنلىكنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنى تۇتقىنىچە ۋارقىرىشىپ تۇرغىنىنى كۆردى. ئۇلارمۇ ئۇنى كۆرگەنمىكىن، قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. ئۇ قولنى ئۆزىتتۇيدى، ئۇلار ھەم قوللىرىنى سوزۇشتى، ئارىلىق شۇنچىلىك يېقىندەكلا بىلىنىپ كەتتى. ئەمما، ھەرقانچە قىلغان بىلەنمۇ بىر - بىرىنىڭ قوللىرىنى تۇتۇشالمىدى...

تاشگۈل يەنە بۈركۈتنى ئويلاپ ئاھ ئۇرۇپ كەتتى: «ئى

بۆركۆت ، قانىتىڭنى سوزساڭ ھەرقانداق يەرگە يېتەتتى ، سەن زادى قە-
يەردە ؟ » تاشگۈل كۆككە قولىنى سوزغىنىچە شۇنداق ئىلتىجا قىلماقتا
ئىدى . ئۇ دەم قايناپ ، دەم سوۋۇيتتى ، قايىنىغاندا تەشنالىقى كۈچىيەتتى ،
سوۋۇغاندا ھالسىزلىنىپ قەلبىنى ئىزھارلاشقا قۇربى يەتمەيتتى . بۆركۆت
كەتكەن تەرەپكە قارىغىنىسېرى كۆز گۆھىرى ئېقىپ كېتىۋاتقاندەك بىلى-
نىپ ، ئازابلىق ئىچكى تۇيغۇلىرى چىرايىدا ئەكس ئېتەتتى .

تاشگۈل بۆركۆتنىڭ كۆزىدىن ئۇچۇپ كەتكىنىگە ئۈچ كۈن بولغانلىقىنى ھېسابلاپ كۆڭلى يېرىم بولۇپ تۇرغاندا ، ھاڭگا باتۇر ئالەمنى مالەم قىلىپ ھاڭرىغىنىچە يېتىپ كەلدى . ئېغىر كۈنلەردە تېپىشىپ ئۆزئارا يار - يۆلەك بولغان ھاڭگا باتۇر جۇدالىق ئەلىمىگە پاتقاندەك كۆرۈنەتتى . گەرچە ئۇ ھايۋان بولسىمۇ ، تاشگۈلگە بۆلەكچە ئىچىنىپ كەتكەچكە ، ئېسىدىن چىقارمىغان ئىدى . تاشگۈلنى كۆرۈپلا قىنىغا سىغمايۋاتقاندەك تاغۇتاشلارنى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ ھاڭراپ كېتىشى بۇنىڭ دەلىلى ئىدى . بىراق ، تاشگۈلنىڭ ۋۇجۇدىنى بۆركۆت ئەسىر قىلىۋالغاچقا ، شۇنچە جاراڭلىق ئاۋازمۇ قۇلىقىغا كىرمىدى ، بەلكى ئۇ شۇ تاپتا قورسىقىنىڭ ئاچ ياكى توقلۇقىنىمۇ خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى ، توپتوغرا ئۈچ كېچە - كۈندۈزنى ئاغزىغا گىياھ سالماي كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزگەن ئىدى .

تاشگۈل بىر جايدا قىمىرلىماي ئولتۇراتتى ، بۇ ھالنى كۆرگەن كىشى ئۇنى تاغنىڭ ئادەم گەۋدىسىگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان قورام تېشى دەپ قالاتتى . ئۇ ھەرقانچە ئۆزىنى ئۇنتۇغان بولسىمۇ ، ھاڭگا باتۇر پۇراش سېزىمىغا تايىنىپ ئۇنىڭ ھىدىنى ئالدى ۋە تونۇپ ئەتراپىدا ئايلاندى . ئاندىن تاغقا چىقىشقا تەمشەلدى . ھاڭگا باتۇردا گەرچە بۆركۆتنىكىدەك قانات بولمىسىمۇ ، قاۋۇل تۆت تۇياق بار ئىدى . ئۇ ئالدى ئىككى پۇتىنى كۆتۈرۈپ ئۆرىدەپ تاغنى كەينى - كەينىدىن تەپكەن ئىدى ، تاغ بۇ تېپىكلەر زەربىدىن سىلكىنىپ كەتتى .

« قاراس - قۇرۇس » قىلغان ئاۋازدىن ئېسىنى تاپقان تاشگۈل قاراپلا ھاڭگا باتۇرنى كۆردى . ھاڭگا باتۇر ئۆزىنى ھەرياققا ئۇرۇپ

ئاچچىقىنى چىقىرىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاشگۈل ھاڭگا باتۇرنىڭ ئىچ كۆيەرلىكىنى كۆرگىنىدە چىداشقا تاقىتى قالمىدى. بۇركۇتنىڭ خۇي چىقىرىپ زەخمىلەندۇرۇشى، ئەمدى كېلىپ ھاڭگا باتۇرنىڭ «جان قىقىشى» تاشگۈلنى جاھاندا بار ـ يوقنىڭ ئارىلىقىدا قىلىۋەتتى.

ھاڭگا باتۇر ئۇيان ـ بۇيان قاراپ بۇركۇتنى كۆرمىگەندىن كېيىن، تاشگۈلنىڭ بۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى بىلگەندەك قولىقىنى ئەلەم، قۇيرۇقىنى قەلەم قىلغىنىچە «ھاڭ ـ ھاڭ ...» ھاڭراپ چېپىپ بۇ يەردىن ئايرىلماقچى بولدى. تاشگۈل «ئەمدى ئۇنىڭدىنمۇ ئايرىلىپ قالماي» دېگەن ئويغا كېلىپ قوللىرىنى سوزغىنىچە كەينىدىن يۈگۈردى. ھاڭگا باتۇر بىردەمدە كۆز يېتىم يىراقلىشىپ، غايىب بولۇش ئالدىدا تۇراتتى.

تاشگۈل ئېسىنى يىغىپ ئويلاپ قالدى: «بۇركۇتنى سىناپ كۆرۈۋاتقىنىمدا نېمىدەپ خۇي چىقىرىدۇ؟ توغرا، ئۇ مېنى كۆتۈرەلمىگەن، شۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتمىسەم بوپتىكەن! قايتىشىنىلا ئويلاپ، ئۇنىڭ ھالى بىلەن كارىم بولماپتۇ. ئۇ قۇشلار ئىچىدىكى ئەڭ قاۋۇل ھەم ئەقىللىق قۇش، ئۆتكۈر سېزىمچانلىقى ئىگە، قانداقتۇر نەگە ھەيدىسە كېتىۋېرىدىغان دۆت ھايۋان ئەمەس. گېزى كەلگەندە خېلى ـ خېلى ئادەملەرمۇ ئۇنىڭغا يېتەلمەيدۇ!...» ئۇ بىر ئولتۇرغان جايىدا توپتوغرا بەش كۈن ئولتۇردى، لەۋلىرى قۇرۇپ كاۋا چېچىكىدەك ئۆرۈلۈپ كەتتى، بىر تېرە، بىر سۆڭەككە ئايلاندى، رەڭگى قارىيىپ تونۇغۇسىز بولۇپ قالدى. شۇنداقتىمۇ نۇرلۇق كۆزلىرى ئۈمىدۋارلىقتىن دېرەك بېرەتتى. چۈنكى، ئۇ ئويلىغانلىرىنى ئىشقا ئاشۇرمىسا ئۇنىمايدىغان جاھىل مىجەزگە ئىگە ئىدى. «بۇركۇت كەلگۈچە يەنە ئورۇقلاپ يەڭگىللەيمەن، ئاندىن بۇركۇتنىڭ مېنى كۆتۈرمىكى ئاسان بولىدۇ» دېگەنلەرنى ئويلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ قۇلىقىغا بىردىنلا بەكمۇ يىراقتا ھاڭراۋاتقان ھاڭگا باتۇرنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، تاغ قىرىغا تىكىلىپ قۇلاق سېلىۋىدى، ئاۋاز روشەنلەشتى. كۆپ ئۆتمەي

دوگـغـۇل يولدا قويۇق چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى. بۇنىڭغا ئۇلىشىپلا بۇر-كۇتنىڭ كۆك يېرىپ كېلىۋاتقانلىقى نامايان بولدى.

تـاشـگـۇل هاياجىنىنى باسالماي بىردە جىلغىغا، يەنە بىردە كۆككە قـاراپ، پـەستە هاڭگا باتۇرنىڭ زېمىننى تىترىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى، ئاسـمـانـدا بـۇركۇتنىڭ كۆكتىن ئاستا ئەگىۋاتقىنىنى كۆردى. خۇشاللىقىدىن قـىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقان تاشگۇلنىڭ ۋۇجۇدىنى قانداقتۇر بىر خىل ئـىـلـلـىـق ئېقىم چۇلغىۋالدى. ئۇ ئۆزىنى كونترول قىلالمىغۇدەك هاياجانغا چۆمگەن ئىدى. كۆز ئالدى « ۋاللىدە » يورۇپ، ئۆزىمۇ بىلمەي، خۇددى ئانـا ئومـاق بـالـىـلـىرىغا قۇچاق ئاچقاندەك « هەمراه »لىرىغا باغرىنى كەڭ يـايـدى. ئۇ ئۇلارنـى « مـەرهابا، قەدىردانلىرىم! » دەپ باغرىغا باسماقچى بولۇۋاتاتتى. تاشگۇلنىڭ تەلمۈرۈشلىرىدىن هەممىنى چۈشەنگەن بۇركۇت ئۆگـكـۈردە ئەتـلـىـمـە گـۆش ۋاقـتىدا تۇنجى كۆرگەندىكىدەك كىسلداپ سـايـراپ « ئەپۇ » سـورىـدى، يـېـقـىـنلاشـقانسېرى ئۇمىدلىك بېقىشلىرى ئارقىلىق تاشگۇلنىڭ يۈرىكىنى ئېرىتتى. ئۇنىڭ ئانىسىنى ئۇزاق يىل كۆر-مـىـگـەن بـالـىلاردەك قـىـلـىـقـلـىـرى تـاشـگۇلنى يەنە بىر قېتىم هاياجانغا چۆمـدۈردى. ئۇ: « تـوت سەر گۆشۈك مېنىڭ تېنىمدە، قېرىندىشىمنىڭ گـۆشـى بولسا سېنىڭ تېنىڭدە. بىز ئەنە شۇنداق يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن! » دەۋاتقاندەك قىلاتتى.

بـۇركـۇت تـاشـگۇلنىڭ ئالدىغىلا قوندى. تاشگۇل قۇچىقىنى كەڭ يـايـغـىـنـىـچـە بـېـرىـپ: « كەل، بالام! » دەپ باغرىغا باستى، بۇركۇتمۇ جـاۋابەن يېقىملىق كىسلداپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇ: «ئاھ، دەردمەن ئانام!» دەۋاتـقـاندەك قىلاتتى. تاشگۇل ئۇنىڭ هەممە يېرىنى ئالا قويماي سۆيدى، هـىـدلاپ پـۇرىدى، كۆز ياشلىرى بىلەن قانات ـ پەيلىرىنى هۆللىدى. شۇ تـاپـتـا تـاشگۇلنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مېهرى قارنىنى يېرىپ چىققان بالىسىغا كـۆرسـەتكەن مېهرىبانلىقىدىن نەچچە هەسسە ئېشىپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ ئاچلىقتىن ئۆلۈپ قالايلا دېگەن بۇ بۇركۇت پۇشتىنى ئۆز پاچىقىدىن گۆش كـېـسـىـپ يېگۈزۈش ئارقىلىق قۇتقۇزۇپ قالغان، بالىسىنى كۆتۈرگەندەك

كۆتۈرۈپ يۈرۈپ باققان، ئاغزىغا گۆش سېلىپ چوڭ قىلغان، ئۇلارنىڭ ئانا - بالىلىق مېھرى ۋە قانداشلىقى ئەنە شۇنداق شەكىللەنگەن ئىدى.

تاشگۈل بۈركۈتنىڭ جۈدەپ قالغىنىنى سەزدى، قارىغاندا ئۇ تاشگۈلدىن ئايرىلغاندىن بېرى بىرنەرسە يېمىگەندەك قىلاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ تارتقان تالاپەتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ ئىچى ئېچىشىپ كەتتى. ئۇمۇ تاشگۈلدىن يەيدىغان نەرسە تەلەپ قىلغاندەك قوللىرىنى چوقۇلىدى، دولىسىغا توشقان باغلاپ قويدىمىكىن دەپ بويۇنداپ قارىدى. قاناتلىق يىرتقۇچ قاناتسىز ئادەمدىن ئولجا تەمە قىلىۋاتىدۇ دېسە كىم ئىشىنىدۇ؟ ئەمما ئۇ مۇشۇ كەمگىچە مۇستەقىل ئولجا ئېلىپ باقمىغان، تەييارنى يەپ چوڭ بولغان ئىدى.

بايىدىن بېرى بۈركۈت بىلەنلا بولۇپ كەتكەن تاشگۈل بىردىنلا ھاڭگا باتۇرنىڭ «قېيىداپ» كەتكەنلىكىنى ئەمدى بىلدى - دە، بۈركۈتنى ئېلىپ تاغدىن چۈشتى. ئەمما، ھاڭگا باتۇر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. ھارۋا بولسا بىر چەتتە تاشلىنىپ تۇراتتى. تاشگۈل ھاڭگا باتۇرنىڭ ھاڭرىغىنىچە بىر ياقتىن كېلىپ قېلىشىدىن ئۈمىد كۈتتى، ئەمما خېلى بىر چاغقىچە ساقلىغان بولسىمۇ كەلمىدى. ھاڭگا باتۇر گەرچە تاشگۈلنىڭ قايتىش سەپىرىدە ئانچە چوڭ رول ئوينىمىسىمۇ، تاش مۇنارنى غۇلىتىشتا ئوبدان ئەسقاتقان، مانا ئەمدى شۇنداقلا ئايرىلىپ كېتىشى كۆڭلىنى يېرىم قىلىۋاتاتتى.

تاشگۈل بۇ نۆۋەت بۈركۈتكە ئۆزى قىلتاق قۇرۇپ توشقان تۇتۇپ بەرمەستىن، قېچىپ كېتىۋاتقان توشقاننى تۇتۇشقا دالالەت قىلدى. بۈركۈت قېچىۋاتقان توشقاننى كۆرۈپ كېرىلگەن ھەم ئالدىغا ئۇقچۇغان بولسىمۇ نېمىشقىدۇر تۇتۇشقا جۈرئەت قىلالمىدى. تاشگۈل دەرھال ئۇنى يامان ئۆگىتىپ قويغان سەۋەنلىكىنى ھېس قىلىپ، تۇرلۇك چارە - ئاماللار بىلەن كۆندۈرۈشكە ئېرىشكەندىن باشقا، بىرقانچە كۈن گۆش بەرمىدى. ئاخىر ئاچلىق ئۇنى توشقاننى تۇتۇشقا مەجبۇرلىدى. دېمەك، ئۇ مۇستەقىل ياشاش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرگەن ئىدى. تاشگۈل ئۇنى

مۇشۇ تەرىقىدە ئۇۋغا سىلىپ ، ئۆزىنىڭ ھەم ئۇنىڭ يىمىكىنى ھەل قىلدى . بۇ ئارىلىقتا ھەر ئىككىيلەن ئەتلىنىپ كۈچ - قۇۋۋەتكە تولدى . لىكىن ، تىگىشلىك چىنىقىشنى زادىلا توختاتمىدى . تاشگۈلنى مۇشكۈل سەپەر كۈتۈپ تۇراتتى . تاشگۈلنىڭ تەييارلىقلىرى پۈتۈپ قالدى . ئەمدى بۇ قىسىقتىن قايتىسىلا بولاتتى . بىراق ، تاشگۈل قىسقتا بىر مەزگىل تۇرغانلىقتىن تونۇشلۇق بولۇپ قالغان تۇپراق خىلىلا ئىغىرلاشتۇرۇپ قويغانلىقىنى ھىس قىلدى . ئۇنىڭ ئەس - يادى ھاڭگا باتۇردا ئىدى . «ۋۇجۇدىدىن كۈچ - جاسارەت ئۇرغۇپ تۇرىدىغان قورقۇمسىز جانىۋار شۇ تاپتا نەلەردە يۈرىدىكىن ؟ قىسقتىن قايتىش ئالدىدا ئۇنى بىر كۆرۈۋالسام بولاتتى ! » دەپ ئويلىدى ئۇ ھەمدە بۇ خىل تۇيغۇنىڭ تەسىرىدە ھاڭگا باتۇرغا تارتىشىپ يەنە بىر كىچە قونۇپ قالدى . ئەمما ، ھاڭگا باتۇردىن يەنىلا دىرەك يوق ئىدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ ھاڭگا باتۇر سۆرىگەن ھارۋىغا قانماي - قانماي قارىدى ، بويۇن - يانپاشلىرى تەگكەن جايلارنى سىلىدى . ئىلگىرىكى ئىشلار ئەمدى بىر چۈشكە ئايلانغان ئىدى .

تاڭ ئىتىپ قۇياش خىلى ئۆرلىگەندىمۇ ھاڭگا باتۇردىن دىرەك بولمىغاندىن كىيىن ، جۇدالىقنىڭ مۇئەييەنلەشكەنلىكىگە ئىشەنچ ھاسىل قىلغان تاشگۈل بۆركۈتنىڭ قانات - پەيلىرىنى سىلاپ ، بىشىغا مەڭزىنى يىقىپ بىردەم تۇردى . بۆركۈتنىڭ تىنىمسىز سوقۇۋاتقان يۈرىكى ، قەيسەر تۇرقى تاشگۈلگە غەيرەت - جاسارەت ئاتا قىلدى . ئۇ بىشىنى كۆتۈرۈپ خىلىدىن بۇيان ئۆزلىرىگە ئىللىق ماكاندەك قۇچاق ئىچىپ پاناھىغا ئالغان ئۆڭكۈرگە قانماي ئۇزاقتىن - ئۇزاق قارىدى ، تونۇش قورام تاشلارنى يىنىشلاپ سىلىدى ، ئاندىن ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىغاندەك قەدىمىنى ئىغىر يۆتكەپ ، كۆتۈرۈشكە ئەپسىز بولغان بۆركۈتنى ھارۋىغا ئالدى . ئۇ ھارۋىنى سۆرەپ كىتىۋىتىپ پات - پات كەينىگە قارايتتى . قوينىدىكى توشقان مىدىرلاپ دىققىتىنى بۆلەتتى .

تاشگۈل ئۆزى تاللىۋالغان ئۇچۇش نۇقتىسىغا كەلگەندىن كىيىن ،

كـەيـنـىـگـە قاتىيىپ تىك چوققىغا كۆز تىكتى . گىگانت چوققا ئەتىگەنكى قـۇيـاش نۇرىدا تاۋلىنىپ تۇراتتى . تاشگۈل ئەمدى نەزىرىنى ئەزىم دەرياغا ئاغـدۇردى . دەريا ھەيۋەتلىك ئۆركەشلەپ توسقۇنسىز ئېقىۋاتاتتى . ئەمما ، تاش مۇنار غۇلاش نەتىجىسىدە يەنە بىر ئۇلۇغ ئېقىن شەكىللەنگەن ئىدى . تـاشـگـۈل بـۇر كۇتنى ھارۋىدىن ئالغاندىن كېيىن ، توشقاننى ئالدىنقى قىر- تـىـمدىكىدەك تاياقنىڭ ئۇچىغا چىگدى . تاشگۈلنى شۇ تاپتا بىر تەرەپتىن ئۇچـۇشـقـا ئالدىراۋاتقاندەك ، يەنە بىر تەرەپتىن بىرنەرسىگە تارتىشىۋاتقان- دەك مـۇرەكـكـەپ تـۇيـغـۇ ئـىـلـكـىـگـە ئالـغـان بـولـۇپ ، زادى نـېـمـىـگـە تـارتـىـشىۋاتقانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى . تاشگۈل ئاخىرقى قېتىم ھاڭگا با- تـۇرنـى تـۇنـجـى ئۇچـراتـقـان جـىـلـغـىـغـا تـىكىلدى . ھازىر بۇ جىلغىدا ئـىلگىرىكىدەك ھەممە يەرنى قاپلاپ تۇرغان قېلىن قار ئەمەس ، كىمخابتەك ئوت ـ چـۆپـلـەر يـەلـپـۈنـۈپ تۇراتتى . تاشگۈل مەيۈسلەندى . تاشگۈلنىڭ ھاڭـگـا بـاتۇر ھەققىدىكى ئەسلىمىلىرى تېخى بىر باشقا چىقماي تۇراتتى ، تاغ ئارقىسىدىن قاتتىق تۇياقلىق ھايۋاننىڭ تونۇش ئاياغ تىۋىشى ، ئاندىن ئادەمـلـەرنـىـڭ چـۇقـان ـ سـۈرەنـلـىرى ئاڭلاندى . كۈتۈلمىگەندە ھاڭگا بـاتـۇرنـىـڭ يـەر ـ زېمىننى لەرزىگە كەلتۈرۈپ ھاكىرىشى ھەممىنى بېسىپ كـەتـتـى . تـاشـگـۈل ھاڭـگـا بـاتـۇرنـىـڭ راسـتـىـنـلا كـېلىۋاتقانلىقىنى جـەزمـلـەشـتـۈرۈپ ، گويا بۇ قىسقىتىن قۇتۇلۇپ كەتكەندەكلا خۇشاللىقا چـۆمـدى ۋە تـاقـەتـسـىـزلـىـنـىـپ تاپىنىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە مەنزىلگە بـويـۇنـداپ قـارىـدى . تـۇمىقى چۆكۈرۈپ كىيدۇرۇلگەن بۇر كۇتمۇ تاش- گۈل ئىنتىزار بولۇۋاتقان تەرەپكە ئىنتىلەتتى .

دولقۇنسىمان ئېگىزلەپ بارغان تىلىم ـ تىلىم تاغلار ، ئوت ـ چۆپ يـېـشـىـلـلـىـقـقـا پـۈركـۈگـەن جىلغىلار ، قار ـ مۇزلارنىڭ ئېرىشى بىلەن ئاشـكـارىلانـغان ئۆڭكۈرلەر ئەمدى كۆرۈنمەيتتى . بىراق ، تاغ ئارقىسىدىن ئادەمـلـەرنىڭ تووۋلاشقىنى ، قاتتىق تۇياقلىق ھايۋانلارنىڭ دۈكۈرلەشلىرى ئېنىق ئاڭلىناتتى .

قـار ـ مۇزلارنـىـڭ ئېـرىـشى نەتىجىسىدە كۆلگە ئايلانغان بوغۇزدا

دەسلەپ هاڭگا باتۇر، ئارقىدىن بىر توپ يایاق ئادەملەرنىڭ قارىسى كۆرۈندى. ئۇلار مۇشۇ تەرەپكە كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى. قويۇق قارا سا-قاللىق بۇ ئادەملەرنىڭ كۆز ـ ئېغىزلىرىنى ئاران پەرق ئەتكىلى بولاتتى.

هاڭگا باتۇر يېتىپ كېلىپلا تاشگۈلگە ئۆزىنى سوۋاپ كەتتى، ئارقىدىن خۇددى ئانىسىغا هاللانغان بالىدەك كەينى ـ كەينىدىن هاڭرى-ۋەتتى. تاشگۈلمۇ ئۇنىڭ باش ـ كۆز ۋە ئۇچىسىنى مېھرىبانلارچە سىلاپ قويدى. ئاڭغۇچە ئادەملەر يېتىپ كېلىپ تاشگۈلنىڭ ئەتراپىنى ئو-رىۋالدى. ئۇلارنىڭ قوللىرىدا كالتەك ـ چوماق بولۇپ، تىنىقى تىنىقىغا ئۇلاشمايتتى، توختىماي گاللىرىنى قىقشاتتى.

تاشگۈل سەل هودۇقۇپ سورىدى:

ــ سىلەر نېمە ئادەملەر؟

ــ مۇشۇ قىسقىنىڭ زېمىندارى! ــ جاۋاب بەردى ھەممىسىدىن قاۋۇلراق بىرى ئوتتۇرىغا چىقىپ.

ــ ئۇنداقتا، قىسقىلارنى زىمستانغا تاشلاپ كەتكىنىڭلار نېمىسى؟

ــ ھەي، سۆزلەپ كەلسەك گەپ جىق، ــ ئېغىر خۇرسىنىپ ئېيتتى ھېلىقى ئادەم، ــ بۇ قىسقىنىڭ ئۆتمۈشىنى بوۋىلىرىمىز كۆرگەن، بىز پەقەت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كېلىۋاتقان ساقلانمىلار ( رىۋايەت دېمەكچى ) نىلا بىلىمىز. ھالا مۇشۇ كۈنگىچە مۇز تاغ ئېرىپ قىسقىنىڭ قۇياش نۇرىغا چۆمۈلگىنىنى كۆرۈشكە تەشنا بولۇپ كەلگەن ئىدۇق.

ــ كۆرۈپ تۇرۇپسىلەر، قىسقىلار مانا سىلەر تەشنا بولغان كۈنگە ئېرىشتى. قېنى قولۇڭلارغا ئېلىڭلار! ــ دېدى تاشگۈل تاغ ـ دەريا ۋە كۆكۈلمەيدانىنى كۆرسىتىپ.

ــ قەبىلىڭىز نېمە؟

ــ مەن ...

ــ بولدى، بولدى، سۆزلىمەيلا قويۇڭ، ــ دېدى توپنىڭ ئاتامانى تاشگۈلگە ئىنائەتمەنلىك بىلدۈرۈپ.

شۇئان باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ تەزىم بەجا كەلتۈردى .

تاشگۈل ئۇلارنىڭ ياخشى ئادەملەر ئىكەنلىكىنى جەزم قىلىپ :

— بولىدىغان ئادەملەردەك قىلىسىلەر ، كۆرۈشۈشىمىز مۇشۇ يەر- گىچە بولسۇن ، — دەپ قايتىشقا تەمشىلىۋىدى ، توپنىڭ ئاتامانى دەررۇ ئالدىنى توسۇپ :

— بوۋىلىرىمىزغا « بۇ قىسقىقا هامان بىر مالائىكە چۈشىدۇ ، شۇ كۈنگە ئۇلاشقاندا قىسقىقا مىنىۋالغان ئاپەت كەلمەسكە كېتىدۇ » دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بېشارەت بولغان ئىكەن . قارىغاندا بېشارەتتىكى مالائىكە سىز ئىكەنسىز ! ... — دېدى .

ئاتامان سۆزىنى تۈگىتىپ تاشگۈلنىڭ ئالدىدا قول باغلاپ تۇردى . باشقىلارمۇ ئۇنىڭغا ئەگەشتى .

— ئۇنداق قىلماڭلار ، مەن دېگەن بىر ئاددىي ئادەم ، بەلكىم سىلەرچىلىكمۇ بولماسلىقىم مۇمكىن ، — دېدى تاشگۈل ئۇلارنى قەددىنى رۇسلاشقا دالالەت قىلىپ .

— ئۇنداقتا بەك ياخشى بولدى . سىزمۇ قايتىمەن دېمەي بىزگە باشپاناه بولۇپ بېرىڭ .

— مۇز تاغ قايتىش يولۇمنى توسۇۋالغاچقا ، ئۇنى غۇلىتىۋەتتىم . ئەقىل مەندىن بولغىنى بىلەن كۈچ يەنىلا مۇشۇ زېمىننىڭ .

— سىز خىسلەتلىك ئىنسانكەنسىز .

— ياق ، ئۆز قوۋمىڭلاردىن چوقۇم مېنى بېسىپ چۈشىدىغانلار چىقىدۇ . ئۇ چاغدا مېنىڭ ئارتۇقچە ئادەم ئىكەنلىكىمنى هېس قىلىسىلەر - دە ، قىممىتىمنىڭمۇ تۈگىگەنلىكىنى قۇلىقىمغا پىچىرلايسىلەر . تېخى ۋاقتى كەلگەندە بار ئاۋازىڭلار بىلەن ۋارقىرايسىلەر .

— ئادەمنىڭ قىممىتى ئۆزىنى بىلىشتە ئىكەن - دە !

— خالىساڭلار سىلەرگە بىر هېكمەتلىك رەسىم سىزىپ بېرەي .

ئۇلارنىڭ ئاتامانى رەڭ - دۇۋەت ئەكەلدۈردى . تاشگۈل ئاپئاق تېرىگە بىر ئادەمنىڭ ئوچاققا ئوتنى ناهايىتى ئۇلۇغ قالاۋاتقانلىقى ، قازان

قايناپ تېشىپ ئوتنى ئۆچۈرۈپ كۆلگە ئايلاندۇرۇپ قويغانلىقىدىن ئىبارەت ئىككى چاتما رەسىمنى سىزدى. ھەممىسى رەسىمگە تىكىلىپ قارىشىپ، بىر - بىرىگە پىچىرلاشتى. تاشگۈل رەسىمنى ئۇلارنىڭ ئاتامانىغا بەردى. ئاتامان رەسىمنى قولىغا ئېلىپ، كۆڭلىگە بىر ئىشلارنى پۈككەندەك ئۆز - ئۆزىگە: «بۇ رەسىمنى چوقۇم ئۇلارنىڭ قولىغا تەگكۈزىمەن!» دەپ پىچىرلىدى.

ئۇلار ئوتتۇرىسىدا بىرپەس جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈردى. تاشگۈل ھاڭگا باتۇرنىڭ ئۈچىسىنى ئاخىرقى قېتىم سىلىدى. توپ ئاتامانى بىردىنلا تاشگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن قايتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشەنگەندەك بولدى. تاشگۈل قەبىلە باشلىقىغا ھاڭگا باتۇرغا مىنىشنى ئۆگىتىپ قويدى.

تاشگۈل تەييارلىنىپ بولغاندا، قەبىلە باشلىقى بۆركۈتنىڭ تۇمىقىنى ئېلىۋەتتى. بۆركۈت تاشگۈلنىڭ قولىدىكى تاياقتا ماتالغان توشقاننى كۆرۈپ ئادىتى بويىچە ئېتىلىشقا تەمشەلگەندە، تاشگۈل بىر يۆنىلىشكە قاراپ جان - جەھلى بىلەن يۈگۈردى. قەبىلە باشلىقى قولىدىكى توختىماي يۇلقۇنۇۋاتقان بۆركۈتنى قويۇۋەتتى. بۆركۈت قانىتىنى كەرگىنىچە 4 — 5 قەدەم يۈگۈرگەندىن كېيىن كۆتۈرۈلدى - دە، تاشگۈلنىڭ دولىسىنى مەھكەم قارمىۋالدى. بۆركۈتنىڭ ئاستا - ئاستا ئۆرلىشىگە ئەگىشىپ، تاشگۈلنىڭ پۇتىمۇ يەردىن كۆتۈرۈلدى. ئۇ بىر قولىدا بۆركۈتنىڭ پۇتىنى چىڭ تۇتقان بولۇپ، يەنە بىر قولىدا توشقان ماتالغان تاياقنى دەم ئېگىز كۆتۈرۈپ، دەم ئىككى يانغا قىيسايتىپ، بۆركۈتنىڭ ئۇچۇش يۆنىلىشىنى بەلگىلىمەكتە ئىدى.

تۇيۇقسىز ئاسمان سەتھىدە چاقماق چاققاندەك ئاۋاز پەيدا بولۇپ، ئارقىدىنلا «قارا بوران»نىڭ شەپىسى كەلدى. تاشگۈل كۆك يۈزىنى كۆزىتىپ، بىر ئەنقانىڭ كۆك قەرىدىن ئۆزلىرى تەرەپكە بوراندەك چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئەنقا پۇتلىرىنى «شاپ - شاپ» چىقىرىۋاتاتتى. ئىشنىڭ خەتەرلىكلىكىنى پەملىگەن تاشگۈل جىددىيلەشتى. ئۇ

ئىلگىرى يەردە ئۇۋچىلىق قىلغان بولسا، مانا ئەمدى كۆك قەرىدە «ئوۋچىلىق قىلىش»قا توغرا كېلىۋاتاتتى. تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلار چۇرقىرىشاتتى، قوللىرىدىكى كالتەك ـ چوماقلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئۇياقتىن ـ بۇياققا يۈگۈرۈشەتتى. ھەممىدىن بەك تۇرالماي قالغىنى ھاڭگا باتۇر بولدى. ئۇ قوللىرىنى دىڭگايتقىنىچە ئاسمانغا قاراپ، دەم تاغ تەرەپكە، دەم دەريا ساھىلىغا يۈگۈرەيتتى، «ھاك ـ ھاك» ھاڭرىغىنىچە چىچاڭشىپ، كەينى ئىككى پۇتى بىلەن ھاۋانى تېپەتتى. نېمشقىدۇر شۇ ئەسنادا ئەنقا ئۇلارغا زەخمە قىلماي قايتىپ كەتتى. تاشگۈلنىڭ يۈرىكى ئىزىغا چۈشنى، تۆۋەندە قاراپ تۇرغانلارمۇ خاتىرجەم بولۇشتى. بۈركۈت بىلەن تاشگۈل قەددىنى رۇسلاپ ئۇچۇشنى داۋام قىلدى. ئۇلار بارا ـ بارا كۆك قەرىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى.

قەبىلە باشلىقى قوۋملىرى بىلەن تاكى ئۇلارنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇردى. ھاڭگا باتۇرمۇ شەپقەتچىسىدىن ئايرىلىپ قالغىنىغا چىدىماي ۋاتقاندەك مۆڭگەكلەپ يۈرەتتى. قەبىلە باشلىقىنىڭ تاشگۈلگە بولغان بايىقى قايىللىقى تېخىمۇ كۈچىيىپ، قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئېلىۋاتاتتى.

تاشگۈل پەرۋاز قىلىپ كېتىۋېتىپ، تۆۋەنگە ئاخىرقى قېتىم قارىغاندا، قەبىلە باشلىقىنىڭ ئورنىدا شۇ زامانغا يارىشا قوراللانغان ئاتلىق سەركەردە تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بىرنېمىلەرنى دەۋاتاتتى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن يالمان، قىلىچلىق نەيزىلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشكىنىچە «ھۇررا!» دەپ ئاتلىق چاپماقتا ئىدى.

بۈركۈت ئۇچۇپ ـ ئۇچۇپ غار ئېغىزىغا يېقىنلىدى، غارنى ئۆزى چوڭ بولغان ئۆڭكۈرگە ئوخشاتقان بولسىمۇ دەماللىققا كىرىپ كەتمەي، ئەتراپنى ئىككى ئايلىنىۋېتىپ، تاشگۈلنى سالامەت غارغا ئېلىپ چىقتى. بۈركۈت غوۋا يورۇقتا چوڭ ـ چوڭ تىنماقتا ئىدى. تاشگۈل ئامان ـ ئېسەن چىقىۋالغىنىغا قەۋەتلا خۇش بولدى. ئۇ سۆيۈنگىنىدىن بۈركۈتنىڭ بېشىنى سىلاپ، بىرقانچىنى سۆيۈۋەتتى.

كۆتۈلمىگەندە غارنى لەرزىگە سالغان ۋەھىملىك ئاۋاز تاشگۈلنى چۆچۈتۈۋەتتى :

— ھاھ ... ھاھ ... ھا ! ... — تاشگۈلمۇ ، بۈركۈتمۇ تەڭلا ئاۋاز كېلىۋاتقان تەرەپكە قارىدى ، — تاشگۈل ، غاردىن چۈشۈپ كەتكىنىڭدە بىر يىلدا چىقساڭ بىر يىل ، 10 يىلدا چىقساڭ 10 يىل ، تاكى سەن چىققۇچە ساقلايمەن دېمىگەنمىدىم . مانا ئەمدى يەنە قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟

تۈكلۈك ئادەمنىڭ شۇملۇق ، سۇيىقەست ، تەييارتاپلىق بىلەن ئۆتكۈزگەن كۈنلىرى ئۇنى بىردەممۇ خاتىرجەم قىلماي ، يىرگىنچلىك بەدىنىنى تېخىمۇ كۆپ تۈككە باستۇرۇپ ، بىر بەتبەشىرىنى ئىككى قىلىۋەتكەن ئىدى . ئۆسۈپ كەتكەن ساقال - بۇرۇتلار ئارىسىدىكى يۈز - كۆز ، ئاغزىنى پەرق ئەتكىلى بولمايتتى . قېرىغىنىدىن مۈكچىيىپ قالغان ئىدى . يەتكۈچە رىيازەت چەكسىمۇ ۋاقتنى ئەلگە ياخشىلىق كەلتۈرۈش غېمىدە ئۆتكۈزگەن تاشگۈلنىڭ بەكمۇ يادائغۇ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى .

تاشگۈل تۈكلۈك ئادەم قول سالغۇچە ، تاياقتا ماتالغان توشقاننى يېشىپ بۈركۈتكە بەردى . بۈركۈت توشقاننى چاڭگاللاپ ئالغاندىن كېيىن ، ئادەتتى بويىچە تاشگۈلنىڭ دولىسىغا قونۇپ ياكى قۇچىقىدا قويۇپ يېمەكچى بولۇۋاتقاندا ، تاشگۈل ئىشارەت ئارقىلىق قايتىشقا دالالەت قىلدى . بۈركۈت ئۇنىڭ مەقستىنى چۈشەنمىدىمۇ ياكى ئايرىلىشقا كۆزى قىيمىدىمۇ قوزغالماي تۇرۇۋەردى .

شۇ چاغدا تاشگۈل :

— ئەمدى ھەقىقىي تەبىئەت قوينىغا قايتقىن - دە ، مەڭگۈ ئەركىن پەرۋاز قىلغىن ! — دەپلا بۈركۈتنى پەسكە ئىتتىرىپ چۈشۈرۈۋەتتى . بۈركۈت غار ئېغىزىنى 2 — 3 ئايلىنىپ ، تۆۋەنگە بوراندەك چۈشۈپ كەتتى .

— ھاھ ... ھا ! ... قولۇمغا چۈشتۈڭمۇ ؟ ئەمدى قاچقىنىڭنى بىر كۆرەي ! ...

تۇكلۇك ئادەم شۇنداق دەپ ئارىدەك قوللىرىنى سوزۇۋىدى ، تاشگۈل غەزەپتىن يېرىلغۇدەك بولۇپ :

— تارت قولۇڭنى ، پاسىق سۆڭەك ! — دەپ ۋارقىرىدى . بۇ ، ئۇنىڭ بىراۋنى تۇنجى قېتىم تىللىشى ئىدى .

— ساڭا نىجاتلىق بېرەي دېدىم شۇ . تېخى ئارزۇيۇڭغا يەتكۈزۈش نىيىتىدىمەن .

— ھەر ئادەمنىڭ ئارزۇسى ئۆز ئىقلىمىغا ماس كېلىشى كېرەك 95

— ئالدىمدا تۇرغان ئىكەنسەن ، ئىلكىمدىكى ئادەمسەن !

— سەندىن رەنجىمەيمەن ، بەلكى رەنجىشىڭ ئورنىغا ئېلىشىمەن .

— نېمىشقا ؟

— سەۋەبى ، مەن ھايات رىقابىتىنى چۈشىنىمەن .

— قانداق چۈشىنىسەن ؟

— ھەرقانداق ھاياتلىق ئىمكانىيەت تاپالىسىلا ئۆز بەختى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر ھاياتلىقنى يېۋەتسەم دەيدۇ . بىراق ، سەن مېنى يېۋېتەلمەيسەن !

— ئالدىمدا تولا گەپدانلىق قىلما ، قارىغاندا كەلگۈسى ئېرىڭنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىر كۆرۈپ قويمىساڭ بولمىغۇدەك !

تۇكلۇك ئادەم شۇنداق دېگىنىچە تاشگۈلگە ئېتىلدى . ئۇ تاشگۈلنى بىر مۇشت بىلەنلا تۇسىراتماقچى بولۇۋىدى ، تاشگۈل چاققان كېلىپ يانغا ئۆتىۋالدى . ئۇنىڭ مۇشتى غارنىڭ تېمىغا تېگىشى بىلەن قورام تاش ئارىلىقىدىن ئوت چاقناپ كەتتى ۋە قازان تۈۋىقىدەك بىر تاش قومۇرۇلۇپ چىقتى . ئۇ زەربىسىنىڭ بىكارغا كەتكىنىدىن قاتتىق جىلە بولۇپ ، تاشگۈلنى بوغۇشقا قاپسىدى . تاشگۈل بىرلا سەكرەپ ئۇنىڭ گېلىنى سىقتى ، لېكىن ئۇنىڭ تۈۋرۈكتەك بويىنىغا قولىنىڭ كۈچى يەتمىگەن بولسىمۇ ، كۈچلۈك بارماقلىرى كانىيىغا بۇركۈتنىڭ تىرناقلىرىدەك كىرىپ كەتتى . ئۇنى قورۇق قول بىلەن بويسۇندۇرۇشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلىپ يەتكەن تاشگۈل تۈيدۈرماستىن پىچىقىنى ئېلىۋاتقاندا ، ئۇ سېزىپ قېلىپ ئۇرۇپ

چۈشىۋرۈۋەتتى ، ئاندىن تاشگۈلنى 5 ـــ 6 قەدەم نېرىغا تاشلىۋەتتى . ئەمما ، تاشگۈل كۈچ بىلەن تاشلانغاندەك ئەمەس ، بەلكى بىر يەردىن ئۇچۇپ چۈشكەندەكلا قورام تاشقا تاققىدە سەكرىۋالدى . ئۇنىڭ قاراپ تۇرۇپ بىر ئايال كىشىنى بىر تەرەپ قىلالمىغىنىغا غەزىپى تېشىپ ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى . ئۇ قانداق ھۇجۇم قىلسا تاشگۈل يەم ئىشلىتىپ تاقابىل تۇرۇۋاتاتتى . شۇنداقلا توسۇش تەس بولغان تەلۋە كۈچ ئۇنى ئالدىرىتىپ قويۇۋاتاتتى .

تاشگۈل ئېگىزگە ئۆرلەپ چىقىپ كەتكەن يان تەرەپتىكى غارغا كىرىۋالماقچى بولغاندا ، تۆكلۈك ئادەم تۇتۇۋېلىش ئۈچۈن ئېتىلدى . تاشگۈل ئۇنىڭ ھەرىكەت يۆنىلىشىنى سېزىۋېلىپ يانغا ئۆتۈۋالغان ئىدى ، ئۇ ئۆزىنى توختىتالماي غارغا كىرىپ قالدى . تاشگۈل شۇ پۇرسەتتە پىچىقىنى قولىغا ئېلىۋالدى .

تۆكلۈك ئادەمنىڭ بىرقانچە يېرىگە پىچاق تىقىلغان بولسىمۇ ، ئۇ تەلۋە كۈچىنىڭ تۈرتكىسىدە دەرھال ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى . تاشگۈل چاققانلىق قىلالماقچى بولۇۋىدى ، ئۇ قوغدىنىش پۇرستى بەرمىدى . تۆكلۈك ئادەم ئاخىر تاشگۈلنى تۇتۇۋالدى ـ دە ، پىچىقىنى تارتىۋېلىپ چۆرۈۋەتتى . ئىككىسى غار ئىچىدە پومداقلاشتى . تاشگۈل ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇنىڭ ئامبۇردەك قوللىرىدىن بوشىنالماي ، خۇددى قاپقانغا چۈشكەن جانىۋاردەك تېپىرلىدى . تاشگۈل ئۆزىنى كېيىككە ئوخشىتىپ ، ئوۋچىلىق قىلغان چاغلىرىدا ئۆزى قۇرغان تۇزاق ، قاپقانلاردا قانسىراپ ياتقان تالايلىغان ئولجىلارنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى تۇغايلا دەپ قالغان بوغاز كېيىكلەر ئىدى . ئۇلار باللىرىنىڭ تۇغۇلماي تۇرۇپلا ئۆزى بىللەن بىللە ھالاك بولۇۋاتقىنىنى بىلگىنىدە قانداق ھېسسىياتقا كەلگەن بولغىيدى ـ ھە؟ ئۇلارنىڭ بەزىلىرى جەرەن بولۇپ ، يورۇق دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان ئوغلاقلىرىغا تويۇنغۇدەك سۈت پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئوتلىغىلى چىقىپ قاپقانغا دەسسىگەن ئىدى . ئۇ ئاشۇ ھالدا قاپقاننى سۆرەپ ئوغلىقىنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچى بولۇۋاتقاندا قانسىراپ يېتىپ

قالغان بولۇشى مۇمكىن . ھەي ، تىلسىز قاپقان بىلەن قانچە كېچە ـ كۈندۈز ئېلىشتىكىنە ؟ ھاياتىنى تىراگېدىيە بىلەن ئاخىرلاشتۇرغاندا ، ئۇ-نىڭ يولىغا تەقەززالىق ئىلكىدە تەلمۈرگەن ئوغلىقىنىڭ ھالى نېمە بولدىكىن ؟ ئۇلارنىڭ ئىچىدە ھايات يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان ئوغلاقلارمۇ بار ئىدى . ئۇلارنىڭ بىمەھەل يېتىم قېلىپ ناھايىتى تەسلىكتە قاتارغا قېتىلغىنىنى قاپقانچى تاشگۈل بىلگەنمىدىكىن ؟ بەلكىم «بۇلار ماڭا نېسىپ بولغان ئولجا » دەپ ئىشنى تۈگەتكەندۇ ، « ئاش كەلسە ئىمان قېچىپتۇ » دېگەندەك ، قىزىل كۆزلۈك قىلىپ ھەممىنى ئۇنتۇغاندۇ ! ئاھ ، ئوغلاقلار ئۆزلىرى چۈشكەن لەنەتكەردى قاپقانغا ئاتا ـ ئانىسى ، ئاكا ـ ئىنى ، ئاچا ـ سىڭىل قېرىنداشلىرىنىڭمۇ دەسسەپ قېلىپ ئوۋچىلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلانغانلىقىنى ھېس قىلغانمىكىن ؟ ئۇلار-نىڭ پېشانىسىگە ئاشۇنداق باشقىلارنىڭ ئولجىسى بولۇش پۈتۈلگەنمىكىن ؟ تاشگۈل نۇرغۇن ـ نۇرغۇن ئىشلارنى كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزدى . ئاخىر : « مانا مەنمۇ 〈 قاپقان 〉 دا تۇرمامدىمەن ، 〈 بىرىگە قىلساڭ ، بىرىدىن كۆرىسەن 〉 دېگەندەك ، بۇمۇ مېنىڭ پېشانەمگە پۈتۈلگەنمىدۇ ؟ ـــ دەپ ئويلىدىيۇ ، ئارقىدىن قەتئىي تۇردە ئېيتتى ، ـــ ياق ! مەن ھەقىقىي ئادەم تۇرۇپ تۈكلۈك ئادەمگە ئولجا بولسام بولمايدۇ ، ئۇنى ئولجا قىلىشىم كېرەك ! » تۈكلۈك ئادەم تاشگۈلنىڭ نېمە ئويلاۋاتقىنىدىن بىخەۋەر ، ئۇنىڭ جىمىپ كەتكىنىنى « تەقدىرگە تەن بەردى » دەپ بىلىپ ، ئىككى قولىنى بىر قولىدا تۇتۇۋالدى ـ دە ، بوشىغان قولى بىلەن ئىشتىنىنى تۆۋەنگە تارتتى .

تاشگۈل ھەممە ئامالىنى قىلىپ بېقىپ ئۆزىنىڭ تۈكلۈك ئادەم ئالدىدىكى ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ، لېكىن يەنىلا تەن بەرگۈسى كەلمىدى . تاشگۈل ئەتراپقا كۆز يۈگۈرتۈپ پىچىقىنىڭ يېقىنلا يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۈستىلىق بىلەن شۇ تەرەپكە سىلجىدى . بۇ قېتىم تاشگۈل پۈتۈن ئەزالىرىدىن پايدىلانماقچى بولدى . ھەرقانداق « ئە-تىۋارلىق » ئەزامۇ جان تەندە بولغاندا ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ ـ دە !

ئەمدىكى گەپ ئەزالارنى قانداق ئىشلىتىشتە قالغان ئىدى. تاشگۈل قاتتىق بىر يۇلقۇنۇپ بىر قولىنى بوشىتىپ پىچاقنى ئېلىۋالدى. تۆكلۈك ئادەم تارتىۋالماقچى بولۇۋىدى، كاسىسىنى يېنىك كۆتۈرۈپلا ئاستىغا باسۇرۇۋالدى. تۆكلۈك ئادەم ئاختۇرماقچى بولغاندا، تاشگۈل قولىنى تارتىپلا: «ئالە!» دەپ، تاشلىۋەتكەن شەكىلدە شىلتىدى. دەسلەپتە پىچاقنى نېرىغا تاشلىۋەتتى دەپ ئويلىغان تۆكلۈك ئادەم ھېچبىر تىۋىشنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن «گوللىنىپتىمەن» دېگەن ئويغا كېلىپ، تاشگۈلنىڭ تېگىنى ئاختۇردىيۇ، ئەمما تاپالماي ھەيران بولدى. تۇرۇپلا يەنە «جىددىيلەشكىنىمدىن ئاڭلىيالمىغان ئوخشايمەن» دەپ كۆڭلىنى تىندۇردى، ئاندىن تاشگۈلنىڭ ئىككى قولىنى كېرىپ، ئوڭدىسىغا بېسىپ قورام تاشقا نىقتىدى - دە، چاترىقىغا كىرىپ نەپسىنى قاندۇرماقچى بولدى. لېكىن، ئويلىمىغاندا ئات چىرقىرىغاندەك چىرقىراپ جان قويارغا جاي تاپالماي قالدى. تۆكلۈك ئادەم مانا ئەمدى بايا ئاختۇرۇپ تاپالمىغان پىچاقنىڭ قەيەرگە يوشۇرۇنغانلىقىنى بىلگەن ئىدى. تۆكلۈك ئادەم تاشگۈلگە يېۋېتىدىغاندەك چەكچىيىپ، بوغۇپلا ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ، ئەمما قوللىرى ئاستا - ئاستا بوشىشىپ كەتتى. تاشگۈل بىر پۇتىنى يىغىپ ئۇنىڭ مەيدىسىگە ئالدى، ئاندىن ئۇنى بىر پەشۋا بىلەن ئارقىسىغا ئۆرۈۋەتتى. پىچىقنى «نازۇك ئەزا»سىدىن سۇغۇرۇپ ئالغاندىن كېيىن، پاكىز سۈرتۈۋېتىپ غىلىپىغا سالدى.

تاشگۈل قانسىراپ ياتقان تۆكلۈك ئادەمگە قاراپ، ئەرلىك ئەزاسىنىڭ تاسمىدەك ئىككىگە بۆلۈۋېتىلگەنلىكىنى كۆردى. شۇئانلا ئۇنىڭ «جان يېرى»نى بالدۇرراق ئەسكە ئالمىغىنىغا ئۆكۈندى.

تۆكلۈك ئادەم جان ئاچچىقىدا ۋارقىراپ - جارقىراپ غارنى بېشىغا كىيمەكتە ئىدى، ھەربىر ۋارقىرىغاندا پىچاق يېگەن يېرىدىن بۇلدۇقلاپ قان چىقىۋاتاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ بىلەن كارى بولماي، ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپلا غاردىن چىقىپ يۈرۈپ كەتتى...

پالۋان تاشگۈلنىڭ شۇنچە ئۇزاق يوقىلىپ كەتكىنىگە ئىچى پۇ-

شۇپ، «بارسا كەلمەس يولغا كىرىپ قالغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، ئامان - ئېسەنلىكىگە بولغان ئىشەنچىنى يوقاتمىغان ئىدى. شۇڭا، ئوۋ ئوۋلاپ جان ساقلاپ تاشگۈلنى كۈتتى. پالۋان تاشگۈل چىقىپ كەتكەن تىك قىياغا ھەركۈنى قانچە - قانچە قېتىم قارايتتى، چۈشىدىكىدەكلا پەيدا بولۇشىغا تەقەززا بولاتتى. ئەمما، ئىنتىزارلىقى بىكار كېتىۋاتاتتى.

پالۋان تاشگۈلنىڭ كېلىشىدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ، ئېھتىمالمۇ قالدۇرمىغان كۈنلەردە، تاشگۈل كەلدى، كەلگەندىمۇ جىندەك شەپىمۇ چىقارماي كەلدى. پالۋان بۇ ئۈشتۈمتۇتلۇقنى ئەقلىگە سىغدۇرالماي، «تاشگۈل سۈرەتلىك ئالۋاستىمىكىن» دەپ قالدى. خېلىدىن كېيىن راستلىقىغا ئىشىنىپ، قۇچاقلاپ كۆرۈشتى. ئۇزاق جۇدالىقتىن كېيىنكى ۋىسال شادلىقى ئۇلارغا ھەممە - ھەممىنى ئۇنتۇلدۇردى. ئۇلار بىر - بىرى - بىر ئۇستىخان بولۇپ قېلىشقان بولسىمۇ، تەنلەر ئۆزئارا تېگىشكەندە چەكسىز ھۇزۇر ھېس قىلىشتى. سۆيۈملۈك مەھبۇبىنى سېغىنىپ، چاي بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتسىمۇ تەشنالىقى قانمىغۇدەك ھالغا يەتكەن پالۋان تاشگۈلنى كۆتۈرۈپلا يېرىمى ئېقىن سۇغا چىلىنىپ تۇرغان قورام تاشنىڭ كەينىگە ئۆتكۈزۈپ كەتتى. تاشگۈلمۇ ئۇنىڭ بالدۇرراق شۇنداق قىلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك قەۋەتلا خۇش بولۇۋاتاتتى.

ئۇلار ئەتىسى چاشگاھ بىلەن ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. بەدەنلىرىدىن سۇغا چۆمۈلگەندەك تەر تەپچىپ، ئۆزلىرىنى يېنىكلەپ قالغاندەك سېزىشتى. تاشگۈل ئاخشام ئېقىنغا چىلاپ قويغان ئەنجۈر دەرىخىنى ئەكەلدى.

— ھېلىقى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى مۇشۇ دەرەخمىكىن؟ — سورىدى پالۋان.

— شۇنداق، ئاۋۋال قورساققا بىرنەرسە يېۋالايلى، ئاندىن يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئالدىرىماي سۆزلەپ بېرىمەن.

ئۇلار بار يېمەكلىكلەرنى ئالىي غىزا قاتارىدا كۆرۈپ قورساق تولاشتى. ئېقىنىغا دۇم يېتىپ ئۇسسۇزلۇقىنى قاندۇرۇشتى. پالۋان ئوۋلىغان ئىپار كېيىكنىڭ كىندىكىنى ساقلاپ قويغان ئىدى. تاشگۈل خۇش پۇراقتىن ھۇزۇرلىنىپ، پالۋانغا رەھمەت ئېيتتى. ئاندىن شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئەنجۈر قېقىنى ئېسىگە ئېلىپ پالۋانغا بەردى. پالۋان ئۇنتۇلغۇسىز جەبىر - جاپالارنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ مېۋىنى شۇنداقلا يېيىشتىن بۇرۇن كۆزى قىيماي، يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتتى. شۇئان كۆز ئالدى نۇرلىنىپ، ۋۇجۇدى كۈچ - قۇۋۋەتكە تولغانلىقىنى سەزدى - دە، يېگەندە قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالماي، ئەنجۈر قېقىنى كاپلا قىلىپ ئاغزىغا سالدى.

— ھە راست، ھېلىقى قارا تەنلىك قېنى؟ — سورىدى تاشگۈل.

— تاس قاپتىمەن بۇ مېۋىنى يەۋەتكىلى، ياخشىسى بۇنى ئۇنىڭغا ئاتا قىلاي، — پالۋان شۇنداق دېگىنىچە مېۋىنى ئاغزىدىن ئالدى، — ئۇ 20 كۈندەك تىركىشىپ ئاخىر چوققىنىڭ يېرىمىغا چىقتى، ئاندىن ئۆرلەشكە ئامال تاپالماي بىر نۇقتىدا تۇرۇپلا قالدى. مەن ئۇنى قايتىپ چۈشۈشكە دالالەت قىلىپ: «تاشگۈل ئېلىپ چۈشكەن خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنىدىن تەڭ بەھرىمەن بولايلى. ماڭا ئىشىنىڭ» دېدىم. لېكىن، ئۇ جاھىللىق قىلىپ زادىلا ئۇنىمىدى. قىيانىڭ بېلىگە كېلەدەك چاپلىشىپ تۇرۇۋەردى، ۋارقىراپ بىرنېمىلەرنى دېدى، مەن نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئاڭقىرالمىدىم، ئاندىن مەنمۇ بار ئاۋازىم بىلەن: «ھەر ئىككىمىز ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ بالىلىرى، دېمەك بىز ئاكا - ئۇكىلار. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا، دۇنيادىكى ئىنسانلارنىڭ ھەممىسى بىر ئائىلە كىشىلىرى. بىزگە ئىشىنىڭ، جەبىر - جاپانىمۇ تەڭ تارتايلى، ھۇزۇر - ھالاۋەتنىمۇ بىرگە بولايلى» دېدىم. ئۇ زادىلا يۇمشىمىدى، ئاخىر بولالماي غۇلاپ چۈشتى. ئۇنىڭ تېنى پىشىپ كەتكەن قوغۇندەك بولۇپ كېتىپتۇ، شۇنداقتىمۇ بەدەن شەكلى بۇزۇلماپتۇ، تىنىقىمۇ ئۈزۈلمەپتۇ. ئۇ ماڭا بىر-

نىمە دېمەكچى بولدىيۇ ، دېيەلمىدى . خۇنۇكلىشىپ كەتكەن كۆزلىرى چوققىنىغا ئەلەڭ ـ سەلەڭ تىكىلدى ، كېيىن تۆۋەنگە نەزەر ئاغدۇردى ، ئاندىن ئۆچ كېچە ـ كۈندۈز يېتىپ ، جان ئۈزۈش ئالدىدا ماڭا چەكچەيگىنىچە باش بارمىقىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتتى . كۆڭلۈمدە « ئۇ مېنى چاقىرىۋاتىدۇ » دەپ بىلىپ ، مەڭزىمنى مەڭزىگە يېقىپ ، قۇلىقىمنى ئاغزىغا ئاپاردىم ، ناھايىتى زەئىپ بىر ئىنجىق ئاڭلاندى . ئاغزىغا سۇ تېمىتقان ئىدىم ، ئۇ « بۇ ئەمەس » دېگەندەك لەۋلىرىنى تىترەتتى . تۇرۇپلا ئۇنىڭ تاغدەك بېجىرىم قامىتىنىڭ بىردەمدىلا مۇشۇنداق ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئىچىم سىيرىلدى . ئۆزۈمنى تۇتالماي ئۇنى باغرىمغا چىڭ باستىم ۋە سۆيۈپ قويدۇم . ئۇ شۇندىلا ئىنسانلار ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنىڭ بالىلىرى ، ئىككىمىزنىڭ ئاكا ـ ئىنىلەر ئىكەنلىكىمىزنى ئېتىراپ قىلغاندەك چىرايىغا تەبەسسۇم يۈگۈرتتى . مەن يەنە ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ تۇرۇپ : « سىز ھەرگىز ئۆلمەيسىز ، سىزنى چوقۇم ئېلىپ كېتىمەن » دېدىم . بېشىمنى كۆتۈرۈۋىدىم ، ئۇ بويىنۇمغا گىرە سېلىۋاپتۇ . ئۇنىڭ ئىككىلى قولىنىڭ ئۈگىرىدەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆرۈپ ، قانداقلارچە گىرە سالغانلىقىغا ھەيران قالدىم . ئۇنىڭ قوللىرىنى بويىنۇمدىن تەستە ئاجراتقىنىمدا ، ئۇ ناھايىتى تىنچ ۋە خاتىرجەم ھالدا كۈلۈمسىرەپ ياتاتتى . ئۇنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا ئامال قىلالمىدىم . ئۇنىڭ ھاياتقا قانماي تەلمۈرۈشلىرى كۆڭلۈمنى بىرقىسما قىلىپ قويىدى . يۈرىكىم ئېچىشتى . ئۇ ماڭا ھېچنېمە دېيەلمىگەن بولسىمۇ ، مەڭگۈ خاتىرجەم بولغاندەك قىلاتتى . ئۇنىڭ مەنىلىك تەلمۈرۈشلىرى « ساڭا دېيەلمىگەن مۇھىم نەرسىنى تىك چوققىنىڭ ئاۋۇ قاپتىلىغا كۆمۈپ قويدۇم » دەۋاتقاندەك ئىدى .

پالۋاننىڭ تەسىرلىك سۆزلىرى تاشگۈلنى بۇقۇلدىتىپ يىغلىتىۋەتتى . پالۋان ئۇنىڭ كۆچلۈك خاراكتېرىنى يەنە بىر قېتىم چۈشەندى . ئۇ پالۋان يېپىشكە قىيمىغان ھېلىقى ئەنجۈر قېقىنى قارا تەنلىكنىڭ قەبرى-

سىنىڭ بېشىغا قويۇپ قويدى ، ئاندىن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ كىچىك شېخىدىن بىر تال يېرىپ ، مېۋە يېنىغا تىكتى ـ دە ، ئېرىقچە چېپىپ ئېـ قىندىن سۇ باشلىدى .

ئۇلار قايتىشقا تەييارلىنىۋاتقاندا ، كۆزلىرىگە قارا تەنلىك تىرىلىپ مەقبەرىسىدىن چىققاندەك ، كۆكلىگەن ئەنجۈر دەرىخىگە قاراپ رازىمەنلىك بىلەن كۈلۈمسىرىگەندەك ، ئاندىن ئەنجۈر دەرىخىنى سۆيۈپ ، يۈز ـ كۆز-لىرىگە سۈركەۋاتقاندەك ، قەددى بارا ـ بارا ئۆسۈپ ، زورىيىپ چوققىغا تەگلىشىۋاتقاندەك ... كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇلار كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا يەنە بىر رەت قارىغىنىدا ، چوققا ئالدىدا باراقسانلاپ ئۆسكەن ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈشتى ، قارا تەنلىكنىڭ جىسمى بولسا ئاشۇ تىك چوققا ئورنىدا كۆكنى تىرەپ تۇراتتى .

— ئۇ دەرەخ ئەمدى كۆزگە يېقىن تۇرىدىغان بولدى .

— ئۇ باراقسانلاپ مېۋىلىگەندە بۇ زېمىن خەلقى بايقايدۇ ، خاسىـ يەتلىكلىكىنى بىلگەندە ، ئۆي ـ ئىمارەتلىرىگە سىيماسىنى چۈشۈرۈۋالىدۇ ۋە گۈل سۈپىتىدە چېكىلىرىگە قىسىدۇ .

— ئۇنداقتا ، قارا تەنلىكنىڭ ئاخىرەتلىكى خەيرلىك بولىدىكەن ـ دە!

— ئۇ قايتا تۇغۇلىدۇ ، ئاندىن تەقدىرنى ئۆزگەرتىدۇ .

— مۇنداق ، تەقدىر بىزدەك ھاياتلارغا تېخىمۇ يېقىنكەن ـ دە ؟

— بەزى تىرىكلەر ئۆلۈپمۇ ياشاۋاتقان ئۆلۈكلەردىن قالتىسراق بولالىسىلا ...


ئگنچی قسم
بلیق قارنیدا

# تەۋەررۈك ساندۇق

ئۇلار قونالغۇغا ئامان - ئېسەن يېتىپ كېلىشتى. شۇنچە ۋاقىتتىن بۇيان كۈتۈۋېرىپ، كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يەتكەن تەيمۇر بوۋاي ئۇلارنى يىراقتىنلا پەرق ئەتكەن ئىدى. ئۇ ئىككى قولىنى كەرگىنىچە ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، كەينىدىن باشقىلارمۇ ئەگەشتى. ھەممەيلەن بىر - بىرلەپ قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— ھېلىقى خاسىيەتلىك ئوت يالقۇنى مۇشۇ دەرەختىن تارقالغانمىكىن؟ — ئالدىراپ سورىدى تەيمۇر بوۋاي.

— شۇنداق، بۇ ئەنجۈر دەرىخى ئىكەن، جىسمىغا نۇرغۇن قىسمەتلەر پۈتۈلگەن ئىكەن! — ئىككىيلەن تەڭلا جاۋاب بېرىشتى.

— بىز تىرىك قايتىپ كېلەلىگەنلەردىن باشقىلارنىڭ ئېچىنىشلىق ھالى ھەققىدە ئاڭلىغان ئىدۇق.

— بىزمۇ ئەپسۇسلاندۇق.

تاشگۇللەر ماڭدى. ئۇلارنى چۆرىدەپ كېلىۋاتقانلار قىزىق گەپلەرنى ئاڭلاپ تامغاقلىرىنى چېكىلدىتىشاتتى. گەپ چىقىۋاتقان ئېغىزلارنى كۆرۈش ئۈچۈن بىر - بىرىنى قىستىشاتتى، يول تالىشىپ يىقىلىپ - قوپۇشاتتى. بەزىلەر ئەنجۈر دەرىخىنى تۇتۇپ بېقىشاتتى، شاخلىرىنى قىزىقسىنىپ سىلىشاتتى. جاھاننىڭ سىرلىرىغا قىزىقىدىغانلار پالۋان بىلەن تاشگۇلنى سوئالغا كۆمۈۋېتىۋاتاتتى. توختىماي سورالغان

سوئاللار ئۇلارنى چارچىتىپ، « ئۇھ » دېگۈدەك ھالنى قويمىدى.

تەيمۇر بوۋاي ئاۋۋال ئۇلارنى ئوبدان غىزالاندۇردى. قائىدە بويىچە ئۇلار ئەمدى ئارام ئېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن، ئەتراپىغا ئولىشىۋالغان ئادەملەرنىڭ ئارام بەرگۈسى كەلمەيۋاتاتتى. قۇمدەك سوئاللارنى سوراپ مېڭىسىنى قوچۇيتتى. تاشكۆل ئادەم سىغىنىپ كەتكەچكە، ئۇلارنىڭ بىزەڭلىكىنى كۆڭلىگە ئالماي، ئەنجۈر دەرىخىنى قولغا چۈشۈرۈش جەريانىدىكى سەرگۈزەشتىلىرىنى سۆزلەپ بەردى. تاشكۆلنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاجايىپ خىسلەت ـ خاسىيەتلىرى ھەققىدە ئېيتىپ بەرگەنلىرى ئۇلارنى ھەممىدىن بەك قىزىقتۇردى. سوئال سورايدىغانلار تۈگەپ، سورۇن بىرپەس جىمجىتلىققا چۆمدى. سەۋەبى، سىرلىق ۋەقەلەر ئۇلارنى خىيال قايىنىمىغا غەرق قىلغان ئىدى. بۇنداق ھالەت خېلى ۋاقىت داۋاملىشىپ، بىرسى ئۆندەرىگەندەك قوپۇپ ئەنجۈر دەرىخىنى ئەسەبىيلەرچە سۆيۈپ كېتىۋىدى، ھەممەيلەن ئۇنى دوراپ سۆيۈشتى. ھېچبولمىغاندا تۇتۇپ سىلىۋالدى ياكى سىنچىلاپ كۆرۈۋالدى. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ خاسىيەتلىرىدىن گۇمانلانغانلارمۇ بولدى. « مۇشۇ ئاددىي دەرەختە ئۇنچىۋالا سېھرىي كۈچ نېمە قىلسۇن؟ » دېيىشتى ئۇلار ئىچىدە.

تەيمۇر بوۋاي تاشكۆللەرنىڭ قەيسەرلىكى ۋە ئاجايىپ تۆھپىسىنى قۇتلۇقلاش يۈزىسىدىن كاتتا زىياپەت ئۇيۇشتۇردى. قاش قارايغاندا ئولتۇرۇش قىزىپ كەتتى. كۆپچىلىك قىزغىن كەيپىياتتا يەپ ـ ئىچىپ كۆڭۈل ئاچتى. رەققاسلار ۋە مۇغەننىلەر سورۇننى ئەۋجىگە كۆتۈردى. تاشكۆلگە يۈكسەك مەدھىيە ـ ماختاش، بارىكاللالار ھەدىيە قىلىندى. كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇل ئويناپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئۇسسۇلنىمۇ ھەرقانداق كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرگۈدەك ئوينايتتى. شۇڭا، ئانچە تارتىنمايلا مەيدانغا چۈشتى. قونالغۇدا ھەرقايسى ئەللەردىن كەلگەن تۈرلۈك تائىپىدىكى كارۋان ـ جاھان كەزدىلەر بار ئىدى. بارا ـ بارا تاماشا كۆرىدىغانلار كۆپەيدى.

تاشگۈل مەيداننى نەچچە ئايلىنىپ يۈگۈرگەندىن كېيىن، پالۋاننى تارتتى، ئاندىن ئىككىسى بىر - بىرىگە بېقىشىپ ئويناشتى، گاھىدا بىر گەۋدە بولۇپ كېتىشەتتى. ئۇلارنىڭ شوخ ھەرىكەتلىرى تۇرۇپ قۇشلارنىڭ قانات قېقىپ ئۇچۇشىنى، تۇرۇپ كېيىك - جەرەنلەرنىڭ قېيغىتىشلىرىنى ئەسلىتەتتى. بولۇپمۇ يورغىلاش، دولا قېقىشلىرى كىشىلەرنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىپ، قىقاس - چۇقانلارنى يۇقىرى پەللىگە چىقاردى. ئۇلار گاھ ھۇقۇيتۇپ ئوينىسا، گاھ شوخ - مەردانىلىك بىلەن سەكرەپ ئويناتتى. كېيىن ئويۇننى كۆرۈۋاتقانلارمۇ قىزىپ كېتىپ، نۇرغۇن كىشىلەر بىراقلا مەيدانغا چۈشۈۋالدى. سورۇن كەيپىياتىدىن قارىغاندا كۆڭۈل ئېچىش تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشسىمۇ ھېچكىم زېرىكمەيدىغاندەك قىلاتتى. تاشگۈل بىلەن پالۋان ئەتە يولغا چىقىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاۋۋال چىقىپ كەتتى.

تاشگۈللەر ھۇجرىغا قايتقاندىن كېيىنمۇ ئۇخلاشقا ئالدىرىمىدى، بەلكى قايتىشنىڭ تەييارلىقلىرى ئۈستىدە باش قاتۇردى. ئەمما، ئىشلار ئويلىغاندەك بولمايۋاتاتتى. تاشگۈل كىچىكىدىن ھەرقانداق ئىشنى، بولۇپمۇ سەپەر تەييارلىقىنى ۋاقتىدا قىلمىغۇچە كۆڭلى تىنمايدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرگەچكە، سەپەرنىڭ نەتىجىلىك بولۇش - بولماسلىقى تەييارلىقنىڭ قانداقلىقىغا باغلىق دەپ قارايتتى. شۇڭا، ھەرقانداق ئالدىراڭغۇلۇقلارغا ئورۇن بەرمەيتتى. ئۇلار قايتا - قايتا مەسلىھەتلەشتى. قالغان تەييارلىقلار بىرقۇر پۈتكەن بولسىمۇ، ئەنجۈر دەرىخىنى قۇرۇتۇپ قويماي ئېلىپ كېتىش ئىشى ئۇلارنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۆتەڭدە ئەنجۈر دەرىخىنى مۇھاپىزەت قىلغۇدەك نەرسىنىڭ تېپىلىشىغا كۆزى يەتمىدى. كەڭگىزنى سۇغا چىلاپ ئەنجۈر دەرىخنى ئورىماقچى بولدىيۇ، يەنە خاتىرجەم بولالمىدى. ئاخىر تەيمۇر بوۋاينىڭ قېشىغا كىرىشتى. تاپقان ھەممە چارىلىرىنى بىر - بىرلەپ سۆزلەپ بەردى. تەيمۇر بوۋاي كۆپ باش قاتۇرۇپ، ئاخىر چىرىمەيدىغان ياغاچتا ئېتىلىپ، ئۈستى تۆگە تېرىسىدە مۇستەھكەم قاپلانغان ساندۇق ئېسىگە كەلدى. ساندۇق ئۇزاق

يىللارنى باشتىن كەچۈرگەن بولسىمۇ، پۇختىلىقىدىن تۈنۈگۈن ياسالغان-
دەكلا ئىدى، دادىسىنىڭ دادىسىدىن قالغان تەۋەررۈك بولغاچقا، ئەڭ
ئەتىۋارلىق نەرسىسى قاتارىدا ساقلاپ كەلگەن ئىدى. ئۇنى ھەر قېتىم
كۆرگىنىدە دادىسىنى كۆرگەندەك ياكى ھېدىنى ئالغاندەك بولاتتى. ئاتا -
بوۋىلىرىنىڭ ساندۇققا مۇناسىۋەتلىك بولغان ھېكمەتلىرى دىلىنى
يورۇتاتتى، بىرەر ئوڭۇشسىزلىققا ئۇچرىغاندا تەسەللىگە، يېڭى يول -
تەدبىرگە ئېرىشەتتى. بوۋىلىرىنى ئۆزى بىلەن بىللە ياشاۋاتقاندەك ھېس
قىلاتتى. شۇڭا ئۇ، ئىشنىڭ دەسلەپىدىلا تەۋەررۈك ساندۇقنى ئەسلەپ
قالغىنىدىن ئۆكۈندى. «ساندۇقنى قولدىن چىقىرىپ قويسام ئاتا -
بوۋىلىرىمنى يوقاتقاندەك بولىمەن!» دەپ ئويلىدى ئۇ خۇرسىنىپ. ئەم-
ما، يەنىلا ئاشۇ ساندۇق كۆز ئالدىغا كېلىۋالدى. ئەنجۈر دەرىخىنى
مۇھاپىزەت قىلىش تاشگۈللەرگە قانچىلىك مۇھىم بولسا، تەيمۇر بوۋايغىمۇ
شۇنچىلىك ئەھمىيەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ ئاسان قولغا كەلمىگىنىنى بوۋاي
ئوبدان بىلەتتى. تەيمۇر بوۋاي چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ ئۈندىمەي
ئولتۇرۇپ كەتتى. تاشگۈل بىلەن پالۋان ئۇنى تەڭلىكتە قويغىنىغا خىجىل
بولدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا بوۋاينىڭ بىرنېمە دېيىشىنى كۈتمەكتىن باشقا
ئىلاج يوق ئىدى. شۇڭا، ئىككىيلەنمۇ ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ، بىرەر ئاقىلانە
چارىنىڭ تېپىلىشىنى سەۋرچانلىق بىلەن كۈتتى. ئۇنىڭ لېۋى
مىدىرلايتتىيۇ، ئۇلارنى تەقەززا قىلىپ ئاغزىدىن گەپ چىقمايتتى. بوۋاي
ئۇلارنىڭ ئۆز يېنىدا بارلىقىنى ئېسىدىن چىقارغاندەك ئىدى، كۆز ئالدىدىن
بوۋىلىرىنىڭ يارقىن سىيماسى كەتمەيتتى. ئۇ ئاخىر كۆڭلىدە دادىسىدىن
مەسلىھەت سورىدى، گەرچە دادىسىدىن جاۋاب بولمىسىمۇ، ھايات چ-
ېغىدىكى: «دۇنيادا مەڭگۈلۈك نەرسە مەۋجۇت ئەمەس، مەڭگۈلۈك
نەرسىنىڭ مەڭگۈلۈك نەرسە ئۈچۈن قۇربان بولۇشى رەڭدار ھاياتنىڭ
يەنە بىر مەڭگۈلۈك گۈلىدۇر» دېگەن ھېكمەتلىك سۆزلىرى قۇلىقى
تۈۋىدە جاراڭلىغاندەك بولدى. شۇئان ئۇنىڭ كۆز ئالدى ۋاللىدە يورۇپ،
چېھرىنى كۈلكە قاپلىدى. ھاياجانلىق سادا شۇنچە داۋاملاشقان ئېغىر

سۇكۇتكە خاتىمە بەردى :

— تاپتىم ، تاپتىم !

— نېمىنى تاپلا ، بوۋا ، تېز ئېيتقان بولسلا ؟ — ئىككىيلەن تەڭلا سوراشتى .

بوۋاي ھاياجىنىنى تەستە بېسىپ ، ساندۇق ھەققىدە سۆزلەپ بەردى ، ئاندىن تاشگۆل بىلەن پالۋاننى ئۆيىگە باشلاپ كىردى . ساندۇق ئېگىز يەرگە پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇلغان بولۇپ ، ئۈستى يوپۇق بىلەن يېپىلغان ئىدى . بوۋاي يوپۇقنى شۇنداق ئېلىۋىدى ، ساندۇق چىراغ يورۇقىدا كۆز چاقناتقۇدەك پارقىراپ كەتتى . پالۋان بىلەن تاشگۆل ئۆمرىدە بۇنداق ئېسىل ساندۇقنى كۆرۈپ باقمىغاچقا قەۋەتلا سۆيۈندى ، كۆڭۈللىرى يايراپ ، خۇددى كىچىك باللار يېڭى ئويۇنچۇققا ئېرىشكەندە قىن - قىنىغا پاتماي قالغاندەك قاناي سىلاشتى . ساندۇق ھازىرلا ئېتىلگەندەك قىلىچىلىك مودۇر - چوقۇر ئورۇنمايتتى ، دىماغلارغا گۇپۇلدەپ خۇش پۇراق ئۇرۇلاتتى . ئۇلار ساندۇقنىڭ تەيمۇر بوۋاي ئۈچۈن ھەقىقەتەن قىممەتلىك تەۋەررۇك ئىكەنلىكىگە ئىشىنىشتى .

تەيمۇر بوۋاي ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئېچىپ ئىچىنى بىكارلىدى (ئۇنىڭدا نۇرغۇن ئەتىۋارلىق نەرسىلەر بار ئىدى ) ، ئاندىن رازىمەنلىك بىلەن ئۇلارغا بەردى .

— بۇنىڭ بەدىلىگە سىلىگە بەرگۇدەك ھېچنېمىمىز يوق ، بولغان تەقدىردىمۇ ھەرگىز ئورنىنى باسالمايدۇ ، — دېدى پالۋان خىجىللىقنى بىلدۈرۈپ .

— دوستلۇق بىباھا گۆھەركى ، قىممىتىگە ھەرقانداق نەرسىنى تەڭ قىلغىلى بولمايدۇ ، قېنى كۆتۈرۈڭلار ! — تەيمۇر بوۋاي شۇنداق دەپ ، ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىنى ئۆزى كۆتۈرۈشۈپ بەردى .

ئۇلار ساندۇقنى ئېھتىيات بىلەن قولمۇقول كۆتۈرۈپ چىقىپ ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قېشىدا قويدى ، كىگىزنى سۇغا چىلاپ يىلتىز - غوللىرىنى چىڭ ئورىغاندىن كېيىن ساندۇققا جايلاشتۇردى . ئۇلار ئەمدى

خاتىرجەم بولدى ، تەيمۇر بوۋايمۇ بۇنىڭغا ئورتاقلاشتى .
كىچە بىر يەرگە بارغان ئىدى ، تەيمۇر بوۋاي ئۇلارنىڭ باشقا ئىشلىرىغا كاشىلا بولماسلىق ئۈچۈن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى . ئىككىيلەن ئىشىك ئالدىغىچە بىرىپ ئۇزىتىپ قويدى .
ئەمدى ھەممە تەييارلىق پۈتكەن بولۇپ ، ئۇلار تاڭ ئاتىسلا مىڭىپ كىتەتتى . شۇڭلاشقىمىكىن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال كۆرۈنەتتى . جاپالىق ئەجىر شىرىن مىۋە بەرگەندە تارتقان رىيازەت پۈتۈنلەي ئۇنتۇلۇپ كىتىدۇ . ئىككىيلەن كەلگۈسى ئارزۇلىرى ھەققىدە مۇڭدىشىپ ، ئۇيقۇنى ئۆزلىرىگە يىقىن يولاتمىدى . ئانا يۇرتى ، ئاتا ـ ئانىلىرى ھەم ئوماق ئوغلىنى سىغىنىپ ئەسكە ئىلىشتى . ئۆز خۇشاللىقلىرىدىن ئۇلارنىمۇ تىزراق بەھرىمەن قىلىشنى ئويلاپ ئالدىراشتى . « كۆلكە ـ چاقچاق جان ئوزۇقى » دىگەندەك ، مۇساپىر چىلىق پەقەت بىلىنمىدى . بۇ ئارالدا ئىناق بىر ئائىلىنىڭ تەبئىيلا شەكىللەنگەنلىكىدىن ئۇلار قەۋەتلا مەمنۇن ئىدى . بۇ ھال خۇددى شىرىن ئاي ئۆتكۈزگەنگە ئوخشىشاتتى . ئەمما ، ناھايىتى ئۇزاق داۋاملاشقاندەك تۇيۇلاتتى ، چۈنكى بۇ جەريانغا جۇدالىق بىلەن ۋىسال تەڭ ئارىلاشقان ئىدى . ئاشىق ـ مەشۇقلارغا ئايانكى ، ھىجر دەشتلىرى بىر ئۆمۈر ماڭسا تۈگىمەيدىغاندەك تۇيۇلىدۇ ، ۋىسال پەيتلىرى بولسا شىرىن چۈشتەك شۇنچە تىز ئۆتۈپ كىتىدۇ .
ئۇلار تاڭنىڭ تىزراق ئىتىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتكەنسىرى كىچە سۆرەلمىلىك قىلىۋاتاتتى . ئاخىر ھارغىنلىق غالىب كىلىپ ، ئۇيقۇ لەشكەرلىرى خۇمارلاشقان كۆزلەرنى ئەسىر ئالدى . ئۇلار تاڭ ئىتىشقا ئاز قالغاندا تاتلىق ئۇيقۇغا كەتتى .
ئۇشتۇمتۇت قىقىلغان ئىشىك ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتتى . ئالدىراپ ئورۇنلىرىدىن تۇرغاندا ، قىتىشىشقا باشلىغان يارىلىرى قايتىدىن قاناپ كەتتى . ئادەتتىكى چاغلار بولغان بولسا ، بۇنداق جىددىيلىك پەيدا قىلىغۇچىدىن بىرمۇنچە ئاغرىنغان ، قوپۇشقا خۇشياقمىغان ، ياغاچتەك قىتىپ كەتكەن ئۇستىخانلار نىرۋىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنمىغان بولاتتى .

ئەمما ، هازىرنى ھەرقانداق چاغدىكىگە ئوخشاتقىلى بولمايتتى . ئۇلارنى قويىاش كۆتۈرۈلەي دېگەندە تەيمۇر بوۋاي ئويغاتقان ئىدى . پالۋان ئى-شىكنى ئېچىپ خىجىل بولۇپ كەتتى .

— باشقا كېمىلەر سەھەردىلا يولغا چىقتى . سىلەرنى ئارام ئېلىۋالسۇن دەپ ئويغىتىشقا قىيىمىدىم .

— ئەسلىدە سىلىنى ئاۋارە قىلماسلىقىمىز كېرەك ئىدى ...

— بۈگۈن تازا بىر ئارام ئېلىۋېلىپ ، ئەتە يولغا چىقامسىلەر يا ؟

— ياق ، ھەممە تەييارلىقنى پۈتكۈزۈپ بولغان تۇرساق ، نىيەت قىلغان ئىكەنمىز يانمايلى ، — پالۋان كەسكىن ئېيتتى .

— ئەمسە مەيلىڭلار ، باللىرىم .

ئۇلار ساندۇقنى كۆتۈرۈپ چىققاندا ، تەيمۇر بوۋاي ناشتا قىلىۋېلىپ مېڭىشنى ئېيتقان بولسىمۇ ، قەتئىي ئۇناشمىدى . ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەن بوۋاي بىر قاپاق سۇ بىلەن ئۈچ نان يوللۇق تۇتتى . ئۇلارنى ھەممىدىن بەك تەسىرلەندۈرگىنى ئاشۇ ئۈچ نان بولۇپ ، بوۋاي شۇ تاپتا ئۆز دادىسىدەك كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇلار دادىلىرىنى تازا سېغىنىپ تۇرغان مۇشۇنداق سەپەر ئۈستىدە بوۋاينىڭ مېھرىبانلىقىغا ئېرىشىپ كۆڭۈللىرى تەسكىن تاپقان ئىدى . ئەمما ، نېمە ئۈچۈندۇر بوۋايغا ئۆرە قارىيالمايۋاتاتتى ، كۆزلىرىدىن ياش ئۈنچىلىرى توختىماي تۆكۈلەتتى . بۇ ھال بوۋاينىڭمۇ يۈرىكىنى ئېزىۋەتتى . دېمىسىمۇ ئۇلار ھەقىقىي ئاتا - با-لىلاردەك ئىچىكىپ كەتكەن بولۇپ ، ئايرىلىش ئېغىر كېلىۋاتاتتى . ئۇلار يولغا چىققاندا ، يۈرىكىنى بىرسى سۇغۇرۇپ ئەكېتىۋاتقاندەك ئازابلىق تۇيغۇغا كەلگەن تەيمۇر بوۋاي تاشگۈلنىڭ قولىدىن ساندۇقنىڭ بىر تەرىپىنى ئالماقچى بولۇۋىدى ، تاشگۈل ئۇنىمىدى :

— بوۋا ، ئادەمنى ئۇنداق ئوڭايسىزلاندۇرمىسىلا ، ھېلىمۇ ئېغىرىمىزنى جىق كۆتۈرلە !

— كۆڭلۈمنى ياندۇرماڭ ، قىزىم ، — بوۋاي ساندۇقنىڭ بۇرجىكىگە مەھكەم ئېسىلىۋالدى ، — ئاخىرقى قېتىم ...

— بوۋا ، سىلى ...

— مېنىڭ مەرتىۋە رازىمەن ، ساندۇقنى ئاخىرقى قېتىم تۇتۇۋالاي .

تـەيمۇر بوۋاينىڭ سۆز - ھەرىكىتىگە قانداقتۇر بىرەر چوڭقۇر مەنە يوشۇرۇنغانلىقىنى پەملىگەن تاشكۆل دەررۇ ساندۇقنى بېرىپ ، ئۇنىڭغا ياندىشىپ ماڭدى . بوۋاي قەدەمدە بىر ساندۇققا ئىنچىكىلەپ قارايتتى ، سۆيۈۋېلىشقا تەمشىلەتتى . ئاتا - بوۋىلىرىغا بولغان يۈكسەك مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان ئىدى .

بارغانسېرى ئېگىز كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئۆز نۇرىنى ساندۇق ئۈستىگە ئايىماي چېچىپ ئەسلىدىلا جۇلالىق جامالىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرماقتا ئىدى . گويا بۇ ساندۇق ئىچىگە خاسىيەتلىك نەرسە قاچىلانغىنىنى ئۇمۇ بىلىدىغاندەك قىلاتتى . پالۋانلار قولمۇقول كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ساندۇق ئەتراپتىكىلەرنىمۇ قىزىقتۇرۇپ ، ئىچىدىكى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قىممىتىنى ئاشۇردى . چۈنكى ، ئالىي لىباس ئادەمنى سالاپەتلىك كۆرسەتكەندەك ساندۇقنىڭ شۇنچە ئادەملەرنى جەلپ قىلىشى تۈپ نۇقتىدىن ئەنجۈرگە تالىق ئىدى . دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ قىممىتى ئۇنىڭغا قىلىنغان مۇئامىلە بىلەن ئۆلچەنگىنىگە ئوخشاش ، تەيمۇر بوۋاي ئۆز ئىشى بىلەن بولۇپ كېتىپ دىققەت قىلمىغان بۇ نۇقتا ئەمدى باشقىچە ئايان بولۇۋاتاتتى . ئەمما ، ئۇ ئۆزى رازى بولغان ئىشقا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى . ئۇنى پەقەت بىر - بىرىگە سىڭىشىپ كەتكەن ئىككى نەرسىنىڭ سېھرىي كۈچى ھاياجانغا سېلىۋاتاتتى .

ئەمدى ، ساندۇققا چۈشۈپ قايتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى تەيمۇر بوۋاينىڭ پېشانىسىدە يالتىراشقا باشلىدى . قۇياش نۇرىدا چوغدەك تاۋلانغان ساندۇق تەيمۇر بوۋايغا ئىشەنچ ئاتا قىلىپ ، ئۆز ئىگىسى بىلەن بىرىكىپ كېتىۋاتاتتى . يەنە بىر قارىماققا بوۋاي ساندۇقنى ئەمەس ، بەلكى ساندۇق بوۋاينى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . شۇ تاپتا ئۇ ساندۇقنى ھەرقانچە يىراققا كۆتۈرۈپ ئاپارسىمۇ ھېرىش ھېس قىلمايدىـ غاندەك بەرجەس ، روھلۇق ئىدى . ئۇ سەپەرگە ئاتلىنىۋاتقان دوستلىرىغا

ساندۇقنى ئەمەس، بەلكى باھادىر دادىسىنى مۇشاۋۇر قىلىپ قېتىپ قويۇۋاتقاندەك خاتىرجەم كۆرۈنەتتى.

تەيمۇر بوۋاينىڭ ساندۇقنى تالىشىپ كۆتۈرۈشى دادىسىنىڭ ھاياتلىق ئىزىنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈشنى مەقسەت قىلاتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل ئالىيجانابلىقى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ خاسىيىتى بىلەن قوشۇلۇپ مەڭگۈلۈك قىممەتكە ئىگە بولاتتى. ئۇنىڭ بۇنىڭغا ئىشەنچى كامىل ئىدى.

# قانلىق دېڭىز

قۇياش پۈتۈن كائىناتنى يېڭى بىر ھاياتلىق قەدىمىگە چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ ئۇپۇقتىن ئالەمشۇمۇل جاسارەت بىلەن كۆتۈرۈلۈۋاتقاندا، بىر توپ مۇدھىش قارا بۇلۇت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ يولىنى توستى. يورۇقلۇق بىلەن زۇلمەتنىڭ كەسكىن ئېلىشىشى نەتىجىسىدە ئەتراپ قان دېڭىزغا ئايلاندى. قان دېڭىزى ئىچىدە بۇردا - بۇردا بۇلۇتلار جان قويغىلى يەر تاپالماي تەرەپ - تەرەپكە قېچىشىپ يۈرەتتى. قۇياش بۇلۇتلار ئارىسىدىن كۈلۈمسىرەپ قاراپ، بارا - بارا روشەنلەشتى.

قۇياشتىن نۇر ئەمگەن دېڭىز دولقۇنلىرى يىراقتىن ئېتىلىپ كېلىۋاتقان ئەجدىھالاردەك ئادەمنى شۇركۈندۈرەتتى. بەندەردە تۇمشۇقى لاقىغا ئېلىنغان قوپال بىر كېمە كۈچلۈك دولقۇن زەربىسىدە ئالدى - كەينىگە چايقىلىپ تۇراتتى. پالۋانلارساندۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىپ كېمىگە يېقىنلاشتى. كېمىدە سەككىزدەك ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تۆت ياش يىگىت ناھايىتى قاۋۇل ئىدى. قويۇق چاچ - ساقاللىق بۇ يىگىتلەر تېرە خالتىلىرىنى چۆرىدەپ ئولتۇرۇشقان بولۇپ، كىشىلەرگە قاراشقا چولىسى يوق ھالدا ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئىدى. بىر جۈپ ئەر - خوتۇن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ كۇسۇلدىشىۋاتاتتى. قالغان ئىككىسى كېمىچىدەك قىلاتتى.

پالۋانلار ساندۇقنى كۆتۈرۈپ كېلىشكە ھېلىقى تۆت يىگىت پاراڭلىرىنى توختىتىپ ئۇلارغا قارىدى. ئارقىدىن چىرايلىرىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، ساندۇقنى كېمىگە ئېلىشىپ بەردى.

— يىگىتلەر، قەيەرگە بارىسىلەر؟ — سورىدى تەيمۇر بوۋاي

ئۇلاردىن .

— بىز جاھانكەزدى يولۇچىلار ، — جاۋاب بەردى ئۇلاردىن بى-رى ، — سەپىرىمىزگە تىنچ - ئامانلىق تىلەڭ ، بوۋا .

يىگىتنىڭ جايىدا ئېيتقان بۇ گېپى بوۋاينىڭ يۈرىكىنى «شۇررىدە » ئېرىتتى .

— دېگىنىڭلاردەك بولسۇن ، يىگىتلەر ! — دېدى ئۇ مەمنۇن بولۇپ .

تاشگۈل بىلەن پالۋاننىڭ تەيمۇر بوۋايدىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى . تاشگۈل بوۋايغا يادىكار سۈپىتىدە پىچىقنى بەرمەكچى بولدى . بوۋاي بۇ پىچاققا بەك ھەۋەس قىلاتتى ، ئىشلەتمىسىمۇ ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈپ سىنچىلاپ قاراپ كېتەتتى . تاشگۈل پىچاقنى غىلىپى بىلەن ئېلىپ ، بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى . بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان بوۋاي كۆزىنى قاچۇرۇپ باشقا تەرەپكە قارىۋالدى . تاشگۈل نىيىتىدىن يانماي پىچاقنى ئۇنىڭغا تەڭلىدى . ئۇ تاشگۈلنى چۈشىنەتتى . پىچاقنىڭ ئۇلار ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىملىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى . شۇڭا ، پىچاقنى رەھمەت ئېيت-تىپ ئالغىلى ئۇنىمىدى . تاشگۈل ھەرقانچە زورلىغان بولسىمۇ ئۇرۇنۇشى بىكار كەتتى .

— ئۇنداق بولسا مېنىڭ پىچىقىمنى ئالسىلا ! — دەپ تۇرۇۋالدى پالۋان .

— كۆڭلۈڭلار ماڭا تېگىل بولدى ، بالىلىرىم ، — دېدى بوۋاي ھاياجان بىلەن ، — پىچاقنى چىڭ تۇتساڭلارلا مەن خاتىرجەم بولىمەن .

— كۆڭلىمىزنى قايتۇرمىسىلا بولاتتى ، بوۋا .

تاشگۈل تەيمۇر بوۋاينىڭ ئۆزلىرىنى چۈشەنگەنلىكىدىن قەۋەتلا سۆيۈنۈپ ، ئۇنىڭغا بولغان ھۆرمىتى ھەسسىلەپ ئاشتى . بوۋاي ئۇلارغا ئازراق تەخىر قىلىشنى ئېيتىپ ، تېز - تېز يۈرۈپ كەتتى . ھايالشمايلا پالۋان ياخشى كۆرىدىغان كەپتەرنى ئېلىپ چىقىپ ، ئۇنىڭغا بەردى .

— بوۋا ، ئەمدى بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ — پالۋان بويۇنلىرىغىچە

قىزاردى .

ــــ يول يىراق ، زېرىككىپ قالسىز ، ــــ دېدى بوۋاي ، ــــ بۇنى ھەمراھ قىلىۋالسىڭىز ئىچ پۇشۇقىڭىزنى ئالىدۇ .

ئۇلار بوۋاي بىلەن ئاخىرقى قېتىم قىزغىن قۇچاقلىشىپ خوشلاشتى .

دولقۇنلار ۋەھىملىك شارقىراپ كېمىنى داۋالغۇتاتتى . كېمىچى كېمىنىڭ بوغقۇچىدىكى پالاقنى قىرغا تىرەپ ، كېمىنى ئاستا قوزغىدى ، ئاندىن پالاقنى ئۆز جايىغا جايلاشتۇرۇپ ، رىتىملىق ھەرىكەتلەندۈرۈشكە باشلىدى . پالاق ھەربىر ئۇرۇلغاندا بوغقۇچ يېقىمسىز غىچىرلايتتى . كېمە قىرغاقتىن كۆز يېتىم يىراقلاشقاندا تاشگۈل تېخىچە كەتمەي تۇرغان تەيمۇر بوۋايغا قول ئىشارىتى قىلىپ خوشلاشتى . بوۋايمۇ قىرغاقتا ئۇيان ـ بۇيان چېپىپ قوللىرىنى پۇلاڭشىتتى . ئۇ تاكى كېمىنىڭ قارىسى يىتكۈچە تۇردى .

قۇياش خېلىلا كۆتۈرۈلگەن بولۇپ ، كۈچلۈك نۇرى بەدەنلەرنى چاقاتتى . كېمە دولقۇننىڭ ئۇرۇشى بىلەن دەم ئۆرلەپ ، دەم چۆكۈپ ئىلگىرىلەيتتى . ھېلىقى تۆت يىگىت ئۆز پاراڭلىرى بىلەن ئىدى ، تۇرۇپ ـ تۇرۇپ تاشگۈلنىڭ پىچىقىغا قاراپ قويۇشاتتى . نەمخۇش ئىسسىق شامال تاشگۈلنىڭ تاراقسىز چېچىنى ئۇچۇرۇپ سالۋاراتتى . بۇنىڭدىن ئىچى پۇشقان تاشگۈل چاچلىرىنى بوغۇۋالدى . تاشگۈل ساندۇقنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ ئولتۇرغان بولۇپ ، ساندۇقنى پات ـ پات تۇتۇپ قوياتتى ، ھەربىر سىلىغاندا ئىچىدىكى ئەنجۈر دەرىخىدىن ۋۇجۇدىغا قانداقتۇر بىر خىل كۈچ ـ قۇۋۋەت تاراۋاتقاندەك ئۆزىنى بەقۇۋۋەت سېزەتتى . چېھرىنى بەختىيارلىق نۇرلىرى قاپلايتتى .

قاچانلاردىدۇر ئۇيقۇغا كەتكەن ھېلىقى يىگىتلەردىن بىرى ئويغاندى ـ دە ، ئاستا سىلجىپ ساندۇقتا ئولتۇردى ، ئاندىن پەم بىلەن تاشگۈلنىڭ پىچىقىنى ئالماقچى بولدى . تاشگۈل تۇيۇپ قېلىپ ، ئالدىغىراق سۇرۇپ قويدى . كەينىدىن ئويناپ ئولتۇرغان پالۋان ھېلىقى يىگىتكە ئال-

يىپ، ساندۇقتىن چۈشۈپ كېتىشنى ئېيتتى. ئەمما، ئۇ پىسەنتىگە ئالماي ئولتۇرۇۋەردى. پالۋان بۇ ساندۇقتا ئۆزلىرىنىڭمۇ ئولتۇرۇشقا قىيمايۋاتقىنىنى ئەسكەرتىپ ئورنىدىن تۇرماقچى بولۇۋىدى، تاشگۈل پېشىدىن تارتىپ قويدى. پالۋان ئۇنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلاتتى. ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن باشقا يىگىتلەرمۇ ئويغاندى - دە، ئەھۋالنى ئۇقۇپ بىر - بىرلەپ كېلىشكىنىچە ساندۇق ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىشتى. كېمە چايقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ، كېمىچى ئۇلارنىڭ ئەلپازىدىن قورقۇپ، گەپ - سۆزسىز پالاقنى ئۇرۇۋەردى. يولۇچىلار ئارىسىدا بۇنداق تالاش - تارتىشلارنىڭ يۈز بېرىشى نورمال ئىش ئىدى. ئەمما، پالۋان چىداپ تۇرالمىدى. بايا بەك سىلىق - سىپايە، ئەدەپلىك كۆرۈنگەن بۇ تۆتەيلەننىڭ يولسىزلىقى ئۇنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى، سەۋر قاچىسىنى تاشتۇرغان ئىدى.

پالۋان ئۇلارنى ساندۇقتىن قوپۇرۇۋەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇۋىدى، يەنە تاشگۈل بېسىپ قويدى. ئۇنىڭ مۇددىئاسى ھەرقانداق ئىش يۈز بەرسىمۇ چىشىنى چىشلەپ چىداپ، ئەنجۈر دەرىخىنى ئامان - ئېسەن ئېلىپ كېتىش ئىدى. ئۇ « يولۋاسنى يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقنى يەڭگەن باتۇر » ئىكەنلىكىنى چۈشىنەتتى. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئامانلىقى ئالدىدا بۇ ھېچقانچە خورلۇق ئەمەس ئىدى. شۇ تاپتا بۇ تۆت ئادەم ساندۇقتا ئەمەس، ئۆزىنىڭ دۈمبىسىدە ئولتۇرۇۋالغان تەقدىردىمۇ، ئەنجۈر دەرىخىنى ئويلاپ غىڭ قىلمايتتى، چۈنكى ئازراقلا بېنىكلىك ئىشنى بۇزاتتى.

شۇ ئەسنادا قارشى تەرەپتىن بىر كېمە كەلدى. ھېلىقى تۆت يىگىت دەرھال ئورۇنلىرىغا بېرىپ ئولتۇرۇشتى. تاشگۈل بىلەن پالۋان كۆڭلى ئارامىغا چۈشۈپ بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. قارشى كېمىدىكىلەر بۇ كېمىدىكىلەرگە قوللىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە ئۆتۈپ كېتىشتى.

پالۋانلار چىققان كېمە كۈنچىقىشقا قاراپ بىرقانچە كۈن ماڭدى.

بارا ـ بارا دېگىز تارىيىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇلار كۈچلۈك دولقۇنىنىڭ زەربىسىگە دۇچ كەلدى. كېمە قورقۇنچلۇق چايقىلىشقا باشلىدى. ھېلىقى تۆت يىگىت تەڭلا ئورۇنلىرىدىن تۇرۇۋې- لىشتى ـ دە، كېمىچىگە كېمىنى توختىتىشنى ئېيتتى. كېمىچى بۇنداق خەتەرلىك ئەھۋالدا توختاشقا بولمايدىغانلىقىنى بىلگەچكە، ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالماي، سۇ يولىنى پەملەپ پالاقنى ئۇرۇۋەردى. تۆتەيلەن يولسىزلىق قىلىپ تەھدىت سېلىشىدى، پالۋان بۇ ناھەقچىلىككە چىدىماي تال ـ تال بولۇپ كېتىۋاتىسىمۇ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ بىخەتەرلىكىنى ئويلاپ ئۆزىنى زورىغا بېسىۋالدى. ئەنجۈر دەرىخىنى ئامان ـ ئېسەن ئەكېتىۋېلىش ئۇلار ئۈچۈن ھەممىدىن قىممەتلىك ئىدى.

كۈتۈلمىگەندە كېمە توختاپ قالدى. ھېلىقى تۆتەيلەننىڭ بىرى يەنە بىرىنىڭ قولىقىغا پىچىرلىغىلى تۇرۇۋىدى، قالغان ئىككىسىمۇ يېقىنلاپ كەلدى. شۇ چاغدا ئورا كۆز بىرسى ناھايىتى قوپال ئاۋازدا:

— ھەممىڭ ئاڭلاش! كېمىنىڭ ئاستىغا بىر چوڭ بېلىق كىرىۋې- لىپ، كېمىنى توختىتىپ قويدى! — دېدى.

شۇ كەمگىچە بۇنداق بولغىنىنى كۆرۈپ ياكى ئاڭلاپ باقمىغان يولۇچى ۋە كېمىچىلەر ھەيران بولۇپ غۇدۇراپ كېتىشتى.

— ئى يىگىتلەر، سىلەر قەيەردىن كەلگەن ئادەملەر؟ — سورىدى كېمىچىلەردىن بىرى.

بايا سورەن سالغىنى دوق قىلدى:

— بىلىپ قويغىنىكى، كېمىچى، ھازىر بىزنىڭ قەيەرلىكىمىز مۇھىم ئەمەس، ئېچىرقاپ كەتكەن بۇ بېلىق كېمىنى ئۆرۈۋېتىدىغاندەك قىلىدۇ!

كېمىچى گېپىدە چىڭ تۇردى. يەنە بىر كېمىچىمۇ ئۇلارنىڭ تۇت- رۇقسىز گەپلىرىگە رەددىيە بەردى. تۆتەيلەن ئىشنىڭ ئاسانغا چۈشمەيدىغانلىقىنى دەرھال پەملەپ، خالتىلىرىدىن قاراقچىلىق قورالى بولغان توقماقلىرىنى چىقىرىشتى. پالۋان پەيتنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى

ھېس قىلىپ، ئۇلار قول سالغۇچە ئۆزلىرىنىڭ قول سېلىۋېلىشى قوغدى-
نىشىنىڭ ئاچقۇچى ئىكەنلىكىنى تاشگۈلگە ئىشارەت بىلەن بىلدۈرۈۋىدى،
تاشگۈل نىشانى ئېنىق بولمىغان ئىشتا قارىملىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىدا
چىڭ تۇردى. پالۋان بوشاڭلىق قىلسا ۋاقتى كەلگەندە يامانلىقنىڭ ئۆز
بېشىغا يوپۇرۇلۇپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ تېپىرلاپ كەتتى. تاشگۈل ئۆ-
نىڭغا ئۆزلىرىنىڭ يارىدار ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەنجۈر
دەرىخىدىن باشقا ھەرقانداق نەرسىنىڭ مۇھىم ئەمەسلىكىنى ئەسكەرتىپ
ئۆتتى. پالۋان غۇدۇراپ قويدى.

ھېلىقى تۆتەيلەندىن بىرى تېخىچە قايناۋاتقان كېمىچىنىڭ ئاغزىغا
توقماق بىلەن بىرنى ئۇرۇپ ئارقىسىغا ئۈچۈرۈۋەتتى. ئۇنىڭ چىشلىرى
تۆكۈلۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان
كېمىنى بويىماقتا ئىدى. مۇتتەھەم توقمىقىنى يەنە كېمىچىنىڭ بېشىغا
تەڭلەۋاتقاندا كېمىچىنىڭ شېرىكى توقماققا ئېسىلىۋالدى، ئەمما تار-
تىۋالالمىدى، ئىككىسى يومىلاقلىشىپ كەتتى. ئەر - خوتۇن يولۇچىلار
قورقىنىدىن كىرپىدەك تۈگۈلۈۋالدى. تاشگۈل شۇئان پەيتنىڭ ئەمدى
يېتىپ كەلگەنلىكىنى پالۋانغا كۆز قىسىپ بىلدۈردى. لېكىن، ئۇلارنىڭ
ئەس - يادى كېمىچى بىلەن بولۇپ كەتكەنلىكتىن، ئۈچ يىگىتنىڭ ئۆز-
لىرىگە قارشى ھۇجۇم باشلاش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى سەزمەي قېلىشقان
ئىدى. بۇ ھال ئۇلارنى تەمترىتىپ قويدى. پالۋان بوششىپ، ھېچ ئىش
بولمىغاندەكلا كەپتەرنى ئويناپ ئولتۇرۇۋەردى. كېمىچى ئانچە بوش ئادەم
ئەمەس ئىدى، ئۇ رەقىبىنى ئاستىغا بېسىۋالدى. كېمە ئۆرۈلۈپ كېتىدى-
غاندەكلا چايقىلاتتى. كېمىچى بىلەن ئېلىشىۋاتقان يىگىت كېمىچىدىن
توقمىقىنى تارتىۋېلىپ بېشىغا بىرنى قويۇش بىلەن يىقىتتى، ئاندىن
كەينى - كەينىدىن ئۇرۇپ ئورنىدىن تۇرالماس قىلىۋەتتى. ئەمدى نۆۋەت
خوتۇنى بار ئادەمگە كەلگەن ئىدى. ئۇنىڭ ئۇزايىدىن
قارشىلىشالمايدىغانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. خوتۇنى ئېرىنىڭ پېشىگە مەھ-
كەم ئېسىلىۋالدى. شۇنداقتىمۇ ھېلىقى مۇتتەھەم خوتۇننى رەھىمسىزلىك

بىلەن تېپىشىپ ، ئاغرىقچان ئېرىنى دېڭىزغا تاشلىۋەتتى . يولۇچى دەسلەپ چۆكۈپ كېتىپ ، بىردەم ئۆتكەندە سۇ يۈزىدە پەيدا بولدى . بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ كېمىگە يېقىنلىشىۋىدى ، ئايالى ئەنسىز ۋارقىراپ قولىنى ئۇزاتتى . ئەر خوتۇنىنىڭ قولىنى تۇتايلا دېگەندە ، رەقىبى ئۇنى كاللىسىغا بىر توقماق ئۇرۇپ چۆكۈرۈۋەتتى . سۇ يۈزىدە پەيدا بولغان قانلار ئۇنىڭ ھالاكىتىدىن نىشانە بولۇپ قالدى . ھەسرەت - نادامەت چېكىپ ئاھ ئۇرغان ئايال چاچلىرىنى يۇلغىنىچە ئېرى چۆكۈپ كەتكەن يەرگە ئۆزىنى ئاتتى - دە ، چالمىدەكلا چۆكۈپ كەتتى . بىرھازا ئۆتكەندە سۇ يۈزىگە چىققان بولسىمۇ ، كېمە يىراقلاپ كەتكەچكە ھېچكىم ياردەم قىلالمىدى ھەم بۇنىڭغىمۇ قىزىقىدىغان ئادەم چىقمىدى . ئايال شۇ ئەھۋالدا تۇرۇپمۇ ئېرىنى ئىزدەۋاتاتتى . ھەرىكەتلىرى بارغانسېرى سۇسلىشىپ ، بىر چۆكۈپ ، بىر لەيلەپ قىلغان ئاھۇزارلىرى چەكسىز دېڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىغا سىڭىپ يوقىماقتا ئىدى .

« قاراقچى » يىگىت ئاغرىقچان ئادەمدىن تارتىۋالغان كىچىككىنە تۇگۇنچەكنى ھاۋاغا ئېتىپ تۇتۇۋالغاندىن كېيىن خۇشاللىقىدىن تېرىسىگە پاتماي قالدى . مەرۋايىت ، قۇلۇلە قېپى سېلىنغان بۇ خالتىمۇ گويا ئۆز ئەگىسىنى تاپقاندەك ھاۋادا ئەركىن موللاق ئېتىپ ئۇدۇل ئۇنىڭ قولىغا چۈشكەن ئىدى . ۋاھالەنكى ، ئۇنچە - مەرۋايىت دېگەنلەرنىڭ كۆز - قۇلىقى يوق ، ئۇ پەقەت قولدىن - قولغا ئۆتكەندىلا جانلىقلىقىنى ئىپادىلىيەلەيدۇ ، نە ھېسسىيات ، نە قاراش بولمىغاچقا ، كىمنىڭ قولىدىلا بولسا ئۆز كارامىتىنى كۆرسىتىۋېرىدۇ . ئاشۇ ۋاپاسىز تۇگۇنچەك تېخى بايىلا ئاغرىقچان ئادەمنىڭ چۆنتىكىدە ئىدى ، ئەمدى بولسا تەييارغا ھەييارنىڭ چاڭگىلىدا شاراقلاپ تۇرۇپتۇ . ئەر - خوتۇن ئىككىسى ئاشۇ تۇگۇنچەك ئۈچۈن بىر ئۆمۈر قان - تەر ئاقتۇرغان ئەمەسمىدى ؟ ئۇلار ئاشۇ ۋاپاسىز بايلىققا قىزىققۇچە ، ئەيىبناق بولسىمۇ بىرەر بالىغا ئاتا - ئانا بولغىنىدا مۇنداق كۈنلەرگە قالارمىدى !؟ كۈچ - ماغدۇرىدىن ئايرىلىپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغاندا ئۇلارنى ئۆز بايلىقىمۇ ياراتماي ، قابىل

ئادەملەرنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئاتتى !

ئۇلارنىڭ ئىچىنىشلىق تەقدىر ـ قىسمىتى تاشگۈل بىلەن پالۋاننى ۋىجدانىي ئازابقا سالدى . ئەمما ، شۇ تاپتا ئۇلارنىڭ باشلىرىدىمۇ توقماق ئويناپ تۇراتتى . تاشگۈل پالۋانغا كۆز قىسىپ كەپتەرنى قويغۇزۇۋەتتى . كەپتەرنىڭ تۇيۇقسىز پاراسلاپ ئۇچۇشى ھەممىسىنىڭ دىققىتىنى تارتتى . ئىككىيلەن پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ، ئۇلارنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتتى .

— خاسىيەتلىك دەرەخنى ياخشىلىقچە بەرسەڭلار ، سىلەرگە تەگمەيمىز !

ئۇلاردىن بىرى شۇنداق دەپ ھۆركىرىدى . ئەسلىدە ئۇلار ئۆتەڭدىكى ھېلىقى ئاخشىملا بۇنىڭ پىيىگە چۈشكەن ئىدى .

— خام خىيالڭلار ! — دېدى تاشگۈل قەتئىيەت بىلەن .

كېيىمىدە جەڭدىي ئېلىشىش يەنە باشلاندى . تاشگۈل ئۇلاردىن لەپتە تۇرغان بىرسىنى ئۇرۇپ دېڭىزغا موللاق ئاتقۇزۇۋەتتى ، ئاندىن قالغانلىرىغا سالما تاشلىدى . يېقىن كېلىشكە ئۇرۇنغانلىرىنى سالما بىلەن ئۇرۇپ يېقىن يولاتمىدى . تاشگۈل ھەربىر سالما تاشلىغاندا ئۇلار تۈگۈلۈپ ئۆزىنى قاچۇرۇشاتتى . شۇنداقتىمۇ سۇغا چىلىنىپ ئېغىرلاشقان سالمىنىڭ زەربىسى ئۇلارنى مۈكچەيتىۋەتتى . تاشگۈللەر بۇ كەسىپىي « قاراقچىلار » ئالدىدا سەل ئاجىزلىق قىلسىمۇ ، لېكىن بوش كەلمىدى . ئۇلار گەرچە بۇلاردەك مەخسۇس تەربىيىلەنگەن مۇشتلاشچىلاردىن بولمىسىمۇ ، ئوۋچىلىق ماھارىتىنىڭ مۇشتلاشچىلىق بىلەن ئوخشىشىپ كېتىدىغان جايلىرى كۆپ ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار بۇ جەھەتتىكى ئارتۇقچىلىقنى ئىشلىتىپ تاقابىل تۇرماقچى بولدى . تاشگۈل سالمىنىڭ ئۇچى بىلەن ھەربىر ئۇرغاندا يارىلانغان بارماقلىرىدىن « جىرت ـ جىرت » قان چىقىپ كېتەتتى ، ئاپئاق سالما بىردەمدىلا قىپقىزىل بولۇپ قالاتتى . پالۋان بىرسى بىلەن ئېلىشىۋاتاتتى . ئويلىمىغاندا ، تاشگۈل بايا دېڭىزغا چۈشۈرۈۋەتكىنى كېيىنگە ئېسىلدى . ئاڭغۇچە بايا ئاغزىغا توقماق يەپ چىشى تۆكۈلۈپ

كەتكەن كېمىچىمۇ ھوشىغا كەلدى . ئۇ دەلدەڭشىپ بېرىپ كېمىگە ئې-
سىلغان قاراقچىنى پالاق بىلەن ئۇرماقچى بولۇۋىدى ، ئويلىمىغاندا پالىقنى
تارتىۋېلىپ پۇتىغا ئېسىلىۋالدى . تاياق زەربىدىن ئاران ئۆرە بولغان كې-
مىچى ئۇنىڭ بىلەن قوشۇلۇپ دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى ، ئاندىن ئارقا -
ئارقىدىن بىرنەچچە توقماق يەپ ھالى بوشاشتى . يەنە بىر كېمىچى نېمە
قىلارىنى بىلمەي كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە تۈگۈلۈپ تۇراتتى .

« قاراقچى »لارنىڭ سۇدىكىسى كېمىگە چىقىشى بىلەن قالغان ئۈچ
شېرىكىگە جان كىردى . ئەمدى كۈچ سېلىشتۇرمىسى ئىككىگە بىر بولۇپ
قالغان ئىدى . ئۇلارنىڭ قالايمىقان ھەرىكەتلىرى تەسىرىدە كېمە دەم
ئالدىغا ، دەم ئارقىغا ھەم ئىككى يانغا چايقىلاتتى ، بەزىدە ئۆڭتۈرۈلۈشكە
تاس - تاس قالاتتى . تاشگۈل رەقىبلىرى بىلەن ئېلىشقاچ ساندۇقنى
ئارقىسىغا سۈرۈۋالدى ، ساندۇقنىڭ قېشىغا رەقىبلىرىنى يېقىن كەلتۈر-
مىدى . ئۇلار ھىيلە ئىشلىتىپ ساندۇقنى يېقىنلاشماقچى بولۇۋىدى ، تاشگۈل
پىچاقنى شىلتىپ تاقابىل تۇردى . گەرچە يېقىن كەلگەندە پىچاق ئارقىلىق
زەربە بېرىشكە بولسىمۇ ، لېكىن ئۇلارغا كېلىۋاتقان تەھدىت زور ئىدى .
تاشگۈل ئىچىدە : « شۇ تاپتا ئوقيايىم بولغان بولسا ... » دەپ خۇرسىندى .
شۇنداقتىمۇ ئىككى رەقىبىنى سالما بىلەن ئەدەپلەپ يېقىن كەلتۈرمىدى .
تاشگۈل ئاغرىق ئازابىغا چىداپ پالۋانغا ئوبدان ماسلاشتى . رەقىبلىرى
ئۇلارنى ھالسىزلاندۇرۇش ھىيلىسىنى ئىشلىتىۋاتقاندەك قىلاتتى . شۇڭا ،
قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايتتى .

— ھەرقانداق نەرسە جاندىن مۇھىم ئەمەس ! — دېدى بىرى .

تاشگۈل دەل جايىدا ئىنكاس قايتۇردى :

— ئۇنداق بولسا سىلەر جاندىن كېچىڭلار !

ھاۋادا پالۋان قويۇپ بەرگەن كەپتەر پەيدا بولدى . كەپتەر كېمىگە
يېقىنلاشقاندا ئارقىسىدىن يەنە بىر قۇشنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقى مەلۇم
بولدى ، ئۇ دېڭىز لاچىنى ئىدى . لاچىن يېتىشىۋالاي دېگەندە كەپتەر بىرلا
قاڭقىپ تىك كۆتۈرۈلدى . لاچىن يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتكەندە كەپتەر

تۆۋەنگە ئۆزىنى ئاتتى . كەپتەر دېڭىز لاچىنىنى بىمالال ئويناتتى ، ئەگەر سەللا بىخەستەلىك قىلسا جېنىنى سىلىپ بەرگەن بولاتتى . كەپتەرنى تۇتالمايۋاتقىنىغا ئىچى پۇشقان لاچىن ئاچچىقىدا « ۋىچ - ۋىچ ... » سايراپ كەتتى . بەتنىيەتلىك بىلەن ئالىيجانابلىق ، زوراۋانلىق بىلەن مەھكۇملۇق ئوتتۇرىسىدىكى بىر قەپەس ئېلىشىش سۇدا ۋە كۆك قەرىدە تەڭلا يۈز بېرىۋاتاتتى . كەپتەر ھەرقانچە چاققانلىق قىلغىنى بىلەن دېڭىز لاچىنىغا تەڭ كېلەلىشى تەس ئىدى ، ئۇ ھەرگىزمۇ دېڭىز لاچىنىغا ئۆز-گىرەلمەيتتى . كەپتەر بويىنىنى سوزۇپ رەقىبىدىن ئۆزىنى قاچۇرىدىغانغا پاناھلىق ئىزدەيتتى . چەكسىز دېڭىزدا كېمىدىن باشقا مۇۋاپىق جاي يوق-لۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن ئاخىر كېمىگە ئۆزىنى ئاتتى . دېڭىز لاچىنى كەپتەر تاكى كېمىگە قونغانغا قەدەر قوغلاشقا پېتىندى . ئۇ كېمە ئەتراپىنى ئىككى ئايلانغاندىن كېيىن كۆك قەرىگە سىڭىپ كەتتى . ئۇنىڭ « ۋىچ - ۋىچ ! » سايراشلىرى يىراق - يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتاتتى .

قورقۇپ كەتكەن كەپتەر ئەتراپىدا ئۇچۇۋاتقان سالما - توقماقلارغا پىسەنت قىلماي ، كېمىنىڭ بىر بۇرجىكىدە چۇراپ - چۇراپ ئولتۇرۇۋەردى . تاشگۈل ئىككى رەقىبىنى سالما بىلەن بىراقلا بوغماقچى بولۇۋىدى ، شۇنچە يېقىن ئارىلىق قۇلايسىزلىق تۇغدۇردى . رەقىبلەردىن ئىككىنچىسى پالۋاننى ئالدى - كەينىدىن قاپسىۋالدى . پالۋان مۇشت - پەشۋالىرى بىلەن ئۇلارنى يېقىن كەلتۈرمىدى . قاتتىق ئاتقان بىر پەشۋاسى رەقىبىنىڭ قولىدىكى توقماقنى چۈشۈرۈۋەتكەن بولسىمۇ ، قات-تىق زەربە تەسىرىدە ئۆزىمۇ يىقىلىپ چۈشتى . شۇ ئارىدا رەقىبى توقماقنى چاققانلىق بىلەن ئېلىۋالدى ، ئاندىن ئۇلار پالۋاننى تۇتۇۋالدى . پالۋاننىڭ بايا توقماقتا تەگكەن پۇتى بۇرۇنمۇ ئېغىر يارىدار بولغاچقا ، بىر پارچە گۆشكىلا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى . يارىلاردىن قان جىرتىلداپ چىقىۋا-تاتتى . پالۋان بىرلا كۈچەپ بوشىناي دېگەندە يەنە بىرىمۇ يوپۇرۇلۇپ كېلىپ تۇتۇۋالدى - دە ، چاققانلىق بىلەن كانىيىغا ئېسىلدى ، يەنە بىرى مۇرىسىنى چىڭ مۇجۇپ تۆۋەنگە نىقتىدى . پالۋان تەستە

بوشىنىپ جان - جەھل بىلەن تىركەشكەن بولسىمۇ ، يارىلانغان پۈتى كۆچ بەرمەي ، دىگگۇسلاپ يۈرۈپ ئېلىشىشقا توغرا كەلدى . شۇ ئەھۋالدا تۇرسىمۇ رەقىبى ئۇنى قايتا بېسۋالالمىدى ، بەلكى پالۋان ئوتتۇ-رىدا كىمە ماچىتىسىدەك تۇرۋۇالدى . ئىككىسىنى تۇتۇۋېلىپ بىراقلا كۆتۈرۈپ تاشلىۋەتمەكچى بولغاندا ، يارىلانغان ھەم ئوشۇقىدىن چىقىپ كەتكەن پۇتى بەرداشلىق بېرەلمەي قالدى . شۇنداقتىمۇ ئىككىسىنى يوتىسىغا مىندۈرۈپ كىمىنىڭ پولىغا كۆچ بىلەن ئۇرۇۋىدى ، كىمىنىڭ شاللىرى غاراسلاپ كەتتى ، سۇلار ئەتراپقا شالاقلاپ چېچىلدى . ئەمدى پالۋان پىچىقىنىڭ تەمىنى تېتىپ قويماقچى بولۇپ ، پۈتى بىلەن كىمە لېۋىنى تىرىگەن ئىدى ، يارىدار پۈتى قوناق شېخىدەك قاتلىنىپ كەتتى . شۇنداقتىمۇ چىشىنى چىشلەپ ئېلىشىپ ، ئىككى رەقىبىنى مەيدىسى ئارقى-لىق پولغا نىقتىدى . شۇ چاغدا رەقىبلەردىن بىرسى ئۇنىڭ تېگىدە يېتىپ تۇرۇپ پۇرسەتنى پايلاپ قولىغا بىرلا ئۇرۇپ پىچىقىنى چۇشۇرۇۋەتتى ۋە چاققانلىق بىلەن كاپلا ئېلىپ پالۋاننىڭ قورسىقىغا تىقىۋەتتى . قاتتىق كۆچىنىش بىلەن زىيادە چىڭقىلىپ تۇرغان قورساق خۇددى پىشىپ يې-تىلگەن كۆكچى قوغۇنغا پىچاق ئۇرۇلغاندەكلا ۋاچچىدە يېرىلىپ كەتتى . ئۈچەيلەر شالاققىدە تۆكۈلدى ...

پالۋان ھەددىدىن ئارتۇق جىددىيلىشىپ كەتكەنلىكتىن ، ئۆزىگە ئەجەللىك تالاپەت يەتكىنىنى دەماللىققا تۇيماي ، رەقىبلىرى بىلەن يومىداقلىشىۋەردى . ئۇ ، ئۈچەيلىرىنىڭ رەقىبلەرنىڭ قول - پۇتلىرىغا ئارغامچىدەك چىرمىشىۋالغىنىنى كۆرگەندىلا قارنىنىڭ يېرىلغانلىقىنى بىلدى . ئۇنىڭسىزمۇ قانسىراش نەتىجىسىدە كۆزلىرى تورلىشىپ ، بېشى قېيىشقا باشلىغان ئىدى . تاشگۈل ئۇنىڭ ئاشۇ ھالدىمۇ جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ « پالۋىنىم ، ئاھ جېنىم ئېرىم » دەپ ۋارقىراپ تاشلىدى . ئېتىلىپ بارماقچى بولدىيۇ ، ئۆزىنىڭمۇ تالاپەت تارتىپ قېلىشىدىن قورقتى . ئۇمۇ خېلىلا ھالسىرىغان ئىدى . ھېلىقى ئەر - خو-تۇنلارنىڭ بېشىغا كەلگەن بالا - قازا ئۇلارنىڭكىگىمۇ كېلىش ئالدىدا

تۇراتتى. لېكىن، نېمىلا بولمىسۇن ئەمدى سەۋر قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس ئىدى. كۆز ئالدىدا قارنى يېرىلىپ ئۆچەيلىرى تامام سىرتقا چىقىپ كەتكەن بىر ئەر رەقىبلىرى بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتسا قاراپ تۇرۇش ئادەم زاتىنىڭ ئىشىمۇ؟ بۇ ھالنى كۆرگەن كەپتەرمۇ ئېچىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەقىللىق جانىۋار ئۇچۇپ بېرىپ تەيمۇر بوۋايغا خەۋەر يەتكۈزۈشنى ئويلىدىيۇ، قانخور دېگىز لاچىنى ئېسىگە كېلىشى ھامان ئىككىلىنىپ قالدى. تاشگۈل ئاچچىقىدا ئۇ ئىككىسىنى بوغۇزلىۋەتمەكچى بولۇپ ئىنتىلگەندە، پالۋان ئەنجۈر دەرىخى قاچىلانغان ساندۇقنى مەھكەم ساقلاشنى ئۆتۈندى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنى بېسىۋالدى. پالۋان رەقىبىنىڭ قولىدىكى پىچاقنى بىسىدىنلا تۇتۇپ تارتقان ئىدى، ئىككى تەرەپ قاتتىق تېركىشىش نەتىجىسىدە ئۇنىڭ ئالىقان - بارماقلىرى لەختە - لەختە بولۇپ كەتتى. لېكىن ئۇ شۇندىمۇ بولدى قىلماي ئاخىرغىچە تىركىشىپ ئاخىر پىچاقنى تارتىۋالدى - دە، رەقىبىنىڭ كانىيىغا تىقتى. لېكىن، ئۇ قانسىراپ ھالسىزلىنىپ كەتكەنلىكتىن رەقىبىگە ئەجەللىك زەربە بېرەلمىگەچ، رەقىبى بىر ئاماللار بىلەن تېگىدىن قوپۇۋالدى. ئۇمۇ سۆرىلىپ يۈرگەن ئۆچەيلىرىگە دەسسىگىنىچە ئورنىدىن تۇردى، ھەربىر قەدەم يۆتكىگەندە ئۆچەيلىرى دەسسىلىپ پاس - پاس ئۈزۈلەتتى. تۇرقى خۇددى كانارىغا ئېسىلغان موزايغا ئوخشىشاتتى، پەقەت رەقىبى بىلەن ئېلىشىشلا تېخى تىرىك ئادەملىكىنى ئىسپاتلايتتى.

تاشگۈلنىڭ ئىككى رەقىبى تاراسلاپ تەگكەن تاياقلار زەربىدىن مۈكچەيگىنىچە ئورنىدىن تۇرۇشتى. ئۇلار تاشگۈلنى بىراقلا ئۇجۇقتۇرۇش ئۈچۈن قاراملارچە ئېتىلغان پۇرسەتتە تاشگۈل سالما تاشلاپ بىرىنى يىقىتتى - دە، بىر قولىدا پىچاق بىلەن مۇداپىئەلىنىپ، يەنە بىر قولىدا سالمىنى چىڭ تارتتى، ئاندىن يىقىلىپ - قوپۇپ ئاران جېنى قالغان رەقىب قەددىنى رۇسلىغۇچە كانىيىغا پىچاق تىقىپ كېمىنى قان بىلەن بۇلغىۋەتتى. شېرىكىنىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن جېنىنى تىكىپ ئېتىلغان يەنە بىر رەقىب تاشلانغان سالمىدىن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى

قاچۇرۇۋالدى . ئۆچمەنلىكنىڭ مەھسۇلى بولغان بۇ خىل قىرغىنچىلىقلار ھېچكىمنى ئاياپ قويمايتتى .

پالۋان تېخىچە تىركىشىۋاتاتتى . جەننەت مېۋىسىگە قاراپ تۇغۇلۇۋاتقان ئۈمىد ـ ئىشەنچ ئۇنىڭغا شۇنداق ئەقىلگە سىغمايدىغان جاسارەتنى ئاتا قىلىۋاتاتتى . ئۇ ، ساندۇقتا ھەربىر قارىغىنىدا ئىمانى نۇرلىنىپ ئىمجان تېنى كۆچكە تولاتتى . بىراق ، ئىمجان دېگەن بەربىر ئىمجان ـ دە ! ئۇ بارا ـ بارا ئۆزىگە ئىگە بولالماي قېلىۋاتقان بولسىمۇ ، يەنىلا « پۈتۈم يارىلانمىغان ، ئۇشۇقىمدىن چىقىپ كەتمىگەن بولسا ... » دەپ ھەسرەتلىنەتتى . ئەمدى ئۇ قەددىنى رۇسلاشقا كۆزى يەتمەي تاشگۇلگە :

— ساندۇقنى دېڭىزغا تاشلا ، تېز تاشلا ! — دەپ بۇيرۇق قىلدى .

پالۋاننىڭ ھاياتلىق يولىدىكى ئۈمىدكە تولغان بۇيرۇقى شۇنچە جاراڭلىق ، ئەمما بوغۇق ئىدى . ئۇ تاشگۇلنى ئاخىرقى كۆرەشكە ئۈندەۋاتاتتى . ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن تاشگۇل ئىككىلىنىپ تۇرمايلا ساندۇقنى دېڭىزغا تاشلاۋاتقاندا رەقىبى ئېتىلىپ كېلىپ ئېسىلىۋالدى . پالۋان كاللىسىنى يانجىۋېتىش خەۋپىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان رەقىبىنىڭ توقمىقى بىلەن كارى بولماي ئۆملەپ كەلگىنىچە ، ساندۇققا ئېسىلىۋالغان رەقىبىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇۋالدى . تاشگۇل پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ساندۇقنى دېڭىزغا تاشلىۋالدى ، ئاندىن تاشگۇلمۇ سەكرەپ ساندۇقنى تۇتۇۋالدى . دولقۇن ئۇنى ساندۇق بىلەن بىللە ئېقىتىپ كېمىدىن يىراقلاشتۇرۇۋاتاتتى .

رەقىبلەر يەنە مەغلۇبىيەتكە تەن بەرمەيۋاتاتتى . ئۇلاردىن بىرى دېڭىزغا سەكرىمەكچى بولغاندا پالۋان پۇتىغا ئېسىلىۋالدى . شۇنىڭ بىلەن ئۇ كېمە گىرۋىكىگە خۇرجۇندەك ئارتىلىپ قالدى . ئۇنىڭ باش قىسمى سۇدا ، ئايىغى كېمىدە بولۇپ ، بېشىنى كۆتۈرۈشكە ئامالسىز ھالدا تۇنجۇقۇپ جان تالىشىۋاتاتتى . رەقىبلەردىن يەنە بىرى پالۋاننىڭ قولىنى

ئاجرىتىۋەتمەكچى بولغان بولسىمۇ ئاجرىتالمىدى . پالۋان يەنىلا رەقىبىنىڭ پۇتىنى قويۇۋەتمەي سۇدا تۇنجۇقتۇرۇۋەردى . ئۇ ھە دەپ پالاقلايتتى . رە- قىب ئەمدى پالۋاننىڭ گەجگىسىگە پىچاق ئۇردى ، لېكىن پالۋان ئېرەنشىمىدى ، بەلكى رەقىبىنىڭ پۇتىنى ئامبۇردەك چىڭ تۇتۇپ تۇرۇ- ۋەردى . پالۋاننىڭ قوللىرى ئۇنىڭ پاچاق گۆشلىرىگە ئۆتۈشۈپ كەتكەن ئىدى . ئۇ پالۋاننىڭ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە پىچاق ئۇرۇۋېرىپ قىيما - يارما قىلىۋەتتى . پالۋان شۇندىلا بېشىنى كۆتۈرۈپ تاشگۈلنىڭ ئۆزى تەرەپكە قارىغىنىچە ئاھ ئۇرۇپ ئېقىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇ ساندۇقنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى . پالۋان ئەمدى خاتىرجەم بولۇپ ، كۆڭلىدە : « ئادەم ھامان ئۆلىدۇ ، ئەمما قانداق ئۆلۈشنى بەلگىلىۋالالمايدۇ » دېگەنلەرنى ئويلىدى ، ئاندىن ئۆز ئىشىدىن رازى بولغاندەك ، بايىدىن بېرى ئۆزى بىلەن قانلىق ئېلىشىپ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈپ ئۇھ دېگۈدەك ما- جالى قالمىغان رەقىبىگە قاراپ كۈلۈمسىرىدى ، ئاندىن تاشگۈلگە ئاۋازىنىڭ بارىچە :

— تاشگۈل ، ئاھ يۈرىكىم ، خاسىيەتلىك دەرەخنى قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئامان - ئېسەن ئېلىپ كەت ! چوقۇم ئېلىپ كەت،چوقۇم...— دەپ ۋارقىرىدى .

تاشگۈلنىڭ پالۋاننى تاشلاپ كېتىشكە كۆزى قىيمايتتى ، ئەمما ئەھۋال بۇ دەرىجىگە يەتكەندە ئامال يوق ئىدى . تەقدىر - قىسمەت ئۇلارنى مۇشۇ يەرگىچە ئەر - خوتۇن قىلغان ئىدى . پالۋاننىڭ ئاخىرقى سۆزلىرى تاشگۈلگە يەنە بىر قېتىم جاسارەت بەرگەن بولسا ، ئۆلۈمى ئاجايىپ قەت- ئىيلىك ئاتا قىلىش ئالدىدا تۇراتتى .

تاشگۈل پالۋان بىلەن قول پۇلاڭلىتىپ ۋىدالاشتى ، پالۋانمۇ جاۋابەن باش لىڭشىتتى . نەپىسى توختىماي تۇرۇپ ئايرىلىش ئۇلارغا ھە- قىقەتەن قىيىن توختاۋاتاتتى . قورقۇنچلۇق دېڭىز بۇ ئايرىلىشنى تېخىمۇ

دەھشەتلىك تۈسكە كىرگۈزمەكتە ئىدى .

ئېغىرلىقىنىڭ ھەممىسى كېمىنىڭ بىر تەرىپىگە مەركەزلەشكەندە ، كېمىگە خۇرجۇندەك ئارتىلىپ قالغان « قاراقچى » قاتتىق بىر يۇلقۇنۇۋېدى ، كېمە قىيسايدى . بۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك دولقۇنىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى تەڭ كېلىپ كېمىنى دۈم كۆمتۈرۈۋەتتى . كېمىدىن ساق چىقىپ كەتكىنى پەقەتلا كەپتەر ئىدى .

# ساغلام   تەنلەر

تاشگۇل توختىماي چىقىۋاتقان بوراندا شىددەتلىك دولقۇنلار بى-
لەن ئېلىشىپ ، دەم ئۆرلەپ ، دەم پەسلەپ ئىلگىرلەۋاتاتتى . شۇنچە
هەيۋەت هەم سۇرلۇك دېڭىزدا ئۇنىڭ بىردىنبىر هىمايىچىسى ئاشۇ ساندۇق
ئىدى . بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىغىنىدا قورقۇنچلۇق ۋەقەلەر ئۇنىڭ
يۈرىكىنى مۇجۇيتتى . شۇ تاپتا ئۆزىنى دېڭىزدا ئەمەس ، بەلكى هايات -
ماماتنى بىر قىلغا باغلاپ ئۇچۇرۇپ - لەيلىتىپ ئەكېتىۋاتقان مۇئەللەقتە
هېس قىلاتتى . ئاسمان ۋە دېڭىز توختىماي پىرقىرايتتى . ئۇ دولقۇنلار
ئىچىدىن بۇژغۇنلارغا چىققاندا ئۆزىنى گويا بۇلۇتلار ئارىسىدا پەرۋاز
قىلىۋاتقاندەك سېزەتتى ، تۆت ئەتراپىغا هەرقانچە قارىغىنى بىلەنمۇ دېڭىز-
نىڭ پايانىنى كۆرەلمەيتتى . پايانسىز دېڭىز ئۇنىڭغا كەڭ قۇچاق ئاچقان
ئىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇ چېلىشقا چۈشكەن رەقىبىنى باسالماۋاتقاندەك ، دې-
ڭىزنى رەقىبى سانايتتى . ئەمما ، بۇ رەقىب شۇنچە چوڭ ۋە كۈچلۈك
بولسىمۇ ئۇنى يۇتۇۋېتەلمەيۋاتاتتى ، بەلكى كىچىككىنە تۇز شۇنچە سۇنى
شاكىراب قىلىۋەتكەندەك ئۇمۇ دېڭىزغا تېتىماقتا ئىدى . قەيەرگىلا قارىسا
پايانسىز سۇ ، ئۆزىنىڭ بىر ساندۇققا ئېسىلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرەتتى ،
كۆزىنى نەچچە قېتىم يۇمۇپ - ئاچسىمۇ ئەمەلىيەت يەنە ئوخشاش ئىدى .
پەقەت ئۆزىنى چاقماق دەرياسىدا كېتىۋاتقاندەك ، ئازراقلا بەرداشلىق بەرسە
ئاتا - ئانىسى ، يۇرتداشلىرى بىلەن كۆرۈشىدىغاندەك هېس قىلاتتى .
چاقماق دەرياسى كۆكنى تىرىگەن تىك چوققىلاردىن چاقماقتەك
گۈلدۈرماما بىلەن چۈشۈپ ، سۈيى شۇنچە تېز ، شۇنچە هەيۋەت ئاققاچقا
شۇنداق ئاتالغان . ئۇ ئۇلغىيىپ تاغلار باغرىدىن جىلغا هاسىل قىلغان ،

تاشلىق ۋادىغا لاتقا تاشلىغان، ئاخىرىدا يۇرتنى قىستاپ تۇرغان دېڭىزغا قۇيۇلغان ... زۇمرەتتەك سۇپسۈزۈك ئاسماننىڭ شاھى ئالتۇن قۇياشنىڭ تالا - تالا نۇرلىرى بۇ زېمىننىڭ ئاجايىپ رەڭدارلىقىنى كۆز - كۆز قىلسا، جەننەتكە ئەنداز مەئىشەتلىك باغلىرىدىن تارىغان پۇراقلار دىماغنى يارىدۇ. ئۆزگىچە ئۇسلۇبتا بەس - بەس بىلەن قوپۇرۇلغان كۆركەم ئۆيلەر ئالدىدىكى تېرەك بوستانلار ياسىداق ئىمارەتلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ. تاغار - تاغارلاردا يايمىدالغان ئاشلىقلىرى ئۈنچە - مەرۋايىتنى ئەسلەتسە، قوغۇن - تاۋۇز ۋە كۆكتاتلىرى باشقا ئىقلىملارغا رەشىك ئوتى ياقىدۇ.

تاشگۈلنىڭ ئىشىكى ئالدىدا چوڭ كۆل بار ئىدى، چۆرىسىدە ئاق ئۈجمىلەر قاتىيىپ تۇراتتى. پاكىز سۈپۈرۈلۈپ سۇ چېچىلغان قاتتىق يەرگە قۇشقاچلار ئۈجمە تاشلايتتى. شوخ قىزلار يوغان داستىخانلارنى تۇتقىنىچە ئۈجمە ئېغىتىۋاتقان يىگىتلەرگە سۆز تاشلايتتى ... شاخلارنىڭ ئۈچىغا قۇشلاردەك قونۇۋالغان كەپىسىز باللار مەي باغلاپ پىشقان ئۈجمىلەرنىڭ ئەڭ بوردەكلىرىنى يەيتتى. بەزىلەر تەمرەتكىلىرىگە ئۈجمە سۈركەيتتى، ئۇلار « بۇنداق قىلسا ھەرقانچە جاھىل تەمرەتكىمۇ ئۈجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈلۈپ ساقىيىدۇ » دېيىشەتتى. « يېڭى ئاش » ھېسابلىنىدىغان ئۈجمىگە ئېغىز تەگكەن قېرى - چۈرىلەر ئۈششاق - چۈششەك ئاغرىقلاردىن خارىج تېپىپ، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ قالاتتى. مانا بۇ يېڭى مېۋىگە ئېغىز تەگكەنلىكنىڭ خاسىيىتى ئىدى. بۇ يۇرتتىكىلەر ئەتىيازدا قىشچە گەمىلەردە ساقلىغان قوغۇنلارنى ئېتىز بېشىدا يەپ ئۇرۇقنى تېرىيتتى.

تاشگۈلنىڭ ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقتا كېچە - كۈندۈز سۇ ئۆكسىمەيتتى. ئېرىق قايماقتەك قۇملار بىلەن تولغاندا، كىشىلەر سۇنى توختىتىۋېتىپ، بەس - بەستە قۇم چىقىرىشاتتى. شوخ باللار قۇمدا ئېغىناپ ئوينايتتى، تاغ، شەھەر - قەلئەلەر بىنا قىلاتتى. ئاتلىق سەركەردىلەرنى، يالمان - قىلىچلىق سەرۋازلارنى دوراپ، بىر - بىرلىرى

بىلەن تۇتۇشاتتى . بۇ ، ئۇلارنىڭ يۇرەكلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق ئىدى . قىسقىسى ، ئۇلارنىڭ سەبىيلىكتىكى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرى مۇشۇ قۇمدا ھاسىل تېپىپ ، ساغلام چوڭ بولۇشىدا مۇھىم رول ئوينايتتى .

يۇرتىنىڭ يىراق چېتى قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان بولۇپ ، ئاز تېپىلىدىغان ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلار بار ئىدى ، تۇرلىرىنىڭ كۆپلۈكى ئۇۋغا ئىشتىياقى بار ھەرقانداق ئادەمنى جەلپ قىلاتتى . خەتەرلىك تاغ ـ داۋانلىرى ئادەمنى ھەقىقىي ئادەم قىلىپ چىقاتتى . ھەر خىل ئەتىۋارلىق تېرىلەردە ئىشلەنگەن جۇۋا ، ياقا ، تۇماقلار قىز ـ جۇۋانلارنى نازىنىن ـ پەرى پەيكەرلەرگە ئايلاندۇرۇۋېتەتتى . يىگىتلەر ئۇۋغا ئاتلىنىشتىن بۇرۇن ئاتلارنى خىللىشاتتى ، قوراللارنى يېتەرلىك تەخلىشەتتى ، يارامسىق تايغانلارنى ئېلىۋېلىشاتتى . بۈركۈت ـ قارچىغىلارنى قۇشبېشىغا قوندۇرۇپ سۈر ـ ھەيۋەت بىلەن يۈرۈپ كېتىشەتتى . بوۋاي ـ مومايلار قىزغىن تىلەكلەر تىلەپ ئۇزىتىپ قېلىشاتتى . يىللار ئۇلارنىڭ چاچ ـ ساقاللىرىنى كۈمۈش رەڭگە كىرگۈزۈپ قېرىتقىنى بىلەن ، يۈرىكىنى ، روھىنى قېرىتالمىغان ئىدى .

قىران يولۋاس يىلان باغرى تاغ يوللىرىدا ئېتىنى تاراسلىتىپ كېلىۋاتاتتى ، ھەمراھلىرى كەينىدىن تاپ بېسىپ كېلىشەتتى . ئاتنىڭ تۇيىقىدىن كۆتۈرۈلگەن چاڭ ـ توزانلار ئۇلارنىڭ كېلىۋاتقانلىقىدىن يۇرتقا بەلگە بېرەتتى . ئۇلارنىڭ قارىسى قويۇق توپا ـ چاڭلار ئارىسىدا كۆرۈنۈشى ھامان يولغا تۆت كۆزى بىلەن قاراپ تۇرغانلار : «كەلدى ، كەلدى !» دېيىشىپ ، ئۇششاق بالىلاردىن تارتىپ ئالدىغا يۇگۇرۇشتى . تەقەززالىق ئىلكىدە كۇتۇپ تاقىتى تاق بولغان «قوشۇن» ئۆيىدەك توپىلارنىڭ تاناۋىنى تارتىپ مەھەللە ـــ مەنزىلگە يەتتى . چەۋەندازلار يۇرەك پارىلىرىنى كۆرۈپ ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشتى . شاش ئاتلار ئۆرىدەپ تۇياقلىرى بىلەن توپىلارنى تىلغاپ تەستە توختاشتى . ئەمما ، دۇكۇرلەپ بىر ئىزدا تۇرالمايۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ چەۋەندازلار بىردىن كىچىك بالىنى ئالدىغا ئېلىپ مىڭىشتى . بالىلارنىڭ

قىزىقسىنىپ سورىغان سوئاللىرىغا جاۋاب بېرىپ، چۈچۈك گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئالدىغا كېلىپ قالغىنىنى بىلمەي قېلىشتى.

ئۇلارنى تەقەززا بولۇپ كۈتۈپ تۇرۇشقان بوۋاي - مومايلار ھال - ئەھۋال سوراشتى، ئۆز قوللىرى بىلەن ئۇسسۇلۇق سۇنۇشتى. بىر - بىرىنىڭ ئارقىسىغا مۆكۈشۈپ «قىستا - قىستاڭ» ئويناۋاتقان قىز - جۇۋانلار يىگىتلەرگە تەلمۈرۈشۈپ نېمىلەرنىدۇر دېيىشەتتى، يۈزلىرىنى توسۇپ كۈلۈشەتتى. گۈزەل قىزلارنىڭ نازۇكەرەشمىلىك قىلىقلىرى ئوۋچى يىگىتلەرنىڭ قەلبىگە تەڭداشسىز شېرىن ھارارەت بېغىشلايتتى. قايسى يىگىت ئوۋدىن كۆپ ئولجا ئېلىپ قايتقان بولسا، قىزلار ئۇنىڭ ماھارىتىگە قايىللىقىنى بىلدۈرۈشەتتى، چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرۈشەتتى. يىگىتلەرمۇ قولى گۈل كەشتىچى قىزلارغا ھەۋەس قىلىشاتتى. ئۇلار ئۆز ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن كۆكۈل ئۇتۇشاتتى. مانا بۇ ئۇلارنىڭ ئەڭ نازۇك يۈرەك قاتلىمىغا يوشۇرۇنغان شېرىن تۇيغۇلار ئىدى.

ئوۋچىلار كۆلنىڭ يۇقىرى قاسىنقىدىكى قاپاق تېرەكنىڭ ئالدىدا ئاتتىن چۈشتى. يولغا قاراپ تۇرغانلار دەررۇ كېلىپ ئۇچىسىدىكى توپا - تۇمانلارنى قاقتى. قىزلار يېقىنلىششقا پېتىنالماي قىيا بېقىپ تۇرۇشتى. ئۇلاردىن بەزىلىرىنىڭ يۈزى ئوت ئېلىپ ئاناردەك قىزاردى. كۆل ئالدىدىكى تاۋىدان ئاراچلىق ئىشىك قىران يولۋاس قورۇسىنىڭ ئىدى. ئۇ ئاتتىن چۈشكەندە كۈمۈش بىلەن زىننەتلەنگەن ئېگەردىن كۆكۈش نۇر چاقناپ كەتتى. ئەتراپتىكىلەر ئىچ - باغرى ئېلىشىپ يېنىكلىتىلگەن ئولجىلارنى قىران يولۋاسنىڭكىگە قول - قول توشۇشتى.

تاشگۈل بايا دادىسى قىران يولۋاسنىڭ ئالدىغا ئوغلاقتەك قىيغىتىپ چىققان ئىدى، قىران يولۋاس ئۇنى دەس كۆتۈرۈپ ئۈچ پىرقىرىتىپ دەسسىتىپ، ئاندىن پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى. ئۇلار ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا كېلىشكە رەڭمۇرەڭ گۈللەرنىڭ ئارىلاشما خۇش پۇرىقى دىمىغىغا گۇپپىدە ئۇرۇلدى. ئاپئاق گەجلەنگەن پېشايۋاننىڭ گۈل ئويۇلغان ياغاچلىرى قىيپاش كۆرۈنۈپ تۇراتتى، ھاراق ۋە ناۋاسىدىكى گۈللەر

شاختىن ھازىرلا ئۈزۈلگەندەك جەلپكار ئىدى . تۇخۇمنىڭ ئىچى بىلەن گەج مەلھەم قىلىنىپ سۇۋالغان تاملار نەچچە ئاتىنىڭ ئۆمرىنى ئۆتكۈزگەنىگە قارىماي تۈنۈگۈنكىدەكلا پارقىرايتتى . كاھىشنىڭ رەڭلىرى توق ۋە ئوچۇق ئىدى .

قىران يولۋاس تاشگۈلنى ئوغۇلچىلاپ باققان ئىدى . چۈنكى ئۇ ، مۇشۇ بىرلا پەرزەنت كۆرگەن بولۇپ ، ئالدى ـ كەينىدە يوق ئىدى . شۇڭا ، ئاتىسى تاشگۈلنى كىچىكىدىنلا « ئوغلۇم » دەپ چاقىرىپ ئادەتلەنىدى ، 10 ئوغۇلغا بەرگۈسىز يارامىلىق ئادەم قىلىشقا ئەھدە قىلدى . تاشگۈلمۇ ئاتىسىنىڭ ئارزۇسىغا يارىشا ئۆسۈپ يېتىلىشكە باشلىدى . دادىسى تاشگۈلنى 10 ياشقا كىرگەندىن باشلاپ ئوۋغا بىللە ئېلىۋالىدىغان بولدى . ئۇ دادىسىغا بەكمۇ ئىجىل ئىدى ، ئوۋغا چىققاندا ئاتقا مىندۈرۈپ مەھەللىنى بىر ئايلاندۇرغاندىن كېيىن ئېلىپ ماڭاتتى . ئۇ دادىسىنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ قۇشبېشىغا مەھكەم ئېسىلىۋالاتتى . يىڭ ياغىچى دەستىلىك يىلانىسمان قامچىنى شىلتىپ ئوينايتتى .

قىران يولۋاس تاشگۈلگە تۈلكە ، بۆرە تېرىلىرىدىن ياقىلىق جۇۋا ، تۇماق تىكتۈرۈپ بېرەتتى . تىرىك توشقان ، كېيىك ئوغلاقلىرىنى ئوۋلاپ كېلىپ قوتان ياكى باغقا قاۋاپ بېرەتتى . تاشگۈل ئۇلارنى قوغلاپ ئوينايتتى . بۇ چېنىقىش ئۈچۈن ئوبدان پۇرسەت ئىدى . كۆپ ۋاقىتلىرىنى بۇ جانىۋارلار بىلەن ئۆتكۈزۈپ ، ئۇلار سەكرىسە سەكرەيتتى ، يۈگۈرسە يۈگۈرەيتتى . ئۆزئارا چېقىشىپ كەتكەن ئىدى . قىران يولۋاس يەنە تاشگۈلگە ئېگىزگە چىقىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن ، ياخشى كۆرىدىغان قۇش بالىلىرىنى تۇتۇپ كېلىپ سۆگەت ياكى قارىياغاچنىڭ ئۈستىگە ئېلىپ قوياتتى . تاشگۈل ئۇنى ئالىمەن دەپ يامىشىپ چىقاتتى . بۇنداق چاغلاردا يىقىلىپ چۈشىدىغان ، بەدەنلىرى سۈرۈلۈپ يارىلىنىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولۇپ تۇراتتى . تاشگۈل تېرەكلەرگە يامىشىپ يۈرسە ، كىشىلەر ئىچىدە قىران يولۋاسنى مازاق قىلاتتى ، ئەمما ئاغزىدىن چىقىرىشقا پېتىنالمايتتى . قۇرداشلىرىدىن بەزىلىرىلا چاقچاق تەرىقىسىدە : « تاشگۈل دېگەن قانداق

قىلغىنىنىڭ بىلەنمۇ قىز ، ھامان خەقنىڭ ئادىمى » دېيىشەتتى . ئەمما ، قىران يولۋاس بۇنىڭ ئەكسىچە قارايتتى . دېمىسىمۇ تاشگۈل دادىسىنىڭ تەربىيىسىدە ئوغۇللارغا خاس مىجەزنى ئۆز ھەرىكىتىدە ئەكس ئەتتۈرىدىغان مۇستەقىل خاراكتېرنى يېتىلدۈرگەن ئىدى .

ئۇۋدىن قايتقان قىران يولۋاس ئاتخانىغا ئاتنى يېتىلەپ ماڭغاندا، تاشگۈلمۇ ئارقىسىدىن كىرىپ « ئاتنى ئۆزۈم سوۋۇتىمەن » دەپ تۇرۇۋالدى . ئەمما ، قوزۇقىغا ئۇنىڭ بويى يەتمەيتتى . ئۇ ھە دېسە قورىنى يەتمەيدىغان ئىشلارنىمۇ قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالاتتى .

قىران يولۋاس كۈلۈپ كېتىپ ئېيتتى :

— سەندە مۇستەھكەم ئىرادىلا بولىدىكەن ، ئۇسۇل - چارە دېگەن بەربىر تېپىلىدۇ .

تاشگۈل دادىسىنىڭ گېپىنى ئۆز ئېڭى بويىچە چۈشەندى . دادىسى تاشگۈلنى كۆتۈرۈپ تۇرۇشى بىلەن ئاتنىڭ يۈگەن تانىسىنى قوزۇققا قىسقا قىلىپ باغلىدى . ئاتنىڭ تۇمشۇقى يۇقىرىغا قارىتىپ باغلانسا سوۋۇتقانلىق بولىدىغانلىقىنى تاشگۈل دادىسىدىن سوراپ بىلىۋالغان ئىدى ، ئاندىن دادىسى ئوۋ ئولجىلىرىنى كۆتۈرۈپ مېڭىۋىدى ، تاشگۈل پىلتىڭلاپ بېرىپ ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى ئاچتى . ئوۋ قوراللىرىنى ئېسىپ قويىدىغان تامغا ئېيىق تېرىسى مىخلانغان بولۇپ ، تاپىنى تېرە بىلەن بىللە ئىدى ، ئۆتكۈر تىرناقلىرى رەقىبىگە خىرىس قىلىۋاتقاندەك قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى . شۇ تۇرقىدا ئۇ غار ئېغىزىدا بىرەر ئولجىنى ماراپ ياتقاندەكلا تۇيغۇ بېرەتتى . ئېيىق تېرىسىنىڭ ئوڭ تەرىپىدە بۇغا مۈڭگۈزى ، تاغ سېغىزخىنى ۋە ئېپار ئىسسىقلىق ئىدى ؛ سول تەرىپىگە تۈلۈمچىلاپ سويۇلغان تۈلكە - سۇغۇر تېرىلىرى ئېسىلغان بولۇپ ، بەئەينى توپىلىشىپ تۇرغان تىرىك تۈلكىلەرگە ئوخشىشاتتى . ئىشىككە يېقىن قوزۇقتا ئوقيا بىلەن كامان ، پەستە ياغاچ قاپقانلار تۇراتتى . زاپاس ئېگەر - جابدۇقلارمۇ قوزۇقلارغا ئۆز تەرتىپى بويىچە ئېسىپ قويۇلغان بولۇپ ، لازىم بولغاندا ئېلىپ ئىشلىتىشكە قۇلاي ئىدى . قىران يولۋاس تاشگۈلنىڭ قولىدىكى تۈلكە تېرىسىنى ئېلىپ

تېگىشلىك جايغا قويدى، ئاندىن تاشگۈل دادىسىنىڭ بۈركۈتنى جايلاشتۇرۇشىغا قاراپ تۇردى.

قىران يولۋاس ئىشلىرىنى تۈگىتىپ پېشايۋان ئالدىغا كېلىشىگە ئالتۇن خۇشبۇي مىس ئاپتۇۋىدا سۇ ئېلىپ چىقتى. ئۇ يارىشىملىق ھەم پاكىز كىيىملىرىنى كىيىۋالغان بولۇپ، تېنىدىن خۇش پۇراق كېلىپ تۇراتتى، ئۇ گۈل - گىياھ، مېۋە شەربەتلىرىدىن ئۆزى ئىشلىۋالغان خۇشبۇي سۇيۇقلۇقنى كىيىمىگە چېچىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇ ماڭغان جايدىن خېلىغىچە خۇش ھىد كەتمەيتتى. شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «ئالتۇن خۇشبۇي» دەپ ئاتاشقان ئىدى.

قىران يولۋاس بۈگۈن ئۆزگىچە خۇش ھىدنى سېزىپ، خوتۇنىغا شۇنداقلا قارىۋىدى، كۆزىگە ئوت كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ھېسسىياتىنى تەستە بېسىۋالدى. سۆيۈملۈك خوتۇنىنىڭ بۇ تۇرقى ھەم ئۆزگىچە يات جىنس پۇرىقى قىران يولۋاسنىڭ ھارغىنلىقىدىن ئەسەر قويمىدى. كېلىشىملىك بۇ ئايال ئېرىنى ياخشى كۈتۈپ، ئۆزىگە مايىل قىلىشنى ئوبدان بىلەتتى. خوتۇنلۇق بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلاتتى. ئۇنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشىلا ئەمەس، ئىچكى دۇنياسىمۇ ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. قىران يولۋاسنىڭ ئالدىدا ھەرگىزمۇ قوپال، كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلمايتتى. ئۇ ھەرقانداق ئايال زاتىنىڭ ئۆز ئېرىنى ئاشۇنداق جەلپ قىلىشىنى، ئۇسسىغان كۆڭلىنى قاندۇرۇشنى ئارزۇ قىلاتتى. ئۇنىڭ نەزىرىدە، ئايال ئەر ئۈچۈن، ئەر ئايال ئۈچۈن يارالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ كۆڭۈللۈك ئائىلە تۇرمۇشىغا يۇرتتىكىلەردىن ھەۋەسلەنمەيدىغىنى يوق ئىدى.

قاش قارايغاندا چوڭ ھويلا «ئولجا كېچىلىكى»گە كەلگەن ئەر - ئاياللار بىلەن تولدى، ئاتا - ئانىلىرىغا ئەگىشىپ كەلگەن بالىلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. يۇرتنىڭ قائىدىسى بويىچە ھەر قېتىم ئوۋدىن قايتقاندا نۆۋەتلىشىپ مۇشۇنداق سورۇن ئۇيۇشتۇرۇلاتتى. بىر تەرەپتە شورپا قايناۋاتاتتى. بىر تەرەپتە كاۋاپدانلارغا ئوت يېقىلدى. سازەندىلەر شوخ

پەدىلەرگە چېلىشقا باشلىدى. قول - پۇتى قىزىغان ئەر - ئايال ياشلار ئۇسسۇلغا چۈشتى. بىر چەتتە ياشانغانلار ئۆز پاراڭلىرى بىلەن كۈلكە - چاقچاقلارنى قىزىتىپ كۆڭۈللىرىنى ئاۋۇندۇرۇۋاتاتتى. ئوۋ ئۇسسۇلى ئەۋجىگە چىققاندا ھەممەيلەننىڭ دىققىتى مەيدانغا مەركەزلەشتى. بۇ خىل سەنئەت روھنى ئۇرغۇتۇش رولىنى ئوينايتتى.

تاشگۈلمۇ كىچىك پېتى تۇرۇۋەرمىدى. ۋاقىت كارۋىنى ئۇنى يېتەكلەپ، ئۆزى ئاتقا مىنەلىگۈدەك قىلىپ ئۇلگۇردى. بىر قېتىم ئۇلار ئوۋدا تۇتقان ئولجىلارنى ئېلىپ كېلىۋېتىپ، قىرلىرىدىن شور ئۆرلەپ تۇرغان بىر ئېكىنزارلىقتىن ئۆتتى. ئېتىزلارنى يانتاق، قومۇش باسقان بولۇپ، ئارىلىرىدا قوغۇن - تاۋۇزلار ماراپ تۇراتتى. دادىسىنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ كېلىۋاتقان تاشگۈل بىردىنلا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى. ئىگىسى يوقتەك ياتقان بۇ نېمەتلەر ئۇنىڭ ھەيرانلىقىنى قوزغاپ، چاڭقىغان تامغىقىنى قىچىشتۇرغان ئىدى. ئۇ ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئاتتىن چۈشۈپ، كۆز ئالدىدىكى پىشىپ يېتىلگەن قوغۇندىن بىرنى ئۈزمەكچى بولدى.

— ھاي، ئۈزۈگىنى بېسۋال!

تاشگۈل ئېتىنىڭ قولىنى تارتتى ۋە بۇرۇلۇپ دادىسىغا قارىدى:

— دادا، بۇ ...

— سەن بۇياقلارغا تۇنجى كېلىشىڭ، — دېدى قىران يولۋاس ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈپ، — بۇ قوغۇنلار ھەققىدە چۈشەنچەڭ يوق.

— قارىغا، لەۋلىرىم قۇرۇپ گەز باغلاپ كەتتى، ماقۇل دەڭچۇ، بىرنى ئۈزۈپ يەيلى.

— سوراپ يېگەن تەشۋىشسىز بولۇر.

— شۇنچە كۆپ قوغۇن - تاۋۇزدىن بىرەرنى يەپ قويغانغا تاغ ئۆرۈلۈپ چۈشەرمىدى، دادا.

— ئوغلۇم، ئىنساپ بىلەن يۇرت مەمۇر چىلىقتۇر.

— بۇ ئانچىكى ئىشقۇ، دادا؟

— گەپ بىر قوغۇننى ئۈزگەنلىكتە ئەمەس ، سەممىيلىكتە .

— ئاق كۆڭۈللۈكىمىزنى ئىپادىلەيمىز دەپ ، چۆلدە قاق بولساق توغرا قىلغان بولىمىزمۇ ؟

— گېزى كەلگەندە ئاچلىققىمۇ ، تەشنالىققىمۇ چىدىغاندا ھەقىقىي ئۇۋچى بولغىلى بولىدۇ . بىر ئەر ئولجىنى تۇتۇش ئۈچۈن بىرقانچە كۈنلەپ مىدىر - سىدىر قىلماي سەۋر - تاقەت بىلەن كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ . سەۋر قىلالمايدىغان ئادەم نەدىمۇ ھەقىقىي ئۇۋچى بولالىسۇن . بۇنى يالغۇز ئۇۋ ئىشلىرىغىلا ئەمەس ، ھەممە ئىشقا تەتبىقلاشقا بولىدۇ .

— گېپىڭىزغۇ توغرا ، دادا ، قوغۇنلارنى كۆزۈم كۆرۈپ قالغاچقا ، تەشنالىقىم ماڭا باقمايۋاتىدۇ .

— تېخى ئىككى كۈن ئاۋۋال سۇ ئىچكەنتىڭغۇ ، مەن سۇ ئىچمىگىلى قانچە كۈن بولدى بىلەمسەن ؟ ئادەم ئۆزىنى كۆندۈرۈشنى بىلىشى ، ئالاھىدە ئىقتىدار يېتىلدۈرۈشكە تىرىشىشى كېرەك . ھەي ، سەنزە . ..

— بۇندىن كېيىن ھەرگىز ئۇنداق قىلمايمەن . مۇشۇ بىر قېتىملا ...

— ئوغلۇم ، جاھىللىق قىلما . بىز ئاق ئۇستىخانلار نەسلىدىن . « سوراپ يېسەك تاشمۇ تەنگە سىڭىدۇ ، سورىماي يېگەن گۆشمۇ تۆشنى تېشىپ چىقىدۇ » .

— دادا ، يانتاققا ئۇلانغان بۇ قوغۇندىن بىرنى يەيلىچۇ ، بۇ ھەقتە ساۋاتىم يوق ئىدى ، مۇشۇ مۇناسىۋەتتە ئۆگىنىۋالاي دەيمەن .

قىران يولۋاس تاشگۈلنىڭ « ئۆگىنىۋالاي » دېگەن گېپىگە بىرنېمە دېيەلمىدى . چۈنكى ، ئىلگىرىدىن تارتىپ تاشگۈلنى « ئۆگىنىمەن » دېگەنلىكى ئىشتىن توسقىنىنى بىلمەيتتى . بىراق ، قوغۇننى سورىماي ئۈزۈشكە قەتئىي بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇپ قالدى . ئاخىر بۇنىڭغىمۇ چارە تاپقاندەك بولۇپ ، ئېيتتى :

— قوغۇنلارنى بېسىۋالغان ئاۋۇ قومۇشلارنى كۆردۈڭمۇ ؟

— بۇ جاڭگال بولغاندىكىن ...

— قوغۇنلارنى بېسۋالغان ئاشۇ قومۇشلارنى يۇلۇۋەتكەندىن دې-
يىن قوغۇندىن بىرنى ئۈزۈپ يەيلى، بولامدۇ؟
— ھەي دادا، ھەي دادا، بوپتۇ، دېگىنىڭىزدەك بولسۇن.
نېمىلا دېگەنبىلەن، تاشگۈل دادىسى ئېيتقان گەپلەرنىڭ چوڭقۇر
مەنىسىنى چۈشەنگەن ئىدى. دادا - بالا ئىككىيلەن قومۇشلارنى يۇلۇشقا
كىرىشىپ كەتتى. بىرەر ھارۋا كەلگۈدەك قومۇش يۇلغاندا تەشنالىقى
تېخىمۇ كۈچەيدى. ئۇلار قومۇشتىن ئادالانغان قوغۇنلۇققا قاراپ ئەمگەك-
دىن رازى بولۇشتى.
— مانا ئەمدى قىلغان ئەمگىكىمىز بەدىلىگە قوغۇندىن بىرنى
ئۈزۈپ يېسەك بولىدۇ.
ئاتا - بالىنىڭ كۆڭلىدە تەييارغا ھەييار بولۇشقا ياتىدىغان قىلچە-
لىك شەك قالمىدى. ئۇلار دىللىرى يورۇق ھالدا قوغۇندىن بىرنى ئۈزۈپ،
ئىككى كاسا قىلىپ يېيىشتى. تاشگۈل دادىسىغا بۇ قوغۇننىڭ ئانچە چوڭ
ئەمەسلىكىنى، ئەمما ئاجايىپ تاتلىق ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. ئۇنىڭچە بولسا
يەنە بىر - ئىككىنى يېگۈسى بار ئىدى.
— دادا، بۇ قوغۇن - تاۋۇزلار كىمنىڭ؟
— قانداق دەيسەن؟
— كۆرۈشەيلىمىكىن دېگەن.
— مەن ئۇۋ ئىشلىرى بىلەنلا بولۇپ كەتكەچكە، بۇنى
ئۇقمايدىكەنمەن.
— ئۆيى ئانچە يىراق بولمىسا كېرەك، ھە دادا؟
— شۇنداق، بىز ماڭايلى.
ئۇلار ئاتلىرىغا مىندى، قوغۇنلۇقتىن ئەگىپ ئۆتتى، دۆڭگە چى-
قىپ بىر بوستانلىقنى كۆردى. بوستانلىققا يېقىنلاشقاندا، ئىشىكتەك،
تۇۋاقتەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان شور - تۇزلارنىڭ بوستانلىقنى بىر تەرەپكە
قىستاپ قويغانلىقى مەلۇم بولدى. بوستانلىق تېنى تۆمۈر رەڭ، ياپرىقى
كۆمۈش تەڭگىدەك، ئالتۇن چېچەكلىك رەت - رەت جىگدە دەرەخلىرى-

دىن ھاسىل تاپقان بولۇپ، شورتاڭلىق ئۇنى بۇ زېمىننىڭ ئۆگەي
بالىسىدەك مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ تۇراتتى.

ئۇلار بوستانلىقنى بىر ئايلىنىپ كىرىدىغان ئىشىكنى تاپتى. يول-
نىڭ ئىككى قاسنىقىغا تال قويۇلغان بولۇپ، بېدىش بولۇق سايە تاشلاپ
تۇراتتى، ئاق مۇناقى، ئاتباغرى ئۈزۈملەر مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. سىرت-
تىن قاراشقىلا ياخشى باشقۇرۇلغان، باي ئائىلە ئىكەنلىكى بىلىنەتتى.
دەرۋازا داغدام ئوچۇق ئىدى، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياغاچ رېشاتكىلىق
گۈللۈك دەرۋازىدىن پۈت ئېلىشقىلا كۆزگە تاشلىناتتى. گۈللۈك ئۈستىگە
ئۈچ قەپەس ئېسىقلىق بولۇپ، بىرسىدە كەكلىك«تاغقا باق! تاغقا باق!...»
دەپ توختىماي سايراۋاتاتتى، سايراش ئارىلىقىدا قەپەسكە ئۆزىنى ئۇرۇپ،
قەپەس چوكىلىرىنى ئاچچىق - ئاچچىق چوقۇيتتى، يوچۇقلاردىن بېشىنى
تىقىپ يۇلقۇناتتى. شۇ سەۋەبتىن تومشۇق ئەتراپى ۋە بېشى يېغىر بولۇپ
كەتكەن ئىدى. كەكلىك بىردەمدىن كېيىن توختاپ، تاغ تەرەپكە
قارىغىنىچە « چۈك - چۈك » قىلدى. ئۇنىڭ پوكان قىسمىمۇ قىپقىزىل
ئىدى. قارىغاندا جېنىغا جازا بولۇۋاتقان بۇ قەپەستىن قۇتۇلۇشنى
ئىستەيتتى. ئۇ ھەدەپ تاغقا قارايتتى، قارىغاندىمۇ شۇ قەدەر ھېرىسمەنلىك
بىلەن قارايتتىكى، ئۆزىنى جىلغىلارغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ
قىن - قىنىغا پاتماي « تاغقا باق ! تاغقا باق ! ... » دەيتتى، نېمە دەۋاتقىنى
ئۆزىگە ئايان ئىدى. قەپەسنىڭ يەنە بىرىدە بۇلبۇل بار ئىدى، قەپەس
قاراپ ئولتۇرغۇدەك چىرايلىق زىننەتلەنگەن بولۇپ. چوكىلىرىمۇ رەڭدار
ئىدى. لېكىن، بۇلبۇل پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ قالتىس
زىننەتلەنگەن، يېمەك - ئىچمەكلەر يېتەرلىك بۇ ھەشەمەتلىك « ماكان »
غا نەزەر كۆزىنى سالماستىن، تەبىئىي گۈللەرگە ئىنتىلىپ خەندان
ئۇرۇۋاتاتتى. قەپەسلەرنىڭ يەنە بىرىدە تورغاي بار ئىدى. ئۇ دان قاچى-
سىدىكى ئۇششاق ئۇۋۇتۇلغان بادام مېغىزىنى قاراپمۇ قويماي. قونداقتا
بويىنىنى سوزغىنىچە بىپايان كۆككە بېقىپ سايراۋاتاتتى. قەپەسلەرگە
مەھكۇم قىلىنغان قۇشلارنىڭ ئۈچ خىل تەرەپكە قاراپ زارلانغىنىچە

سايراشلىرى قىران يولۋاس بىلەن تاشگۈلگە نىسبەتەن بەكمۇ يېقىملىق ، ئۆزگىچە تۇيۇلۇپ ، كۆڭۈللىرى كۆتۈرۈلۈپ قالدى . دۇنيادا ئۆزگە قىيىن ، باشقىلارغا ئويۇن بولىدىغان بۇنداق ئىشلار ئازمۇ ؟ قۇشلارنىڭ قانداق تۇيغۇدا بولۇشتىن قەتئىينەزەر توختىماي سايراشلىرى ئازادە هويلىنى تېخىمۇ ئازادە ، جانلىق كەيپىياتقا چۆمدۈرگەن ئىدى .

ئۇلارنىڭ كۆزى ئەمدى تەك ئاستىدىكى تۈۋرۈككە باغلانغان كۈپكە چۈشتى . تېگىدىن چىپىلداپ سىزىپ تۇرغان بۇ كۈپ ئەۋرەزدىن هاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرغۇدەك دەرىجىدە ئېگىز ئىدى . ئۇلار مۇزدەك سۇدىن قانغۇچە ئىچىپ ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرغۇچمۇ ئۆيدىن بىرەرسىنىڭ چىقمىغانلىقىغا ئانچە هەيرانمۇ قالمىدى . چۈنكى ، « ئۆي ئىگىلىرى باغ ياكى ئارقىدا بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان بولۇشى مۇمكىن ، — دەپ ئويلاشتى ئۇلار ، — كۈندۈزدىمۇ ئارام ئېلىپ ياتسا بۇنچىۋالا تەئەللۇ-قات ئۆزلۈكىدىن هاسىل بولمايدۇ - دە ! » ئۇلار كارىۋاتتا ئولتۇرۇشقا بىر توپ كەپتەر ئۆگزىنى ئايلىنىپ ئۇچۇپ پېشايۋاننىڭ دەندىنىغا قوندى . ئارقىدىنلا كوۋۇكتىكى باچكىلار كىسىلداپ ئانىلىرىنى قورسىقىنىڭ ئاچ-قىنىدىن خەۋەردار قىلدى . باغدا بىرسىنىڭ يۇقىرى ئاۋازدا كايىشى ھەممىنى بېسىپ كەتتى .

ئۇلار ئەمدى ئۆزلىرىنى ئەركىن تۇتۇپ باغقا كىردى . باغدا بۇ ئىقلىمدا بار مېۋىلەرنىڭ ھەممىسى تەل ئىدى ، كۆچەتلەرنىڭ رەتلىكلىكى كىشىنىڭ ھەۋىسىنى قوزغايتتى . باغنىڭ كەينىدىكى بىر تۈپ ياڭاق قاپاق تېرەكتەك ھەر تەرەپكە غۇلاچ يېيىپ ، مەغرۇر قامىتىنى نامايان قىلىپ تۇراتتى . ئۇلارنىڭ كۆزى قېرىم ئويۇۋاتقان ئىككى بوۋايغا چۈشتى . ياندا تۇرغان ئاپئاق ساقاللىق بىر بوۋاي قازاننىڭ تۈۋىقىدەك كەڭ ئېتەكلىك كەتمەننى تايانغىنىچە ئىككى ئاقساقالغا : « بولۇشمامسەن ! » دەپ كايىۋا-تاتتى .

— ئەھۆ — ئەھۆ ...

قىران يولۋاس گال قىقىپ بەلگە بېرىش بىلەن ، بوۋاي دەرھال

ئۇلار تەرەپكە قارىدى. ئاڭغۇچە قىران يولۋاس ئۇنىڭ ئالدىغا يېتىپ بې-رىپ كۆرۈشتى.

— مېھمانلار، ئالدىڭلاردا قوپال گەپ قىلىپ قويدۇم. ئادەم قېرىغاندا مىجەزى شۇنداق بولۇپ قالىدىكەن، — دېدى بوۋاي.

قىران يولۋاس ئۈچ بوۋايغا قاراپ ھەيران بولدى:

— قايسىڭلار ئاكا، قايسىڭلار ئۇكا ئىكەنلىكىڭلارنى بىلەلمەيلا قالدىم، تونۇشتۇرۇپ قويسىڭىز بوپتىكەن.

— ماۋۇ لەپتىكىسى يەتتىنچى ئوغلۇم بولىدۇ، ئاۋۇ ئۇنىڭ ئوغلى. بىز قېرىملارنى ماڭداپ بۇلۇۋالغان ئىدۇق، قارىمامسىز، ئۇلار ياش تۇرۇپ مېنىڭ ئارقامدا قالدى.

— ئەسلىدە مۇنداق ئىشكەن - دە، — قىران يولۋاس ئىشەنمەيۋا-تاتتى.

— رەيھانگۈل! ھەي رەيھانگۈل! — بوۋاي كۆچەتلەر ئارىسىدىكى كۆكتاتلىققا قاراپ توۋلىدى.

— مانا ھازىر!

بىجىرىم بىر جۇۋان بىر قولىدا بالا، يەنە بىر قولىدا سېۋەت كۆتۈرۈپ كەلدى.

— مېھمانلارغا مېۋە ئۈزۈپ ئەكەل، — بوۋاي شۇنداق دەپ بالىنى ئالدى ۋە بېشىدىن ئېگىز ئېتىپ ئەركىلەتتى.

بالا قورقۇش ئۇيياقتا تۇرسۇن، تېلىقىپ كۈلەتتى، سۆيگەندە يىرىك ساقاللار غىدىقىنى كەلتۈرۈپ، يۈزىنى ئەپقاچاتتى.

— بۇ... بۇ بالا... — قىران يولۋاس ئوڭايسىز ھالەتتە سورىدى.

— بۇ ئۈچىنچى خوتۇنۇمدىن بولغان بالا، — جاۋاب بەردى بوۋاي.

— مۇبارەك، مۇبارەك، تېخىمۇ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرگەيسىز.

بوۋاينىڭ شۇنچە ياشقا كىرگەنلىكى قىران يولۋاسنى ھەيران قالدۇرمىدى. بۇنداق ياشتىكىلەر ئۇلارنىڭ يۇرتىدىمۇ خېلى كۆپ ئىدى.

رەيھانگۈل سېۋەتتە شاپتۇل، توغاچ، ئانار ئەكەلدى. ھەممەيلەن سېۋەت ئەتراپىغا ئولاشتى، بوۋاي شاپتۇلنىلا ئىلغاپ يەيتتى. ئاخىرىدا ئاناردىن بىرنى ئېلىپ پىچىقى بىلەن بۇرنىدىن تېشىپ قاچىغا سىقتى - دە، قىران يولۋاسقا تەڭلىدى، ئاندىن يەنە بىر ئانارنى شۇنداق سىقىپ تاشگۈلگە تۇتتى.

— ئەمدى باغنى ئىختىيارىي ئايلىنىپ، كۆڭلۈڭلار خالىغاننى يەڭلار، — دېدى بوۋاي.

بوۋاي ئۆزىمۇ ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ باغ ئايلانغاچ قىزغىن پاراڭ قىلىپ بەردى. پاراڭ ئارىسىدا تاشگۈل ئۇنىڭغا دېدى:

— بوۋا، جاڭگاللىقتىكى كۆك يانتاق كۆتىكىگە قوغۇن ئۇندۇرۇپ شۇنچە ئوخشاتقانلىرى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسكەن جۇمۇ!

— شۇنداق.

— دەسلەپتە بۇنىڭغا ئىشەنمەيلا قالغان ئىدىم.

— ئۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى بارمۇ؟ بۇ، باتۇر قوللار مۆجىزىسىنىڭ ئەڭ كىچىكى تېخى.

ئۇلار پاراڭلاشقاچ باغ ئىشىكىگە كېلىپ قالدى. قىران يولۋاس قايتىشقا ئىجازەت سورىدى. بوۋاي تۇز - تاماققا ئېغىز تەگمەي قايتسا كۆڭلى ئەمىن تاپمايدىغانلىقىنى ئېيتىپ، شۇنچە چىڭ تۇتقان بولسىمۇ، ئۇلار ئارقىسىغا داجىپ سىرتقا چىقىۋالدى. بايا ئۇلار ئاتلىرىنى سۆگەت سايىسىغا باغلاپ قويغان ئىدى، بوۋايغا ئىككى توشقان، بىر قىرغاۋۇل بېرىپ ئۇنىڭ رەھمىتىنى ئالدى. ئاتلىرىنى يېشىپ مىنىشكە قاياققىدۇر كەتكەن ئوۋ ئىتى تىلىنى چىقىرىپ پەيدا بولدى...

قاتتىق سوقۇقان دېگىز دولقۇنى تاشگۈلنى خىيال قۇچىقىدىن تارتىۋالدى. ئۇنى ئەسىر قىلىۋالغان بالىلىق چاغلىرىدىكى كەچۈرمىشلىرى بىردىنلا غايىب بولۇپ، كۆز ئالدىدا يەنە چەكسىز دېڭىز، دەھشەتلىك دولقۇنلار نامايان بولدى. ئۇنى يالغۇزلۇق، غېرىبلىق بېسىپ، لەنسىدە بوشىشىپ كەتتى.

# تولۇن ئاي

تاشگۈل ئەقلىگە كەلگەندىلا تولۇن ئاينى كۆرگەن ئىدى، تولۇن ئاي بىلەن بىرگە ئويناپ، تەڭ چوڭ بولغان ئىدى. ئۇ گاھى ئۆگزىدە، گاھى باغنىڭ بۇرجىكىدە پەيدا بولاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. كېچىدە كۆرۈنىدىغان ئاسمان جىسىملىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ يارقىنى يەنىلا تولۇن ئاي ئىدى. تاشگۈل باللار بىلەن مۆكۈشمەك ئوينىغاندا تولۇن ئايمۇ ئۇلار بىلەن تەڭ پەيدا بولاتتى ـ دە، تۈن قوينىنى يورۇتاتتى. ئەگەر تولۇن ئاي ھۇجرىسىدىن چىقماي يېتىۋالغىنىدا ئۇلارنىڭ قاراڭغۇدا تامغا ئۇسۇۋېلىشى، ئازگاللارغا چۈشۈپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. قاراڭغۇدا ھەممە نەرسە قاراڭغۇنىڭ ئۆزىدەكلا قاپقارا كۆرۈنەتتى، جىن ـ ئالۋاستىلارنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ قارىلىقى بىلەن ھەممە يەردە ۋەھىمە پەيدا قىلاتتى. ئۇلار ئارىسىدىن بىرەرسى «جىن كەلدى!» دەپ قويىدىغانلا بولسا ھەممىسى جېنى چىققۇدەك قورقۇشۇپ قېچىشاتتى...

يېرىم كېچە ئىدى. كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنغان تاشگۈل چۈش كۆردى. چۈشىدە، ئوقياسىنى ئېلىپ تاغقا چىقىپ ناھايىتى كۆپ ئولجىلارنى ئۇچراتتى. ئولجىلارنى ئۇياق ـ بۇياققا قوغلاپ سۇر ـ توقاي قىلىپ ئوينىدى. بىر چەتتە بىر توپ توشقان دىك ـ دىك سەكرىشىپ يۈرەتتى. بۇ توشقانلار تۇتۇق بېرىدىغاندەكلا ياۋاش كۆرۈنگىنى بىلەن تۇتماق تەستەك قىلاتتى. تاشگۈلنىڭ ئالدىغا بىر تېكە مەرگىنىچە كېلىۋاتاتتى. ئۇ تامدەك چوڭ بولۇپ، مۈڭگۈزى داپنىڭ گەردىشىدەك ئەگمە ئىدى. تاشگۈل بىر مۈڭگۈزىدىن تۇتۇپ سەكرەپلا مىنىۋالدى. بۇ

مۇگگۈزلەر يۇگەن ئورنىدا ئىدى . تاشگۈل مۇگگۈزنى چىڭ تۇتۇۋېلىپ تېكىگە قامچا ئۇردى . تېكە ئۇچقۇرلۇقنى كۆرسەتتى . ئۇ مەيلى دۆڭ ، مەيلى ئوي بولسۇن بىر خىل رىتىمدا چېپىۋەردى . ئۇنىڭ ئۆسەك ، ئاپئاق يۇڭلىرى پاكىز بولۇپ ، يالتىراپ تۇراتتى . ئۇ تېكىلەرنىڭ ئەڭ يامنى ئىدى ، ئۇزۇن ساقىلى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقان ئىدى . ئاپئاق مويلىرى ئا-دەمنى مەھلىيا قىلاتتى . تاشگۈل تېكىگە بىر مىنىۋالغىنىچە پۈتىنى يەرگە ئېلىپمۇ قويمىدى . تېكىنىڭ ئالدىدا بىرقانچە تېكە سوكۇلداپ كېتىۋاتات-تى . ئۇلار پات - پات بىر - بىرى بىلەن جالاق - جۇلۇق سوقۇشۇپ قوياتتى . بەزىدە ئالدى ئىككى پۈتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئەگىپ كېلىپ سوقۇشاتتى . مۇگگۈزلىرى ئۇزۇن بولۇشىغا قارىماي شۇنچە بېسىمغا بەرداشلىق بېرەتتى ، ھەرگىز سۇنۇپ كەتمەيتتى . ئۇلار ھەم شۇنداق سوقۇشاتتى ، ھەم تېز يۈگۈرەيتتى . ئۆزئارا شۇنداق سوقۇشۇپ مېڭىسنى توختىماي قىمىلدىتىۋاتقان قۇرتلارنى ئۆلتۈرەتتى . شۇنداق سوقۇشۇشلار ئۇلارغا ئارامچىلىق بېرەتتى . بەزىلىرى قاتتىق سوقۇشۇش نەتىجىسىدە تاغدىن غۇلاپمۇ كېتەتتى . بەزىلىرىنىڭ ئۇچلۇق مۇگگۈزلىرى قورساقنى تېشىپ ھالاكەت ئېلىپ كېلەتتى . تېكىلەرنىڭ مېڭىسىدىكى قۇرتلار ئۇلارنى شۇنداق قىلدۇراتتى . ئۇنىڭلىق بىلەن قۇرتلار ئۆلۈپ كەتمەيتتى . بەلكى ئۇۋىلىرى چۇۋۇلۇپ تېخىمۇ مىرىلداپ كېتەتتى . بۇنىڭ بىلەن تې-كىلەر تاغۇتاش ۋە ئۇچرىغانلىكى نەرسىلەرنى ئۇسۇپ باشلىرىنى يېغىر قىلىۋالاتتى . تېكە شۇ چاغدىلا سۈيدۈكنىڭ زەھەرلىكلىكىنى ئەسكە ئالاتتى - دە ، بۇرنىنىڭ تۆشۈكىگە سىيەتتى . سۈيدۈك بۇرنى ئارقىلىق مېڭىسىگە بېرىپ « قۇرت »لارنى ئۆلتۈرەتتى . شۇ سەۋەبتىن ئۇلار دائىم بۇرنىغا سىيەتتى ، بۇنىڭ بىلەن تېكىلەر ئازراق ئارام تاپقاندەك بولاتتى . تاشگۈل مىنىۋالغان تېكىمۇ شۇنداق كۈنگە قالغان ئىدى . بۇنى بۇگۈنكى-دەك تولۇن ئاي يورۇقىدا پەرق ئەتمەك تەس ئەمەس ئىدى .

تاشگۈلنى دادىسى كىچىكىدىلا كېيىك ئوغلاقلىرىغا مىندۈرۈپ ئايىغىنى چىقارغان ئىدى . بەزىدە ئوغلاق كىچىككىنە تاشگۈلنى كۆتۈرەل-

مەي بېلىنى ئېگىپ كېتەتتى ياكى دالىيىپ يېتىۋالاتتى. تېكە مىنىش تاشگۈلگە كىچىكىدىن بىر ئادەت تەرىقىسىدە ئۆزلەشكەن ئىدى. تېكە ئاي-دىلىك كېچىدە يولنى ئېنىق پەرق ئېتىپ پۇتىنى تاشقا سوقۇۋالمايتتى. يورغىلاپ ناھايىتى ئازادە ماڭاتتى. تاشگۈل مىنگەن تېكە شۇ تاپتا سالىناك كېتىۋاتقاندەكلا بۇلجىمايۋاتاتتى. تاشگۈل:

— سەن نۇرغۇن ئۆچكىلەرگە سەكرىگەننىغۇ دەيمەن؟ — دېگەن ئىدى، تېكە تاشگۈلنىڭ گېپىنى چۈشەندى بولغاي، زۇۋان سۈردى:

— مەن دېگەن بىر تېكە-دە.

— توغرا، تېكە بولغانلىقىڭ ئۈچۈنلا ئات قىلىپ مىنىش كېرەك.

— بۇنى تازا بىلمىدىم.

— نېمىشقا؟

— سىز ئات بولۇڭ، مەن مىنەي.

— ئۇنداقتا مېڭىۋەر.

تېكىدىن قايتا سادا چىقمىدى. بۇ تېكە راستىنىلا ئاتقا بەرگۈسىز ئىدى. ئەمما، شۇ تاپتا چىلىق-چىلىق تەرلەپ كەتكەن ئىدى. ئاپئاق موي لىرىنى چاڭ-توزانلار قونۇپ پاسكىنا قىلىۋەتكەن ئىدى. سارغۇچ مۈگۈزلىرى ئايدىڭدا خۇددى يالىماندەك پارقىراپ تۇراتتى، تۇيىقى تاغ كېسەر قىلىچ ئىدى. مۇشۇ تۇرقىلا ئۆچكە ئەۋلادىغا مەنسۇپلۇقىنى چاند-دۇراتتى. يول مېڭىشتىكى كارامىتى ئادەمنى باشقا تۇيغۇغا كەلتۈرەتتى. تولۇن ئاي تۇنگە شاھلىق قىلمىغىنىدا ئۇ قوتازغا ئايلىنىۋالغان بولاتتى. ئەمما، ئۇ چاغدىمۇ كارايىتى چاغلىق ئىدى. ھەرقانچە تېكە بولغىنى بىلەن ھە دېسە سوقۇشۇپ چاۋىسىنى چىتقا يېيىشاتتى ياكى مەقرىشىپ ئۆچكىلىكىنى نامايان قىلىشاتتى.

تېكە دۆڭگە چىققاندا ئالدىدىكى ئۆچكىلەر قايرىلىشتىن ئۆتۈپ تاغ بېلىگە ياماشقان ئىدى. ئۇلار بىر قاراشقا ئوتلاۋاتقاندەك، يەنە بىر قاراشقا تىپىتىنچ تۇرغاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. تاغ قاپتاللىرىنىڭ غايىب بولغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. قايسى تەرەپتىندۇر ئوغلاقلارنىڭ مەرىگىنى ئاڭلانسا،

يەنە بىر ياقتىن قاتتىق تۇياقلىق ھايۋاننىڭ تىۋىشى ئاڭلىناتتى . ئاي بولۇت ئارىسىدىن يۈز ئاچقاندا ئۇلارنىڭ يېقىنلا يەردە كۆشەپ تۇرغىنى مەلۇم بولدى . ئۇلار نېمىشقىدۇر باشلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ قۇلاقلىرىنى دىڭلىتىۋالغان ئىدى . ئۇلار تاشگۈل مىنگەن تېكىنىڭ بىرسىنى مىندۈرۈۋال-غىنىدىن ھەيران بولۇشۇپ ، غەلىتىلىك ھېس قىلىشىۋاتاتتى . ئۇلار ئۈركۈپ قاچماقچى بولدىيۇ ، قېرىنداشلىرىنىڭ كېلىشىۋاتقانلىقىنى پەم ئېتىپ توختاپ قېلىشتى . لېكىن ، قېرىنداشلىرىنىڭ ئۈستىدە ئادەمدىن ئىبارەت ئەڭ ۋەھشىي مەخلۇقنىڭ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ ئىككىلەندى . ئەگەر بۆرە بولغىنىدا ئال-لىقاچان تىكىۋېتەتتى ، ئادەمنىڭ زادى قانداقلىقىنى قاراپلا بىلگىلى بولمايتتى .

تېكە پىخىلدىغىنىچە تاغقا ياماشتى ، قەدىمىنى ئېغىر - ئېغىر يۆت-كەيتتى ، پۇتلىرى شېغىلنى تىلغاپ ئۇن - تىنسىز كېتىۋاتاتتى . يولنىڭ يېرىمىدا بىرەر پېشكەللىككە ئۇچرايدىغان بولسا پىچاق يەيدىغانلىقىنى ئوبدان بىلەتتى ، بۇنى ئويلاپ غەيرەتكە كېلەتتى . تاشگۈلمۇ خۇددى ئۆلتۈرۈش قەستىگە كەلگەندەك بىر مىنىۋالغانچە زادى چۈشۈپ باقمىدى .

تېكىمۇ ئۇنى بىرەر مەنزىلگە ئاپىرىپ تاشلىۋەتمىگۈچە قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چۈشىنىپ قالغان ئىدى . تېكە شۇ مەقسەتتە كۆپ يول يۈردى . مەنزىل قۇچاق ئاچاي دېمىدى ، بىر دۆڭگە چىقسا ، يەنە بىر دۆڭ چاقىردى . ئۇ « مەنزىل ئالدىمدا بولسا كېرەك » دەپ كېتىۋەردى . قەيەرگە بېرىپ ، قەيەردە توختىشى نامەلۇم ئىدى . ئۇ ئاخىر تەۋەككۇل يولىدا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك قىلدى . تاشگۈل قامچا ئۇرغان ئىدى ، ئۇ مېڭىۋاتقانلىقىنى ئېيتتى . تاشگۈل ئۇنىڭغا توختىماي مېڭىۋاتقانلىقى ئۈچۈنلا قامچا سېلىۋاتقانلىقىنى ئەسكەرتتى . ئۇ تاشگۈلنى مەنزىلگە يەت-كۈزۈش ۋەدە بەردى . تاشگۈلمۇ شۇندىلا كۆپ ئولجىلارغا ئېرىشەلەيدىغانلىقىنى ئېيتتى .

تاشگۈل تۇساتتىن تېكىنىڭ ئىككى يانغا جۇلالاپ مېڭىۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى . قاتتىق تۇياقلىرى مارجاندەك شېغىللارنى تەرەپ - تە-

رەپكە تاراسلىتىپ چاچاتتى. ئۇ چوڭ ـ چوڭ تىنىپ، گاھى مەرەپ قوياتتى، مەرىگەندە باشقا ئۆچكىلەرمۇ جور بولاتتى. ئۇلارنىڭ مەرەشلىرى ۋۇجۇدىغا كۈچ توپلاۋاتقىنىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ تاشگۈلنى شۇنچە يىراق يەردىن كۆتۈرۈپ كەلگۈچە چىدىدى. ئەمما، مېھنەتسىز ئولتۇرغان تاشگۈل كاسىسى ئاغرىپ چىدىيالماي، دەم ئالدىغا، دەم كەينىگە سىلجىيتتى. ئۇ ئېگىزگە چىقىۋاتقاندا سۆڭگىچىگە، پەسكە چۈشۈۋاتقاندا بوينىغا مىنىپ قالاتتى. بۇ ھالدا ئۇنىڭ ساقىلىغا ياكى مۈڭگۈزىگە چىڭ ئېسىلىۋالاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكىتى سۇسلاشسىلا تاشگۈل: «مەيلىڭ بولسا ماڭ، بولمىسا سويۇۋېتىمەن» دەپ پوپوزا قىلاتتى. ئۇ، تاشگۈلنىڭ گېپىنى چۈشەنگەندەك مۆلايىملىشىپ، قەدىمىنى تېزلىتەتتى.

تاشگۈل بۇ تېكىگە قانداقلارچە مىنىپ قالغىنىنى بىلەلمىدى. باشتا مىنگەندەك قىلغان، ئەمما بارغانسېرى بۇ ئىشلار ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى. يەنە كېلىپ، تېكىنىڭ ئۈن ـ تىنسىز يورغىلاپ مېڭىشى كۆڭلىگە يېقىپ قالغان ئىدى. تاشگۈل تېكىنى باقمايتتى، ئۇ پەقەت ئۆز رىزقىنى مۇشۇ زېمىندىن تېپىپ يەيتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ يەرگە ئېگىشسىلا ئاغزى تولغۇدەك ئوتنى يۇلۇپ ئالاتتى. سۇ ئىزدەپمۇ يىراققا بارمايتتى. تۇمشۇقىنى شېغىللىغا تىقسىلا بۇلدۇقلاپ سۇ چىقاتتى، نەدە ئوت ـ چۆپ بار، نەدە سۇ بار دەپ تەكشۈرۈپ ئولتۇرۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى. تاشگۈلنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كەلدى، «كۈچۈڭ يەتمىسە، ئۇر توقۇمنى» دېگەندەك يەرنى تىللىدى. بۇ پايدىسىز ئىدى.

تاشگۈل كىچىك چېغىدا بىر ئوغلاق باققان ئىدى. ئوغلاق كىچىك تۇرۇپلا قورساق كۆتۈرۈپ قالدى، تام ئۈستىدە ئويناۋېتىپ چىتقا ئوغلاقلاپ قويدى. تاشگۈل ئۇ ئوغلاقنى دەسلەپتىلا توشقان بىلەن بىر كاتەككە سولاپ بېقىپ، توشقانغا خاس ئىقتىدار يېتىلدۈرگەن ئىدى. ئۇ مۈشۈكنى كۆرسىمۇ قورقاتتى، ئىتنى كۆرگەندە توشقانلاردىن بۇرۇنراق كامارغا كىرىۋالاتتى. كېيىن ئۇنى كېيىك ئوغلاقلىرى بىلەن بىرگە باقتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ كېيىككە ئوخشىشىپ قالغان بولۇپ، ئادەمنى

كۆرسىلا تاق - تاق سەكرەپ قاچاتتى ، ئالدىغا تاشلاپ بەرگەن ئوت - چۆپنى يېمەي ئۆزى ئوت - چۆپ ئىزدەپ تامنى شورا قىلاتتى . ئاي تاشگۈلنىڭ بېشىغا قونغاندەك قىلدى - دە ، تېخە روشەن كۆرۈندى . سىنچىلاپ قاراپ ، ئۇنىڭ تام ئۇستىدىكى چىتقا تۇغۇلغان ئوغلاقنى ئوغشاشمايدىغانلىقىنى بىلدى . بولمىسا ، ئۇ دەم توشقانغا ، دەم كېيىككە ئايلىنىپ تاشگۈلنىڭ بۇرنىنى قاناتقان ياكى پىيادە قويغان بولاتتى .

تاشگۈل ئاسمانغا قاراپ ، ئاينىڭ ئەمدى يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە ، « ئاي نېمىشقا قۇياشتەك نۇرلۇق ئەمەس » دەپ ئويلىدى . ئاينىڭ غۇۋا نۇرى قاراڭغۇ كېچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇراتتى . يۇلتۇزلارمۇ روشەن چاقنىمايتتى ، « توغرا ، ئاي بولمىسا بۇنچىلىك يورۇقلۇق كېچىگە نەدىن كېلىدۇ ؟ » بىر توپ غاز ئۇچۇپ ئۆتتى ، ئۇلار توختىماي غاقىلدايتتى . ئاي نىشان كۆرسەتمىسە ئۇلار قانداق ئۇچاتتى ؟ ئاي نۇرى سۈنى پارلاتمىسا نەگە چۈشەتتى ؟ ياق ، ياق ، ئاي ئالەمنىڭ چىرىغى ، بىز كىچىكىمىزدىن تا هازىرغا قەدەر مۇشۇ ئاي بىلەن بىرگە ئويناپ چوڭ بولغان ، بىرگە ئۆتكەن . مانا هازىر بۇ تېخىمۇ ئۇنىڭدىن پايدىلىنىۋاتىدۇ . ئاي كېچىنى يورۇتمىسا ئۇ يولنى قانداق تېپىپ ماڭىدۇ ؟ تاشگۈل ئەمدى ئاينىڭ بىرلا ئادەمگە مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمىدى . چۈنكى ، ئۇ هەممە جانلىقلارنىڭ ئېيى ئىدى .

تېكىنىڭ تېنىدىن بەتبۇي كەلدى . تېخە دېگەن بەرىبىر تېخە - دە ، ئۇنىڭدىن شۇنداق پۇراق كەلمەي ئىپار ھىدى كېلەتتىمۇ ؟ شۇڭا ، تاشگۈل ھېچ ئىش بولمىغاندەك ئولتۇرۇۋەردى ، تېخە غەيرىتىگە ئېلىپ ماڭغىنى بىلەن ، ئەمما مۇكچىيىپ تۇماقتەك بولۇپ قالغان ئىدى . ئۇنىڭ كىچىكلىكىگە ئەگىشىپ تاشگۈل چوڭىيىپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى .

جىلغىدىن سادا كەلدى :

— تۇماقتەك بىر جانىۋارغا مىنىۋالغۇچە تەييار ئېتىڭنى ئېگەرلەپ مىنسەڭ بولماسمىدى ؟

تاشگۈل جاۋاب بەرمىدى . ئۇ تېكىنى خېلىدىن بېرى مىنىپ

كەلدى. ھەممە ئىش بۇ تېكىنىڭ ئەخمەقلىقىدىن بولدى. باشقىسىنى دېمىگەندىمۇ تېكە ھېرىشى كېرەك ئىدى، ئەمما تېكە ھارغان بولسىمۇ ئۆزى ئېتىراپ قىلمىدى. ئېتىراپ قىلسا ھارغانلىقىنى تەن ئالاتتى. ئۇ تېكىگە ئىشىنەتتى، باشتا مىنگەن تېكىسى شۇ ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئەمما، ھازىر ئۇنىڭ پۇتى يەرگە تېگىپ قالدى. تاشگۈل ئاي يورۇقىدا قاراپ ئەتراپىنىڭ پاتقاق ئىكەنلىكىنى كۆردى. تېكە تۆگۈلۈۋالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ تىۋىشى پاقىلارنى سەكرىتىپ، ئۆردەكلەرنى ئۇچۇرۇۋەتتى. ئۇنىڭ سېسىق سۇغا چىلىشىپ تۇرغان پۇتى دەسلەپ ئىللىغاندەك، كې-يىن توڭغاندەك قىلدى. ئەسلىدە تېكە دېگەن كاساپەت ئۆز بۇرنۇمغا سىيدىم دەپ، ئۇنىڭ ساڭگىلاپ تۇرغان پۇتىغا سىيگەن ئىكەن ئەمەسمۇ؟ بۇنى بايقاش بىلەن ئۇ تېكىنىڭ بېقىنىغا ئىككىنى مۇشتىلىۋەتتى. تېكە قاتتىق مەرىمەكچى بولدىيۇ، ئەمما دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەك كېتىۋەردى.

ئەتراپتا تېكە سىياقىدىكى قورام تاشلار كۆپ ئىدى. تېكە تاش-گۈلنى تاشلىۋېتىپلا شۇ قورام تاشلار ئارىسىغا كىرىۋالسا تاشگۈل يىتتۈرۈپ قويغىنىغا تەن بېرەتتى. بىراق، تېكە ئۇنداق قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تېكىلىكىگە ئېلىپ تاشگۈلنى تاغ چوققىسىغا ئېلىپ چىقىۋاتاتتى. ئەپ-سۇسكى، تاشگۈل ئۇنىڭ قالتىسلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ كەتمىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ تاشگۈلنى ناھايىتى جاپادا چوققىغا ئېلىپ چىقتى. تاشگۈل ئالدىدا ياكى كەينىدە يول يوقلۇقىنى بايقىدى. تېكىمۇ تېڭىرقاپ قالدى. تاشگۈل ئەھۋالنى بىلىپ تۇرۇقلۇق ئىككى پۇتىنى توختىماي لىڭشىتىپ تېكىنى مېڭىشقا قىستىدى. تېكە مىدىر - سىدىر قىلماي تۇرۇۋەردى. تاشگۈل كۆزىنى ئۇۋۇلاپ قاراپ، ئاي نۇرىدا ئۆزىنىڭ بىر تاز ئۆچكىگە مىنىپ تۇرغىنىنى كۆردى ۋە كۆڭلىدە «تاز دېگەن ھەييار كېلىدۇ، — دەپ ئويلاپ خۇرسىندى، — بۇ تاز شۇڭا ماڭالماپتىكەن - دە!» تاش-گۈل كەينىگىرەك قاتىيىپ تېكىنىڭ سۆڭگىچىگە ئۇردى. تېكە يەنىلا مىت قىلماي تۇرۇۋەردى. تاشگۈل ئەمدى تېكىنىڭ قۇيرۇقىنى تارتىپ

مەقىرەتمەكچى بولدى . لېكىن ، قۇيرۇقنى تاپالماي قولنى چاترىقىغىراق تىقىۋىدى ، يۇمشاق بىرنەرسە چاڭگىلىغا ئىلىنىپ كەلدى .

تاشگۈل ھەۋەسلەنگەندەك قىلىپ :

— ۋاھ ... ۋاھ - ۋاھ ! كاساپەتنىڭ ئەجەبمۇ يوغان ئىكەنغۇ ! — دېيىشىگە ، تېكىدىن زوۋان كەلدى :

— كاللاڭدەك بارمىكەن !

— نېمە ، نېمە ؟

تاشگۈل ئەندىكىپ تېكىدىن يىقىلىپ چۈشتى . تېكە قاچتى . ئۇ تېكىنى ئوقيا بىلەن ئاتماقچى بولۇپ كىرىپچنى چىڭ تارتتى . بىراق ، ئويلىمىغاندا ئۆزى ۋارقىرىۋەتتى . ئەسلىدە ئۇ چۈشەكەپ ئۆزىنىڭ قولىنى كۆچەپ تارتقان ئىدى . ئۇ چىدىغۇسىز ئاغرىپ كەتكەن قولىنى سىلىغىنىچە ئەتراپىغا قاراپ ، تولۇن ئاينىڭ يەنىلا پارقىراپ تۇرغانلىقىنى ، ئۆزىنىڭمۇ ساندۇقتا ئىسىلىپ دېڭىزدا كېتىۋاتقىنىنى كۆردى ...

قۇياش دېڭىز دولقۇنلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنماقتا ئىدى . پايانسىز سۇ قان رەڭگىگە كىرگەن بولۇپ ، دولقۇنلار تىنىمسىز داۋالغۇيتتى . ئۇ تاشگۈلنى يۇتۇپ كېتىدىغاندەك نەرە تارتاتتى . تاشگۈلنىڭ كۆزىگە دولقۇنلار غايەت زور ئەجدىھالاردەك كۆرۈنۈپ كەتتى . « ئەجدىھا » بېشىنى ھەربىر كۆتۈرگەندە ئۆڭكۈردەك ئېچىلغان ئېغىزىغا بۇژغۇن ئارىلاش سۇ شارقىراپ كىرىپ كېتەتتى . نېرىراقتىكى سۇلارمۇ ئۇنىڭ دەم تارتىشىغا بەرداشلىق بېرەلمەي دەھشەتلىك شارقىرايتتى . تاشگۈلنىڭ قۇلىقى تۇۋىدە خىزىرنىڭ ھېلىقى چاغدىكى تونۇش ئاۋازى ، پالۋاننىڭ كېيىندىكى ۋەسىيىتى ، يۇرتداشلىرىنىڭ ئىشەنچ بىلەن ئېيتقان سۆزلىرى جاراڭلىغاندەك بولدى . تەيمۇر بوۋاينىڭ گىگانت سىيماسى كۆزىگە كۆرۈنۈپ كەتتى . ئۇ ئۇمىدلىك بىقىپ قول پۇلاڭلىتىۋاتاتتى . تاشگۈلنىڭ دىلى يورۇپ ئىشەنچى ئاشتى ، ۋۇجۇدى كۈچ ۋە غەيرەتكە تولدى . تەڭرىنىڭ خىزىرغا بەرگەن جىمىكى نۇسرىتى تاشگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدا ئەكس ئەتتى . شۇ تاپتا بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئۇنىڭغا ھەمراھ ئىدى . ئەمما ، يېنىدا پېچاقتىن باشقا

ھېچقانداق قوغدىنىش قورالى يوق ئىدى. ئۇ، ساندۇقنىڭ ئالدى تەرىپىگە ئۆتتى. بۇ ماھىيەتتە ئەنجۈر دەرىخىنى ھىمايىسىگە ئالغانلىقى ھېسابلىناتتى. ئۇ بىر قولىدا ساندۇقنى، يەنە بىر قولىدا پىچىقنى چىڭ تۇتۇپ ھوشيارلىق بىلەن تۇراتتى. ئۇنىڭ تۈرۈلگەن چىرايىدىن قورققان «ئەجدىھا» ئۆزىنى پىنھانغا ئالغاندەك، ئەمدى كۆزىگە پەقەت ھەقىقىي دولقۇنلارلا كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ، دېڭىزنىڭ ئاجايىپ مەنزىرىلىرىدىن ھوزۇرلىنىۋاتقاندەك يۈرىكى ئورنىغا چۈشۈپ، يېنىك تىندى. قاش قارىيىپ، ئەتراپ گۆرىستانغا ئايلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. تاشگۈلنىڭ سۇ ئۈستىدە لەيلەپ كېتىۋاتقانلىقى بۇ جايىنى لەھەتتىن پەرقلەندۈرەتتى. تاشگۈل بارغانسېرى كۆز ئالدىنىمۇ كۆرەلمەيۋاتاتتى. قورقۇنچلۇق بولسىمۇ ھېلىقى چاغدىكى غەلىتە مەنزىرىلەرنىڭ بۇ قاراڭغۇچىلىقتىن چەندان كۆڭۈللۈكلۈكىنى ھېس قىلدى. ئۇ بەدىنىگە سوغۇق ئۆتۈۋاتقىنىنى سېزىپ ساندۇقنىڭ ئۈستىگە چىقىۋالدى. ئۇنىڭ تېنى جۇدەپ يېنىكلەپ كەتكەچكە، ساندۇققا ھېچقانداق تەسىر كۆرسەتمىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئېسىلىپ ماڭغاندىن، «بەھۇزۇر» ئولتۇرۇپ مېڭىش كۆپ قۇلايلىق ئىدى، شۇڭا تېنى يايراپ ئارام ئېلىپ قالدى. ساندۇق خۇددى پالاقسىز قولۋاقتەك كېتىۋاتاتتى. ئۇ بىردىنلا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى سەزدى. كېمىگە چىقىش ئالدىدا تەيمۇر بوۋاي يوللۇق تۇتقان ناندىن بىرسى قالغان ئىدى. قويىندىكى بۇ نان سۇدا يۇمشاپ خېمىرغا ئايلانغان بولسىمۇ يەنىلا يېيىشكە بولاتتى. كىچىككىنە ئۈزۈپ ئاغزىغا سېلىۋىدى، شاكىرابلا تېتىدى. شۇنداقتىمۇ يېمەي ئامال قانچە؟ ئۇ ئاز - ئازدىن موتاپ يەپ، بارا - بارا بۇنىڭغا كۆندى. نېمىلا بولمىسۇن نان ئەمەسمۇ! ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا پالۋان كېلىۋېلىپ، قاتتىق غېرىبسىندى، ۋۇجۇدىنى يىغا قاپسىۋالدى. بەزىدە يىغىمۇ ئادەمگە روھىي يېنىكلىك ئاتا قىلىدۇ، ۋاھالەنكى، كۆز ياش ئاسان يەردىن چىقمايدۇ - دە! ئۇ ئۆز - ئۆزىگە تەسكىن بېرىپ يىغىدىن توختىغاندا خېلىلا يېنىكلىشىپ، شارائىتتىن رازى بولدى. پايانسىز دېڭىزدا مۇشۇنچىلىك ئورۇنغا ئېرىشىشنىڭ ئۆزى

بىر مۆجىزە ئىدى . شۇ تاپتا ئۇ ئانىسىنىڭ قۇچىقىدا ياتقاندەك راھەتلەنمەكتە ئىدى . تاشگۈل ساندۇققا چاپلاشقىنىچە كېتىۋاتاتتى ، ۋۇجۇد مۈلكىنى تاتلىق ئۇيقۇ قاپساپ كېلىۋاتاتتى .

— تاشگۈل ، ھەي تاشگۈل !

دېڭىزنى لەرزىگە سالغۇدەك ، ئەمما يېقىملىق ئاۋاز ئاڭلاندى ، بۇ سادا تۇرۇپ تونۇشتەك ، تۇرۇپ تونۇش ئەمەستەك ئىدى . تاشگۈلنىڭ ۋۇجۇدىغا ئىللىق بىر ئېقىم تاراپ ، بېشىنى كۆتۈردىيۇ ، كۆزىنى زادىلا ئاچالمىدى ، ئۇيقۇ يول قويمايۋاتاتتى . ئۇ سۇ بىلەن كۆزىنى نەمدەپ يۇ-رۇپ ئازراق ئاچتى . ئەتراپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . سىنچىلاپ قارىۋىدى ، يىراقتا قارا نەرسە كۆرۈندى . ئۇ « بايا كۆزۈم ئۇيقۇغا كەت-كەندە يېنىمدىن ئۆتۈپ كەتكەن كېمە بولسا كېرەك » دەپ ئويلىدى - دە ، چاچراپ ئورنىدىن تۇردى . ساندۇق ئىككى يانغا چايقىلىپ كەتتى . ئۇ چاقچاقلىق بىلەن ئۆزىنى رۇسلىۋالدى ، ئاندىن ھېلىقى قارىغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى ، ئەمما جاۋاب كەلمىدى . ئۇ كەينى - كەينىدىن توۋلاۋېرىپ دېڭىزنى لەرزىگە كەلتۈرۈۋەتتى ، ئاۋازنى پايانسىز بوشلۇق يۇتۇپ كەتكەچكە ئەكس سادامۇ كەلمىدى . ئۇنىڭ كۆزىگە يىراقتىكى قارا چېكىت بىلەن داۋالغۇپ تۇرغان سۇدىن باشقا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۈمىدسىزلەنگىنىدىن كۆزلىرى تېلىپ ئاستا يېتىۋالدى .

— تاشگۈل ، ھەي تاشگۈل ! بېشىڭنى كۆتۈرۈپ قارىغىن !

ئۇ ئېغىرلاشقان كاللىسىنى سىلكىپ كۆتۈردى . ئەتراپتا ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى . ئۇ تېڭىرقاپ قالدى .

— ھاھ - ھاھ - ھا ... ھەي ھاماقەت ئاسمانغا قارا ، مەن كىم ؟

ئۇ ئاسمانغا قاراپ ناھايىتى ئېگىز بوشلۇقتا يۇلتۇزلارنىڭ جىمىرلاۋاتقىنىنى ، تولۇن ئاينىڭ خۇش تەبەسسۇم ياغدۇرۇپ كېچىگە شاھلىق قىلىۋاتقىنىنى كۆردى . كۆز ئالدىدا راستتىنلا ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ كۆرۈپ كېلىۋاتقان ، گاھ - گاھ ئاداش قىلىپ ئوينىغان ئاي تۇراتتى . ئۇنىڭ دىلى سۆيۈندى ، تولۇن ئاي ھازىرمۇ مۇڭغا مۇڭ

بولۇۋتقاندەك ، « ئاداشلىق » ئەھدىنى بۇزمىغاندەك قىلاتتى .

تولۇن ئاي يۈزىنى توسقان بۇلۇت پارچىسىنى قايرىۋېتىپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— تاشگۈل ، ئېيتە ، نېمىشقا گەپ قىلمايسەن ؟

— مەن ... مەن ...

— بىلەمسەن ، بۈگۈن مەن ئاسمان قاراۋۇلى ، سەن دېڭىز قاراۋۇلى ئوخشايسەن . چىرايىڭ نېمانداق سولغۇن ، نېمىشقا « ۋىلىققىدە » بىرنى كۈلمەيسەن ؟

— مەن ... مەن ... زادى شۇ ، ئەمدى ...

— سېنى بىرسى بوزەك قىلدىمۇ ، نېمانداق جىمغۇرلىشىپ كەتتىڭ ؟

— دەردىم ئېيتسام - ئېيتسام تۈگىمەيدۇ ! — ئۇ كۆز يېشى قىلدى .

— ئۇنداقتا كۆز يېشىڭدا لەيلەپ يۈرۈۋاتقان ئوخشىمامسەن ؟

— بەلكىم .

ئۇ شۇنداق دېدى - دە ، گەۋدىسىنى ساندۇق ئۈستىگە تاشلىدى . دېڭىزنىڭ كېچىدىكى سوغۇق شامىلى توختىماي سوقۇپ تۇراتتى ، تولۇن ئاي ئاپئاق يېپىنچىسىنى ئۈستىگە تاشلاپ قويدى . ئۇ تولۇن ئاي بىلەن باخاشلاشقاندەك تېنى ئىللىدى . تولۇن ئاي ئۇنى تەنها ھالدا كۆرۈپ سەل مەيۈسلەندى - دە ، ئارامنى بۇزۇپ يەنە چاقىردى :

— تاشگۈل ، ھەي تاشگۈل !

ئۇ مېھرىبان ئانىسىنىڭ چاقىرىشىنى ئاڭلاۋاتقاندەك تۇيغۇغا كەلدى :

— ھە ، مانا ھازىر ...

— ئەكەل قولۇڭنى تارتىۋالاي .

ئۇ قولىنى بەرمەكچى بولدىيۇ ، بىردىنلا ئىككىلىنىپ دەرھال تار-تىۋالدى . تولۇن ئاي ئۇنىڭ دېلغۇللۇقىدىن ھەيران قېلىپ دېدى :

— ساڭا يەنە نېمە بولدى ؟
— ئۆزۈممۇ ئۇقمايمەن .
— ئۇنداقتا تولا گەپ قىلىپ بېشىڭنى ئايلاندۇرۇۋەتتىممۇ ؟
— ياق ، ياق ! سېنى كۆرۈپ ئۆز ئانامنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن .
— سىلەر ئەسلىدىنلا ئاسماندا ئىدىڭلار ، ئەمما كۆزگە كۆرۈنمىگۇدەك دەرىجىدە كىچىك ئىدىڭلار . قۇرۇقلۇق پەيدا بولغاندا پەرىشتە چۈشۈۋېلىپ تەن قويدۇڭلار ھەم شۇنىڭغا يارىشا جەبىر - جاپاغا تۇتۇلدۇڭلار . ئەمدى ئۇنداق ۋاپاسىز جايدا تۇرغاندىن كۆرە ، ئەسلىدىكى ماكانىڭغا چىقىۋالساڭ ، ئاۋۋالقىدەكلا ئەركىن پەرۋاز قىلىپ يۈرسەن .
— بۇ بىر گۆھەر زېمىن .
— شۇنداق بولغاچقىلا قايتىپ چىقىشىڭنى تەۋسىيە قىلىۋاتىمەن .
— تازا رايىم يوق .
— ئۇنداقتا قارىغۇ ، گاچا ، پالەچ بولۇۋال .
— راۋۇرۇس بىر ئادەم قانداقمۇ مەجرۇھ بولۇۋالسۇن ؟
— گۆھەر بار يەردە شۇنداق تۇيغۇ بولىدۇ .
— ياق - ياق ... مەن ...
— ئۇنداقتا قايتىپ چىققۇڭ يوقكەن - دە ؟
— بۇ ساندۇقتىكى ئەنجۈر دەرىخى ھاياتىمدىنمۇ قىممەتلىك .
— ئۇ مەۋجۇت ئىكەن ، ساڭا ئارامچىلىق يوق .
— بۇنداق گەپلەرنى ئەمدى ئاڭلىغۇم يوق .
— بىلگىنىڭكى ، جانغا تاقاشقان نەرسە تۇپ ماھىيىتىدىن ئۆبدان نەرسە ھېسابلانمايدۇ .
— ئۇنداقتا مال - دۇنيامۇ شۇ قاتارغا كىرەمدۇ ؟
— جانغا تاقىلىدىغان نەرسە دەل مال - دۇنيادۇر .
— بۇ ئۇنىڭ سىرتىدا .
— ئەنجۈر دەرىخىنىڭ خەتەرلىك دەرىجىسى ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدۇ .

— ئۆز جاپايىم ئارقىلىق باشقىلارنى راھەتكە ئېرىشتۈرەلىسەم ئە-بەدىيلىك بەختىم سانايتتىم .

— ئەنجۈرلۈك باغنى كائىناتتا بىنا قىلساق تازىمۇ خەيرلىك ئىش بولاتتى .

— ياق ، بولمايدۇ .

— ھېلى خەلقنى رازى قىلسام دېمىدىڭمۇ ؟

— سىلى مېنىڭ خەلقىم ئەمەس ، ئۇلار بىر جىسىم . ياق - ياق ، بەك مۇتلەقلەشتۈرۈۋەتكەندەك قىلىمەن .

— مەيلى نېمىلا دېمىگىن ، ئاران كەلگەن پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويما .

— مېنىڭ بارلىقىم زېمىنغا مەنسۇپكى ، ئۇ يەردە زاھىر بولمايمەن .

— بىلسەڭ ، بۇ ساڭا كەلگەن ھەقىقىي پۇرسەت ئىدى .

— ساندۇقتىكى ئەنجۈر دەرىخىلا ئېرىشكۈسىز پۇرسەتتۇر .

— نادانلىقنى قويۇپ قولۇڭنى ماڭا بەرگىن .

— قول بېرىشكە قولۇم كۆيۈۋاتىدۇ .

— ئەمىسە خالىمىساڭ ، تېنىڭدىن ماڭا ئازراق كېسىپ بەر .

— كىچىككىنە قاقشال تېنىم نېمىگە دال بولاتتى ؟

— تېنىڭنى يەپ نېمە قىلاتتىم !

— ئۇنداقتا جېنىمنى ئاغرىتىپ نېمە كەپتۇ ؟

— ۋىجدان ، غۇرۇر سۈيى بىلەن سۇغىرىلغان تېنىڭنى تېنىمدە يىلتىزلىتاي دېگەن ئىدىم .

— بۇ گەپ بەكلا ئېشىپ كەتتىمۇ قانداق ؟

— نەدىكىنى ، مۇبادا جىسمىڭمۇ مېنىڭچىلىك بولغىنىدا نېمە كارامەتلەرنى كۆرسەتتىڭكىن - ھە ؟ !

— شۆھرەت - نازاكەتتە پۈتۈن ئالەمدە يېگانە تۇرۇقلۇق ، يەنە نېمە يېتىشمەي قالدى ؟

— سىرتىم بىلەن ئىچىم زادى ئوخشاشمايدۇ .

— قانداقسىگە ؟

— يۈزۈمدىكى داغ كۆكۆل يارامنى نامايان قىلىپ تۇرمامدۇ !

— بۇنىڭ گۈزەللىككە ھېچقانداق دەخلىسى يوققۇ ؟

— گەپ بۇنىڭدا ئەمەس .

— بۇنى تەن ئالسىلا .

— نېمىشقا ئەمدى ؟

— بۇ ھەرقانداق نەرسىنىڭ نۇقسانسىز ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ .

— بۇ داغ ئەمەس ، بەلكى يۈرەك يارامنىڭ چىرايىمدىكى ئىپادىسىدۇر .

تولۇن ئاينىڭ يەنە نۇرغۇن گېپى باردەك قىلاتتى ، قارا بۇلۇتلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنى پۈتۈنلەي يۇتۇۋالدى . تاشگۈلنىڭ ئۇچىسىدىكى ئاپئاق يېپىنچىمۇ بىردىنلا غايىب بولدى ، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىدا قارا رەڭلىك تون تۇراتتى . تۈن تەقدىم قىلغان بۇ تون مۇز چىللايتتى . شۇنداقتىمۇ تاشگۈل سەپىرىنى داۋام قىلىۋەردى . سۇنىڭ ساندۇققا ئۇرۇلۇپ يېنىك شالاقلىشى تاشگۈلنى ئەللەي ئېيتەتتى . بۇ ، كىچىكىدە ئانىسىنىڭ ئەللەي ئېيتىشىغا ئوخشىشاتتى . ئەمدى مۇشۇ دېمەتلىك بولغاندا بىرەر مۇددىئا يوشۇرۇنغان بۇ « ئەللەيلەش » تاشگۈلگە ئانچە تېتىمىسىمۇ ، كۆزىنى ئۇيقۇ لەشكەرلىرى ئىشغال قىلىپ ، ۋۇجۇدى ساندۇققا يېلىمدەك چاپلاشتى . شۇ ئارىدا تولۇن ئاي بۇلۇتلارنىڭ مۇھاسىرىسىنى يېرىپ چىقتى ـ دە ، تاشگۈلنىڭ ئۇچىسىدىكى مۇز چىللاپ تۇرغان مۇدھىش تونىنىڭ ئورنىغا ئۆزىنىڭ ئاق پەرىجىسىنى يېپىپ قويدى . تاشگۈل شۇ تاپتا ئاپئاق ماتا بىلەن زاكىدالغان غەمسىز بوۋاققا ئوخشىشىپ قالدى.

# دېڭىز لاچىنى

تاشگۈل ئەندىكىشكىمۇ ئۈلگۈرمەيلا چەكسىز بوشلۇققا كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى سەزدى، تۇنجۇقۇپ ئۆلۈشكە ئاز قالغاندا ئۆزىنىڭ دېڭىزدا ئىكەنلىكىنى ئېسىگە ئېلىپ، ساندۇقتىن يىقىلىپ چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ تىركىشىپ يۈرۈپ سۇ يۈزىگە چىقتى ـ دە، ئاغزىغا تولغان ئاچچىق سۇنى پۈرقۈۋەتتى، ئاندىن چوڭ ـ چوڭ تىنىپ ئەسلىگە كېلىۋالدى. كۆزىنى توسۇۋالغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ ئەتراپقا قارىدى. بۇ دەل قۇياش بىرەر غۇلاچە ئۆرلىگەن چاغ بولۇپ، قىزغۇچ نۇرنى دېڭىز يۈزىگە سېخىيلىق بىلەن چاچماقتا ئىدى. قىزغۇچ رەڭگە كىرگەن سۇ يۈزى قوينىڭ چاۋا يېغىنى ئەسلەتتى.

تاشگۈل ساندۇقتىن ئاجراپ كەتكەنلىكىنى بىلگىنىدە قورقۇپ ئالاقزادە بولۇپ كەتتى. ساندۇق ئانچە يىراق بولمىغان جايدا لەيلەپ كېتىۋاتاتتى. ساندۇقنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى ـ دە، شۇ تەرەپكە غۇلاچ تاشلاپ ئۈزدى. ئۇ تېزلا ساندۇققا يېتىشىۋېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ قارىدى، ئەنجۈر دەرىخى قاچىلانغان پېتى تۇراتتى، ئىچىگە تامچە سۇمۇ كىرمىگەن ئىدى. بۇنى كۆرگەندە ئۇنىڭ كۆڭلى تىندى. يىراققا نەزەر سېلىپ، ئۆزىنىڭ دېڭىز قولتۇقىدىن ئاللىبۇرۇن ئۆتۈپ پايانسىز دېڭىزغا چىققانلىقىنى بىلدى، دېڭىز ناھايىتى تىنچ كۆرۈنەتتى، شۇڭا سۇنىڭ قايسى تەرەپكە ئېقىۋاتقىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. قاياققا قارىسا سۇنىڭ پايانى يوقتەك ئىدى. شۇڭا، ئۇ قاياققا مېڭىپ، قايسى مەنزىلگە يېتىشنى بىلەلمەي، كۆزىنى ئېتىپ چۆرگىلىتىپ قويۇپ بەرگەندەك بولۇپ قالدى.

قۇياش بارا ـ بارا ئۆرلەپ ھاۋا ئىسسىقا باشلىدى. دېڭىز يۈزىدىن ئىسسىق ئېقىم كۆتۈرۈلەتتى، كۈچلۈك ئاپتاپ تاشگۈلنىڭ ھالسىز بەدىنىنى چاقماقتا ئىدى. ئۇنىڭ يۈزى يېرىلغان، لەۋلىرىدىن ئاپئاق گەز ئۆرلىگەن بولۇپ، ماغدۇرىدىن كەتكەن ئىدى. دۇنيانىڭ شۇنچە يېرىنى ئىگىلىگەن دېڭىز بىر يۈتۈم سۇغا بىخىللىق قىلىۋاتاتتى.

— ۋىچ ـ ۋىچ ـ ۋىچ...

تاشگۈل دەرھال ئاسمانغا قارىدى.

— ۋاھ، دېڭىز لاچىنى، دېڭىز لاچىنى!

يالغۇزلۇق دەردىنى يەتكۈچە تارتقان تاشگۈل ھاياجانلىنىپ توۋ-لىۋەتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى يايراپ كېتىۋاتاتتى. شۇ تاپتا دېڭىز لاچىنى قۇش ئەمەس، بەلكى ئاتا ـ ئانىسىدەك بىلىندى.

تاشگۈل بىر قولىنى كۆتۈرۈپ دېڭىز لاچىنىنى شەرەتلىۋىدى، «ۋىچ ـ ۋىچ» سايرىغىنىچە تاشگۈلنىڭ بېشى ئۈستىدە ئەگىدى. بۇ ھال تاشگۈلنى خېلىلا تېتىكلەشتۈرۈپ قويدى. تاشگۈل پۈتلىرىنى تەستە ھەرىكەتلەندۈرۈپ «قۇرۇقلۇقتا ماڭغان بولغىيمىدىم» دەپ ئويلاپ كەتتى. تاشگۈلنىڭ ئېسىدە، بىرقانچە كۈن ئىلگىرى بۇ دېڭىز لاچىنى كەپتەرنى قوغلاپ، پالۋان بىلەن ئىككىسىنىڭ نارازىلىقىنى قوزغىغان ئىدى. تاشگۈل مانا ئەمدى كۆڭلىدىكى ئاداۋەتنى چىقىرىۋېتىپ ئۇنىڭغا دوستانە چىراي ئېچىۋاتاتتى.

لاچىن تاشگۈلنىڭ ئەتراپىنى بىرقانچە ئايلانغاندىن كېيىن، ئۆزى خالىغان تەرەپكە ئۇچۇپ كەتتى. ئۇ يىراقلاشقانسېرى سۇ يۈزىدە ئۈزۈۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ، كېيىن پۈتۈنلەي غايىب بولدى. تاشگۈل تاكى ئۇنىڭ قارىسى كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى...

تاشگۈلنىڭ ئۆيى ئالدىدا تۇۋى بىلەن ئۇچى ئوخشاش يوغىنىغان ناھايىتى ئېگىز بىر تۈپ سۇۋادان تېرەك بار ئىدى. كۆك بىلەن بوي تا-لىشىپ ئۆسكەن بۇ سۇۋادان تېرەكنىڭ ئۈستىدە لاچىن ئۇۋىسى بولۇپ، تاشگۈل ئۇنى ئەقلىگە كەلگەندىن تارتىپ بىلەتتى. لاچىننىڭ ئاۋازى مە-

ھەللىنى ئاۋات قىلاتتى ھەم قاغا ـ قۇزغۇنلار ئۇنىڭدىن قورقۇپ بۇ ئەتراپقا يېقىن كېلەلمەيتتى. ئۇ گەرچە گۆشخور قۇش بولسىمۇ، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاشگۈلگە نىسبەتەن گويا ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسىدەك ئۆزلىشىپ كەتكەن ئىدى. تاشگۈل ھەر كۈنى ئەتىگەندە ئۆگزىگە چىقىپ، ئۇنىڭ سايراشلىرىغا، چاقان ھەرىكەتلىرى بىلەن كەپتەرلەرنى سۈر ـ توقاي قىلىشىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى. ئەنە، ئۇ ئۆزىدىن يوغان بىر كەپتەرنى ئاستىدىن شۇڭغۇپ چىقىپ ئۇردى، كەپتەر 6 ــ 7 غۇلاچ ئۆرلەپ كەتتى. ئۇ ئوقتەك بېرىپ، كەپتەرنى قۇيرۇقىغا قىستۇرۇۋالدى. كەپتەر ھېلىلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك قىلسىمۇ، شۇنچە تېپىرلىغىنى بىلەن ئۆزىدىن كىچىك جانىۋاردىن بوشىنالمايۋاتاتتى... مۇنداق چاغلاردا تاشگۈل ئۆزىنى ئۆگزىدە ئەمەس، گويا لاچىنغا ئايلىنىپ كەپتەر سوقۇۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالاتتى.

لاچىن ئولجىنى كۆتۈرۈپ كېلىپ ئۇۋىسىغا يېقىنلىشىشىغا، بالىلىرى ئاغزىنى ئېچىشىپ ئانىسىغا ئىنتىلەتتى، كىسىلداشلىرى ئەتراپنى بىر ئالاتتى. بۇ يەردە ھەر كۈنى ئەتىگەن ـ كەچتە مانا شۇنداق ھايات ـ ماماتلىققا تاقىلىدىغان ئېلىشىشلار يۈز بېرىپ تۇراتتى. كىشىلەر بۇنى قىزىقىپ كۆرۈشەتتى. ئەمما، ھاۋا بوشلۇقىدا قانلىق ئېلىشقان ئىككى جانىۋار تاشگۈلنىڭ سەبىي قەلبىگە ئۆچمەس ئىزنالارنى سالاتتى.

تاشگۈل سۆزگەننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاشقا تولىمۇ خۇشتار ئىدى. ئۇ قومۇش ياكى غوڭ قاپاقتىن ياسىلىپ، كەپتەرنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا بېكىتىپ قويۇلاتتى، كەپتەر ئۇچقاندا يېقىملىق سادا چىقىراتتى، كەپتەر قانچە ئېگىزلىگەنسېرى شۇنچە مۇڭلۇق ئاڭلىناتتى، ئاڭلىغانسېرى كىشىنى ھاياجانغا چۆمدۈرەتتى. كەپتەرمۇ بارغانسېرى كۆككە سىڭىپ، سۆزگەننى مەڭگۈ چالىدىغاندەك پەرۋاز قىلاتتى. بىر كۈنى تاشگۈل ئادەتتىن تاشقىرى قىزىقىش بىلەن «سادا»غا قۇلاق سېلىۋاتاتتى، كۈتۈلمىگەندە ئاۋاز بىردىنلا توختاپ قالدى. ئۇنىڭ كۆڭلى يېرىم بولغىنىدىن ئىچى سىقىلىپ تۇرۇشىغا، سۇۋادان تېرەك تۈۋىگە بىر تۇتام

قوٴيرۇق پەيلىرى بىلەن كىچىككىنە بىر غوڭ قاپاق چۈشتى . ئۇ غوڭ قا-
پاقنى قولىغا ئېلىپ سۆزگەن ئېسىلغان كەپتەرنى لاچىن يەپ
كەتكىنىنى بىلدى ، ئاندىن غوڭ قاپاقنى پۈۋلەپ بېقىۋىدى ، بوغۇق ئاۋاز
چىقتى ، بۇ ئاۋاز كەپتەر پايانسىز كۆكتە ئۇچقاندىكىگە زادى
ئوخشاشمايۋاتاتتى ھەم ئوخشىشىمۇ مۇمكىن ئەمەس ئىدى . ئۇ تۇرۇپلا
كەپتەر بىلەن لاچىن ئوتتۇرىسىدا ئارىسالدى بولۇپ قالدى . ئەمما ، ھەر
ئىككىسىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرۈۋەردى .

— دادا ، مەن كەپتەر باقىمەن ، قوٴيرۇقىغا ماۋۇ غوڭ قاپاقنى
ئاسىمەن ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى توساتتىنلا .

— ئوغلۇم ، كەپتەرنى بەكمۇ بېقىپ بەرگۈم بار ئىدى ، بىراق ...

— كەپتەر باققۇدەك بالىخانا بارغۇ ؟

— گېپىمنى نېمىشقا چۈشەنمەيدىغانسەن ...

— ئۆزىڭىز كەپتەر بېقىپ بىرىشكە ماقۇل بولغانتىڭىزغۇ ؟

— ئۇنداقتا ، گېپىمنىڭ تېگىگە تازا يېتەلمەپسەن .

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز ؟

— ھەي ، ئوغلۇم ... — لاچىنىنىڭ چاڭگىسى ئەتراپىنى
ئايلىنىپ « ۋىچ - ۋىچ ! » سايرىشى قىران يولۋاسنىڭ گېپىنى ئۈ-
زۈپ قويدى . قىران يولۋاس سەل تۇرۇۋالدى - دە ، لاچىننى
كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋام قىلدى ، — ئوغلۇم ، كۆرمىدىڭمۇ ،
كەپتەرنىڭ كۈشەندىسى ئۆگزىمىزدە ئەگىپ يۈرسە قانداقمۇ كەپتەر
باققىلى بولسۇن !

— لاچىنلارمۇ بىزنىڭغۇ ؟

— ئۇ دېگەن ياۋا قۇش .

— ئۇنداقتا نېمىدەپ بىزنىڭ تېرەككە ئۇۋا ياسايدۇ ؟

— بۇ ئۇنىڭ تاللىشىدىكى گەپ .

تاشگۈل دادىسى بىلەن ھەر كۈنى شۇنداق زاكونلىشاتتى ، ئانىسىمۇ
ئۇنىڭ نائۈمىد قىلىشىنى خالىمىدى . قىران يولۋاس ئىلاجسىز ئۇنىڭغا

بەش جۈپ كەپتەر بىقىپ بەردى. كەپتەرلەر قانىتى بوغقۇچلاقلىق بولغانلىقتىن، ئۇن نەچچە كۈنگىچە ئۆگزىدىن نېرى بارمىدى. لاچىن ئۇلارنىڭ بېشىدىنلا سايراپ ئۆتەتتى. كېيىنچە قانىتى يېشىۋېتىلگەندە دەسلەپ لاچىندىن ئۈركۈپ قورمىغا كىرىۋېلىشتى. كەپتەرلەر بارا - بارا ئانچە ئۈركۈمەيدىغان بولۇشتى - دە، قۇيرۇقىدىكى غوڭ قاپاقتىن سادا چىقىرىپ، ئۆگزە ئەتراپىدىكى ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇپ يۈرۈشتى. «توشقان ئۆز ئۇۋىسى ئەتراپىدىكى ئوتنى يېمەيتۇ» دېگەندەك، لاچىنمۇ بۇ كەپتەرلەرگە نەزەر كۆزىنى سېلىپ قويماي، ئولجا ئىزدەپ يىراقلارغا كېتەتتى. كەپتەرلەر بەزىدە تېخى لاچىنلار بىلەن بىرگە ئۇچۇپمۇ قالاتتى. بۇ ھالدىن كىشىلەر ھەيران بولاتتى، يۇرتتىكىلەر بۇنداق ھەمنەپەسلىكنى ئەقلىگە سىغدۇرالمايتتى.

بىر كۈنى ئانىسىغا ئەگىشىپ سىرتتىن كىرىۋاتقان تاشگۈل بىر لاچىننىڭ كەپتەرلەرنى قوغلاۋاتقىنىنى كۆرۈپ، ئالدىراش ئۆگزىگە چىقتى، ئانىسى ئەنسىرەپ ئارقىسىدىن ئەگەشتى. ئۆز ۋاقتىدا لاچىن باشقىلارنىڭ كەپتەرلىرىنى سوققاندا تاماشا كۆرگەن تاشگۈلنىڭ ۋۇجۇدىنى ئەلەملىك تۇيغۇ چىرمىغان ئىدى. لاچىندىن ئۈركۈپ تەرەپ - تەرەپكە تىزىپ كەتكەن كەپتەرلەر بىردىن - ئىككىدىن قايتىپ كېلىشتى. ئەمما، غوڭ قاپاق ئېسىلغان كەپتەر ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. تاشگۈل تىت - تىت بولۇپ تۇرغاندا، بەكمۇ يىراقتىن غوڭ قاپاقنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس ئاۋازى ئاڭلىنىپ، بارا - بارا روشەنلەشتى. بىر لاچىن ئۇنى سۈرۈپ كېلىۋاتاتتى. بۇ، نۆۋە لاچىن بولۇپ، كەپتەر ئۆگزىگە ئۆزىنى ئاتماقچى بولۇۋاتقاندا ئوقتەك كېلىپ ئۇنى سوقتى - دە، چاڭگاللىغىنىچە ئۇۋىسىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى. تاشگۈل غوڭ قاپاق ئېسىلغان بۇ كەپتەرنىڭ تەقدىرىگە ئېچىنىپ، لاچىن ئۇۋىسىغا كەينى - كەينىدىن چالما ئاتقان بولسىمۇ زادى يەتكۈزەلمىدى. ئەمما، نۆۋە لاچىنغا بولغان ئۆچمەنلىكى چەككە يەتتى.

تاشگۈل ئاچچىق يۇتۇپ ئانىسىغا كايىۋاتاتتى، تۇيۇقسىز غوڭ

قاپاقنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى . ئۇ : « كەپتىرىم نۆۋە لاچىننىڭ چاڭگىلىدىن قۇتۇلۇپ قاچقان چېغى » دەپ بېشىنى كۆتۈرۈۋىدى ، ئاۋاز بىردىنلا توختاپ قالدى . ئەسلىدە بالا لاچىن كەپتەرنىڭ قانات ـ قۇيرۇقلىرىنى غوڭ قاپاق بىلەن پەسكە تاشلىۋەتكەن ئىدى . ئۇ ئۆگزىدىن چۈشۈپ غوڭ قاپاقنى ئالدى ۋە ئوۋ مەھسۇلاتلىرىنى قويىدىغان ئۆيدىكى قوزۇققا ئېسىپ قويدى .

ــ ئۇنى نېمە قىلىسىلا ، ئوغلۇم ؟ ــ سورىدى ئانىسى ئالتۇن خۇش-بۇي .

ــ غوڭ قاپاقنى چالغۇدەك كەپتەر هامان چىقىدۇ .

قىران يولۋاس ئوۋدىن قايتىشىغا تاشگۈل ئۇنىڭ بېشىنى ئاغرىتتى . ئۇ ئوقيانى بەتلەپ تۇرۇپ ، نۆۋە لاچىن ئۆگزىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەندە ئوق ئۈزدى . نۆۋە لاچىن پەيلىرى توزۇغىنىچە پالاقشىپ پەسلەۋاتقاندا ، قاپاق-تىنىدۇر ئانا لاچىن پەيدا بولۇپ ئۇنى قاماللاپ قۇيرۇقىغا قىستۇرغىنىچە ئۈۋىسىغا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . ئاڭغۇچە ئاتا لاچىنمۇ يېتىپ كەلدى . ئۇلار ئەنسىز سايراپ قىيامەت قايىم قىلىۋەتتى . بىردەمدىلا بۇ جايغا نۇرغۇن لاچىن ئولاشتى . ئۇلار هاۋانى قاپلاپ ئەنسىز سايرىشاتتى ، بىر دائىرىنى ئايلىنىپ توختىماي ئۇچۇشاتتى ، مەهەللىدىكىلەر ئۇلارنىڭ ئاۋازىدىن بىزار بولۇشتى . قىران يولۋاس قاتتىق تەڭلىكتە قالدى . ئۇ ئۇيان ئويلاپ ـ بۇيان ئويلاپ ئاخىر قورمىدىكى كەپتەرلەرنىڭ هەممىسىنى چىقىرىپ ئۇچۇردى . لاچىنلار تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قالغان بۇ كەپتەرلەرنى بىر ـ بىرلەپ سوقۇپ تۆگىتىپمۇ يەنە بولدى قىلماي ، مە-هەللە ئاسمىنىنى بېشىغا كىيىۋەردى . كۈن پاتاي دېگەندە ئانا لاچىن نۆۋەسىنىڭ جەسىتىنى كۆتۈرۈپ تاغ تەرەپكە كەتتى ، قالغانلىرى كەينى-دىن ئەگەشتى . مەهەللە ئاسمىنى خۇددى قاتتىق بوران بىراقلا توختىغاندەكلا جىمىپ قالدى . ئەمما ، كەپتەرلىرىگە چىدىمىغان تاشگۈل-نىڭ تەرسالىقى ئەۋجىگە چىقتى .

ئەتىسى ئەتىگەندە لاچىنلار يەنە پەيدا بولۇپ ، مەهەللىنىڭ

ئارامىنى بۇزۇشقا باشلىدى. تاتلىق ئۇخلاۋاتقان تاشگۈلمۇ چۆچۈپ ئويـ
غىنىپ كەتتى. ئۇ ئېگىز ـ ئاياغلىرىنى چالا ـ پۇلا كىيىپ هويلىغا
چىقىشىغا، قىران يولۋاس سىرتتىن كىرىپ كەلدى.

— دادا، بۇ لاچىنلارنى قويماي ئېتىۋەتسىڭىز بوپتىكەن! — دېدى
كەپتەرلەرنى سۈر توقاي قىلىۋاتقان لاچىنلاغا قاراپ.

— ياق، ئوغلۇم، ئۆزىمىزنى بېسىۋالايلى، قۇشلار بىلەن قۇشلار
ئوتتۇرىسىدىكى ئاداۋەت ئوتىنى ئادەملەرگە تۇتاشتۇرۇۋېتىش تولىمۇ
خەتەرلىك.

— سىزمۇ نۇرغۇن هايۋاننى ئۇۋلايسىزغۇ؟

— بۇ، ئۆچمەنلىك دائىرىسىگە كىرمەيدۇ.

— لاچىنلار بىھۇدە غوۋغا كۆتۈرۈپ ئادەمنى بىزار قىلىۋاتقان
تۇرسا...

— ئۇ دېگەن قۇش، بىز ئادەم. چۈشەنمىگىنىڭنى كېيىنچە
چۈشىنىپ قالىسەن.

— ئەمسە ئۇلار ئۇۋا سالغان تېرەكنى كېسىۋېتەيلى.

— بۇمۇ ئۆچ ئېلىش جۈملىسىگە كىرىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئەتراپتا
ئۆيلەر زىچ.

— تەڭلىكتە قالغۇچە لاچىنلارنى ئېتىۋەتسىڭىز ئىش تۈگىمەمدۇ؟

— مەن بىر ئوۋچى، ئەمما لاچىنلار مېنىڭ ئوۋ نىشانىم ئەمەس.

تاشگۈل دادىسىنى قايىل قىلالمىدى، هېلىقى غوڭ قاپاقلىق كەپتەـ
رىنىمۇ ئۇنتۇيالمىدى.

يىللار ئۆتۈپ تاشگۈلمۇ چوڭ بولدى. لاچىنلار سۇۋادان
تېرەكتىكى ئۇۋىسىدا ياشاۋەردى. تاشگۈلنىڭ ئەقلىنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەـ
گىشىپ قەلبىدىكى قالدۇق جاراھەت بارغانسېرى ئەدىدى. ئۇ دەردىنى
چىقىرىش ئۈچۈن لاچىنلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېتىۋەتمەكچى بولدى. لېـ
كىن، دادىسىنىڭ: «مەن بىر ئوۋچى، لېكىن لاچىنلار مېنىڭ ئوۋ نىشانىم
ئەمەس» دېگەن سۆزى يادىغا كېلىشى بىلەن توختاپ قالدى، دادا دېگەن

بەربىر دادا ـ دە ، ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمسا قانداق بولىدۇ ؟ ئۇ نېمىنىدۇر چۈشەنگەندەك تۇيغۇغا كەلدىيۇ ، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن لاچىنلارغا بولغان ئۆچمەنلىكى ئازراقمۇ پەسەيمىدى .

تاشگۈل ئاخىر بىر كۈنى تېرەككە ياماشتى ، مەقستى لاچىن ئۇۋىسىغا ئوت قويۇۋېتىش ئىدى . بۇ ، ئۇلارنى ئۆلتۈرۈۋەتكەنگە قارىغاندا ئاقىلانىرەك چارە بولۇپ ، باشقا جايدىن ئۇۋا ئىزدىشىگە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەتتى ، تاشگۈل ئۇۋىغا يېقىنلىشىشىغا ، ئەركەك لاچىن تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ ئېتىلدى . تاشگۈل پەسەنتىگە ئالماي ئۆرلەۋەرگەن ئىدى ، لاچىن شىددەت بىلەن ھۇجۇمغا ئۆتتى . تاشگۈل چاققانلىق قىلىپ ئورنىنى يۆتكىۋالغانلىقتىن ، شەمشەردەك قاناتلار چالىراق تەگدى . شۇنداقتىمۇ تاشگۈل چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى . لاچىن ئايلىنىپ كېلىپ دۈمبىسىگە ئۇرۇۋىدى ، يىپىنچاقلىۋالغان تاغىرى يىرتىلىپ كەتتى . تاشگۈل ئەمدى لاچىننىڭ پەيلىدىن قورقۇپ قالدى ۋە ئالدىراپ پەسكە سىيرىلدى . تاشگۈل يەرگە چۈشۈش بىلەنلا دۈمبە ۋە دولا قىسمىنىڭ ئېچىشىپ ئاغرىۋاتقىنىنى سەزدى . ئانىسى ئۇنىڭ كىيىمىنى سالدۇرۇپ قاراپ ، بەدىنىنىڭ پىچاقتا تىلغاندەك بولۇپ كەتكىنىنى كۆردى ـ دە :

— كىچىككىنە قۇش ئۆز ئۇۋىسىنى ، بالىسىنى شۇنچىۋالا جان تىكىپ قوغدايدىكەن . بۇ ، ئادەملەرنىڭ قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى چۈشەندۇرمەمدۇ ! — دېدى .

ئانىسىنىڭ چوڭقۇر مەزمۇنغا ئىگە بۇ گېپى تاشگۈلنىڭ سەبىي قەلبىدىن ئۆچمەس ئورۇن ئالدى .

— ۋىچ ـ ۋىچ ـ ۋىچ ...

تاشگۈل لاچىن يەنە سوقىدىغان بولدى ، دەپ قورققىنىدىن ئۆيگە قاچماقچى بولۇۋېتىپ ، دېڭىزغا چۈشۈپ كەتتى . ئۇ خىيالدىن سەگىپ ، ئۆزىنىڭ كىچىك چاغدىكى ئۆيىدە ئەمەس ، بەلكى دېڭىزدا ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە 1 — 2 غۇلاچلاپلا ساندۇققا ئېسىلىپ ، ئۈستىگە چىقىۋالدى . كۆكتە راستتىنلا دېڭىز لاچىنى ئۇچۇپ يۈرەتتى . قارىغاندا ، دېڭىز لاچىنى

خۇش خەۋەر ئېلىپ كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ لاچىنلارنىڭ ئۆزى بىلەن دوست ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ، دادىسىنىڭ لاچىن ھەققىدە ئېيتقان سۆزلىرىنى ئېسىگە ئالدى - دە، دېڭىز لاچىنىغا چىراي ئېچىپ قارىدى. چۈنكى، لاچىن ئۇنىڭ كىچىكىدىنلا قالتىس ئادەم بولۇپ يېتىلىشىگە ياخشى كۆزنەك بولغان ئىدى. دېڭىز لاچىنى ئۇنىڭ ئەتراپىنى « ۋىچ - ۋىچ » دېگىنىچە ئايلىنىپ، ئاندىن خالىغان تەرەپكە كەتتى. ئۇ لاچىن كەتكەن تەرەپكە تىكىلىپ، بەكمۇ يىراقتا تېرىقتەك ئىككى نەرسىنىڭ قارىسىنى كۆردى. بۇلارنىڭ كېچىدە ئۆزىنى يانداپ ئۆتۈپ كەتكەن كېمىلەر ئىكەنلىكىنى بىلگىنىدە ۋۇجۇدىغا ئىسسىق ئېقىم يۈگۈرۈپ، روھى كۆتۈرۈلدى. ئۇ نىجاتلىققا ئېرىشكەندەك بولۇپ، بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى، ئەمما گېلى خىرقىراپ، ئاۋازى دولقۇنىنىڭ شاۋقۇنىنى بېسىپ كېتەلمىدى. كېمىلەر بارا - بارا دېڭىزغا سىڭىپ كەتتى.

تۇيۇقسىز دېڭىز لاچىنى يەنە كەلدى. ئۇ تاشگۈلنىڭ بېشىغا قونمىدىيۇ، باشقا يېقىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ، « ۋىچ - ۋىچ » سايرىغىنىچە 1 — 2 ئايلىنىۋېتىپ، بايا كېمىلەر كۆرۈنگەن تەرەپكە كەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ يەنە كەلدى، بۇنداق كېلىش - كېتىش تەكرارلىنىۋەرگەندىن كېيىن، تاشگۈل: « ئۇ بەلكىم ھېلىقى كېمىلەرنىڭ ئەتراپىنىمۇ مۇشۇنداق ئايلىنىپ مەقسىتىنى ئۇقتۇرالماي جىلە بولۇۋاتسا كېرەك » دەپ ئويلاپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك بولدى. ئەمما، كېمىچىلەرنىڭ چۈشەنگەن - چۈشەنمىگەنلىكى نامەلۇم ئىدى. ئېھتىمال ئۇلار « بۇ دېڭىز لاچىنى بىرەر ئولجا كويىدا شۇنداق چۆرگىلەپ يۈرسە كېرەك » دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭ دېڭىزدا بىر ئادەمنىڭ قىيىن ئەھۋالدا قالغانلىقىدىن خەۋەر يەتكۈزگىنىنى بىلمىگەندۇ.

تاشگۈل دېڭىز لاچىنىنى قول ئىشارىتى بىلەن چاقىردى، ئاندىن مۇددىئاسىنى تېخىمۇ ئايدىڭلاشتۇرۇپ بىر قولىنى قونداق تەرىقىسىدە چىقاردى. دېڭىز لاچىنى تاشگۈلنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنمەستىن ئەتراپتا ئايلىنىپ يۈردى. تاشگۈل كېمىلەرگە يېتىشىۋېلىش نىيىتىگە كەلدى -

ده ، ساندۇقتا دۇم يېتىپ ، ئىككى قولىنى پالاق قىلىپ سۇنى ئالدىغا تارتتى . ساندۇق ئاستا ـ ئاستا قوزغىلىپ ، نىشان تامان ئىلگىرىلىدى . ئەمما ، سۇرئىتى بەكلا ئاستا بولۇپ ، تۆگە بىلەن توشقان قوغلىشىۋاتقانغا ئوخشىشاتتى . تاشگۈل نىشانىنى پەرق ئېتىۋالغاچقا ، سۇرئەتنىڭ ئاستىلىقىدىن ئۈمىدسىزلەنمەي ، « ساندۇق ئاستا بولسىمۇ ماڭىدۇ ، مەنزىل ئۆز ئورنىدا تۇرغاچقا ئاخىر يېتىپ بارىدۇ » دەپ ئويلىدى .

كۈتۈلمىگەندە ، ساندۇقنىڭ ئالدىدا دولقۇن پەيدا بولدى . ئىككىگە بۆلۈنۈپ كېلىۋاتقان دولقۇن كەينىدىن ئاپئاق بۇژغۇن كۆتۈرۈلەتتى . بۇ- نىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان تاشگۈل بېشىنى كۆتۈرۈپ ، يېقىنلا يەردە ناھايىتى چوڭ بىر بېلىقنىڭ دەم تارتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى . ئۇنىڭ چىشلىرى يوغان ـ يوغان ھەم كانارىدەك ئۇچلۇق بولۇپ ، ئادەمنى شۈركۈندۈرەتتى . ۋەقە تۇيۇقسىز يۈز بەرگەچكە ، تاشگۈل دەسلەپ تېڭىرقاپ قالدى ، كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېلىشىش قارارىغا كەلدى . ئەمما ، بىر پىچاق بىلەن بۇنچە چوڭ بېلىققا تاقابىل تۇرغىلى بولمايدىغانلىقى ، يەنە كېلىپ دېڭىز ئۇنىڭ ماكانى ئىكەنلىكىنى ئويلاپ ئىككىلىنىپ قالدى ، پەقەت ئۆزىنى قاچۇرۇشلا ئاقىلانە چارىدەك قىلاتتى . بىراق ، كۆز ئالدىدىكى بۇ خەتەردىن قېچىش ئاسان ئەمەس ئىدى . تاشگۈل جانغا تاقالغان خېيىمخەتەر ئالدىدا زادى نېمە قىلارىنى بىلمەي تال ـ تال بولۇپ كەتتى . ئۇنىڭ دەم تارتىشىغا ئەگىشىپ ساندۇقمۇ تېزلىكنى ئاشۇرۇپ نەق ئېغىزىغا ئېقىۋاتاتتى . تاشگۈل شۇئان ئەنجۈر دەرىخىنى ئەسكە ئېلىپ ، ساندۇقنى ئاچتى ـ دە ، ئىچىگە كىرىۋالدى . ساندۇق ئېغىزى « جاققىدە » يېپىلىشى بىلەن تەڭ ، بېلىقنىڭ ئاغزىغا كىرىپ بولدى .

بېلىق ساندۇقنى بىرقانچە قېتىم يۇقىرى ـ تۆۋەن قىلىپ يالمىغان بولسىمۇ ، ئۆتكۈر چىشلىرى ساندۇققا ھېچقانداق زەخمەت يەتكۈزەلمىدى . ئۇنىڭ خادا تاشلارنى مومدەك ئېرىتىۋېتىدىغان شۆلگەيلىرى ساندۇق ئال- دىدا ئاجىز كەلگەن ئىدى . تاشگۈل سىرتتىكى ئىشلاردىن خەۋەرسىز

ھالدا «ساندۇق دېڭىزدا چايقىلىۋاتىدۇ» دەپ ئويلايتتى. گۆردەك قاراڭغۇ ھەم تىنجىق ساندۇقتا نەپەسى بوغۇلاتتى. ئەمما، ئۇ ئەنجۈر دەرىخى ئۈچۈن ھەممىگە چىدىشى كېرەك ئىدى. شۇ ئەسنادا ساندۇق ئوڭ - دۈم بولۇپ، ئارقىدىن بىرنەرسىنىڭ بېسىم بىلەن سىقىۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى قىيا ئېچىپ، ئۆزىنىڭ بېلىق قارنىدا ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئانچە قورقۇپ كەتمىدى، پەقەت نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتاتتى، يەنە بىر تەرەپتىن بەتبۇي دىمىغىنى ئېچىشتۇراتتى. ئۇ كېيىن نېمە ئىشلار يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئالاقىسى پۈتۈنلەي ئۈزۈلگەن ئىدى. شۇ تاپتا بىرسى ئىسمىنى چاقىرسا ئىنكاس قايتۇراتتىيۇ، ئاۋازىنى باشقىلارنىڭ ئاڭلىغان - ئاڭلىمىغانلىقىنى بىلمەيتتى، ئەگەر ئۇ «مەن بېلىق قارنىدا» دېسە، ھېچكىم ئىشەنمەيتتى.

تاشگۈل بېلىق قارنىنى يېرىپ چىقىپ كېتىش نىيىتىگە كەلدىيۇ، كېيىن يەنە ئويلىنىپ، بېلىقتىن كېمە ئورنىدا پايدىلانماقچى بولدى. بېلىق خالىغىنىچە ئۈزمەكتە ئىدى، بۇنداق بولۇۋەرسە بىر ئورۇندا چۆرگىلەپ «قىر»دىن ئاشالمايتتى. تاشگۈل نېمىلا بولمىسۇن، بېلىقنىڭ بىر تەرەپكە ئۈزۈشىنى ئۈمىد قىلاتتى. بېلىق بىردە لەيلىۋالسا، بىردە دېڭىز تەكتىگە چۆشۈۋالاتتى. بۇنى تاشگۈل: «مېنىڭ ئۆز قارنىدا جەڭ ئېلان قىلىۋاتقىنىمنى بىلىپ، مەن بىلەن قارشىلىشىۋاتقىنى» دەپ چۈشەندى. بېلىق ژابراسىدىن سۇنى سىقىپ چىقارغاندا كىرگەن ئازراق ھاۋانىڭ تاشگۈلگىمۇ پايدىسى تېگەتتى. بېلىق سۇ يۈزىگە چىقىۋىدى، قۇياش نۇرىدا ژابراسى قىپقىزىل گۆشتەكلا كۆرۈندى. «ھەي، بىرەر غۇلاچ تانا بولغان بولسا بۇ بېلىقنىڭ بۇرنىدىن چۆلۈك ئۆتكۈزۈپ، ئەدىبىنى ئوبدان بەرگەن بولاتتىم» دەپ ئۇھ تارتتى. شۇنداقتىمۇ تاشگۈل ئۆزىنىڭ بېلىق قارنىدا ئىكەنلىكىنى بېلىقنىڭ ئېسىگە سېلىپ قويماقچى بولۇپ، قورساق دىۋارىغا پىچاقنى «گۇچ - گۇچ» تېقىۋىدى، بۇنداق زەربىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن بېلىق چىچاڭشىپ كەتتى. شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ بىمەيدىغان

نەرسىنى يەپ سالغىنىنى بىلدى ـ دە ، يىلاندەك تۇگۇلۇپ ساندۇقنى قۇسۇۋەتمەكچى بولدى . ساندۇق گېلىغىراق سىلجىغان پۇرسەتتە ، تاشـ گۈل ساپ ھاۋادىن نەپەس ئېلىۋالدى ھەم ساندۇقنىڭ قىيا ئېچىلغان ئېغىزىدىن دېڭىز لاچىنىنى كۆرۈۋالدى . ئۇ بېلىقنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ يۈرەتتى . قارىغاندا ، ئۇ تاشگۈلنىڭ بېلىق قارنىدا ئىكەنلىكىنى بىلىدىغاندەك قىلاتتى . ئۇ بېلىققا خىرىس قىلىپ ئېتىلدى ، ئەمما تەسىر كۆرسىتەلمىدى ، ئاندىن بېلىقنىڭ ئالدىدا گويا يول باشلىغۇچىدەك «ۋىچ ـ ۋىچ » سايراپ ماڭدى . بېلىق ئۇ ئۇچقان مەنزىلنى بويلاپ ئۈزگەندە تاشگۈل قەۋەتلا خۇش بولۇپ كەتتى . بېلىق يۆنىلىشىنى چەتنىگەندە ئۇ پىچىقنى تىقىپ ھوشىنى تاپقۇزاتتى ، بېلىقنى قايسى تەرەپكە ماڭدۇرماقچى بولسا ، قورساق دېۋارىنىڭ شۇ تەرىپىگە پىچاق تىقاتتى . بېلىقمۇ بۇنى بىلىۋالغاندەك ، دېڭىز لاچىنى ئۇچقان يۆنىلىشنى بويلاپ مېڭىۋاتاتتى .

بېلىق گېلىغا قاپلىشىۋالغان ساندۇقنى ئاخىر يەنە يۇتۇۋەتتى ، ئەمدى تاشگۈل سىرتقى دۇنياغا مۇناسىۋەتلىك ھېچنېمىنى كۆرەلمىدى . ئۇ پەقەت « بېلىق دېڭىز لاچىنى باشلىغان تەرەپكە مېڭىۋاتىدۇ » دەپ پەرەز قىلاتتى .

بىر چاغدا ، بېلىق گېلىنى قاقماق بولۇپ ئېغىزىنى يوغان ئېچىۋىدى ، تاشگۈل شۇ پۇرسەتتە سىرتقا قاراپ قۇياش پاتاي دەپ قالغانلىقىنى كۆردى . دېڭىز لاچىنى يىراقتا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى . تاشگۈل ئەمدى دېڭىز لاچىنىنى كۆرەلمەي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئۇ يىراقلاشقانسېرى سۇۋادان تېرەككە ئۇۋا سالغان لاچىنلارنى ئويلاپ قالـ دى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مەلۇم ئارازلىق يۈز بەرگىنى بىلەن يەنىلا بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇپ قالغان ئىدى . يەنە كېلىپ ، تاشگۈل سۇۋادان تېرەكلىك ھويلىدا لاچىن ۋە لاچىن باللىرىنىڭ سايراشلىرىنى ئاڭلاپ چوڭ بولغان ئىدى . ئۇنىڭ يېتىلىش ـ ئۇچۇرما بولۇش جەريانىمۇ لاچىن باللىرىنىڭكىگە ئوخشىشاتتى ...

نىشان بويلاپ توختىماي ئۇچۇپ كېتىۋاتقان بۇ لاچىن تاشگۈلگە شۇ تاپتا ئاشۇ سۆۋادان تېرەكتىكى ئۇۋىسىغا كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بەردى. تاشگۈل شېرىن خىياللار ئىلكىدە ئاتا ـ ئانىسىغا لاچىندىن سالام يوللىدى:

لاچىن ـ لاچىن، ئى لاچىن،
بىرپەس توختاپ ئۇچقىنا.
سالام يوللاي يۇرتۇمغا،
شۇ ئۇۋاڭنى قۇچقىنا!

يۇرتۇم چاقماق دەرياسى،
مۇز تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆت.
دوستلىرىمغا دېگەيسەن:
تاشگۈلۈڭدىن ئۇمىد كۈت.

بارىمەن يۇرتۇم قوينىغا،
كېمە قىلىپ بېلىقنى.
ئۆستۈرۈشكە ئەنجۈرنى
چاپقاچ تۇرسۇن ئېرىقنى.

# چىللىيالمىغان خوراز

تاشگۈل كىچىكىدىنلا ئوغۇلچە كىيىندۈرۈلۈپ بېقىلغان ئىدى. چوڭ بولغاندىمۇ يىگىتتەك ياسىنىپ، ئۆزىنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمايتتى. ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ بۇ رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمىگەچكە، تاشگۈلنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلارمۇ ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقالمىدى. مەھەللىدىكىلەر قىران يولۋاستىن تەپ تارتاتتى. شۇڭا، ئۇ خالىمىغان ئىشنى باشقىلارمۇ خالىمايتتى. تاشگۈل ئوغۇللار بىلەن ئويناپ چوڭ بولدى، ھەتتا سۇغىمۇ بىللە چۆمۈلدى. قىزلارغا ئو-غۇللاردەك چاقچاق قىلىشنى ئۆگەندى. ئوغۇللار بىلەن نوچىلىق تالاشقاندىمۇ ئۈستۈنلۈك قازىنىپلا كەلگەچكە ئوغۇل قۇرداشلىرى ئاغزىغا قارايتتى. تاشگۈل ئوۋ ئىشلىرىدىمۇ ئاجايىپ ماھارەتلىرى بىلەن دوستلىرىنى بېسىپ چۈشكەچكە «ئوغۇل»لۇقى جىسمىدىن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكىتىدىن كىشىلەر ئېڭىدا بېكىتىلگەن ئىدى. ئەمما، ھېچكىم ئۇنىڭ ئىسمى - جىسمىغا ماسلاشمايۋاتقىنىنى خىيالىغا كەلتۈ-رۈشمىدى، بەلكى ھەممەيلەن ئۇنى «ئوغۇل» دەيتتىيۇ، «تاشگۈل» دەپ چاقىرىشاتتى. دەسلەپتە ئۇ ئۆزىمۇ «تاشگۈل» دېگەن ئىسمىغا كۆ-نۈپ قالغان ئىدى، كېيىن ئوغۇل دوستلىرى: «سېنى نېمىشقا ‹تاش› دېمەيمىز؟» دېۋىدى، شۇنىڭدىن ئېتىبارەن «تاش» دەپ چاقىرسا خۇش چىراي ئاچىدىغان، «تاشگۈل» دېسە تېرىكىدىغان بولۇۋالدى، ئەمما ئىلگىرىكى ئىسمىغا ئادەتلەنگەنلەرنى «تاش» دەپ ئاتاشقا زورلىيال-مىدى.

تاشگۈلنىڭ قىز تەڭتۇشلىرى ئارقا - ئارقىدىن ياتلىق بولۇشقا

باشلىدى . ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىلىدىغانلار كارامەت قىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلىپ ، كېلىن قىلىۋېلىشقا قىزىقتىيۇ ، ئەمما قىران يولۋاستىن قورقۇپ ھېچقايسىسى بۇ توغرۇلۇق ئېغىز ئاچالمىدى ، تەگتۇشلىرى نەچچىدىن بالىغا ئانا بولۇپ ئۈلگۈرۈشتى . قىران يولۋاس باشقىلارنىڭ سەمىمىي نە-سىھەتى بىلەن ئاخىر ئۇنىڭ قىز ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولسىمۇ ، تاشگۈل ئۆزى زادى يېقىن كەلتۈرمەي ، ئانىسىغا ئۆيلىنىش ھەققىدە ئېغىز ئاچتى .

— ئەمدى باللىقلىرىنى تاشلىسىلا ، — دېدى ئانا نەسىھەت قىلىپ ، — بىرىمۇ « ئوغلۇم » دېمەي ، « قىزىم » دەيلى .

كىچىكىدىن ئۆز خاھىشى بويىچە ئىش قىلىپ ئۆگەنگەن ئارزۇلۇق قىز ئانىسىنىڭ گېپىنى ئاڭلاش تۇگۇل خاپا بولۇپ تېرىكتى .

— ئويلاپ باقسىلا ، سىلى تۇغۇلۇشتىنلا قىز تۇرسىلا ، ئۆيلىنىش قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن ؟ خەقنىڭ ئۆيىگە قىز سوراپ بارسام نەرىچە كۆلەر ؟

— مانا ئوغۇلدەك تۇرىمەنغۇ ، قېنى مەن قىلالىغاننى قايسى يىگىت قىلالايدۇ ، مېنىڭ نەرىم كەمكەن ؟

— كەم يەرلىرىنى كېيىنچە چۈشەندۈرۈپ قويىمەن .

— ياق - ياق ، مەن ئوغۇللار قىلالايدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى قىلچە قېلىشماي ، ھەتتا ئاشۇرۇپ قىلىپ كېلىۋاتىمەن !؟

ئانا بۇ ھەقتە كۆپ تالىشىشنى بىئەپ كۆرۈپ ، شۇ يەردە بولدى قىلدى . قىران يولۋاسمۇ تاشگۈل بىلەن يۈز تۇرا سۆزلەشمىدى . ئانىسى-نىڭ بىرلا گەپنى تەكرارلاپ باش ئاغرىتىشىدىن بىزارلىق ھېس قىلىپ ، ئۆزىنى قاچۇرىدىغان بولۇۋالغان تاشگۈل بۇنىڭلىق بىلەن توختاپ قالماي يۈرتىدىنمۇ زېرىكىپ ، قىسمىتىنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يىراق جايغا كېتىش قارارىغا كەلدى .

تاشگۈل ناتونۇش يۈرتنىڭ تېغىدا ئوۋچىلىق قىلىۋاتاتتى ، تاغلار گەرچە قۇچىقىنى كەڭ ئاچقان بولسىمۇ ، ئۇيان - بۇيان قاراپ بىر خىل

جۇدالىق يۈرىكىنى چىملدىتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە ئۇرۇنۇپ شارقىراتما ئەتراپىدىكى گۈللەرنى كۆرۈۋاتاتتى، بىردىنلا سۈپسۈزۈك سۇدىكى ئەكسىگە كۆزى چۈشۈپ قالدى. ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى شۇنداق ياراشقان بولۇپ، بېلىدىكى قېيىش تاسمىسىغا قىستۇرۇلغان يىلان قامچا، سول يانپېشىغا ساڭگىلاپ تۇرغان پىچاق قاملاشقان بەستىگە سۆلەت بېغىشلاپ تۇراتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۆزى- نىڭ يىگىتلىكىگە ئىشەنچى كۈچەيدى - دە، خېلى - خېلى قىزلارنىڭ مەيلىنى تارتالايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. شارقىراتمىدىن چۈشكەن سۇلار رەڭمۇرەڭ شېغىل تاشلارنى سۆيۈپ مەھەللە تەرەپكە قاراپ ئۇيناقشىپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇ ئېقىندىكى مۇزدەك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ ئاغزىنى سۈرتۈۋاتقاندا قۇلىقىغا توساتتىن بوش ئاۋازدا ئېيتىلغان يېقىملىق ناخشا ئاڭلاندى. ناخشا ئېقىننىڭ سەللا ئاياغ تەرىپىدىن كېلىۋاتاتتى. ئۇ شۇنداق قاراپلا بوستانلار ئارىسىدىن بىر قىزنىڭ كوزا كۆتۈرۈپ چىقىۋاتقىنىنى كۆردى. قىز ھەرقانداق ئەركەك زاتىنىڭ يۈرىكىگە ئوت ياققۇدەك دەرىجىدە چىرايلىق بولۇپ، بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتقان گۈل رۇخسارى ئۇنى تەمتىرىتىپ قويدى. ئەمما، قىزنىڭ كۆرگەن - كۆرمىگەنلىكى نامەلۇم ئىدى.

تاشگۈل تۇرۇپلا كۆز ئالدىدىكى بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە تازىمۇ باب كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ چاققان ھەرىكەتلىرى ئاھۇنى ئەسلىتەتتى. بويى زىلۋا، لېكىن تەن قۇرۇلۇشى بېجىرىم ئىدى. تاشگۈل ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپمۇ قويماي كېلىۋېرىشىدىن ئەجەبلىنىپ، تاش ئاتماقچى بولدىيۇ، بۇ نىيىتىدىن دەرھال ياندى. تونۇمىغان ئادەمگە بۇنداق قوپال چاقچاق قىلىش ئەدەپسىزلىك جۈملىسىگە كىرەتتى. شۇڭا، تاشگۈل جايىدا مىدىرلىماي تۇرۇپ، ئۇنىڭ قەيەردىن سۇ ئالىدىغانلىقىنى پەملىدى. تاشگۈلنىڭ قىياسىدىكى جايغا بىرقانچە قەدەم قالغاندا، ئۇ بىر « يىگىت » نىڭ ئۆز يولىنى توسۇپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئەندىكىپ كەتتى. تاشگۈل ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆرۈپ بىرقىسمىلا بولدى.

رۇخسارىدىن نۇر بالقىپ تۇرغان قىزنىڭ كۆزلىرى يۇلتۇزدەك چاقنايتتى . كەڭ پېشانىسىنى ماڭلاي چاچلىرى توسۇپ تۇراتتى . ئۇ ئالدىدىكى « يىگىت » كە كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ يەر تېگىدىن قارايتتى .

— مېنى تونۇلىما ؟ — تاشگۈل تاقەتسىزلىنىپ سورىدى .

— تونۇغاندەك قىلمايمەن .

— بۇ نېمە دېگەنلىرى ؟

— يالغان ئېيتمىدىم .

— مانا بىر - بىرىمىزگە قارىشىپ تۇرۇۋاتىمىدۇق ؟

— تونۇشۇشنىڭ بۇنداق تېز بولۇشىنى ئۈمىد قىلمايمەن .

— بەلكىم شۇنداقتۇ .

— ئويلىماپتىمەن .

— قۇرۇغان كوزا تەشنالىقنىڭ بېشارىتى ئەمەسمۇ ؟

— تەشنا بولمىغان ئادەم تەشنالىقنى بىلمەس .

قىز كوزىسىغا سۇ ئالدى ، ئۇنىڭ سۇ ئېلىشىمۇ تاشگۈلگە گۈزەللىك تۇيغۇسى بەخش ئەتتى . ئۇ كوزىنىڭ بويىنىنى قۇلىقىغا تاقاپ ، قورسىقىنى يانپېشىغا مىندۇردى . كوزا شۇنچىلىك چوڭ بولسىمۇ ، ئۇنىڭ مېڭىشى بىر نازۇكلۇقنى ئىپادىلەيتتى . تاشگۈل گويا يۈرىكىنى كوزىدىكى سۇغا قوشۇپ ئەكېتىۋاتقاندەك ، نەپسى ئىتتىكلىشىپ ئارقىسىدىن يېتىشتى:

— تەشنالىقلىرىنى قاندۇرغىلى كوزىلىرىدىكى سۇ بولاي .

— هاھ - هاھ - ها ...

— تەنلىرىگە كۈچ بولاي ...

ئۇلار كوزىنى تەڭ كۆتۈرۈپ هويلىغا كىرگەندە ، چىرايىنى هېلىلىدەك قورۇق باسقان موماي ئەجەبسىنىپ نۇرسىز كۆزلىرىنى چىمچىقلاتتى .

— قىزىم ، بۇ يىگىتنى تونۇيالمايلا قالدىمغۇ ؟

— موما ، بۇ مەن ، تونۇلىمۇ ؟

— ھەي ، كۆرۈپ باقمسام نەدىن بىلەي ؟
— مانا ھازىر كۆرۈپ تۇرۇپلىغۇ ؟
— بۇ كۈنـدىـغۇ بـالـىلار خـىـمـىـرنى تارتقاندەكلا چوك بولۇپ كېتىدىكەن .
— ماۋۇ گەپلىرى جايىدا بولدى ، موما .
— سىز كىمنىڭ بالىسى ؟
— بۇ ... بۇ مۇھىم ئەمەس ، ئەمدى تونۇۋالسىڭىزمۇ كېچىكمەيلا .
— تازىمۇ بىر شەيتان يىگىتتەك قىلىسىز .
— بۇ گەپلىرى سەل كۈلكىلىك بولۇپ قالدىمۇ نېمە ؟
مـومـاي تـاشـگۈلنىڭ شوخ ۋە ئوچۇق - يورۇق مىجەزىگە قىزىقىپ قالدى . لېكىن ، قىزنىڭ پۇتۇشۇپ قويغان يىگىتى بار تۇرۇقلۇق ، يەنە بۇ يـىـگـىـت بـىـلـەن يـۈز كـۆرۈشـكـە ئاچـچـىـقـى كەلگەن بولسىمۇ ، دەرھال ئاشكارىلىمىدى . ئىككىيلەن بىردەمدىلا كۈپنى سۇغا تولدۇرۇۋەتتى . ئۆيمۇ بـۆلـەكچە جانلىنىپ مومايىنىڭمۇ روھى كۆتۈرۈلدى . ئەمما ، بۇ ئىشنىڭ ئاـ خـىـرى نـەدىن چىقىشىنى بىلگىلى بولمايتتى . ئۇلارنىڭ ھە دېسە كۈلكە - چـاقـچـاق قـىـلـىـشـىـپ بىر - بىرىدىن بىر قەدەممۇ ئايرىلماسلىقى مومايىنىڭ كـۈنـداشلىقىنى قوزغىدى . ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆكئۆل كەينىگە كىرىپ بىرەر چـاتـاق چـىـقـىـرىـپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيتتى . شۇڭا ، ئۇلار باغقا كىرسە كەينىدىن كىرىپ كۆز - قۇلاق بولاتتى .
— بۇ يـەردە ئولـتۇرساق بـولارمـۇ ؟ — سـورىـدى تـاشـگـۈل ئـۇ قىزدىن .
— ئۆزىمىزنىڭ بېغى تۇرسا ، نېمىشقا بولمىغۇدەك .
— مەن بىلەن ئۇۋغا بېرىپ كۆكئۆل ئېچىپ كېلەملا ؟
— باغ ياقمىدىمۇ ؟
— ئۇۋ ئىشلىرىغا قىزىقاملا دېمەكچىدىم .
— بۆرىكۆرتلىرى بارمۇ ؟
— بار .

— قېنى ؟
— ئالدىمدا تۇرمامدۇ .
— ئۇ دېگەن دانلاۋاتقان توخۇ .
— توخۇنى سىلىدىن بۇرۇن كۆرگەن ئىدىم .
— نېمىشقا يالغان ئېيتىلا ؟
— ئۆزلىرىگە قارىسىلا .
— مەن ؟ ... هاھ - هاھ - ها ! ...
— بۇ مەغرۇرلۇق .
— كىچىكىمدە دادامنىڭ بۈركۈتى بولىدىغان .
— راستما ؟
— چۈشۈمدىكىدەك بىلىمەن .
— ئۇزاق بولماپتۇ - دە .
— ئۇزاق بولغان بولسا ئىككىمىز قانداق دىدارلىشاتتۇق ؟!
— دادىلىرى ئۇۋچىمىدى ؟
— بۈركۈتنى دادام تۇتۇۋالغان .
— ئۇ كۆپ نەرسىلەرنى تۇتۇپ بەرگەندۇ ؟
— دادام ئۇنى كۆندۈرمەكچى بولغان .
— كۆندۈرەلىدىمۇ ؟
— بىر قېتىم ئۇ دادامنى ئالغىلى تاس قالدى .
— بۈركۈت بىلەن ھەممە ئادەمنىڭ چىقىشمىقى تەس .
— بۇ تەرىپىنى ئانچە بىلمەيدىكەنمەن . ئەمما ، دادام « ئىگىسىنى ئالىدىغان بۈنداق قۇشنى باقمايمەن » دېگەن ئىدى .
— بەلكىم ھازىر بۈركۈتنى ئوبدان چۈشىنىدىغانلا ؟
— ئەمدى چوڭ بولدۇم ، نېمە دېسەم بولار ؟
— تىللىرىنىڭ ئۇچىدىكى گەپنى ياندۇرمىسىلا .
— ئۇ چاغدا دادام ئانامغا ئۇلار ئۇۋلاپ بەرمەكچى بولغان .
— ئوبدان نەرسە تاللاپتىكەن .

— ئانامنىڭ قورساق ئاغرىقىغا دادام ئۈلارنىڭ پوكىنىدا دورا ياساپ بەرمەكچى بولغان .

— دادىلىرى تېۋىپ ئىكەن - دە .

— ئۈلارنىڭ پايدىلىق ئىكەنلىكىنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ . دادام بىنا كار ئىدى . ئۇ ئادەتتە 2 — 3 تېرەك بويىي ئېگىزلىكتىكى مۇنارلارنى ئۈستىدە تۇرۇپلا چۆرگىلەپ ياسايدىكەن ...

— كېيىن قانداق بولغان ؟

— دادام دېڭىز - ئوكيان ئاتلاپ كۆپلىگەن بىنالارنى سېلىپ جىق پۇل تاپقان ئىكەن . بىراق ، دېڭىز بويىدا بىر مۇنارنى قوپۇرۇۋاتقاندا دادامنى بوران ئۇچۇرۇپ كېتىپتۇ .

قىز كۆز يېشى قىلىۋىدى ، تاشگۇل چاقچاق قىلدى :

— يىغلىسىلا تېخىمۇ ئوماقلىشىپ كېتىدىكەنلا .

— ياق ، دەل ئەكسىچە .

— ياق ، يالغان ئېيتقىنىم يوق .

— سىلى شۇنداق دېگەندىكىن ...

— يىغلىتىپ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرسام دەيمەن .

— تاش يۈرەك !

— كىم سىلىنى جەلپكار بولسۇن دەپتۇ ؟!

— دادام شۇنداق ئويلىغان ، ئانام شۇنداق تۇغقان ئىكەن .

— ئۆزلىرىنى ماڭا ئاتاپ باققانلىقىنىمۇ بىلەملا ؟

— بۇنى ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا ئاغزىلىرىدىن چىقارلا .

— ئۇنداقتا دىللىرىغا چۈشۈپتۇ - دە !

— ئانام بىلىدۇ .

— ئىشتىياق سىلىدىن ، كېسىش ئانىلىرىدىن .

— بۇ بىر ئادەتقۇ .

— ئىشلار شۇنداق باشلىنىدۇ - دە !

— مەن ئۇنداق دېمىدىمغۇ ؟

— ئاخىر چوقۇم دەيلا .
— كەيپىياتىمغا ئاساسلىنىپ شۇنداق ئويلاۋاتاملا ؟
— شۇنداق بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن .
— سەزگۈلىرىگە تەشەككۈر .
— شۇنداق دەيدىغانلىقلىرىنى پەرەز قىلغان ئىدىم .
— ئانام ساقلاپ قالدى .
— قورساق ئاغرىقى قوزغىلىپمۇ ؟
— ئاغرىقنى قوزغىغان ئۆزلىرى !
— بايا ئانامنىڭ قورسىقى ئاغرىيتتى دېگەنتىلىغۇ ؟
— بىرەر ئىشقا تېرىككەندە قوزغىلاتتى .
— ئۇنداقتا ئۇلار يېسۇن .
— ئۇلار نەدە تۇرۇپتۇ ؟ بوي يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق - تە !
— بويۇم يەتكەچكە تاتلىق ئىكەنلىكلىرىنى بىلىۋاتىمەن .
— مەن شاپتۇل ئەمەستە ؟
— مانا ئىككىمىز باغدا تۇرمامدۇق ؟
— مەن ئىلگىرىمۇ مۇشۇ باغدا ئىدىم .
— ئۇ چاغدا بىرسى يوق بولغىيدى ؟
— كىم ؟
— ئەلۋەتتە ، مەن - دە !
— قورقىقى بارمىكىن دەيمەن ؟
— ئۇلار تۇتساق نېمە قورقىقى بولماقچىدى ؟
— ئەتراپ تاغ ، ئوتتۇرىسىدا ئىككىمىز يالغۇز - دە !
— ئۇنى تۇتۇشقا ئاران ۋاقىت بېرەلەيمىز .
— بۆركۈت بارمۇ ؟
— قولۇمدا ئوقيا تۇرمامدۇ ؟
— قارلىق چوققىغا قارىتىپ ئوق ئۈزىدىكەنلا - دە ؟
— شۇنداق ، ئانىلىرىمۇ مېنى چوقۇم ياقتۇرۇپ قالىدۇ .

— مەنمۇ شۇنداق بولسىكەن دەيمەن .

— بۇگۈن كۈن كەتتى .

— كۈن يەنە چىقىدۇ .

— ئۇ چاغدا بىگى بىر هايات باشلىنىدۇ .

— مەن تاغقا چىقىپ باقمىغان .

— قىلمىغاننى قىلىش ئاجايىپ مەنىلىك .

— بەلكىم شۇنداقتۇ ياكى ئۇنداق ئەمەستۇ .

— قەستەن گەپ يورغىلىتىۋاتىلا .

— ياقەي .

— ئەمىسە خوراز چىللىغاندا ئورنىمىزدىن تۇرىمىز جۇمۇ ؟

— بۇ يەرنىڭ خورازلىرى چىللىمايدۇ .

— چىللىمايدىغان خورازمۇ بولامدۇ ؟

— خورازنى چىللىمايدىغان قىلغىلى بولىدىكەن .

— قانداق قىلىپ ؟

— بۇ يەرنىڭ چوڭ‌نىڭ لەقىمى « خوراز » ئىدى . ئۇ چىللىغانلىكى خورازنىڭ بويىنىنى ئۈزدۈرۈپ ، ئىگىسىگە 40 دەررە ئۇرۇش جازاسى بېرىدۇ .

— مېكىيانلارغا خوراز بولمىسا قانداق تۇخۇم تۇغىدۇ ؟

— تۇخۇمنىغۇ تۇغۇۋېرىدۇ ، ئەمما ئۇنداق تۇخۇمدىن چۈجە چىقمايدۇ ، يەنە كېلىپ خوراز باسمىغان مېكىيانلارنىڭ تۇخۇمىنىڭ قۇۋۋىتىمۇ تۆۋەن بولارمىش .

— ئۇنداقتا ، چوڭ خورازلارغا ئۆچ بولغىنى بىلەن خوراز باسقان مېكىيانىنىڭ تۇخۇمىغا ئامراق ئىكەن - دە ؟

— توغرا ، ئۇ تېخى خورىزى بولمىغان مىكيانلارنىڭ تۇخۇمنى پەقەت يېگىلى ئۇنىمايدۇ .

— ماۋۇ ئىشنى ، خورازلار ...

— هەممە خورازلارنىڭ بېشىغا قارا خالتا كىيدۈرۈپ قويۇلىدۇ .

— خورازلارغا تالڭ ئاتمايدىكەن ـ دە ؟

— ھەببەللى ، تالڭ ئاتمىغاچقا چىللىمايدۇ .

— بۇ قانداقمۇ ئەقىلگە سىغسۇن ؟

— چوڭ سىغدۇرىدۇ .

— ئۇ شۇنچە كۆپ خورازلارنى قانداق بىلىدۇ ؟

— چوڭمۇ خۇددى خورازغا ئوخشايدۇ ، قانداق قىلىپ بولمىسۇن خورازنىڭ « قى ـ قى ـ قىق ! » دېگىنىنى تېزلا بىلىۋالىدۇ ...

تاشگۇل ئايرىم ھۇجرىدا ياتقان ئىدى ، سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقتى ۋە قىزنى ئويغاتتى . ئۇلار دەرھال ناشتا قىلىپ ، ئاتلىق يۇرۇپ كېتىشتى . موماي قىزنىڭ ناتونۇش بىر « يىگىت » بىلەن چىقىپ كېتىۋاتقىنىدىن تەشۋىشلىنىپ ، ئەسلىي لايىقىنى ئەسكە ئالدى ـ دە : « ۋاي ، لايىپۇس مۆرىمەس توپاق ، ئوغۇل بالا دېگەن مانا بۇنىڭدەك سۆيى بار ، چەبدەس بولمامدۇ ! » دەپ ، ئۇنىڭ بوشاڭلىقىدىن ئاغرىندى . موماي تاشگۇلنىڭ ئۆزىگە ئۇلار تۇتۇپ بەرمەكچى بولغىنىنى « جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا » دېگەندەك مەندە چۇشەنگەن بولسىمۇ ، قېرىپ پاكىقاي بولۇپ قالغان بۇ ئەھۋالدا نېمىمۇ دېيەلىسۇن ؟

— ئىسمىلىرى نېمە ؟ — سورىدى قىز كېتىۋېتىپ .

— تاش . بىر ـ بىر پەرزەنتلىك بولغاندا سورىسىلىمۇ كېچىكمەيتتىلىغۇ ؟

— بۇرۇنلا سورىغۇم بار ئىدى .

— ئەمىسە ...

— پۇرسەت بەرمىسلە قانداق سوراي ؟

ئۇلار قاتمۇقات تاغلار ئارىسىدىكى يولدا يانمۇيان كېتىۋاتاتتى . قىزنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ ، يۈرەك سوقۇشى تېزلەشتى ، لېكىن كەيپىياتىنى سەزدۈرمەسكە تىرىشتى . تاشگۇل ئۇنىڭغا ئوتلۇق سۆيگۇ ناخشىلىرىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى ، ئۇ بارا ـ بارا تاشگۇلگە ئىچىكىپ قالدى . ئۇلار ئاش ۋاقتى بولغاندا يىلتىزلىرى مۇز يېرىپ تۇرغان

ھەيۋەتلىك قارىغايزارلىق تاغقا ئۇلاشتى. گۈزەل مەنزىرىلەر كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى. ئۇلار بىردىنلا تېتىكلىشىپ، قارلىق چوققىلار بىلەن بويى تالاشقان گىگانت قارىغايلاردىن قامەت، شارقىراتمىلاردىن بۇزغۇن ھاسىل قىلىپ چۈشۈۋاتقان ئەركەك سۇلاردىن شوخلۇق ئالدى. ئوتلاق رەڭگارەڭ چېچەكلەرگە پۈركەنگەن ئىدى، شەبنەمگە تويۇنغان چېچەكلەرنىڭ نازۇك بەرگىلىرىدىن «ۋىل - ۋىل» سۇلار تەپچىپ تۇراتتى. ئۇلار ئاتلىرىنى ئوتلاققا قويۇۋېتىپ ھاردۇق ئېلىشتى.

تاشگۈل بىر تال چېچەكنى ئۈزۈپ قىزنىڭ چېكىسىگە قىسىپ قويۇۋىدى، كىچىككىنە چېچەك ئۇنىڭ بېشىدا تېخىمۇ كىچىكلەپ كەتكەندەك كۆرۈندى. بۇنى بايقىغان تاشگۈل بىر تۇتام گۈلنى بىراقلا يۇلۇپ، ئۇنىڭ بېشىغا تاجدەك تاقاپ قويۇۋىدى، ئايدەك رۇخسارى پەرەڭدەك ئېچىلىپ كەتتى. ئۇلار شوخ تايچاقلاردەك بىردەم قىيغىتىپ ئويناشتى.

قارىغايلىقتىن ئۇلارنىڭ سايرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىشى بىلەن ھەر ئىككىيلەن تەڭلا شۇ تەرەپكە قاراشتى. تاشگۈل ئوقيانى ئېلىشىغا، قىز ئېتىشقا ئالدىراتتى. تاشگۈل ئوۋچىلىقتا ئالدىراقسانلىق قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈۋاتقاندا، كۆكتە بىر قۇش كۆرۈندى. ئۇ ئېغىر ئۇچقاچقا سۈرئىتى ئاستا ئىدى.

— ئۇ نېمانداق ئاستا ئۇچىدۇ؟ — سورىدى قىز.

— ئۇلارنىڭ ئۇچۇشى شۇنداق بولىدۇ.

— ئۇنىڭ ئۇچۇشىغا قاراپ ئىچىم سىقىلىپ كەتتى.

— ئۇۋچىدا سەۋرچانلىق بار. سىلى ئۇۋچى ئەمەستە!

قىز تاشگۈلنىڭ ئۇلارغا قارىتىپ ئوق ئۈزۈشكە تەقەززا بولۇۋاتىسىمۇ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان قۇشنى ئېتىپ چۈشۈرەلىشىدىن گۇمانلاندى. ئۇ دەم ئۇلارغا، دەم تاشگۈلنىڭ كىرىچىنى تارتىپ تۇرغان قولىغا قارايتتى. ئۇلار ئىككىسىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىشى بىلەن، تاشگۈل چاقچاق قىلغاندەك ئوق ئۈزۈۋىدى، ئۇلار تۈكلىرى توزۇپ، سەل

نىرىدىكى چىچەكلىككە پالاقشىپ چۈشتى . قىز تاشگۈلگە قاراپ « بارد-
كاللا ! » دېۋەتتى . تاشگۈل ئۇنى ئۇلجىنى ئەكېلىشكە بۇيرۇدى . تاشگۈل
قان ئېقىپ تۇرغان ئۇلارنى بوغۇزلاپ بولۇشىغا ، ئۇ ئۇلجىغا قانائەت ھاسىل
قىلغاندەك قايتىپ كېتىش توغرۇلۇق ئېغىز ئاچتى .

— بۇنداق ئاسان قانائەتلىنىش ئۇۋچىغا مۇناسىپ كەلمەيدۇ ، —
دېدى تاشگۈل ، — ئادەمدە كۆپرەك نەرسىگە ئېرىشىش روھى بولۇشى
كېرەك .

— ئانام ئەنسىرەپ قالارمىكىن دەيمەن .

— ھەرقانداق ئاتا - ئانىدا بالىلىرىدىن ئەنسىرەيدىغان ، ئۇلارغا
ئىشەنمەيدىغان خۇي بولىدۇ .

ئۇلار ئۇلارنى جايلاشتۇرۇپ قويۇپ ، قارىغايزارلىققا ئىچكىرىلىدى .
تاشگۈل قىزغا ھەۋەسلىنىپ دولىسىدىن تۇتۇۋالدى . ئۇ نېمىشقىدۇر
جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقان بولسىمۇ ، زورىغا شۇنداق قىلىۋاتاتتى . ئۇلار
ئالدىدىكى ئېقىندىن قورام تاشلارغا دەسسەپ ئۆتتى . قېلىن قارىغايزارلىققا
كۈن نۇرى چۈشمىگەچكە ئەتراپ غۇۋا بولۇپ ، شاخلار شالاڭراق جايلار-
دىن تېشىپ كىرگەن نۇر دەستىلىرى ئالتۇن نەيزىلەردەك كۆزنى
قاماشتۇراتتى . قويۇق چۆپلۈكلەردە ئوتلاۋاتقان سۇغۇرلار ئۇلارنىڭ قارد-
سىنى كۆرۈپ بەدەر تىكىۋېتىشتى . ئىككى سۇغۇر كۈچۈكى بەخىرامان
بىر - بىرىگە ئەركىلەپ ئوينىشىۋاتاتتى .

— ئۇلارنىڭ بىرسى مەن ، بىرسى سىلى ! — چاقچاق قىلدى
تاشگۈل .

قىز « پىسسىڭىدە » كۈلگىنىچە يەرگە قارىۋالدى .

ئۇلار ئىچكىرىلىگەنسېرى ، قارىغايزارلىق تېخىمۇ قو-
يۇقلاشتى ، بىر - بىرىگە مىنگىشىپ ئۆسكەن قارىغايلارمۇ كۆپ ئىدى .
بۇلار خۇددى جۈپ - جۈپ ئاشىق - مەشۇقلاردەك كۆرۈنەتتى . قىز
بىردىنلا شوخلىشىپ ئۇدۇل كەلگەن ئاچماق قارىغاينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ :
« كاككۇك ! » دېگەن ئىدى ، تاشگۈل : « زەينەپ ! » دەپ ئالدىغا چىقتى .

ئۇلار يانتۇ بولۇپ قالغان بىر تۇپ قاتاڭغۇر قارىغايغا چىقىپ، بىر جۈپ ئالمىدەك ساڭگىلاپ ئولتۇرۇشتى. ئۇلارنىڭ كەيپىياتى تولىمۇ كۆتۈرەڭگۈ ئىدى. ئۇلار بۇ يەردىن باشقا قارىغايلىققا بىرىپ، قارىغايلار ئارىسىدا مېۋىلىرى گىلاستەك قىپقىزىل بىر دەرەخنى ئۇچراتتى. تاشگۈل مايمۇن-دەك يامىشىپ بىر تال مېۋىنى ئۈزۈپ يېگەن ئىدى، قوشۇمىلىرى تۈرۈلۈپ كەتتى. بۇنى كۆرگەن قىزنىڭ ئاغزىغا سۇ يىغىلدى. تاشگۈل بىر تال مېۋىنى ئۇنىڭ ئاغزىنى قارىغا ئىلىپ ئېتىۋىدى، يەرگە چۈشۈپ كەتتى، يەنە بىر سىمۇ شۇنداق بولدى.

— ئۇۋۇچىمەن دەيدۇ تېخى شۇنچىلىك ئىشىنىمۇ قاملاشتۇرالماي، — دەپ دومسايدى قىز.

— ئەگەر ياغا سىلىپ ئاتقان بولسام ئۇدۇل قورساقلىرىغا كىرگۈزۈۋېتەتتىم! — دېدى تاشگۈلمۇ بوش كەلمەي.

تاشگۈل بۇ قېتىم ئالدىرىماستىن ئاتقان ئىدى، مېۋە قىزنىڭ ئاغزىغا دەل چۈشتى. كۆكۈل ئاۋۇندۇرىدىغان چاقچاقلار ئاياغلاشقاندىن كېيىن، ئىككىيلەن بىر - بىرىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك ئولتۇرۇپ ياۋا مېۋە يېيىشتى. تاشگۈلنىڭ بەدىنى تاشتەك قاتتىق بولسىمۇ قىزغا پاختىدەك تۇيغۇ بەردى. ئۇلار بىر - بىرىدىن قورۇنغاندەك قىلاتتى. تاشگۈل قىزنى كىچىك بالىدەك ئەركىلىتىپ، ئۆزىنىڭ ھىدىدىن ئۆزگىچە پۇراقنى سەز-مىدى. ئەمما، ئۇنىڭ يەنىلا رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەي، قىزنى جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى. كۆزلەرنىڭ ئۇچرىشىشى نەتىجىسىدە ھەر ئىك-كىيلەننىڭ قەلبىدە يېڭى پەللە ھاسىل بولدى. قىز، كۆزىنىڭ ئىچكىرىسىگە تىكىلىپ تۇرغان ئادەتتىن تاشقىرى نۇرلۇق بىر جۈپ كۆزگە تاش ئۈستىدە ئېچىلغان جۇلالىق گۈلدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنىڭغا ئۇلار ئولتۇرغان ئاشۇ قورام تاش گۇۋاھ ئىدى. ئۇ گۈل بىرسىدىن ھۆسن تالاشمايتتى، تەبىئىي گۈزەللىكى بىلەن قارشى تەرەپنىڭ قەلبىنى لەرزىگە سېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ جامالىدىن ئەتراپتىكى گۈل - چېچەكلەر خىجىل ئىدى، ئۇلار ئۆز رېڭىنى ئۇنىڭدىن ئارىيەت ئالغاندەك پەستە تە-

زىمدە تۇرۇشاتتى.

قىز بىردىنلا تاشگۈلنىڭ قاش، كۆز، لەۋلىرىنىڭ، شۇنىڭدەك يەنە تەن تۈزۈلۈشىنىڭ قىز بالىغا ئوخشىشىدىغانلىقىنى سېزىپ ھەيران بولدى. ئۆزىنىڭ ئوغۇل بولۇپ قېلىشىنى ئارزۇ قىلىپ، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى، «قىسمەتلىرىمىز ئالمىشىپ، مەن ئوغۇل، ئۇ قىز بولۇپ تۆرەل- گەندە ئىش باشقىچە بولامتى؟» دەپ ئويلىدى. قىز قارىغانسېرى قىزىقىدىغان تەرەپلەر كۆپىيىۋاتاتتى.

ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ بىردەم قوغلىشىپ ئويناشتى. تاشگۈل قىزغا قەستەن يېتىشەلمەيۋاتقاندەك ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ قويۇپ، ئۇنىڭ قاملاشقان بويىدىن ھوزۇرلاندى، ئۇششاق ئۆرۈلگەن بوستان چاچلار، زىلۋا، يارىشىملىق قەددى ـ قامەت ئەركەك جىنسىنىڭ يۈرىكىنى ئويناتاتتى. ئۇ ئايال زاتىدا بولۇشقا تېگىشلىك نازۇك تەرەپلىرىنى ئۆز جىسمىدا كۆز ـ كۆز قىلىۋاتاتتى. ئانىسى ئۇنىڭ سۇمبۇل چاچلىرىنى جىگدە يېلىمى بىلەن تاراپ 40 تال قىلىپ ئۆرۈپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن گۈزەللىكى، قىزلىق لاتاپىتى ئاشۇ چاچلارغا مۇجەسسەملەنگەندەك قىلاتتى. يىگىتلەرنى سىرتقى جەھەتتە جەلپ قىلىشتا مۇشۇ تەرەپلىرىلا يېتەرلىك ئىدى. چۈنكى، بەزى قىزلار قېشى، بەزى قىزلار بوستان چېچى، بەزى قىزلار شەھلا كۆزلىرى، زىلۋا بويى ئارقىلىق ئۆز گۈزەللى- كىنى نامايان قىلىدۇ، يىگىتلەرنىڭ قىزلارنى كۆزىتىشمۇ ھەر تەرەپلىمە بولىدۇ. قىزلار پەقەت ئىچكى گۈزەللىككە ماس تاشقى گۈزەللىكى ئارقى- لىق يىگىتلەرنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىرىدۇ.

ئۇلار قارىغايلىقتىن چىقىپ، ئىككى كېيىكنىڭ ئوغلاقلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كېلىۋاتقىنىنى كۆرۈشتى. تاشگۈل شۇئان ئۆزىنىڭ «يە- گىت» لىكىنى ئەسكە ئالدى ـ دە، كېيىكلەرگە قاراپ چوڭقۇر ئويغا پاتتى. ئۇلار ئاسمىنى كەڭ يەرنى ماكان ئەتكەن كېيىكلەرگە ھەۋەسلە- نىپ ئۇزاقتىن ـ ئۇزاق قاراشتى. كېيىكلەر ئۇلارنىڭ ھىدىنى ئېلىپ بىردەم تىكىلىپ تۇرۇشتى، ئاندىن تاقلاپ تاغ بېلىدىن ئېشىپ كۆزدىن

غايىب بولدى. شۇ ئەسنادا بىر توپ كەكلىك ئۇچۇپ كېلىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىكى چۆپلۈككە چۈشتى. تاشگۈل كەكلىكلەرنى كۆزلەپ يەر بېغىرلاپ ماڭدى، قىزمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن مەلۇم ئارىلىقنى ساقلاپ يورغىلىدى. كەكلىكلەر ئۇلاردىنمۇ تېز يورغىلاپ چۆپلۈك ئارىسىغا كىرىپ كەتتى. كەكلىكلەرنى قوغلاپ يېتىشىۋېلىشقا كۆزى يەتمىگەن تاشگۈل دەرھال ئوقياسىنى ئېلىپ، ئۇچۇپ كېتىۋاتقان كەكلىكنى قارىغا ئېلىپ ئوق ئۈزگەن ئىدى، پەيلىرى توزۇغىنىچە چۆپلۈككە چۈشتى، بايىقى كەكلىكلەر ئۈركۈپ ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار كەكلىكنى ئادالاپ كاۋاپ قىلدى. تاشگۈل شۇ تاپتا ھەقىقىي يىگىتتەك چەبدەسلىكى بىلەن قىزنىڭ ھېرىسمەنلىكىنى قوزغاۋاتاتتى. قىز قىزىق كاۋاپنى ئۇ قولىدىن بۇ قولىغا ئېلىپ ئاغزىغا ئاپىرالمايۋاتسا، تاشگۈل ئۆز تېگىشلىكىنى ھېچبىر قىينالماي يەپ، سۆڭەكلەرنى شۈمۈۋاتاتتى.

— تويمىغان بولسىلا بۇنىمۇ يېسىلە، — دېدى قىز قولىدىكى كاۋاپنى تەڭلەپ.

— بۇ تويمىغانلىق ئەمەس. دادامۇ سۆڭەكلەرنى شۈمۈپ، گۆش دىدارى قويمايتتى.

— بۇ مېھنەت مېۋىسىنى قەدىرلىگەنلىك. دادىلىرى سۆڭەك قەدىرىنى بىلىدىغان ھەقىقىي ئەركەك ئىكەن.

قىز سۆڭەك غاجاۋاتقان تاشگۈلگە سەپسىلىپ، مەھەللىسىدىكى ئۆزىگە قانات سۆرەپ يۈرگەن يىگىتنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ تۈزلا يىگىت بولۇپ، باغدا بىللە ئامۇت غاجىشىپ يۈرگەندە تېپىشىپ قالغان ئىدى، ئاغزىدىن گەپ چۈشۈپ قالاتتى، بىر ئېغىز گەپ قىلغۇچە نەچچە قېتىم گېلىنى قاقاتتى. بۇنىڭدىن قىزنىڭ ئىچى سىقىلاتتى. كەتمەن چاپسا ھارغىنىنى بىلمەيدىغان بۇ يىگىت باغنىڭ قېرىملىرىنى ئويۇپ بېرىپ، قىزنىڭ ئانىسىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇۋالغان ئىدى. يىگىتنىڭ ئىش بىلەن خۇشى يوق، شوينا بەل، ئەمما ئۆزىنى نوچى سانايدىغانلار بىلەن ئېقى كېلىشمەيتتى. قىز ئۇنىڭغا تۇرمۇشتىكى گۈزەللىكلەر ھەققىدە ئاق

قـۇشقاچتەك ۋىچىرلاپ ئېزىپ ئىچۇرەتتى . ئۇ بولسا بۇنى چۈشەنمەي ، يەر تېرىپ تاغارلاپ ئاشلىق ئېلىشنىڭ ، بىنەم ئېچىپ قوغۇن ـ تاۋۇز تېرىشنىڭ ، ئاتىنىڭ نوچىسىنى مىنىشنىڭ گېپىنى قىلاتتى . قىز بۇنداق يىگىتنى ياقتۇرمايدىغانلىقىنى ئېيتقاندا ، ئانىسى « زېمىندار خەق شۇنداق دېمەي نېمە دەيتتى » دەپ تەنبىھ بېرەتتى . بۇ تېخى ئالدىنقى كۈنلەردىكى ئىشلار بولۇپ ، ئۇمۇ ، تاشگۈلمۇ كۆزىگە گۈلدەك كۆرۈندى . قىز ھەر ئىككىسىدىن كېچەلمەي تۇرمۇشنىڭ چاقچاقلىرىغا گول بولۇۋاتاتتى . ئەمدىلىكتە قىز نېمىشقىدۇر ئۇ يىگىتنى ئەسلەپ قالدى . يىگىت ئۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن كەتمەن كۆتۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ مۇھەببەت ناخشىلىرىنى ئېيتاتتى . قىز ئۆگزىگە چىقىپ تىڭشايتتى ...

قىز خىيالدىن سەگىپ ، تاشگۈلگە دېدى :

— ئەمدى قايتايلى .

— تېخى ئۇۋغا چىققانغا تۇشلۇق ئولجا تۇتمىغان تۇرساق .

— كۈن قايرىلدى .

— چېكىلىرىگە قىسىپ قويغان چېچەكلەر ھازىر ئۈزگەندەكلا تۇرمامدۇ ؟

قىز جاۋاب بەرمىدى . ئۇلار يېنىپ كېلىۋېتىپ يولدا يەنە بىر ئۇلارنى ئۇچراتتى . تاشگۈل ئۇنى ئاتقان ئەدى ، سوغىلا چۈشتى . زەخمىسىدىن ئاققان قان سۇنى قىپقىزىل قىلىۋەتتى . ئۇنى تاشگۈل ئۆزى سۆزۈۋالدى . قىز تاشگۈلگىمۇ قارىماي دۆڭگە چىقىپ بولغان ئىدى ، چېچەكلەر ئارىسىدىن ئەتىگەن قويۇپ قويغان ئۇلارنى تاپتى . ئوت ـ چۆپ ، چىمەنلەر شەبنەمنى پاك ـ پاكىز سۈمۈرۈپ بولغان ئىدى . ئۇ بۇدرۇق ـ بۇدرۇق چېچەكلەرنى سىيپاپ ئويىنىغاچ ئارقىسىغا قارىدى ، ئەمما تاشگۈل كۆرۈنمەيتتى . شۇنىڭ بىلەن تاشگۈلنى ئىزدىتىش ئۈچۈن چىمەنلىكنىڭ ئۆسەكرەك يېرىگە ئۆزىنى تاشلاپ يېتىۋالدى . ئۇ قىمىرمۇ قىلماي ئۆسۈملۈكلەر بىلەن بىر تەن ـ بىر جان بولۇپ كەتكەندەك ياتاتتى . يەردىن نەملىك تېپىپ بەدىنى قورۇلسىمۇ پەرۋا قىلمايتتى .

بۇنداق گۈزەل جاينى يۇرت تىچىدىن ھەرگىز تاپقىلى بولمايتتى.

قىزنىڭ خىيالى تاشگۈلنى ئىزدىتىشتە بولسىمۇ، ئەس ـ يادى، قۇلىقى تونۇش سادانى ئاڭلاش تەمەسىدە ئىدى. ئۇ ئاخىر ئىنتىزارلىق ئىلكىدە بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ تاشگۈلنىڭ قارىسىنى كۆرۈش ئۈمىدىدا تۇرسۇن تەۋشىنىمۇ ئاڭلىيالمىدى. لېكىن، تونۇش سادانىڭ كېلىشىگە ئىشەنچى كامىل ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تېپىشماق سۈپىتىدە يوشۇرغان ئىدى.

مەيىن شامال چېچەكلەرنى يېنىك دولقۇنلاتتى. ئارىلىقلاردىن شوڭغۇغان كەچكى قۇياش نۇرى قىزنىڭ دەم كۆزىگە، دەم پېشانىسىگە چۈشۈپ كۆزلىرىنى ئىمىر ـ چىمىر قىلىۋەتتى. شۇنداقتىمۇ غۇبارسىز گۈل ـ چېچەكلەرنىڭ قىزىلى قىزىل، ئېقى ئاق ھالدا جىلۋىلىنەتتى. قىز ئۆزىنى گۈل ـ چېچەكلەر دېڭىزىدا غۇلاچ تاشلاپ ئۈزۈۋاتقاندەك ھېس قىلىپ دىلى يايراپ كەتتى. ئۇنىڭغا ھاردۇق يەتكەندەك سېزىلىپ، ئىككى قولىنى يانغا ئەركىن تاشلاپ يېتىۋالدى. شۇ ھالدا چېچەكلەر جامالىغا يەنە بىر گۈزەللىك بەخش ئېتىپ، ئەرشتىن چۈشكەن ھۆر ـ پەرىلەرگە ئوخشىشىپ قالدى، گۈللەر ئۇنىڭ ھۆسنىدىن خىجىل بولغاندەك ئۆزلىرىنى ھەريان قاچۇرۇشتى. يۈرەك سوقۇشى روشەن بىلىنىپ، ئەمدىلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان چىرايلىق كۆكسى بىر ئۆرلەپ، بىر پەسىيىپ تۇراتتى.

تاشگۈل دۆڭگە چىقىپ قىزنىڭ قارىسىنى كۆرمىگەندىن كېيىن چاقىرماقچى بولدىيۇ، چاقىرمىدى. شۇنچە ئىشلارنى باشتىن كەچۈرگەن ئادەم بۇنچىلىك چاقچاقنى بىلمەي قالسۇنمۇ؟ چەيلەنگەن ئوت ـ چۆپلەر ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى ئاشكارىلاپ تۇراتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ بېرىپ، ئۇستىگىلا ئۆزىنى ئاتقان ئىدى، ئۇ چاققان كېلىپ ئارىلىقتىن ئۆمىلەپ قاچتى، نەتىجىدە تاشگۈل چەيلەنگەن چىمەنلەرنى قۇچاقلاپ قالدى. تاشگۈل بۇنى يېتەرلىك ھېسابلاپ ئۇنىڭ ياتقان يېرىدە سوزۇلۇپ يېتىۋالدى ... تاشگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ، تېخىچە قېچىپ كېتىۋاتقان قىزغا يېتىشىۋالدى. ئۇلار ئىككى ئۇلارنى تولۇمغا سېلىپ، ئاتلىرىغا مىنىشتى. يولدا كېلىۋېتىپ بىر جەرەن

بىلەن بىر توشقاننى ئوۋلىدى. جىلغىلاردىن چىقىپ تۈزلەڭلىككە قەدەم باسقانسېرى قىزنىڭ چىھرىدە بىر خىل خاتىرجەملىك ئەكس ئەتمەكتە ئىدى.

ئۇلار ئۆيىگە ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلگەندە، يولغا تەلمۈرۈپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەن مومايىنىڭ كۆڭلى ئارامغا چۈشتى. ئەمما، تاشگۈل ئوۋلاپ كەلگەن شۇنچە كۆپ ئولجىلارغا پەرۋا قىلىپ كەتمىدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ ئويلايدىغىنى قىزىدىن تاشگۈل توغرۇلۇق ئىشەنچلىك گەپكە ئېرىشىش ئىدى...

تاشگۈلنىڭ تېخىچە قايتىپ كەلمەيۋاتقىنىغا دىققەت بولۇپ كېتىۋاتقان قىران يولۋاس، ئالتۇن خۇشبۇيلارنىڭ قولى ئىشقا بارمىدى. تاشگۈل گەرچە ئىشەنچلىك يولسىمۇ، تۇرۇپلا ئادەم خىيالىغا كەلتۈرمەيدىغان قىلىقلارنى قىلىپ يۈرۈشى ئۇلارنى ئەندىشىگە سالماقتا ئىدى. بۇنى ئويلىغانسېرى ئۇلارنىڭ ئىمانى قىرىق گەز ئۆرلىدى. قانداقلا بولمىسۇن، تاشگۈلنىڭ قايتىپ كېلىشى ئۇلارنىڭ ئارزۇسى ئىدى. ئۇلار تىت - تىت بولغانسېرى تاشگۈل قايتماي كەلمەيۋاتاتتى، تاشگۈلنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلغان دوستلىرىغا يالغان ئېيتىپ، تالادا ئۆزلىرىنى خاتىرجەم كۆرسىتىپ يۈرسىمۇ ئۆيگە كىرگەندە بىر - بىرىگە تاپا - تەنە قىلىشاتتى. ئائىلىنى ۋەسۋەسىچىلىك قاپلىغان ئىدى.

ئاتا - ئانىسىنىڭ تال - تال بولۇپ كېتىۋاتقىنى تاشگۈلنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ ھېلىقى قىز بىلەن نەچچە قېتىم ئوۋغا چىقتى، قىزمۇ بۇنىڭغا قىزىقىپ قالدى. ئۇ بارا - بارا مومايىنىڭ كۆزىگە سىغىپ، ئىسسىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئىشەنچىگىمۇ ئېرىشتى. مومايىنى ئېرىتكىنى ئوۋ ئائىلە تۇرمۇشىغا ئېلىپ كەلگەن ئۆزگىرىشلەر ئىدى. موماي ئەمدى ئولجىلارنى ئۆزىدىن ئېشىنىپ مەھەللىدىكىلەر بىلەن تەڭ بەھرىمان بولدى. مەھەللە يىگىتلىرىمۇ ئوۋ ئوۋلاشنى ئۆگىنىۋالدى.

شۇنداق قىلىپ، تاشگۈل بۇ يۇرتتا ئۆزلىشىپ، مۇناسىپ ھۆرمەت تاپتى، سۇرۇشتۇرگەنلەرگە ئۆزىنى «قارا يېتىم» دەپ قويدى. ئۇلار ئە-

شىنىپ «ئوتتۇز ئوغۇل »نىڭ قاتارىدىن ئورۇن بېرىشتى. تاشگۇل قىز بىلەن بولغان ئىشىغا ئالدىرايتتى. مەھەللە چوڭلىرى ئۇلارنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويۇشنى توغرا تاپتى. موماينىڭ ئارزۇسىمۇ شۇ ئىدى. ئۇلار خاسىيەتلىك بىر كۈننى تاللاپ توي قىلىشۋالدى...

ئىلگىرى تاشگۇلنى بىردەم كۆرمىسە تۇرالمايدىغان قىز نېمىشقىدۇر ئەمدى تاشگۇلنىڭ قارىسىنى كۆرسىلا تېنى شۈركۈنىدىغان، كۆرەر كۆزى يوق بولۇپ قېلىشۋاتاتتى.

بۇ مەھەللىدە بىر كەيمە تاز بولۇپ، ھەييارلىقتا ھېچكىم يېتەلمەيتتى. كىشىلەر ئادەتتە دەپ يۈرىدىغان گەپلەر ئۇنىڭ ئاغزىدىن تولىمۇ كۈلكىلىك ئاڭلىناتتى. شۇڭا ئۇ، مەھەللىنىڭ دوقمۇشىدا تۇرۇۋېلىپ، ئۆتكەن - كەچكەنلەرنى ئاغزىغا قارىتىپ ئىشىدىن قوياتتى. ئۇنىڭ بىر ئەسكى قىلىقى بىرەرسى يېڭىدىن توي قىلسا ياكى سەپەردىن قايتىپ كەلسە كېچىسى تۈڭلۈكتىن ماراش ئىدى.

تاز تاشگۇللەر توي قىلغان كۈندىن باشلاپ ھەر كېچىنى ئۇلار ياتقان ھۇجرىنىڭ تۈڭلۈكىدە تۈنەش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كېلىشۋاتاتتى. قىزنىڭ چىدىغۇسىز نالىسى تازنىڭ شەھۋانىي نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتكەن ئىدى. بىر كېچىسى تاز تۈڭلۈك بېشىدا ئۆزىنى ئاران بېسىپ تۇراتتى، تاشگۇل سىرتقا چىقىپ كەتتى. تاز پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۆيگە كىردى - دە، قاراڭغۇدا،« ئېرىم قايتىپ كىرگەن بولسا كېرەك » دەپ ئويلاپ تۇرغان قىزغا تاشلاندى، قىز بۇ نۆۋەت تىل بىلەن ئىپادىلىگۈسىز بىر خىل شېرىنلىكنى ھېس قىلىپ ئېرىپلا كەتتى. قىزنىڭ يالقۇنجاۋاتقان ۋۇجۇدى شۇ تاپتا ئوتتۇنغا تويمايدىغان خۇمدانىنىڭ ئۆزى ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاز بىرەر ئاۋارىچىلىككە يولۇقۇپ قېلىشتىن قورقۇپ، قىزنىڭ بوينىدىكى قوللىرىنى قىيماسلىق ئىلكىدە ئاجراتتى - دە، قانداق كىرگەن بولسا، يەنە شۇنداق چىقىپ كەتتى. قىزمۇ تازنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ ماڭدى.

تاشگۇل قايتىپ كىرىپ خوتۇنىنىڭ يوق تۇرغىنىنى بىلىپ،

هاجەتكە چىقىپ كەتكەن چېغى دەپ خېلى ساقلىدى. ساقلا ـ ساقلا كىرمىگەندىن كېيىن هويلا ـ ئارامنى ئاختۇردى، لېكىن داۋراڭ قىلىشقا پېتىنالمىدى. ئاخىر «ئانىسىنىڭ قېشىغا كىرىۋالغان ئوخشايدۇ، ئەتە بىر گەپ بولار» دېگەن يەرگە كېلىپ يېتىپ قالدى. تاڭ ئاتقاندا هويلا ۋە ئۆگزىدىكى غەيرىي ئىزلارنى بايقاپ، خوتۇنىنىڭ بىرسى بىلەن قاچقانلىقىنى بىلدى ـ دە، مومايغا گەپمۇ قىلماي، بۇ يەر هارام بولدى. دېگەندەك ئېتىنى مىنىپ چىقىپ كەتتى.

تاشگۈل ئەرۋاهى ئۇچقان هالدا كېتىۋاتاتتى، ئالدىغا بىر ئەر ئۇچرىدى. ئۇ ئېشىكىنىڭ ئالدىغا خوتۇنىنى مىندۈرۈۋالغان بولۇپ، گازىر چېقىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ بىرەر خالىي يەر تېپىلمىغاندەك ئېشەك ئۈستىدە قىچىقلىشىۋاتقىنى تاشگۈلنى هەيران قالدۇردى. ئۇلار يېقىنلاشقاندا تاشگۈل هېلىقى ئىككى قاچقۇن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى. ئىككىسىمۇ تاشگۈلنى كۆرۈپ ئېشەكتىن يىقىلىپ چۈشۈشكە تاس قالدى. لېكىن، ئەمدى قېچىشقا ئۈلگۈرەلمەيتتى. تاشگۈل ئاتنىڭ تىزگىنىنى تارتىۋىدى، ئۇلار قورقىنىدىن بىر ـ بىرىگە چىڭ چاپلاشتى. تاشگۈل خوتۇنىنىڭ شۇنداق يىرگىنچلىك بىر تاز بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئەسكىلىكىنى كۆرۈپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتتى. ئۇ ئىككىسىنى راسا قامچىلىماقچى بولدىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. خوتۇنى تاشگۈلنىڭ كۆزىگە يەنىلا شۇنداق ئاق كۆكگۈل، سەممىي كۆرۈندى، تاشگۈل ئۇنىڭدىن هېچقانداق قۇسۇر تاپالمىدى، ئۇ پەقەت تاشگۈلدىن قورقۇپ دىر ـ دىر تىترەۋاتاتتى. تاشگۈلنىڭ ئاچچىقىدا هەرنېمە قىلغۇسى بولسىمۇ، بىراق ئۇلار ئالدىدا هېلىقى چوڭنىڭ زۇلمىدىن چىللىيالمىغان خورازدەك زۇۋانى تۇتۇلۇپ قالدى. «سەن هەقىقىي ئەر بولغىنىڭدا خوتۇنۇڭ ئاشۇ تاز بىلەن قاچارمىدى؟» دېگەن سادا قۇلاق ـ مېڭىسىنى يېپىشكە باشلىدى، بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. ئۇ ئاتتىن يىقىلىپ چۈشۈشتىن قورقۇپ ئېگەرنىڭ قۇشىبېشىنى مەهكەم تۇتۇۋالغان ئىدى.

تاشگۈل شۇ هالدا قانچىلىك تۇرغىنىنى بىلمەيتتى، ئاتنىڭ قاتتىق

يۇلقۇنۇشى بىلەن چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، چوڭ بىر ئېرىقتىن سەكرىگەنلىكىنى كۆردى. ھېلىقى ئىككىسى ئاقىنمۇ - كۆكتىمۇ كۆرۈنمەيتتى. ئۇلار راستتىنلا قاچقان ئىدى. تاشگۇل پۈتۈن ئاچچىقىنى ئاتتىن چىقارماقچى بولغاندەك، ئاتنى جان - جەھل بىلەن كۆچەپ قامچىلىۋىدى، ئۆزى ئاتتىن يىقىلىپ تەگسىز ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدى ۋە ئۆزىنىڭ ئات ئۈستىدە ئەمەس، بەلكى بېلىقنىڭ قارنىدا ئوي - خىيالنىڭ ئەسىرىگە ئايلانغانلىقىنى بىلدى.

# ئۇ ۋىسال تاپتى

بېلىق سۇ ئاستى كېمىسىدەك شۇڭغۇپ ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى. تاشگۈل يەنە ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلەر قاينىمىدا پالاقئۇرۇشقا باشلىدى...

ئىشىك ئالدىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان قىران يولۋاس تاشگۈلنىڭ سولغۇن كەيپىياتتا قايتىپ كەلگىنىنى كۆردى. ئۇ قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ قىزىنىڭ ئالدىغا يۈگۈردى، تاشگۈلمۇ ھېچنېمىگە قارىماي دەرھال ئاتتىن چۈشتى. دادا - بالا قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. دادىسىنىڭ كەيپىياتىدىن نېمىدىندۇر قورۇنۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنەتتى. ئۇ ئالدى - كەينىگە قارىغىنىچە تاشگۈلنى ئۆيگە باشلىدى. ئاڭغۇچە ئالتۇن خۇشبۇي ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىقتى - دە، ئانىلىق مېھرى بىلەن پېشانىسىگە سۆيدى. ئۇمۇ قىزىنى كۆرۈپ سەل جىددىيلىشىپ قالغان ئىدى، ئەمما قىزىنىڭ ئامان - ئېسەن كەلگىنىگە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال بولۇۋاتقىنى چىرايىدىن ئىپادىلىنىۋاتاتتى. گەپ قىلالمايۋاتقىنى ھاياجاندىن ئىدى.

تاشگۈلنىڭ قايتىپ كېلىشى قىران يولۋاسلار ئائىلىسىگە يېڭى كەيپىيات بەخش ئەتتى. چۈنكى، بالا دەردىدە ئۆرتىنىۋاتقان ئاتا - ئانىنىڭ كۆڭلىگە يەتمىگەن ئىشلار يېتىپ، ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي ئاران - ئاران تۇرۇشاتتى. ئاتا - ئانىنىڭ دىللىرى قارا بۇلۇت تارقاپ قۇياش چىققاندەك يورۇغىنى بىلەن، تاشگۈلنىڭ چىرايى غەملىك ئىدى. ئۇ تۈزۈك گەپ - سۆز قىلىپمۇ بەرمەي تورۇسقا قاراپ ياتقىنى ياتقان ئىدى. بېشىدا دادىسى بىلەن ئانىسى پايپېتەك بولدى. ئۇ گەرچە گەپ - سۆز قىلمىسىمۇ ھەدەپ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىشلىرى بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى

ئاشكارىلاپ تۇراتتى. يارىسىغا تۇز سېپىشنى خالىمىغان ئاتا - ئانا نېمىلا بولمىسۇن جەم بولغىنىغا شۈكۈر قىلىپ، قىزىنىڭ تىنىقىنى ئاڭلاپ تۇرغىنىغا خۇش ئىدى.

تاشگۈل تورۇسقا قاراپ ياتقىنى بىلەن، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلار ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ يېتىۋېرىشتىن ئىچى سىقىلىپ باغقا كىردى. ئاتا - ئانىسى ئۇنى ئۆز هالىغا قويغان ئىدى. نېمە سەۋەبتىندۇر كۆڭلى تاماق تارتمايتتى. باغدىكى مەي باغلاپ پىشقان مېۋىلەرمۇ قىلچە ئىشتىهاسىنى قوزغىيالمىدى. ئۇ هەتتا باشقىلار بىلەن كۆرۈشۈشنىمۇ رەت قىلدى. ئۇنىڭ خىيالىغا هېلىقى تويدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى ئىشلار كەرىۋالغان ئىدى.

تاشگۈلنىڭ ئۆيلىنىشى ئاسمانغا چىققاندىنمۇ قىيىن توختىغىنى بىلەن، نېمىلا بولمىسۇن تۆت ئادەمنىڭ ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ بىر قىزنى نىكاهىغا ئالغان ئىدى. ئەمدى يەنە خوتۇن ئالىمەن دېسە تېخىمۇ تەسكە چۈشەتتى. چۈنكى، ئايال كىشىنىڭ ئۆيلىنىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. تاشگۈل شۇنداقتىمۇ پەقەت تەن بەرمەيۋاتاتتى، ئۆزىدىن باشقا هەرقانداق ئادەمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايتتى، هەتتا ئاتا - ئانىسىنىڭمۇ جىنس هەققىدىكى گېپىگە ئىشەنمەيتتى، جاهىللىق ۋۇجۇدىنى قاپسىۋالغان ئىدى.

تاشگۈل ياقا يۇرتتا ئۆزىنى « تاش » دەپ ئاتاپ، ئىسمىنى شۇنداق چاقىرغىنىنى ئاڭلىغاندا سۆيۈنۈپ كېتەتتى، ئولتۇرسا - قوپسا «تاشگۈل » دېگەن ئىسمىنى ۋۇجۇدىدىن سىقىپ چىقىرىشنى ئويلايتتى. بۇ جەهەتتە ئۇ بىر قېتىم مەغلۇپ بولغان بولسىمۇ يەنە ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى، بەلكى يەنىلا ئۆز ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كويىدا تىركىشىۋاتاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن پىكىر - خىيالى ئەرەنچە ياسىنىپ، ئۆزىنى ئەرلەردەك كۆرسىتىشتە قالدى. بۇ، ئاتا - ئانىسىنىڭ كىچىكىدىن ئوغۇلچىلاپ باققانلىقىنىڭ كاللىسىغا چوڭقۇر ئورناپ كەتكەنلىكىنىڭ تەسىرىدىن ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە: « ئەرلەرچە كىيىنىپ، قىيىش تاسما بەلۋاغ باغلاپ، ئۇزۇن بويىتاسىملىق پىچاق قىسسام، شۇنىڭغا يارىشا ئاياغ ۋە بۆك

كىيسەم چوقۇم يىگىتلەرگە ئوخشايمەن ، كىشىلەر ئىېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولىدۇ » دەپ ئويلايتتى . ئۇ بىر كۈنى ساندۇقىدىن ئۆزىگە يارايدىغان كىيىملەرنى ئېلىپ ئۆز خىيالىچە ياسىنىپ ھويلىغا چىققاندا ، دادىسى قىران يولۋاس كۆرۈپ ، ئۇنىڭ قىز بولۇپ يارىلىپ قالغىنىدىن ئۆكۈندى . ئۇ شۇئان دادىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ قېلىپ ، كۆزىدىن نېرى تۇرۇش ئۈچۈن ئاتلىق چىقىپ كەتتى .

تاشگۈل كېتىۋېتىپ ئويلىدى « ئادەم قىلالمايدىغان ئىش يوق ، ئەرلىك روھنى يېتىلدۈرۈش ئارقىلىق ئاياللىق ئاجىزلىقنى تۈگەتكىلى بولىدۇ . مەن باشقىلار قىلالمىغان ئىشلارنى قىلىش ئارقىلىق ئادەملىك قۇدرىتىنى نامايان قىلىمەن . دادام - ئانام مېنى ھېچقاچان 〈 قىزىم 〉 دەپ چاقىرىپ باقمىغان تۇرۇقلۇق ، ئەمدىلىكتە نېمە ئۈچۈن قىز قىلىۋەتمەكچى بولىدۇ ؟ » تاشگۈل ئۇلارنىڭ تەلپىنى قوبۇل قىلالماي بار كۈچى بىلەن ۋارقىرىغۇسى كەلدىيۇ ، بۇ سادا ئىنكاس قايتۇرىدىغان ئادەمنىڭ چىقىش - چىقماسلىقىدىن ئەنسىرەپ يالتىيىپ قالدى . ئەمەلىيەتتە بۇنداق ئادەم تۇغۇلمىغان ئىدى ، تۇغۇلغىنىدا تاشگۈلگە بىرەر گۈزەلنى سايە قىلغان بولاتتى .

ئىلگىرى ئەرلىك دەۋاسى قىلغۇچى ئاياللار ئاشكارا چىقمىغان ئىدى . ئۇنداق بولغاندا ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ بەك كېچىككەنلىكىنى ئېتىراپ قىلغان بولاتتى . تاشگۈل بۇنى ئۇلارنىڭ تەۋەككۈلچىلىك روھى يۇقىرى پەللىگە يەتمىگەن دەپ قارايتتى . ئۇنىڭچە بۇ روھ بىلەن رېئاللىقنىڭ ئىنكاسى ئىدى . « مەن ئۆزۈمنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ مەڭگۈ ئايال بولۇپ ئۆتۈشىگە ھەرگىز ئىشەنمەيمەن ، — دەيتتى ئۇ تەنتەنىلىك ھالدا ، — ئەگەر قايسى تەبىقىنىڭ ئادىمى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ، ئۇلار بۇ نۇقتىنى مەندەكلا چۈشىنىدىغان ۋە چوڭقۇر ھېس قىلىدىغان بولسا ، بۇ توغرىدا چوقۇم ئىزدىنىدۇ ! »

يۇرتتا داڭلىق ئەمچىلەر كۆپ بولسىمۇ ، تاشگۈل ئۇلارنىڭ ئالدىغا بېرىشنى ئەپسىز كۆرۈپ ، دەريا - تاغ ئاتلاپ بىرقانچە ئەمچىگە

كۆرۈندى . ئەمما ، ئەمچىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ دەردىگە داۋا تاپالمىدى .

— سىزنىڭ تاغنى تالقان ، چۆلنى بوستان قىلالايدىغانلىقىڭىزغا قايىل بولسامۇ ، ئەمما سىزنى ئوغۇل قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ ، — دېدى ياشانغان بىر ئەمچى .

— ئۆزلىرىنى « داڭلىق ئەمچىمەن ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈشتىن باشقا ھەممىنى قىلالايمەن » دېگەنلىرى بىلەن ، تازىمۇ تەجرىبىسىز ئەمچىكەنلا ! — تاشگۈل چالۋاقىدى .

— كاللىڭىز جايىدىمۇ ، قىزىم ؟

— سىلىچە قانداق تۇرىمەن ؟

— دەردىڭىزنى ئەمدى تاپقاندەك قىلىمەن .

— قېنى تېز ئېيتسىلا !

— سىز بىر جاھان سارىڭى .

— قېرى بولغانلىرى بىلەن ئەمچىلىك ئىلمىدە تېخى بالا ئىكەنلا .

— سىز ئاغرىق ئەمەسكەنسىز .

— ھېلى ساراڭ دېلىغۇ ؟

— كاللىڭىز ئىشلەيدىكەن .

— ئۇنداقتا ماڭا داۋا تاپسىلا .

— ئۇمىد يوق ، ئەمما جاھىللىقىڭىز ئۇچۇن بولسىمۇ ئوتتۇرا بارمىقىڭىزنى كېسىپ تەجرىبە قىلىمەن .

— مېنى قورقۇتماقچىمۇ سىلى ؟ — تاشگۈل ئوتتۇرا بارمىقىنى چىقاردى .

— بۇمۇ بولمايدىكەن ، قىزىل كېكىردىكىڭىزنى كېسىپ تەجرىبە قىلىمەن .

— ئوغۇل بالا بولالىسام بۇنىڭغىمۇ رازىمەن ، قېنى كەسسىلە ، مېنى قىلىدىغان بولسام ئادەم بولماي كېتەي .

ئەمچى ئاخىر تاشگۈلنىڭ ئالدىدا ئوسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى .

دەرۋەقە ، بۇ ئىش ئۇنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى .

تاشگۈل چىغىر يوللار ئارقىلىق چوڭ يولغا چىقتى . چىغىر يولنى ئادەم ۋە ئۇلاغلار دەسسەپ ئاچقان بولۇپ ، ئوت - چۆپلەر ئىككى ياندىن قىستاپ تۇراتتى ، رەھىمسىز ئاياغلار ئۇلارنى دەسسەپ - چەيلەپ كەينىگە ياندۇراتتى . هاياتلىقنىڭ ئاددىي قانۇنىيىتى ئەنە شۇنداق ئىدى . تاشگۈل يولدا يالغۇز كېلىۋاتاتتى . يول تۆگۈل ئەتراپتىمۇ ھېچقانداق ئادەمزات ياكى جانلىق كۆرۈنمەيتتى . ئۇچار - قاناتلارنىڭ ئۇچرىماسلىقىدىن ئەجەبلىنىشكە بولمايتتى . چۈنكى ، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق ھەرىكىتى كۆكتە بولاتتى ، ئۇلار ئەركىن ئۇچۇپ خالىغان يېرىگە بارالايتتى . ئەھۋال ئۇنداق تۇرسا ئۇلار باشقىلار بىلەن يەر - زېمىن ، يول تالىشىپ نېمە قىلىدۇ ؟ تاشگۈل كېتىۋېتىپ شۇنداق ئويلاپ قالدى .

ھاۋا بارغانسېرى ئىسسىۋاتاتتى . بايا ئەمچىنىڭ قېشىدىكى چاغدىلا بوشىشىپ كەتكەن تاشگۈل تېخىمۇ بوشاشتى ، كۆزلىرىنى ئاپتاپ چېقىپ ئاچالماي ، پېشانىسىگە قولىنى سايىۋەن قىلىپ قاراشقا مەجبۇر بولدى . يىراقتا بىر پارچە تاغ كۆرۈندى . ئۇ ئېتىنى قامچىلاپ بىردەمدىلا يېقىنلاپ ، « كۆرۈنگەن تاغ يىراق ئەمەس »لىكىنى ئىسپاتلىدى . يېقىنلا يەردە كۆپكۆك دېڭىز چايقىلىپ تۇرغاچقا ، ئەتراپ كوربۇلاق ، سازلىق ئىدى ، پاتقاقتا مېڭىش تەسكە چۈشۈشكە باشلىدى . لېكىن ، سالقىن ھاۋا ئۇرۇپ تۇراتتى . جىلغا بويلاپ كەتكەن بۈك دەرەخلىك ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغايتتى . تاشگۈل ئاتتىن چۈشۈپ ، ئېتىنى سايىغا باغلىدى . ئېرىقتا زۇمرەتتەك سۇ بۇلدۇقلاپ ئېقىپ ، ئەتراپقا سۈرۈنلۈك بېغىشلايتتى . تاشگۈل ئۇنىڭدىن ئوچۇملاپ ئىچىپ تەشنالىقىنى قاندۇردى ، ئاندىن ئۆسەك چىملار ئۈستىگە ئۆزىنى تاشلىدى . ئاتتا يول يۈرۈپ تالچىققان ئۇستىخانلىرى بىردىنلا راھەتلىنىپ كۆزى ئۇيقۇغا كەتتى . ئەمما ، چوڭ مېڭىسى پائالىيىتىنى توختاتمىغان ئىدى .

تاشگۈل ئۇنى بۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىشنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ئىدى . تەقدىرنىڭ قىسمەتلىرى شۇنداق ئوخشايدۇ ، دادىسى بىلەن ئۇزاق

يىل ئالاھىدە پەردىشەپ ئىچىدە ئۇۋچىلىق قىلىپ ئادەتلەنگەن تاشگۈلگە ئەمدى ئىچىلىپ ـ يايراپ گەپ تاشلايدىغان ئادەم چىققان ئىدى ، ياق ، ئۇنىڭ ئاغزىنى ئاۋۋال تاشگۈل كوچىلىدى . سەۋەبى ، ئۇنىڭ كىيىشكەن بەستى تاشگۈلنىڭ قەلب تۆرىدىن تونجى بولۇپ ئورۇن ئالغان ئىدى . تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا جىنەكلا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ يىگىت تولىمۇ جەلپكار ئىدى . تاشگۈل كۆرۈپلا قىزىقىپ قالدى . بۇ كەم كۆرۈلىدىغان مۆجىزە ئىدى . ئۇلار ئىت يولىدا [1] ئۇچراشقاندىن بېرى تاشگۈلنىڭ ئىچكى دۇنياسىدا باشقىچە ئۆزگىرىشلەر بولۇۋاتاتتى . بۇنداق ھالەت ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك يەرلىرىدە ئەكس ئېتىۋاتقان بولسىمۇ ، ئۇ ئۆز روھىي ھالىتىدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى ئېنىراپ قىلمايۋاتاتتى . ئەمما ، يىگىتنى ئويلىغىنىدا قولى ئىشقا بارمايدىغان ، يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرى يىرىڭلدايدىغان بولۇپ قالغان ئىدى . بۇنىڭ سەۋەبىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتى . ئۇ دوستى زەينەپ بىلەن پاراڭلىشىپ قالغان چاغلاردا ئۆز جىسمىنىڭ قىزغا تەۋە ئىكەنلىكىنى ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا بايقىغان ئىدى .

تاشگۈل بىرقانچە كىچىنى ئۇنىڭ غۇۋا كۆلەڭگىسى بىلەن بىرگە ئۆتكۈزدى . ئەمدى ياشلىقنىڭ سېھرىي كۈچىنى نامايان قىلىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەندەك قىلاتتى . تاشگۈل شۇ كۈنلەردە دەرۋەقە چۈشىنىڭ پەيزىنى سۈرگەن ئىدى . تاشگۈل ئۇنى يېنىدىن ئاختۇرۇپ تاپالماي ئۆندەرەپ سىرتقا چىقىپ كەتكىنىنى زادى ئۇنتۇيالمايتتى . كېيىن ئۇلارغا خىلۋەت جايلارمۇ قۇچاق ئېچىپ تۇردى . ئەمما ، ئۇنىڭغا نىسبەتەن تاشگۈلنىڭ ئوغۇللۇقىدا « شەك » يوق ئىدى . بۇ مەنىدە ئۇ دوست بولۇش نۇقتىسىدىنلا تاشگۈلگە ئېجىل بولغان ئىدى . بولۇپمۇ تاشگۈلنىڭ ئوۋ ئىشلىرىدىكى يىگىتلەرگە خاس ماھارىتى ئۇنىڭ دوستلۇق رىشتىنى تېخىمۇ چىڭىتقان ئىدى . پەقەت ئۇ تاشگۈلنىڭ ئىنچىكە بىلەن بوم ئارىلىقىدىكى ئاۋازىدىن سەل غەلىتىلىك ھېس قىلاتتى . لېكىن ، بۇنى تاشگۈلنىڭ

---

[1] ئىككى يۇرتنى ئايرىپ تۇرىدىغان تاغ ئارىسىدىن ئېچىلغان يولنى كۆرسىتىدۇ ، بۇ ھەقتە رىۋايەتلەر بار .

جىسمانىي ئەيىبى بولسا كېرەك دەپ گۇمانغا ئورۇن بەرمەيتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە تاسادىپىي تېگىشىپ كەتكەندە، ھەر ئىككىسىنىڭ نازۇك يەرلىرىدە تىل بىلەن ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدىغان بىر خىل شېرىن تۇيغۇ پەيدا بولاتتى، ۋەھالەنكى، بۇنى ئاشكارىلىماي سىر تۇتۇشاتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇ ھال تېشىغا تېپىپ چىقىشقا ئاجىز ئىدى، تۇيغۇ تۇيغۇ پېتىچە قان تومۇرلارغا سىڭىپ تۈگەيتتى. ئۇ ھامان تاشگۈلنى ئوغۇل سۈپىتىدە كۆرۈپ، غەيرىي خىياللارغا ئورۇن بەرمەيتتى. تاشگۈلمۇ رېئاللىقتا كۆز يۇمۇشقا مەجبۇر بولاتتى. ئەمما، بۇ خىل ئەسكى مىجەزىدىن ئىچىدە تويۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇلاردىكى بۇنداق ھېسسىياتنىڭ تەكرار قوزغىلىپ يەنە بېسىقىشى بارا - بارا چىن دوستلۇققا تەسىر يەتكۈزدى. ئۇ تاشگۈلنى كۆرگەندە ئالدىدا بېجىرىم بەدەنلىرى تولغان بىر قىز تۇرغاندەك ئۆزىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى. ئۇ تاشگۈل ئالدىدا بۇنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى. چۈنكى، ئوخشاش جىنسلىقلارنىڭ بىر - بىرىگە قوزغالغان شەھۋانىي ھەۋىسى ئىنسانىي ئەخلاققا مۇخالىپ كېلىدىغان ئەڭ پەسكەش قىلىقتىن باشقا نەرسە ئەمەس ئىدى. «كۆڭۈل بېرەي دېسە جاھاندا قىز ئازمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ كاللىسىنى سىلىكىۋېتىپ، — بۇ ھەركىمنىڭ ئىختىيارلىقىدىكى ئىش بولسىمۇ، ئەمما ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئەخلاق - پەزىلىتىدىن چىقىپ كەتسە ھەقىقىي ئىنسان ھېسابلانمايدۇ. بۇ ئىنسان بىلەن ھايۋاننى ئايرىپ تۇرىدىغان بۈيۈك سېپىلدۇر!» مانا بۇ ئۇلارنىڭ يەلكىسىنى ئورتاق بېسىپ تۇرۇۋاتقان چوڭ تاغ ئىدى.

مۇھەببەت ئۆز خىلى بىلەن شېرىن بولسىمۇ، تاشگۈل بۇ مۇھەببەتنى قۇتىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇمۇ ھەرگىز بىلەلمەيۋاتاتتى. ئۇ يۈگەنلەش تەس كېلىۋاتقان كۆڭلىنىڭ «پەسكەشلىك»لىرىنى ئويلىغىنىدا تاشگۈلدىن خىجىل بولاتتى، ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئازابتىن خالاس تېپىشنى ئويلايتتى. لېكىن، تاشگۈلنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ھېسسىياتىنىڭ كۈچىيىۋاتاتتى. تاشگۈل يەنە تۇرۇپلا ئەنسىرەپمۇ قالاتتى، بەدىنىدىكى بۇ خىل ھالەتنىڭ بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىۋاتقىنىنى نېمىدەپ چۈشىنىشنى

بىلمەي بېشى قاتاتتى . ئەمما ، نېمىلا بولمىسۇن ئۇنىڭغا بولغان قىزىقىشىنى چەتكە قاقالمايتتى . قۇدرەتلىك بىر كۈچ تاشگۈلنىڭ كۆڭلىگە مۇشۇنداق مۇقەددەس تۇيغۇنى سالغان ئىدى . ئەمما ، تاشگۈل يەنە جاھىللىق قىلىپ ، دادىسى ۋە يۇرتداشلىرى ئالدىدا بىر قىز سۈپىتىدە پەيدا بولۇشنى كاللىسىغا سىغدۇرالمايۋاتاتتى .

تاشگۈل ئېتىنى ئويناقلىتىپ چاپتۇرغىنىچە تاغ ئارىسىغا كىرىپ كەتتى ، كۆز ئالدىدىلا يايلاپ يۇرگەن ئۇلجىلارغىمۇ نەزەر كۆزىنى سالمىدى . ئۇ بەك پەرىشان كۆرۈنەتتى ، پات ـ پات ئالدى ـ كەينىگە قارايتتى . ئەمما ، كۆزىگە ئېتى ، ئالا بويىنقى ۋە تاغۇتاشلاردىن بۆلەك نەرسە كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئۆزىمۇ ئېتىراپ قىلماستىن بىرسىنىڭ يولىغا تەلمۈرمەكتە ئىدى . ئۇ تاكى قىيامغىچە كۈتتى . ئىشق ئوتى يالقۇنجاۋاتقان يۈرەكنىڭ تەپتى بىلەن قۇياشنىڭ كۆيدۈرگۈچى نۇرى بىرلىشىپ ئۇنى چوغدەك قىزارتىۋەتكەن ئىدى . جانىنى قاقشىتىدىغان بىر خىل ئىسسىق ئېقىم جىلغا ـ جىلغىلاردىن خۇددى كەلكۈندەك بېسىپ كەلمەكتە ئىدى . ئاتنىڭ تۇمشۇقىدىكى تۈكلەر ئۆكلەنگەندەك پۈرمەكلىشىپ كەتكەن ئىدى . ئات بىردىنلا ئالدى ئىككى پۇتىنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۆرىدەپ كىشنىدى . ئالا بويناقمۇ تىلىنى ئىككى غېرىچ چىقىرىپ ، شۆلگەيلىرىنى ئېقىتىپ تەسكەيگە ئۆزىنى ئاتتى . ئۇنى ھېچكىم توسۇپ قالالمايتتى ، بۇنداق تاغلار ئارىسىغا نەدىن كېلىدىكىنتاڭ ، ئىت چىۋىنىمۇ چېقىپ ئارامىلىق بەرمەيۋاتاتتى . ئالا بويناق پىژغىرىمدا يەنە ئازراق تۇرسا ئۆپكىسى ئاغىزىدىن « شالاقىدە » چۈشۈپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى . ئۇ گەرچە يۇگۇرگەنچە بېرىپ دەرياغا چۆمۈلۈۋالسا بولىدىغانلىقىنى بىلسىمۇ باغلاپ قويۇلغاندەكلا بىر نۇقتىنى چۆرگىلەپ كېتەلمەيۋاتاتتى ، زورۇر تېپىلسا شۇ تاپتا تاشگۈل ئۈچۈن ئۆلۈشكە رازىدەك قىلاتتى .

تاشگۈل ئالا بويناققا قاراپ قويدىيۇ ، يۈزىنىڭ ئىسسىقتا كۆيۈپ بىر قات تېرىسىنىڭ چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمىدى . پەقەت ئاتنىڭ كىشنىشى ، ئالا بويناقنىڭ پات ـ پات قاۋىشىلا ئۇنى ئاگاھلاندۇرۇپ تۇراتتى . يىگىت

يەنىلا كەلمىدى ، ئۇنىڭ كۆزلىرى تېشىلەي دېسىمۇ ، يەنىلا ساقلىغۇسى بار ئىدى . ئەمما ، ئات ۋە ئالا بويىناقنىڭ ھالى ئۇنى قايتىشقا مەجبۇر قىلدى .

تاشگۈل مۇشۇ تەرىقىدە « ئىت يولى »غا 15 كۈن ئۇدا باردى . بۇ جەريانىدا مالالىلىق يېتىپ ، سىزىلەرلىك جۇدىدى . ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى بايقاپ ، مېھرىبان ئاتا نېمە سىر بارلىقنى بىلىپ بېقىش كويىغا چۈشتى . ئانىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭ قۇلىقىغا مۇشت ئۇرغاندەك تۇيۇلۇپ ، بىرلا سىلكىپ بۇ ھەقتە ئېغىز ئاچالماس قىلىۋەتتى . ئۇلارنىڭ كۆچى پەقەت « ئۆزۈڭنى ئاسرا ، ۋاقتىدا غىزالان ، جاھىللىق قىلما » دېگەندەك گەپلەر بىلەنلا كۈپايىلەندى . ئاتا ئۇنىڭغا ئېسىل تاماقلارنى ئېتىپ بەرسىمۇ ، كۆڭلى تارتمايۋاتقىنىنى ئېيتىپ يېمىدى . سوغۇق نەرسىلەرنى ۋە سۈيۈق ـ سەلەڭ ئاشلارنىلا ئاز ـ تولا لېۋىگە جىجىدى . ئۇنى « دەرد » چىرمىغان بولسىمۇ ، كۆڭۈل سىرىنى ئانىسىغا ئېيتىشنى خالىمايۋاتاتتى . ئەمما ، توققۇز ئاي ، توققۇز كۈن قورساق كۆتۈرۈپ ، ئاچچىق تولغاق يەپ تۇغقان ، كىچىنى كېچە دېمەي ئېمىتىپ باققان ئانىنىڭ بۇنى بىلمەسلىكى ئەقىلگە سىغمايتتى . ئانا دېگەن بەرىبىر ئانا ، بالىنىڭ تىنىقلىرىدىنلا ئۇنىڭ ئەڭ نازۇك ئىچكى تۇيغۇلىرىنى بىلىشكە قادىر . ئانا ئۇنىڭ نېمىگە تەلپۈنۈۋاتقىنىنى چۈشىنىپ ئۈلگۈردى .

تاشگۈل بۈگۈنمۇ سەھەر تۇرۇپ « ئىت يولى »غا بېرىپ ، كۆڭلىدىكى ئادىمىنىڭ ئۆزىدىن بۇرۇن يېتىپ كېلىپ كېيىك ئوۋلاۋاتقىنىنى كۆردى . شۇ تاپتا ئۇ كۆزلىرىگە ئىشەنمەيۋاتاتتى ، ئەمما ئەمەلىيەت گۇمانغا ئورۇن بەرمەيتتى . ئۇنىڭ تۇتۇق كۆڭلى بىردىنلا قۇياش پارلىغاندەك ئېچىلدى . قاقاس تاغلار ئەمدى ياۋا گۈللەر ئېچىلغان بوستانلىقتەك كۆرۈنۈپ كەتتى .

چاقناق كۆزلەر ئۆزئارا تىكىلىشى بىلەن تىللار تۇتۇلۇپ قالدى . تاشگۈل نېمدۇر دېمەكچى بولاتتىيۇ ، ئاغزىدىن چىقىرالماي قىينىلاتتى . ئۇ ، تاشگۈلدە باشقىچە ئۆزگىرىش بولۇۋاتقىنىنى سېزىپ ئۈلگۈرگەندەك قىلاتتى .

ــــ ئاغرىپ قالدىڭىزما ؟

يىگىتنىڭ سوئالى شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى كۆڭلەرنى « كۆتۈش » بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان تاشگۇلگە ئېغىر كەلدى . ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا تارتىۋاتقان ھىجران ئازابى تاشگۇلنى مەخپىي قىينىماقتا ئىدى . دەردىنى بىر كىمگە ئېيتىشقا ئامالسىز قالغان تاشگۇل بېشىنى يەردە ، يۈتىنى ئاسماندا ھېس قىلدى ، ئاتتىن قىيسىيىپ يىقىلىۋاتقاندا يىگىت چاققانلىق بىلەن تۇتۇۋالدى . ئۇ تاشگۇلنى يۇمشاق سېرىق توپىدا ياتقۇزۇپ ، پېشانىسىدىن يۇرقىراپ چىقىۋاتقان مونچاق - مونچاق تەرلەرنى قولياغلىقى بىلەن سۈرتتى ...

تاشگۇل چاچراپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىنىڭ چۈش كۆرگىنىنى بىلدى . ئىككى قېشى قىياقلار بىلەن قاپلانغان ئېرىقتا سۇلار يېقىملىق ئاۋاز چىقىرىپ ئېقىۋاتاتتى ، ئات كۆكيۇننىڭ دەردىدە جىم تۇرالماي پۇتىنى يەرگە « گۈپ - گۈپ » ئۇراتتى . قۇيرۇقى بىلەن چىۋىنلەرنى قورۇيتتى . تاشگۇل راستتىنلا چۈش كۆرگەن ئىدى ، ئەمما چۈشىدە يۈز بەرگەن ئىشلار ئوڭىدا بولغاندەكلا شۇنچە روشەن ئىدى .

تاشگۇل يېنىدىكى ئېرىقتا قىيسىيىپ ئېقىن سۇدا يۈز - كۆزىنى يۇيۇپ ، گادىرماچلاشقان كاللىسىنى سەگىتتى . ئۇ ئاسمانغا قاراپ كۈننىڭ يانغانلىقىنى بىلدى ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋاتقاندا ، ئاپئاق ساقال بىر بوۋاي ئېرىق بويلاپ چىقىپ كەلدى . ئۇلار كۆرۈشتى . ئۇ ، نېمە ۋەجدىن ئادەمسىز جايدا تەنھا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى سورىغان بوۋايغا كۆزلۈك بىر ئەمچى ئىزدەپ بۇ بوستانلىقتا ئارام ئېلىۋاتقىنىنى ئېيتتى .

ــــ مەڭزىلىرىڭىز خورازنىڭكىدەك تۇرسا ، سىزدە ئاغرىق نېمە قىلسۇن ، ــــ دېدى بوۋاي تاشگۇلگە سەپسېلىپ .

ــــ ھەر كىمنىڭ تىلەككە يېتىشى مۈشكۈل ئىكەن .

ــــ ئادەمنى ياشارتىدىغان نەرسىمۇ نەق شۇ تىلەك .

ــــ بىراق ، مەن ھەرقانداق ئادەم ئېغىزدىن چىقىرىشقىمۇ پېتىنالمايدىغان بىر ئىشنى قىلماقچى ئىدىم .

— ئۇنداقتا مىجەزىڭىز راستتىنلا جاھىل ئىكەن .

— قارىسىغا جاھىللىق قىلىش تەلۋىلىك . ئەمما ، بۇ دۇنيادا ئادەم ئۆزى بايقىغان نەرسىگە ئېرىشىشتىكى جاھىللىقى بىلەن مەۋجۇت . بۇنىڭدا پەقەت بالدۇر - كېيىنلىك مەسىلىسى مەۋجۇت .

— دەۋاتقانلىرىڭىز بەلكىم قىسمەن توغرىدۇ .

— ئېيتسىلا ، بوۋا ، دەردىمگە داۋا تېپىلارمۇ ؟

— مۇشۇ تاغنىڭ ئارقىسىدا ياش بىر ئەمچى بار . كىشىلەر ئۇنى «بالا ئەمچى» دېيىشىدۇ . ئەمچىلىك بىلىمىگە ھەركىم قايىلدۇر .

تاشگۈل ئېتىغا مىنىپ ، بوۋاي ئېيتقان ئەمچىنى ئىزدەپ ماڭدى . ئارتۇچنى ① ئارىلاپ سوراپ يۈرۈپ ئۇنىمۇ تاپتى . بىراق ، ئۇنىڭ ئالدىدا تىلى كالۋالىشىپ بىرھازا ئۇنىدىمەي تۇرۇپ كەتتى . چۈنكى « بالا ئەمچى » بايا چۈشىدە كۆرگەن يىگىتنىڭ دەل ئۆزى ئىدى . تاشگۈلنىڭ قەلب دولقۇنلىرى بىردىنلا مەۋج ئۇردى ، بىراق چاندۇرماسلىققا تىرىشتى . ئۇ ناھايىتى تەسلىكتە ئېغىز ئېچىپ « بالا ئەمچى »گە مۇددىئاسىنى ئېيتتى . « بالا ئەمچى » گەرچە ئۇنى تونۇمىسىمۇ ، ئوغۇل بالا بولۇش يولىدا تۆلىگەن بەدەللىرى ھەققىدىكى ھېكايىسىنى قىزىقىپ ئاڭلىدى . بالا ئەمچىنىڭ كۆزىگە ئۇ يوكسەك ئارزۇسى ئۈچۈن ھەرقانداق چوڭ بەدەل تۆلەشتىن ئايانمايدىغاندەك كۆرۈندى . ئەمما ، ئۇنىڭ دەردىگە راستتىنلا داۋا يوق ئىدى . ئەمچى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېغىر سىناقلارنى قويۇپ ، بۇ خىجالەتچىلىكتىن قۇتۇلماقچى بولدى .

— باش بارمىقىڭىزنى كېسىپ ئاشۇ يېرىڭىزگە ئۇلايمەن ، — دېدى ئۇ .

— ئارزۇيۇم ئەمەلگە ئاشىدىغانلا ئىش بولسا ، بارمىقىمنى ئەمەس ، بىلىكىمنى كەسسىلىمۇ تەييارمەن !

— بىرەر ئەزانى كېسىش جان ئالغاندىنمۇ قىيىن ئىش .

— بىلىسلىرى دەردىم كەسكەندىن مىڭ ھەسسە يامان .

---

① ئارتۇچ — ئەينى دەۋردە بۇ يۇرتقا كۆپ ماكانلاشقان دەرەخ

— مۇشۇ ئىرادىڭىزلا مېنى ھاياجانغا سالدى . بوپتۇ ، دەردىڭىزگە داۋا قىلاي .

« بالا ئەمچى » تاشگۈلنى مەخسۇس ھۇجرىسىنىڭ ئىچكىرىسىنىڭ ئىچكىرىسىگە ئەكىردى ، شۇنداقتىمۇ ئىشكنى مەھكەم تاقىدى ، ئاندىن كارىۋاتتا يېتىشنى ئېيتتى . تاشگۈل ياستۇققا بېشىنى قويۇپ « بالا ئەمچى » نىڭ دېگىنى بويىچە ئوڭدىسىغا ياتتى . « ئەمچى » ئۇنىڭ ئىككى پۇتىدىن تۇتۇپ تارتىپ كارىۋاتنىڭ لېۋىگە ئەكەلدى . بۇ جەرياندىكى ئىشلار ئۇنىڭغا ھېچبىر غەلىتە بىلىنمىدى . « ئەمچى » ئۇنىڭ ئىشتىنىنى تارتىشقا باشلىغاندىلا ئورنىدىن چاچراپ قوپتى - دە ، غەزەپلىك كۆزلىرى بىلەن تىكىلدى . لېكىن ، « بالا ئەمچى » ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلماقچى بولۇۋاتقان كەيپىياتتا خاتىرجەم تۇراتتى .

— بۇ نېمە قىلغانلىرى ؟ — سورىدى تاشگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي .

— ئىشتانىنى سالدۇرماي قانداق مەشغۇلات ئېلىپ بارالايمەن ؟

— بۇ ... بۇ ...

— ئۇنداقتا زورلىمايمەن .

شۇنچە ۋاقىتتىن بېرى ئۆزىگە ئوغۇللۇق جىنسى پەيدا قىلىش يولىدا قىلمىغىنى قالمىغان تاشگۈل بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى . بۇ ، ئۇنىڭ ئالدىدىكى ئېغىر بىر سىناق ئىدى . شۇڭا ، ئارزۇسىغا يېتىش يولىدا تەشەببۇسكار ئورۇنغا ئۆتۈپ ، كۆزىنى چىڭ يۇمغىنىچە ئىشتىنىنى سېلىۋەتتى . ئۇنىڭ ئۇياتلىق يېرى « بالا ئەمچى »نىڭ كۆزىگە تاشلىنىشى بىلەن تومۇرلىرىدىكى قانلار كۆۋەجەپ ئۆزىنى تۇتالماي قالدى . « بالا ئەمچى » ھەممىنى ئۇنتۇپ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنى ئاتتى .

تاشگۈل « بالا ئەمچى »نىڭ نامۇۋاپىق ئەمچىلىك قىلىۋاتقىنىغا قارشىلىق كۆرسەتمەكچى بولۇپ يۇلقۇنغان ئىدى ، نېمىشقىدۇر ۋۇجۇدى بوشىشىپ ، ئىرادىسىگە بويسۇنمىدى ، ئەكسىچە بىر قۇدرەتلىك كۈچ ئۆزىنى بېسىشقا ئۈندەۋاتاتتى . ئۇ ئۆمرىدە ھېس قىلىپ باقمىغان بىر خىل

لەززەتىنى سېزىپ « بالا ئەمچى »نىڭ باش ـ بويۇنلىرىنى سىلاپ كەتتى .

— ئوغۇل بولۇش نىيىتىمدىن ياندىم ! — دېۋەتتى ئۇ ئاخىر ، — بولدى ، مۇشۇ پېتىم تۇرۇۋېرەي ...

تاشگۈل ئۆزىنىڭ كارىۋاتتا قانچىلىك ۋاقىت يېتىپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى ، ئۆزىنى بۇلۇتلار ئارىسىدا ئەركىن ئۈزۈۋاتقاندەك سېزەتتى . كېيىن بىردىنلا كۆزلىرى يۇمۇلۇپ تاتلىق ئۇيقۇغا ئەسىر بولدى . شۇ تاپتا تېنىدىن شۇنچە يىللاردىن بېرى تارتقان جەبىر ـ جاپا ھارغىنلىقلىرى بىراقلا چىقىپ كەتكەندەك ئىدى .

« بالا ئەمچى » تاشگۈلگە نېمە دېيىشنى بىلمەي تۇرغاندا ، ھۇزۇر ـ ھالاۋەتتىن مەلەقتەك يېتىپ قالغان تاشگۈل سەبىي بالىدەك كېرىلىپ ، كۆزىنى ئاچتى . ئەمدى بايىقى تاتلىق سېزىملاردىن ئەسەر قالمىغان ئە-دى . ئۇ تەبىئىي قانۇنىيەتنىڭ ھامان ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى چۈشەندى . شۇنداقتىمۇ بايا يۈز بەرگەن ئىشلار يەنىلا بىر شېرىن چۈشتەك بىلىنىپ كاللىسىنى سىلكىۋەتتى ـ دە ، يەنە ئەرلىك ئە-سەبىيلىكى قوزغىلىپ ، قىلغان قىلىقلىرىدىن يىرگەندى ، كۆز بىلەن كۆرگىلى ، قول بىلەن تۇتقىلى بولمايدىغان قانداقتۇر سېھرىي كۈچ ئالدىدا تەسلىم بولغىنىدىن ئۆكۈندى . ئۇ غەزەپىنىڭ تەسىرىدە ئۆزىنى يىغىشتۇ-رۇشقىمۇ ئۈلگۈرمەي ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ، خىجىللىقتىن قىزىرىپ ئولتۇرغان « بالا ئەمچى »نىڭ گەجگىسىگە مۇشتى بىلەن ئۇردى . « بالا ئەمچى » شۇنچە بەستلىك بولۇشىغا قارىماي ، تۇيۇقسىز تەگكەن مۇشت زەربىسىدىن كارىۋات ئاستىغا يۇمىلاپ كىرىپ كەتتى .

تاشگۈل ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويماستىن ئۆزىنى يىغىشتۇردى ـ دە ، ئېتىغا مىنىپ دەريا تەرەپكە يول ئالدى . « بالا ئەمچى »نىڭ ئۇۋچىلىقتىنمۇ ئوبدانلا خەۋىرى بار ئىدى ، قايىل بولغان قۇرداشلىرى ئالدىدا ئۆزىنى پالۋان سانايتتى . بىراق ، تاشگۈلنىڭ بىر مۇشتى نوچىلىقنى بىر تىيىنگە ئەرزىمەس قىلىۋەتكەن شۇ مىنۇتتىن باشلاپ ، ئايال زاتى ئىچىدىمۇ نوچىلارنىڭ بارلىقىغا قول قويدى . ئۇ خېلىدىن بېرى جىسمانىيەت ۋە

جاسارەتتە ئۆزىگە پەر كېلىدىغان قىز ئىزدەپ يۈرەتتى. تاشگۈل ئۈنىڭ ئارزۇسىدىكىدەك قىز بولۇپ چىقتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئېسىنى تاپتى - دە، ئېتىغا مىنىپ تاشگۈلنىڭ كەينىدىن قوغلىدى. تاشگۈل ئاللىقاچان كۆزدىن غايىب بولغان بولۇپ، تېخى تارقاپ ئۈلگۈرمىگەن چاڭ - توزانلار قاياقا كەتكىنىدىن بەلگە بېرىپ تۇراتتى. تاشگۈل ئۈنىڭ يۈرىكىگە راستىتىنلا بىر پارچە ئوتنى سېلىپ قويۇپ كەتكەن ئىدى. شۇڭا، تاشگۈلنىڭ مۇنداقلا تاشلاپ كېتىشىگە ئىشەنمىدى - دە، ئارقىسىدىن يېتىشىشكە بەل باغلىدى. ئاتنىڭ ئىزى ۋە هاۋاغا سىڭىپ كېتىشكە ئازلا قالغان چاڭ - توزانلار تاشگۈل كەتكەن نىشاننى كۆرسىتىپ بېرەلىسىمۇ، ئەمما قانچىلىك ئۇزاپ كەتكىنىگە بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى. ئۇ خېلى ماڭغاندىن كېيىن بار ئاۋازى بىلەن توۋلىغان ئىدى، تاغدىن ئەكس سادا كەلدى. «هەي!» دېۋەتتى ئۇ تېخى بايىلا تاشگۈلنىڭ ئۆز چاڭگىلىدا ئىكەنلىكىنى ئۆكۈنۈش ئىچىدە ئېسىگە ئېلىپ. شۇ تاپتا ئۇ تاشگۈلدىن ئەمەس، بەلكى ئۆز يۈرىكىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك ئازابلىنىۋاتاتتى، تاشگۈلنىڭ ئېتى قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلار ئۇستا نەققاش ئويغان چىرايلىق نەقىشلەردەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. ئۇ ئېسىنى يوقاتقاندەك ئاتتىن يېقىلىپ چۈشۈشكە تاس قېلىپ، كۆكسىنى تۇتقىنىچە ئالدىغا ئېڭىشىۋالدى.

«بالا ئەمچى» خام ياغ ئىچىۋالغاندەك خاراموش هالدا ئۆيگە قايتتى، غىزانىمۇ كۆڭلى تارتمىدى. ئۇ تاشگۈلنى ئەملىگەن هۇجرىغا كىرىپ، دەردى شىپا تاپقان كارىۋاتقا ئۆزىنى تاشلىدى. ئۇنىڭمۇ ئايال زاتى بىلەن بىللە بولۇشى تۇنجى قېتىم بولغاچقا، ئەبەدىي ئەستىن چىقمىغۇدەك شېرىن تۇيغۇ هەم ئۆچكىدەك چىڭ مۇسكۇللار جىم تۇرغۇزمايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۇيقۇغا زورلاپ باققان بولسىمۇ پەقەت ئۇخلىيالمىدى. ئۆزىمۇ ئېيتىپ بېرەلمەيدىغان قانداقتۇر بىرنەرسە ئۇنى بىئارام قىلىۋاتاتتى. ئۇ ئۈچىيى ئالمىشىپ قېلىپ قىينىلىۋاتقان ئادەمدەك دومىلايتتى، كېچىنى قانداق تاڭ ئاتقۇزۇشنى بىلمەيتتى.

« بـالا ئەمـچـى » سـەھەردە ئورنــىدىن تۇرۇپ ، تۇنۇگۈن تاشگۈل غـايــب بـولـغان جايغا باردى . پارچە تاغ شەپەقتىن رەڭلىنىپ ، خۇددى غـايـەت زور چـوغ دۆۋىسىگىلا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى ، تاشگۈلنىڭ ئىتى قـالـدۇرغـان ئـىزلارمۇ ئۆزگــىچە تۇستە كۆرۈنەتتى . ئەتراپتىكى پۈتكۈل مـەۋجـۇدات ئۇنــىڭغا مەسخىرىلىك كۆزىدە قاراۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى . بـۇ، ئۇلارنىڭ تەسەللىسىمۇ ياكى زاڭلىق قىلىۋاتقىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى . ئەمما ئۇ ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا كۆڭۈل بۆلمەي ، كۈتۈۋەردى .

ئۇزاق كـۈتـۈشـلەردىن كېيىن يىراقتا چاڭ ـ توزان كۆتۈرۈلدى ، كـېـيـىن قۇڭغۇزدەك بىرنەرسە كۆرۈندى . يەنە بىر قارىماققا ئۇنى چاڭ ـ تـوزانلار ئۇچـۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك ئىدى . ئارىدىن خېلى ۋاقىت ئۆتكەندە قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ ، ئارقىدىن بىر ئاتلىق ئادەمنىڭ قارىسى زاھىر بولدى . « بـالا ئەمـچـى » ئۆز كـۆزىـگـە ئـىشەنمەي قالدى ، چۈنكى ئۇنىڭ بۇنداق ئاجـايــىپ مـەنزىرىنى تۇنجى كۆرۈشى ئىدى . ئۇ قولياغلىقى بىلەن چېكە-سـىـدىـكـى سـوغۇق تەرنى سۈرتۈۋاتقاندا ، ئات تۇيىقى دەم يوقىلىپ ، دەم پـەيـدا بـولۇپ ، بارا ـ بارا يېقىنلاشقا باشلىدى . بىر قاراشقا ئۇ ئاتنىڭ تۇ-يـاقـلـىرى ئەمـەس ، بـەلـكـى قۇيۇننى بىرسى ھە دەپ توقماقلاپ سۈرۈپ كـېلىۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى . قۇيۇن ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ، ئاتلىق ئادەم كۆزگە چېلىقتى .

ئات چـاپتۇرۇپ كېلىۋاتقىنى تاشگۈل ئىدى . ئۇ بېشىغا يارىشىملىق زىـنـنـەتـلەنگەن گۈللۈك دوپپا كىيىپ ، ئەتىۋارلىق قۇش پېيى قىستۇرغان ھالـدا ، ئاپئاق شـايـى كـۆڭـلـەكنى لەپىلدىتىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇنىڭ بىر قـولىدا يىلان قامچا ئوينايتتى ، بىر قولىدا ئىگەرنىڭ قۇشبېشىنى تۇتقىنىچە مـەيـدىـسـىنى ئاتنىڭ يايلىسىغا قويۇۋالغان ئىدى ، بېشى ئاتنىڭ بېشىدىن ئىككى غېرىچچە ئالدىغا ئېشىپ تۇراتتى ، يىراقتىن قارىغاندا ئاتنىڭ بوينىغا مىنىۋالغاندەك كۆرۈنەتتى .

تـاشگۈل « مەنزىل »گە بىرقانچە قەدەم قالغاندا تىزگىننى تارتتى ، ئات قاتتىق ئۆرىدەپ كىشنىگەندىن كېيىن تەسـتـە تـوخـتـىـدى . «بالا

ئەمچى » كۆزى ئالا چەكمەن بولۇپ تاشگۈلنى ئىنىق كۆرەلمىدى . ئۇ كۆز ئالدىدىكى مەنزىرىنىڭ ئەمەلىيەت ئىكەنلىكىگە تازا ئىشىنەلمەي داڭ قېتىپ قالغان ئىدى ، پۇت - قوللىرى لاغىلداپ تىترەيتتى . ئۇ ئۆزىنى سەل ئوڭ-لىۋېلىپ ، ئاندىن ئۆز كۆزىگە ئىشەندى ۋە مىسران قىلىچ بىلەن ئالا بويناقتىن مۇستەسنا ھالدىكى ھەقىقىي تاشگۈلنى كۆردى . تاشگۈل قىزلارغا خاس كىيىملىرى بىلەن تېخىمۇ جەلپكار بولۇپ كەتكەن ئىدى .

— شۇ تاپتا قاشتېشى قەدەھكە تولدۇرۇلغان ئانار شەربىتىنىڭ ئۆزى بوپسىز ...

— مېنى « سەن »لەپ گەپ قىلغان بولسىلا ، شارابىئەنتۇنىڭ تاش جامىدا يېتىلگەن قۇلۇلە قېپىدىن ياسالغان قەدەھنى كۆتۈرگەندەك شادلى-ناتتىم ! — دېدى تاشگۈل « ۋىللىدە » قىزىرىپ .

تاشگۈل چۈشىدە ھېسسىياتىنى ئويغاتقان بۇ يىگىتنىڭ ئەمدىلىكتە تەقدىر - قىسمىتىنى ئۆزگەرتىۋەتكىنىگە ئىشەنگۈسى كەلمەي ، ئات ئۇنى شامالدەك ئۇچۇرۇپ كەتتى . يىگىتمۇ تاشگۈلنىڭ كەينىدىن ئېتىنى قامچىلىغىنىچە جىلغىغا راۋان بولدى ...

# بوۋاينىڭ ھېكايىسى

شۇنچە يىللاردىن بۇيان مۇشۇ دېڭىزنىڭ پادىشاھى بولۇپ كېلىۋاتقان بېلىققا تاشگۈلنىڭ قىلغان ـ ئەتكەنلىرى ھار كەلدى ـ دە، بىردىنلا خۇيى تۇتتى.

بېلىق شۇنداق توختايدىغان بولسا كىچىك ئارالدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. شۇنداق چوڭلۇقىغا باقماي ئوقتەك تېز ماڭاتتى. كەينىگىمۇ چاقماقتەك بۇرۇلاتتى، گاھى ئوڭغا، گاھى سولغا ئۈزەتتى. تۇرۇپ سۇ ئاستىغا شۇڭغۇسا، تۇرۇپ يۇقىرىغا يا ئوقتەك ئېتىلىپ چىقاتتى. ئۇ قۇربى يەتكەن ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسىنى قىلغان بولسىمۇ، نەتىجىگە ئېرىشەلمەي، بىكار زورۇقۇپ ئۆزىنى ھاردۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ، رىيازەت چېكىۋاتقىنىغا چىدىماي ئۆزىچە يېڭى خۇيلارنى چىقىراتتى. بۇنداق چاغدا تاشگۈل پىچىقىنى قورساق دىۋارىغا سانجىپ ئاگاھلاندۇرۇش بېرەتتى. بىر قېتىم ئۇ ئاچچىقىدا قاتتىق سىلكىنىپ بوشلۇققا ئېتىلىپ چىققان ئىدى، ئەتراپىدا سانسىز بۇژغۇنلار ھاسىل بولدى. ئۇ جان ئاچچىقىدا ئېغىر گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ھاۋادا 2 ـــ 3 موللاق ئاتقاندىن كېيىن قايتىپ چۈشتى. دېڭىز سۈيى گويا بىر پارچە تاغ ئۆرۈلگەندەك بۆلۈنۈپ، قورقۇنچلۇق مەنزىرە پەيدا قىلدى. ئاپئاق قۇيۇن شەكىللىك سۇ مۇنارلىرى، سانسىز شارچىلار نەچچە غۇلاچ ئۆرلىدى. بۇژغۇنلۇق دولقۇنلار سۇ يۈزىنى بىرھازا داۋالغۇتۇۋەتتى. بېلىق ئەسەبىيلىشىپ كۈچ كۆرسىتىۋاتقاندا تاشگۈلمۇ، ئەنجۈر دەرىخىمۇ ھېچقانداق زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچرىمىدى، بەلكى بېلىقنىڭ ئىچكى ئەزاسىدەكلا مۇقىم تۇردى.

تاشگۈل بېلىقنىڭ قارنىدا قانچە ۋاقىت تۇرغانلىقىنى بىلمەيتتى،

پەقەت مۇشۇنداق « ئېلىشىش » ئارقىلىق يولنى داۋام قىلىۋاتاتتى ، خالاس . بېلىق ئاغزىنى ئاچقان پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ سىرتقى دۇنيانىڭ كىچىككىنە قىسمىنىلا كۆرۈۋالاتتى . بۇنداق شارائىتتا شۇمۇ تاشگۈلگە يې- تەرلىك ئىدى . ئۇنىڭچە ، بېلىقنىڭ قارنى بىر ھەرىكەتچان گۆرنىڭ ئۆزى ئىدى .

تاشگۈلنىڭ قورسىقى ئېچىپ ئۇچەيلىرى چاپلىشىپ كەتتى . تاشگۈلگە نىسبەتەن قورسىقىنىڭ نە توق ، نە ئاچلىقى بىلىنمەيتتى . پەقەت ۋۇجۇدىدا ماغدۇر قالمايۋاتقانلىقىغا قاراپلا بۇنى ھېس قىلاتتى . ئەگەر بۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ئاستا ـ ئاستا ئاجىزلاپ ، ھەتتا ھاياتى بىلەن خوشلىشىپ ، بېلىققا ھەقىقىي يەم بولۇپ كېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى . تاشگۈل ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ناچار مۇھىت ئۇستىدىن غالىب كېلەلەيدىغانلىقىنى ئويلاپ بۇنداق بىھۇدە ھالاكەتكە يول قويماسلىقنى نىيەت قىلدى ، « گۆر »دە تۇرۇۋاتسىمۇ ئەتراپىى تەييار گۆش ئىدى . تاشگۈل پىچاق بىلەن بېلىقنىڭ گۆشىنى كەستى . گەرچە غايەت يوغان بېلىققا نىسبەتەن بۇنچىلىك زەخىم پاشا چاققانچىلىك ئىش بولسىمۇ ، شۇئان سېزىۋالدى ـ دە ، بېشىنى ئېگىز ، قۇيرۇقىنى تۆۋەن قىلغىنىچە لىڭگىرتاقتەك قاتتىق چايقالدى . بۇ ، تاشگۈلنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى . تاشگۈل قورساقنىڭ ئاچلىقىدا قارا لاي ھەم زەي ھىدى كې- لىپ تۇرغان گۆشنى خۇددى توشقان كاۋىپىدەك مەززە قىلىپ يېدى . شۇنداق قىلىپ ، يېمەكلىك مەسىلىسى ھەل بولغان ئىدى . بېلىقمۇ ئەمدى تاشگۈل ۋە ئەنجۈر دەرىخىنى ھەزىم قىلىپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى بىلىپ يەتتىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، بارا ـ بارا ياۋاشلىشىپ قېلىۋا- تاتتى . قورسىقى ئارام تېپىپ ، پۇت ـ قولىغا ماغدۇر كىرگەن تاشگۈل « توقلۇقتىن شوخلۇق چىقىدۇ » دېگەندەك ، خىيال قۇشى قانات قېقىپ يىراقتىكى شەھەرنى ئەسلەپ قالدى ...

دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى ئېگىز يارنىڭ ئىسكەنجىسىدە بولغاچقا ، خۇددى بوغۇزدەك ھەيۋەت كۆرۈنەتتى . ساھىلدىكى سازلىقتا سۇ قۇش-

لىرى ئۇزۇقلۇق ئىزدەپ يۈرەتتى . ئېگىز يارلىقلار تالاي قېتىملىق زور كەلكۈننىڭ يادنامىسى ئىدى . شەھەر خەلقى يارلىقنىڭ باغرىغا يۆلەپ ئۆي سېلىشقان ئىدى . ئىچى ـ تېشى گەجلەنگەن ئۆيلەر قۇياش نۇرىدا قارلىق چوققىلاردەك كۆزنى قاماشتۇراتتى . ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ چىقىۋاتقان بۇلاقلار قوشۇلۇپ ئەزىم دەريانى ھاسىل قىلغان ئىدى .

تاشگۈل ياغاچ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ دەريانىڭ ئۇ قېشىغا چىقتى . ئۇ يەر بۇك ـ باراقسان سۆگەتلىك بولۇپ ، تال چىۋىقلار سەلكىن شامالدا ئۇسسۇل ئوينايتتى . سۆگەتلىكنىڭ ئاستى مەخمەلدەك چىملىق ئىدى. بۇ يەردە سايداپ ئولتۇرۇش جانغا ھۇزۇر بېغىشلايتتى .

تاشگۈل بۇ گۈزەل مەنزىرىلەردىن قانغۇچە بەھرىلىنىپ ، دۆڭگە يامىشىپ ، قۇياش نۇرىدا تاۋلىنىپ ، كۆپكۆك ئۇيۇلتاشتەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان قەلئە تولىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى . قەلئە ئەتراپىدا لەشكەرلەر ئايلىنىپ يۈرەتتى . تاشگۈل شەھەرگە كىرىش ئۈچۈن قويغاندەك كىرىۋاتقان ئادەملەر توپىنى ئارىلاپ ئۆتۈپ ، ئىتتىنى سارايغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى ، ئاندىن پالۋان ( ھېلىقى ئىشتىن كېيىن كىشىلەر « بالا ئەمچى »نى «پالۋان » دېۋالغان ئىدى )نى ئىزدەشكە كىرىشتى . تاشگۈل كېتىۋېتىپ ئادەملەر توپلىشىۋالغان بىر جايغا بېرىپ قالدى . بىرسى ساتار چېلىپ مۇقام ئېيتىۋاتاتتى . ساتارنىڭ ئۆزگىچە مۇڭى تاشگۈلنى شەيدا قىلىۋالغاچقا ، ئادەملەرنى قىستاپ ئۆتۈپ توپقا ئىچكىرىلەپ كىردى . مۇقام ئېيتىۋاتقىنى ساقىلى كۆكسىگە چۈشكەن بىر بوۋاي بولۇپ ، قىزىق ئاپتاپتا تەرلەپ كەتكەن ئىدى . ئادەملەر ئىش ـ ئوقتىنى ئەستىن چىقىرىشقان ھالدا بوۋاينى ئورىۋېلىپ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن مۇقام ئاڭلاۋاتاتتى . تاشگۈل مۇقامچى بوۋايغا بىرھازا قاراپ تۇرغاندىن كېيىن ، مۇڭلۇق مۇقامنى بىردەم ئاڭلاشقا مەيلى تارتىپ مۇۋاپىق يەرگە چۆكتى . تاشگۈلنىڭ ئالدىدا بېشىغا ئاق دوپپا كىيىپ ، ئۇچىسىنى ئاپئاق رەخت بىلەن ئورىۋالغان ، قارامتۇل ، قاڭشارلىق كەلگەن بىرسى ئولتۇراتتى . ئۇ ، مۇقام ئېيتىۋاتقان بوۋاينىڭ ئىچكى دۇنياسىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك پۈتۈن

مەيلىنى بىرىپ ئاڭلاۋاتاتتى ، ھەتتا تاشگۈلنىڭ ئارقىسدا يۈلەنگەندەكلا ئولتۇرغىنىنىمۇ سەزمەيۋاتاتتى . بوۋاي ساتارنىڭ كۆپتىگە كىرىپ ئىككى تەرەپكە ئەركىن تەۋرىنىپ ، ھەممىنى ئۇنتۇغىنىچە چېلىۋاتاتتى ، كامالچە بوۋاينىڭ بېشى بىلەن تەڭ توختاۋسىز ھەرىكەتلىنەتتى . مۇڭلۇق ئاھاڭ بىلەن ھېكمەتلىك تېكىست گويا سۇتكە سۇ قوشۇلغاندەك بىرىكىپ كەتكەن ئىدى . بوۋاي مۇقامنى ئەۋجىگە كۆتۈرگەنسېرى ئاڭلاۋاتقانلار پىششىپ كەتكەن شاپتۇلدەك ئېزىلىشكە باشلىدى .

مۇقام تۈگىگەندىن كېيىن ، سورۇن بىرپەس جىمجىتلىققا چۆمدى . كىشىلەر مۇقامدىن ئەجدادلىرىنىڭ بېسىپ ئۆتكەن ئاجايىپ رەڭدار ھايات مۇساپىسىنى كۆرگەندەك بولۇشتى . ئۇلارنىڭ ئوي - خىيالى ناھايىتى يىراق ئۆتمۈشكە قاراپ قانات قاققان ئىدى .

— بۇ مۇقامچى بوۋاينى كۆرۈپ ، بوۋامنىڭ بوۋىسى سۆزلەپ بەرگەن بىر مۇقامچى بوۋاي ھەققىدىكى ھېكايىنى ئەسلەپ قالدىم ، — دېدى تاشگۈلنىڭ ئالدىدىكى ھېلىقى ئادەم ئېغىر سۇكۇتكە خاتىمە بېرىپ .

مۇقامنىڭ لەززىتىدىن مەستخۇش بولۇپ ئولتۇرۇپ كېتىشكەن كىشىلەردىن ئۇنىڭ ھاياجانلىق سۆزى قۇلىقىغا يەتكەنلىرى ئاغزىغا قاراشتى ، نېرىدىكىلەر قىستىلىپ شۇ تەرەپكە سۈرۈلۈپ ، ئۇنىڭ ئاغزىدىن يەنە قانداق ھېكمەتلىك گەپلەر چىقاركىن دەپ قۇلاقلىرىنى دىڭلاپ جىم تۇرۇشتى . لېكىن ، ئۇ شۇنىڭدىن باشقا گەپ قىلمىدى .

— بۇ كۆزلەر ئاغزىلىرىغا تىكىلىۋاتىدۇ ، — دېدى تاشگۈل ئۇنى گەپ قىلىشقا ئۈندەپ .

— سىلەرگە ياققۇدەك پاساھەتلىك گەپلەر مەندە نېمە قىلسۇن ؟

— تارتىنماي سۆلەپ بەرسلە ، ئاكا .

— قاراپ تۇرۇپ شۇنچە ئادەمنى ئىش - ئوقەتىدىن قويسام قانداق بولىدۇ ؟

ھېلىقى ئادەمنىڭ بۇ گېپىدىن باشقىلارنىڭ ۋاقتىنى ئېلىشنى خالى- مايۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى ، تاشگۈل كۆپچىلىككە ۋاكالىتەن ئۇنى

بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە ئۈندىدى:

— بىلمىگەننى بىلىۋېلىشمۇ ئوخشاشلا ئەھمىيەتلىك ئىش. قىنى سۆزلەپ بەرسىلە، ھەممەيلەن ئاڭلاشقا تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتىدۇ.

— كۆپچىلىك مېنى ئۆز كۆرۈپ سۆزلىشمگە ئىجازەت بەرگەن يەردە مەن نېمىنى ئايايتتىم. بوپتۇ، بىلگەنلىرىمنى دەپ بېرەي.

كىشىلەر بىردىن جانلىنىشتى، نۇرلۇق كۆزلەر ئۇنىڭ ئاغزىغا تىكىلدى. ئۇ ئاسمانغا قاراپ بىردەم تۇرۇۋېتىپ، سۆزىنى باشلىدى:

— دۇنيانىڭ ئۆگزىسى ھېسابلىنىدىغان قارلىق چوققىلارنىڭ ئۇ تەرىپىدە بىر قەدىمىي شەھەر بولغان ئىكەن. ئۇنى دۇنيانىڭ بۇ چېتىدىكى ئەللەر «مۇشتەرى ① شەھەر» دەپ تەرىپلىشىدىكەن، كەلكۈننىڭ ۋەيرانچىلىقىغا كۆپ ئۇچرىغاچقا، قەدىمكى ئىزنالىرى تېپىلمايدىكەن. بۇ يەرگە ئاياغ باسقانلار شەھەر ئورنىدا ياداڭلىقتىن باشقىنى چېلىقتۇرمايدىكەن. ئەتراپتا سازلىق، ئوت - چۆپ، ئورمانلار، قۇشلار بار ئىكەن. شۇڭا كىشىلەر: «بۇ بىر ياداڭلىق ئىكەن، بىز تاپتۇق» دەپ ماكانلىشىۋالغان بولۇپ، ئىلگىرىكى ھالىتىنى ئۇقمايدىكەن.

شەھەرنىڭ ئوڭ ۋە سول تەرىپىدە ئىككى دەريا بولۇپ، بىرىدە ئانار شەربىتى، يەنە بىرىدە ئۈزۈم، شاپتۇل شەربىتى ئاقىدىكەن. خەلقلىرى دانىشمەن، نۇتقى پاساھەتلىك ئىكەن. قاغان - سۇلتان ئادىل، شانۇشەۋكەتلىك ئىكەن، سەلتەنەتتە قاغانلارنىڭ قاغانى ئىكەن. لەشكەرلىرى شىرمەت پالۋانلاردىن ئىكەن، كۈنچىقىشتىن كۈنپېتىشقىچە بولغان ئەللەردىن بەزىلەر بۇ شەھەرنى دۇنيانىڭ كىندىكى دېسە، بەزىلىرى دۇنيانىڭ كۆزى دېيىشىدىكەن، كارۋانلار تەرەپ - تەرەپتىن بۇ يەرگە كېلىشىپ ئۆزئارا ماللارنى ئالماشتۇرۇپ يۇرتلىرىغا قايتىشىدىكەن. شەھەر پاسىبانلىرى كۈندە بولۇپ تۇرىدىغان تۈمەن مىڭ خىل ئىشلارنى يۈرىكىگە پۈتۈپ، قەلبىدە مەھكەم ساقلايدىكەن.

بۇ شەھەردە بىر مۇقامچى بوۋاي ئۆتكەن بولۇپ، بېشى قازاندەك،

---

① مۇشتەرى — يۇلتۇز ئىسمى.

بىلى ئىشكىتەك ئىكەن ، ساتارىمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق چوڭ ئىكەن ، ساتارنى چېلىپ ناخشا ئېيتىدىغان بولسا ، شەھەرنى لەرزىگە سالىدىكەن .

جاھاننىڭ ھەممە يېرى بىراقلا ئىسسىپ كەتكەن بىر كۈنى بوۋايغا پىغان تېگىپتۇ . ئۇ سۇتتەك ئايدىڭ كېچىدە ساتارىنى ئېلىپ ئۆگزىگە چىقىپتۇ - دە ، مورىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ مۇڭلۇق كۈيگە لەرزان مۇقام ئېيتىپتۇ ، قايناق ھېسسىيات ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ پەلەككە يېتىپتۇ . خو- تۇن - بالىلىرى قايتىپ چۈشۈشكە دالالەت قىلسىمۇ ، يېلىنىپ يالۋۇرۇشلار قۇلىقىغا كىرمەپتۇ . بالىلىرى زېرىكىپ ئاخىر ئۇخلاپ قاپتۇ . ئەل - يۇرتمۇ ئۇيقۇ قاينىمىغا غەرق بوپتۇ . يېرىم كېچە بولغاندا تۇيۇقسىز چاقماق چېقىپ ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك دەھشەتلىك گۈلدۈرلەپتۇ . بوۋاي نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ ئۈلگۈرگىچە ئاسمان - پە- لەك سۇ كەپتۇ . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا ئەل - يۇرت كۆزدىن غايىب بوپتۇ ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، ئۇ توختاپ لېۋىنى يالىغان ئىدى ، ئاغزىغا تەلمۈرۈپ ئولتۇرغانلار ئارىسىدىن بىرەيلەن دەرھال بېرىپ قاشتېشى چەينەكتە چاي ئېلىپ كېلىپ ، چۆچەككە قۇيدى - دە ، ھۆر- مەت - ئېھتىرام بىلەن سۇندى . ئۇ چاينى پۈۋلەپ بىرنەچچە ئوتلىغاندىن كېيىن ، ئالدىدا قويۇپ قويۇپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى :

— مۇقامچى بوۋاينىڭ تېنىگە سوغۇق تېگىپتۇيۇ ، بىراق پېشانىسى كۆيۈپتۇ . ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ، ئۆزىنىڭ ساتار دەستىسىگە ئېسىلغىنىچە دېڭىزدا لەيلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈپتۇ - دە ، چۆچۈپ كېتىپتۇ ، ئاندىن كېچىككى قىيامەت قايىمنى ئېسىگە ئېلىپ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتىپتۇ . ۋارقىراشقىمۇ ئۈلگۈرەلمىگەن خەلق ، قاغان ، ئوردا ئەھلى ۋە بالا - چاقى- لىرىنىڭ پاجىئەسى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپتۇ . « ئاھ » ئۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر تاشلىغان ئىكەن ، لەيلەپ قالغان جەسەتلەر ، ياغاچ - تاش ، كات - ساندۇقلار كۆرۈنۈپتۇ . قالغان جەسەت ۋە مال - مۈلۈك ، تەئەللۇقاتنىڭ ئېقىپ نەگىدۇر غايىب بولغىنى مەلۇم بوپتۇ . بوۋاي كۆزىگە

چېلىققان جەسەتلەرنى سۆرەپ يىراقتا قىردەك چىقىپ قالغان تاغ چوققىسىغا ئاپىرىشنى نىيەت قىپتۇ، ئەمما ماجالى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ زورۇقۇپتۇ، ئاخىر ماغدۇرىدىن كەتكىنىنى ھېس قىلىپ، ئۆزى ساتارىنىڭ لەيلىتىش كۈچى ئارقىلىق مىڭ بىر جاپادا تاغ قىرىغا ئۇلىشىۋاپتۇ.

بوۋاي سۇدىن ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان چوققىغا چىقىپ تەرەپ - تەرەپكە كۆز تىكىپتۇ. لېكىن، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۈيۈك قاغاننىڭ سەلتەنىتىدىن نىشانە كۆرەلمەپتۇ. ھەسرەتنى مەنبە قىلغان پىغانلىق ياشلىرىغا تەبىئەت نەزەر سېلىپ قويماپتۇ. مەيۈسلۈك دەشتىدە تېڭىرقىغان بوۋاي قولىغا ساتارىنى ئېلىپ، ئاھۇنادامەتلىرىنى مۇڭلۇق مۇقام كۈيلىرىگە مۇجەسسەملەپتۇ. مۇقامنىڭ مۇڭلىرى چوققىلارنى مومدەك ئېرىتىپ، سۇلارنى ئاستا - ئاستا سىلىكتۈرۈپتۇ. بوۋاي يۇمشاپ كەتكەن چورۇقنى يەپ ئازراق ماغدۇر تاپقاندىن كېيىن، چوققىدىن تۆۋەنگە چۈشۈپتۇ، ئاندىن لاي - پاتقاقلاردا يېقىلىپ - قوپۇپ، مۈدۈرۈپ - چوقۇرۇپ قاغانىيە سەلتەنىتىنى ئىزدەپتۇ. ئاخىر شەھەرنىڭ ئورنىدا قورقۇنچلۇق يارداڭلارنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى پەم ئېتىپتۇ - دە، لىغىلداپ ئاران - ئاران تۇرغان يارداڭ قىرلىرىنى قۇچاقلاپ يەتتە كېچە - كۈندۈز داد - پەريات كۆتۈرۈپ ھازا ئېچىپتۇ. يارداڭلىق پەقەت سۈرلۈك قىياپىتىدىن باشقا تەسەللى بولغۇدەك ئىنكاس قايتۇرماپتۇ. بوۋاي شۇندىلا ئەمدى ياشاشقا تاقىتى قالمىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۇماچتەك لايغا ئۆزىنى تاشلاپ ئۆلۈۋېلىش نىيىتىگە كەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قەدىمىنى يېقىلىپ - قوپۇپ مىڭ تەستە يۆتكەپ پاتقاقلىققا كېتىۋاتقان بوۋاي ئاچ قالغان 5 — 6 قاغىنىڭ بېشىدا ئەگىپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ، ئويلىنىپ قاپتۇ «توختا، مەنمۇ مۇشۇ شەھەرنىڭ خەلقىغۇ، — دەپتۇ بوۋاي ئۆز - ئۆزىگە، — قاغىلار جېنىدا ياشاشنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقان يەردە ئەقىل - پاراسەتلىك ئادەم تۇرۇپ بىھۇدە ئۆلمەكچى بولغىنىم نېمىسى؟ ئۆلسەم بېشىمدا ئەگىپ يۈرگەن قاغىلارنىڭ ئېچىرقاپ

كەتكەن قارنىغا يەم بولىمەن ، خالاس ! مەن ھازىر بۇ يەرنىڭ قاغانى ، ئۆلسەم ھەرگىز بولمايدۇ ! » بوۋاي بىردىنلا جانلىنىپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىغان ئىكەن ، لاي ئاستىدىن جاراڭلىق ئەكس سادا قايتىپتۇ . بۇ «سادا » بوۋايغا چوڭ مەدەت بوپتۇ ، نەتىجىدە خېلىلا تىتىكلىشىپ قاپتۇ . ھاياتلىق بارا - بارا ئىلگىرىكىدىنمۇ گۈزەل تۇيۇلۇشقا باشلاپتۇ . شۇنىڭ بىلەن بوۋاي دەرھال ئارقىسىغا قايتىپ ، ساتارنى دولىسىغا ئېسىپتۇ . ئازراق مېڭىپتىكەن ، پۇتىغا بىرنەرسە ئىلىنىشىپتۇ . تارتىپ ئالسا دەرەخنىڭ بىر تال قىسقا بادرىسى ئىكەن . بوۋاي بادرا بىلەن ئۆزىگە يوپۇرۇلۇپ كەلگەن قاغىلارنى ئۇرۇپتۇ . ئارقىدىن ئويلىنىپ قاپتۇ « بۇ يەرنىڭ ئاسمىنىنى قاغا - قۇزغۇنلار بولسىمۇ ئاۋات قىلىپ تۇرسۇن ! » بوۋاينىڭ قاغىلار بىلەن كارى بولمىغان ئىكەن ، رەھىمدىللىكىنى بىلىۋالغان قاغىلار ھۇجۇمنى باشقىچە باشلاپ ، ئېتىلىپ كېلىشىپ چاپانلىرىنى يىرتىپتۇ ، تۇمشۇق - تىرناقلىرىنى ئىشقا سېلىپ ، ئۇستىخانلىرىنى تۇكچىدەك تېشىپ يارا قىپتۇ ، يۈز - كۆزلىرىنى چوقۇلاپ - تامىلاپ ئىككى قات تېرىسىنى سويۇۋاپتۇ . بۇ ئالامەتلەرنى كۆرگەن بوۋاي قاغىلارغا بىھۇدە رەھىمدىللىك قىلغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنۈپ ، كەلگەنلىكى قاغىلارنى ئۇرۇپ چۇشۇرۇپتۇ . قاغىلار ئەمدى بىردىنلا ياۋاشلىشىپ شۈمشىيىپتۇ . بوۋايمۇ ئارام تېپىپ قاپتۇ ۋە بادرىنى ھاسا قىلىپ بىرقانچە كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ ، بىر تاغ قاپتىلىغا ئۇلىشىۋاپتۇ . بوۋاينى ئۇلجا قىلىشقا كۆزى يەتمىگەن قاغىلار بىر - بىرلەپ يوقىلىشىپتۇ . بوۋاي ئەمدى پۈتۈنلەي ئارام تېپىپتۇ .

بوۋاي تاغدا ئوۋ ئوۋلاپتۇ ، تاشتىن قازان ياساپ ، ئولجا گۆشلىرىنى پىشۇرۇپ يەپتۇ ؛ تاشتىن كەش ياساپ تىتىلىپ كەتكەن پۇتلىرىغا كىيىپتۇ ، ھاسا تايىنىپ يولنى داۋام قىپتۇ . بۇ جەرياندا ئۇ نى - نى خەتەرلىك يوللارغا ، نۇرغۇن مۇشكۇلاتلارغا دۇچ كەپتۇ . سېھىر جادۇلاردىن ئامان - ئېسەن ئۆتكەن بولسىمۇ ، يېمەك - ئىچمەكتىن بەك قىينىلىپتۇ . شۇنداقتىمۇ چارە - تەدبىر ئويلاپ ، تۇزاق ياساپتۇ . تۇزاقنى

تۇشقانلارنىڭ ئۆتەر يولىغا قويغان ئىكەن، بىر توشقان چۈشۈپتۇ. توشقاننى كاۋاپ قىلىپ يەپ ماغدۇرلىنىپ يەنە يول يۈرۈپتۇ، يۈرگەندىمۇ ئىلگىرىكىدىن خېلىلا مول يۈرۈپتۇ. نەچچە كۈنلەردىن كېيىن تەشنالىق يېتىپ، بىر بۇلاقنى تېپىپتۇ. بۇلاق شۇنداق سۈزۈك ھەم تىنىق ئىكەنكى، قارىسا ئۆز ئەكسى ئەينەن كۆرۈنىدىكەن، بوۋاي ساقىلىنىڭ ئۆسكىنىگە قاراپ يول ماڭغىلى تۇرغان ۋاقتىنى پەرەز قىپتۇ. ئەمما، تارتقان جەبىر ـ جاپالىرىنى ئاگلىغۇدەك بىرەر ئادەمزات ئۇچرىماپتۇ. سۇ ئىچىش ئۈچۈن بۇلاق تەرەپكە كېلىۋاتقان بىر جانىۋار بوۋايىنى يىراقتىنلا كۆرۈپتۇ ـ دە، «ئادەمزاتنىڭ بۇياقلارغا ئاياغ بېسىشى ياخشىلىقنىڭ ئالامىتى ئەمەس» دېگەندەك قىلىپ بەدەر قېچىپتۇ، قاچقاندىمۇ ئۆلەر ـ تىرىلىشىگە باقماي قېچىپ كۆزنى يۇمۇپ ـ ئاچقۇچە قارىسى يىتىپتۇ.

بوۋاي ساتارىنى دولىسىغا ئېسىپ يەنە مېڭىپتۇ، بىر چاتقاللىقتىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ پۇتىغا تىكەندەك بىرنەرسىنىڭ كىرگىنىنى بىلىپتۇ. بوۋاينىڭ ھەيرانلىقى ئېشىپ، تاش كەشىنىڭ تاپىنىغا قاراپتۇ ۋە چەمى ئۆپراپ پىياز شۆپۈكىدىنمۇ نېپىزلەپ تېشىلگىنىنى كۆرۈپتۇ. قولىدىكى ھاسىنىڭمۇ كىچىكلەپ تىكەنچىلىك قالغىنىنى بىلىپتۇ.

بوۋاي ئالدىدىكى دۆڭگە يامىشىپ چىقىپ، قولىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلغان ھالدا قارىغان ئىكەن، يىراق ھەم ئېگىز جايدا بوستانلىق كۆرۈنۈپتۇ، بوۋاي گويا ئۆزىنى ئاشۇ بوستانلىقتا تۇرغاندەك سېزىپ، روھى كۆتۈرۈلۈپتۇ، شۇنداقلا يالغۇزلۇق ھېس قىلماپتۇ، شۇئان ساتارى قولىغا چىقىپتۇ. ھاياجانلىق ياشلىرى كۆز چاناقلىرىدىن تېشىپ پەسكە ئېقىپتۇ، ياش كەلكۈنى گاھ ئېقىن ياسىسا، گاھ يىپى ئۈزۈلگەن ئۈنچە ـ مارجانلاردەك تۆكۈلۈپتۇ. بۇ كۆز ياشلاردىن چۆللۈكتە بىر كۆل ھاسىل بوپتۇ. بۇلۇتسىز ئاسماندەك سۈزۈك ھەم تىنىق سۇ يۈزىدە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن تونۇش چىرايلار ئەكس ئەتكەندەك، بوۋاينىڭ قەلبى شادلىققا تولۇپتۇ. بوۋاي ساتارىنى مۇقام كۈيلىرىگە چېلىپ ناخشا ئوقۇپتۇ:

« ئاقسىمۇ دەريادا لىق شەربەتۇبال،
ئۆتتى تەشنالىقتا ئەل تارتىپ ۋەبال،

سەلتەنەتلەر قالدى لاينىڭ ئاستىدا ،
ھەسرىتا ، بولدى يۈرەكلەر تال ـ تال .

تۈرمىدى دۆلەت قۇشى مەڭگۈ قونۇپ ،
بولدى كۆل تەختلەر شامال كەتتى سورۇپ ،
يەردە ياپراقلار زىمىستان چىللىشار ،
دەيدۇ روھىم ئال ساتارنى چال ـ چال .

گۈل ـ چېچەك خازان بولۇپ چەكتى پىغان ،
يەتتى قىش يۇرتقا چىرايلار زەپىران .
بولدى ھاسىل كۆز يېشىمدىن كۆل ئەنە ،
سۇ جىمىرلار كۈن نۇرىدا يال ـ يال .

بەك يىراقتا قالدى يۇرت چىللاپ سېنى ،
قىلما تەڭ ساتماقغا خەقنىڭ تەختىنى .
ئۆزگە ئەلدە شاھۇقاغانلىق بىكار ،
يۇرت ساپايىسىنى قولغا ئال ـ ئال » .

سەلكىن شامال مۇقام كۈيلىرىنى يىراق ـ يىراقلارغا ئەكېتىپتۇ ، تونۇش سادا كىشىلەر ئارىسىغا يېتىپتۇ ، ئۇلار قىلىۋاتقان ئىش ـ ئوقەتلىرىدىن توختاپ ، مۇقامنى ئاڭلىغانسېرى چوڭقۇر مۇڭغا پېتىپتۇ . چۈنكى ، مۇقام ئۇلارغا ئانا يۇرتى ھەققىدە خەۋەر يەتكۈزگەن ئىكەن ، خېلىدىن بۇيان دەرد ـ پىغان ئۇلارنى ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىكەن .

كىشىلەر ئانا يۇرتىنى ئەسلەپ سېغىنىش ئىلكىدە تۇرالماي قاپتۇ ، ئاخىر شامالغا قارشى يۈنىلىشتە يول ئاپتۇ . يېقىنلا يەردە ساتار چېلىپ مۇقام ناخشىلىرىنى ئېيتىۋاتقان بوۋاينى كۆرۈپ شۇ تەرەپكە يۈگۈرۈشۈپتۇ ، ئالمان ـ تالمان يېتىپ بېرىپ بوۋاي بىلەن يىغلاپ كۆرۈشۈپتۇ ، دادا يولۇق مويسىپىتنىڭ ئۇزايدىن ئۆز ئاتا ـ بوۋىلىرىنى كۆرگەندەك

بوپتۇ. دېمىسىمۇ بوۋايدىن يىراق ئۆتمۈشنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدىكەن. ئۇلار بوۋاينى ئارىغا ئېلىپ قانماي - قانماي ھىدلاپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئۆزلىرىنى تۇرۇپلا پەيدەك يېنىكلەپ قالغاندەك، تۇرۇپلا پۈتۈن بەدىنى ئېغىرلىشىپ تالغاندەك سېزىپتۇ. بوۋاي ئۇلارغا جىق گەپلەرنى دېمەكچى بوپتۇيۇ، ئاغزىدىن چىقىرالماپتۇ. لېكىن، كۆز ياشلىرى ھەممىنى ئېيتىپ بېرىپتۇ.

كىشىلەر بوۋاينىڭ تاش كەشى بىلەن ھاسىسىغا قاراپ يۇم - يۇم يىغلىشىپتۇ، دۆڭگىلۈكنى بىرمەھەل يىغا - زار قاپلاپتۇ. خېلىدىن كېيىن كىشىلەر يىغىسىنى تەستە توختىتىپ، بۇ تەۋەررۈك بوۋاينى باشلىرىغا ئېلىپ كۆتۈرۈپ ئۆز تۇرارگاھىغا ئاپىرىپتۇ، ئاندىن ئۇنىڭ يارىلىرىنى تېڭىپ، ئوبدان كۈتۈپتۇ. ئۇ تېزلا ماغدۇرىغا كەپتۇ - دە، مۇقام ناخشىلىرى ئارقىلىق ئانا يۇرتى — قەدىمىي شەھەر ھەققىدە كۆرگەن - بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى بايان قىپتۇ. كىشىلەر نەچچە كېچە - كۈندۈزگىچە زېرىكمەي ئىشتىياق بىلەن بېرىلىپ ئاڭلاپتۇ. مۇقام ھېرىسمەنلىرى كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپتۇ.

نەتىجىدە مۇقامچى بوۋاينىڭ كارامەتلىرى ئوردا قىزىقچىلىرىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. ئۇلار خەلق ئارىسىغا خۇپىيانە سوقۇنۇپ مۇقام تىڭشاپتۇ. بوۋاينىڭ مۇقامچىلىقتىكى ماھارىتىنى تەرىپلەشكە ئۇلارنىڭ تىلى ئاجىز كەپتۇ - دە، ئەھۋالنى قاغانغا دەپتۇ. قاغان دەرھال بوۋاينى ئوردىغا ئەكېلىشكە پەرمان چۈشۈرۈپتۇ. ياساۋۇللار بوۋاينىڭ پۈتىنى يەرگە تەگكۈزمەي قاغان ئالدىدا ھازىر قىپتۇ. قاغان بوۋاينى زىيادە ئىلتىپاتلار بىلەن كۈتۈۋېلىپ، ئېسىل كىيىم - كېچەك ئىنئام قىپتۇ. شاھانە داستىخان ھازىرلاپ غىزالاندۇرۇپتۇ، ئاندىن ئوردا ئەھلىنى يىغدۇرۇپ كاتتا سورۇن ئۇيۇشتۇرۇپتۇ. دەسلەپ قاغاندىن تارتىپ ھەممىسى ھەيرانلىقتىن ئاغزىنى ئېچىپ قاپتۇ، مۇقام ئەۋجىگە كۆتۈرۈلگەنسېرى ئۇلارنىڭ يۈزلىرى چىمىلداپ ئوت ئاپتۇ. بارا - بارا كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، شاپتۇلدەك ئېزىلىشكە باشلاپتۇ. بوۋاي بولسا ساتارىنىڭ ئېچىگە

كىرىپلا كېتىپتۇ ، كېچىمۇ ياكى كۈندۈزمۇ بىلمەيتۇ . بىر چاغدا پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرىنى كۆرۈپ ، كېچە ئورنىنى كۈندۈز ئىگىلىگەنلىكىنى بىلىپتۇ ، مۇقامنى توختىتىپ ئەتراپقا قارىسا ، قاغان ۋە ئوردا ئەھلى بىر ـ بىرىگە مىنگەشكەن ھالدا ئۇيقۇغا كېتىشىپتۇ . ئوردىنى باسقان غەپلەت ئۇيقۇسى بوۋاينىڭ قېچىشىغا ئىمكان يارىتىپ بېرىپتۇ . بوۋاي ساتارىنى قولتۇقىغا قىسىپ ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەگىنىچە «غىپپىدە » چىقىپ كېتىپتۇ . مۇقام كۈيىنىڭ ئورنىنى خورەكلەر ئاپتۇ .

كۈن چۈش بولغاندا ئويغانغان قاغان ئاخشامدىن بېرىقى ئىشنى سۈرۈشتۈرمەيتۇ . ئەمما ، بوۋاي ئېيتقان مۇقام ناخشىلىرى گويا ھاياتىنىڭ بىر قىسمىدەك تۇيغۇ بېرىپتۇ . ئوردا ئەھلىمۇ ھاياجانلىنىپ مۇقامنىڭ ئىشق ـ ھارارىتى ۋۇجۇدىدىن كەتمىگەنلىكىنى ، ئۇنىڭدىكى ھېكمەتلەر ئۆزلىرىگە بارغانسېرى چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىۋاتقانلىقىنى بىر ـ بىرىگە دېيىشىپتۇ . قاغان يەنە بوۋاينى دەرھال تېپىپ كېلىشكە ئەمر قىپتۇ . بىرسى : « كاردىن چىققان ئۇ قېرىنى نېمىمۇ قىلارمىز ؟ » دېگەن ئىكەن ، ۋەزىر : « ئۇنىڭ بىزنى ئۇخلىتىپ قويۇپ قاچقىنى تېخى كارغا كېلىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ . ئۇنى ئوردا سازەندىسى قىلىمىز » دەپتۇ . بۇ گەپ قۇلىقىغا ياقمىغان ئوردا قىزىقچىلىرى قاغانغا بوۋاينىڭ مۇقاملىرىنى پۈتۈنلەي ئۆگىنىپ بولغانلىقىنى ئېيتىپ ، ئۇنى ئىزدەپ ئاۋارە بولماسلىق تەكلىپىنى بېرىپتۇ . قاغان : «ئۆگىنىۋالغىنىڭلار پەقەت ئۇنىڭ بىلىدىغانلىرىنىڭ ئازلا بىر قىسمى ، ئۇ يەنە نۇرغۇن ـ نۇرغۇن نەرسىلەرنى بىلىدۇ ! » دەپ ، پەرماندا چىڭ تۇرۇپتۇ .

بوۋاي قاغاننىڭ مۇنداقلا بولدى قىلمايدىغانلىقىنى ، ئادەم ئەۋەتىپ قوغلايدىغانلىقىنى بىلىدىكەن ، شۇڭا ساتارىنى دەرەخ چاتىقىغا يوشۇرۇپ قويۇپ ، ساقىلىنى چۈشۈرۈۋېتىپتۇ ـ دە ، يەرلىك خەلق سىياقىدا ياسىنىپ مېڭىپتۇ . يولدا ئوردىنىڭ ئىككى ياساۋۇلى ئۇچراپ ، «مۇقامچى بوۋاي »نى سورىغان ئىكەن ، جاۋاب ئورنىدا باش چايقاپ كېتىۋېرىپتۇ . بۇنداق

«ئۆزىدىن ئۆزىنى سۈرۈشتۈرۈش» كەينى - كەينىدىن يۈز بېرىپتۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئوردا قىزىقچىلىرىدىن ئىككىسى ئۇچراپ بوۋاينى تونۇۋاپتۇ، قاغان ئالدىغا ئاپارماقچى بوپتىكەن، قەلبىنى چۈشىنىشنى ئېيتىپ زادى ئۇنىماپتۇ.

— قاغانىمىز شۇنچە ئەتىۋارلاۋاتسا نېمىشقا جاھىللىق قىلىلا؟ — دەپتۇ ئۇلاردىن بىرى.

— سىلەرمۇ ئۆز بېشىڭلارغا كەلگەندە چۈشىنىسىلەر، — دەپتۇ بوۋاي.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان قىزىقچىلارنىڭ كاللىسىغا دەرھال بىر ئەقىل كەپتۇ. ئۇلار بوۋاي بارسا ئۆزلىرىنىڭ كەش بازىرىدا يېپ ئېشىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۈلگۈرۈپتۇ - دە، بوۋايدىن يەنە يېڭى مۇقاملارنى ئۆگىنىپ، «چالا يەر»لىرىنى تولۇقلاپ قايتىپ كېتىپتۇ. ئەمدى سەل خاتىرجەم بولغان بوۋاي ساتارىنى قويغان جايدىن ئاپتۇ، ئاندىن كۈنپېتىشنى كۆزلەپ مېڭىپتۇ. بوۋاينىڭ تىلىدىن تۆكۈلگەن ھېكمەتلىك گەپلەر، ساتارىدىن ياڭرىغان مۇڭلۇق كۈيلەر كىشىلەرنىڭ كۆڭلىگە يېقىپتۇ. بوۋاي بىر جايدا توختىماي، سۇ ۋە قۇرۇقلۇق يوللىرى ئارقىلىق دۇنيانىڭ ھەممە يېرىنى دېگۈدەك ئايلىنىپ چىقىپتۇ، شۇنچە ئۇزۇن مۇساپىلەرنى بېسىپ، باتۇر قوللار قايتا قۇرغان قەلئە - سېپىللارنى كۆرۈپتۇ؛ بوغۇم - مۇسكۇللىرى قوراپ كىچىكلەشكە باشلاپتۇ. ئۇزاق جەرياندا قېرىپ مۆكچىيىپ، ئومۇرتقا - ئۇستىخانلىرى كىرىشىپ چۆگۈنچىلىك بولۇپ قاپتۇ. شۇنداقتىمۇ مېڭىشنى توختاتماپتۇ. ساقىلى ئۆسۈۋېرىپ، جۈغى كىچىكلەۋېرىپ، ساقىلى ئىككى غېرىچ، بويى بىر غېرىچ بولۇپ قاپتۇ. بوۋاينىڭ ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ كېلىدىغان نەرسىنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن ئېپتىدائىي ئادەملەر ھەيرانلىقتا چۆمۈپتۇ. قىزىل، سېرىق، ئاق چاچلىق، بەدىنىنى تۈك باسقان ئادەملەر ئۆڭكۈر، ئورمانلىقلاردىن چىقىشىپ بوۋايغا ھۇجۇم باشلاپتۇ: ئېگىزدىكلەر يولىغا تاش - داڭگاللارنى تاشلاپتۇ، پەستىكىلەر جان - جەھل

بىلەن يۈگۈرۈپ يېقىنلاپتۇ . بوۋايدا ئۇلارغا تاقابىل تۇرغۇدەك قۇدرەت يوق ئىكەن . شۇڭا ، قۇرۇغان ئورمانغا ئوت قويۇۋېتىپتۇ . ئۇلار قوغلاشتىن توختاپ ، نېمىلەرنىدۇر دەپ كالدىرلىشۋاتقاندا ، ئورمانلىقتىن چىقىپ قاچقان بىر كېيىك دىققىتىنى تارتىپتۇ ـ دە ، بوۋاي قۇتۇلۇپتۇ .

بوۋاي يەنە مېڭىپتۇ ، يىراقتا يۇرتىنىڭ قارىسى كۆرۈنۈش بىلەن ، قېرىشقاندەك قاتتىق بوران چىقىپ قۇم ـ شېغىللارنى ئۇچۇرتۇپ كەپتۇ . بوۋاي يولىنى داۋام قىلالماپتۇ . قۇم ـ شېغىللار جىم تۇرغان بوۋاينى ئاستا ـ ئاستا كۆمۈشكە باشلاپتۇ . بوۋاي ساتارنى تىك تۇتقىنىچە مۇقام ئېيتىۋېرىپتۇ ، مۇقام ئەۋجىگە چىققانسېرى بورانمۇ كۈچەيىۋېرىپتۇ . مۇقام كۈيلىرى قۇم ـ شېغىللارغا سىڭىۋېرىپتۇ . ئۇزاق زامانلار ئۆتكەندىمۇ قۇم ـ شېغىللار بوۋاينىڭ ئۈستىگە دۆۋىلىنىۋېرىپتۇ ، دۆۋە ئېگىزلەپ ـ ئېگىزلەپ كۆككە تاقىشىپتۇ . بوۋاي مۇقامنى يەنىلا توختاتماپتۇ . تالاي دەۋرلەر ئۆتۈپ ، قۇم ـ شېغىللاردىن ھاسىل بولغان تاغ بوۋاينىڭ تېنىگە ، بوۋاي بولسا ئۆلمەس ھاياتلىققا ئايلىنىپتۇ ـ دە ، يىللار سوۋغا قىلغان يارىشىملىق ئاپئاق دوپپىنى كىيىۋاپتۇ ، پۇت ـ قوللىرى تۈمەنلىگەن تاغ ـ جىلغىلارنى رىشتىلەپتۇ . ساتاردىن سانسىز قارىغايلار پەيدا بولۇپ ، قارلىق چوققىنى تىرەپتۇ . بۇ تاغدا شۇنىڭدىن ئېتىبارەن مۇقامنىڭ ساداسى كۈچلۈك ياڭراپتۇ . مۇقام ئەۋجىگە چىققاندا شىددەتلىك ھاۋا ئېقىمى پەيدا بوپتۇ . كىشىلەر ئۇنى « بوران » دەپ ئاتاپتۇ . بوران قارىغايلىق ، ئورمانلىق ، ئۆگزە ـ دۆڭلۈكلەردە ، ئىشىك ، دېرىزە ـ رۇجەكلەردە ، تۈزلەڭلىك ، قىر ـ داللاردا ، دەريا ـ دېڭىزلاردا مۇقامنىڭ ھەر خىل تېمپا ـ ئۆزگىرىشلىرىنى ئىپادىلەپتۇ ، ھەتتا كىشىلەر بوران توختىغاندىمۇ تاغ ـ جىلغىلاردىن بىر خىل مۇڭلۇق سادانىڭ توختىماي ئاڭلىنىۋاتقانلىقىنى بايقاپتۇ . ئۇلار بۇ سېھىرلىك سادادىن ئوخشاشمىغان دەرىجىدە ھوزۇر ـ زوق ئاپتۇ ۋە ئۇنى تۇرمۇشنىڭ بىر قىسمى ساناپتۇ ...

ئۇ ھېكايىنى سۆزلەپ شۇ يەرگە كەلگەندە ، بىردىنلا توختاپ

پىغانلىق « ئۇھ » تارتتى . كۆڭلى بۇزۇلۇپ تارام ـ تارام ياش تۆكتى . ھەممەيلەن بىرپەس سۈكۈتكە چۆمدى . ئۇلار گويا بۇ ئىشلار ئۆز بېشىدىن ئۆتكەندەك خۇرسىنىشتى . ئېغىر جىمجىتلىقنىڭ قانچىلىك داۋام قىلىشىنى بىلگىلى بولمايتتى .

— تەقسىر ، كېيىن قانداق بولدى ؟ — سورىدى بىرەيلەن جىم-جىتلىقنى بۇزۇپ .

— ئىككى دەريادىكى ئانار ، ئۈزۈم ، شاپتۇل شەربىتى ئورنىغا بىر دەريادا قان ، يەنە بىر دەريادا كۆز يېشى ئاقىدىغان بولۇپ قاپتۇ . خاقانىيە-نىڭ كېيىنكى تەقدىرىنى ھېچكىم قىياس قىلالماپتۇ . ئەمما ، شەھەر ھەققىدە تۈرلۈك ھېكايىلار تارقىلىپتۇ . بۇ پەقەت كېيىنكى تىنچ دەۋرلەردە چىققان ھېكايىلار ئىكەن . ئىلگىرىكى ئىشلار توغرۇلۇق بىرنېمە دېيىش تەس ئىكەن . لېكىن ، شەھەرنى قورشاپ تۇرغان تىلىم ـ تىلىم ياردائلار ، ئۈزۈلمە قاتلاملار ، دۆڭلۈكلەر ، قاش قىرىدىكى كاشانە ①، كۈشىك ② ، كاشاپ③ ۋە مۇشتەرىگە ئوخشاش شەھەر ھەم خارابىلىكلەر ئەڭ قەدىمىي شەھەر ھەققىدە سۆزلەپ بېرىدىغان بىردىنبىر ئۆلمەس شاھىت ئىكەن .

---

① كاشانە — ساراي ، چىرايلىق ئۆي ـ ئىمارەت .
② كۈشىك — ھەشەمەتلىك ئايۋان ـ ساراي .
③ كاشاپ — دورا قاينىتىپ ئىچىدىغان چۆگۈن .



# يار ئىشقى

پالۋان كىشىلەر توپىنى ئارىلاپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى جىددىي، كۆزلىرى ئىتتىك بولۇپ، سۇغۇردەك شۈگۈيەتتى، ئۇيان - بۇيان قارايتتى. ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن، كىشىلەرنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى يوق ئىدى. ئۇلار ئىككىسى ئۆتكەنكى ئىش ۋەجىدىن كاككۇك بىلەن زەينەپتەك بىر - بىرىنى قوغلىشىپلا يۈرۈۋاتاتتى. ئارىدا ئۆتۈلگىنى ئەستىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيدىغان ئىش بولغاچقا، بىرلا ۋاقىتتا بىر - بىرىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئەمما، ھەر ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ ئەسلىگىنىنى بىلىشمەيتتى.

كىشىلەر توپىغا كىرىپ كەتكەن پالۋان گويا ئولتۇرۇۋالغاندەك ئەمدى كۆرۈنمەي قالدى. ئەمما، بۇنداق قىستا - قىستاڭچىلىقتا ئولتۇرۇۋالدىمىكىن دېسە ئەقىلگە سىغمايتتى. مەيلى قانداقلا بولمىسۇن غايىب بولغىنى راست ئىدى.

پالۋان كىشىلەر ئارىسىدا كۆرۈنگەندە يۈز - كۆزىنى چاڭ - توزان باسقان ئىدى، چىرايىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئوغۇل بالىغا خاس قامىتى شۇنچە كىشىلەر ئارىسىدا ئۆزگىچە گەۋدىلىنىپ تۇراتتى.

پالۋان ئادەملەر شالاڭراق يەرگە چىقتى. ئۇ تۆت ئەتراپىغا قارايتتىيۇ، ئىزدىگەن ئادىمىنى تاپالمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئايىغى تەگمىگەن يەر قالمىغاندەك ئىدى.

پالۋاننىڭ شۇنچە جىددىيلىشىپ ئىزدەۋاتقىنى تاشگۈل بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى، تۇرار جايىنى بىلمەيتتى،

ئەگەر چاڭ ـ توزان يېگىنىگە يارىشا تاپالىسا هاردۇقىمۇ چىقاتتى ، ئارمە-
نىمۇ قالمايتتى . شۇ تاپتا يولۇقتۇرۇپ ، يۈز تۇرا تۆت ئېغىز گەپ
قىلىشۋالسا ، ئۆز ئىشى بىلەن ئالدىراش كىشىلەر بۇنىڭغا كۆز ـ قۇلاق بو-
لۇپمۇ كەتمەيتتى .

پالۋان ئەمدى بۇ تەرەپتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ ، باشقا تەرەپكە
ئۆتتى . مۇنداق ئىزدەش گەرچە تېپىشماقتەك تۇيۇلسىمۇ ، زايە كېتىۋاتقان
ۋاقىت ئۇنى جىلە قىلاتتى . ئۇ هاردىمۇ ياكى كەيپىياتىنى
تۇراقلاشتۇرۇشنى ئويلىدىمۇ ، ئەيتاۋۇر ، چەتكىرەك ئۆتۈپ بىردەم ئول-
تۇردى . ئارقىدىن يەنە چاڭ ـ توزان يەپ ئولتۇرۇشتىن مېڭىشنى ئەۋزەل
كۆردى .

ئۆز ۋاقتىدا پالۋان تاشگۈلنى ئىزدەپ تاپالماي ، نورمالسىز كەيپى-
ياتتا ئاتتىن يىقىلغاندا پۇتى سۇرۇلۇپ ، تىرىسى ئېچىلىپ قالغان ئىدى .
ياردىن سىرغىپ چىقىۋاتقان قىپقىزىل قان پالۋاننىڭ قايسى دەرىجىدە
ئازابلىنىۋاتقىنىنى چۈشەندۈرەتتى . يارىسنى تاشگۈل ياغلىقىدا تېڭىپ
قويۇش بىلەن ، پالۋان ئاغرىقنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغان ئىدى . تاشگۈلنىڭ
چاقچىقى ئۆزىدەك قوپال بولسىمۇ پالۋان قىلچە تېرىكمەيتتى . پالۋان بۇنى
ياخشى كۆرگەنلىكىنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايتتى . شۇ چاغدىكى ئىشلارنى
ئەسلىگەندە ، پالۋان تاشگۈلنى بەك سېغىندى . بۇنچىۋالا ئادەم كۆپ جايدا
بىر قىزنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ چاقىرىش تولىمۇ بىمەنە ئىش ئىدى . پالۋان
تاشگۈلنىڭ تولغان كۆكسىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرگىنىدە يۈرىكى پېژىلداپ
كەتتى . تاشگۈل بوي ـ بەستى بېجىرىم ، قاش ـ كۆزلىرى جايىدا ، يۈزى
تولغان ئايدەك ساهىبجامال ئىدى . ئۇنىڭ هېلىقى ئىشتىن كېيىن تەدرى-
جىي ئېچىلىشى پالۋاننىڭ ئىشق ئوتىنى ئۇلغايتىپ بېرىۋاتاتتى .

پالۋان تاشگۈلنىڭ سەھەردىلا بۇ تەرەپكە ماڭغىنىنى قىياس
قىلغاچقا ، ئۇچرىشىش ئۈمىدى بىلەن ئاختارمىلىقتىن يىڭنە ئىزدىگەندەك
ئىزدەپ يۈرەتتى . ئۇ تاپالمىغانسېرى ، تاشگۈل مېنى قەستەن ئەخمەق
قىلىۋاتسا كېرەك دەپمۇ ئويلىدى . ئۇ تۇرۇپلا بىر يەرگە مۆكچىيەتتى ،

تۇرۇپلا بويۇنداپ قارايتتى . لېكىن ، قانچە قىلغىنى بىلەن تاشگۈل كۆرۈنمەيتتى . ئۇ ئاخىر ئېگىزرەك يەرگە بېرىپ ئۇيان ـ بۇيان قارىدى ، تاشگۈلنىڭ قارىسى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى .

پالۋان بۇگۈنكى خېلىدىن بۇيان تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتكەن ئىدى . ئەگەر شۇ تاپتا ئۇچرىشىپ قالغىنىدا ھەر ئىككىيلەن ئۇچۇن قەلب تولۇقلىمىسى بولاتتى . ئۇ كۈننى كەچ قىلالمايۋاتاتتى ، كەچ بولغان تەقدىردىمۇ ئۇيقۇسى كېلىشى ناتايىن ئىدى ، ئۇيقۇسىنى تاشگۈلنىڭ ئېلىپ قاچقىنى ئايدىڭ ئىدى .

پالۋان تاشگۈلنى تاپالمىغانسېرى ، ئۇمۇ مېنى ئىزدەۋاتامدىغاندۇ دېگەننىمۇ خىيالىغا كەلتۈردى . كېيىن مۇناسىۋەتسىز ئادەملەردىن بىرمۇنچىسىنى نەچچە قېتىمدىن ئۇچراتقانلىقىغا قاراپ ، بىكار ئاۋارە بولغان ئوخشايمەن دەپمۇ ئويلىدى . ئارقىدىن يەنە ، مەن بۇ يەردە ئىزدەپ ، ئۇ كونا جايدا ساقلاپ ، ھەر ئىككىمىز ئاۋارە بولۇۋاتامدىغاندۇقىيا ، دەپ خۇرسىندى . باشقىلارنىڭ پالۋاننىڭ بۇنچىۋالا سەكپارە بولۇۋاتقىنى بىلەن كارى يوق ئىدى . پالۋان تۇرۇپلا ئەمدى ئىزدىمەسلىك قارارىغا كەلدى . « مەنلا ئىزدەمتىم ، بۇ مېنىڭلا مۇھەببىتىممۇ ؟ ئىككىيلەن تەڭ كۆيۈشكەن ئەمەسمىدۇق ؟ ــ دەپ ئويلىدى ئۇ جىلە بولۇپ ، ــ مەيلىڭ بولسا سەنمۇ مېنى ئىزدەپ تاپ ! »

پالۋان بېشىنى ئېچىگە تىقىپ ئولتۇرغان يېرىدە بىرھازا ئولتۇردى . ئۇنىڭ جاھىللىقى تۇتقاندەك قىلاتتى . بىر كەمدە ئۇ جەينىكىگە ئىسسىق ئۆتۈۋاتقانلىقىنى سېزىپ ئېچىدە : « مانا ، دېمىدىممۇ ، بۇ چوقۇم تاشگۈل ، ئۇ شۇنچە خەقنىڭ ئارىسىدىن مېنى تېپىۋالدى . توختاپ تۇر ، سەن مېنى ئاز ئەخمەق قىلدىڭمۇ ؟ مەنمۇ ئۆزۈمنى بىر كۆرسىتىپ قويايچۇ ! » دەپ ، جىم تۇرۇۋالدى . ئەمما ، تەقەززالىقتا ئوت ـ كاۋاپ بولۇۋاتقان يۈرىكى سەۋر قىلالىسۇنمۇ ؟ ئۇ كۈلۈمسىرەپ بېشىنى كۆتۈردى ـ دە ، بىر قانچۇقنىڭ جەينىكىنى يالاۋاتقىنىنى كۆردى . ئۇنىڭ شېرىن تۇيغۇ ئويغانغان كۆڭلى « لەسسىدە » بولۇپ ، باشقا تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

پالۋان ئەمدى دوپپا بازىرىغا كەلگەن ئىدى. ئوسمىنى بولۇشىغا قويۇۋالغان لەۋەن قىزلار گۈللۈك دوپپىلارنى ئۇستى - ئۇستىلەپ كىيىپ خېرىدار كۈتەتتى، قوللىرىدىمۇ دەستە - دەستە دوپپىلار تۇراتتى. ئۇلار خېرىدارلارغا ناھايىتى سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى. ئۇلارنىڭ نېرىسىدا زىبۇ-زىننەت تۇتۇپ تۇرغان قىزلارمۇ بار ئىدى. ئۇ بىردىنلا قىزلارنىڭ ئارىسىدا تۇرغان «تاشگۈل»نى كۆرۈپ قالدى. تىۋلىماقچى بولدىيۇ، كەينىدىن يەنە «ئۇنىڭغا روبىرو تۇراي، ئۇمۇ مېنى كۆرگەندە چاقىرسامۇ كېچىكمەيمەن» دەپ ئويلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. ئۇ ئۆزىنى چىدام بىلەن بەزلەپ تۇرغاندا، «تاشگۈل»نىڭ خېرىدارغا كۈلۈپ جىلۋە قىلىشى باشقىچە تۇيغۇغا كەلتۈردى. شۇنداقتىمۇ ئۇ «تاشگۈل مېنى قەستەن ئويىنىتىۋاتىدۇ» دېگەن ئويدا بولۇپ، ئۆزىنى چىڭ تۇتۇۋالدى. ئەمما «تاشگۈل»دىكى خۇش مۇئامىلە يەنىلا داۋام قىلىۋەردى. ئۇ ئەمدى «تاشگۈل»گە يېقىن تۇرۇپ ئارقىسىنى قىلىۋالدى، «ھېلى چاقىرار» دېگەن ئۈمىد بىلەن خېلى كۈتۈپ باققان بولسىمۇ ھېچبىر ئىنكاس بولمىغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۆزى ئالدىنى قىلىپ ئىككى قەدەم مېڭىۋىدى، «تاشگۈل» دوپپىسىنى كۆتۈرگىنىچە ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۇ شۇنداق قاراپ، دوپپىچى قىزنىڭ تاشگۈل ئەمەسلىكىنى بىلگىنىدە شاپاققا تېيىلىپ يىقىلغاندەك ئوڭايسىزلاندى، دەرھال ئۆزىنى ئوڭلاپ تورلاشقان كۆزلىرىنى سۈرتتى.

پالۋان بىر بېسىپ - ئىككى بېسىپ، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا كوچا سازەندىلىرى ۋە ۋائىزلارنىڭ سورۇنىغا كېلىپ قالدى. ئاق دوپپىنى قىرلاپ كىيىپ، بېلىنى شوينىدا باغلىۋالغان بىر مەدداھ مەيدىسىگە مۇشتلىغىنىچە ۋەز ئېيتىۋاتاتتى، ئۇنىڭ چۆرىسىگە نۇرغۇن ئادەم توپلىشىۋالغان ئىدى. ئون نەچچە قەدەم نېرىدا بىرقانچە رەمبال پال ئېچىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ خېرىدارلىرىمۇ ناھايىتى كۆپ ئىدى. رەمباللاردىن بىرى تەسۋىسىگە قاراپ ئالدىدىكى ئادەم توغرۇلۇق بىرنېمىلەرنى دېۋىدى، ئۆزىگە پال ئاچتۇرغانلار رازى بولغاندەك باش لىڭشىتىشتى.

پالۋان دىققەت بولغانلىقتىن، بىر رەمبالنىڭ ئالدىغا بېرىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، تەسۋى كۆرۈپ بېقىشنى ئۆتۈندى. رەمبال ئۇنىڭ چىرايىغا شۇنداق قاراپلا ئېغىز ئاچتى:

— ئوغلۇم، سىلى هازىرنىڭ ئۆزىدە يار ئىشقىدا كۆيۈپ ئۆلەي دەپ قاپلا.

— بوۋا، تېخى ماڭا پال ئاچمىلىغۇ، تەسۋى كۆرمەي تۇرۇپ دەردىمنى قانداق بىلىۋاللا؟

— بۇ قانچىلىك ئىش ئىدى؟ ئاۋۇ سېھىرگەر قولىدىكى تەسۋىسىنى يەرگە چېچىپلا كۇرۇچكە ئايلاندۇرۇۋېتەلەيدۇ. باغلىشمەنكى مەن قولۇمدىكى تەسۋىنى يەرگە تاشلاپ چۇجىگە ئايلاندۇرۇپ، كۇرۇچنى يېگۈزۈۋېتىمەن.

— ئۇنداقتا، بەك ئۆتكۈر ئىكەنلا، ھەقىقەتەن يېتىشىپلا، مەن ... مەن ...

— بولدى، بولدى، ئوغلۇم، يار ۋىسالىغا ئېرىشىدىكەنلا!

— قانداق بىللە؟

— دىلىمغا شۇنداق ئايان بولدى.

— بوۋا، پال سېلىپ كۆرۈپ باققان بولسىلا.

— ئوبدان، غوجام، ئوبدان گەپ، ئوغۇل بالا دېگەن پات ـ پات پال سالدۇرۇپ تۇرغۇلۇق.

پالچى شۇنداق ۋەز ئېيتىپ، پالۋانغا پال ئاچتى، ئاندىن تەسۋىسىگە بىرھازا قاراپ:

— كۆپ قۇلاقلىق سازنى چالسىلا مەشۇقلىرى يانلىرىدا هازىر بولىدىكەن، — دېدى.

پالۋان رەمبالغا توشقان تېرىسىدىن بىرنى بەردى ـ دە، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى سىناپ بېقىش ئۈچۈن سازەندىنىڭ قېشىغا بېرىپ، قولىدىكى كۆپ قۇلاقلىق سازنى سوراپ ئالدى. پالۋان سازنى مۇڭلۇق پەدىگە شۇنداق چالدىكى، كىشىلەر ئەمدى «گۇررىدە» كېلىپ ئۇنىڭ ئەتراپىغا

ئولاشتى .

تاشگۈلمۇ « بوۋاي ھېكايىسى »نى سۆزلەپ بەرگەن ھېلىقى ئادەم بىلەن بىر بېسىپ ـ ئىككى بېسىپ بۇ يەرگە كەلدى . تاشگۈل مۇڭلۇق كۈيگە تەڭكەش قىلىپ ناخشا ئېيتىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداقتۇر كوچا سازەندىسى ئەمەس ، پالۋان ئىكەنلىكىنى شۇنداق قاراپلا بىلدى ، يۈرىكى « جىغ » قىلىپ ، يۈزى «لاپپىدە » ئوت ئالدى . ئۇ ، پالۋاننىڭ بۇنداق ئالاھىدىلىكىمۇ بارلىقىنى شۇ كەمگىچە بىلمىگەنلىكىگە ئۆكۈنۈپ ، ئۆزىنى دۆت قاتارىغا چىقاردى . يەنە بىر تەرەپتىن ھەيران بولدى ، شۇ تاپتا پالۋان ئۈنىڭ كۆزىگە تولىمۇ شوخ يىگىت سۈپىتىدە كۆرۈندى . پالۋاننىڭ ھەممە سالادا بار مىجەزى ئۇنى قەۋەتلا سۆيۈندۈردى ـ دە ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا بىر چىشلەم گۆش بىلىپ يېۋەتكۈسى كېلىپ كەتتى ...

ھە دېسە ئادەمنىڭ ئەقلىگە سىغمايدىغان ئوي ـ خىياللارنىلا قىلىدىغان تاشگۈلنىڭ بۇ ئارزۇسىمۇ ئارزۇ پېتى قالدى . ئۇ يەلكىسىنى بىر تاغ بېسىۋاتقاندەك ئۆزىنى ئېغىر سەزدى . ئاڭغۇچە پالۋان پەدە ئۆزگەرتتى .

كۆك شايى بەلۋاغ باغلىۋالغان بىر يىگىت شوخ دەسسەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى . ئۇ پۇتىنى « لىك ـ لىك » كۆتۈرۈپ ، دولا ئېتىپ ئوينايتتى ، شوخ ھەرىكەتلىرى تاماشا كۆرۈۋاتقانلارنى جەلپ قىلىۋالدى . ئۇ ياڭاق چاقىقاندەك بولۇشىغا قاس چىقىرىپ ئۆزىگە ئوخشاش ئۇسسۇل مەستانىلىرىنى مەيدانغا چاقىرماقتا ئىدى . لېكىن ، ھېچكىم ئالدىراپ چۈشمىدى ، بەلكى ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشتى . ئۇ ئىككى قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بېشىدىن ئايلاندۇرۇپ ، ئاندىن بىر قولىدا بېلىنى ، بىر قولىدا كۆكسىنى تۇتقىنىچە بىرسىنى نىشانلاپ ئىككى يانغا سىلكىندى . ئۇسسۇلغا تارتىلغان يىگىت مەيدانغا چۈشتى . ئىككىسى ئۆزئارا دولا قېقىپ ئويناشتى . شۇ ئارىدا پەيزى بارلاردىن يەنە بىرنەچچىسى ئۇسسۇلغا چۈشۈشتى . ئۇلاردىن بىرى ئالقىنىنى ئالقىنىغا ئۇرۇپ « چاك ـ چۇك » ئاۋاز چىقارغىنىچە يەنە بىرىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ كەكلىكتەك يورغىلايتتى ؛ بىرسى مەيدىسىنى « گۇپ ـ گۇپ » مۇشتلاپ ، كىشىلەرنى

ئۆزىگە قاراتماقتا ئىدى .

پـالۋانـىـىڭ تارلارنى چېكىۋاتقان ئوڭ قولى خۇددى چاقپەلەكتەك پـىـرقـىـراپ ، بارماقلىرىنى كۆرگىلى بولمايتتى . پەدە بېسىۋاتقان قولى دەم يـۇقـىـرىـغـا ، دەم تـۆۋەنـگـە يۆتكىلەتتى . بۇ هال دېڭىز دولقۇنىنى ئەسكە سـالاتـتـى . پـالـۋان نـاخشىنى توختىتىشىغا ، تاشگۈلنىڭ يېـنـىـدىـكـى «هېـكايىچى» ئادەم پالۋاننىڭ قولىنى تۇتتى ، ئاندىن تارلارنى سىلىغىنىچە ئېيتتى :

— سىلى ياسىغان پەي تارلار ئاجايىپ ياخشىكەن جۇمۇ !

— هۇنـەرگـە سـاخـتـىـلـىق قىلغانلار هەقىقىي ئۇستا ئەمەس ، — دېدى پالۋان جاۋابەن .

— قايتىدىغان ۋاقتىمدا بۇ تارلاردىن كۆپرەك ئېلىۋالاي .

شـۇ ئەسـنـادا پـالـۋان بىلەن تاشگۈلنىڭ يۇرەك سىرلىرىنى ئاشكا-رىلاپ يـۇلـتـۇزدەك چـاقـنـىـغان كۆزلىرى ئۇچرىشىش بىلەن ، ئىككىلىسى تـەڭلا يەرگە قارىۋېلىشتى ، ئاندىن بىر - بىرىگە يەر تېگىدىن قاراشقىنىچە باشلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈشتى .

— چـالـغـانـلـىـرى ساز ئەمەس ، يۈرەكلىرىغۇ دەيمەن ! — دېدى تاشگۈل هاياجىنىنى باسالماي .

— تازا مازاق قىلغانسەن - هە ؟

— مەنمۇ يۈرىكىمنى شۇنداق ساز قىلالىسام ، ئۇ چاغدا ...

— تەسىمكىن .

— تـۇغـمـا قـابـىـلىيەتكە ئىرادە مەدەت بەرسە قىلغىلى بولمايدىغان ئىش بارمۇ ؟

— ئۇنىڭغا جەريان كېرەكتە .

— بولمىسا سىلى ساز قىلالا .

— ئۇستا مەن بولمەنما ؟

— ئەمىسە باشقىسى بولاتتىمۇ ؟

ئەركـىـن ، ئازادە سـۆزلىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەن بۇ ئىككىيلەن

شۇ تاپتا نەدە تۇرۇشقىنىنمۇ ئەستىن چىقىرىپ، تېرىسىگە سىغماي قې-لىشقان ئىدى. پالۋاننىڭ تاشگۇلنى تاپالماي جىلە بولغىنىمۇ ئۇنتۇلۇپ كەتتى. پالۋان شۇ تاپتا پۈتۈن ھارغىنلىقى تۈگەپ ئۆزىنىڭ پەيدەك يەڭگىللەپ قالغىنىنى سېزەتتى. ئۇ تاشگۇلگە سازنىڭ ياخشىسىدىن بىرنى تاللاپ ئېلىپ بەردى. تاشگۇل چېلىشقا ئالدىرىسا، ئۇ پەدە بېسىشنى كۆرسىتىپ قويۇشقا ئالدىرايتتى. خۇددى كېلىشۋالغاندەك بۇ گەپنى ئىككىسى تەڭلا ئېغىزدىن چىقىرىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار دەريا بويىغا بېرىپ خىلۋەتنى تاللاپ ئولتۇرۇشتى ـ دە، سازنى تۈزۈپ، ئۆگىتىش ـ ئۆگىنىشنى باشلىۋەتتى.

ئۇلار كەچ كىرگەندە بىللە قايتىشتى. خېلى يول يۈرگەندىن كې-يىن ئاچالغا كەلگىنىنى سېزىپ، ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا ئالدى ـ كەينىگە قارىشىپ، «خەير ـ خوش، ماقۇل ئەمسە» دېيىشتىيۇ، يەنە دەرھال ماڭماي تۇرۇپ قېلىشتى.

كۈن ئولتۇرغاندا بىردىنلا ھاۋا گۈلدۈرلەپ، قارا بۇلۇتلار كۆكنى يۇتۇۋېتىدىغاندەك ئەلپازدا قۇتراشقا باشلىدى. پالۋان ھاۋانىڭ ئەلپازىغا قاراپ، چەكمىنىنى تاشگۇلگە سېلىپ بەردى.

— بۇ نېمە قىلغانلىرى؟

— ھېلى بىلىپ قالىسەن.

— سىلىمۇ چەكمەن سېلىپ بەرگەنگە تويمىسىلا ھېلى!

— مەن ئۇنداق لېيى خام يىگىتلەردىن ئەمەس.

تاشگۇل چەكمەننى ئالغىلى ئۇنىمىدى، پالۋان زورلىدى. تاشگۇل ئاخىر چەكمەننى يېپىنچاقلىۋېلىشقا ئىلاجسىز كۆندى. ئۇلار ئايرىلىپ ئۇزاق ماڭماستىنلا مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇر قۇيۇۋەتتى. مۆلدۈر زەربىدىن دەل ـ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ساپىقىدىن ئاجراپ يەرگە چۈشمەكتە ئىدى. تاشگۇل سازنى چەكمەننىڭ پېشى بىلەن يۆگىۋالدى. ئۇنىڭ پىكىر ـ خىيالى پالۋاندا قالغان ئىدى. ئاتمۇ بەك تەستە مۇدۈرۈپ ـ چو-قۇرۇپ ماڭاتتى. ئۇ چەكمەندىن بېشىنى چىقىرىپ پالۋان كەتكەن

تەرەپكە قارايتتى. شۇ تاپتىكى ھېسسىياتىچە مۇمكىن بولسا چەكمەننى قايتۇرۇۋېپ بەرگەن بولاتتى. ئەمما، يامغۇردىن ھاسىل بولغان تۇمان ھەم گۇگۇم تەسىرىدە كۆز ئالدىدىكى نەرسىنى پەرق ئېتىشمۇ تەس ئىدى.

تاشگۈل ئۆيگە خۇددى چۈشىن يېۋالغاندەك كۆڭلى غەش قايتتى. ئېتىنى سوۋۇتۇۋېتىپ ھويلىغا چىقتى. دادىسى باغدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتاتتى. ھويلا چەللىدىن ئۆتكەن يامغۇردا سۇ چاچقاندەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. تاشگۈل دەرھال پېشايۋانغا بىرىپ چەكمەننى سىقىپ، تانىغا يايدى، ئاندىن ھۇجرىسىغا كىرىپ كىيىملىرىنى ئالماشتۇردى ـ دە، كارىۋىتىدىكى ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، سازنى پالۋان كۆرسىتىپ قويغان بويىچە چېلىشقا تۇتۇندى.

سازنىڭ مۇڭلۇق ساداسى نەمخۇش ھاۋانى تەۋرىتىپ ئەتراپقا تاراشقا باشلىدى. پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىشقا بېرىلىپ كەتكەن تاشگۈل مۇڭلۇق كۈي ئىچىدە بىر سىنىڭ سىيماسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ يىنىك تىۋىشىنى تاشگۈلنىڭ يۈرىكى تۇيغاندەك قىلدىيۇ، كىم ئىكەنلىكىنى دەماللىقا بىلەلمىدى. چۈنكى، تاشگۈل سازنىڭ ئاۋازىنى دادىسىنىڭ ئاگلاپ قېلىشىدىن ئېھتىيات قىلىپ ئىشىك ـ پەنجىرىلەرنى مەھكەم ئېتىۋەتكەن ئىدى. ئۇ گۇگۇمدا يوچۇن ئادەمنى پالۋانغا ئوخشىتىپ قالدى. ئەمما، پالۋاننىڭ ئېتىمۇ يوق، بەلكى قولىدا شۇ تاپتا ئۆزى چېلىۋاتقانغا ئوپئوخشاش ساز باردەك بىلىندى. پالۋانمۇ پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن چېلىۋاتاتتى. ئىككى سازنىڭ ساداسى ئۆزئارا قوشۇلۇپ يېڭىچە بىر كۈي ھاسىل قىلدى. ئۇ ھەر ئىككىلى سازنى ئۆزى چېلىۋاتقاندەك ھاياجانلاندى. ئىككى سازنىڭ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىشى ئويلىمىغان بىر مۆجىزە ئىدى.

تاشگۈل كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئىككى قەدەم ماڭدى، لېكىن قولىدىكى سازنى چېلىشنى توختاتمىدى. تاشگۈل ئەتراپقا قاراپ بىرسىنى ئىزدەۋاتقاندەك قىلاتتى. تاشگۈلنىڭ كۆزىگە يەنە پالۋان كۆرۈنگەندەك بولدى، ئەمما زۇۋان سۈرمەيۋاتاتتى، تاشگۈل پۈتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ

بارغىنچە ئۇنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ قولى بىلەن كۆزىنى ئېتىۋالدى. «كۆلەڭگە» ئۆز كۆزىنى كىمنىڭ ئېتىۋالغىنىنى دەرھال بىلىۋالدى. تاشگۈلمۇ ئۇنى جىلە قىلىشنى خالىماي قويۇۋەتتى. ئۇ، ئىمىر - چىمىر بولۇپ كەتكەن كۆزىنى ئۇۋۇلاپ، تاشگۈلنى يىتتۇرۇپ قويغىنىنى ئۇقتى - دە، بايا كۆزىنى ئۇۋۇلاۋاتقاندا ئىشىكنىڭ «غىچچىدە» قىلغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ «سىرتقا ماڭغان چېغى» دەپ ئويلاپ، كەينىدىن ئىز بېسىپ چىقتى. تاشگۈل يۈگۈرگىنىچە ئۆيىنىڭ كەينىدىكى توغراقلىققا كىرىۋالدى. ئۇمۇ ئارقىسىدىن يېتىشىۋېلىپ، نوتىلارنى قايرىپ ئىچكىرىلەپ تاشگۈلنى تېپىۋالدى. لېكىن، تاشگۈل كېيىكتەك چاققانلىق بىلەن قېچىپ تۇتۇق بەرمىدى. ئۇ قوغلىدى، تاشگۈل قاچتى. ئۇ ئاخىر بىر قۇرۇق توغراق كۆتىكىگە پۈتلىشىپ، تاشگۈلنى يىتتۇرۇپ قويغىنىنى بىلدى ۋە كۆزىنى چىمىلدىتىپ، ھەرقانچە سىنچىلاپمۇ چېلىقتۇرالمىدى، ئاندىن بار ئاۋازى بىلەن توۋلىغان ئىدى، پۈتۈن توغراقلىق تىترەپ كەتتى. ئۇ بىردىنلا بۇلبۇلنىڭ يېقىملىق سايرىشىنى ئاڭلاپ ھەيران بولغان ھالدا «بۇنداق توغراقلىقتا بۇلبۇل نېمە قىلسۇن» دەپ ئويلىدى. بۇلبۇلنىڭ سايرىشى يەنە ئاڭلاندى، بۇ نۆۋەتتىكىسى ئاۋۋالقىسىدىنمۇ يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئەمدى بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرىغا قىزىقىپ قالدى - دە، توغراقلارغا بىرمۇبىر قارىدى. بۇنداق قاراش ئۇزاق داۋام قىلغاندا «سايراش» بىردىنلا توختاپ قالدى، ئەكسىچە مولۇننىڭ ۋەھىملىك ئاۋازى ئاڭلاندى. كىشىلەرنىڭ قارىشىچە، مولۇن شۇملۇقنىڭ بېشارىتى ئىدى. ئۇنىڭ تېنى شۈركۈنۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. يېنىغا قاراپ ئوقياسىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئىتىنى چاقىرىۋىدى، كەلمىدى، بەلكى ئۇنىڭ كۆزىگە توغراقلار بىردىنلا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ ھۆركىرەپ كېلىۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ بېشىنى سىلكىۋېتىپ قارىدى، ئەمدى قاۋانلار كېلىۋاتاتتى. ئۇ قورقۇپ كەينىگە داجىغانسېرى قاۋانلار ھەممە تەرەپتىن قورشاپ كېلىشكە باشلىدى. قاۋانلار ئېتىلماقچى بولغاندا، ئۇ توغراققا يامىشىپ چىقىۋېلىشقا

ھەرقانچە ئۇرۇنۇپمۇ بىر پۇتىنى ئالالمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ توغراق شاخلىرىنى چىڭ تۇتقىنىچە غولىغا چاپلىشىۋالدى. يېنىك تەۋرىنىۋاتقان توغراق شاخلىرى دۈمبىسىنى كاچاتلىسىمۇ ئېرەن قىلمىدى. ئۇ كۆزىگە يۇتلاشقان يوپيۇرماقلارنى ئۈزۈپ تاشلايتتى، ياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتەتتى. ئۇ تۆۋەنگە قارىدى، ئەمدى ھېلىقى قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر كۆرۈنمەيتتى. مولۇننىڭ ئەنسىز ئاۋازىمۇ جىمىغان ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى تىنىپ، يۈرىكى جايىغا چۈشتى.

پالۋان يېقىنلا يەردە تۇمۇچۇقنىڭ «ۋىچ - ۋىچ» سايراۋاتقىنىنى ئاڭلاپ ئالدىدىكى توغراققا قارىدى. دەرۋەقە، تۇمۇچۇق شۇ توغراقتا سايراۋاتاتتى. ئۇ ھەيرانلىق ئىلكىدە ئىنچىكىلەپ قاراپ، توغراقنىڭ باراقسان شاخلىرى ئارىسىدا تۇرغان چوڭ بىر گەۋدىنى كۆردى - دە، ئۇنىڭ تاشگۈل ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇنىڭ كۆرۈپ قالغىنىنى تاشگۈلمۇ تۇيۇپ ئۈلگۈردى. تاشگۈل قاقاقلاپ كۈلگەن ئىدى، ئۇمۇ ئەگەشىپ كۈلدى. ئىككىيلەننىڭ كۈلكىسى يۇغۇرۇلۇپ باشقىچە سادا پەيدا قىلدى. ئۇ تاشگۈل تەرەپكە ئۆتمەكچى بولدىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدى. لېكىن، تاشگۈل بىر شاخنى ئىلەڭگۈچ قىلىپ، ئۇ بار توغراققا ئۇچۇپ ئۆتتى. ئىككىسى ئەمدى بىر شاختىكى كاككۇك - زەينەپتەك تۇرۇشتى. ئىزغىرىن شامال تال - چىۋىقلارنى تەۋرىتىپ بىر خىل سادا چىقىراتتى.

پالۋان قاراپلا ئۆزىنىڭ باشقا بىر قىز بىلەن تۇرغىنىنى بىلىپ قالدى. قىز شۇنداق ئېچىل ئىدى. پەستىكى تاشگۈلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ: «ئۇ كىم؟ نېمىشقا پالۋان بىلەن تۇرىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىيۇ، ئارقىدىن يەنە، — تۇرسا تۇرمامدۇ، نېمە كارىم!» دېگىنىچە پەسەنتىگە ئالمىدى. ئەمما، شۇنداق دېگىنى بىلەن ھەسەت قىلىپ كۆزىنى ئۈزەلمىدى. ئۇلار-نىڭ ئارىسىدا ھېچ ئىش يوقلۇقىنى بىلگىنىدە بولسا، نېمىشقا شۇنداق قىلغىنىنى ئۇقالماي قالدى. تاشگۈل توغراق شېخىنى قاتتىق سىلكىگەن ئىدى، پالۋان چۆچۈپ كەتتى. ئۇلار يەنە تۇرۇپلا ئۆزلىرىنىڭ قاغجىراپ كەتكەن بىر توغراق ئۈستىدە ئىكەنلىكلىرىنى ھېس قىلىشتى.

ئۇلار ئەمدى پەسكە چۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ قولىنى چىڭ تۇ-تۇشۇپ مېڭىشتى. توغراقلىق بەك ئىسسىق ھەم تىنجىق ئىدى. ئۇلار بەك قىينالغان بولسىمۇ، ئەمما ئاسمىنى كەڭ يەردە ئۆزلىرىنى كۆپ ئازادە ھېس قىلىشتى. ئۆزلىرىدىن باشقا ئادەم بولمىغاچقا قورۇنۇش - تارتىنىش ھا-جەتسىز ئىدى. مۇھەببەتلىشىشكە مۇشۇنداق خىلۋەت جاي تازا ماس كېلەتتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ بوينىغا گىرە سېلىۋېلىشتى. ئۇلار نەگە بېرىشنى بىلمىگەن ھالدا قېلىن توغراقلىققا بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرىپ كېتىۋاتاتتى...

سىرتتا ئات كىشنىدى، تاشگۈلنىڭ خىيالى بۆلۈندى. ئەمما، سازنى چېلىشتىن توختىمىدى. ئۆي ئىچى خېلىلا قاراڭغۇلاشقان ئىدى. ئۇ بىردىنلا سازنى ئۆزى يالغۇز چېلىۋاتقىنىنى بىلدى. ئۇ باياتىن ئۆزى چېلىۋاتقان كۈينىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتكەن ئىدى، كۈينىڭ پايانى شۇنداق كەڭ بولغاچقا، خىيال دۇلدۇلى چېپىپ تېخى مەنزىلگە يېتەل-مەيۋاتاتتى.

تۇيۇقسىز ئىشىك چېكىلدى.

— كىرسىلە.

ئىشىك ئېچىلىپ، بىرسى قورۇنغان، ئەمما قىزغىن كەيپىياتتا كىرىپ كەلدى. غۇۋا يورۇقتا ئۇنىڭ پالۋان ئىكەنلىكى ئايان بولدى.

— ھويلىغا قانداق كىرلە؟ — سورىدى تاشگۈل.

— ئىشىك بىلەنچۇ.

— دادام كۆرۈپ قالمىدىمۇ؟

— بۇنى سوراشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

— دادام كۆرۈپ قالغان بولسا ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايتتى.

— ئۆلۈمدىن قورقسام كىرمەس ئىدىم.

— بۇ چاقچاق ئەمەس جۇمۇ!

— ئەمىسە ئارزۇلىرىمىز دادىڭ قولىدا قالغۇدەكتە.

— دادام ئىككىسىنى ئىككى ئىش دەپ قارايدۇ.

— داداڭنى راستىنلا كۆرمىدىم .
— ئۇنداقتا دادام سىلىنى كۆرگەن بولۇشى مۇمكىن .
— شۇدەمگىچە ئارقامدىن پالتا كۆتۈرۈپ كىرمىگىنىگە قارىغاندا كۆرمىگەن چىغى .
— بەلكىم شۇنداقتۇ .

پالۋان ئەمدى بىرنېمە دېمىدى . پەنجىرىدىن چۈشۈۋاتقان يورۇق بەك غۇۋا بولغاچقا ، تاشگۈل ئۇنىڭ چىراي ئىپادىسىنى ئېنىق كۆرەلمىدى . ئادەتتە ئۇنىڭ ئاچچىقى كەلسە بۇرنىنىڭ ئۇچى تەرلەپ ، قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كېتەتتى . ئەمدى تاشگۈلمۇ گەپ كوچىلاۋېرىشنى خالىمىدى ، بۇنىڭسىز ئۇنىڭ بىلگۈچىلىكى بار ئىدى ، شۇڭا تەشەببۇسكار بولۇپ چىقىپ كېتىشكە تەرەددۇتلاندى . ئىشىكنىڭ غىچىلداپ كېتىشىدىن ئەنسىرىگەن تاشگۈل ئالدىراپ كېلىپ ئىشىكنى كۆتۈرۈپرەك ئېچىپ ئاۋاز چىقارغۇزمىدى . ئىككىسى پۇتلىرىنىڭ ئۇچىدا دەسسىشىپ بىللىلا هويلىغا چىقىشتى . تاشگۈل ئۇنى ئىشىك ئالدىغىچە ئۇزىتىپ قويىدى . ئۇ ئارقىسىغا قارىغاندا تاشگۈل « خوش » دەپ قولىنى كۆتۈردى . بۇ چاغدا هويلا جىمجىتلىققا چۆككەن بولۇپ ، پەقەت قىران يولۋاسنىڭ « گۇپ - گۇپ » كەتمەن چاپقان ئاۋازىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى .

تاشگۈل قايتىپ كىرىپلا يەنە سازنى قولىغا ئالدى . ئۇ چېلىشقا خېلى كىرىشىپ قالغىنىدىن مەمنۇن ئىدى ، ئەمدى چېكىپ چېلىشتىن يۆگەپ چېلىشقا ئۆتتى . مۇنداق چېلىش يۇمشاق ھەم مۇڭلۇق بولاتتى . ئۇ تارنى بەزىدە چېكىپ ، بەزىدە ئىلىپ چېلىپ باشقىچە مۇڭ ھاسىل قىلىۋاتاتتى ، چالغانسېرى مۇھەببەتلىك بىر خىل ھېسسىيات يۈرىكىنىڭ ئەڭ نازۇك قاتلاملىرىدا ئەكس ئېتەتتى . ئەمما ، ئېيتاي دېسە كۆڭلىگە ياققۇدەك قوشاق تاپالمايۋاتاتتى . ئەمدى ئۇ پالۋان شەھەردە چالغان پەدىگە كېتىپ قالدى .

ئۇ چاغدا تاشگۈل ئۇسسۇلغا چۈشكەن ئىدى . ئۇنىڭ بېلى ئۇستىخىنىغا يارىشا ئەۋرىشىم بولۇپ ، قولىدىكى يىلان قامچىدەك دەم

ئوڭغا ، دەم سولغا « تاراسلاپ » ئوينايتتى .

ئويلىمىغاندا ، سازنىڭ دەستىسىدە بىر قول بىلەن تاشگۈلنىڭ قولى دوقۇرۇشۇپ قالدى . تاشگۈل ئەندىكىپ قاراپ ، يېنىدا پالۋاننىڭ پەدە بېسىشىپ بېرىۋاتقىنىنى كۆردى .

— سىلى نەۋاق كەتكەنتىلىغۇ ؟

— شۇنداق .

— قانداق كىرلە ؟

— قەلب ئىشىكىدىن .

— شۇڭا ئاۋاز چىقماپتىكەن - دە ؟

— چىققان بولسا قۇلاق پەردىسى يىرتىلىپ كېتەتتى .

پالۋان بۇ نۆۋەت تاشگۈلنى سىرتقا ئېلىپ چىقىپ كەتتى . تاشگۈل سازنى قولتۇقىغا قىسىپ كېلىۋاتاتتى . پالۋان قەدىمىنى ئاستىلاتتى ، تاشگۈل يېتىشىۋالدى . ئۇلارنىڭ گەپلەشكۈسى بار ئىدى ، ئەمما كېچىدىكى پاراڭنىڭ ئەترापىقا ئاڭلىنىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ ، ئېغىزنى قۇلاققا ياقىماقچى بولۇشتى . ئۇلار ئۈنلۈك گەپ قىلىشىشتىن تەبىئىي رەۋىشتە مەھرۇم بولغان ئىدى . ئۇلارغا شۇنچە چوڭ كوچا تاردەك كۆرۈنۈپ ، قول تۇتۇشۇپ مېڭىشتى . ئۇلارنىڭ كۆزىگە يولدىن باشقا نەرسە كۆرۈنمىدى . پالۋان تاشگۈلنىڭ كۆزىگە قارىغان ئىدى ، غۇۋا كۆرۈندى . تاشگۈل ئۆزىچە « پىسىڭ - پىسىڭ » كۈلۈپ قوياتتى . ئاڭغۇچە ئاي كۆتۈرۈلدى . تاشگۈل ئايدىڭدا پالۋانغا تىكىلىۋىدى ، پالۋان كۆزىنى ئەپقاچتى ، تاشگۈل پالۋاننىڭ كۆزلىرىدىن ئىككى تامچە ياشنىڭ دومىلاپ چۈشكىنىنى كۆردى . پالۋان تاشگۈلنىڭ كۆزىنىڭ ئادەتتىكى كۆزلەردىن ئەمەسلىكىنى ، ئۇۋغا چىققاندا ئولجىلارغا تىكىلىپ قارايدىغان بولسا ، بەزىلىرى بەرداشلىق بېرەلمەي ، كۆزلىرىدىن ئۆزىچە ياش قۇيۇلۇپ ۋە بېشى قېيىپ ، بىر جايدا پىرقىراپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى . تاشگۈل پەقەت زېھنىنى يىغالىغاندىلا ، شۇنداق ماھارىتىنى ئىشقا سالالايتتى .

تاشگۈل پالۋاننىڭ كۆزىدىن ئاققان ياشنى قولياغلىقى بىلەن

سۇرتۇۋەتتى ، پالۋان ھۇزۇر ھېس قىلدى . تاشگۇلمۇ ئەينى چاغدا شۇنداق تۇيغۇدا بولغان ئىدى . پالۋان تاشگۇلنىڭ ياغلىقىغا قاراپ تولىمۇ سىپتا ئىشلەنگەنلىكىنى بىلدى . تاشگۇل پالۋاننىڭ ياغلىققا قىزىقىپ قالغىنىنى سېزىپ خۇشاللىق بىلەن بېرىۋەتتى . پالۋان رەھمەت ئېيتىپ يانچۇقىغا سالدى ، شۇ تاپتا گويا تاشگۇلنى قولياغلىققا ئوراپ يانچۇقىغا سېلىۋالغاندەك ھاياجانغا چۆمدى .

ئۇلار يولنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىۋېتىپ توساتتىن ئۆستەڭگە دۇچ كەلدى . ئۆستەڭدە زۇمرەتتەك سۈزۈك سۇ تۇرۇلۇپ ـ ئۆركەش ياساپ ئېقىۋاتاتتى ، ئىككى قىرغىقىنى ئۆسەك قىياقلار قاپلىغان ئىدى . قىياقلار- نىڭ سۇغا تېگىپ تۇرغانلىرى تېز ئېقىۋاتقان ئېقىندا توختىماي تەۋرىنەتتى . بەزىدە كىچىك ـ كىچىك دولقۇنلار بۇژغۇنلارنى ھاسىل قىلاتتى . شۇنداق قارىغاندا ، سۇمۇ ، قىياقلارمۇ ئۆز ئالدىغا بىر ھاياتلىقتەك نامايان بولۇپ ، بىر نۇقتىدا كېسىشىپ كۈچ كۆرسىتىۋاتاتتى ، قىياق كۆڭلىدە : « مەن بولغاچقىلا ئۆستەڭ قىرى مەۋجۇت » دېسە ، سۇ : « مەن بولمىسام قىياقلار ھايات تۇرالمايدۇ » دەيتتى .

ئۆستەڭ ھەرقانچە چوڭ بولسىمۇ ، روھى ئۇرغۇپ تۇرغان بۇ ئىك- كىيلەننىڭ ئالدىدا كىچىككىنە كۆرۈنەتتى . پالۋان تاشگۇلنىڭ قولىدىكى سازنى ئالماقچى بولۇۋىدى ، تاشگۇل يەنىلا ئۆزىنىڭ قولىدا تۇرغىنىنى مۇۋاپىق كۆرۈپ بەرمىدى . پالۋان كۈچەپ سەكرىگەن ئىدى ، تاپىنى سۇغا تېگىپ ، « شارت »تىدە چاچراپ كەتتى ، پۇچقاقلىرى ھۆل بولدى . تاشگۇل سازنى قولتۇقىغا قىسىپ سەكرەپ ، خۇددى قۇشتەك يېنىكلا ئۆتۈپ كەتتى .

پالۋان تاشگۇلنى دەريا بويىغا باشلاپ باردى . يېيىلىپ ئاققان سۇ ئاي نۇرىدا جىمىرلاپ ، سانسىز ئاينى ھاسىل قىلاتتى . ئۇلار سۇپسۈزۈك سۇدىن ئوچۇملاپ ئىچىشتى . لېكىن ، ئۇسسۇزلۇقى قانغاندەك قىلسىمۇ تەشنالىقى قانمىغاندەك ئەمەس ئىدى . ئۇلار سۇغا سەكرەپ ، ئۆز ماھا- رەتلىرىنى جارى قىلدۇرۇشتى . سۇ دەريادا تاشلارنى دومىلىتىپ ئاقاتتى ،

چاققان تۇرمىسا قول - پۇتلارنى سوقۇۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. پالۋان قارامىلىق قىلىپ تۇتۇۋالغان تاشنى تېزدىن قويۇۋېتىشكە مەجبۇر بولدى - دە، دەرھال لەيلىۋالدى. تاشگۈل سۇ ئۈزۈشتە بېلىقتىن قېلىشمايتتى. شۇ تاپتا ئۇلار ئايدىڭدا لاچىندىن قورقۇپ سۇغا كىرىۋالغان بىر جۈپ ئۆردەككە ئوخشىشىپ قالغان ئىدى. تاشگۈل ئۆز ماھارىتىنى پالۋانغا كۆرسىتىپ قويماقچى بولدىمۇ ياكى باشقا مەقسەتتىمۇ، ئەيتاۋۇر، سازنى بىر قولىدا ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ئۈزۈپ قارشى قىرغاققا ئۆتتى. پالۋان كەينىدىن كېلىپ قىرغاققا چىقتى. ئۇلار بىر - بىرىنىڭ كىيىملىرىنى سىقىشتى. گەرچە قېشىدا باشقا ئادەم بولمىسىمۇ ئۆزىچە بىر - بىرىدىن سەل قورۇنغاندەك قىلىپ، كىيىملىرىنى ھۆل پېتى كىيىۋېلىشتى. نەمخۇش كىيىم ئوتلۇق يۈرەكلەرگە بىر خىل ھوزۇر بەخش ئەتتى.

ئۇلار قىسىلچاقتىن ئۆتۈپ پالۋاننىڭ ئۆيىگە باردى. پالۋان تاشگۈلنى ئۆز ھۇجرىسىغا باشلاپ ساپال چىراغنى ياقتى. كىچىككىنە ئۆي «ۋاللىدە» يورۇپ، بىساتلار ئۇلارغا خۇش چىراي ئاچتى. جاي - جايىدا سەرەمجانلاشتۇرۇلغان خانا چوغدەك ياسداق ئىدى. ئىشىك - پەنجىرىلىرى پارقىراپ تۇراتتى.

پالۋان تاشگۈلنىڭ ئاستىغا كۆرپە سالماقچى بولغان ئىدى، تاشگۈل چاققان كېلىپ كۆرپىنى ئۆزى سالدى. ئۇلار ئازادە ئولتۇرۇشتى، كۆڭۈللۈك مۇڭداشتى، گەپنى بەزىدە پىچىرلاپ، بەزىدە ئاۋازلىق قىلىشتى. شۇ تاپتا ھېسسىياتى قوزغىلىپ تۇرالماي قېلىشىۋاتاتتى. تومۇرلىرى چىڭقىلىپ كۆزلىرى چانىقىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك بولۇۋاتاتتى. بىر خىل سېھرىي كۈچ قانلىرىنى دولقۇنلاتماقتا ئىدى. ئەمما، ئۇنىڭدىنمۇ غالىب يەنە بىر كۈچ ئۇلارنىڭ ئەخلاقتىن ھالقىغان ناشايان ئىشلارنى قىلىشىغا ئىمكان بەرمەيۋاتاتتى.

— تەنھالىقتا زېرىكمىلىمۇ؟ — سورىدى تاشگۈل تاقەتسىزلىنىپ.

— مەن تەنھا ئەمەسقۇ!

— بىرسى بار ئىكەن - دە؟

— شۇنداق .
— شۇنداق بولسا بوپتۇ .
— نېمە شۇنداق بوپتۇ ؟
— ئەمسە مەن كەتتىم .
— بوپتۇ ، مەن يالغۇز قالاي .
— مەنمۇ تەنها كېتەي .
— تەنهالىقتىن ھەمراھلىق بولغان ياخشى .
— سىلى تەنها بولمىغاچ مېنى مازاق قىلىۋاتىلا .
— ئىككىمىز شۇ تاپتا بىر جۈپقۇ ؟
— ئۇ قاڭقىپ يۈرمىگەندى !
— كىم ؟
— سىلىنىڭ ياخشى كۆرگەنلىرىچۇ ؟
— ئۇ كۆز ئالدىمدا تۇرمامدۇ !
— ئۆيدە ئىككىمىزدىن بۆلەك ئادەم بولمىسا ...
— بۇنىڭغا ئۆزۈڭ بىرنېمە دە .
— بىرنېمە دېگۈم يوق .
— ئىككىمىزنىڭ تۇرغىنى راست تۇرسا ، يەنە نېمە دېمەكچىدىڭ ؟
— ئەسلىدە مېنى كولدۇرلىتىپتىكەنلىدە .
— ياخشى كۆرگەن ئادىمىنى كولدۇرلاتقۇم يوق .
— مېنىڭمۇ تۆگە ياكى ئات قاشقىسىغا ئېسىلىپ كولدۇرما بولغۇم يوق .
— بىراق ، بۇ ساڭا شىپالىق ئاتا قىلغان ئۆي .
— توغرا ، بىر « ئوغۇل »نى قىزغا ئۆزگەرتىۋەتكىنى ئېسىمدە .
— ئەمدى قىلىشقۇدەك گەپ قالمىدىغۇ دەيمەن .
— مېنىڭچىمۇ شۇنداقتەك تۇرىدۇ . لېكىن ، مەن تېخى ئەر بولۇش نىيىتىمدىن يانغىنىم يوق .
پالۋان ھاياجانلىق تۇيغۇ ئىلكىدە ئورنىدىن تۇرغان ئىدى ،

بەستىلىك گەۋدىسى چىراغ يورۇقىدا تېخىمۇ يوغان كۆرۈندى. كۆچلۈك قولىلىرى تارنى ئۈزۈۋېتىدىغاندەك قىلىسمۇ، سازنى ناھايىتى سىلىق چالدى. ئاندىن تاشگۈلگە بەرگەن ئىدى، مۇڭلۇق ناخشىغا تەڭكەش قىلىپ چېلىپ، ئۇنى ئۆخلىتىپ قويدى.

پالۋان بىر كەمدە ئۆندەرىگەندەك قوپۇپ، تاشگۈلنىڭ تېخىچە پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن ساز چېلىۋاتقىنىنى كۆردى. بىر خىل تەلۋە ھېسسىيات تاشگۈلنى شۇنداق چالدۇرۇۋاتاتتى. تاشگۈل ئىختىيارسىز پالۋانغا قارىدى. پالۋاننىڭ مەيدىسىدىكى قاپقارا قويۇق تۈكلەر ئۇنى ئارسلاندەك كۆرسىتىۋاتاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ ئاغزىنى تاتىلىدى. ئىككىسىنىڭ ئاغزىدىن چىققان قىزىق گەپلەر ئىسسىتقۇ بولغاندەك بىر - بىرىگە تويماي تىكىلىشتى. كېيىن باغقا كىرىپ، سالقىن ھاۋادىن قانماي - قانماي سۇمۇرۇشتى. تاشگۈل بىردىنلا تېخى چېكىلمىگەن ئۈزۈمدىن ئۈزۈپ يەپ، ئاچچىقلىقىدىن قوشۇمىسى تۈرۈلۈپ كەتتى. دەرۋەقە ئۈزۈم سىركە چىقارغۇدەك چۈچۈمەل ئىدى.

— بۇ قانداق ئۈزۈم؟ — سورىدى تاشگۈل.

— ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن.

— رەڭگى ئاق، شەكلى سوقا ئىكەن.

— بىلىدىكەنسەن.

— ھەممىسى ئەتىيازغا چىقالامدۇ؟

— ئات باغرى سورتى سەل چىدامسىزراق. ئاق مۇناقىسى مۇۋاپىق مۇھىتتا ساقلانسا، كېلەر يىلى ئۈزۈم پىشقۇچە ئۆز پېتى تۇرىدۇ.

ئۇلار كىچىك باللاردەك قوغلىشىپ ئۈزۈمزارلىقتىن ئايرىلدى. تاغنىڭ يان باغرىدا بۈك باراقسان باغ بار ئىدى. ئۇلار ئۆز بېغىدەكلا قورۇنماي كىرىشتى. باغنىڭ تەسكەي تېمى تىك تاغ ئىدى. تاغ ئۈستىدىن ئادەم بېلىدەك سۇ پەسكە چۈشۈۋاتاتتى. بۇ مەنزىرە تاشگۈلنىڭ زوقىنى كەلتۈردى. ئىككىيلەن خۇشال قوغلىشىپ شارقىراتمىنىڭ كەينىگە ئۆتتى. تاغ باغرىدىكى غارنى سۇ توسۇپ تۇراتتى، ئۇلار سۇنىڭ دالدى-

سىدا غارغا كىرىپ، ئۇزاق ئۆتمەيلا قايتىپ چىقتى، ئاندىن گۈللۈككە كېلىپ، تاشگۈل پالۋاننىڭ تىزىغا بېشىنى قويغىنىچە راھەتلىنىپ ياتتى. پالۋان ساز چېلىپ ناخشا ئوقۇدى. تاشگۈل بىردىنلا ئىرغىپ تۇرۇپ كەتتى ـ دە، پالۋانغا يۆلىنىۋالدى. ئىككىيلەن مۇزىكىنىڭ رىتىمىغا ئەگىشىپ، ئالدى ـ كەينىگە ۋە ئىككى يانغا يۇمرانمايسلاردەك تەۋرەنگىنىچە ئولتۇرۇشاتتى...

— تاشگۈل، تاشگۈل، ھەي تاشگۈل!

تاشگۈل چۆچۈپ ئويغىنىپ، ئۆزىنىڭ سازنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالغىنىنى، ئانىسىنىڭ ناشتىغا چاقىرغىنىنى بىلدى. ئۇنىڭ كاللىسى ئېغىرلاشقان بولۇپ، ئۆزىنى خاراموش سېزەتتى.

— تاشگۈل، تاماق يېۋالسىلا، قىزىم.

— قىزىم دەۋاتاملا؟

— ھەئە.

ئالتۇن خۇشبۇينىڭ «ئوغلۇم» دېمەي، «قىزىم» دەپ چاقىرغىنىغا تاشگۈلنىڭ ئاچچىقى كېلىپ يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئانىسىغا چاندۇرمىدى. ئارقىدىنلا تەرسالىق قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ، پىسەنتىگە ئالمىدى.

ئانا ئۇنى ئالدىرىتىپ قويۇپ چىقىپ كېتىشىگە، ئورنىدىن تۇرۇپ قاتتىق كېرىلدى. پەنجىرىدىن شۇڭغۇپ كىرگەن قۇياش نۇرى ئوتقاشتەك گىلەم ئۈستىدە يەنە بىر پەنجىرە ھاسىل قىلغان ئىدى. ئۇ ئارقىسىغا قاراپ، بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدىغان سازنى يالغۇز تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە كۆزى قىيمىدى ـ دە، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بولغان ئادەم يەنە كەينىگە يېنىپ كارىۋاتتىكى سازنى ئېلىپ، ئىككى پەدە چېلىۋەتتى. قىران يولۋاس بىلەن ئالتۇن خۇشبۇي ھەيرانلىق ئىچىدە يۈگۈرۈشۈپ كىرىپ، قىزىنىڭ بۇنداق ساز چالالايدىغانلىقىنى شۇ كەمگىچە كۆرمىگىنىگە ئۆكۈنۈشتى.

— چال، قىزىم، چال! — دېدى قىران يولۋاس ھاياجانلىنىپ.

— ئۆگىنىدىغان نەرسە بولسىلا ، سىلى تاشگۈلنى پەقەت توسمايلا جۇمۇ !

— كۆپ بىلگەننىڭ ھېكمىتىمۇ ئەلۋەتتە كۆپ بولىدۇ . ئادەمگە 72 خىل ھۈنەر ئارتۇقلۇق قىلمايدۇ دېگەن گەپ بار .

قىران يولۋاس شۇنداق دېگىنىچە ، ئالتۇن خۇشبۇي بىلەن چىقىپ كەتتى . تاشگۈل ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن چىقىپ ، يۈزىنى يۇيۇپ ناشتا قىلدى ...

بېلىق سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ ، قورسىقىدىكى سۇنى پۇرقۇپ چىقىرىشقا باشلىشى بىلەن تاشگۈل ئۇنىڭ قارنىغا چۈشۈۋالدى . ئەمدى ئۆزىنى سىقىلغاندەك ھېس قىلىپ ، نەپەس ئېلىشى قىيىنلىشىۋاتاتتى . بېلىق خېلى بىر چاغقىچە شۇ خىل ھالەتنى ساقلاپ ئۈزدى . ئەگەر بۇ يەنە داۋاملاشسا ئىشتىن چاتاق چىقاتتى . شۇڭا ، تاشگۈل بۇنىڭ ئامالىنى ئويلاپ ، بېلىقنىڭ قورساق دېۋارىغا پىچاقنى « گۈچ - گۈچ » تىقىۋىدى ، بېلىق شۇئان ئوك - دۈم بولۇپ ، ئىچىگە ھاۋا كىرىشى بىلەن تاشگۈل غەمدىن خالاس بولدى .

بېلىق كۈچلۈك دولقۇنغا دۇچ كېلىپ قاتتىق قېقىلغان بولسىمۇ ، تاشگۈل بىلەن ئەنجۈر دەرىخىگە ھېچقانداق زىيان يەتكۈزەلمىدى . بېلىق يەنىلا ئۈزۈپ كېتىۋاتاتتى . تاشگۈل كىگىزنى تۇتۇپ ، نەم ھالىتىنى ساقلاپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ يۆگىگەن چاغدىكىدەك تۇرغىنىنى بىلىپ خۇرسەن بولدى . بېلىق ھەربىر ئاچچىقلىغاندا تاشگۈل ساندۇقنىڭ بىر بۇلۇڭىغا سۈرۈلۈپ ، كۆپرەك جاينى ئەنجۈر دەرىخىگە قالدۇراتتى .

# ئەمدى مەن ئاجىز ئەمەس

تاشگۈل بىلەن بېلىق ئوتتۇرىسىدىكى يەم قىلىش ۋە يەم بولماسلىق كۈرىشى كەسكىن داۋام قىلماقتا ئىدى. بىرسى «يېۋەتتىم» دەپ كېرىلسە، بىرسى كېمە ئورنىدا پايدىلىنىپ سەپەرنى داۋام ئەتكۈزۈۋاتقىنىدىن خورسەن ئىدى. ھەر ئىككىسىنىڭ ئويلىغىنى ئۆزىگە توغرا ئىدى. بېلىقنىڭ شۇنچە كۆپ ئۈزگىنىگە تاشگۈل ئاللىبۇرۇن بىرەر مەنزىلگە يېتىپ بارسا بولاتتى. ئەمما، بېلىق بىر دائىرىنى ئايلىنىپ يولنى ئاۋۇتمايۋاتاتتى. بۇ، ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۆچمەنلىكنى كۈچەيتىپ باراتتى. بېلىق تاشگۈلنى سىقىپ شۈكلەشتۈرمەكچى بولسا، تاشگۈل دەرھال قارشى تەدبىر قوللىناتتى. تاشگۈل ئازراقمۇ رىيازەت چەككەندەك ھېس قىلمايتتى. ساندۇقتىكى ئەنجۈر دەرىخىمۇ ئازادە تۇپراقتا قىشلاۋاتقاندەك بەھۇزۇر ئۇخلىماقتا ئىدى. تاشگۈلمۇ، ئەنجۈرمۇ بۇ خىل مۇھىتقا كۆنۈپ ۋۇجۇدىدا كەلگۈسى ئۈچۈن ھاياتىي كۈچ توپلاۋاتاتتى. تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا باراقسان ئۆسكەن ئەنجۈر دەرىخى كېلىش بىلەن كۈچ-قۇۋۋىتى ئۇرغۇيتتى.

بېلىق تاشگۈلنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپ ھالدا چۆكۈپ، خادا تاشلار ئارىسىدا يېتىۋالدى. ئەمما، ئۇنىڭ خۇي كۆرسىتىشى تاشگۈل ئۈچۈن پەقەت نەپسى سىقىلغاندىن باشقا ھېچقانچە تەھدىت ئېلىپ كېلەلمىدى. ئۇ ئەنجۈر دەرىخنى ساق-سالامەت قۇرۇقلۇققا ئېلىپ چىقىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ تىركىشىشى يۇقىرى باسقۇچقا چىقىۋاتاتتى. ھايات-ماماتلىق ئوتتۇرىسىدىكى كۆرەش ئەنە شۇنداق

بولىدۇ. شەيئىلەر ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن بىر - بەرىگە باقمايدۇ. ھاياتلىق مانا مۇشۇ نۇقتىدا شاللاش - شاللىنىش، ئۇلغىيىش - زاۋال تېپىش يوللىرىنى بېسىپ راۋاجلىنىدۇ.

بېلىق ئاستا - ئاستا لەيلەپ سۇ يۈزىگە چىقتى. ئۇ ئاغزىنى يوغان ئېچىۋىدى، تاشگۈل ئاسمانىنىڭ بۇرجىكىدىكى يۇلتۇزلارنى كۆردى، ئۆزىنى گويا بېلىق قارنىدا ئەمەس، ئاشۇ غەمسىز يۇلتۇزلار بىلەن بىللە تۇرغاندەك ھېس قىلدى. بېلىق ئاغزىنى يۇمۇش بىلەن ئۇنىڭ قورسىقى ئىشىك - تۈڭلۈكسىز زەي ئۆيگە ئوخشىشىپ قالدى. تاشگۈل بۇنىڭلىق بىلەن روھىنى چۈشۈرمىدى، بەلكى ساندۇقنىڭ ئىچىگىرەك سىغنىقىپ ناخشا ئېيتىۋىدى، بېلىقنىڭ خۇيى تۇتۇپ ئوڭدىسىغا لەيلىۋالدى. ساندۇق بىلەن تاشگۈل كۆمتۈرۈلۈپ كەتكەن بولسىمۇ، شۇنداق بولۇشىنى ئالدىن سېزىپ ئۈلگۈرگەچكە تەدبىر قوللىنىپ ئەنجۈر دەرىخىنى مىدىرلىماي تۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇزاق ئۆتمەي بېلىق يەنە رۇسلاندى. تاشگۈلمۇ بۇنىڭغا ئەگىشىپ ئۆزىنى ۋە ساندۇقنى ئوڭلىۋالدى. بېلىق سۇنى يېرىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى...

ھېلىقى كۈنى ياغقان مۆلدۈر ئارىلاش يامغۇردىن كېيىن پالۋان دېرەكسىز يوقىلىپ كېتىپ، تاشگۈل ئەنسىرەپ ئىزدەپ چىققان ئىدى. قوزا چۈش مەزگىلى بولۇپ ھاۋا قاتتىق ئىسسىپ كەتكەن بولسىمۇ، تاشگۈل بۇنچىلىك ئىسسىققا پىسەنت قىلمىدى. ئەمما، كۈن تىكلىشىشى بىلەن ئەتراپ ئوتىنى تارتىۋەتكەن تونۇرغا ئوخشىشىپ قالدى. ئاتىنىڭ ھەر تال تۈكىدىن مىڭ تامچە تەر چىقىپ، سۇغا پىشقاندەك بولۇپ كەتكەن ئىدى.

تاشگۈل بىر يارداڭلىقنىڭ تەسكىيىگە كەلگەندە ئاتتىن چۈشتى. تىنىقى يېتىشمەي بۇرۇنلىرى كېرىلىپ كەتكەن ئات سەل ئارام تاپقاندەك بولدى. تاشگۈل ئاپتاپنىڭ چېقىپ كېتىشىدىن پاناھلىنىش ئۈچۈن، پالۋاننىڭ چەكمىنىنى سايە ئەتتى ۋە سايىدا ياتتى. چەكمەندىن پالۋاننىڭ خۇش ھىدى كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ تۇرۇپلا چەكمەننى يۈز - كۆزلىرىگە

سوركەپ قاناي ھىدلىدى ، ئاندىن ئۇ پالۋاننىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ ئاتلىق يۈرۈپ كەتتى .

شۇ كۈنلەردە قىران يولۋاس بىلەن ئالتۇن خۇشبۇي مۇمكىن بولمايدىغان ئىشقا جاھىللىق قىلىۋاتقان تاشگۈلنىڭ بىر يىگىت بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقىنىنى ئۇقۇپ قەۋەتلا خورسەن ئىدى . ئۇلار تاشگۈلنىڭ پالۋان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىدىن خەۋەر تاپقاچقا ، بۇ ئىشقا ئارىلىشىۋالماسلىق پوزىتسىيىسىنى تۇتتى ، بەلكى ئىككىسىنىڭ بالدۇرراق توي قىلىپ ، ئاتا - ئانىسىنىڭ غېمىنى تۈگىتىشىنى ئارزۇ قىلىشتى .

— قىزىمىز مۇشۇ يەرلىك يىگىتلەردىن بىرەرسىنى تاللىسا تازىمۇ جايىدا ئىش بولاتتى ، — دېدى ئالتۇن خۇشبۇي .

— سېنىڭ نىيىتىڭدىكىدەك بولسا ، ئۇ مەڭگۈ ئوغۇللۇق دەۋاسى قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەن بولاتتىمىكىن دەيمەن .

— ئۇنداق بولۇپمۇ كەتمەستى .

— خوتۇن ، گەپ توي قىلىشتىلا ئەمەس ، بەلكى كىم بىلەن قانداق توي قىلىشتا .

— ھەر ئادەمنىڭ ئويلىغىنى بولىدۇ دېمەكچىمۇ سىلى ؟

— توغرا . مەنمۇ ئەسلىي پالۋاننىڭ يۇرتىدىن بۇ يەرگە خوتۇن يەرلىكى بولۇپ كەلگەن ئەمەسمىدىم .

— بولدى ، كونا خامىنىنى سورۇمىسىلا ، ئۆز ۋاقتىدا ھەر ئىككىمىزنىڭ تۇغقانلىرى ئاتا - ئانامنىڭ تۇتقان جاھانىنى ۋەيران بولۇپ كەتمىسۇن دەپ بېشىمىزنى چېتىپ قويغان ئىدى .

— بىز ئۇلارنىڭ ئىگىلىكىنى روناق تاپتۇردۇققۇ ؟

— سىلىنى تېرىكتۇرەي دەپ چاقچاق قىلىپ قويدۇم . ئەگەر ئاشۇ تاغلا بولمىسا ، ئىككىسى بىر يۇرت دېسىلە .

— بۇنىڭدىن كېيىن « خوتۇن يەرلىكى » مەزمۇنىدىكى گەپلەرنى قىلساڭ ، چەكمىنىمنى دولامغا سېلىپ چىقىپ كېتىمەن جۇمۇ بۇ ئۆيدىن !

— توختىسىلا .

— نېمە ئىش ؟

— ئاتىنىڭ كىشنىشى ئاڭلىنىۋاتىدۇ .

— بىزنىڭ ئاتنىڭما ؟

— شۇنداق ، تاشگۈلنىڭ ئېتى .

ئۇلار بىللىلا ھويلىغا چىقىشتى ...

بېلىق قاتتىق سىلكىنىپ ، تاشگۈلنىڭ خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . ئۇ ئۆز سەپىرىدە ئىلگىرىلەش بولۇۋاتقان - بولمايۋاتقىنىنى بىلەلمەي جىلە بولاتتى . بېلىققا ھەربىر پىچاق سانجىغاندا بۇ پەقەت قارشىلىشىشقىلا سەۋەب بولۇپ ، ھەر ئىككىسىگە نىسبەتەن بىھۇدە ئىشتەك تۇيۇلدى . بۇنىڭدىن ئازابلاش بىلەن ئازابلىنىشتىن باشقا نەتىجە چىقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى . تاشگۈل ئەمدى بېلىققا يول قويۇش قارارىغا كەلدى . بۇ قانداقتۇر بېلىقتىن قورققانلىقتىن ئەمەس ، بەلكى ئەنجۈر دەرىخىنى ساق - سالامەت ئەكېتىۋېلىش ئۈچۈن ئىدى . بۇ يەنە رەقىبتىن ئۈنۈملۈك پايدىلانغانلىق ھېسابلىناتتى . شۇڭا ، تاشگۈل « تەقدىر بىلەن ھەپىلىشىشتىن كۆرە تەدبىر ئىزدىشىم كېرەك » دەپ ئويلىدى . تاشگۈل ئەمدى بېلىقنىڭ قارنىدا تۇرۇۋېرىشنى بىر خىل تۇيۇق يول دەپ بىلىپ ، بېلىقنىڭ كەينىگە كىرىپ ئاۋارە بولماسلىق نىيىتىگە كەلدى . تاشگۈل ئۇۋچى ئىدى ، ئۇۋچى بولغاندىمۇ كۆز يېتىم يەردىكى ھەرقانداق ئولجىنى قولدىن بېرىپ قويمايدىغان ئۇۋچى ئىدى . ھازىر بېلىقنىڭ قارنىدا نېمە قىلالىدى ؟ تاشگۈلنىڭ سەۋر - تاقىتى چېكىگە يەتكەن بولۇپ ، يەنە مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا ، بارا - بارا بېلىق قارنىدىن چىقىپ كەتكۈدەك ماجالىمۇ قالمايتتى . بۇنى دەڭسەپ كۆرگەن تاشگۈل بېلىقنىڭ ئاغزىدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ گېلىنى غىدىقلىدى ، ئەمما بېلىق جاھىللىق قىلىپ ئاغزىنى ئاچقىلى ئۇنىمىدى . تاشگۈل خېلى تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ ، بۇ مەخلۇق ياخشى كۆڭۈلنى چۈشەنمەيۋاتاتتى . بۇ ماھىيەتتە ئادەم بىلەن ھايۋان ئوتتۇرىسىدىكى مۇرەككەپ زىددىيەت ئىدى . تاشگۈل ئاخىر ئۆزى ساندۇقتىن چىقىپ ، ساندۇقنىڭ ئېغىزىنى ھىم

ئەتتى ، ئاندىن : « ئى بىلىق ، مېنىڭ مەقسىتىم سېنى تىرىك قويۇش ئىدى ، ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشەنمىدىڭ ، ئەمدى مەن ھەرگىز ئاجىز ئەمەس ! » دەپ ، بېلىقنىڭ قارنىنى پىچاقتا يېرىپ ، ساندۇق بىلەن ئۆزىنى مەھكۇم ھالەتتىن قۇتقۇزدى .

تاشگۈل بېلىقنىڭ قارنىدىن قۇتۇلۇپ ساپ ھاۋادىن قېنىپ - قېنىپ نەپەس ئالدى . ساپ ھاۋا ئۇنى باشقىچە جۇشقۇنلاشتۇردى . ئۇ ئەتراپقا ئوبدان قاراپ ، شامالدا ھاسىل بولغان دولقۇنلارنىڭ يۆنىلىشىنى پەرق ئېتىۋالدى - دە ، يۇلتۇزلارنىڭ غۇۋا يورۇقىدا مەنزىل تامان ئۈزۈشكە باشلىدى ...



# ئىت ۋاپا

تاشگۈل ناھايىتى تەستە ئۈزۈپ، ساندۇقنى قىرغاققا سۆرەپ چىقتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قۇرۇقلۇققا بولغان قەلب تەشنالىقىنى تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايتتى. ئۇ نەم تۇپىنى ئوچۇملاپ ئېلىپ يۈز - كۆزلىرىگە سۈرتۈپ كەتتى، ئاندىن ساندۇقتىن ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ بىر بەلەن تۈرغانلىقىنى كۆرۈپ، بويىدا بار چوكان تىنچ - ئامان يەڭگىگەندەك خۇشال بولدى - دە، ئەنجۈر دەرىخىنى تۇپراق بىلەن قوشۇپ باغاشلىدى، قەلب ئىزھارلىدى. ئەنجۈر دەرىخى سەلكىن شامالدا يېنىك تەۋرىنىپ «ئىنكاس» قايتۇردى.

تاشگۈل بېلىق قارنىدا شۇنچە ئۇزاق تۇرغانلىقتىن، بېلى مۈكچىيىپ، پەيلىرى تارتىشىپ قالغان ئىدى. شۇڭا، يەرگە ئۆزىنى تاشلاپ سوزۇلۇپ يېتىپ، بىرپەس ھاردۇقىنى چىقىرىۋالدى. ئەتراپ قاراڭغۇلۇق قوينىغا غەرق بولغان بولۇپ، دېڭىز دولقۇنىنىڭ شارقىرىشى ئۇنى جىمجىتلىقنى بۇزۇپ تۇراتتى. تاشگۈل قۇرۇقلۇق تامان ئىچكىرىلەپ ماڭدى. يېقىنلا يەردە گۇمۇرۇلۇپ چۈشكەن گەمىلەرنىڭ خارابىسى كۆرۈندى. يەنە ئازراق مېڭىۋىدى، قوغۇنلۇقنىڭ قېشىدەك پومزەكلەر كۆزىگە چېلىقتى. تاشگۈل بۇنى «مازارلىق بولسا كېرەك» دەپ پەرەز قىلدى. ئۇن قاراڭغۇسىدا ئادەم سىياقىدىكى گەۋدىلەرمۇ كۆرۈنۈۋاتاتتى. تاشگۈل نېمىلا بولمىسۇن چاقىرىپ باققان ئىدى، ھېچقانداق سادا چىقمىدى. بۇ گەۋدىلەر بىر قارىسا ئالۋۇندەك لىغىلدايتتى، بىر قارىسا ئېزىتقۇلاردەك مىدىرلايتتى، نەچچە يۈزى بىرلىشىپ بىرەر تىكەن چاغلىق نەرسىنىمۇ كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى. ئەتراپ ھېچنېمە يوقتەك تىپتىنچ ئىدى.

تاشگۈل يەنە چاقىرغان ئىدى، بۇ نۆۋەت ئىتنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى. لېكىن، تاشگۈل ئۇنى «ئىت سۈرەتلىك ئەرۋاھ بولسا كېرەك» دەپ ئېرەنشىمىدى. ئىت كەينى - كەينىدىن قاۋىغاندىلا، بۇ يەردە ئىتنىڭ بارلىقىغا ئىشەندى ۋە ئىتنى چاقىردى. ئۇزاقتىن بۇيان مۇنداق چاقىرىلىپ باقمىغان ئىت ئۆز ئىگىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك ھېچنېمىگە قارىماي چېپىپ كېلىپ، ئىككى پۇتىنى تاشگۈلگە ئالغىنىچە قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى، تاشگۈلمۇ باش - قۇلاقلىرىنى سىلاپ قويۇۋىدى، قىلغىلى قىلىق تاپالماي غىڭشىغىنىچە ئەركىلەپ بەردى. ئىت بەك ئورۇقلاپ كەتكەنلىكتىن دۈمبىسى ياغاچتەك ئىدى. نېمىلا بولمىسۇن ئىككى جاھانكەزدىنىڭ تۈن كېچىدە بۇ ساھىلدا ئۇچرىشىپ قېلىشى ھەقىقەتەن مۆجىزە ئىدى.

تاشگۈل ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ساندۇق قېشىغا كەلدى. ئىت ساندۇقنى ژىنداپ، ئۇنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ چىققاندىن كېيىن قاۋاپ قويدى. تاشگۈل ھايۋان بولسىمۇ ئۆزىگە ھەمراھ تېپىلغىنىدىن خۇرسەن ئىدى. خاتىرجەم بولغىنىدىن ئۇنى ئۇيقۇ باستى. ئۇ بىر قولىدا ساندۇقنىڭ بۇرجىكىدىن تۇتقىنىچە يانپاشلاپ ئۇيقۇغا كەتتى. ئىتمۇ ساندۇققا يېقىن كېلىپ، بېشىنى ئالدى ئىككى پۇتىغا قويۇپ ياتتى.

تاشگۈلگە قاتتىق ھارغىنلىق يەتكەنلىكتىن لايدەك ئۇخلاپ كەتتى. ئىت ياتقان يېرىدىن مىدىر - سىدىر قىلماي ساندۇقنى ساقلىدى. قاتتىق ئۇخلاۋاتقان تاشگۈل ئىتنىڭ قاۋىشى بىلەن ئەندىكىپ ئويغىنىپ، ساندۇقنىڭ جايىدا تۇرغىنىنى كۆرۈپ يۈرىكى جايىغا چۈشتى. قۇياش ئارغامچا بويى كۆتۈرۈلگەن ئىدى. ئىت چۆگۈندەك بىر بېلىقنى چىشلەپ ئەكېلىۋاتاتتى. بۇنىڭدىن ئىپتىخارلانغان تاشگۈل: «ئىت بولسىمۇ مېنىڭ ئۆلۈكتىن ياخشىكەن جۇمۇ» دېدى ئىچىدە مازارغا قاراپ، ئاندىن ئىتنىڭ ئاغزىدىن توختىماي پىلتىڭلاۋاتقان بېلىقنى ئېلىپ: «ئەنجۈر دەرىخى بىلەن ساندۇقنى ھېسابقا ئالغاندا بىز ئۈچ ئىدۇق، قۇرۇقلۇققا چىقىشىمىزغا ئىت قېتىلىپ تۆت بولدۇق. ئەمدى سەن قېتىلدىڭ، بەش بولدۇق. ئى

*بېلىق، تۆتىمىزنىڭ بۇ چۆللۈكتىن چىقىپ كېتىشىمىز ئۈچۈن قۇربان بېرىدىغان بولدۇڭ!» دېدى.* بېلىق بولسا شېرىن جېنىدىن كەچكۈسى يوقتەك ئاغزىنى ماكىلداتقىنىچە پىلتىڭلىدى، شۇنداقتىمۇ تاشگۈل ئۇنىڭ قارنىنى يېرىپ ئىچ باغرىنى ئالدى، ئاندىن ئەتراپتىن چاۋار - چاتقال تېرىپ، ئۆزىنىڭ ئوت هاسىل قىلىش ئۇسۇلى بويىچە تۇتاشتۇرۇپ، هاياتلىق يىراقلىغان بۇ ساهىلدا گۈلخان سالدى ۋە بېلىقنى چوكا ياغاچلارنى سانجىپ يالقۇنغا قاقلىدى. بېلىق پىژىلداپ پىشىپ ئەتراپنى مەززىلىك كاۋاپ هىدى قاپلىدى. ئىتمۇ كاۋاپنىڭ هىدىنى ئېلىپ تۇرالماي قىلىۋاتاتتى.

تاشگۈل بېلىق كاۋىپىنىڭ بىر پارچىسىنى ئىتقا بېرىپ، قالغىنىنى ئۆزى يېدى. پىشۇرۇلغان بېلىق گۆشى ئىتقا بەك تېتىپ كەتتى بولغاي، تىلىنى ئىككى غېرىچ چىقىرىپ تەمەددە هە دەپ ئىتتىلەتتى، قانائەتتىن ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ ئاخىرىدا سۆڭەكلەرنى يەپ ئارام تاپتى. تاشگۈل قورساقنى توقلاپ ماغدۇرىغا كەلگەندىن كېيىن پىچاقنى ئىتتىكلىتىپ، ئىتنىڭ ئۆسەك يۇڭىدىن قىرقىپ تانا ئەشتى، ئاندىن دېڭىز ساهىلىغا بېرىپ، ساندۇقنىڭ قاغا تۇمشۇقنى تانىنىڭ بىر ئۇچىدا چىگىپ، يەنە بىر ئۇچىنى ئىتنىڭ بوينىغا چانا قاتقان ئۇسۇلدا چىگىپ، ساندۇقنى سۇغا سالدى. شۇنداق قىلىپ، ئىتقا ساندۇقنى سۆرىتىپ، ئۆزى ئارقىسىدىن ماڭدى. ئانچە كۆپ ئۆتمەي دەريانىڭ دېڭىزغا قۇيۇلىدىغان دىلتىسىغا يېتىپ كەلدى. دىلتىدا سۇ دولقۇن ياساپ ئېقىۋاتاتتى. تاشگۈل ساندۇقنى ئاۋايلاپ ئۆتكۈزۈپ، دەريا ئېقىنىغا چىقتى. ئىت ئەمدى ساندۇقنى دەريا ياقىسىنى بويلاپ سۆرىدى. ئېقىنغا قارشى سۆرەلگەن ساندۇق كەينىدە ئاپئاق بۇژغۇنلار هاسىل بولاتتى. مېڭىپ - مېڭىپ مەلۇم جايغا بارغاندا، تاشگۈل ساندۇقنى سۇدىن چىقىرىپ ئەنجۇر دەرىخىنى ئالدى ۋە يىلتىزلىرىنى تاتلىق سۇ بىلەن يۇيۇپ پۇختا ئوراپ ساندۇققا قايتا سالدى، ئاندىن خاتىرجەم بولۇپ يۈرۈپ كەتتى...

تاشگۈل پالۋان بىلەن توي قىلىپ بىر بەختلىك ئائىلە قۇرغان

ئىدى. ئۇ ئاياللىق بۇرچىنى ئادا قىلىۋېتىپ ئۇۋغا چىقاتتى، پالۋانمۇ ئۇۋدىن قالمايتتى. ئۇلار ئۇۋ ئۇۋلاش بىلەن دورا ئۆسۈملۈكى يىغىشنى بىرگە ئېلىپ باراتتى. ئەر - خوتۇن ئۆي ۋە سىرتنىڭ ئىشلىرىدا شۇنداق ماسلىشىپ تۇرمۇشنى مەنىلىك ئۆتكۈزمەكتە ئىدى.

ئۇزاق ئۆتمەي تاشكۆلنىڭ بويىدا قالدى. ئۇلار بۇنىڭدىن قەۋەتلا خۇشال بولۇشتى. چۈنكى، ئەۋلاد قالدۇرۇش قەدىمنى مۇۋەپپەقىيەتلىك بېسىش ھەرقانداق ئاتا - ئانىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش ئىدى. تۇرمۇش ئالدىراشچىلىقىدا ۋاقىت بىلىنمەي ئۆتۈپ بالىمۇ تۇغۇلدى، بالا ئوغۇل بولۇپ، بۇ ئۇلارنىڭ بېشىنى كۆككە يەتكۈزدى. ئىككى تەرەپ مەسلىھەتلىشىپ، ئىسمىنى باتۇر قويدى. ئوغۇللۇق ھەم قىزلىق تەرەپ نەۋرىسىنى كىچىكىدىن باشلاپ ياخشى تەربىيىلەپ ھەقىقىي باتۇر ئەۋلاد قىلىپ چىقىش ھەققىدە ئەھدە تۈزۈشتى. قولۇم - قوشنىلارمۇ ئۇلارنىڭ خۇشاللىقىغا ئورتاق بولۇشتى. ئەمما، يازنىڭ قىشى، كۈلكىنىڭ يىغىسى، خۇشاللىقنىڭ خاپىلىقى بولغاندەك، ئۇلارنىڭ خۇشاللىقلىرى ئۇزاققا بارمىدى. بىر قېتىملىق قاتتىق يېغىندا تاغ ئۈستىدىكى كۆللەردە تاشقىن يۈز بەردى، كۆل - كۆلگە قېتىلىپ دېڭىزنى شەكىللەندۈردى، ئاخىر بېرىپ يۇرت سۇ ئاستىدا قالدى. خاقان، ھاكىم - بەگلەردىن تارتىپ ئاددىي پۇقراغىچە جېنىنى ئېلىشقا ئۈلگۈرەلىگەنلەر ھەممىسى تاغقا چىقىۋېلىشتى؛ خېلى ۋاقىت ئۆتۈپ سۇ جىمىغاندا يۇرتقا قايتىپ كېلىپ ماكانلىرىنى قايتىدىن قۇرۇشقا كىرىشتى. خاقان يۇرت - يۇرتتىن ئەمگەك كۈچى چىقىرىپ تاغ ئۈستىدىكى كۆللەرنىڭ يارلىرىنى ئەتكۈزدى. ئۇلار بەرپا قىلغان چوڭ توسمىلار ۋاقىتىنچە شۇنچە پۇختىدەك قىلغىنى بىلەن، كېيىنكى يېغىن ئايلىرىدا يەنە يار كەتتى. ئېكىن يەرلەرنىڭ ھەممىسى شېغىل - تاش ئاستىدا قالدى. ئەسلىدىكى دېڭىز ئۆرلەپ كىشلەرنى تاغلارنىڭ بېلىگە قىستاپ تۇراتتى. خاقان خەلقلەرنىڭ كېيىنكى كۈنلىرىنى نەزەرگە ئېلىپ، سۇدىن ئامان قالغان ئازغىنا زېمىننى بىر قىسىم پۇقرالارغا تاشلاپ بېرىپ، قالغانلارنىڭ يىراق يۇرتلارغا كېتىشىنى مۇۋا-

پىق كۆردى. خاقاننىڭ ئەمرىگە قورساق كۆپۈكى بار بەزى مىرشەبلەر خەلققە يامان كۆزىدە قارىدى. بەزىلەر كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتىدىن ئايرىلىغۇسى كەلمەي ھەسرەت ئوتىدا يېنىشتى. بەزى بەگلەر ئۆز ئادەملىرى بىلەن غىجىرلاشتى. چېكىدىن ئاشقان غىجىرلىشىشلار لەشكەرلەر بىلەن يۇقرالار ئارا توقۇنۇش پەيدا قىلدى. يەنە بەزى ئوردا ئەمەلدارلىرى ئىشىنىڭ تېگى - تەكتىنى ئۇقۇپ - ئۇقمايلا ئوردا ئىچىدە پىتنە - ئىغۋا تارقىتىپ، زىددىيەتنى چوڭايتىۋەتتى. بۇ ماجىراغا سەۋەب بولغۇچىلاردىن بىرقانچىسىنىڭ كاللىسى كەتتى، سەۋر - تاقەت چېكىگە يەتتى. توقۇنۇش جەريانىدا پالۋان بىلەن تاشگۈل بىر تۈركۈم ئەل دۈشمەنلىرىنى يەر چىشلەتتى، بەزىلەر «خەۋپنى مۆلچەرلەپ چېكىنگەن» بولۇۋېلىپ، بىر كېچىدە تۇيۇقسىز باستۇرۇپ كېلىشتى. ئۇلارنىڭ غەرىزى پالۋان بىلەن تاشگۈلنى تۇتۇش ئىدى. كۈتۈلمىگەندە ئايغاقچىلاردىن بىرى بۇ خەۋەرنى پالۋاننىڭ ئائىلىسىگە يەتكۈزۈپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، پالۋان بىلەن تاشگۈل ئىككى ئاتقا مىنىپ قېچىپ كەتكەن ئىدى...

تاشگۈل بىردىنلا ئېسىنى يىغىپ، ئۆزىنىڭ ئىتقا ساندۇقنى سۆرىتىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆردى. ئۇ باياتىن خىيال قاينىمىدا قىرنى بويلاپ قانچىلىك يۈرگىنىنى بىلمەيتتى. يولغا چىقىپ بىر كېچە - كۈندۈز بولغاندا دەريا ياقىسىدىكى چەكسىز كەتكەن دەشت - باياۋانغا يېتىپ كەلگىنىنى بىلدى. دۆۋە - دۆۋە قۇم بارخانلىرى باينىڭ خامىنىدەك چوقچىيىپ تۇراتتى. قۇملار شامالدا توختىماي كۆچەتتى. خېلى يول باسقاندىن كېيىن قۇم دۆۋىسى كەينىدىن چۇقان - سۈرەنلەر ئاڭلاندى. ئۇزاق ئۆتمەي ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرى ۋە چاپچىشلىرى قۇلاق - مېڭىنى يېپىشكە باشلىدى. ئىت بىردىنلا قۇلاقلىرىنى دىڭگايتىپ توختىدى - دە، ئارقىدىن قاۋاپ كەتتى.

خەۋپ - خەتەر كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى. تاشگۈلنىڭ يۈرىكى ئېغىپ، ئىتنى بوشىتىپ قويىۋەتتى، ئۆزى ساندۇقنى قۇمغا كۆمۈۋېتىپ، ئىتنى ئەگەشتۈرۈپ ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك بۇ يەردىن يىراقلاشتى.

ئەنسىز ۋارقىراشلار كوچەيمەكتە ئىدى . ئىتمۇ قوۋۇقنى چىتىغا تىقىپ ئاران كېتىۋاتاتتى . تاشگۈل سەزگۈر هايۋاندىكى بۇ خىل ئۆزگىرىشكە قاراپ ، يامانلىقنىڭ يوپۇرۇلۇپ كەلگىنىنى قىياس قىلدى ـ دە ، دەريا يا-قىسىدىن يىراقلاشقا مەجبۇر بولدى . ئەمما ، ئۇ ئۆزىگە يېتىدىغان خەتەر بىر ياندا قېلىپ ، جېنى بىلەن ئوخشاش تۇرىدىغان ساندۇقتىن ئەنسىرەۋا-تاتتى . شۇڭا ، هەر ئېهتىمالغا قارشى ماڭغان ئىزنى ئۆچۈرۈپ ماڭدى .

چاچ ـ ساقاللىرى ئۆسۈپ كەتكەنلىكتىن كۆز ـ ئېغىزلىرىنىمۇ پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان بىر توپ ئاتلىق ئادەم كالتەك ـ توقماقلىرىنى پۇلاڭلاتقىنىچە قۇم دۆۋىسى كەينىدىن چىقىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بېلىق تېرىسىدىن ، بەزىلىرى باشقا هايۋانلارنىڭ تېرىلىرىدىن كالتە ئىشتان كىيىۋالغان بولۇپ ، ئۇچىسى يالىڭاچ ئىدى . ئۇلار تاشگۈل بىلەن ئىتنى كۆرۈپ ، گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان هالدا قىيا ـ چىيا قىلىشىپ ئاتلىرىنى بوراندەك چاپتۇرۇپ كېلىشتى ۋە يېقىنلاشقانسېرى تاشگۈل بىلەن ئىتنى هالقىسمان ئورىۋالدى . تاشگۈلنىڭ يېنىغا كەلگەندە ئاتلى-رىنى توختىتىپ ، ئۈچ ئادەم تەڭلا ئاتتىن چۈشتى . ئۇلارنىڭ ۋەهشىيانە پەيلىدىن قورقۇپ كەتكەن ئىت قوۋۇقنى چىتىغا تىخمۇ ئىچكىرى تى-قىپ غىڭشىدى . ئۇ هە دەپ ئۆزىنى تاشگۈلگە سۈۋاپتتى .

— قەيەرلىك خوتۇنسەن ! ؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرى .

— مەن بىر ئاشىق ! — ئىنكاس قايتۇردى تاشگۈل .

— ئاشىق هەرگىز سەندەك بولمايدۇ !

— ئەمسە سىلەردەك بولامدۇ ؟

— توغرا ، بىزدەك بولىدۇ !

ئارىدىن بىرسى گەپكە ئارىلىشىپ قۇتراتقۇلۇق قىلدى :

— ئۇ بىزنى زاڭلىق قىلىۋاتىدۇ .

باشتا گەپ قىلغىنى شېرىكىنىڭ گېپىنىڭ بېلىگە تەپتى :

— ياق ، هەممىمىزنىڭ يولى بىر دەۋاتىدۇ !

— بىزگە دەل سەندەك ئايال ئاشىق كېرەك ، — دېدى بىرى سەت

ھىجىيىپ .

ئۇلار تاشگۇلنى تۇتۇپ ئاتقا مىندۇرمەكچى بولۇۋىدى ، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇشقا ئۇرۇنغان بىرسىنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى . بۇنى كۆرۈپ ئىتقىمۇ بىردىنلا جان كىردى - دە ، قۇيرۇقىنى چاتىرىقىدىن چىقاردى . ئۇ ئەمدى تاشگۇلگە ھەمدەم بولۇپ ، قاراقچىلارنى تالاشقا باشلىدى . ئەتراپتا قاراپ تۇرۇشقانلار تاشگۇلنىڭ ئادەتتىكى ئايال ئەمەسلىكىنى بىلىپ ، يەنە ئۇچى ياردەمگە كەلدى . بۇنىڭ بىلەن ئىتنى ھېسابقا ئالمىغاندا بىرگە ئالتە بولغان ئىدى ، ئۇلار بىلەن ئېلىشىش تەسكە توختايتتى ، قېچىپ قۇتۇلۇش تېخى مۇمكىن ئەمەس ئىدى . تاشگۇل ئىتنىڭ باش - كۆزلىرىنى سىلاش ئارقىلىق مۇددىئاسىنى ئۇقتۇرۇپ ، ئۆزىگە ئۇبدان ياردەمچى قىلدى . ئادەم بىلەن ھايۋاننىڭ بۇنداق كۈچ بىرلىكى ئاسان ۋۇجۇدقا چىقىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى . قاراقچىلارنىڭ بىرنەچچىسى يەر چىشلىدى . قالغانلىرى ئادەمدىن كۆرە ئىتنىڭ سۈرىدىن قورقۇپ يېقىن كېلەلمىدى . ئاتلىقلارنىڭ ئاتامانى تاشگۇلنىڭ جاسارەت ھەم پەمىدىن ھەيران قالدى . « بۇنداق 30 ئادەمنى بېقىپ ئاۋارە بولغىنىمدىن كۆرە ، 30 ئەرگە تېتىيدىغان بۇ ئايالنى ياخشى مۇئامىلە بىلەن قولغا چۈشۈرۈۋالسام ، ھەم ھەرقانداق ئىشقا ياراي-دۇ ، ھەم خوتۇن قىلسامۇ بولىدۇ ئەمەسمۇ » دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە . شۇنىڭ بىلەن قول ئاستىدىكىلەرگە تاشگۇلنى زىيان - زەخمەت يەتكۈز-مەي تۇتۇش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى . ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە تاشگۇل پوت - قولىنى تەڭ ئىشقا سېلىپ يېقىن يولاتمىدى ، ئىتمۇ بوش كەلمەي ئالدىغا كەلگەننى چىشلەپ تاشلىدى . ئەگەر شۇ تاپتا تاشگۇلنىڭ سالما ، ئوقيا ، ئات دېگەندەك جەڭ قوراللىرى بولغىنىدا دۈشمەنلىرى قارشىلىشىش تۈگۈل ئالىيىپ قاراشقىمۇ پېتىنالمىغان بولاتتى . ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر تاشگۇلنىڭ مادارى ئۈزۈلگەن ، ئۇزاق داۋاملاشقان سەپەر رىيازىتى ئۇنى ھالىدىن كەتكۈزگەن ئىدى . شۇڭا ، قاراملارچە ئېلىشىسا ھەرگىز تەڭ كې-لەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى . شۇنداقتىمۇ تېگى - تەكتىنى ئۇققىلى بولمايدىغان بۇ ئادەملەرگە تاقابىل تۇرۇپ ئەنجۈر دەرىخى ئۇچۇن بولسىمۇ

جانىنى قۇتقۇزمىسا بولمايتتى. تاشگۈل غەيرىتىنى ئۇرغۇتۇپ، ئوتتۇرىدا چاقپەلەكتەك پىرقىراپ يۈرۈپ بىرقانچىسىنىڭ پۇت - قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى ۋە بەدىنىدىن قولىغا ئىلىنىشىپلا قالغان يەرنىڭ گۆشىنى يۇلۇۋالدى. يولىنى توسقانلارغا شىددەتلىك مۇشت - پەشۋا ئېتىپ قاچۇردى. تاشگۈلنىڭ مەقسىتى بىرەر ئاتقا يېقىنلاپ مىنىپلا قېچىش ئىدى. ئەمما، بۇ ئاسانغا چۈشمەيتتى. دېگەندەك، تاشگۈل قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىۋاتقاندا ئىككىسى ئېتىلىپ كېلىپ تۇتۇۋالدى. تاشگۈل چاقچاقلىق بىلەن يەردىن بىر سىقىم قۇمنى ئېلىپ رەقىبلىرىنىڭ كۆزىگە چېچىۋەتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاش ئۈچۈن قوللىرىنى بوشاتقاندا تاشگۈل بوشىنىۋالدى. ئەمما، ئۇ ئىككىسى يالغاندىن يىقىلغان بولۇۋېلىپ، بىردىن پۇتىغا ئېسىلىۋالدى. شۇ پۇرسەتتە، قالغان ئادەملەر ئۈششۈك ھەرىلىرىدەك كېلىشىپ تاشگۈلنى تۇتۇۋېلىشتى. ئۇلار تاشگۈلنىڭ پۇت - قولىنى ماتاپ باغلاپ، ئاتقا ئارتتى، ئاندىن كەلگەن يولى بىلەن چەكسىز قۇملۇققا راۋان بولۇشتى. ئىتمۇ تاشگۈل ئارتىلغان ئاتنىڭ كەينىدىن ئىز بېسىپ ماڭدى.

ئۇلار تۈن يېرىمدا ئارامگاھىغا يېتىپ كېلىپ، ئاتلىرىنى ئۈستى ئوچۇق گەمىگە سوۋۇتۇشتى. ئۇلارنىڭ ئاتامانى مىنگەن ئات ئالاھىدە بولغاچقا، باشقىلىرىغا قوشماي ئايرىم يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇلدى. تاشگۈل ھەممىنى كۆرۈپ تۇراتتى، ئۇلار تاشگۈلنى چەترەكتىكى گەمىلەردىن بىرىگە ئەكىردى. بىردەمدىن كېيىن بىر ئايال كىرىپ ئوت قالىغاندىلا قاراڭغۇ گەمە ئازراق يورۇدى. تاشگۈل ئوت يورۇقىدا ئۇنىڭ ئۆزىگە تاماق ئېلىپ كىرگىنىنى بىلدى.

— تاماق يە! — دېدى ئايال قاچىنى تاشگۈلنىڭ ئالدىغا قويۇپ.

— بىر ئاجىزە ئىكەنلىكىمگە قارىماي پۇت - قولۇم باغلاقلىق تۇرسا تاماقنى قانداق يېيەلەيمەن؟ قارىسام سىلىمۇ بىر ئاجىز مەزلۇم ئىكەنلا.

— سەن تاماق يېمىسەڭ، مېنىڭ كۈنۈم تەس بولىدۇ. ھە راست،

ئاتامانىنىڭ دېيىشىچە ئۇ سېنى تونۇيدىكەن .

— نېمە ؟ ئۇ مېنى قانداق تونۇيدىكەن ؟

— قاچانلاردىدۇر بىر قېتىم ئەر - خوتۇن ئىككىڭلار ئۇنىڭ بىلەن سەپەرداش بولۇپتىكەنسىلەر . شۇ چاغدا ئۇنىڭغا بىر ياۋا ئاتىنى باشقۇرۇش - كۆندۈرۈشنى ئۆگىتىپ قويۇپتىكەنسىلەر .

— توغرا ، بىز ئارالغا كېتىۋېتىپ ، قىيىن ئەھۋالدا قالغان بىر يولۇچىغا يولۇققان ، ئۇنىڭغا شۇنداقلا قاراپ قويغان ئىدۇق . بۇ تۈزكورنىڭ قارا يۈزلۈك قىلىپ خۇپسەن بولۇۋالغىنىنى كۆرمەمدىغان . ئۇ چاغدا ئانچە ساقاللىق ئەمەس ھەم ئورۇقراق ئىدى . تەن قويۇپ ، ساقىلىنى ئۆستۈرۈۋالغاچقا تونۇماپتىمەن . ئۇنىڭ ئۈستىگە مەندىن يىراق تۇرۇشىدا گەپ بار ئىكەن - دە !

— ئۇنىڭدا يامان نىيەت يوقتەك قىلىدۇ ، گېپىنىڭ ئورامىدىن قارىغاندا شۇ چاغدىلا قالتىس جوۋان ئىكەنلىكىڭنى پەملەپ قالغان ئىكەن . بۈگۈن ئۆز پۈتۈك بىلەن كېلىپ قالغىنىڭغا ئىچ - ئىچىدىن خۇرسەندىچىلىكى بار ئىكەن . گاھى چاغلاردا ئۇنىڭ ياۋايى خۇيى تۇتۇپ قالىدىغان بولسا ...

— ئۇ ئەسلىدىنلا ياۋايى تۇرسا ، شۇنداق بولماستى ئەمسە . قارىغاندا ، سىلىگە تەن جازاسى بېرىدىكەن - دە !

— توغرا دېدىڭ .

— ئۇ تاماق يېمىگىنىمنى قانداق بىلىدۇ ؟

— ئاتامان بۈگۈن كېچە سېنى ئۆزىگە ھەمراھ قىلماقچى . شۇڭا ، تاماق يېمىگىنىڭنى كەيپىياتىڭدىن ئاسانلا بىلىۋالدۇ .

— سىلى مېنى « سەن » دىلە ، مەن ئەسلىدە « سىلى ، ئۆزلىرى » دېگەنلەرنى « سىلى ، ئۆزلىرى » دەپ ، « سەن » لىگەنلەرنى «سەن » لەپ كۆنگەن ئادەممەن . سەندىن سوراي ، ئۆزۈڭ كىم ؟

— بۇنىڭ زۆرۈرىيىتى بارمۇ ؟

— بولمىسا سوراپ نېمە قىلاتتىم ؟

— بۇنىڭ ھەر ئىككىمىزگە پايدىسى يوق.
— گەپ ئىككىمىزنىڭ نىيەتنى توغرا قىلىپ، جۇرئەتلىكرەك بولۇشىمىزدا.
— چوڭ سۆزلەيسەنغۇ؟ ئىككىمىز قەپەستىكى قۇش جۇمۇ!
— مەن ساڭا ئوخشىمايمەن.
— قېنى ئەمىسە قانىتىڭ يوقكەنغۇ؟
— سەنلا ماسلاشساڭ قانات دېگەن ھېلىلا چىقىدۇ.
— تۇتۇلۇپ قېلىپ يەنە خورلىنىشنى خالىمايمەن.
— مېنى يات كۆرمە. دۇنيادىكى ھەممە ئاياللار ئۆزئارا ئاچا-سىڭىل ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ نازۇك تۇيغۇلىرى ئوخشاش. شۇڭا، كىملىكىڭنى ماڭا دەۋەرگىن.
— مەنمۇ ساڭا ئوخشاش تۇتقۇن قىلىنغان ئايال، — ئۇنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ تاشگۇلنىڭ پۇت-قولىنى بوشىتىۋەتتى ۋە كەسكىن تۇردە ئېيتتى، — تېز قاچايلى.

تاشگۇل تاماقنى يەپ قورسىقىنى تويغۇزغاندىن كېيىن، بايا كۆز سېلىپ قويغان ئالاھىدە ئاتنى يېشىپ چىقتى، ھېلىقى ئايالغىمۇ ياخشىراق ئاتتىن بىرنى ئاچىقىش تەكلىپىنى بەردى. ئاتلارنى تەخلەپ بولۇپ، تاشگۇل ئىتنى ئاتلار سوۋۇتۇلغان ئوچۇق گەمىنىڭ ئىشىكىدە قالدۇردى-دە، بېشىنى سىلاپ مەقسىتىنى ئۇقتۇردى. ئىتمۇ «چۇشەندىم» دېگەن مەنىدە قۇيرۇقىنى شىپاڭلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئاخىرقى قېتىم قارىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۇلار ئاتلارغا مىنىپ يۇرۇپ كەتتى. ئىت ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئازراق ئەگىشىپ توختاپ، ئۇزاقتىن-ئۇزاق قاراپ تۇردى، ئاندىن بوش غىڭشىغىنىچە ئوچۇق گەمە تەرەپكە كەتتى.

ئىككى ئايال خېلى يول يۇرگەندىن كېيىن بىر ئاچالغا ئۇلاشتى، ئاندىن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا خوشلىشىپ ئۆز مەنزىللىرىگە راۋان بولۇشتى.

قاراقچىلارنىڭ ئاتامانى تاشگۈل تۇتقۇن قىلىنغان گەمە بوسۇغى-
سىغا كېلىپ ئىچىدىكى تىۋىشقا قۇلاق سالدى . ئەمما ، ھېچبىر ئاۋاز
ئاڭلانمايتتى ، ئوچاقتىكى ئوتمۇ ئۆچۈپ قالايلا دېگەن ئىدى . ئاخىر ئۇ
ئىشىكنى ئىتتىرىپلا ئېچىپ گەمىگە كىردى ۋە ئوتنى چوقچىلاپ ئۇلغايتتى .
ئوت يورۇقىدا ئەتراپقا قاراپ ، تاشگۈلنىڭ يوقلۇقىنى بىلدى ، قورۇقدالغان
تاماق قاچىسىنى كۆرۈپ ، قاراۋۇل ئايال سىرتقا ئېلىپ چىققىپ كەتكەن
چېغى دەپ ئويلىدى . ئۇ سىرتقا چىققاندا ئات گەمىسىنىڭ ئىشىكىدە ئىت
قاۋاۋاتاتتى . ئىتنىڭ قاۋاۋېرىشى ئۇنى خاتىرجەم قىلدى . چۈنكى ، ئۇ ئۆ-
زىچە « ئىككى ئايال ھال - مۇڭلىشىپ ئولتۇرۇپ قالغان بولسا كېرەك »
دېگەن ئويدا بولغان ئىدى ، ئىت توختىماي ئۇزاققىچە قاۋاۋەرگەندىن كې-
يىن ، كۆڭلىگە گۇمان چۈشتى . « ھەر ئىككىسى يات ئاياللار ، نېمىلا
دېگەنبىلەن ئايال ئايالنىڭ قاياشى ئەمەسمۇ ؟ — دەپ جىددىي مۇلاھىزە
يۈرگۈزدى ئۇ ، — گېپىنى بىر قىلىپ قاچمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ ! »
شۇنداق قىلىپ ، ئۇ باشقىلارنى ئويغىتىپ ئەتراپنى ئاختۇردى ، ئۇيان -
بۇيان چېپىپ تاپالمىغاندىن كېيىن « راستتىنلا قېچىپتۇ » دېيىشتى . ئۇلار
ئات بىلەن قوغلىماقچى بولۇپ ئات سوۋۇتۇلغان گەمىگە ماڭغان ئىدى ،
ئىت تالاپ يېقىن كەلتۈرمىدى . ئۇلار كالتەك - چوماقلىرىنى ئىشقا سالغان
بولسىمۇ ، ئاتنىڭ قېشىغا كىرەلمىدى . كېچىدىكى ئەنسىز قىيا - چىيالار
ئارامگاھتىكى ھەممىسىنى ئويغىتىۋەتتى . ئەمدى ئۇلارمۇ ئىتنىڭ ئەتراپىغا
ئولاشتى . ئەمما ، ھېچقايسىسى گەمىنىڭ ئىشىكىگە يېقىن بارالمىدى .
كالتەك - چوماقلار چالما ئورنىدا تەرەپ - تەرەپتىن ئېتىلغان بولسىمۇ ،
ئىت قېچىپ - پىرقىراپ ئۆزىگە پەقەت تەگكۈزمىدى ، بەلكى ھەيۋىسى
تېخىمۇ ئېشىپ ئېتىلىشقا باشلىدى . شۇ ئارىدا بىرسى ئارقا تەرەپتىن ئىتقا
سالما تاشلاپ تۇتۇۋالدى . ئەمدى ئۇلار ئىتنى سۆرەپ يۇرۇپ
كالتەكلىدى . ئاخىر ئۇنىڭ ئۇستىخانلىرى چۇل - چۇل بولۇپ يېتىپ
قالدى . لېكىن ، تېخىچە ئاۋازى بېسىقماي قاۋاۋاتاتتى .
ئۇلار ئات گەمىسىگە كىرىپ ، ئاتامانىنىڭ ئېتى بىلەن يەنە بىر

ئاتىنىڭ يوقلۇقىنى بىلىشتى - دە، ئىككى ئايالنىڭ قاچقىنىنى جەزملەشتۈرۈپ، خەۋەرنى ئاتامانغا يەتكۈزۈشتى. ئاتامان غەزەپتىن تىترەپ، كەينىدىن قوغلاشنى بۇيرۇدى. شۇنداق قىلىپ، بىر توپ ئادەم تاشگۈلنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتى. لېكىن، ئۇلار «قاچقۇنلار»نىڭ قەيەرگە كەتكىنىنى بىلمەيتتى.

تاشگۈل سەھەردىلا دەريا بويىغا يېتىپ كېلىپ، ساندۇقنى كۆمۈپ قويغان يەردىن ئالدى. دەسلەپتە ساندۇقنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، كېيىن ئەھۋالنى مۆلچەرلەپ، بۇنداق قىلىشنىڭ ئەپسىزلىكىگە كۆزى يەتتى - دە، ئەنجۈر دەرىخىنى ساندۇقتىن ئېلىپ قايتىدىن مۇستەھكەم تاڭدى. مانا ئەمدى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ مېڭىشقا ئەپلىك بولغان ئىدى. تاشگۈل بۇنداقلا كەتسە بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ، پىچاق بىلەن قولىنى كېسىپ قان چىقاردى، ئاندىن ۋىلىلداپ تۇرغان قىپقىزىل قاندا ساندۇقنىڭ ئۈستىگە بىر جۈۋاننىڭ ئەنجۈر دەرىخىنى ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئىپادىلەيدىغان رەسىمنى سىزىپ، ساندۇقنى دەرياغا قويۇۋەتتى. ئۈن - تىنسىز ئېقىپ كېتىۋاتقان ساندۇققا ئۇزاقتىن - ئۇزاق تىكىلىپ قاراپ قالغان تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىغا بىردىنلا دېڭىزدىكى دەھشەتلىك كۈنلەر كېلىپ، ئېقىپ كېتىۋاتقىنى ساندۇق ئەمەس، بەلكى ئۆز يۈرىكىدەك بىلىنىپ، تولغىنىپ كەتتى. تاشگۈلنىڭ ساندۇق ئۈستىگە ھېلىقى كۆرۈنۈشنى سىزىپ قويۇشى كۆزى قىيمىغان ھالدا ۋىدالاشقىنى ئىدى. ئەمما، ئىش بۇ يەرگە يەتكەندە تاشگۈل يەنە چىدىماي، ساندۇقنىڭ كەينىدىن قوغلاپ بېرىپ ئۇنى سۇدىن سۈزۈۋالدى، تۆت بۇرجىكىگە بىر - بىرلەپ سۆيۈپ چىقتى، پالۋاننىڭ ئىككى پىچىقى بار ئىدى. بىرى يوشۇرۇن ئىدى. ئۆتەڭدە بۇ پىچاقنى ئىشلىتىپ قايتۇرۇپ بەرمىگەنلىكىنى ئەسكە ئالدى، ئاندىن ساندۇقنى ئېچىپ پالۋاندىن قالغان بۇ ئەتىۋارلىق پىچاقنى ساندۇققا سېلىپ ئېغىزىنى پۇختا ئەتتى. بۇ، تاشگۈلنىڭ تەيمۇر بوۋايغا يوللىغان قەلب سوۋغىسى ئىدى. ساندۇق دەرياغا قايتىدىن قويۇۋېتىلگەندە خۇددى كېمىدەك

كۆرۈنۈپ ، پالۋان ھەيدەپ كېتىۋاتقاندەك ، گويا قوللىرىنى كۆتۈرۈپ خوشلىشىۋاتقاندەك ئۈنتۈلغۇسىز سىزىم پەيدا بولدى . تاشگۈلمۇ ئاخىرقى قېتىم قوللىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ ئۈزىتىپ قويدى . « كېيىنچىلەر سېنى چوقۇم ئۇچراتماي قالمايدۇ ، — دېدى تاشگۈل خۇددى ئادەمگە گەپ قىلىۋاتقاندەك ، — سېنى سۇزۇۋېلىپ ئۆتەڭگە ئاپارغاندا تەيمۇر بوۋاي كۆرۈپ تونۇۋالىدۇ ، ئۆز ۋاقتىدا پالۋان شۇنچە تۇرۇۋالسىمۇ ئالغىلى ئۇنىمىغان پىچاقنى كۆزلىرىگە سۈرتىدۇ . ساندۇققا قان بىلەن سىزىلغان رەسىمگە قاراپ ھەممىنى چۈشىنىدۇ ، ئاندىن سېنى پىچاق بىلەن ئەۋلادتىن ئەۋلادقا بۇيۇم سۈپىتىدە ساقلايدۇ ، تارىخنى ئەۋلادلىرىغا سۆزلەپ بېرىپ ، تارىختىن - تارىخقا يەتكۈزىدۇ ، چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ!...» تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى ئامان - ئېسەن مۇشۇ يەرگە قەدەر ئېلىپ كېلىشتە ئاجايىپ رول ئوينىغان ساندۇق بىلەن ئەنە شۇنداق ياش تۆكۈپ خوشلىشىپ ، كىگىزگە يۆگەلگەن خاسىيەتلىك دەرەخنى ئاتىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ يولغا راۋان بولدى .

ئات خۇددى كەكلىكتەك يورغىلاپ بىر خىل تېزلىكتە كېتىۋاتاتتى . ئۇنىڭ مۇشۇنداق مېڭىۋاتقىنىغا بىر كېچە - كۈندۈز بولغان ئىدى . چەكسىز قۇملۇقنىڭ كېچىدە سالقىن ، كۈندۈزدە تونۇر تەپتى كېلىدىغان ئۆزگىرىشچان ھاۋاسى تاشگۈلنىڭ ئىرادىسىنى قىلچە تەۋرىتەلمىدى . دېڭىزدا ئۆتكەن كۈنلەرگە سېلىشتۇرغاندا بۇ ھېچقانچە قىيىنچىلىق ھېسابلانمايتتى . تاشگۈل ئۆزىنى بەھۇزۇر تۇتۇپ ، ئەنجۈر دەرىخىگە ھەربىر قارىغىنىدا ئىشەنچى ئاشاتتى ، ۋۇجۇدى كۈچ - غەيرەتكە تولاتتى .

يەنە بىر كېچە تاڭغا ئۇرۇن بېرىپ ، مەشرىق قان رەڭگىدە قىزاردى ، قۇياشمۇ چىقتى . قۇملۇقنىڭ بۇ مەزگىلدىكى مەنزىرىسى ئاجايىپ گۈزەل ئىدى . تاشگۈل كېچىدىن بېرى ئاتنىڭ تەر ھىدىدىن ھۇزۇرلىنىپ كەلگەن ئىدى ، كۈن چىقىش بىلەن ئۇنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمگىنىنى كۆرۈپ ، قۇشۋاغقا توغرا قويۇلغان ئەنجۈر دەرىخىنى

كۆتۈردى ۋە قولتۇقىغا قىسىپ ، بىر قولى بىلەن ئاتىنىڭ بويۇن ، ياياللىرىنى مېھىر بىلەن سىلىدى . تۇيغۇن جانىۋار ئىگىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەندەك پۇشقۇرۇپ ، سىلكىنىپ قويدى ، ئاندىن قەدىمىنى خۇددى ھازىرلا يولغا چىققاندەك ئىتتىكلەتتى . تاشگۈل ئۇنىڭ مىڭىشىدىن سۆيۈنۈپ ماختاپ قويدى . گەرچە ئۇ ئىنكاس قايتۇرمىغان بولسىمۇ ئىككى تەرەپكە جۇلا تاشلاپ مېڭىشى ئارقىلىق تاشگۈلگە ئەمەلىي جاۋاب بەرگەندەك قىلاتتى .

تاشگۈل كەينىگە قاراپ ، ئۇلارنىڭ قوغلاپ كېلەلمىگىنىگە ئىشەنگەندىن كېيىن ، ئىتنىڭ ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈپ ئۇلارنى يولدىن قويغىنىنى قىياس قىلدى . ئەمما ، ئىتنىڭ ئېچىنىشلىق ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى تاشگۈل بىلمەيتتى ، پەقەت ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكىگە قايىل ئىدى . شۇڭا ، ئۇنى يېنىش - يېنىشلاپ ئەسلىدى ...





ئۈچىنچى قىسىم
تاشلىقلىقلار

# شۇم خەۋەر

تاشگۈل ئادەمزات چىدىغۇسىز مۈشكۈلاتلارنى باشتىن كەچۈرۈپ ، ئانا يۇرتىنىڭ مۇقەددەس تۇپرىقىغا قەدەم قويدى . يۇرتىنىڭ ھەربىر چىمدىم توپىسى ، ھەر تال گىياھى تاشگۈلگە شۇنچىلىك ئۇلۇغۋار بىلىندىكى ، ئۇ شادلىقتىن تىترىسگە سىغماي قالدى . كۆڭلى يايرىغىنىدىن يەرنى باخاشلاپ قاناماي ـ قاناماي پۇرىدى .

كۈن ئولتۇرۇشقا ئىككى ئاش پىشىمچە قالغان ئىدى . تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا قەدىمىي قەلئە غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . قەلئە يىراق ـ يېقىنىغا يۇرتىنىڭ غۇرۇرىنى نامايان قىلىپ ، يۇرت خەلقىنىڭ ۋۇجۇدىغا كۈچ بېغىشلايتتى . ئۇنى كۆرگەندە تاشگۈلنىڭ يۈرىكى كۈچلۈك سوقۇپ ، پۈتۈن بەدىنى « لاپپىدە » يانغاندەك بولۇپ كەتتى . تاشگۈل ھاياجانلانغىنىدىن ئۆزىنى تۇتالماي قىلىۋاتاتتى . قەلئەنىڭ ئەتراپى سازلىق بولۇپ ، سەل نېرىدا شوخ دەريا ئۆركەشلەپ ئېقىۋاتاتتى . قەلئە بولسا كۈنپېتىشتىن كۈنچىقىشقا قاراپ تاسما شەكلىدە سوزۇلغان ئېگىزلىكتە خۇددى خرۇستالدەك چاقنايتتى . يىراقتىن قارىغاندا دەريانىڭ قىرى (قاش قىرى )دەك كۆرۈنەتتى .

تاشگۈل ئاتنىڭ يايلىنى سىلىغاچ يىراققا نەزەر تاشلىدى ، ئاندىن ئاتقا قىرغاقلاردا ئۆسكەن چىچەكلىك ئوت ـ چۆپتە يايلىتىدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەدە بەردى . ئات تاشگۈلنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇققاندەك يېنىك پۇشقۇرۇپ ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم كىشنىدى . دېگەندەك تاشگۈل دەريادىن ئۆتۈپلا ئاتنى يايلاققا قويۇۋەتتى ، ئۆزىمۇ يېنىدا بار نەرسىلەر

بىلەن غىزالاندى. كۆن ئولتۇرۇشقا ئىككى غۇلاچتەك قالغان ئىدى، تاشگۈل يۈرتتىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى بىلمىگەچ قاتتىق ئېھتىيات بىلەن قەدەم باسمىسا بولمايتتى. شۇڭا، كەچ كىرىشنى كۈتۈشكە توغرا كەلدى، پەقەت قاش قارايغاندا ماڭسا كىشىلەرنىڭ دىققىتى قوزغالمايتتى. تاشگۈل ئۆزى بىخەتەر دەپ جەزملەشتۈرگەن ۋاقىتتا يولغا چىقىپ، بۈلۈك - پۇچقاقلار بىلەن يۈرۈپ شەھەردىن ئامان - ئېسەن ئۆتۈۋالدى، ئەلياتقۇ مەھەلدە ئۆز ئۆيىگە قايرىلدىغان ئاچالغا يېتىپ كەلدى. تاشگۈلنىڭ شۇ تاپتا ئاتا - ئانىسىنى شۇنچىلىك كۆرگۈسى كەلگەن ئىدىكى، قانىتى بولغىنىدا ئۇچۇپلا تۈگۈلۈكتىن شۇڭغۇپ كىرگۈسى، ئۇلارنىڭ مېھرىگە تەشنا باغرىنى باغرىغا ياققۇسى بار ئىدى.

تاشگۈل پالۋانغا ياتلىق بولغاندىن باشلاپ ئۇ ئائىلىنىڭ ئادىمى بولۇپ كەتكەن ئىدى. پالۋان ئەنجۈر دەرىخىنى قۇتقۇزۇش يولىدا جان پىدا قىلدى. ئۇنىڭ ئۆلۈم ئالدىدا: «تاشگۈل، ئەنجۈر دەرىخىنى چوقۇم ئەكەت، چوقۇم ...» دېگەن يالقۇنلۇق خىتابى تاشگۈلنىڭ قۇلىقى تۈۋىدە ئۈزلۈكسىز جاراڭلاپ، خەتەرلەرنى يېڭىشىگە مەدەت بولدى. بولۇپمۇ كېمىدە يۈز بەرگەن دەھشەتلىك ۋەقەلەر تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا ئەينەن ئەكس ئېتىپ، ھە دېگەندە ئېسىگە كېلىۋالاتتى. بۇنداق چاغلاردا يۈرىكى ئاغرىپ كېتەتتى، بېشى چىڭقىلاتتى، كۆڭلى بۇزۇلاتتى. دەرۋەقە، ئۇنىڭ يېرىم يولدا سەپتىن «چۈشۈپ قېلىش»ى كۆڭۈلنى يېرىم قىلىدىغان ئىش ئىدى، ئەمدى تاشگۈل ئۇنىڭ پاجىئەلىك ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئائىلىسىدىكىلەرگە نېمە دەر؟ ئەمما بولىدىغان ئىش بولۇپ بولغان تۇرسا، دېمەي بولامدۇ! تاشگۈل بۇلارنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆزىنى زورۇقۇپ تۇتۇۋالدى - دە، ئەنجۈر دەرىخىنى قۇشۋاغقا قويغىنىچە ئاتا - ئانىسىنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئاتنى چاپتۇرۇپ ئۆتۈپ كەتتى.

تاشگۈل قېيىناتىسىنىڭ ئۆيى بار مەھەللىگە كەلدى. ئىتلارنىڭ ئانچە - مۇنچە قاۋاشلىرىنى دېمىگەندە ئەتراپ گۆرىستاندەك تىپتىنچ ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئېھتىيات قىلمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان

تـاشگۈل ئاتنى ئارقا يولغا بۇراپ ، گاھى ئېتىزلىق ، گاھى ئېتىزلار قىستاپ تـۇرغـان چـىغىر يول بىلەن ماڭدى ، تونۇش ئېرىقلاردىن ئۆتۈپ باغنىڭ ئارقـىسـىغـا كەلگەندە ئاتنى توختىتىپ چۈشۈپ ئارتۇچ بوستان ئارقىلىق يـان ئىشىككە باردى . باغنىڭ تېمى بولمىغاچقا چۆرىسى ئازغان بىلەن ئە- ھاتـىـلـەنـگـەن ئىـدى . ئارىـسـىـدىـن ئادەم تـۆگـۈل ئىت ـ مۈشۈكلەرمۇ ئۆتـەلـمـەيتتى . تاشگۈل يان ئىشىكنى ئېچىپ قورۇغا كىرىپ ئاتنى سوۋۇ- تـۇۋەتـكـەنـدىـن كـېـيـىـن ، قـوتان ئىشىكى ئالدىدىكى كەتمەننى ئالدى . تـاشـگـۈلـنىڭ ئەس ـ يادى ئەنجۈر دەرىخىنى مۇۋاپىق يەرگە ئورۇنلاشتۇ- رۇشـتـا قـالـغـان ئـىدى . شـۇنـچـە جـاپـالارنـى چېكىپ ئاران ئەكەلگەن خـاسىيەتلىك دەرەخنى تاشلاپ قويۇپ باشقا ئىشلار بىلەن بولۇپ كەتسە ، ئۆزىـنـىـڭ ھەم پالۋاننىڭ پىداكارلىقلىرى نېمىگە ھېساب بولىدۇ ؟ تاشگۈل ئەنـجـۈر دەرىخىنى باغقا ئەكىرىپ ، كۆتەك قىسمىنى بۇلۇڭدىكى ئازادە نەم يـەرگـە پـۇخـتـا كـۆمدى . بۇ يۇرتنىڭ تۇپرىقى شېغىل ئارىلاش بولغاچقا كـولاش ئاسـانـغا توختىمايتتى . سەپەر مۈشكۈلاتى ھەم ھە دىسە يولۇقۇپ تۇرغان پېشكەللىكلەر ماغدۇرىنى خوراتقان تاشگۈل ئازگالنى پۈتكۈزگۈچە چـىـلـىـق ـ چـىـلـىـق تـەرلەپ ھالىدىن كەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئەنجۈر دەرىخى ئۆلارنىڭ بېغىغا ماكانلاشتى .

تـاشـگـۈل ئەنجۈر دەرىخىدىن خاتىرجەم بولغاندىن كېيىن ھويلىغا چـىـقـىـپ ، ھەشـەمـەتـلـىك ئۆيلەرنىڭ خارابىسى بىلەن چوڭ يول تەرەپتە ئـىـكـكـى ئېـغـىـزلا ئۆيـىـنـىـڭ پوتەيدەك چوقچىيىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى . گـەرچە بۇ ھال بەك ئېنىق گەۋدىلەنمىسىمۇ ، ۋەيرانە قەدەم جاي تاشگۈلنى ئېـزىـپ بـاشـقـا ھويـلـىـغـا كىرىپ قالغاندەك تۇيغۇغا كەلتۈردى . تۇرۇپلا كـۆڭـلـى قـاتـتـىـق يـېـرىـم بولغان تاشگۈل ئۆز دەردىنىڭ ئۆزىگە يېتىپ ئاشىدىغانلىقىنى ئويلاپ ، خام ياغ ئىچىۋالغاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى .

تـاشـگـۈل قـەدىـمـىـنى ئېغىر ـ ئېغىر يۆتكەپ ئۆي ئىشىكى ئالدىغا كـەلدى ـ دە ، بىردەم تىڭشاپ ، ئۆي ئىچىدىن چىقىۋاتقان پۇشۇلداشلارنى ئاڭـلـىدى . بۇ پۇشۇلداشلاردىن ئۈچ ئادەم بارلىقىنى بىلگىلى بولاتتى . ئو-

ماق ئوغلى باتۇرنىڭ تىنىقى باشقىچە ئاڭلىناتتى . ياش ئانىنىڭ ئېسىگە شۇئان ئوغلىنىڭ چۇچۇك گەپلىرى ، تاتلىق كۈلكىسى كېلىپ ، بىرقىسما بولۇپ كەتتى . تاشگۈل بىلەن پالۋان باتۇرنىڭ ئايىغى چىقىپ ، گەپ ـ سۆز ۋە ھەرىكەتلىرى تاتلىقلىششقا باشلىغاندا يۇرتتىن چىقىپ كەتكەن ئىدى . تاشگۈل شۇ تاپتا ئوغلىنىڭ بۇدرۇق قوللىرىغا ، گەزىندەك يوغان يۈزلىرىگە سۆيگۈسى كېلىپ ئاران تۇرۇۋاتقىنىغا قارىماي ، بىمەھەل ئويغىتىشقا قىيىمىدى . قايسى ئانا ئۆز باغرىنى يېرىپ چىققان بالىسىغا چىدايدۇ ؟ تاشگۈل ئاخىر چىدىماي ، ئىشىكنى ئادەتلەنگەن بەلگىسى بويىچە تاكىلداتتى . چاۋاگۈل ئانا بۇ ئائىلىدىكىلەرنىڭ ئىشىك قېقىش ئادىتىنى ئوبدان بىلەتتى . شۇڭا ئۇ « تاشگۈل ! پالۋان ! بالىلىرىم كەلگەن چېغى » دەپ ئورنىدىن چۇراپ تۇردى ـ دە ، چىراغنى يېقىپ :

ـــ ۋاي بالام ، جېنىم بالىلىرىم ! ۋاي ئامان ـ ئېسەن كەلدىڭلارمۇ ؟ ـــ دېگىنىچە كېلىپ ئىشىكتىكى دەمنى ئالدى .

قېينانىسىنىڭ ھەر نەپەسدە بىر « بالىلىرىم ! » دەپ جان قېقىشى كۆتۈرۈپ قوپقۇسىز دەرد ـ ئەلەم تارتىپ قەلبى پۇچىلانغان تاشگۈلنى ھۆركىرىتىپ يىغلىتىشۋەتتى . تاشگۈل ئۆزىنى زادىلا تۇتالماي قالدى ، چوڭ بولۇپ مۇشۇ يېشىغىچە بۇنداق پىغانلىق يىغلىغىنىنى بىلمەيتتى ، مانا شۇ تاپتا بىر پۇتىدا بوسۇغىنى دەسسەپ ، ئىككى قولىدا ئىشىك يان ياغىچىنى كەگەنلەپ ھاللىنىپ يىغلاۋاتاتتى . ئاڭغۇچە ئايجامالمۇ ئورنىدىن تۇرغان ئىدى . ئۈچ ئايال بىر ـ بىرىگە گىرە سېلىپ ، بىر گەۋدە بولۇپ ئېچىنىشلىق ھازا ئاچتى . ئەمدى ھېچنېمىنى يوشۇرۇپ بولمايتتى ، چاۋاگۈلنىڭ تۇيغۇن يۈرىكى ئىشىكنى ئاچماستىنلا ھەممىنى تۇيۇپ ئۆلگۈرگەن ئىدى . تاشگۈلنىڭ پۇت ـ قوللىرىدىكى يارا ئىزلىرى ، يەنە كېلىپ يېنىدا پالۋاننىڭ يوقلۇقى چاۋاگۈلگە ئوغلىنىڭ ماماتىنى ئۇقتۇردى . شۇنداقتىمۇ ئۇ ئاغزىنى ئالدىراپ ئۇشۇتمەي ، پالۋاننى سورىغان ئىدى ، تاشگۈلمۇ چاندۇرماي ئارقىسىدىن كېلىۋاتقىنىنى ئېيتتى . ئۇلارنىڭ يىغىسى باتۇرنى ئويغىتىۋەتتى . تاشگۈل ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ

سۆيۈپ، يۇم - يۇم ياش تۆكتى. چۈنكى ئۇ، پالۋاننى گۆدەك ھالىتىگە قايتۇرۇپ قويغاندەك ئوخشىشاتتى. تاشگۈل تۇرۇپلا ھاياجانلاندى. ئۆيدىكىلەرنىڭ ئاۋازلىق ھازا ئاچقىنىغا قاراپ، بۇ يەردىكى ئىشلارنىڭمۇ ئانچە قورقۇنچلۇق ئەمەسلىكىنى بىلدى (ئەسلىدە بۇ ياش ئەر - خوتۇن قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەرنىڭ ئالدىدىن قېچىپ جېنىنى ئالغان ئىدى). شۇنداقتىمۇ كېچىدە قىيا - چىيا قىلىپ يىغلاۋېرىش خەيرلىك بولمايتتى. يىغا بېسىققاندا تاشگۈل قېينانىسىغا سىنچىلاپ قاراپ، ئاناردەك مەڭزلىرىنىڭ سارغايغانلىقىنى، تاختىدەك بېلىنىڭ مۈكچەيگىنىنى، يۈزىنى تىلىم - تىلىم قورۇقلار باسقىنىنى، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ، روھى سولغۇنلاشقىنىنى كۆردى.

ئۇلار سۇپىدا ئولتۇرۇشتى. تاشگۈل بۇغنۇقۇپ يىغلاشتىن تېخى توختىمىغان ئىدى. رەڭگىرويى ئۆزگىرىپ كەتكەچكە، ئوغلى دەسلەپتە ئاڭقىرالمىدى، كېيىن بارا - بارا مېھرى چۈشكەنسېرى تونۇپ، باغرىدىن زادى ئاجرىغىلى ئۇنىمىدى.

تاشگۈلنىڭ ئەسىنگىنىنى كۆرۈپ، چاۋاگۈل ئۈنسىز يىغلىغىنىچە قولىغا سۇ ئەكەلدى. داستىخان سېلىپ نان ئەكېلىپ قويۇپ، ئوچاققا چاي قويدى. تاشگۈل چاي قاينىغۇچە يۇمشاق ئوچاق نېنىدىن بىرنى يېۋەتتى، ئاندىن قايماق چاي بىلەن قورسىقىنى تويدۇردى. شۇنداق قىلىپ، تاتارغان چىرايىغا قان يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ئۇلار ئوتتۇرىسىدا مېھىر دەرياسى ئۆركەشلىمەكتە ئىدى. چاۋاگۈل تاشگۈلنىڭ تېشىغا ئۆرۈلۈپ كەتكەن كالپۇكلىرىغا، قۇرۇپ يېرىلغان ۋە يارىلانغان قوللىرىغا قاراپ ئىچىنى ئۇرۇپ كەتتى، ئاندىن قوينىڭ قۇيرۇق يېغىدىن كېسىپ چىقىپ، ئوچاققا قاقلاپ ئېرىتىپ قىزىق - قىزىق ياغلاپ قويدى.

چاۋاگۈل تاشگۈلگە ھەرقانچە چاپلىشىپمۇ ئوغلى پالۋاننىڭ ھىدىنى ئالالمايۋاتاتتى، تاشگۈلنىڭ يىرتىلىپ تۈگەي دەپ قالغان كىيىملىرىمۇ پالۋاننىڭ بىر نەرسىسىدىن بېشارەت بېرەلمەيۋاتاتتى. چاۋاگۈل بۇ ھاللارغا قاراپ، تاشگۈلدىن ئازراق ئاغرىنىدىيۇ، دەماللىققا ئاشكارا

ئىپادىلەشتىن ئېھتىيات قىلدى. تاشگۈلنىڭ سىرلىق چىرايى ھېچنېمىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. پالۋان چاۋاگۈلنىڭ باغرىنى يېرىپ چۈشكەن بالا بولغاچقا، چىدىماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى.

پالۋان شۇ چاغقىچە كىرمىگەندىن كېيىن چاۋاگۈلنىڭ تەقەززالىقى چېكىگە يەتتى. ئۇ ئوغلىدىن ئايرىلىپ قالسا ياشىيالمايدىغاندەك ھېس قىلاتتى، ئائىلىسىنىڭ كېيىنكى ئۈمىدىنى پالۋانغا باغلىغان ئىدى، بولۇپمۇ پالۋان ئەمچىلىك ئىشلىرىغا كۆپرەك مەيلىنى بەرسە ئاتىسىنىڭ چىرىغى ئۆچۈپ قالمايتتى. ئەر بولمىغان ئۆيدە ھۇۋقۇش چىللايدىغانلىقى، ھۇۋقۇش دېمەك شۇملۇقتىن دېرەك ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. شۇڭا، ئۈمىد چىرىغىنىڭ مۇنداقلا ئۆچۈپ كېتىشىگە قىيمىدى. ئۇ باتۇرنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى تەسكىن تاپقاندەكمۇ بولىدىيۇ، كىچىككىنە بالا يىگىتلىك قۇرامىغا يەتكۈچە نۇرغۇن جەريان كېتىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ، نېرى - بېرىسىنى ئويلاشنى خالىمىدى.

پالۋاننىڭ دادىسى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمچى ئىدى، يۇرتتا كىم ئاغرىپ قالسا ئۇنىڭ قولى ئارقىلىق شىپالىق تاپاتتى. ئۇ تولىمۇ رەھىمدىل ئادەم بولغاچقا، ئاغرىقلار يىغلىغانغا يىغلايتتى، كۈلگەنگە كۈلەتتى. ئاغرىقنى ئامالىنىڭ بارىچە ساقايتىشقا تىرىشاتتى. كىشىلەر ئاجايىپكى، ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە «يۇمشاق باش»لىقى بەزى ئادەملەرگە ياقمايتتى. ئۇنىڭ قۇرداشلىرىمۇ دائىم يۇزىگىلا: «ئادەم دېگەننىڭ مۇھەببەت - نەپرىتى ئېنىق بولۇشى كېرەك» دەيتتى. بۇ گەپلەر گەرچە چاقچاق تەرىقىسىدە ئېيتىلسىمۇ، ئۇ كۆتۈرەلمەيتتى، «مەن بىر ئەمچى، ھەممە ئادەمگە ئوخشاش كۆزدە قارايمەن» دەيتتى. دادىسىنىڭ مىجەزىدىكى بۇ بوشلۇقنى پالۋان تولدۇرغان ئىدى. ئۇ پالۋانغا ئەمچىلىكنى ئۆگىتىپ مۇستەقىل ئاغرىق كۆرۈپ، دورا بېرەلەيدىغان ھالغا كەلتۈردى. كىشىلەر پالۋاننىڭ دادىسىغا ئوخشىمايدىغان خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى تېزلا بايقاشتى. دېمىسىمۇ پالۋاننىڭ بىلىدىغانلىرى ياشلىقىغا باققاندا تېز ئېشىپ بېرىۋاتاتتى. پالۋان ئوچۇق مىجەزلىك بولۇپ، تاتلىق گەپلىرى ئارقىلىق

خېلى ـ خېلى ئاغرىقلارنىڭ بېشىدىكى غەم ـ ئەندىشىنى كۆتۈرۈۋېتەتتى. ئەمچىلەرنىڭ ئاغرىق كۆرۈپ دورا بېرىشى، ئاغرىقنى ئەملشى ئاساسەن ئوخشاشىمۇ، ئەمما خاراكتېرىدىكى ئوخشاشماسلىق تۈپەيلى ئۈنۈمى ھەر خىل بولىدۇ. دادىسى ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ئاغرىقلارنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە ئازىيىپ، پالۋاننىڭ ئالدىغا كېلىدىغان ئاغرىقلارنىڭ كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقىنىنى سەزگىنىدە، ئوغلىنىڭ ئۆزىدىن ئېشىپ كېتىۋاتقىنىغا زوقلىنىپ بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى. پالۋانغا بىلىدىغانلىرىنى ئۆگىتىشنى بىردەممۇ توختاتمايتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى دادا ـ بالا ئىككىيلەن تاغلاردىن يىغىپ كەلگەن مېھرىگىياھ، تاغ سېغىزخىنى، بۇغا مۈڭگۈزى قاتارلىق ماتېرىياللاردا دورا ياساپ بولۇپ، ئەمدىلا يېتىشقا تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا لەشكەرلەر ئۆيگە باستۇرۇپ كىردى، ھەممە يەرنى ئاختۇرۇپ تاشگۈل بىلەن پالۋاننى تاپالماي، ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئۇرۇپ ـ چېقىپ كۇكۇم ـ تالقان قىلىۋەتتى. دورا دۇكىنىغا بېسىپ كىرىشكە ئۇرۇنغاندا يانتاق ئەمچى لەشكەرلەرنىڭ پۇتىغا ئېسىلىۋالغانلىقتىن، «بالىلىرىڭنى قاچۇردۇڭ» دېگەن گۇناھنى ئارتىپ، ئۇنى تامغا باستۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋەتتى، ئاندىن دورا دۇكىنىنىمۇ ساق قويمىدى. شۇنداقتىمۇ كۆزلىگەن مەقسەتكە يېتەلمەي، كېچىكىپ قالغانلىقلىرىنى تەن ئېلىپ، ئۆز قويرۇقىنى ئۆزى تالاشقىنىچە يوقىلىشتى. بار كەلگۈلۈك چاۋاگۈلگە كەلدى، ھەممىدىن يامان بولغىنى قەدىناس ئېرىدىن ئايرىلىپ قالغىنى ئىدى. ئاشۇ دەھشەتلىك كېچە كاللىسىغا ئەبەدىيلىك ئورناپ قالغان ئىدى.

چاۋاگۇل تاشگۈلگە گۇمانىي نەزەردە قارىغاندەك قىلسىمۇ، كۆڭلىنىڭ نېرى يېرىدە ئىچ ئاغرىتاتتى. چۈنكى، تەقدىر ـ پەلەكنىڭ ئاچچۇچى تاشگۈلنىڭ قولىدا ئەمەسلىكى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنداق كېلىشمەسلىكلەر ئۆز كۆز ئالدىدىمۇ يۈز بەردىغۇ، بۇنى كىمدىن كۆرىدۇ؟ ئەگەر مۇشۇ سەۋەبلىك نارەسىدە نەۋرىسى باتۇرنىڭ ئايىغى ياراشمىدى دېسە توغرا بولامدۇ؟ بۇنداق قاراشنىڭ ئادىللىق

بولمايدىغانلىقىنى ئۇ ئوبدان بىلەتتى. ئۇ بىرسى ئۇرۇپ ئېزىۋەتكەندەك ئېغىرلىشىپ كەتكەن بەدىنىنى زورىغا مىدىرلىتىپ پىلىلداپ قالغان چىراغقا تىكىلدى. ساپال چىراغمۇ لىپىلداپ يىغلىۋېتىشكە ئاران تۇرغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى ئېلىشقاندەك ھېچنېمە تارتمايتتى. ئۆتكەن ئىشلارنى ئەسكە ئېلىشنىمۇ خوپ كۆرمەيتتى. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلغاندىن كېيىن «كەتكەن كېلەر، كەتمەنلەنگەن كەلمەس» دېگەن ئويدا، پالۋاننىڭ تېزراق قايتىپ كېلىشىنى كۈتكەن ئىدى. مانا ئەمدى ئۇنى ئارماندا قويۇپ تاشگۈل يالغۇز قايتىپ كەلدى. ئۇ بىر - بىرىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئانا - بالىنى كۆرۈپ، يۈرىكى ئېرىپ ئۇلارغا ئامان - ئېسەنلىك تىلىدى.

قاغان مۇشۇ پۇرسەتتە خەلق بىلەن دۈشمەنلەشكەنلەرنى تىنتىپ تاپتى. بۇ ئارقىلىق ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەپ خەلققە بىھۇدە زىيان سالغانلارنى ئۆز لايىقىدا جازالاپ ئىبرەت قىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئەل - ئاۋامنىڭ چېقىپ تاشلانغان ئۆيلىرىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، پالۋاننىڭ ئا- ئىلىسى ئۈچۈن دورىلارغا دورا، مال - مۈلۈككە مال - مۈلۈك تۆلەپ بەردى. يول تەرەپكە ئىككى ئېغىز ئۆي سېلىپ بېرىپ، قالغان ئۆيلەرنىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرۈپ بەرمەكچى بولغاندا چاۋاگۈل زىنھار ئۇنىمىدى. ئۇنىڭ نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمىدى. قاغان يۇرت - يۇرتقا پەرمان چۈشۈرۈپ، خەلقنىڭ يىراق دەريا بويى- دىكى تۈزلەڭلىككە كۆچۈشىنى ئۇقتۇردى. دەرھال كېتىشنى خالايدىغانلارنى ئۆزى بىرگە ئېلىپ ماڭدى. يۇرتتا قېپقالغۇچىلارنىمۇ زورلىمىدى، بەلكى «بۇلارمۇ مېنىڭ پۇقرايىم» دەپ تېگىشلىك ئىمتىياز ھەم تەمىناتتىن بەھرىمەن قىلدى. مانا بۇلار ئۇنىڭ كۆڭلىدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئىشلار ئىدى.

تاشگۈل ئوغلى باتۇرنى يېڭىدىن ئالماشتۇرغان قىسقا پەلتوسىغا يۆگىۋالغان ئىدى. ئۇ پەلتونىڭ ياقىسىدىن بېشىنى سالمىدەك چىقىرىپ تۇراتتى. چاۋاگۈل نەۋرىسىنى ھازىرلا كۆرۈۋاتقاندەك ئۇزاقتىن - ئۇزاق

تىكىلىپ قارايتتى. ئۇ باتۇرنى پالۋانغا ئوخشىتاتتى. دېمىسمۇ ئۇنىڭ كىيىپتى دادىسىنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا ئىدى. شۇڭا، نەۋرىسىگە قارىغانسېرى ئوغلى پالۋاننى ئەسلەپ، ئەمدى تەسكىن تاپقان كۆڭلى قايتىدىن بۇزۇلۇۋاتاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، كېچىنى ئۆرە ئولتۇرۇپ تاڭ ئاتقۇزدى، تاشگۈل سەھەرگە يېقىن ئۇخلاپ قالدى.

تاشگۈل شۇنچە كەچ ياتقىنىغا قارىماي سەھەردىلا ئورنىدىن تۇرۇپ، ئايىجامالنىڭ ئۆي يىغىشتۇرۇشىغا ياردەملەشتى. كېيىن بىردىنلا ئۆپكىدەپ چاۋاگۈلگە ئېسىلىپ: «ۋاي پالۋىنىم! ...» دېگىنىچە هازا ئاچتى. بۇ، پالۋاننىڭ قازا قىلغانلىقىنى بىلدۈرۈشنىڭ ئوبدان ئۇسۇلى ئىدى. چاۋاگۈلمۇ هازىغا ئاۋاز قوشۇپ بىردەم «ۋاي مۇرەببىم!» دېسە، بىردەم «ۋاي قۇدام!» دەيتتى. تاشگۈل بۇنىڭدىن گاڭگىراپ هېچنېمىنى ئاڭقىرالماي قېلىۋاتاتتى. ئەمما، ئىككىلى ئائىلىگە چوڭ بەختسىزلىكنىڭ كەلگىنىنى هېس قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۇلار چوڭقۇر مۇڭغا پېتىپ، بىر - بىرىنى قۇچاقلىشىپ بىر گەۋدە بولۇپ كېتىشتى. باتۇر نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى بىلەلمەي كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ بىردەم تۇردى - دە، كېيىن بىردىنلا كالپۇكىنى چۆچۈرە تۈگۈپ يىغلاشقا باشلىدى. بىر ئائىلىدىكى چوڭ - كىچىك هەممەيلەننىڭ يىغىسى مەهەللىنىڭ سەهەردىكى جىمجىتلىقىنى بۇزدى.

هازىنى ئاڭلىغان قولۇم - قوشنا، مەهەللىكوي بىردىن - ئىككىدىن كىرىشكە باشلىدى. ئۇلار يىغىنىڭ ئورامىدىن پالۋانغىمۇ قازا يەتكەنلىكىنى بىلىپ چوڭقۇر قايغۇرۇشتى. ئاياللار تاشگۈلدىن پالۋاننىڭ ئۆلۈمى هەققىدە سوراشتى. تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنىڭ گېپىنى چىقارماي، هادىسىگە ئۇچرىغانلىقىنىلا ئېيتىپ بەردى. ئارىدىن بىرى قىران يولۋاسنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇق ئېغىز ئاچقان ئىدى، كەينى - كەينىدىن كەلگەن پاجىئەلەرنىڭ قايسىسىغا يىغلاپ، قايسىسىنى قويۇشنى بىلمەي تېڭىرقاش ئىلكىدە يىغلاۋاتقان تاشگۈلنىڭ قۇلىقى دادىسى قىران يولۋاس توغرىسىدىكى گەپكە چۈشۈپ قالدى.

— لەشكەرلەر باستۇرۇپ كەلگەندە يانتىقكام پالۋان ئىككىڭلارنى قاچۇرۇۋەتتى ، — دەپ گېپىنى داۋام قىلدى ھېلىقى ئاغزى ئىتتىكلىك قىلغان خوتۇن ، — ئاندىن قالغانلارنىمۇ بىر ياقلارغا ماڭدۇرۇۋېتىپتۇ . ئۆزى ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇۋېرىپتۇ . لەشكەرلەر دەرۋازىنى چېقىپ كىرىپ ، سىلەرنى ئاختۇرۇپ تاپالمىغاندىن كېيىن ھېچنېمە قويماي كۆكۈم - تالقان قىلىۋېتىپتۇ ، ھەتتا قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئاختۇرمىغان باغۋارانلىرىمۇ قالماپتۇ . شۇنداقتىمۇ يانتاق ئەمچىنىڭ ئىسسىق جېنىدىن باشقا ھېچنېمىگە ئېرىشەلمەي ، ئۆز قۇيرۇقلىرىنى ئۆزلىرى تالاپ قايتىشىپتۇ ...

ئەسلىي گەپكە كەلسەك ، قايسىدۇر بىرى بۇ ۋەقە توغرۇلۇق قىران يولۋاسقا خەۋەر يەتكۈزۇپ قويغان ئىدى ، ئۇ ياخشى ئۆتۈشكەن قۇدىسىغا چىدىماي ئات چاپتۇرۇپ يېتىپ كەلدى - دە ، خارابىلىككە ئايلانغان ھويلىغا بۆسۈپ كىردى . ئۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىسى ۋە ماھارىتىنى ئاڭ- چىكى چاغلاپ تۇتۇشۇپ قالدى . ئەمما ، ئۇلار كىچىك باللار ئاتلارغا مىنىۋالغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن مەخسۇس تەربىيىلەنگەنلەر ئىدى .

كىشىلەر ئەھۋالنى بىلگەچكە ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشىنى ئۆتۈ- نۈپ ، ئېلىشماسلىقنى تەۋسىيە قىلدى . بولۇپمۇ ئۇنىڭ بىر نەۋرە ئىنى - ئاكىلىرى ئارىغا چۈشۈپ توستى . ئەپسۇسكى ، ئۇ قۇدىسى يانتاق ئەمچە- نىڭ جەسىتىنى كۆرۈپ غەزىپىنى زادى باسالماي ، توپ ئىچىگە ئات سېلىپ سالما تاشلاپ ، بىرقانچىسىنى يىقىتتى . ئۇلار كۆپ بولغاچقا تەڭ كېلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى . قىر - چاپ ئەۋجىگە چىققىنى بىلەن ئۇنىڭ تۇغقانلىرى ئەنسىرەپ ئەنسىز ۋارقىراشتى ، ئۆزىنى تۇتالماي توپ ئىچىگە كىرگەنلەر رەھىمسىزلەرچە چېپىپ تاشلاندى . بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنى توسۇش زىيانكەشلىك قىلغان بىلەن باراۋەر ئىدى . شۇڭا ، ئۆز مەي- لىگە قويۇۋېتىشكە توغرا كەلدى .

قىران يولۋاس ئاخىر قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كەتتى . لەشكەرلەر ئارقىسىدىن ئىز بېسىپ قوغلىدى . قىران يولۋاس قېچىپ كې-

تۇۋېتىپ، يېتىشىۋالايلا دەپ قالغان ئىككىسىنى سالما بىلەن يېقىتىۋەتتى.
قالغانلار ياندىن چىقىپ ئالدىنى توسىۋالغان ئىدى، قىران يولۋاس دەرھال
ئېتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتتى. شۇ چاغدا بىرسى ئۇنىڭغا بۇ يەردە
مۇزخانا بارلىقىنى ئېيتتى. ئۇ ئاتتىن چۈشۈۋېدى، ئارقىسىدىن بىرقانچىسى
ئەگەشتى. ئۇلار مۇزخانىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنىڭ يېڭىدىن
ئېچىلغانلىقىنى بىلدى - دە، ئالمان - تالمان، بېسىپ كىرىشتى. ئۇلار
مۇزخانىنى ئاختۇرۇپ، توڭلىتىلغان گۆشنىڭ كەينىدە بىرنەرسىنىڭ
پاختىلىق يۆگەككە ئورىنىۋالغانلىقىنى بىلىپ قالدى . ئۇ، سوغۇقتىن
مۈزلايلا دەپ قالغان چاۋاگۇل ئىدى. ئۇنى ئىككىسى پۇتىنى يەرگە
تەگكۈزمەي سۆرەپ چىقتى.

ئىككى لەشكەرنىڭ قولىدا تېپىرلىغىنىچە خورجۇندەك ئارتىلىپ
تۇرغان چاۋاگۇلنى كۆرگەن قىران يولۋاس شىددەت بىلەن ئېتىلىپ
كەلدى - دە، لەشكەرلەرنى توقماقلىق قامچا بىلەن ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى،
ئاندىن چاۋاگۇلنى يەردىن خۇددى ئوغلاقنى ئالغاندەكلا ئېلىپ، ئېتىنى
قامچىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئالدىنى ھېچقايسىسى توسىۋالمىدى. ئۇ
بىردەم چوڭ يول بىلەن، بىردەم ئارا يوللار بىلەن مېڭىپ، يېتىشىپ
كەلگەنلەرنى ئوقيا ئارقىلىق يەر چىشلەتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار ئارىلىق
قالدۇرۇپ قوغلاشقا مەجبۇر بولۇشتى.

لەشكەرلەر تاغقا يېقىنلاشقۇچە قىران يولۋاس ئېتىنى قامچىلاپ ئىت
يولىغا ئۆلىشىۋالدى - دە، چاۋاگۇلنى ئاتتىن چۈشۈرۈپ:

— ئىت يولى بىلەن تېز قېچىڭ! — دېدى.

— سىز؟ سىزچۇ... — چاۋاگۇل ئالاقزادە بولۇپ ئېيتتى.

— مەن بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، ئۇلار كېلىپ قالدى، تېز بو-
لۇڭ، تېز!

چاۋاگۇل دەسلەپ قىران يولۋاستىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋالغان
بولسىمۇ، كېيىن ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى پەملەپ تېز يۈگۈردى. ئۇ جىلغا
ئارقىلىق تاغ ئۈزۈلمىسى پەيدا بولغان تار قىسنىچاق (ئىت يولى)نى

ئارقىدا قالدۇرۇپ، قىران يولۋاسنىڭ ئۆيىنى نىشانلاپ يۈرۈپ كەتتى.

لەشكەرلەر يېتىپ كېلىپ، چاۋاگۇلنىڭ ئاللىبۇرۇن قاچقانلىقىنى، قىران يولۋاسنىڭ «ئىت يولى»نى توسۇپ تۇرغىنىنى كۆرۈشتى. قىران يولۋاس چاۋاگۇلنىڭ قەيەرگە بارالىغىنىنى بىلمىسىمۇ، ئۇنى جان تىكىپ ھىمايە قىلىۋاتاتتى. قىران يولۋاس دۈشمەنىنىڭ نېرىراقتىكىسىگە ئوقيا ئېتىپ، يېقىنلاشقىنىغا قىلىچ چېپىپ، شىددەت بىلەن ئېلىشتى. ئەمما، بۇنداق پايدىلىق شارائىت ئۇزاق داۋاملاشمىدى، چۈنكى قىران يولۋاسنىڭ ئوقى تۈگىگەن ئىدى. شۇنداقتىمۇ تاش ئېتىپ بىرقانچىسىنىڭ كۆزىنى قويۇۋەتتى. لەشكەرلەر رەقىبىنىڭ ئوقى تۈگىگەنلىكىنى بىلىپ قۇتراشقا باشلىغان ئىدى. قىران يولۋاس بەل قويۇۋەتمىدى، ئۇنىڭ دۈشمەنگە كۆرسىتىدىغان ھۈنەر - كارامەتلىرى تېخى بار ئىدى. ئۇ، سالمىنى تەقلەپ، چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىچە تۇراتتى، ئۆزىنى چاغلىماي ئات چاپتۇرۇپ كەلگەنلەردىن بىرسى كاللىسىغا تاش تېگىپ يەر قاسدى. شۇنىڭ بىلەن ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار سەل تېڭىرقاپ قېلىشتى.

يولنىڭ ئۈچ تەرىپى تاغ بولۇپ، لەشكەرلەر قىران يولۋاسقا بىر تەرەپتىنلا تېگەلەيتتى. قىران يولۋاس ئۆزىگە پايدىلىق شارائىتنى مۆلچەرلەپ جەڭ قىلىشتىكى كارامىتىنى كۆرسىتىشكە ھەرقاچان تەييار ئىدى. ئەگەر ئاخىرغىچە تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ دۈشمەننى تۇتۇپ تۇرالىسا چاۋاگۇلنىڭ مەنزىلگە ئۇلىشىۋېلىشىغا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرىپ بېرەلەيتتى. قىران يولۋاسنىڭ ئۆزلىرىنى كولدۇرلىتىۋاتقىنىنى سېزىپ قالغان لەشكەرلەر ئۆزئارا بىرنېمىلەرنى دېيىشىپ پەيلىنى بۇزۇشتى.

دەريا ئۆركەشلىرىدەك بوز چوققىلار ئۈستىدە بىر سار ئەگىپ ھەر تەرەپكە بويۇنداپ قارايتتى. بىرنەچچە سۆڭگۈچ ئۇنىڭ كەينىگە كىرىۋالغان ئىدى. بەزىدە كېلەڭ قانىتى ئۇلارغا تېگىپ كېتەتتى. ئۇ قانىتىنى لەپىشتىمىسىمۇ ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. لەشكەرلەرنىڭ ئاسماندىكى بۇ مەنزىرىگە كۆزى چۈشۈپ، كۆڭلى بىرقىسما بولۇپ قالدى.

قىران يولۋاس مۇشۇ ئىلىشىشتىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ كەتسە كېيىنكى ئىشلارنى قانداق بىر تەرەپ قىلىشقا كۆزى يېتەتتى . ئۇ پەقەت چاۋاگۇلنى دەپلا لەشكەرلەر بىلەن تىركىشىۋاتاتتى . قىران يولۋاس يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرگە سالما تاشلاپ بىرسىنى تۇتۇۋېلىپ ، قىلىچىنى تارتىۋالدى . چۈنكى ، قىلىچ بايا يەرگە چۈشۈپ كېتىپ قۇرۇق قول قالغان ئىدى . ئەمما ، قانچە قىلسىمۇ شۇنچە كۆپ لەشكەرلەرگە تەڭ كەلمىگەن تەسكە چۈشۈۋاتاتتى . شۇ ئەسنادا بىرى ئۇنىڭ سالمىسىنى چېپىپ ئۈزۈۋەتتى . ئەمدى ئۇ توقماقلىق قامچا بىلەن قىلىچقىلا تايىنىۋاتاتتى . تۇيۇقسىز بىرسى دولىسىغا قىلىچ بىلەن ئۇرغان ئىدى ، قان ئېتىلىپ چىقىپ چاپانغا يامرىغىلى تۇردى . ئەمما ، ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك داۋاملىق ئېلىشىۋاتاتتى ، شۇنچە لەشكەر ئۇنى باش ئەگدۈرەلمەيۋاتاتتى .

لەشكەرلەر بۇنداق ئېلىشىپ ئۇستۇنلۇك ئىگىلەشكە كۆزى يەتمەي ئىككىگە بۆلۈنۈپ ، بىر قىسمى قىران يولۋاس بىلەن ئېلىشىشنى داۋاملاشتۇردى . يەنە بىر قىسمى تاغ ئۇستىگە چىقىپ يامغۇردەك تاش ياغدۇردى . قىران يولۋاس چوڭ ـ چوڭ تاشلاردىن چاققانلىق بىلەن ئۆزىنى قاچۇرغان بولسىمۇ ، تۇساتتىن قاڭقىپ چۈشكەن بىر تاش قوۋۇرغىسىنى سۇندۇرۇۋەتتى . ئۇ گەرچە مۇكچەيگەندەك قىلسىمۇ ، ئات ئۇستىدە ھېچ ئىش بولمىغاندەك مەغرۇر ئولتۇرۇۋەردى . پەستە ئېلىشىۋاتقانلارمۇ ئاتلىرىدىن چۈشۈپ تاش ئاتتى . ئۇنىڭ كۆزى تەرەپ ـ تەرەپتىن كەلگەن ھۇجۇمدىن ئالاچەكمەن بولۇپ ، قانداق قىلىشنى بىلمەي تۇرغاندا ، ئېگىزدىن غۇلىغان چوڭ بىر تاش ئاتنىڭ سۆڭگىچىگە تېگىپ ، ئاتنى ئارقىسىغا چۆكتۈرۈۋەتتى . ئات قانچە قىلىپمۇ ئۆرە بولالمىدى ، بەلكى ئىگىسىنىڭ ئۆز گەۋدىسىنى قالقان قىلىپ دۈشمەن بىلەن ئېلىشىشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلىگىنىدىن سۆيۈنگەندەك ئارقا ـ ئارقىدىن پۇشقۇرۇپ قويدى . ئەمما ، ئۇ بىرقانچە يىلدىن بۇيان ئۇۋ ئىشىدا ئۆزىگە قانات بولغان ۋاپادار ئېتىنى قۇتۇلدۇرماي تۇرالمايتتى . شۇ ئارىلا

ـقتا كەينى ـ كەينىدىن چۈشكەن تاشلار ئاتنى هالاك قىلدى .
ئېتىدىن ئايرىلىپ قېلىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزى ئۆلگەنگە باراۋەر ئىدى .
شۇڭا ئۇ ، غەزىپىگە پايلىماي شىردەك هۆركىرەپ هۇجۇمغا ئۆتمەكچى
بولۇۋاتقاندا ، ئۈستىدىن غۇلىغان بىر تاش ئوڭ قولىنى سۇندۇرۇۋەتتى .
قىلىچمۇ چۈشۈپ كەتتى . ئەهۋال ئەنە شۇنداق خەتەرلىك تۇرسىمۇ ئۇنىڭ
تەن بەرگۈسى كەلمىدى . ئۇ بىلەتتىكى ، تىنىقى بار تۇرۇپ دۈشمەنگە تىز
پۈكۈش مەرد ئادەمنىڭ ئىشى ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ شۇنچە تاشلار تېگىپ
بەدىنىنىڭ ساق يېرى قالمىغاندىمۇ تىركىشىۋاتقىنىنى كۆرگەن لەشكەرلەر
يېقىنلىشىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتاتتى .

قىران يولۋاس تاشلار ئارىسىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ، بايا چاۋا-
گۈلنى قاچۇرۇۋەتكەن چاغدىكى پارچە تاغنىڭ سايىسىغا قارىدى ، سايە
بانغا خېلىلا قىيسايغان ئىدى . ئۇ شۇندىلا لەشكەرلەر بىلەن قانچىلىك ۋا-
قىت تىركەشكىنىنى پەملەپ ، چاۋاگۈلنىڭمۇ ئاللىقاچان مەنزىلگە بېرىپ
بولغىنىنى جەزملەشتۈردى ـ دە ، تاغنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ كۈلدى . ئۇ
مەقسىتىگە يەتكەن ئىدى !

قىران يولۋاسنىڭ تورسىرغىنىنى كۆرگەن تاغ ئۈستىدىكى
لەشكەرلەر پەسكە چۈشۈشتى . ئەمدى لەشكەرلەر مۇهاسىرە سېپى تۈزۈپ
قىران يولۋاسنى ئارىغا ئېلىۋېلىشتى . ئۇنىڭ قولى چىراغ پىلىكىدەك
جانسىزلىنىپ ، چىشلىرى كىرىشىپ كەتكەن ئىدى . « هەي تاشگۈل ،
هەي تاشگۈل ! شۇ تاپتا نەلەردە يۈرىدىغانسەن !؟ — دەيتتى ئۇ
چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ ، — ئوغلۇم پالۋان ، ئۆزىڭىزچۇ ؟ » ئۇ ئۆز
جېنى بىلەن بولماي باللىرىنى ئەسلەپ قېلىۋاتاتتى . تاشگۈلنىڭ ئوماق
بالىلىق چاغلىرى ، كېيىن ئوۋ ئىشلىرىدا قول ـ قانات بولغان مەزگىللەر-
دىكى كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر ـ بىرلەپ
ئۆتىۋاتاتتى . ئۇ چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن يۇلقۇنغان بولسىمۇ ۋايسىمايتتى ،
كۆزىدىن بىر تامچە ياش چىقارمايتتى ، شۇ تاپتا گۈزەل هاياتقا ، ئارزۇلۇق
قىزى تاشگۈلگە تارتىشىۋاتقاندەك قىلاتتى .

لەشكەرلەردىن ئىككىسى قىران يولۋاسقا يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ، سول قولىنىڭ بېغىشىغا دەسسەپ قىلىچنى تارتىۋالدى ، ئاندىن قوتاز قۇيرۇقىدا ئېشىلگەن تانىنى سىرتماقلاپ ئىككى قولىنىڭ بېغىشىدىن چىگدى ـ دە ، پۇتۇن لەشكەرلەر ئىككىگە بۆلۈنۈپ تارتتى . قىران يولۋاسمۇ ئاخىرقى كۈچىنى ئىشقا سېلىپ ، سول قولىدىكى تانا ئۇچىنى چىڭ تارتىپ تۇرۇۋالدى . نەتىجىدە ئۇنىڭ بىر قولى تاغاقتىن ئاجراپ ، كۆزلىرىدىن قان چاچراپ چىقتى . ئۇنىڭ ئاقىرىشقا باشلىغان ئۇزۇن ساقىلى ئۇچلىنىپ تۇراتتى ، شۇنچە پاجىئە ئالدىدا ۋارقىراش تۇگۇل قاپاقمۇ تۇرتمەي تۇرۇشى ئاجايىپ مۆجىزە ئىدى . ئەسەبىيلەشكەن لەشكەرلەر چىدىيالماي قېلىشتى ـ دە ، ئەمدى ئىككى تانىدا ئىككى پۇتىدىن باغلاپ ئىككى تەرەپكە تارتىشتى ...

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە تاشگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي « ۋاي ئېسىت دادام » دەپ ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتتى . بۇ ۋەقەنى ئىلگىرى ئاڭلىغانلارمۇ كۆزلىرىگە ياش ئېلىشقان ئىدى . يىغلاپ ئاچچىق ياشلىرىنى تۆكۈش ئارقىلىق جاراھەتلەنگەن كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرۇش كۆپچىلىك ئاياللاردىكى ئورتاق ئادەت ئىدى .

# قايغۇ ئىچىدە ئىزدىنىش

چاۋاگۇل، تاشگۇللەر ھازىدار بولغاچقا، قولۇم - قوشنىلار ئىشلارنى جاي - جايىدا سەرەمجانلاشتۇرۇپ، ئۇلارنى جۇۋاتمىدى. ئايىغى ئۈزۈلمەي كىرىۋاتقان فاتىھەچىلەر ئۇلار بىلەن ئىغىر قايغۇلۇق ھىسسىياتتا كۆرۈشتى ۋە ئۆز يولىدا تەسەللى بىرىشتى. مەھەللىكوي تاشگۇللەرگە ھىچقانداق يالغۇزلۇق ھىس قىلدۇرمىدى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق ئىغىر كۈن ۋە مۇسىبەت يىغىسى ئادەمگە قورقۇنچ ئىلىپ كىلەتتى. «بىر گۆرگە سۇ كىرسە، مىڭ گۆر ئەنسىزلىككە چۈشۈپتۇ» دىگەندەك، مەھەللىدىكى بىرەر ئائىلىدە ئۆلۈم - يىتىم بولسا قولۇم - قوشنىلارغىمۇ دەز كىتەتتى. پەتىلەپ كىرگەنلەر ھازا ئىچىۋاتقانلارغا قاراپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۆڭلىنى بۇزۇپ نەڭ يىغلايتتى. بۇ جەرياندا، ھايات بىلەن خوشلاشقانلارنىڭ تىرىكلىكىدىكى تەسىرلىك ئىشلىرى ئىختىيارسىز ئەسكە ئىلىنىپ، چوڭقۇر ياد ئىتىلەتتى. بۇ ئۆلگۈچىنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى تەسىرىگە قاراپ پەرقلىنەتتى. ئادەم بۇ دۇنيادا ياشىغان ئىكەن، ئۆزىگە يارىشا ھايات كۆلەڭگىلىرىنى قالدۇرۇپ كىتىدۇ. يىقىن - يورۇقلىرى ئۇنى ياد ئىتىپ، ۋاقىتسىز ماماتىغا چىدىماي كۆز يىشى قىلىدۇ.

فاتىھەچىلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلگەندىن كىيىن، قولۇم - قوشنىلار تاشگۇل بىلەن چاۋاگۇلنى قىران يولۋاسنىڭ ئۆيىگە باشلاپ باردى، بۇ يەردىمۇ يۇرەكنى پارە - پارە قىلىۋەتكۇدەك ھازا ئىچىلدى. تاشگۇل بىلەن ئالتۇن خۇشبۇي قۇچاقلىشىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق يىغلاشتى. ئەتراپتىكىلەر قانچە قىلىپمۇ ئۇلارنى ئاجرىتالمىدى. ئاخىر ھازىغا كەلگەنلەرمۇ كەينى

تەرىپىدىن قۇچاقلاپ ئۇلارنىڭ ئەلەملىك يىغىسىغا ھەمدەم بولدى. ئاپئاق لېچەكلىك ئاياللار شۇ تاپتا سۇرلۇك ھازىدارلار توپىنى شەكىللەندۈرگەن ئىدى. ئاستا ـ ئاستا يىغىمۇ ئۆزلۈكىدىن بېسىقتى، فاتىھەچىلەرمۇ سېلىكتى.

ئۇلار ھازا ۋە نەزىر ـ چىراغلارنى تۈگىتىپ ئۆز ئۆيىگە قايتىپ كېلىشتى. تاشگۈل تەقدىر ئۇستىدە باش قاتۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ مۇشتىنى چىڭ تۈگدى. تاشگۈل بۇنداق قەيسەر خاراكتېرى بىلەن چاۋاگۈل ۋە ئايجامال ئالدىدا چىرايلىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. تاشگۈل ئەمەلىيەتتىمۇ يىگىتلەردەك بېجىرىم ۋە كېلىشىملىك ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ قەلب گۈزەللىكى بىلەن ياخشى خۇلقى بەدەن قۇرۇلۇشىدىكى قوپاللىقلارنى بېسىپ چۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى كۆ- تۈرگۈسىز ئېغىر كېلىشمەسلىككە يولۇققاندا، چاۋاگۈل بەكمۇ روھسىزلىنىپ پۈكلىنىپلا قالغان ئىدى. ئۆيدىنمۇ بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. تاشگۈل كېلىشى بىلەن ئىشلار جايىغا چۈشۈپ، ئائىلىمۇ ئىللىقلىققا چۆمدى. قولۇم ـ قوشنىلار دائىم دېگۈدەك تاشگۈلنىڭ قېينانىسى چاۋا- گۈل بىلەن ھال ـ مۇڭ بولۇۋاتقىنىنى، ئۇنى ئىمكانقەدەر ئېغىر ـ يېنىك ئىشلاردا ئاياۋاتقىنىنى چېلىقتۇرۇپ زوقلىنىشاتتى. چاۋاگۈلمۇ تاشگۈلنى ئۆز قىزىدەك كۆرۈپ، ئۆتكەندە پالۋان توغرۇلۇق ئېغىز ئاچماسلىقى سەۋەبلىك بىھۇدە گۇمانلانغىنىدىن ئۆكۈنۈۋاتاتتى. ئەمدى ئۇلار بىر ـ بىرىنى «ئانا»، «قىزىم» دەپ چاقىرىدىغان بولۇشقان ئىدى. ئايجامالمۇ ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئىش قىلاتتى. بۇ خىل ئىناق مۇناسىۋەت چۈشكۈنلىشىشكە تاس قالغان ئائىلىدە يەڭگىلى بولمايدىغان بىر كۈچنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈۋاتاتتى. بۇنداق ھالەتنى باشقا ئائىلىلەردىن تېپىش مۇمكىن بولغاندىمۇ، پەرق چوڭ ئىدى. ئەر كىشى يوق ئۆيدە تالانىڭ ئېغىر ـ يېنىك ئىشلىرىمۇ ئاياللارغا قاراشلىق ئىدى. بەزى ھاللاردا ئېتىز ـ ئېرىقنىڭ ئىشلىرى ئاياللارنىڭ جىسمانىيىتىگە ماس كەلمەيتتى. لېكىن، تاشگۈل ھەرقانداق ئېغىر ئىشلارنىمۇ كۈچتۈڭگۈر

ئەرلەردىن ئاشۇرۇپراق قىلاتتى. تاشگۈل «سۇنغان قانات» ئورنىغا يېڭى بىر قانات يېتىلدۇرۇپ، ھاياتلىق مۇساپىسىنى يېڭىۋاشتىن باشلىغان ئىدى. تاشگۈلنىڭ ۋۇجۇدىدىن بىر خىل جاسارەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. تاشگۈل ئۇچۇن ھالال ئەمگەكنى بىلەن ھەقىقىي ئادەمدەك ياشاش قىبلىنامە ئىدى. تاشگۈل ئىلگىرىمۇ ئائىلە ياكى ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرىدا ئەر - ئايال دەپ ئايرىشنى ياقتۇرمايتتى. ئۇنىڭچە، مۇنداق قىلىش ئاياللارنىڭ ئورنىنى كەمسىتكەنلىك بولۇپ ھېسابلىناتتى. تاشگۈل ئۆزىنى ئاجىز چاغلايدىغان نازۇكلۇقنى ياقتۇرمايتتى، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش مىجەز-دىكى قىز - جۇۋانلارنى چىن كۆڭلىدىن ھۆرمەتلەيتتى.

ئايجامال تاشگۈلنى بارا - بارا چۈشىنىشكە باشلىدى. ئاكىسى ئورنىدا كۆرۈپ ھۆرمەتلىدى. ئۇ كۆپ ئىشلاردا تاشگۈلنىڭ مەسلىھىتىنى ئالاتتى. بۇنداق يېقىن مۇناسىۋەت ئۇنىڭغا تاشگۈلنىڭ خاراكتېرىنى سىڭدۈرۈۋاتاتتى. بولۇپمۇ ئۇ تاشگۈلنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنى ئەكېلىش جەريانىدىكى كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىدە شۇنداق جاسارەتنى يېتىلدۈرۈشكە بەل باغلىغان ئىدى. چۈنكى ئۇ، تاشگۈلنىڭ ئائىلە ئايالى بولۇشتىن باشقا يەنە نۇرغۇن قىيىن ئىشلارنىمۇ زىممىسىگە ئالالايدىغان پەۋقۇلئاددە قەيسەر ئايال ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغان ئىدى. تاشگۈلمۇ قېيىنسىڭلىسىنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنەتتى، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقاندا باتۇرنىمۇ پالۋانجاندەك قالتىس ئادەم قىلىپ چىقىش ھەققىدىكى ئويلىرىنى ئوتتۇرىغا قوياتتى. ھازىرچە باتۇر بۇنى چۈشەنمەيتتى.

تاشگۈلنى يۇرتىدىكىلەر كۆرسۇن - كۆرمىسۇن، ئۇ توغرۇلۇق گەپ بولۇپ قالسىلا، ئۇۋ ئىشلىرىدىكى قالتىس ماھارىتىنى تىلغا ئالماي قالمايتتى. بىراق، تاشگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن تالاغا چىقماس بولۇپ قالغانلىقىنىڭ تېگىگە ھېچكىم يېتەلمەيۋاتاتتى. بەزىلەر «پالۋاننىڭ ئۆلۈمى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى» دەپ قاراشتى - دە، ئۇۋغا بىللە بېرىش ھەققىدە ئېغىز ئاچالمىدى. كىشىلەر تاشگۈلنىڭ ھامان بىر كۈنى ئۆز ماھارىتىنى كۆرسىتىشىگە ئىشىنەتتى. بۇلارنىڭ ئائىلىسىنى ھازىرچە يانتاق ئەمچىنىڭ

*شاگىرتى بايۋەچچە تاغقا دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى يىغقىلى چىققاندا ئۇۋۇلىغاچ كەلگەن ئولجىلىرى بىلەن تەمىنلەپ تۇرۇۋاتاتتى.* تاشگۈلنىڭ قولىدىن ئولجا گۆشلىرىنى ئېلىپ يېگەن ئاياللار بىر - بىرىگە: «تاشگۈل ئۇۋغا چىقماي ئوبدان قىلدى، تاغمۇتاغ، جاڭگالمۇجاڭگال يۈرمىسىمۇ تۇرمۇشى گۈلدەك ئۆتىۋاتامدۇ» دېيىشتى. ئەمما، تاشگۈل مېھنەتسىز نەرسىنىڭ تەمى بولمايدۇ دەپ قارايتتى؛ مېھنەتنىڭ ئادەمنى ئويغىتىدىغانلىقىنى، روھلۇق، جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمدۈرىدىغانلىقىنى، تېخىمۇ مۇھىمى، ئادەمنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىدىغانلىقىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى.

ئويلىمىغاندا بەزى كىشىلەر «تاشگۈل ئانىسىنىڭكىگە كېتىدىكەن» دېگەندەك گەپلەرنى تارقاتتى. ئەمما، تاشگۈلنى چۈشىنىدىغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بۇنداق ئۆسەكلەرگە ئىشەنمەيتتى. بەزىلەر: «بۇ گەپلەرنىڭ ئاساسى بار، ئېرى بولمىسا بۇ ئۆيدە نېمە قىلاتتى؟ ياشلىق باھارىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈشكە قىيماس» دېيىشەتتى. بۇنىڭغا ئىشەنگۈچىلەردىن چاۋاگۈل بىلەن كۆرۈشكەنلەرمۇ بار ئىدى. ئۇ ئاچچىقلانغان ھالدا: «بۇنى مەن ئۇقمايمەن، تاشگۈلدىن سوراڭلار!» دەپلا قوياتتى. ئۇلار تاشگۈلنىڭ «ئەركەك مىجەز»ىدىن قورقۇپ سوراشقا پېتىنىشالمايتتى. شۇنداقتىمۇ بۇنداق تۇتامسىز پاراڭلار يۈرتنى بىر ئېلىپ، بىكارچىلارنىڭ ئاغزىدا ئېقىپ يۈرەتتى. بەزى ياشلار ئاغزى قېچىشىپ سوراپ كۆرۈش نىيىتىدىمۇ بولدى. ئەمما، تاشگۈلنىڭ قوپال تېگىپ تويغۇزۇپ قويۇشىدىن قورقۇشتى. ئۇنداقلارنىڭ تولىسى تاشگۈلنىڭ ئۇۋ ماھارىتى ھەققىدە ئاز - تولا بىلگەن بىلەن، ئەھۋالغا قاراپ ئۆزگىرىدىغان مىجەز - خاراكتېرىنى چۈشەنمەيتتى. قىسقىسى، تاشگۈل باشقىلارغا بەكمۇ سىرلىق تۇيۇلاتتى. تاشگۈلنىڭ مىجەزىنى ھەرگىزمۇ ئالدىراڭغۇ ياكى سۇيۇق دېگىلى بولمايتتى، پەقەت ئۇۋغا چىققان، ئاتقا مىنگەندىكى كەيپىياتى بۇنىڭ سىرتىدا ئىدى. تاشگۈل ئادەتتىكى مۇئامىلىدە چوڭ - كىچىك دەپ ئايرىماي، ئويلىنىپ بىرلا گەپ قىلاتتى، دېگىنىدىن ئاسانلىقچە يانمايتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاغزىدىن چىققان گەپ شۇنداق

توغرا، ئورۇنلۇق چىقاتتى. سۆزلىرى بەكمۇ يېقىشلىق ئىدى.

بىر كۈنى ھويلىدا بىر ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقان تاشگۈل ئۆينىڭ ئارقىسىدا نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭ قىلىشىۋاتقىنىنى، ئاتلارنىڭ كىشنەشلىرىنى ئاڭلاپ ئۆگزىگە چىقتى. كۆردىكى، ئۇلار ئوغلاق ئويناۋاتقان چەۋەندازلار ئىدى. تاشگۈلنىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئېچىلغاندەك بولدى. چۈنكى، چەۋەندازلارنىڭ بەزىلىرى قېيىش تاسمىلاردا، بەزىلىرى شايى بەلۋاغلاردا بېلىنى باغلىۋالغان بولۇپ، تاشگۈل قىزىقىدىغان بۇنداق كۆرۈنۈش يىگىتلەرگە سۆلەت بېغىشلىغان ئىدى. ئۇچقۇر ئاتلار چاپچىپ تۇراتتى. بۇ خىل كەيپىيات تاشگۈلنىڭ ھېرىسمەنلىكىنى كۈچەيتتى. تاشگۈل خېلى ۋاقىتتىن بۇيان بۇنداق يىغىلىشنى كۆرمىگەن ئىدى. شۇڭا، يۇرتىدا چەۋەندازلارنىڭ كۆپ ئىكەنلىكىدىن پەخىرلەندى. ئەگەر پالۋان ھايات بولغىنىدا تاشگۈلمۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ ھەممىدىن بۇرۇن بۇ يەرگە ئۈنگەن بولاتتى. ئەمما، ھازىر ئەھۋال ئۇ چاغدىكىگە تامامەن ئوخشىمايتتى. تاشگۈل ئون گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلماي تۇرۇپلا قىسمەتنىڭ مۇنداق چەكلىمىسىگە ئۇچرىغىنىدىن ئۆكۈندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۆزىنىڭ تازا قىرانلىق دەۋرىدىلا چەيلەنگەندەك بولۇپ قالغانلىقىغا ئىشەنگۈسى كەلمىدى.

بۈگۈن بىرسىنىڭ تويى شەرىپىگە ئوغلاق بېرىلگەنلىكىنى ئۇققان تاشگۈلنىڭ قىزغىنلىقى ئۇرغۇپ تۇرسىمۇ، ئېتىنى مىنىپ چىقالمايدىغانلىقى مۇقەررەر ئىدى. ئەگەر تاشگۈل ئىلگىرىكىدەك ئەركەكلەرچە جاسارىتى بويىچە ئېتىنى مىنىپ ئوغلاق تارتىشىش مەيدانىغا كىرىدىغانلا بولسا، توي ئىگىسىنىڭ بىرقانچە ئوغلاقنى ئارتۇق بېرىۋېتىشى تۇرغان گەپ ئىدى. تاشگۈل ئوغلاقچىلارنىڭ جۇشقۇن ھەرىكىتىگە زوقلىنىپ ئۇزاقتىن - ئۇزاق قاراپ تۇردى. تاماشا كۆرۈۋاتقانلار چەۋەندازلار ھەققىدىكى ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلىشەتتى. ئوغلاقنى بىر ئېلىۋالغانچە باشقىلارغا بەرمەي ھەممىنىڭ ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتقان چەۋەندازنىڭ شىجائىتى ھەممە ئادەمنى ئۆزىگە جەلپ

قىلاتتى . چەۋەندازلارنىڭ ئىچىدە بۇقام ( ئاتا ـ ئانىسى ئۇنى دائىم
«بۇقام » دەپ چاقىرغاچقا ، بۇ ئەركىلەتمە ئىسىم ئۇنىڭ ئىسمى بولۇپ قال-
غان ) ئىسىملىك تەمبەل بىرسى بولۇپ ، ئەمدى 15 ياشقا كىرگىنىگە
باقماي ئېغىرلىقىدىن ئاتنى ئىنجىقلىتىۋېتەتتى . ئۇنى كۆتۈرۈپ ئۇزۇنغا
چاپالمىغان ئات قارا تەرگە چۆمۈپ خارتىلداپلا قالاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۇ
ئەپلەپ ئوغلاقنى قولغا چۈشۈرۈۋالدى . ئۇنى كۆتۈرەلمەي ئۆپكىسى ئې-
شىپ كەتكەن ئات پۇشقۇرغىنىچە مىدىرلىماي تۇرۇۋالدى . بۇقىمۇ ئېتىنىڭ
يىقىلىپ چۈشمەي ئۆرە تۇرۇپ بەرگىنىدىن خۇش ئىدى . ئۇنىڭ ئەتراپىغا
چەۋەندازلار ئولىشىپ ئوغلاققا چاڭگال سېلىشتى . لېكىن ، بىرقانچىسى
بىرلىشىپمۇ ئۇنىڭ قولىدىكى ئوغلاقنى تارتىۋالالمىدى ، بەلكى ئوغلاقنىڭ
پۇت ـ قوللىرىنى يۇلۇپ ، ئىچىگە گۆش قاچىلانغان ئەسكى تۇلۇمغا
ئوخشىتىپ قويۇشتى .

چەۋەندازلار ئوغلاقنى تۈزۈكرەك ئوينىمايلا بۇردا ـ بۇردا قىلى-
ۋەتكىنىگە ئۆكۈنۈپ ، بۇقامغا تاپا ـ تەنە قىلىشتى . توي ئىگىسى
تاماشانىڭ پەكىرىنى ئۇچۇرماسلىق ئۈچۈن يەنە بىر ئوغلاق بەردى . قا-
ئىدە بويىچە بۇ ئوغلاقنى بۇقام قولىغا ئېلىشى ، باشقىلار ئۇنىڭدىن
تارتىۋېلىشى كېرەك ئىدى ، ئەمما ئۇ ھوقۇقىنى ئۆتۈندى ، شۇنىڭ بىلەن
ئوغلاقنى باشقا بىرسى ئېلىپلا قاچتى . قالغانلار ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ
كېتىشتى . بىر چەتتە چەۋەندازلارنىڭ ئوغلاق چېپىشىغا قاراپ تۇرغان
بۇقام ئۆزىنىڭ شۇنچە قوپال ئۇستىخانلىق ئادەم بولۇپ قالغانلىقىدىن ئۆ-
كۈندى .

تاشگۈل چەۋەندازلارنىڭ ماھارىتىدىن سۆيۈنۈپ ، خۇددى ئۆزى
ئويناۋاتقاندەك ھاياجانلىناتتى ، ئۆزىنى باشقىچە قىزىقتۇرغان ماھىر چە-
ۋەندازلار قاياققا قېيسايسا ، تاشگۈلمۇ ئەگىشىپ شۇ ياققا قېيسىياتتى .
ئوغلاق تارتىشىش يۇقىرى پەللىگە چىققاندا تاشگۈلنىڭ قوللىرى قىچىشىپ
زادىلا تۇرالمايتتى . ئەمما ، روھىيىتىنىڭ ئاشۇ چەۋەندازلار توپىغا قوشۇ-
لۇپ كېتىۋاتقىنىنى سەزمەيتتى .

ئەۋلادلارنىڭ چەبدەس، ئۆم ۋە تەربىيەتلىك ئۆسۈپ يېتىلىشىگە مۇشۇنداق ئوغلاق ئويناش مەيدانلىرى شارائىت ھازىرلاپ بېرەتتى. خېلى كۆنلەردىن بېرى يۈز كۆرۈشمىگەنلەرمۇ ئوغلاق ئويناش ياكى تاماشا كۆرۈش جەريانىدا ئۇچرىشىپ مۇڭدىشاتتى. مانا، بۈگۈنكى ئوغلاق ئويناش تولىمۇ كۆڭۈللۈك كېتىۋاتاتتى. چەۋەندازلارنىڭ تاشگۈلنىڭ ئۆيى ئەتراپىدا ئوغلاق ئوينىشى ئۇلارنى تېخىمۇ جۇشقۇن كەيپىياتقا چۆمدۈردى. تاشگۈل بۇنى ھېس قىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئۆز ۋاقتىدا تاشگۈلنىڭ دەردىدە ئوتقا - سۇغا كىرىشكە تەييار تۇرغان يىگىتلەردىن قانچىسى چەۋەندازلار ئارىسىدا بولۇپ، ئۇلار ئوغلاق ئوينىغان، ئات چاپتۇرغاندا ئۇنىڭ ماھارىتىنى قوللىنىشقا تىرىشاتتى. قايسىبىر چەۋەنداز تاشگۈلنىڭ ماھارىتىنى توغرا، چىرايلىق قوللىنالىسا كىشىلەر ئۇنىڭغا ئالقىش ياغدۇراتتى. چەۋەندازلارنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆزگىچە ماھارىتى بار ئىدى. ئەمما، ئۇلارنىڭ تولىسى تاشگۈلنىڭ ئوغلاق تارتىشىش، ئوۋلاش، ئات چېپىش قاتارلىق ماھارەتلىرىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنى تاشگۈلدەك قالتىس چاغلاشقا ئۇرۇناتتى. ئۇلار شۇ قەدەر قىزىققان، چەبدەسلىك بىلەن ئوينىسىمۇ بىر - بىرىگە قامچا سىلىپ تاشلىمايتتى، كۆڭۈلسىزلىك يۈز بېرىپ قېلىشتىن قاتتىق ساقلىناتتى. ئوغلاقنى تارتىپ قاچقانلار بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلاشنى مەقسەت قىلاتتى، قارشى تەرەپكە ھەرگىز پۇرسەت بەرمەيتتى. ئوغلاق ئويۇنىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەرقاندىقى ئوغلاقنى بەلگىلەنگەن ئورۇنغا تاشلاپ، توي ئىگىسى تەرەپنىڭ تونىنى كىيىش ياكى چوڭراق مال سويدۇرۇپ ئەل - ئاغىنىلىرى بىلەن بىر كېچە پەيز قىلىشنى ئويلايتتى.

توساتتىن مەيداندىكى ئادەملەر ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىشتى. تاشگۈل بويۇنداپ قاراپ، بىرسىنىڭ ئوغلاقنى ئېلىپ قاچقىنىنى، قالغان چەۋەندازلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاۋاتقىنىنى كۆردى. ئوغلاقنى ئېلىپ قاچقان چەۋەندازنىڭ ئېتى ئادەتتىن تاشقىرى ئۇچقۇر بولۇپ، باشقا ئاتلارنى 10 — 15 قەدەم ئارقىدا قالدۇرۇپ چېپىپ كېتىۋاتاتتى. چە-

ۋەنداز بىردىنلا ئاتنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇردى ، ئاندىن ئوغلاقنى بېشىدىن
ئېگىز كۆتۈرۈپ چاقپەلەكتەك ئايلاندۇردى . ئاتنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن
قويۇق چاڭ - توزان كۆتۈرۈلۈپ تۇرغاچقا ، ئات يەردە ئەمەس ، بەلكى
بۇلۇت ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئەمدى چەۋەنداز
بىر پۇتىنى قوشۋاققا ئېلىپ ، يەنە بىر پۇتىنى ئارقىسىغا چىقاردى - دە ،
ئىككى قولىنى بوشلۇققا سوزدى . ئوغلاق ئۇنىڭ بىر قولىدا ساڭگىلىغىنىچە
تەۋرىنىپ تۇراتتى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ تۇرقى خۇددى ئۇلجا ئېلىپ قاچقان
شۇڭقارغا ئوخشىشاتتى . ئۇششاق باللار چەۋەندازلارنىڭ ئارقىسىدىن
چۇرقىرىشىپ يۈگۈرۈشەتتى . تاشگۈل بۇ مەنزىرىنى بىرھازا كۆزىتىپ
تۇرغاندىن كېيىن ، كۆزى بىردىنلا باغدىكى ئەنجۈر دەرىخىگە چۈشۈپ ،
ئۆگزىدىن قايتىپ چۈشتى - دە ، ھېچنېمىگە قارىماي باغقا ماڭدى .
چاۋاگۈل نېمە ئىش يۈز بەرگىنىنى ئاڭقىرالماي ئارقىسىدىن كىرىپ ،
تاشگۈلنىڭ باغنىڭ بۇلۇڭىدا بىر ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇۋاتقىنىنى
كۆردىيۇ ، لېكىن يېقىن بارماي ئىشىك تۈۋىدە قاراپ تۇرۇۋەردى ، تاش-
گۈلمۇ ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى . چاۋاگۈل تاشگۈلنىڭ بىر ئىشنى ناھايىتى
تۈجۈپىلەپ قىلىۋاتقىنىنى قىياس قىلىپ ، ھەيران بولدى . ئۇ تاشگۈلنىڭ
يوشۇرۇن ئىش قىلمايدىغىنىنى بىلسىمۇ ، بۈگۈنكى يوچۇن ھەرىكىتىگە
قىزىقىپ قالغان ئىدى . ئۇ ئاخىر بىر بېسىپ ، ئىككى بېسىپ باردى - دە ،
تاشگۈلنىڭ ھېچنېمىنى تۇيماي ئەزەلدىن كۆرۈپمۇ باقمىغان ئاجايىپ بىر
دەرەخ بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىغا كۆزى چۈشۈپ ھەيران قالدى .

چاۋاگۈل سەزگۈر ئايال ئىدى . شۇڭا : « بۇ بەك ئەتىۋارلىق دەرەخ
بولسا كېرەك ، بولمىسا تاشگۈل بۇنچىۋالا جان قېقىپ كەتمىگەن بولاتتى »
دەپ ئويلاپ ، مېۋىلىك دەرەخكە گۇمانى كۈچەيدى . ئۇ ماراقچىدەك كې-
لىپ تۇلۇمدىن توقماق چىققاندەك گەپ ئېچىشنى مۇۋاپىق كۆرمىدىمۇ ،
ئەيتاۋۇر ، ئاۋۋال شەپە بېرىپ ، ئاندىن ئېغىز ئېچىشنى كۆڭلىگە پۈكۈپ ،
بايا قانداق كەلگەن بولسا شۇنداق قايتىپ كەتتى ۋە ئىشىك قېشىغا
بېرىپ ، بىرنەچچىنى زورلاپ يۆتىلىۋېتىپ ، تاشگۈل ئىش قىلىۋاتقان بۇ-

لوٚگغا ھېچبىمنى بىلمىگەن سىياقتا قايتا كەلدى .

ــ بەللى ـ بەللى . تاشگۈل ، باغقا نېمشقا تولا كىرىدىكىن دېسەم ، ئەس ـ مەيلىڭىز باغلانغان ئاجايىپ مېۋىلىك دەرەخ بار ئىكەن ئەمەسمۇ ؟ بۇنى بىزدىن يوشۇرۇپتىكەنسىز ـ دە ، قىزىم ؟

ــ ياق ـ ياق ، ئانا ، خاتا چۈشەنمىسىلە ، ئەسلىدە مەن ئۇنى مېۋىلىتىپ سىلەرنى ھەيران قالدۇراي دېگەن ئىدىم .

ــ ھەي قىزىم ، بۇنچە چوڭ ئىشنى سىر تۇتقىنىڭىز ، بىزگە ئە. شەنمىگەندەك ئىش بوپتۇ .

ــ جېنىم ئانا ، بۇ مېۋىلىك دەرەخكە ئاز بەدەل تۆلەنمىدى . گېزى كەلسە « تامنىڭمۇ قۇلىقى بار » دېگەندەك ، بۇ ئەتىۋارلىق دەرەخكە بىرەر يامان كۆز تېكىلىپ قالمىغيدى دەپ ئەنسىرىگىنىم ئىدى .

ــ بىزگىمۇ ئىشىنەلمەسىز ؟

ــ ئىشەنمىسەم بۇ ئۆيگە ئەكەلمىگەن بولاتتىم . سىرنى ۋاقتى كەلگەندە ئاشكارىلىماقچى ئىدىم . دېمەكچى بولغىنىم پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى .

ــ ئىش بەلكىم دېگىنىڭىزدەكتۇ .

ــ بۇ مېۋىلىك دەرەخكە پالۋان پۈتۈن ئىشەنچىنى قالدۇرۇپ كەتكەن .

چاۋاگۈلنىڭ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلدى ، تەسكىن تاپقان يۈرىكى يېڭىۋاشتىن ياپراقتەك تىترىدى .

ــ ئانا ، بۇ پالۋاننىڭ ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن مېۋىلىك دەرەخ ، بۇنىڭ ئۈچۈن خۇشال بولسىلا !

ــ ئوغلۇم كۆز ئالدىمغا كەلسە ياش تۆكمەي تۇرالامدىمەن ؟

ــ ئۇنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىلغان بۇ مېۋىلىك دەرەخنى ئوبدان پەرۋىش قىلىپ مېۋىلەتسەك روھى خۇش بولىدۇ .

ــ جايىدا گەپ قىلدىڭىز ، قىزىم . شۇ تاپتا يانتاق دادىڭىز بولغان بولسا قانداق بولۇپ كېتەر ئىدى ـ ھە !

— دادامۇ بولغان بولسا ...

— ئۇلار بىر ئۆمۈر تاغۇدەشتتە يۈرۈپمۇ مۇنداق مېۋىلىك دەرەخنى كۆرۈپ باقماپتىكەن .

— بۇنى بىر دېمىسلە .

— قانداقلا بولمىسۇن سىلەر ئۇلارنىڭ پۇشتى ئەمەسمۇ ، باللىرىم !

— ئەۋلادلىرىنىڭ ئەجىر مېۋىسنى كۆرسە ئۇلارنىڭ روھى خۇش بولىدۇ دېمەكچىمۇ سىلى ؟

— شۇنداق بولماي ئەمىسە .

— ھەي ... ئۇ بۇ دەرەخنىڭ مېۋىسنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ، مېۋىسنى ئۆز قولى بىلەن ئۈزۈپ يېسە تېرىسىگە سىغماي قالاتتى .

— ئەمدى كۆكۈلنى غەش قىلىدىغان گەپلەرنى قويۇپ ئالدىمىزغا قارايلى .

— توغرا ، بۇ مېۋىلىك دەرەخنى تىككۈدەك ئاساسنى ئۇلار ياراتقان .

— ئىش ئەلمساقتىن شۇنداق داۋاملىشىپ كەلگەن ـ دە .

— بۇ نۆۋەت ياخشى باشلىنىش بولسكەن دەيمەن .

— دېگىنىڭىز كەلگەي ، ئىلاھىم ، نارەسىدە باللار ئۈچۈن بولسىمۇ تىلىكىڭىز ئىشقا ئاشار دېگەن ئۈمىدتىمەن .

— كۆپنىڭ قاتارىدا دېسىلە .

— قوشۇمچە قىلىدىغىنىڭىزنى بىلەتتىم ، ئويلىغىنىمدەك بولدى .

— مېنى چېكىپ باقتىلىغۇ دەيمەن .

— سىزگە ئىشىنەتتىم .

— سىلى تاغ بولسلا ، مەن ئۇستىلىرىدىكى بىر ئۆسۈملۈك .

توساتتىن ئايجامالنىڭ توۋلىغىنى ئاڭلاندى :

— ئانا ، ھەي ئانا !

ئۇ باتۇرنى يېتىلەپ باغقا كىرىپ كەلدى .

— ھە ، مانا بىز ! — ئۇلار مېۋىلىك دەرەخنىڭ ياۋا شاخلىرىنى پۇتاۋاتقان سىياقتا كىرىۋالدى .

ئايجامال يېتىپ كەلگۈچە ، تاشگۈللەر ئىشنى تاشلاپ ئىشىك تەرەپكە مېڭىشتى .

كۈنلەر بىر - بىرىنى قوغلىشىپ ئۆتۈپ ، ھەش - پەش دېگۈچە كۈز يېتىپ كەلدى . تاشگۈل بىلەن چاۋاگۈل ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىنى قىغلاپ ، چاناپ يۇمشىتىپ قېتىرقىنىپ پەرۋىش قىلدى . كەچ كۈزدە توك ياتقۇزۇپ قىشتىن ئوبدان ئۆتۈشىگە كاپالەتلىك قىلدى . باغقا قوي - ئۆچكىلەرنى يېقىن يولاتمىدى . شۇنداق بولۇشىغا قارىماي ، تاشگۈل كۆڭگە ئىككى قېتىم يوقلاپ تۇرۇشنى ئادىتىگە ئايلاندۇرغان ئىدى .

قىش كېتىپ باھار كەلدى ، ئېرىقلارغا ئەگىز سۈيى تولۇپ ، سۆگەتلەر ياشاردى . چۈنكى ، باھار كەلگەنلىكىنى ئەڭ بۇرۇن سېزىدىغىنى سۆگەت ئىدى . تەبىئەت ئويغىنىش بىلەن جىمى جان ھايات شادلىقىغا تولاتتى . ئەنجۈر دەرىخى تېخىچە شېرىن ئۇيقۇدا ئىدى . تاشگۈل ئۇنىڭ قاقشالغا ئوخشىشىپ قالغان شاخلىرى بىلەن تېنىگە قاراپ بىرقىسما بولدى . ئۇلار قولىدىن كېلىدىغان چارىلەرنىڭ ھەممىنى قىلغان بولسىمۇ ، ئەنجۈر دەرىخى ئوخشاشلا تۇراتتى . ئاخىر ، كۈن نۇرى چۈشمىگەن چېغى دەپ ئويلاپ ، ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى باشقا مېۋىلىك دەرەخلەرنى كېسىۋېتىپ ئازادە مۇھىت ھازىرلىدى . لېكىن ، بۇنىڭمۇ ھېچقانداق ئۈنۈمى كۆرۈلمىدى . ئۇلار ئالدىنقى يىلى باراقسان ئۆسكەن دەرەخنىڭ بۇنداقلا قۇرۇپ قېلىشىغا ئىشەنمىسىمۇ ، كۆز ئالدىدىكى ئەمەلىيەت ئىككىلەندۇرۇپ قويۇۋاتاتتى . تاشگۈل ئۇنىڭ ئەتراپىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ شاخلىرىغا كۆندە نەچچە قېتىم سۇ چېچىپمۇ باقتى ، ئەمما ئەھۋالدا ئۆزگىرىش بولمىدى .

تاشگۈل بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىنىۋېرىپ قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتاتتى . مىڭ بىر مۇشەققەتتە ئېلىپ كېلىنگەن خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ بۇنداقلا نابۇت بولۇپ كېتىشى تاشگۈلنىڭ ئۆزى

ئۆلگەندىنمۇ ئازابلىق ئىش ئىدى. تاشگۈل تۇرۇپلا خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ بىر كېچىدىلا نوتا سۈرۈپ، ئەتىگەندە كۆرگەن كىشىنىڭ دىلىنى سۆيۈندۈرىدىغان مۆجىزىنىڭ يۈز بېرىشىنى ئارزۇ قىلاتتى. گەرچە بۇ بىر ئارزۇ بولسىمۇ، ئارزۇنىڭ رېئاللىقنى تەۋەللۇت قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن تاشگۈل ئۈمىدنى قانات قىلدى. تاشگۈلنىڭ مەنزىلى ھايات بىلەن تەڭ ئۈمىد باغلىغان ئەنجۈر دەرىخى ئىدى. ئۇ كۆكلەپ مېۋە بەرسە پالۋاننىڭمۇ روھى كۈلەتتى.

چىلگە ئۆرۈكلەر سۈزۈلۈشكە باشلىغاندا، تاشگۈل ئۈمىد باغلىغان مۆجىزە ئاخىر چىراي ئاچتى. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرى باشقىچە تۈسكە كىرىپ ئۇنىڭدا مودۇرلار پەيدا بولدى. بۇنى كۆرگەندە تاشگۈلنىڭ كۆزلىرى ئۈمىدتىن چاقناپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلانغىنىدىن قىنىغا پاتماي چاۋاگۈلنى چاقىردى. ئۇمۇ قۇرۇق شاخلاردىكى ھاياتلىقنىڭ نىشانىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىقنى باسالماي قالدى. ئۇلار شاخلارنى ئاۋايلاپ سىلاپ كۆزلىرىگە ئىسسىق ياش ئېلىشتى. ئۇلارنىڭ باغدا پىرقىراپ يۈرگىنىنى كۆرگەن ئايجامالمۇ يۈگۈرۈپ كىردى. ئايجامال مۇشۇ كەمگىچە بۇ مېۋىلىك دەرەخكە دىققەت قىلمىغان ئىدى.

تاشگۈل ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدە ئورۇن راسلاپ ياتمىدىيۇ، قالغىنىنىڭ ھەممىسىنى قىلدى. چاۋاگۈل ۋە ئايجامال ئۇنى باشقا يەردىن ئىزدەپ يۈرمەي ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدىن تاپاتتى. ئۇ ئەنجۈر دەرىخگە كۈندە نەچچە ۋاخ تەلمۈرۈپ قاراۋەرگەچكە بىخنىڭ يوغىناش دەرىجىسىنى پەرق ئېتەلمەي تىت - تىت بولاتتى. ئەمما، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ بىخ رەسمىي يېشىل تۈسكە كىرگەن ئىدى.

تاشگۈل ئۆي ئىشىدىن قولى بوشىغان ھامان باغقا كىرىپ ئەنجۈر دەرىخىگە قاراپ ئولتۇراتتى، كۆڭلىگە يەتمىگەن ئويلار يېتىپ، كۈتمىگەندە ئۇنىڭ يەنە قۇرۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. كەينىدىن بىمەنە خىيالنى قىلغىنى ئۈچۈن ئۆزىنى ئەيىبلەيتتى. بىر كۈنى كىچىككىنە بىر

قۇش « پۇررىدە » ئۇچۇپ كېلىپ ئەنجۈر دەرىخىگە قونغان ئىدى ، شاخ بىردىنلا جان كىرگەندەك لىڭشىدى . قۇش بولسا ئۇ شاختىن ، بۇ شاخقا ئۆتۈپ ۋىچىرلاپ سايراشقا باشلىدى . هايالشماي تەرەپ - تەرەپتىن قۇشلار ئۇچۇپ كېلىپ ، ھېچبىر ئىككىلەنمەيلا ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخ- لىرىغا قونۇشتى . ئۇلارنىڭ ھەرقايسىسى ئۆز ئالدىغا سايرىشاتتى . ئاسمان قەرىدە ئۇچۇۋاتقان قۇشلارمۇ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە نەزەر تاشلاپ ئۆتەتتى ، بەزى قۇشلار گەرچە ئاتايىن قونمىسىمۇ پەس ئۇچۇپ ، كېيىن بىردىنلا ئېگىزلەپ ئۆتۈپ كېتەتتى . تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ھېلىغىچە كۆرۈپ باقمىغان بۇ كارامەتلىرىدىن مەمنۇن بولدى . تاشگۈلنىڭ تۇرۇپلا قانات چىقىرىپ قۇشلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغۇسى كەلدىيۇ ، ئارقىدىن خىيالىغا پاتتى . تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قۇلىقىغا باغ سىرتىدىكى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى ئاڭلىنىپ ، خىيالىنى بۆلۈۋەتتى . پاراڭنىڭ ئورامدىن قارىغاندا ئۇلار قىن - قىنىغا پاتماي قېلىۋاتقاندەك ئىدى .

تاشگۈل بىلەن ئايجامال ھويلىدا يىپ ئىگىرىۋاتاتتى ، باغ تەرەپتىن شالدىر - شۇلدۇر قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى . تاشگۈل چاقنى توختىتىپ قۇلاق سېلىپ ، كىمدۇر بىرسىنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنى ئېغىتىۋاتقىنىنى بىلدى . ئۇنىڭ كۆڭلى ئۆيۈپ ئورنىدىن تۇردى - دە ، باغقا كىردى . باغدا ئىنس - جىن كۆرۈنمەيتتى . ئەنجۈر دەرىخىنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا ساپسېرىق مېۋە كۆز چاقنىتىپ تۇراتتى . بۇنى كۆرۈش بىلەن ئۇنىڭ كۆڭلى تىندى ، ئەمما مېۋىنى ئۈزۈشكە پېتىنالماي تۇرۇپ قالدى . باغنىڭ ئىچى خۇش ھىدقا تولغان ئىدى ، قۇياش نۇرى ئۇنى ئۆز تەپتىگە قوشۇپ ھاۋاغا تارقىتىۋاتاتتى .

يېقىنلا يەردىن كەتمەننىڭ گۇپۇلدەپ چېپىلغان ئاۋازى كېلىۋاتاتتى ، تەكنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغان تاشگۈل بۇرۇلۇپ قاراپ ، بۇ دۆرەم بىرسىنىڭ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئەتراپىنى چاناپ يۇمشىتىۋاتقىنىنى كۆردى . تاشگۈل زۇۋان سۈرمىدى . ئۇ ئادەممۇ بېشىنى كۆتۈرمەي كەت-

مەنىنى چېپىۋەردى. تاشگۈل بۇ ھالدىن ئۆزىچە ھوزۇر ھېس قىلماقتا ئىدى. ئەنجۈر دەرىخى پەرۋىشنى بىلگەندەك تەن قويۇپ، ياپراقلىرى تېخىمۇ كېڭىيىپ ۋە قارىيىپ، كىشىنىڭ زوقىنى كەلتۈرۈۋاتاتتى، مېۋىسى ئېسىلىپ شىرنە جۇغلىماقتا ئىدى. تىك چۈشكەن قۇياش نۇرى ئۇنى سېخىيلىق بىلەن تاۋلاۋاتاتتى.

باغنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەر يەنىلا كۆپ بولۇپ، ئايلىنىپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە خۇش پۇراقتىن ھوزۇرلىنىۋاتقىنى ئېنىق ئىدى. لېكىن، بۇ مەززىلىك پۇراقنىڭ زادى نېمىدىن تارقىلىۋاتقىنىنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ھېلىقى ئادەم ئەنجۈر دەرىخى ئەتراپىدىكى ئىشنى تېخىچە توختاتمىغان ئىدى، ئۇ شۇنچە كەتمەن چېپىپمۇ ھېرىپ - چارچىغىنىنى ئۇقمايتتى، بىردەممۇ توختىمايتتى. ئۇنىڭ قۇلىقى گاستەك، سىرتتىكى ۋاراڭ - چۇرۇڭدىن پەرۋايى پەلەك ئىدى.

تاشگۈل تەكىنىڭ ئاستىدا خېلى ئۇزاق ئولتۇرغاندىن كېيىن ھويلىغا قايتىپ چىقىپ ئايجامال بىلەن تاغار توقۇشقا كىرىشىپ كەتتى. كۆتۈلمىگەندە كۆز ئالدىدا بىردىنلا ھېلىقى قامەتلىك گەۋدە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ تاشگۈللەرگە ياردەملىشىپ تاغارنى توقۇشۇپ بەرمەكچى بولۇۋىدى، تاشگۈل ئۇنىمىدى.

تاشگۈل خاتىرجەم بولالماي يەنە باغقا كىرىپ، ئۇنىڭ چىلىق - چىلىق تەرگە چۆمۈلگىنىنى كۆردى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، توقۇلغان قولياغلىق بىلەن پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋاتاتتى، قولىدىكى قولياغلىق تاشگۈلگە تونۇشتەكلا ئىدى. تاشگۈل ھەيرانلىقىنى باسالماي تۇرغاندا، ئۇ بۇرۇلۇپ تاشگۈلگە يۈزلەندى. تاشگۈل ئۇنى تونۇپلا يۈرىكى «قارت» قىلىپ كەتتى، ئۇ پالۋان بولۇپ، شۇنچە يېقىن بولۇشىغا قارىماي بەكمۇ غۇۋا كۆرۈنۈۋاتاتتى، بىر قارىماققا تىنىق كۆلگە چۈشكەن كۆلەڭگىگە ئوخشىشاتتى. تاشگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىماقچى بولدىيۇ، «گۈل» شېخىدىكى بۇ «بۇلبۇل»نى ئۈركۈتۈۋېتەمسىلەك ئۇچۇن ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

تاشگۈلنىڭ كۆپ ۋاقتى ئەنجۈر دەرىخى بىلەن ئۆتۈۋاتاتتى، ئەمما ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى شالدىرلىغان ھېلىقى چاغدا ھېچنېمىنى كۆرمىگەن ئىدى، بەلكى باغدىن ئانچە - مۇنچە چىقىپ قالىدىغان غەيرىي سادالارغا نىسبەتەن « پالۋاننىڭ ئىشى بولسا كېرەك، بولمىسا باغدا تۇرۇپ - تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالىدىغان ئادەم تىۋىشى نەدىن كېلىپ قالىدۇ؟ خېلىدىن بېرى ئۇ باغقا كىرىپ - چىقىپ يۈرۈۋاتقان گەپ » دېگەن ئويدا بولغان ئىدى. تاشگۈل ئۇنىڭ ئەنجۈر دەرىخىگە شۇ قەدەر ئېچىل ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بولۇپمۇ تاشگۈل چوققىدا ھېلىقى خىزىرنىڭ ئېيتقانلىرىنى سۆزلەپ بەرگەندە ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تىلسىملىرىنى كۆرۈشكە شۇنچىلىك تەشنا بولغان ئىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ يوقىلىپ ياكى بىراۋنىڭ قولىغا چۈشۈپ كېتىشىگە قىيماي ئاخىرقى نەپەسكىچە جان تىككەن ئىدى.

پالۋان تىلىنى چىقىرىپ كالپۇكىنى يالىدى، ئاندىن گېلىنى قىرىپ تۈكۈرۈپ، تۈكرىكىنىڭ قېتىققا ئوخشاش ئاپئاق ھەم قويۇق ئىكەنلىكىنى كۆردى. بۇ تەشنالىق يەتكەنلىكىنىڭ ئالامىتى ئىدى. ئۇ ئەنجۈر مېۋىسىگە قاراپ ئۇزاق تۇرۇپ كېتىپ قولىنى ئۇزاتتىيۇ، يەنە دەرھال تارتىۋېلىپ، تۈكرىكىنى يۇتتى، بۇ چاغدىكى ھالىتى خۇددى قاتتىق نەرسىنى يۇتالماي قىينالغان چۈجىنىڭ بويىنىنى سوزۇشىغا ئوخشىشاتتى. ئۇ ئەنجۈر دەرىخىگە يەنە قول ئۇزىتىپ مېۋىنى تۇتۇپ تارتقان بولسىمۇ ئۈزەلمىدى. بۇنى كۆرۈپ تۇرغان تاشگۈل ئۇنىڭ بىر تال مېۋىنى ئۈزۈپ يېيىشكە قادىر بولالمايۋاتقىنىنى سېزىپ « سىيىپ » تاشلىدى. شۇنداقتىمۇ ۋارقىرىۋېتىشتىن ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— ئالسىلا پالۋىنىم، ھەممىنى يېۋەتسىلىمۇ بۇ مېۋە سىلىنىڭ! — دېدى تاشگۈل بىرنەچچە تاقلاپلا ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قېشىغا بېرىپ.

كۈتۈلمىگەندە پالۋان تاشگۈلنىڭ ئالدىدىن خۇددى ياۋا كەپتەردەكلا غايىب بولۇپ كەتتى. تاشگۈل پەقەت ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سەلكىن شامالدا ئاۋۋالقىدەكلا تەۋرىنىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. تاشگۈلنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، چېكىسىدىن ۋىل - ۋىل تەر تەپچىدى.

— تاشگۈل، كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىز؟

تاشگۈل ئەندىكىپ ئارقىسىغا قاراپ چاۋاگۈلنى كۆردى، ئەمما ئاغزى دەماللىققا گەپكە كەلمىدى. چاۋاگۈل ئۇنىڭ چېكىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتتى. شۇ ئارىدا ئايجامال باتۇرنى ئەگەشتۈرۈپ كىردى. بىر ئۆيلۈك ھەممىسى گەپ - سۆزسىز ئەنجۈر دەرىخىنى چۆرىدەپ تۇرۇشتى. ئارىدىكى جىملىقنى تاشگۈل بۇزدى:

— ئانا، ئەنجۈر پىشىپ مەي باغلاپ كېتىپتۇ. ئۆز قوللىرى بىلەن ئېلىپ تېتىپ باقسىلا.

— قېنى، سىزدىن كەلسۇن.

— مەن ئۆز ۋاقتىدا يېگەن، ئەمدى سىلەر ئېغىز تېگىپ بېرىڭلار.

چاۋاگۈل تاشگۈلنىڭ قايتا - قايتا ئۆتۈنۈشى بىلەن قىيمىغان ھالدا بىر تال مېۋىنى ئۈزدى. تاشگۈلمۇ ئۆزى ئۆستۈرگەن ئەنجۈرنىڭ تۇنجى مېۋىسىنى تېتىپ كۆرگەن ئىدى، ئۆز ۋاقتىدىكىسىگە قارىغاندا سۈلۈق، شېرىن بىلىندى، ئاندىن ئۇلار ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئانار، ئۈزۈملەرگە ئوخشاش قىشتا كۆمۈش ئارقىلىق قىشتىن ئۆتكۈزۈلىدىغان دەرەخ ئىكەنلىكىنى بايقاشتى. ئەگەر يازدىكى پەرۋىش بىلەن قىشتىن ئۇششۇتۇپ قويماي ئۆتكۈزۈش بىرلەشتۈرۈلىدىغان بولسا، مېۋىسى كۆپ ۋە سۈپەتلىك بولىدىغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى.

بىر كۈنى تاشگۈل باتۇرغا ئات ئۇستىدىكى ماھارەتلەرنى ئۆگەتكەچ ئانىسى ئالتۇن خۇشبۇينى يوقلاپ كەلمەكچى بولۇپ يولغا چىققان ئىدى، ئۆيدىن خېلى يىراقلىغاندىمۇ ئەنجۈر مېۋىسىنىڭ خۇش ھىدى دىمىغىغا گۇپۇلدەپ ئۇرۇلۇۋاتقىنىنى سەزدى. ئۇيەر - بۇيەرگە توپلىشىۋالغان كىشىلەر مەھەللىدە يېڭىدىن پەيدا بولغان ئۆزگىچە خۇش پۇراق ھەققىدە پاراڭ سېلىشىۋاتاتتى. تاشگۈل تۇرۇپلا ئەنجۈر دەرىخىنىڭ بىخەتەرلىكىدىن ئەنسىرەپ قالدى. چۈنكى، ئۇ خېلىدىن بۇيان تالا - تۈزگە چىقمىغاچقا بۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىشى تۇنجى قېتىم ئىدى. ئۇ ئانىسىنى ئۇزاقتىن بۇيان كۆرمىگىنىنى ئويلاپ، ئىچىدە كىشىلەرنىڭ

كۆڭلىگە ئىنساپ ـ تەۋپىق تىلىدى ـ دە ، ئانا باغرىغا ئۆزىنى ئېتىش
ئۈچۈن ئېتىنى قامچىلاپ يۈرۈپ كەتتى . لېكىن ، ئۇ ھەدېگەندە كۆڭلى
ئۆيۈپ ئارقىسىغا قارايتتى ، بىرەرسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن ، خاتىرجەم
بولۇپ يولنى داۋام قىلاتتى . سەزگۈر دىمىغىغا پەقەت ئۆزىگىلا تونۇشلۇق
بولغان ئەنجۈر ھىدى ئۇرۇلۇۋاتاتتى . ئۇ مەھەللىدىن خېلى يىراقلىغاندا
كەينىگە قاراپ ، بايىقى كىشىلەرنىڭ باغنى بىر ـ بىرىگە كۆرسىتىپ بىر-
نېمىلەرنى دېيىشىۋاتقىنىنى كۆردى ـ دە ، ئىچىگە ئەنسىزلىك چۈشۈپ
ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتتى . ئالدىغا قارىسا ئانىسى ، كەينىگە قارىسا ئەنجۈر
دەرىخى تۇراتتى ، ئۇ قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلمەي تەڭلىكتە قېلىۋا-
تاتتى .مۇشۇنداق ھالقىلىق پەيتتە ، ئۆزىنىڭ ئادەم تەسەۋۋۇر قىلىمۇ
سىغمايدىغان جاپالىق ئەجرى ، پالۋاننىڭ قىممەتلىك ھاياتى بەدىلىگە
كەلگەن ئەنجۈر دەرىخىنى تاشلاپ كەتسە بولمايتتى . شۇڭا ، مۇقەددەس
بۇرچ تۇيغۇسى ئۇنى ئارقىسىغا يېنىشقا مەجبۇر قىلدى . تاشگۈل دەرۋازا
ئالدىغا كېلىپ ئاۋۋال باتۇرنى يەرگە دەسسەتتى ، ئاندىن ئۆزى چۈشۈپ ،
ئاتنى يېتىلەپ ھويلىغا كىرىپلا كۈنگۈرىدىن باغقا قارىدى . ئەنجۈر دەرىخى
ئورنىدا تۇراتتى . ئۇنى باغقا ئاپىرىدە قىلىشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە سىڭ-
دۈرگەن ئەجرىگە نىسبەتەن ئېيتقاندا ، ئەگەر ئۇ كىچىك بالا بولۇپ
قالغىنىدا ئانىنىڭ قارىسىنى يىراقتىن كۆرۈپ ئالدىغا يۈگۈرگەندەك ، ئۇمۇ
تاشگۈلنىڭ باغرىغا ئۆزىنى ئاتقان بولاتتى . ئەمما ، ئۇ دەرەخ بولغاچقا
تۇپراقتىن ئايرىلالمايتتى . تاشگۈلمۇ ئۇنىڭ جايىدىن قوزغىلىشىنى خالى-
مايتتى .

تاشگۈل ئاتنى باغلىۋەتكەندىن كېيىن ، باتۇرنى كۆتۈرۈپ
كۈنگۈرىدىن ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرسەتتى . ئۇ ئانىسى كۆرسەتكەن تە-
رەپكە ئېرەنسىمىگەندەك قارىدىيۇ ، ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرەلمىدى . شۇ
ئەسنادا ئەنجۈر دەرىخى سىلكىندى ، ئەسلىدە بىر قۇش قونماقچى بولۇپ
قونالماي ئۆتۈپ كەتكەن ئىدى . تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنىڭ سىلكىنىشىگە
قاراپ ئۇنىڭ قاغا ياكى سېغىزخان ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى . بالا پەقەت

شۇ چاغدىلا ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرگىنىنى ئانىسىغا ئېيتتى . تاشگۈلنىڭ مەسلىكى كېلىپ ئۇنى ئەنجۈر دەرىخىنىڭ قېشىغا ئەكىردى . پىشقان مېۋىلەر شاختا شىرنىسىنى ئېقىتىپ تۇراتتى . بالا ئۆزۈش ئۈچۈن قولىنى ئۇزاتتىيۇ ، قولى يەتمىدى ، يەتكەن تەقدىردىمۇ ئۆزەلمەسلىكى مۇقەررەر ئىدى .

كەچقۇرۇن تاشگۈل باتۇرنى هويلىدىن تاپالمىدى . كۆنگۈردىن قاراپ ئۇنىڭ ئەنجۈر دەرىخىگە ئېسىلىۋالغىنىنى كۆردى . ئۇنى چاقىرماقچى بولدىيۇ ، لېكىن چاقىرمىدى . يۈگۈرۈپ بېرىپ مېۋىدىن بىر تال ئۈزۈپ بەرمەكچى بولدىيۇ ، بۇ نىيىتىدىنمۇ دەرهال ياندى . تاشگۈل ئۇنىڭ ئۆزى ئەجىر قىلىپ يېيىشىنى ئۈمىد قىلغان ئىدى . ئۇمۇ كىچىك بولۇشىغا باقماي ئانىسىنىڭ بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى كۆز قارىچۇقىدەك ئاسرايدىغانلىقىنى بىلەتتى . شۇڭا ئۇ ، شاخنىڭ سۇنۇپ كېتىشىدىن قورقۇۋاتاتتى . تاشگۈل ئۇنىڭ ئەنجۈر شېخى بىلەن تەڭ تۇرۇپ تىركىشىۋاتقىنىنى كۆرۈپ ، ئاخىر ئۆزى تازا ۋايىغا يەتكەن مېۋىدىن ئىككى تال ئۈزۈپ كاچاتلىۋې- تىپ ، يوپۇرماققا قويۇپ بەردى .

تاشگۈل باتۇرنى ئەنجۈر تۈۋىدە قالدۇرۇپ ، هويلىغا چىقتى ــ دە ، ئۇنىڭغا ئاتاپ سوقتۇرۇپ بەرگەن كەتمەنچەكنى ئېلىپ كىردى . ئاڭغىچە بالا مېۋىنى يەپ بولغان ئىدى . ئۇنىڭ كۆزى كەتمەنچەككە چۈشتى .

ــ ئانا ، كەتمىنىمنى يەنە ئوينامدىمەن ؟

ــ ئوبدان قوزام ، نەچچە ۋاقىتتىن بېرى ئوينىغانلىرى يېتەر ، ئەمدى بۇ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىنى يۇمشاتسىلا .

ــ ياق ، ئوينايمەن .

ــ بولىدۇ . ئەمسە ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تۈۋىدىكى ئوت - چۆپنى چاناپ ئوينىسىلا .

ــ باشقا يەردە ئوينىسام بولمامدۇ ؟

ــ ئوغلۇم ، گەپ ئاڭلىسىلا ــ هە !

ــ ياق - ياق ، ئىشىك ئالدىدا بالىلار بىلەن سۇ كۆمۈپ

ئوينايمەن .

— سىلىنى ئويناتمىسىلا دېگىنىم يوققۇ ؟

— ئەمىسە ...

— قارىسىلا ، جېنىم بالام ، شۇ كۈچلىرىنى بۇ يەرگە ئىشلەتسىلە ئەنجۈر دەرىخى جىق مېۋىلەيدۇ ، ئاندىن چوڭ ئانىلىرى ، ئايجامال ئاچىلىرى ، مەن ۋە سىلى ھەممىمىز تازا يەيمىز .

— ھازىرمۇ يېدۇققۇ ؟

— ئۇ چاغدا بۇنىڭدىنمۇ جىق ھەم تاتلىق مېۋىلەيدۇ .

— تۆۋەندىكى ئوت - چۆپنى چاناپ ئوينىمىسام مېۋىلىمەمدۇ ؟

— شۇنداق ، تاماق يېمىسىلە قانداق بولۇپ قالىلا ؟

— ئۆتكەندە قورسىقىم ئېچىپ كەتكەندە كۆڭلۈم ئېلىشىپ ، كۆزۈمگە قاراڭغۇچىلىق تىقىلىپ كەتتى .

— توغرا . بۇنىڭمۇ تۆۋىنى يۇمشىتىپ ، ياۋا ئوت - چۆپلەرنى چاناپ ، قىغلاپ ، ۋاقتى - ۋاقتىدا سۇ قۇيۇپ تۇرمىساق خۇددى سىلىنىڭكىدەك قورسىقى ئېچىپ كېتىدۇ - دە ، يوپۇرماقلىرى سارغىيىپ مېۋىلىرى يىگىلەپ تۆكۈلىدۇ .

— ئۇ چاغدا مەن بۇ مېۋىنى يېيەلمەمدىمەن ؟

— شۇنداق . بۇ مېۋىنى كۆپ يېگەن بالا چوڭ بولغاندا قالتىس ئادەم بولىدۇ .

— مەن چوڭ بولسام قالتىس ئادەم بولىمەن .

— شۇنداق . دادىلىرىدەك قالتىس ئادەم بولسىلا .

— دادام قانداق قالتىس ئادەم ئىدى ؟

— ئوغلۇم ، بۇنى ئاستا - ئاستا چۈشەندۈرۈپ قويىمەن .

— قاپاق تېرەكتەك ئادەم بولىمەنمۇ ، دادام شۇنداقمىدى ؟

— يوغانلىق ھەم كۈچ جەھەتتە قاپاق تېرەكتەك بولىلا .

— ئۇنداق بولسا كەتمەننى كۆپ چېپىپ ، ناننى ئاز ، مېۋىنى كۆپ يەيمەن .

باتۇر ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تاشگۈل خۇددى ئوغلى كىرەككە كىلىپ قولى سوۋۇغان ئادەمدەك بىر چەتتە ئولتۇردى. باتۇر تاشگۈلنىڭ كۆرسىتىپ قويغىنى بويىچە چوڭ ئادەمدەك ئىشلەۋاتاتتى. تاشگۈل ئەمدى يالغۇزلۇق ھېس قىلمىدى. چۈنكى، ئەنجۈر دەرىخىنى پەرۋىش قىلىشتا ياردەمچى چىققان ئىدى. ئۇ ئوغلىدىن پەخىرلىنىۋاتاتتى، چوڭ بولسا دادىسىنىڭ ئىزىنى باسىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. ئۇ ئوغلىنى يەردىن ئەمدىلا باش كۆتۈرگەن تىمەن ئۆسۈملۈككە ئوخشاتتى. « ئۇنى قانداق ئۆستۈرۈش ئۆزۈمگە باغلىق، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — چوڭ بولغۇچە جىسمىغا پۈتۈن كائىناتنى سىڭدۈرۈۋېتىمەن. بۇ ئۇنىڭغا قانچىلىك ئەجىر سىڭدۈرۈشۈمگە، ئۇنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشىمگە ماسلىشىشىغا باغلىق. يامىشىش بىلەن يۆلەش بىرلەشكەندىلا ئۆگزىگە چىققىلى بولىدۇ! »

تاشگۈل بىلەن باتۇر ئەنجۈر دەرىخى تۈۋىدىن ئايرىلىپ تەكلىككە كەلدى. باتۇر خۇددى چوڭ ئادەمدەك كەتمىنىنىڭ چۈلدىسى بىلەن يەرگە « گۈپ » قىلىپ ئۇردى. بۇنىڭ بىلەن كەتمەنچەكنىڭ يۈزىگە چاپلىشىۋالغان توپىلار چۈشۈپ كەتتى، ئاندىن ئۇ بىر تال شېشقىنى تېپىپ كېلىپ كەتمەنچەكنىڭ چۈلدا ۋە باشقا جايلىرىدىكى لايلارنى پاكىز قىرىۋەتتى. تاشگۈل ئۇنىڭغا بىرەر ئىش قىلغاندا سايماننى ئېرىغداشنىڭ تاماق يېگەندە ئېغىزنى سۈرتۈش، قاچا - قۇچىنى يۇيۇش بىلەن ئوخشاش ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيتتى.

چاۋاگۈل بىلەن تاشگۈل مەسلىھەتلىشىپ، ئايجامالنى بايۋەچچىگە چېتىپ قويدى. ياش ئەر - خوتۇنلار بىر - بىرىگە بەكمۇ ئېجىل ئىدى. بايۋەچچە تاغۇدەشتلەردىن دورا ئۆسۈملۈكى يىغىپ كېلەتتى، ئاغرىقلارنىڭ تومۇرىنى تۇتۇپ دورا بېرەتتى. ئايجامال دورا ئۆسۈملۈكلىرىنى سوقۇپ دورا ياساشتا ياخشى ياردەمچى ئىدى.

بىر كۈنى ئازنىلىغىلى كەلگەن بايۋەچچە بىلەن ئايجامال دەرۋازىدىن كىرىپلا تاشگۈلنىڭ ئاياغ تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئالدىدا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقىنىنى ئاڭلىدى. ئۇلار يېقىن كېلىپ كۆردىكى، باتۇر ياغاچتىن يا-

سالغان بىر يۈرۈش چېنىقىش سايمىنى ئۈستىدە مايمۇندەك ئويناپ، ئاندىن بېشىنى تۆۋەنگە ساڭگىلىتىپ تۇراتتى. ئۇلار تاشگۈل بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، باتۇر تەرەپكە مېڭىۋىدى، تاشگۈل كېيىن كۆرۈشۈشنى ئېيتىپ توسۇپ قويدى. ئۇلار باتۇرنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرىدىن زوقلىنىپ بىردەم قاراپ تۇرۇشتى. تاشگۈل ئۇنىڭغا توغرا ياغاچتا چاقپەلەكتەك پىرقىراشنى ئېيتقان ئىدى، ئۇ ئانىسىنىڭ دېگىنىنى ئورۇندىدى. ئۇنىڭ پۇت - قوللىرى ۋە بېلى شۇنچىلىك ئەۋرىشىم ئىدىكى، سۆڭىكى بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايتتى. تاشگۈل ئۇ مەشىق قىلغاندا يېنىدىن ئايرىلماي ماھارەتلەرنى قاتتىق تەلەپ بىلەن ئۆگىتەتتى. ئۇ بېشىنى يەرگە، پۇتىنى ئاسمانغا قىلىپ، ئىككى قولىدا تېز ماڭالايتتى. بۇنداق چاغدا يۈزلىرى پوكاندەك قىزىرىپ كېتەتتى. تاشگۈل ئۇنى غەيرەت قىلىشقا ئۈندەيتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ باياتىن بېرى توغرا ياغاچتا چىغىرىقتەك پىرقىراش ۋە ئۇياقتىن - بۇياققا ئۆتۈش ماھارىتىنى تۆت قېتىم تەكرار كۆرسەتتى. ئۇ ھەر كۈنى مەشىق قىلغاندا پەقەت بولالماي قالغۇدەك دەرىجىگە يەتكۈچە داۋاملاشتۇراتتى، بەرداشلىق بېرىش روھى كۈچلۈك ئىدى. ئايجامال بىلەن بايۋەچچە ئۇنىڭ بويۇن تومۇرلىرىنىڭ قوشۇق سېپىدەك كۆپۈپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، تاشگۈلنىڭ قاتتىق قوللۇقىغا نارازى بولۇشتى:

— بىر نارەسىدىگە شۇنچە باغرى تاشلىق قىلىپ نېمىگە ئېرىشىسىز؟ — دېدى بايۋەچچە نارازىلىقىنى ئاشكارا ئىپادىلەپ.

— مەن تېخى بۇ ھەرىكەتنى ئۇنىڭ ياش قورامىدىن ئاشۇرۇۋەتكىنىم يوق.

— بۇ ئۇنىڭغا زورلۇق تۇيغۇسى بېرىشى مۇمكىن.

— كىچىك بالا بار يەردە بۇنداق دېيىشىڭلار پايدىسىز. مەن ھازىردىن باشلاپ ئۇنىڭدا قانداق ياشاش خاراكتېرىنى يېتىلدۈرىمەن.

— مۇددىئايىڭىز بەلكىم توغرىدۇ، ئېھتىمال ئۇ دېگەن گەپلىرىمىزنى ئاڭلىماي قالغاندۇ.

— ئۇ خېلى نېرىدىكى ئادەملەرنىڭ ئېغىز ھەرىكىتىگە قاراپ نېمە دەۋاتقانلىقىنى بىلىۋالىدىغان تۇرسا ، قېشىدا بولۇنغان گەپلەرنى ئاڭلىماي قالامدۇ ؟

— ئۇنداقتا ، بىھۇدە گەپلىرىمىزدىن رەنجىمەڭ .

— ئىككىڭلار ئۆز ئادەم بولغاچقاكۆڭلۈمدىكىنىئۇدۇللا دەۋەردىم .

بىر ئەمچىنىڭ بۇنى چۈشىنىشى تەبىئىي ئىش بولسىمۇ ، ئەمما قاراش جەھەتتە تاشگۈلگە يەتمەيتتى . ئۇنىڭ بايا ئۆز قارىشىنى ئىپادىلەپ قويۇشى شۇ سەۋەبتىن ئىدى . چۈنكى ، ئەمچىلىك قىلىدىغان ئادەم كۆندە نەچچىلىگەن ئاغرىقلارنىڭ ئىڭراشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرغاچقا رەھىمدىل كې- لەتتى . بەزىدە ئۆزىنى ئاغرىق ئورنىدا ھېس قىلاتتى .

— بىلىشىمچە ، سىزگىمۇ رەھمەتلىك دادىڭىز شۇنداق ئۆگەتكەن ئىدى . شۇڭا ، ئەركەكتەك ئادەم بولغان - دە ! — دېدى بايۋەچچە .

— بالىلارنىڭ قانداق ئادەم بولۇشى كۆپ ھاللاردا ئاتا - ئانىنىڭ سىڭدۈرگەن ئەجرىگە باغلىق .

— توغرا ، ئۇلارنىڭ تىلى ئاتا - ئانىسىنىڭ ئالدىدا چىقىدۇ ، ئۇلار ئۆسۈپ يېتىلىش مۇساپىسىدە ئاتا - ئانىلارنىڭ ئىدىيە - مىجەزىنى قوبۇل قىلىدۇ . قاتتىق قول ئاتا - ئانىلارنىڭ پەرزەنتلىرى يارامىلىق ئادەم بولىدۇ .

تاشگۈل باتۇرغا ئىجازەت بېرىپ ، ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى . ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇشىغا چاۋاگۈل سىرتتىن كىرىپ ، بايۋەچچە بىلەن سالاملاشتى ، ئايجامال بىلەن يۈز يېقىشىپ كۆرۈشتى . ئۇ قوشنىسىنىڭ پالاس توقۇيدىغان دۇكىنىنى قۇراشتۇرۇپ بېرىمەن دەپ ھا- يالشىپ قالغىنىنى ئېيتىپ ، ئۇلاردىن ئۆزرە سورىدى .

# ئېچىلغان سىر

بايۋەچچە بىلەن ئايجامال غىزالىنىۋاتاتتى، تاشگۈل بىر لېگەن ئەنجۈر مېۋىسى كۆتۈرۈپ كىردى. بايۋەچچە داستىخانغا قويۇلغان بۇ ئېسىل نېمەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ قانداق مېۋە؟ — سورىدى بايۋەچچە بىر تال ئەنجۈرنى ئېلىپ ئۆرۈپ-چۆرۈپ قاراپ.

— بۇ بىر تېپىشماق، قېنى تېپىپ باقسىلاچۇ؟

— مەن تاپالمىغۇدەكمەن.

— توغرا، تاپالماسلىقلىرى تەبىئى.

— بۇ مېۋىنى شۇنداق مەخپىي تۇتۇپسىلەر-دە، ھەتتا ئايجامالمۇ بۇ ھەقتە تىنىپ قويماپتۇ!

— ھازىرمۇ تېخى كېچىككىنى يوق.

— بىز ئۆز ئادەم بولغاندىكىن تارتىنىش يوق. مۇمكىن بولسا شېخىدىن ئۆز قولۇم بىلەن ئۈزۈپ يېسەم دەيمەن.

— ئاۋۋال داستىخانغا كەلتۈرۈلگىنىنى يەيلى، ئاندىن باغقا باشلاپ كىرەي.

بايۋەچچە ئەنجۈرنى ئالدىرىماي مەززە قىلىپ يېدى. ئۇ ئۆزى داستىخاندا بولسىمۇ، ئۇزايدىن قارىغاندا ئوي-خىياللىرى قانات قېقىپ ئاللىقاياقلارغىدۇر ئۇچقان ئىدى.

تاشگۈل داستىخانىنى يىغىشتۇرغاندىن كېيىن بايۋەچچىنى باغقا باشلىدى. بايۋەچچە ئەنجۈر دەرىخىنى تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىپ، تاشگۈلگە يەنە بىر قېتىم ئاپىرىن-تەھسىن ئېيتتى. تاشگۈل بۇ خاس-

يەتىلىك دەرەخ ھەققىدە بىرقۇر سۆزلەپ بەردى، ئاندىن سىرنى ئاشكارىلاشنىڭ شەرت - شارائىتى پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى ئېيتتى. بايۋەچچىمۇ ئاق كۆڭۈل يىگىت ئىدى. ئۇلار ئۇزاق پاراڭلاشتى، تەسەۋۋۇرلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

ئايجامال بىلەن بايۋەچچە قايتىدىغان بولۇشتى. چاۋاگۈل خېلىدىن بۇيان ئىشىك ئالدىغىمۇ كەمدىن - كەم چىقىدىغان، ھەتتا ئانىسىنىڭكىگىمۇ بارمايدىغان تاشگۈلنىڭ تۇرۇپلا باتۇرنى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنى يولغىچە ئۇزىتىپ چىققانلىقىدىن سەل ھەيرانلىق ھېس قىلدى. چۈنكى، تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىدىن ئايرىلىشقا قىيمايتتى، ئالتۇن خۇشبۇي يولىغا تولا قاراۋېرىپ ئاخىر ئۆزى كېلىپ كۆرۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ قىزىنىڭ كۆڭلىنى چۈشەنگەچكە پەقەت ئېغىز ئالمايتتى. چاۋاگۈلمۇ تاشگۈلنىڭ ياپىياش تۇرۇپ ئۆيگە بۇنداق بېكىنىۋېلىشىنى خوپ كۆرمىسىمۇ، ئۇنى بارا - بارا ئۆز مەيلىگە قويۇۋەتكەن ئىدى. مەھەللىدىكىلەر باشقىچە قارىشىپ، تاشگۈلنىڭ بۇنداق غەلىتە مىجەزلىك بولۇپ قالغىنىنى ئائىلىسىگە كەلگەن ئېغىر بەختسىزلىك بىلەن باغلىشاتتى. چاۋاگۈل تاشگۈلنىڭ بۈگۈن تۇرۇپلا باشقىچە بولۇپ قالغىنىنى كۆرۈپ خېلىلا روھلىنىپ قالدى. تاشگۈل بۇنىڭلىق بىلەن قالماي ياسىنىپ كوچىغا چىقىدىغان، ئۇچرىغانلار بىلەن پاراڭلىشىدىغان بولدى. بۇ ھال چاۋاگۈلنى ھاياجانلاندۇراتتى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە چىققۇسى كېلەتتىيۇ، ئەمما نېمىشقىدۇر ئەپسىز كۆرۈپ نىيىتىدىن يالتىياتتى.

بىر قېتىم كىشىلەر تاشگۈلنى يول ئۈستىدىلا ئورىۋېلىشتى، ئۇزاقتىن بۇيان كۆرۈشمىگەن توغقىنى بىلەن دىدار مۇلاقات بولغاندەك يۈرەك سۆزلىرىنى دېيىشتى. بېشىنى پاكىز تاراپ، يېڭى كىيىملەرنى كىيگەن تاشگۈل ئۇلاردىن پەرقلىق ئىدى. بۇنىڭدىن كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزىنى تاشلىمىغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. ئۇ كەم سۆز بولۇپ قالغان بولسىمۇ، قەيسەرلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدىغان چىرايى تەگتۇشلىرىغا ئىشەنچ بەخش ئەتتى. ئۇ ئۆتكەنكى « سەپەر » باھانىسىدە نۇرغۇن يۇرت -

ئىقلىملارنى كۆرگەچكە، يۇرتىنى قىستاپ تۇرغان تاغلار ۋە دېڭىزنىڭ تەھدىتى كۈن كەچۈرۈشنى تەسلەشتۈرۈپ قويغانلىقىنى ھېس قىلىپ كۆڭلى بىر قىسما بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە يەرنىڭ تاشلىق بولۇشى «ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك» دېگەندەك بىر ئىش ئىدى.

بىر كۈنى كەچ قايتىپ كەلگەن تاشگۈل كېچىدىن بېرى كاللىسىغا كىرىۋالغان مەلۇم ئىش تۈپەيلى تۈزۈك ئۇخلىيالمىدى. ئەتىسى چاۋاگۈل تاشگۈلنىڭ قاپاقلىرى ئولتۇرۇشقان، ئۆڭسۆلى ئۆچكەن ھالىتىنى كۆرۈپ، يەنە ئەنسىرەپ قالدى. ئەمما، يەنە تۇرۇپلا: «مۇھىم بىر ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئۇخلىيالمىغان چېغى» دەپ ئويلاپ كۆڭلىنى تىنچلاندۇردى. دېمىسىمۇ ئەھۋال شۇنداق ئىدى. چاۋاگۈل ئۇنىڭ نېمىشقا ئۆزگىرىشچان بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى چۈشەنمىسىمۇ، خۇشاللىقىنى ئۆز خۇشاللىقى، قايغۇسىنى ئۆز قايغۇسى ھېسابلايتتى.

بۇ تاشلىق زېمىندا كۆپ تەر ئاقتۇرماستىن كۈن ئۆتكۈزمەك تەسكە چۈشەتتى. مانا بۇ تاشگۈلنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقان تەرەپ بولۇپ، ئۈنۈمسىز يەرلەرگە باغلىنىپ قالماي قول ھۈنەر ۋە باشقا ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. ئۇنىڭ ئۆزى باش بولۇپ تاغار - پالاس توقۇشى ئەنە شۇ ۋەجدىن ئىدى. يۇرتتىكىلەرنىڭ بەزىلىرى يۇرت ئاتلاپ، ھەتتا كۈنپېتىشقىچە بېرىپ تىرىكچىلىك قىلسا، بەزىلىرى توقۇغان تاغار - پالاسلىرىنى ساتاتتى. ھۈنەردە كامالەت تاپقانلارنىڭ بەزىسى يات يەرلەردە تۇرۇپمۇ قالاتتى.

تاشگۈل پالۋانغا ياتلىق بولۇپ كەلگەندە بۇ ئائىلە ناھايىتى خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك، ئۆز ھالىغا يارىشا باياشات ئىدى. ئارىلىقتىكى ۋەيرانچىلىقنى دېمىگەندە ھازىرمۇ قەدىر ئەھۋال ئائىلىلەردىن سانىلاتتى. تاشگۈل ھەر جەھەتتىن كېلىشىملىك بولغاچقا، ئائىلە ھارۋىسىنى تۈز يولغا باشلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇلار بىر ياقىدىن باش چىقىرىپ، مەھەللىكوي، ھەقەمسايىلەر بىلەن ئىناق ئۆتتى، يۇرت چوڭى ۋە ئاقساقىلى بىلەن قويۇق مۇناسىۋەت ئورناتتى، ئەمما ئەنجۈر دەرىخى ھەققىدىكى سىرنى

ھەرگىزمۇ ئاشكارىلىمىدى. تاشگۈلدە غەيرىي مۇددىئا يوق ئىدى. ئۇ ھەمىشە ئىشىنىڭ جەريانىنى كىشىلەرگە ئۇقتۇرۇشتىن كۆرە، نەتىجىسىنى كۆرسىتىپ باشقىلارنى تاڭ قالدۇرۇشقا ئامراق ئىدى.

ئۇلار كۆچۈپ يۈرۈشنى خالىمىغان، كۆن ئۆتكۈزۈش جاپالىق بولسىمۇ يۇرتىنى شورلۇق، سازلىقلارغا يەم قىلىپ بېرىشكە كۆزى قىيمىغانلار بولۇپ، بۇنداق پايدىسىز شارائىتتا ئىقتىسادىي جەھەتتىن بىر-بىرىنى قوللاش، بىر تىللىق، ئىجىل بولۇش زۆرۈر ئىدى. تاشگۈل كۆزىگە كۆرۈنۈپ - كۆرۈنمەي خۇشاللىق ئاتا قىلىۋاتقان نەرسىنى ئەمدى ئېنىق بايقىدى. ئۇ كۆز يېتىپ كېلىشى بىلەن ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرىنى چاتاپ، بىر غېرىچ - بىر غېرىچتىن قىلىپ كەسلىدى - دە، تەييارلانغان يەرگە تىكتى، ئاندىن توڭ ياتقۇزۇپ ئۈستىنى كۆمدى.

— ئەنجۈر دەرىخىنى كېڭەيتمەكچى بولۇۋاتامسىز؟ — سورىدى چاۋاگۈل.

— چۈشۈمدە بۇ تاشلىقلارنىڭ ئورنىدا ئەنجۈرلۈك باغ تۇرغىنىنى كۆردۈم.

— بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى نابۇت قىلارمىزمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن.

— ئىشەنچىم بار، ئۇنداق بولمايدۇ.

— كېسىلگەن شاخلار بەك كۆپ بولۇپ كەتتى.

— قول باتۇر دەپتىكەن.

— دېگىنىڭىزدەك بولغاي.

تاشگۈل تالا - تۈزگە چىقىشنى قويۇپ يەنە ئۆيگە بېكىنىۋالدى. كىشىلەر بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمەي: «تاشگۈلنىڭ مىجەزى يەنە ئۆزگىرىپ، ئادەم خالىمايدىغان بولۇپ قاپتۇ» دەپ گەپ تارقىتىشتى. ئەمما، ئۇلارنىڭ نېمە دېيىشى بىلەن تاشگۈلنىڭ كارى يوق ئىدى. ئۇ پەقەت قولى ئىشتىن بوشاپ قالغاندا ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قويىاتتى - دە، دەرھال قايتىپ كىرىپ باتۇرنىڭ ماھارەت ئۆگىنىشىگە يېتەكچىلىك قىلاتتى، يېڭىدىن تىكىپ كۆمگەن ئەنجۈر كۆچەتلىرىنىڭ ئەتراپىدا

ئايـــلىنىپ ، ئىچىلىپ قالغان جايلىرىنى خۇددى ئۇخلاۋاتقان بالنى پەپىلە-
گەنـدەك نـەم تـوپـىـدا كـۆمـەتتى . تاشگۈلنىڭ دوستلىرى ئۇنىڭ توي -
تـۆكۈن ، ئوغلاق تارتىشىش سورۇنلىرىدا بولۇشىنى ئارزۇلىشاتتى . بەزىدە
ئۇ چـاقـىـرىـپ كـەلـگـەنلەرگە چىرايلىق سەۋەبلەرنى كۆرسىتەتتى ، ئۇلار
رەنـجـىـشمەيتتى . بىراق ، قولۇم - قوشنىلارنىڭ ئۆيىدە بىرەر ئىش بولۇپ
قالسا ئۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى .

ئۇزاق ئۆتـمـەي قـىـلـىـن قـار يـاغـدى . تـاشگۈل چوڭقۇر خىيالغا
چـۆكۈپ ، باغدا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاپئاق چىچەك-
لـىـگـىـنىگە كۆزى چۈشتى . يەنە بىر قارىماققا ئەنجۈرنىڭ چىچىكى بەكمۇ
رەڭـدار كـۆرۈنـدى . شۇ ئەسـنـادا بـىـر سىغىزخان ئۇچۇپ كېلىپ تامغا
قـونـدى - دە ، ئەتـراپـقـا بـويـۇنـداپ قارىدى . ئۇ نوغۇچتەك قۇيرۇقىنى
تـوخـتـىـمـاي « لىك - لىك » قىلاتتى . بىردەمدىن كېيىن ئۇچۇپ كېتە-
ۋىدى ، قـار تـوزۇنـدىـلـىـرى پۇرقىراپ يەرگە چۈشتى . ئۇنىڭ ئۇچۇشى
ئۇزۇنـغـا بـارمـىـدى ، بەلكى ئەنجۈر دەرىخىگە يېقىن تامنىڭ كامارلىرىدىن
بـىـرنەرسە ئىزدەشكە باشلىدى . ئۇ كامارغا تۇمشۇقىنى تىقاتتىيۇ ، ھېچنېمە
تـاپالماي تارتىۋالاتتى . بۇنداق نەتىجىسىز ھەرىكەت خېلى داۋاملاشتى ، ئۇ
تـىـقـىـپ قويغان نەرسىسىنى تاپالماي ئاۋارە بولغىنى بولغان ئىدى . ياق ، ئۇ
بـار نـەرسـىـنـى تاپالمايۋاتقىنى يوق ، تاپالماسلىقىنى بىلسە يوشۇرۇپ نېمە
قـىلاتـتى ؟ ئۇ تىقىپ قويغان نەرسىلەرنى چاشقان ئوغرىلاپ يېۋالغان ئىدى.

ئەتـىـگـەنـدىـن بـىـرى نـاشتا قىلماي قورسىقى ئاچقان سىغىزخان
ئەمدى بـىـرەر تـال جـىـگـدىمۇ تاپالماي ، ئەنجۈر دەرىخىگە قوندى ، ئۇنى
كـۆتـۈرەلـمـەي شـاخلار لـىـڭشىپ قارلار چۈشۈپ كەتتى . « ھە ، باياتىن
كـۆرگـىـنـىـم چـىچەك ئەمەس ، بەلكى قار ئىكەن - دە ، — دەپ ئويلىدى
تـاشگۈل ، — قارلار چۈشۈپ كەتسە ئەنجۈر شىخى يىپيىنچىسىز قالىدۇ ... »
ئۇ تـېـخـى ھېـلـىـلا نـاھايىتى چىرايلىق ئىدىغۇ ، نېمىدەپ ئەمدى بىشىنىڭ
تـۈكـلـىـرى چۈشۈپ ، تۇمشۇقى قانغا چىلانغاندەك بولۇپ قالدىكىنە ؟ شۇ
تـاپـتا ئۇنىڭ شاختىكى تۇرقى تولىمۇ كۆرۈمسىز ، يىرگىنچلىك ئىدى . ئۇ

ئەنجۈر دەرىخىنىڭ شاخلىرىدىكى قارلارنى « توك - توك » چوقۇلاپ يېگىلى تۇرغاندا ، تاشگۈلدە گويا ئۆز بەدىنىنى چوقۇلاۋاتقاندەك سېزىم پەيدا بولۇپ ، ۋارقىرىغان ئىدى ، ئاۋازى چىقمىدى . تاشگۈل ئۇنى ئەشەددىي دۈشمەن قاتارىدا كۆرۈپ چالمىلاپ ئۇچۇرۇۋەتتى.«قى - قى - قىق ، قىشقاقاق ... قى - قى - قىق ، قىشقاقاق ! » ئۇ مۇشۇنداق قېلىن قاردا نەگىمۇ بارار ؟ تاشگۈلنىڭ تۇرۇپلا ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى . هازىر ھەممە يەر قار ئاستىدا تۇرسا نەدىنمۇ ئوزۇقلۇق تاپار ؟ ھە راست ، ئۇ توخۇ كاتىكىدىن تۇخۇم ئوغرىلايدۇ ياكى چايشاپتىكى سۇت - قاي- ماقلارنى ئىچىۋالىدۇ . شۇ سەۋەبتىن ئۇ ئادەملەرنىڭ كۆزىگە سەت كۆرۈنىدىغان قۇشقا ئايلانغانمىدۇ ؟ ... بەزىلەر تېخى ئۇنى : كۆزدە تىقىپ قويغان جىگدىسىنى قىشتا تاپالمايدۇ ، دەپ مازاق قىلىشىدۇ . نەدىكىنى ، «چاشقان ئوغرىلاپ يىغىدۇ ، ياقا ئوسۇرۇپ يېتىپ يەيدۇ» بولمىغىنىدا،ئۇ بۇگۈنكىدەك ئاچ قالمىغان بولاتتى.ھەيھاماقەتلەر!...

تاشگۈل ئېسىنى يىغىپ قارىغاندا ئەنجۈر دەرىخى يوق تۇراتتى . توغرا ، ئۇ كۈزدە كۆمۈۋېتىلگەن بولۇپ ، نىشانە سۈپىتىدە بىر دۆۋە قار دومبىيىپ ياتاتتى ، دېمەك ، ئۇ قار ئاستىدا غەمسىز ئۇخلاۋاتاتتى . يېڭىدىن تىكىلگەن كۆچەتلىكنىڭ ئۈستى ئاپئاق كىگىز يېيىپ قويۇلغاندەك تۇپتۈز ئىدى . تاشگۈلنىڭ يۈرىكى كېچە - كۈندۈز ئاشۇ ئەنجۈر دەرىخىدىن ئاي- رىلمايتتى .

تالا سۈتتەك ئايدىڭ ئىدى ، باغدا ئىتنىڭ قاۋىغىنى ئاڭلاندى . تاشگۈل ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى .

— خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالغانتىڭىز ، يەنە بۇ ۋەسۋەسىچىلىكنى تېپىۋالدىڭىز ، قىزىم ! — دېدى چاۋاگۈل ھەم كايىغان ، ھەم كۆيۈنگەن تەلەپپۇزدا .

تاشگۈل زۇۋان سۈرمىدى . ئۇنىڭ قۇلىقىغا گەپ كىرگەندەك قىل- مايتتى . ئۇ چاپىنىنى يېپىنچاقلاپ ئىسسىق ئورۇندىن قوپۇپ ، ئىشىكنى ئېچىپلا ئىتنى كۆردى . ئىتنىڭ بىھۇدە قاۋىشى بىرەر ئەنسىزلىكتىن دېرەك

بىرەتتى . ئۇ ئىتنى چالمىلاپ قوغلىۋېتىپ ئۆيگە قايتىپ كىردىيۇ ، يەنە خاتىرجەم بولالماي هويلىغا چىقتى ، ئاندىن باغقا كىرىپ ئىتنىڭ ئاپئاق قار ئۈستىدىكى تۇكچىدەك ئىزلىرىنى كۆردى . ئۇ ئىت ياكى توخۇلارنىڭ « دۈۋە »نى كولاپ ئېچىۋېتىشىدىن بەكمۇ ئېھتىيات قىلاتتى ، كېچىسىمۇ نەچچە قېتىم يوقلاشنى ئادەتكە ئايلاندۇرغان ئىدى .

يېڭى بىر باهار يېتىپ كەلدى . جانلىقلار ئويغاندى . تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى خۇددى بالىنى ئۇيقۇدىن ئويغاتقاندەك ناهايىتى ئاۋايلاپ ئاچتى . ئەنجۈر شاخلىرى ئۇيقۇدىن يېڭى ئويغانغان بالا قۇياشقا تىكىلىپ قارىيالمىغاندەك بېشىنى ئېگىپ تۇراتتى . ئۇ بارا ـ بارا سىرتقى هاۋاغا كۆنۈكتى ، هاۋانىڭ ئىسسىقىغا كۆكلىدى . كۆزدە كېسىپ كۆچەت قىلىنغان شاخلار قالدۇرغان پۇتاقلارنىڭ هەربىرىدىن نەچچىدىن نوتىلاپ ، ئاۋۋالقىدىنمۇ باراقسان ئۆستى . تاشگۈل بۇنىڭدىن سۆيۈنۈپ ، ئوغلى باتۇرنى قۇچاقلىغاندەك قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى . ئۇ هاياجىنىنى باسالمايۋاتاتتى . ئارقىدىن يېڭى تىككەن كۆچەتلەرمۇ كۆكلەپ هاياتىي كۈچىنى كۆرسىتىشكە باشلىدى . خۇشاللىق ئۈستىگە خۇشاللىق ياغماقتا ئىدى . ئائىلىدىكى هەممەيلەن بۇ ئۇتۇقنى تەبرىكلەشتى . باتۇرمۇ كۆڭلى سېرى كۈچ ۋە ئەقىلگە تولۇپ ، ئانىسىغا قول ـ قانات بولۇۋاتاتتى . ئۇ ئانىسى كۆلگەنگە كۈلەتتى ، ئانىسى قايغۇرغانغا قايغۇراتتى . ئۇ كۆزدە ئانىسىغا كۆرسەتمەي يوشۇرۇنچە 4 ـــ 5 تال كۆچەتنى ئايرىم يەرگە تىكىپ قويغان بولۇپ ، تىككەن كۆچەتلىرى تولۇق كۆكلىگەن ئىدى . بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ خۇشاللىقى چوڭ ئىدى .

بىر كەچقۇرۇنلۇقى تۇيۇقسىز هاۋا بۇزۇلۇپ ، ئاسمان ئۆرۈلۈپ چۈشكۈدەك گۈلدۈرلىدى . ئارقىدىن « يالت ـ يۇلت » قىلىپ كۆز چاقناتقۇدەك كۈچلۈك نۇر گۈگۈم باغرىنى تىلىپ ، ئەتراپنى يورۇتتى . باياتىن يامغۇردىن ئۆزلىرىنى دالدىغا ئېلىشقان تاشگۈللەر هويلىغا چىقىپ ، ئارغامچا شەكىللىك يېشىل نۇرنىڭ كۆك قەرىدىن ئۆگزىگىچە تۇتاشقانلىقىنى كۆرۈشتى . چاقماقنىڭ قۇدرەتلىك نۇر ئارغامچىسى گويا بۇ

ئۆيىنى يەتتە قات ئاسمانغا تارتىپ چىقىپ كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى. بىر ئىسسىق ئېقىم ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سالدى.

بايۋەچچە يەنە بىر قېتىم كەلگەندە تاشگۇل بىلەن ئەنجۇر ھەققىدە كۆپ پاراڭلاشتى، ئاندىن ئەنجۇر مېۋىسى ۋە يوپۇرماقلىرىدىن ئەۋرىشكە ئەكېتىپ، دورىلىق قىممىتى ئۈستىدە ئىزدەندى. ئۇ مېۋىسىگە ھەممىدىن بەك دىققىتىنى قاراتتى. ئاخىر بۇنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، كۆپلىگەن ئاغرىقلار شىپا تاپتى.

تاشگۇل ئەتراپلىق كۆزىتىش ئارقىلىق ئەنجۇرنىڭ ھەم كۈچلۈك كۈن نۇرىنى، ھەم سالقىن شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان جاينى خالايدىغانلىقىنى بايقىدى. ئەنجۇر دەرىخى كۈندۈزى قۇياش نۇرىدىن يوپۇرماقلىرى ئارقىلىق ھارارەت قوبۇل قىلىپ قۇۋۋەت توپلىسا، كېچىسى بوغۇز تەرەپتىن كەلگەن سوغۇق شامال ئۇنىڭ مېۋىسىنى چۈچۈتۈپ شىرنىلىك بەخش ئېتەتتى. دېمەك، تاشگۇلنىڭ بۇ ھەقتىكى تەجرىبىسىگە ئاساسلانغاندا، ئەنجۇر دەرىخىنى كۈن نۇرى تىك چۈشىدىغان، شامال بىمالال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەرگە قويۇش كېرەك ئىدى.

تاشگۇل ئەنجۇر دەرىخىگە سىڭدۈرۈۋاتقان ئەجرىنى سىرتتىكىلەردىن خۇپىيانە تۇتسىمۇ، ئەمما بارغانسېرى گەرەسلەپ باغنى بىر ئالغان ئەنجۇر دەرىخىنى يوشۇرۇشقا ئامالسىز قالدى، ئۇنىڭ باراقسان شاخلىرى تامدىن كۆرۈنۈپ كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقان بولسا، خۇش ھىدى يۇرتنى قاپلىدى. ئۇ ئېچكەركى ئېغىلدا باقىدىغان قوي - كالا ئەمەس ئىدى، قولۇم - قوشنىلار، يولدىن ئۆتكەن - كەچكەنلەر كۆرەتتى، ھىدىنى ئالاتتى. كېيىنچە بەزىلەر چاۋاگۇل ياكى تاشگۇل بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپمۇ، تۇتۇپ - سىلاپمۇ ئۇلگۇرۇشتى. تاشگۇلمۇ بارا - بارا خاتىرجەم بولۇپ، ئەمدى يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى قالمىدى دەپ ئويلىغان ئىدى. ئاخىر قىسقىغىنا ۋاقىتتا ئەنجۇر ھەققىدىكى گەپلەر ئاجايىپ سىرلىق تۈستە يىراق - يېقىنغا تارالدى. بەزى يۇرتلاردىن ئاتايىن كېلىپ كۆرۈپ كەتكەنلەرمۇ بولدى. مەھەللىدىكىلەر

تاشگۈلنىڭ نېمە ئۈچۈن ئۆيگە بېكىنىۋالغانلىقىدىكى سەۋەبنى ئەمدى بىلىشتى. ئەنجۈر دەرىخى تەن قويۇپ، مېۋىلىرى ئوخشىغانسېرى، شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەيۋاتاتتى، تاشگۈل ئاچا قويۇپ هارمايتتى. شۇ كۈنلەردە تاشگۈل ئۆزىمۇ خۇددى ۋايىغا يەتكەن ئەنجۈر مېۋىسىدەك ئېسىلىپ، بۆلەكچە چىرايلىقلىشىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ ئوغلى باتۇر چوڭ بولغانسېرى دادىسىنىڭ كېپىنى ئېلىۋاتقىنىنى سېزىپ، پالۋاننى سېغىنىپ ئەسلەيتتى، «پالۋىنىم هايات بولغان بولسا...» دەپ شېرىن ئارزۇلارنى قىلاتتى. چاۋاگۈلنىڭمۇ جىنىم ئوغلىنى ياد ئەتمەيدىغان چاغلىرى ئاز ئىدى.

— تاشگۈل! — دەپ چاقىردى بىر يىگىت ئازغان ئارىسىدىن.

— كىم؟ — تاشگۈل ئەندىكىپ كەتتى.

— كۆپ ۋاقتىڭىز مۇشۇ ئەنجۈر دەرىخى بىلەن هەپىلىشىپ ئۆتتى.

— سىلى قانداق بىلىلا؟

— مەن مۇشۇ ئازغان دالدىسىدا سىزگە هەمراھ بولۇپ كېلىۋاتقىنىمغا نىكەم.

— بىكار ئاۋارە بولۇپلا.

— مەن ئۇنداق قارىمايمەن.

— ئۇ ئۆزلىرىنىڭ خىيالى.

— يوشۇرۇن پىشقان خىياللار ئۆزئارا تېپىشىدۇ.

— سىلىنىڭ قاراشلىرىدىكى مەۋجۇتلۇق مەندىمۇ بار. بىراق ئۇ سىلى ئەمەس.

— ئاشكارىلاشقا بولامدىكىن؟

— ئەلۋەتتە.

— ئۇ كىم؟

— پالۋان.

— نېمە دەيدىغاندۇ ماۋۇ تاشگۈل؟

— مېنى ئاچا دېسىلە.

— ئۇنتۇرمىزغا سېپىل سوقۇشنى خالىمايمەن.

— مەن شۇنداق سىپىلىنىڭ بولۇشىنى ياقتۇرىمەن.
— مېنىڭچە بۇ چىن سۆزىڭىز ئەمەس.
— ئەمدى كەتسىلە!
— سىزنى باشقىچە تەلەپپۇزدا چاقىرسام دەيمەن.
— مېنى تاتلىق ئىرىم پالۋانلا شۇنداق چاقىراتتى.
— ئۆلگەن ئادەم سىزنى نەدە چاقىرالىسۇن؟
— ئۇ ھەر دائىم يېنىمدا.
— تەنھالىقتا زېھنىڭىز ئاجىزلاپ كەتكەن چېغى، تاشگۈل.
— زېھنىمنىڭ قانچىلىكلىكىنى ئەنجۈر دەرىخى ئېيتىپ بەرسۇن.
— ئۇ سىزدە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىر قالدۇرغاندۇ، شۇڭا ئۇنتۇيالمايسىز. ماقۇل كۆرسىڭىز ئۇنىڭدىنمۇ تەسىرلىك ئىشقا يەنە يولۇقسىز.
— ئەرلەرنىڭ ماڭا قىلغان ھەرقانداق كۆڭۈل ئىزھارلىرى بەرىبىر.
— ئەرلەردىن يىراق تۇرۇپ، دەرەخ بىلەن ئۆتۈش سىزدە شۇنداق مىجەزنى يېتىلدۇرگەن.
— ئۇنىڭ ھىدى ئەنجۈر مېۋىسى بىلەن كېلىپ، مېنى مەستخۇش قىلىدۇ.
— تىرىكنىڭ ھېرىسىنى تېخى بىلمەيدىكەنسىز.
— ياخشىسى، باھارلىرىنى باشقا جايدىن تاپسىلا.
— نېمىلا دېگەنبىلەن مەن بىر قاۋۇل ئەركەك.
— مۇناسىپ كەلمىگەنلەر ئۈچۈن ئۇنداق قاۋۇللۇق تۆگىدىمۇ بار.
— مۇناسىپ ئەمەس دەمسىز؟
— ياق، ئۇنداق دېمەكچى ئەمەسمەن.
— ئۇنداقتا ...
— دېمەكچىمەنكى، پالۋاندىن بۆلەك ئەر زاتىغا قارىمايمەن.
— بۇ تۇرمۇشمۇ؟
— ھەر ئادەمنىڭ ئۆزىگە يارىشا تۇرمۇش قارىشى بولىدۇ. مەن

ئىنسانلار بۆشۈكىنى مەڭگۈ تەۋرىتىدىغان ئابىدە تىكلىسەم دەيمەن .
— شۇ تاپتا مەنمۇ كىيىمىنى سىلىۋەتسەم ئاجايىپ مۆجىزە ياراتـ-
قان بولىمەن .
— سىلى هايۋاناتلار دۇنياسىغا قىتىلماقچىمۇ ؟
— قايسى هايۋاناتلار دۇنياسىنى كۆزدە تۇتۇۋاتىسىز ؟
— ئىسمىلىرى نىمە ؟
— بۇقام .
— ئۇنداقتا غۇنچىلار دۇنياسىغا بارسىلا .
— نىمە ؟
— كىيىنچە كىرەك بولۇپ قالسىلا ، مەن سىلىنى ئىزدەيمەن .

تاشگۈل ئۇنىڭ نىمە دىيىشىنى كۈتمەيلا قويۇق ئەنجۈر دەرىخى ئارىسىغا كىرىپ كەتتى . بۇقام ئازغان يوچۇقدىن ئۇنى كۆرەلمەي ، كۆز-دىن يىتتۈرۈپ قويغىنىغا ئۆكۈنمەكتە ئىدى .

ئەنجۈر ۋايىغا يىتىپ پىشتى . تاشگۈل يۇرتىنىكى تونۇش - بىلىشلىرى ۋە مۆتىۋەر - ئاقساللارنى ئەنجۈر سەيلىسىگە تەكلىپ قىلدى . ئۇلار ساپسىرىق مەي باغلاپ پىشقان مىۋىلەردىن يەپ ، ئاغزى - ئاغزىغا تەگمەي ماختاشتى ، تاشگۈلگە ئاپىرىن ئوقۇدى ، پالۋانىنى ئەسلەشتى . مىھماندارچىلىق ئاخىرىدا تاشگۈل ئۇلارغا يۇرتتا ئەنجۈرلۈك باغ ئەهيا قىلىش تەكلىپىنى بەردى . كىشىلەر تاشگۈلنىڭ مۇددىئاسىنى مەقبۇل كۆرۈپ ، ئەقلىگە بارىكاللا ئىيتتى . تاشگۈل بۇ نىيەتكە بەل باغلىغانلارغا كۆچەت بىرىشكە ۋەدە قىلدى .

تاشگۈلنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يۇرتتا ئەنجۈر دەرىخى ئۆستۈرۈش دولقۇنى كۆتۈرۈلدى . نۇرغۇن كىشىلەر باغلىرىدىكى مەھسۇلات ئۇنۇمى تۆۋەن مىۋىلىك دەرەخلەرنى چىقىرىپ تاشلاپ ، ئەنجۈر تىكىشكە تەيـ-يارلاشتى . بەزىلەر ئۆي ئەتراپىدىكى غىلاڭ تاشلىقنى دائىرىگە ئىلىپ باغ قىلماقچى بولۇشتى ، چۆرىسىنى ئازغان بىلەن ئىهاتىلىدى . كەچ كۈز يىـ-تىپ كىلىپ ئەنجۈرنى كۆمىدىغان چاغدا تاشگۈل كۆچەت سوراپ

كەلگەنلەرگە يۇمران شاخلاردىن كېسىپ بەردى ۋە تىكىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىپ قويدى. شۇنچە كۆپ شاخلاپ باراقسان ئۆسكەن ئەنجۈر دەرىخى خادىدەكلا بولۇپ قالدى، ئانا دەرەختىن كەسكەن شاخلار يەتمىگەنلەرگە كېيىن ئۆستۈرگەن كۆچەتلەرنىڭ نوتىلىرىدىن كېسىپ بېرىپ ئېھتىياجىنى قاندۇردى. تاشگۈل بىر تالمۇ شېخى قالمىغان ئەنجۈر دەرىخى بىلەن يېڭى ئۆستۈرگەن كۆچەتلەرنى كۆمۈۋاتاتتى، قول - ئىلكىدە يوق ئائىلىلەردىن ئىككى كىشى كۆچەت سوراپ كېلىپ قالدى. تاشگۈل ئۇلارغا كۆچەت قالمىغانلىقىنى ئېيتتىيۇ، كەينىدىن قاتتىق خىجىل بولۇپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ بىردىنلا ئوغلى باتۇر ئۆزى تىكىپ ئۆستۈرگەن ئەنجۈر كۆچىتىنى ئېسىگە ئالدى. ئەمما، ئۆتكەندە ھەرقانچە قىلىپمۇ بىرەرسىگە كۆچەتلىك نوتا ئېلىپ بېرەلمىگىنىنى ئويلاپ ئىككى تايىن بولدى. باتۇرنىڭ «كاج»لىقىغا ھېچ نەرسە توغرا كەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئىشەنچى يوق تۇرۇپ ئۇرۇنۇپ بېقىش نىيىتىگە كەلدى.

تاشگۈل باتۇرنى چاقىرىپ كىرىش ئۈچۈن سىرتقا مېڭىپ، كۆپ ئۆتمەستىن باتۇر ئۆزى كىرىپ كەلدى. ئۇ قائىدە - يوسۇنلۇق بالا بولغاچقا، ھېلىقى ئىككىيلەن بىلەن چوڭ ئادەمنى كىچىك قىلىپ قويغاندەك قىزغىن كۆرۈشتى، ھال - ئەھۋال سوراشتى.

— ئۇكام باتۇر، سىزمۇ ئەنجۈر كۆچىتى يېتىشتۈردىڭىزما؟ — سورىدى ئۇلاردىن بىرى.

— مانا مۇشۇ مەن ئۆستۈرگەن كۆچەتلەر، تېخى بۇنى ئۆزۈم كۆممەكچى بولۇۋاتىمەن.

— ئوغۇل بالا دېگەن كىچىكىدىن مۇشۇنداق جىگەرلىك بولۇشى كېرەك.

— ئانامۇ شۇنداق دەيدۇ. قارىمامسىلەر، بۇ شاخلارنىڭ خۇددى بارماقلىرىمدەك بۇدرۇقلۇقىغا.

— شۇنداقكەن، بەك ئوبدان ئۆسۈپتۇ. بىز ... بىز ...

— ھە، گېپىڭلار بولسا دۇدۇقلىماي دەۋەرمەمسىلەر؟

— سىزنى ئۇنىماسمىكىن دەپ ئىككىلىنىپ قېلىۋاتىمىز .
— قېنى نېمە ئىش ئىدى ؟
— ئۆزىڭىز يېتىشتۈرگەن ئەنجۈردىن ئازراق كۆچەتلىك بەرگەن بولسىڭىز .
— ياق !
— ھەي ئەركەك ، بىر ئوبدان گەپ قىلىۋېتىپ تۇكىڭىز تەتۈر يېنىپ قالغىنى نېمىسى ؟
— بۇنىڭدىن باشقا نېمە سورىساڭلار مەيلى ، ئەمما بۇنى بەرمەيمەن !
— ھەي جېنىم ، ئازراق بەرگەنگە ھېچنېمە بولمايدۇ ، يەنە كۆك-لەپ قالىدۇ .
— سىلەردىن ئۆرگىلەي ، ئاكىلا ، دادام مۇشۇ ئەنجۈر دەرىخىنى دەپ جېنىدىن ئايرىلىپتىكەن ، تېخى ئانامۇ تاسلا قاپتۇ . جان بەدىلىگە كەلگەن دەرەخ بۇ .
باتۇر جاھىللىق قىلىپ پەقەت يۇمشىمىدى . ئەمدى گەپ قىلىشنىڭ ئورنى قالمىغان ئىدى . شۇڭا ، ئۇلار تاشگۈلنىڭ كىرىشىنى كۈتۈشتى . باتۇر ئۆزى يېتىشتۈرگەن كۆچەتلەر ئەتراپىدا بىر ئىشلارنى قىلىۋاتاتتى .
تازا جىلە بولۇپ سىرتتىن كىرگەن تاشگۈل باتۇرنىڭ بۇ يەردە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران قالدى . ئىككىيلەن تاشگۈلگە ئۈمىدلىنىپ تىكىلىشتى .
— ئوبدان ئوغلۇم ، گەپ ئاڭلىسىلا !
— بەرمەيمەن دېدىم ، بەرمەيمەن !
— سىلى دېگەن بىر ئۆمۈر كىشىلەرنىڭ دەردىگە داۋا ، ئاغرىقىغا شىپا بولغان ، ئوۋچىلىق بىلەن يۇرت ئىچىدە ھۆرمەت - ئابرۇي تاپقان ئوبدان ئادەملەرنىڭ نەۋرىسى . ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىشلىرى كېرەك .
— دادامۇ قالتىس ئادەم ئىكەن .
— شۇنداق .

— ئۆزلىرى : « دادىلىرى قايتىپ كېلىدۇ . شۇڭا ، ئەنجۈر دەرد-
خىنى ئوبدان پەرۋىش قىلسىلا » دېگەن ئەمەسمۇ ، ئۇنى كېسىۋەتسەم دادام
مېنىڭ ساداقەتمەنلىكىمنى قانداق بىلىدۇ ؟

تاشگۈل باتۇرنىڭ گەپنى ئۇنتۇمىغانلىقىدىن سۆيۈندى . ئەمما ،
ئەمدى ئۇنىڭغا يەنە چۈشەندۈرۈشنى هازىرنىڭ ئۆزىدە ئەپسىز هېسابلى-
دى . شۇنداقتىمۇ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن ، ئۆزىنىڭ يالغان گېپىنى
يەنە يالغان گەپ بىلەن « يوق »قا چىقارماقچى بولدى .

— بۇلار دادىلىرى پالۋان بىلەن ئۇزاق يىل هەمسەپەر بولغانلار . بۇ
كۆچەتلەرنى تىكىپ بولۇپ يىراق يۇرتلارغا بارىدۇ ، ئاندىن سىلىنى
دادىلىرى بىلەن كۆرۈشتۈرۈپ قويىدۇ .

— راستما ؟

— مەن سىلىگە قاچان يالغان ئېيتقان ؟!

— ئۇنداق بولسا ئۆزۈم كېسىپ بېرەي .

تاشگۈل باتۇرغا ئىتتىك كەكىنى ئاچىقىپ بەردى . ئۇ ئىككى تال
كۆچەتلىك كېسىپلا بولدى قىلدى . تاشگۈل ئۇنىڭغا بىۋاستە گەپ -
سۆز قىلىشتىن كۆرە ، قولىغا كەكىنى ئېلىپ كېسىش ئۇسۇلىنى كۆرسەت-
كەن بولۇپ بىرقانچە شاخنى كېسىۋەتتى . ئىككىيلەن كۆچەتلەرنى ئېلىپ
دەرهال قايتتى . باتۇر باياتىن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇلارنىڭ ئەنجۈر
دەرىخىنى يالڭاچلاپ قويغىنىنى سەزمىگىنىگە ئۆكۈنۈپ ، ئەمدى ئانىسىغا
دومسايدى ، لېكىن ئانىسىنىڭ ياخشى گەپلەرنى قىلىپ كۆڭلىنى ياساپ
قويۇشى بىلەن ، ئوچۇق گەپ قىلمىغان بولسىمۇ ، چىرايىدا رازىمەنلىك
ئىپادىلەندى .

# كۆكيۆللۆك سەپەر

تاشلىقتىن چىقىۋاتقان « تاك ـ تۇك » ، « جاق ـ جۇق » ئاۋازلار كىشىلەرنىڭ كۆلكە ـ چاقچاق ۋە ناخشىلىرىغا جور بولۇپ بارغانسېرى ئۇلغايماقتا ئىدى . يۇرتنى باغ قىلىشقا ئاتلانغان خەلق خۇددى دېڭىز دولقۇنىنى ئەسلىتەتتى . ھەركىم ئۆز ئالدىغا شېغىللارنى قېزىپ باغ بىنا قىلىش جېڭىگە كىرىشىپ كەتكەن ئىدى . شۇنداق قىلىپ ، تاشلىقتا ھاياتلىق سۆيگۈسى تۇغۇلدى . ئەل ئەنجۈر كۆچىتىنى تاشلىق تۇپراق بىلەن زاكىداپ ، مېھنەت سۈتى بىلەن پەرۋىشلەپ ، « ئالتۇن بۆشۈك » زېمىندا كۆز ئاچقۇزدى . ئەنجۈر دەرىخى تاشلىقتا تېزلا ئۆزلىشىپ ، شېرىن مېۋىسى ئارقىلىق ئەلگە بەرىكەت قۇچىقىنى ئاچتى . يۇرت خەلقى بۇ خاسىيەتلىك مېۋىنى بىر مەزگىل ئۆزلىرى يېگەندىن كېيىن ، يىراق ـ يېقىندىكى ئاغىنىلىرى ۋە شەھەردىكى دوستلىرىنى ئەنجۈر سەيلىسىگە چاقىرىپ ، يېگىدىن ئېرىشكەن باياشات تۇرمۇشنى كۆرەك قىلدى . ئەنجۈر يۇرت تەۋەسىدە ئۇستۇنلۇكنى ئىگىلەپ « مېۋىلەر شاھى » ، « شاخ مانتىسى » دېگەندەك سەلتەنەتلىك ناملار بېرىلدى .

يۇرت خەلقى ئىلگىرىمۇ تاشگۈلنى خېلى ـ خېلى ئەركەكلەرگە تەڭ قىلمايتتى ، ئۇنىڭ ئەنجۈرگە مۇناسىۋەتلىك سەرگۈزەشتىسىنى ئۇققاندىن كېيىن ، ھەربىر ئېغىز سۆزىنى تاشقا مۆھۈر باسقاندەك بىلىدىغان بولۇشتى . كىشىلەر « شاخ مانتىسى »نى ھەر قېتىم يېگىنىدە ، ئۇنىڭ تۆھپىسىگە تەھسىن ئېيتماي ، پالۋاننى ئەسلىمەي قالمايتتى . ئۇ بولسا كەمتەرلىك بىلەن : « بۇ دىيارنىڭ ئاددىي پەرزەنتى بولغىنىمغا تۇشلۇق ئىش قىلىپ بېرەلمىدىم » دەيتتى . ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككەن غايىلىرى

رىئاللىقتا ئايلىنىۋاتاتتى . ئەمدى ئۇ خەلقنىڭ قوينىغا سىڭىشكە باشلىغان ئىدى .

تاشگۈل بىلەن بايۋەچچىنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى قويۇقلىشىۋاتاتتى . ئىككىيلەن بىر يەرگە كەلگەندە قىلىشىدىغان گەپلىرى تۈگىمەيتتى . بەزىدە پاراڭغا چاۋاگۈلمۇ قېتىلىپ قالاتتى . كۆپ ھاللاردا بايۋەچچە ئۆزى ئىزدەپ كېلەتتى . ئۇلار ئەنجۈرنىڭ بەدەنگە قۇۋۋەت يەتكۈزۈش ۋە ئاغرىقنى شىپا تاپتۇرۇش جەھەتتىكى رولى ئۈستىدە ئورتاق ئىزدىنىۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشى ئۇچۇن قولاي پۇرسەتلەر ھە دېگەندە چىقىپ تۇراتتى . چۈنكى ، بايۋەچچە بەزى ئاغرىقلارنى ئۆيىگە بېرىپ كۆرەتتى ، بۇنداق چاغلاردا تاشگۈللەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى ـ دە ، كىرمەي ئۆتمەيتتى . بۇنى دېمىگەندىمۇ بايۋەچچە يانتاق ئەمچى ئائىلىسىنىڭ ئۆز بالىسىدەك بولۇپ قالغان ئىدى . مانا ئەمدىلىكتە ئايجامال بىلەن نىكاھى قوشۇلۇپ تېخىمۇ ئېچىل ئاتا ـ باللارغا ئايلانغان ئىدى . مۇشۇ كۈنلەردە يانتاق ئەمچى رەھمەتلىك ھايات بولسا قانچىلىك ياخشى بولاتتى ـ ھە ! بايۋەچچە ياخشى تۇرمۇشىدىن سۆيۈنگەندە ئۇستازىنى يادلىماي تۇرالمايتتى .

بايۋەچچە قارا يېتىم بولۇپ ، يانتاق ئەمچى ئائىلىسىگە كىرىپ ئەمچىلىكنى ئۆگىنىپ قېلىشنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەن ئىدى . يانتاق ئەمچى ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىدىن كىچىك قېلىپ كىشىلەرنىڭ ئىشىكىدە ئۇرۇندى ـ سوقۇندى بولۇۋاتقىنىنى ، ئۇنىڭ ئۈستىگە توغرا يولدا ماڭماي قولاق كەستىگە ئايلىنىپ كېتىۋاتقىنىنى ئۇقۇپ ، تەربىيىسىگە ئېلىشنى كۆڭلىگە پۈكتى . ئەمما ، ئىلگىرى دائىم ئۇچرىشىپ قالىدىغان بۇ بالىنىڭ قارىسىنىمۇ كۆرەلمىدى . ئۇ بىتاب بولۇپ يېتىپ قالغان ئىدى . كىشىلەر ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشى بىلەن ، توخۇ ـ كەپتەرلىرىگە ئارامچىلىق بولغىنىدىن خۇرسەن بولۇپ يۈرۈشەتتى .

يانتاق ئەمچى ئىگە ـ چاقىسىز بېشى قاتقان بايۋەچچىنى ئۆزى ئىزدەپ ئۆيىگە ئەكېلىپ شاگىرت قىلىۋالدى . ئۇ دەسلەپكى چاغلاردا «

ئالىقانات»لىقىنى يەنىلا تاشلىمىدى. ئەمما، يانتاق ئەمچىنىڭ تەربىيە - نەسىھەتى ۋە پالۋاننىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ تۇرغان ئەركەكلەرچە مەردلىك ئۇنىڭ سەبىي قەلبىگە بارا - بارا تەسىر كۆرسىتىپ ياراملىق ئادەم بولۇشقا يېتەكلىدى. كېيىن ئۇ ئۇستا ئەمچى بولۇپ يېتىشىپ چىقتى.

يانتاق ئەمچى بىلەن پالۋاننىڭ ئۆلۈپ كېتىشى بايۋەچچىنىڭ يۈرىكىنى ھەممىدىن بەك ئەزدى. بايۋەچچىنىڭ مەرھۇملارغا بولغان ھۆرمەت تۇيغۇسى تېخىمۇ كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى.

بايۋەچچە نان كۈچۈكى بولۇپ يۈرگەن مەزگىللەردە، كىچىك تۇرۇپ بېرىشقا تېگىشلىك بولمىغان يەرلەرگىمۇ بېرىپ، «يامان دۇكان»لارغا چۈشۈپ كەتكەنلىكتىن زىيادە ئورۇقلاپ كەتكەن ئىدى، ئۇزاق كېسەللىك تارتقان ئادەمدەك قاپاقلىرى ئولتۇرۇشۇپ، كۆزلىرىنىڭ نۇرى قېچىپ، چاناقلىرىغا نىمشەكتىن تېرىق پاتقۇدەك دەرىجىگە كېلىپ قالغان ئىدى، قازان قېقىپ ئاران ماڭاتتى. قاڭشىرى قىڭراق تىغدەك قىرلىنىپ، چىڭراق كۈلۈشكىمۇ ماغدۇرى يەتمەيتتى. يانتاق ئەمچى بايۋەچچىنىڭ بۇنداق ھالىتىنى كۆرۈپ قاتتىق ئىچ ئاغرىتتى. ئۇ ئەمچى بولغاچقا ھەممىنى بىلىپ ئۈلگۈرگەن ئىدى. ئەگەر ئۇ يانتاق ئەمچىدەك رەھىمدىل ئادەمگە يولۇقۇپ قالمىغىنىدا ئاتا - ئانىسى ئارزۇلاپ قويغان ئىسمىغا يارىشا ھېچبىر كۈننىڭ سىرىقىنى كۆرەلمەي يورۇق دۇنيا بىلەن خوشلاشقان بولاتتى. يانتاق ئەمچى ئۇنى ئۆز بالىسىدەك كۆرۈپ ئەملىدى، پالۋانمۇ ئاكىلىق مېھرىنى ئايىمىدى. ئەمما، يانتاق ئەمچى ئۇنىڭ شۇنچە ئەملەش ۋە پەرۋىش ئارقىلىقمۇ ماغدۇرىغا كېلەلمەيۋاتقىنىنى بىلگەندە بېشى قېتىپ، ئولتۇرسا - قوپسا يۇرت ئالدىدا ئۇنىڭ يۈزىنى يورۇق قىلىشنىلا ئويلايتتى. ئاخىر يانتاق ئەمچى دادىسىنىڭ تاغ سېغىزخىنى تېپىپ كەلگەن مېھرىگىياھ ئارقىلىق ئاغرىق ئەملەشكە مۇناسىۋەتلىك رېتسىپىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆز ئالدى « ۋاللىدە » يورۇپ كەتتى - دە، ئۇنىڭغا قاراشقا پالۋاننى قالدۇرۇپ ئۆزى تاغقا يول ئالدى.

يانتاق ئەمچى مىڭ بىر جاپادا تاغقا چىققاندا، تېپىش قىيىن بولغان

باشقا دورا ئۆسۈملۈكلىرى ئۈچرىسىمۇ، ئۆيدىن بىرلا مەقسەتنى كۆڭلىگە پۈكۈپ بۇ مۈشكۈل سەپەرگە ئاتلانغىنىنى ئېسىگە ئېلىپ، كۆز قىرىنى سالمىدى. ئىلگىرى دورا ئۆسۈملۈكلىرى يىغقاچ ئوۋچىلىقنىمۇ قولدىن بەرمەيدىغان بۇ ئادەم ئەمدىلىكتە خېلى كۆپ ئولجىلارنىمۇ قولدىن بېرىۋەتتى. ئۇ ئاتنى مىنىپ تاغ باغرى بىلەن نۇرغۇن يول ماڭدى، بەزىدە ئېگىزدە تۇرۇپ كۆزلىرى تالغۇچە يىراقلارغا قارىدى، قۇشلارنىڭ تىۋىشىنى ئاڭلاپلا قالسا ئاتتىن چۈشۈپ كەكلىكتەك يەر بېغىرلىدى، بۇ جەرياندا تىزلىرى سۈرۈلۈپ كەتتى. شۇنچە جاپا چېكىپ چارلىغىنى باشقا قۇش بولۇپ چىققاندا ئۈمىدسىزلىنىپ قايتىپ كەلدى، ئەمما ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دادىسىدىن ئۇدۇم بولۇپ قالغان قەدىرلەشكە تېگىشلىك بىر خىسلەت بار ئىدىكى، بۇنداق چاغلاردا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى، بەلكى «ئاسانلا تېپىلىدىغان بولسا گۆھەرنىڭ قىممىتى بولاتتىمۇ؟» دەپ قارايتتى. ئۇ نۆۋەتتىكى سەپىرىدە ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز يول يۈرۈپ، سايلىقتا تۇتاشقان تاغ قاپتىلىغا يېتىپ كېلىپ تاغ سېغىزخىنىنى ئاخىر ئۇچراتتى. ئۇ پىژغىرىم ئىسسىقتا تەنھا دانلاپ يۈرگەن تاغ سېغىزخىنىنى يىراقتىن كۆزىتىپ تۇردى. بىرھازا ئۆتكەندە تاغ سېغىزخىنى ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. ئۇ ئېتىنى مىنىپ، تاغ سېغىزخىنى ئۇچقان تەرەپكە قاراپ، ئۇنى كۆزدىن يىتتۈرۈپ قويماي ماڭدى. ئەمما، تاغ سېغىزخىنى بىردەم ئۇچۇپ، ئاندىن تاغ ئەتراپىدا چۆرگىلەپلا يۈردى. يامان يېرى ئۇ ئېگىز ـ پەستە يېتىشىپ ماڭالماي، تاغ سېغىزخىنىنىڭ قارىسىنى يىتتۈرۈپ قويدى ۋە ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇۋىسىنى تاپالمىدى.

يانتاق ئەمچى مۇنداق ئىزدەپ يۈرۈۋەرسە بىكار ئاۋارە بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئاتتىن چۈشۈپ، ئېتىنى قورام تاشقا باغلاپ قويۇپ، تاغ ئۈستىگە چىقتى. سايىنىڭ ئوتتۇرىسىدا خامانداكلا چوقچىيىپ تۇرغان بۇ تاغ ئۈستىدە تۇرۇپ قارىغاندا تۆت ئەتراپىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. يانتاق ئەمچى مۇنداق ئەپلىك جاينى تاپقىنىدىن سۆيۈنۈپ، تاغ سېغىزخىنىنى كۈتتى. يانتاق ئەمچى قاراپ تۇرۇۋەرگەنسېرى كۆزلىرى

تېلىپ تورلاشتى. بىر چاغدا كۆزنىگە تاغ سېغىزخىنى كۆرۈنگەندەك بولۇپ، ئۇچقانچە كېلىپ ئانچە يىراق بولمىغان چاتقاللىققا چۈشتى. يانتاق ئەمچى خۇشاللىقنى باسالماي تۆۋەنگە چۈشۈپ، چاتقاللىقتىن تاغ سېغىزخىنى تۇتۇپ، باشقا بىرەر جانىۋارنىڭ تاپالمىدى ـ دە، تۇرۇپلا ئالدانغىنىنى ھېس قىلدى.

يانتاق ئەمچى يۈز ـ كۆزلىرىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈپ سەل ئارا-مىنى ئېلىۋالغاندىن كېيىن، تاغ ئۈستىگە يەنە چىقتى. تەلىيىگە يارىشا بۇ قېتىم ئانچە ئۇزاق كۈتمەستىنلا بىر تاغ سېغىزخىنى ئۇچۇپ كېلىپ، ئەتراپنى ئايلىنىپ بىر تۈپ ئۆسۈملۈككە قونۇۋىدى، يەنە بىرى ئۇچۇپ چىقىپ كەتتى. يانتاق ئەمچى تاغ سېغىزخىنىنىڭ ئۇۋىسىنى تاپقىنىنى جەزم قىلىپ دەرھال تاغدىن چۈشتى. يانتاق ئەمچىنىڭ مەقسىتى تاغ سېغىزخىنىنى تۇتۇش بولماستىن، بەلكى ئۇ ئەكەلگەن مېھرىگىياھنى قولغا چۈشۈرۈش ئىدى. بىراق بۇ ئاسان توختىمايتتى، ئالاھىدە چىدام ۋە سەۋر ـ تاقەت تەلەپ قىلاتتى. يانتاق ئەمچى ئۇيان ئويلاپ، بۇيان ئويلاپ، ئاخىر دادىسى سۆزلەپ بەرگەن چارىنى ئىسىگە ئالدى ـ دە، تېز يۈرۈپ ھېلىقى ئۆسۈملۈكنىڭ قېشىغا باردى. شەپىدىن ئۈركىگەن تاغ سېغىزخىنى ئۇۋىسىنى تاشلاپ ئۇچۇپ كەتتى. يانتاق ئەمچى چاڭگىدا تۇرغان ئىككى تۇخۇمنى ئېلىپ، چاۋار ـ چاتقالدا ئوت قالىغاندىن كېيىن قوقاسقا كۆمۈپ چالا پىشۇردى ـ دە، پاكىز ئېرىتىپ بۇرۇنقى جايىغا سېلىپ قويدى. شۇنداق قىلىپ، يانتاق ئەمچى ئىشنىڭ بىرىنچى باسقۇ-چىنى ئورۇندىغىنىدىن كۆڭۈل ئازادىلىك ھېس قىلغان ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى.

ـــ دادا، مېھرىگىياھنى ئەكەلدىڭىزمۇ؟ ـــ سورىدى پالۋان ئاتتىن چۈشۈۋاتقان يانتاق ئەمچىدىن.

ـــ تېخى ئەكەلمىدىم.

ـــ مېنى ئەۋەتكەن بولسىڭىز مۇنچە ھەرەج تارتمايلا ئەكېلەتتىم.

ـــ ئوغلۇم، ئۇنى تېپىش ئاسان ئەمەس. تاغ سېغىزخىنى تېپىپ

كەلگەن مېھرىگىياھنىڭ دورىلىق قىممىتى ناھايىتى يۇقىرى بولىدۇ .

— ئۇ بىر قۇش تۇرسا ، سىزگە قانداقمۇ مېھرىگىياھ ئەكېلىپ بېرەلەيدۇ ؟

— ئىزدەنگەن ئادەمگە هامان چارە تېپىلماي قالمايدۇ .

— قېنى ، قانداق ھۈنەر ئىشلەتتىڭىز ؟

— ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا كېلىشىم يوق . بىراق ، مەن ئادەملىكىمدىن ئىبارەت ھۆكۈمران ئورنۇمغا تايىنىپ ئۇنىڭ ئىككى تۇخۇمىنى چالا پىشۇرۇپ قويدۇم . ئەمدى تۇخۇمنى بېسىپ يېتىۋەرسىمۇ بالا چىقمايدۇ .

— تاغ سېغىزخىنى تۇخۇملارنى بېسىپ يېتىۋېرىپ بالا چىقىرالمىغاندىن كېيىن مېھرىگىياھقا مۇراجىئەت قىلىدىكەن - دە ؟

— توغرا ، پەرىزىڭىز توغرا چىقتى .

— باشتا ئۆزىڭىز شۇنداق دېگەن تۇرسىڭىز .

— ئۇلار تۇخۇمنى بېسىپ يېتىۋېرىپ ، ئاخىر مېھرىگىياھ تېپىپ كېلىدۇ - دە ، ئىككى تۇخۇمنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ يېڭىۋاشتىن بېسىشقا باشلايدۇ .

— ئاندىن سىز ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ بېرىپ ، مېھرىگىياھنى ئېلىۋالسىز ، شۇنداقمۇ ؟

— ھەئە ، شۇنداق .

— ئىككى جانغا زامىن بولىدىكەنسىز - دە ؟

— مېنىڭ بۇرچۇم ھاياتلىقنى قۇتقۇزۇش .

— بۇنى قانداق چۈشەندۈرىسىز ؟

— بۇنىڭغا ئۇلەر ھالەتتە ياتقان بايۋەچچىنىڭ تېنى جاۋاب بېرىدۇ .

— ئۇنى چۈشىنىمەن ، بىراق ...

— ئوغلۇم ، — ياناتاق ئەمچى پالۋاننىڭ گېپىنى بۆلدى ، — مەۋجۇتلۇقنىڭ ئۆزى قۇربان بېرىش بىلەن قۇربان قىلىنىشنىڭ يەكۈنى

ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇما .

يانتاق ئەمچى ۋاقىتنى مۆلچەرلەپ تاغقا چىقتى . دېگەندەك تاغ سېغىز خىنىنىڭ ئۇۋىسىدىكى ئىككى تۇخۇمنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تال مېھرىگىياھ تۇراتتى ، ئۇنىڭ ھاياتقا شىپالىق بەرگۈچى خۇش ھىدى دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلاتتى . يانتاق ئەمچى ھېلىغىچە بۇنداق ئۆتكۈر پۇراقلىق مېھرىگىياھنى كۆرۈپ باقمىغان ئىدى .

بايۋەچچە يانتاق ئەمچى ئەكەلگەن مېھرىگىياھنى يەپ كۈچ - ماغدۇرىغا كېلىشكە باشلىدى . يانتاق ئەمچىنىڭ بۇ قارا يېتىمغا قىلغان جان كۆيەرلىكى ئەل ئىچىدە تەرىپلەندى . بايۋەچچە جىسمانىي زەئىپلىكىنىڭ تۈزۈلۈشىگە ئەگىشىپ ، روھىيىتىدىمۇ جىددىي ئۆزگىرىش ياساۋاتاتتى ، پۈتۈن دىققىتىنى تېبابەتچىلىكنى ئۆگىنىشكە قاراتقان ئىدى . ئۇ ئۆتكەن ئىشلارنى ئەنە شۇنداق ئەسلەپ كۆز يېشى قىلدى .

بايۋەچچە يۇرتتا كۆزگە كۆرۈنگەنلەرەك ئەمچىدىن پەقەت ئۆزىلا قالغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ، زېمىنىسىدىكى يۈكنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلماي قالمىدى . يانتاق ئەمچى ۋە پالۋانلارنىڭ ئەقىدىسىنى ئاقلاش ئۈچۈن بولسىمۇ تىرىشمىسا بولمايتتى . شۇڭا ئۇ ، ئۇلارنىڭ ئىزىنى بېسىش ، تېبابەتچىلىك ھۈنىرىنى تېخىمۇ كامالەتكە يەتكۈزۈپ داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىگە كەلدى .

بايۋەچچە ھە دېسە دورا دۇكىنىدىن چىقمايتتى ، ئەنجۈرنىڭ دورىلىق قىممىتى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى ، بۇ توغرىدا ئانالىز ئېلىپ بارغاندا قورسىقىنىڭ ئاچقىنىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى . بىر خىل غايىبانە كۈچ ئۇنى دۇكانغا بەند قىلىۋەتكەن ئىدى . ئۇنىڭ كۆزلىرى قان قۇيۇلغاندەك بولۇپ كەتتى . ئۇ بىر ئىشنى باشلىسا باشقا ئېلىپ چىقماي قويماتتى ، بۇ خىل مىجەز ئۇنىڭغا يانتاق ئەمچى بىلەن پالۋاندىن « مىراس » قالغان ئىدى . ئۇ ئەنجۈرنىڭ دورىلىق رولى ئۈستىدە ئىزدىنىشكە كىرىشكەندىن بۇيان زېھنىنى بۆلمەسلىك ئۈچۈن ، ئادەتتىكى ئاغرىقلارنى كۆرۈپ دورا بېرىشنى ئايىجامالغا تاپشۇردى .

بـايـۋەچچە ئىزدەنگەنسېرى چوڭقۇرلاۋاتاتتى ، ئەمدى ئەنجۈر مېۋە-
سـىـدىـن ئۆتـۈپ ، ئەنـجۈر دەرىخىنىڭ باشقا تەركىبلىرى ئۈستىدە سىناق
قـىـلـىشقا كىرىشتى . ئەنجۈر دەرىخى كەمدىن ـ كەم تېپىلىدىغان دورا ما-
تېـرىـيـالـى سـۈپـىـتـىـدە جەۋلان قىلماقتا ئىدى . بۇ خاسىيەتلىك دەرەخ
تـەركـىـبـىـنـىـڭ زادى نېمىلىكىنى بىلىشكە قەدەم قويغاندا ، ئۇنىڭ ئالدىدا
نۇرغۇن تۈگۈنلەر پەيدا بولۇشقا باشلىدى .

ئەنـجـۈر دەرىـخـى گەرچە بايۋەچچىنىڭ كۆز ئالدىدا تىلسىم ـ تىلسىم
هالـەتتە جانسىزدەك تۇرسىمۇ ، بايۋەچچىگە بەرگەن تەسىرى هەرىكەتچان
ئـىـدى ، ئادەم بـەدىنىگە پايدىلىق رولغا ئىگە هەربىر توقۇلما ئۇنى هاياجانغا
سـالاتـتـى . ئۇنـىڭدىكى قىزىقىش ئەنە شۇنىڭدىن كەلگەن ئىدى . ئۇنىڭ بۇ
يـېـڭـى ئـىـشـقـا بـەل بـاغـلـىـشـىـغـا يانتاق ئەمچى بىلەن پالۋاننىڭ روهىي
جـەهەتـتىكى مەدەتكارلىقىدىن باشقا ، تېخىمۇ مۇهىمى ئۇلار پەقەت يوشۇر-
مـاي ئۆگـىـتـىـپ قـويـغـان ئەمـچـىـلـىك بىلىملىرى تۈرتكە بولۇۋاتاتتى .
هۈنـەرنـىـڭ ئەڭ نـازۇك يەرلىرىنى شاگىرتلارغا ئۆگەتمەسلىك كۆپ سان-
دىكى ئۇستازلارغا ئورتاق بىر خىل ئىچى تارلىق بولسىمۇ ، يانتاق ئەمچىلەر
بۇ قاتارغا كىرمەيتتى .

بـايـۋەچچە بىلەن ئايجامال ئەنجۈر مېۋىسىنى قاق قىلىپ قۇرۇتتى ،
يـوپـۇرمىقى ، تېنى ۋە تېنىدىن چىققان سۈتسىمان سۇيۇقلۇقنىمۇ نەزەردىن
سـاقـىـت قـىـلـمىدى ، ئۇلارنى ئۆز تۈرى بويىچە ئايرىم يىغىپ دورا ياساپ
ئاغـرىـقلارغـا ئـىـشلىتىپ ئۈنۈم قازاندى ، تاشگۈل بۇ ئىرىشچان ئەر ـ خو-
تـۇنـنـىـڭ ئۆزى هېس قىلغان بىر بوشلۇقنى تولدۇرغانلىقىدىن سۆيۈندى
هەمدە بۇ يېڭى رېتسېپلارنى يىراق يۇرت ، هەتتا قەلئەلەرگىچە كېڭەيتىشنى
ئـېـيتتى . تاشگۈلنىڭ مەسلىهەتى ئۇلارنىڭ ئەمچىلىك هۈنىرىنى تېخىمۇ تا-
كامۇللاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولدى .

تـەقـدىرنىڭ ئىشلىرى ئاجايىپ سىرلىق ، خۇشالـلـىـق بـىـلـەن
قـايـغـۇ بـىـر ـ بـىرىنى قوغلىشىپلا يۈرىدۇ . ئۇلارنىڭ ئائىلىسىگە ياخشى
كۈنـلـەر يـۈزلـىـنـىـۋاتـقاندا ، چاۋاگۈل بىلەن ئالتۇن خۇشبۇي ئىككىسى

كېلىشىۋالغاندەك تەگلا تەكىيە تۇتۇپ يېتىپ قالدى . بايۋەچچە ئۇلارنىڭ بېشىدا پايپېتەك بولۇپ ئەڭ ئېسىل دورىلار بىلەن ئەملىگەن بولسىمۇ ئۇنىۋمى بولمايۋاتاتتى . تاشگۈل ئانىسىنى ئەكېلىپ قېينانىسى بىلەن باقـ ماقچى بولدى . تاشگۈل بۇ نىيىتىنى ئانىسىغا ئېيتقان ئىدى ، قەدەم جايىنى تاشلاپ ، قەدىناسىنىڭ چىرىغىنى ئۆچۈرۈپ قويۇشنى راۋا كۆرمىدى . تاشگۈلنىڭ چۈشەندۈرۈشلىرى ئۇنىڭ جاھىللىقى ئالدىدا بىكار كەتتى . ئاخىر تاشگۈل ئانىسىنىڭ بىر ئۆمۈر ياشىغان ئىللىق ئۆيىنىڭ مېھرىدىن كېچەلمەيۋاتقانلىقىنى چۈشىنىپ بولدى قىلغان بولسىمۇ ، ئۆزىنىڭ بىرلا قىز بولۇپ قالغىنىدىن ئۆكۈندى . دېمىسىمۇ ئىككى ئائىلىنى ئىككى دەريا ، بىر تاغ ئايرىپ تۇراتتى ، مۇساپىمۇ خېلى بار ئىدى . ئەمەلىي قىيىنچىلىق ئالدىدا تاشگۈلنىڭ تازىمۇ بېشى قاتتى ، ئۇيان قارىسا باغرىنى يېرىپ تۇغـ قان ئانىسى ، بۇيان قارىسا تەقدىر قوشقان مېھرىبان ئانا تۇراتتى ، يەنە كېلىپ بۇ ئانا پالۋانغىمۇ مەنسۇپ ئىدى . تاشگۈل بىر جېنىنى ئىككىگە بۆلۈش مۇمكىن بولسا قىلچە ئىككىلەنمەي رازى بولاتتى .

— تاشگۈل خېنىم ، ئارىسالدى بولماي چاۋاگۈلنى باقسىلا ، بالام ، قېينانىنىڭ كۆڭلىنى ئالماق بەكمۇ مۇشكۈل بىر ئىش ، — ئالتۇن خۇشـ بۇي ئۇنىڭ قەلبىنى چۈشەنگەن هالدا ئېيتتى ، — چاۋاگۈل رازى بولىدىغانلا بولسا مەن مىڭ مەرتەم رازى .

— ئانا ، سىلىنى تاشلاپ قانداقمۇ كېتەلەيمەن !

— بۇ يەردە ماڭا قارايدىغان يېقىن تۇغقانلار بار .

— هەرقانچە يېقىن بولغاندىمۇ تۇغقانلار مېنىڭ ئورنۇمنى باسالـ مايدۇ . ئىككى دۇنيالىق قىزلىرى بولغان مەن سىلىنى بۇ هالدا تاشلاپ كېتەلىشىم مۇمكىنمۇ ؟

— ئۇغۇ شۇنداق ، لېكىن « ئۆزىدىن كەچمىگۈچە ئۆزگىنى خۇش قىلغىلى بولماس » دېگەن گەپ بار .

— ئۇنداقتا ، مەن چاۋاگۈل ئانامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ كېلەي

ئەمىسە .

— قانداق ئورۇنلاشتۇرىلا ، بالام ؟

— ئايجامالنىڭ ئۆيى ئانچە يىراق ئەمەس . شۇڭا ...

— ئۇغۇ شۇنداق ، — تاشگۈلنىڭ گېپىنى بۆلدى ئالتۇن خۇشبۇي ، — ئەمما ، چاۋاگۈل سىلىگە بەكرەك ئېچىل ئىكەن .

— بۇنى سىلىمۇ بىلىپلا ، ئانا ، ئۇنى ئۆزلىرىگە ئوخشاشلا كۆردىمەن .

— باتۇرنىڭ تويىنى كۆزۈمنىڭ ئوچۇقىدا قىلىۋەتسەك بولاتتى .

— چاۋاگۈل ئانامنىڭمۇ ئۈمىدى شۇ ئىدى .

— ئۆلۈم دېگەن قاش بىلەن كىرپىكنىڭ ئارىلىقىدىكى ئىش . ئادەم ياشانغاندا جېنىدىن تېخىمۇ ئەنسىرەپ قالىدىكەن .

— ئانا ، سىلى تېخى ئۇ دەرىجىدە قېرىپ كەتكەنلىرى يوق ، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئاسۇقتۇرۇپ ئۇنداق كۆڭۈلسىز گەپلەرنى قىلمىسىلا .

— قانداقلا بولمىسۇن باتۇرنىڭ تويىنى ۋاقتىدا قىلىۋېتەيلى .

— دادام رەھمەتلىك بولغان بولسا نەۋرىسىنىڭ تويىدا قانداق كارامەتلەرنى كۆرسىتەر ئىدىكىن - ھە ، ئانا ؟

— ئۇنى بىر دېمىسىلە ، جان قىزىم .

قىران يولۋاسنىڭ گېپى چىقىش بىلەن ئانا - بالا ئىككىيلەننىڭ تەڭلا كۆڭلى بۇزۇلدى . ئۇلار ئۆزلىرىنى توختىتالماي كۆز يېشى قىلىشتى . بۇ يىغا ئالتۇن خۇشبۇيغا ئېغىر كەلگەن بولسىمۇ ، ئىچىدىكى دەردلەر ياش بىلەن ئېقىپ كېتىپ يەڭگىللەپ قالغاندەك بولدى .

تاشگۈل ئانىسىنىڭ يېنىدا ھامىسىنى قويۇپ قايتتى ، ئاندىن ئايجامالنى چاقىرتىپ كېلىپ ، باتۇرنىڭ توي ئىشىنى مەسلىھەتلەشتى . ئۇلار چوڭلارنىڭ ئارزۇسىغا ئاساسەن تويىنى كەينىگە تارتماي پات ئارىدا قىلىۋېتىشكە كېلىشتى . ئۇلارنىڭ گېپى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى ، بايۋەچچە كىرىپ كەلدى . ئۇ تاشگۈل بىلەن سالاملىشىپ ، كۆرپىدە ئولتۇردى - دە ، چاۋاگۈلدىن ئەھۋال سورىدى . چاۋاگۈل بېشىنى سەل كۆتۈرۈپ قويدى . ئۇلار يەنە شۇ تويىنىڭ گېپىگە چۈشۈپ كېتىشتى .

بايۋەچچە ئۇزاپ چىققاندا، تاشگۈل ئۇنىڭدىن سورىدى:
— سىلى خېلى كۆزگە كۆرۈنگەن ئەمچى بولۇپ قالدىلا، ئىككى ئانامغا شىپالىق تېپىلماسمۇ؟
— ھەر ئىككىلەنىڭ ئاغرىقى ئوخشاش ئىكەن.
— ساقايمايدىغان ئاغرىقمىكەن؟
— ئۇلاردا مىزاج خاراكتېرلىك ئاغرىق يوق.
— ئۇنداقتا ياخشى گەپكەنغۇ؟
— ھەي ... چاتاق يېرى ئۇلاردا يۈرەك يارىسى بار.
— بۇنىڭغا داۋا يوقمۇ؟
— بارلىقىغۇ بار، ئەمما ...
تاشگۈل ئۇنىڭ گېپىنى بۆلۈۋەتتى:
— ئۇنداقتا تېزراق ئامالىنى قىلسىلا!
— يانتاق ئەمچى، پالۋان، قىران يولۋاسلارنى ھازىر قىلالىسام شۇئان شىپا تاپقان بولاتتى.
— نېمە، نېمە؟
— دېمەكچىمەنكى، ئۇلارنىڭ ئاغرىقىنىڭ شىپالىق دورىسى ئۆلگەنلەردە.
— كۆڭلۈمنىڭ ئارامى يوق چاغدا بۇنداق چاقچاقنى قىلمىسىلىچۇ!
— چاقچاق قىلىدىغانغا نېمە ھەددىم دەيلا. ئۇلارنىڭ ئاغرىقى شۇ تۇرسا؟

كۈتۈلمىگەندە يۇقىرى تەرەپتىن ياسىداق بىر مەپە جاراڭلاپ كېلىپ قالدى. بۇ يۇرتتىكىلەرگە تونۇشلۇق باسقاق چوڭنىڭ مەپىسى ئىدى. ئىككىلەن مەپىگە قاراشتى. مەپە بارا ـ بارا ئاستىلاپ، ئۇلارنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە بىر چەتتە توختىدى ـ دە، باسقاق چوڭ (يۇرت بېگى) چۈشتى. بىر پۈتى ئاجىز بۇ ئادەم دىڭگۇسلاپ كېلىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى، سالام ـ سەھەتتىن كېيىن چاۋاگۈلنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. باسقاق چوڭ ئاتايىن چاۋاگۈلنى يوقلاپ كەلگەن ئىدى، ئۇزاپ چىققان

بايۋەچچە ئۇنىڭ مۇددىئاسىنى ئۇقۇپ، ئۆيگە بىللە كىردى.

باسقاق چوڭ بىر خىزمەتكارنى ئەگەشتۈرۈۋالغان ئىدى. ئۇلار-نىڭ ئەھۋال سورىشى بىلەن، ئاغرىق ئازابىدىن ئىڭراپ ياتقان چاۋاگۇلنىڭ بىردىنلا كۆڭلى ئېچىلىپ قالغاندەك بولدى. باسقاق چوڭ-نىڭ يوقلاپ كېلىشى ئۇنىڭغا ئالاھىدە روھىي مەدەت بولغاندەك قىلاتتى. خىزمەتكار باسقاق چوڭغا ۋاكالىتەن داستىخاندا بىرنەچچە يامبۇنى قويدى. بۇنىڭدىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان باتۇر سىرتقا چىقىپ كەتكەن ئانىسىنى چاقىرغىلى ماڭدى. چاۋاگۇل گەرچە باسقاق چوڭنىڭ ئۆز ۋاق-تىدا ياتناق ئەمچى بىلەن ياخشى ئۆتكەنلىكىنى ئويلاپ گۇمانىنى كۆڭلىدىن قوغلاشقا ئۇرۇنسىمۇ، دەماللىققا بۇنداق قىلالمايۋاتاتتى. ئاڭغىچە تاشگۇل قايتىپ كىردى.

— تاشگۇل، باسقاق چوڭ داستىخانغا بىرنەچچە يامبۇ قويدى.

- سىلى قوبۇل قىللىما؟

— باسقاق چوڭ ياتناق ئەمچى بىلەن ياخشى ئۆتكەنىنىڭ يۈز-خاتىرىسىنى قىلىپ مېنى يوقلاپ كەلگەن چېغى.

— سىلى شۇنداق قاراملا؟

— ئۇ، يۇرتنىڭ چوڭى تۇرسا، بىزدىن نېمە شاپائەت كۈتەتتى؟ ياتناق ئەمچى ھايات ۋاقتىدا بىز ھەقىقەتەن ياخشى ئۆتۈشكەن، بۇنچىلىك يامبۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن نېمىتى، قىزىم؟

— گەپ دەل مانا مۇشۇ يەردە. ئۇ يۇرتنىۇ چوڭى بولغاچقىلا «قولۇمنى نەگە ئۇزاتسام يېتىدۇ» دەپ ئويلايدۇ.

— بۇنداق گۇمانىڭ ھاجىتى يوق، قىزىم، ئاغرىق سوراش ئە-زەلدىن داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر ئادەت، بۇنىڭدا نېمە مۇددىئا بولاتتى؟

— ياق، بۇ ئادەتتىكى ئاغرىق يوقلاشتىن باشقىچىرەك تۇرىدۇ. يۇرت چوڭى ئۆز مۇددىئاسىنى مۇشۇ يامبۇلارغا يوشۇرغىنى ئېنىق. ۋاقتى كەلگەندە يامبۇلارنىڭ ئۆزى سۆزلەيدۇ.

— گېپىڭىزنىڭ تېگىگە ھېچ يېتەلمىدىم، قىزىم.

— باتۇرنىڭ مېنى نېمە ئۈچۈن چاقىرغانلىقىنى ئويلىغانلا ؟
— بىرەر گېپى بولسا كېرەك دېدىم شۇ .
— ئۇ باسقاق چوڭنىڭ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ گەپ قىلغىنىنى كۆرۈپ قاپتۇ .
— ئۇ توكۇر جىنىغا باقماي ، ئايالارنى كۆرسە شۇنداق بەز مارىغان ئوغرى مۈشۈكنىڭ ئۆزىلا بولۇپ كېتىدۇ .
— ئۇ ماڭا بەكلا غەلىتە نەزەردە قاراۋاتىدۇ .
— توغرا ، ماۋۇ ئەقلىمنى ، ئۇنىڭ خوتۇنى يوق ئەمەسمۇ ؟
— سىلىمۇ ھېس قىلىپىلىغۇ ؟
— ھەرقانچە بولسا ئۇنداق نىيەتتە بولمىغاندۇ ؟
— مېنىڭچە چوقۇم شۇنداق مۇددىئاسى بار .
— ئۇ سىزدىن قورقماي ئېغىز ئېچىشقا پېتىنالارمۇ ؟
— ئۇ ئۆز كۆڭلىدە يۇرتنىڭ چوڭى ، يەنە كېلىپ ئەركەك دېگەن قانداق ئايال زاتىنى كۆزلىسە ئىختىيارى - دە .
— ماۋۇ كاساپەتنىڭ ئۇستىلىقىنى قارىمامدىغان .
— ئۇنىڭ يامبۇلىرىنى قانداق قىلساق بولار ؟
— ھازىرچە ، ئاغرىق سوراپ كەلدى دەپ تۇرايلى .
— بۇ تازىمۇ چىگىش بىر ئىش بولدى ، ئانا .
— يارا ئېغىز ئالغاندا داۋاسىنى قىلساقمۇ كېچىكمەيمىز ...
— ئۇلار چىقىپ كەتتىمۇ ؟ — باتۇر تالادىن كىرىپ ، گەپنى ئۇزۇپلا سورىدى .
— ھەئە ، قايتىپ كەتتى .
— سىلىگە ئېيتسام ، ئانا ، — دېدى باتۇر قاپىقىنى تۈرۈپ ، — نېمىشقىكىن ، بۇ چوڭ بىلەن زادىلا پۇرچىقىم پىشمايدۇ .
تاشگۈل باتۇرنىڭ توييغا ئىككى كۈن قالغاندا ئالتۇن خۇشبۇيىنى ئەكەلدۈردى . ئىككى چوڭ ئانا ئېغىر ئاغرىق بولسىمۇ ، بىرسى دادا ، بىرسى ئانا سۈپىتىدە تويدا تۇرۇپ بەردى . توي ناھايىتى كاتتا

ئۆتكۈزۈلدى . يۇرت ـ يۇرتتىن ئادەملەر ئىشتىراك قىلىپ قىران يولۋاس ، يانتاق ئەمچى ۋە پالۋانلارنىڭ روھىنى خۇش قىلدى . باسقاق چوڭ ھەممىدىن بەك شاپاشلاپ ، تويىنى ئەۋجىگە كۆتۈرۈۋەتتى ، باتۇر بۇنىڭغا كۆڭلىدە نارازى بولغان بولسىمۇ ، ئاچچىقىنى ئىچىگە يۇتۇپ بىلىندۇرمىدى .

باسقاق چوڭنىڭ كونا قورساق ئاغرىقى بار ئىدى ، ئۇ بايۋەچچە قىزىلچىننىڭ قىيامى بىلەن ئەنجۇر مېۋىسىنى قوشۇپ تەييارلاپ بەرگەن مەلھەم دورىنى يەپ ساقايغان بولۇپ ، ئەمدى راسا كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولغان ئىدى ، ھاۋايى ھەۋىسى ئۇرغۇپ تۇراتتى .

توي تۈگەپ ئون نەچچە كۈن ئۆتكەندە ئالتۇن خۇشبۇي بۇ دۇنيا بىلەن خوشلاشتى ، ئۇنىڭ كەينىدىن چاۋاگۈلمۇ بالىلىرىنى تاشلاپ كېتىپ قالدى . ئارقىمۇئارقا كەلگەن مۇسىبەت تاشگۈلگە قاتتىق ئېغىر كەلدى . ئەمدى ھەممە ئېغىرچىلىق تاشگۈلنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن ئىدى . تاشگۈل ئانىسىنىڭ ئاخىرەتلىك ئىشلىرىنى ئۆز يولى بىلەن تۈگەتكەندىن كېيىن ، قەدەم جايىدا ھامىسىنىڭ ئوغلىنى ئاتا ـ ئانىسىنىڭ چىرىغىنى يورۇتۇش ئۈچۈن ئولتۇرغۇزۇپ قويدى .

« ئۆلگەن كېتەر خاتىرجەم ، بار تارتقۇلۇق تىرىككە » دېگەندەك ئۆلگەننىڭ كەينىدىن ئۆلگىلى بولمايتتى . تاشگۈل ھەرقانچە ئىچ ئاغرىقى تارتسىمۇ ، ئۆزىگە قاراشلىق قۇمدەك ئىشلارنى ئويلىماي تۇرالمايتتى . ئارام بەرمەي كەينى ـ كەينىدىن بېسىپ كېلىۋاتقان ئىشلار بەدىنىدىكى ياشلىق ھارارىتىنى ئاستا ـ ئاستا سوۋۇتماقتا ، كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى بىلىندۇرمەي خوراتماقتا ئىدى . توي قىلىپ بىر يىل بولاي دېگەندە باتۇرنىڭ خوتۇنى ئوغۇل تۇغدى . بۇ خۇشاللىق تاشگۈلنىڭ دەردىنى خېلىلا يېنىكلەتتى . نەۋرىسىنىڭ ئوماق چىرايى ، بۇدرۇققىنە قول ـ پۇتلىرىنى مىدىرلىتىپ يىلتىڭلاپ يېتىشى ، ئەركىلەتكەننى بىلىپ « پىسىڭ ـ پىسىڭ » كۈلۈپ بېرىشى ئۇنىڭ ئىچىگە توشۇپ كەتكەن دەرد ـ ئەلەملىرىنى ئالغان ئىدى . يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقان بۇ جان ئۇلارنىڭ ھاياتلىق يىلتىزىنى نامايان

قىلاتتى .

باسقاق چوڭ ھە دېسە سازاڭدەك قىمىرلاپ ، يىراقتىن شەپە بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى . مانا ئەمدى تېخىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ ، تاشگۈلنى زېرىكتۈرۈشكە باشلىدى . تاشگۈل ئۇنىڭ قىلتىقىنى ئاللىبۇرۇن سېزىپ ، ئىچ - ئىچىدىن سەسكىنىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئەلچى كەلدى . ئەمما ، ئەلچىنى چىرايلىق ئۇزاتماي بولمايتتى . تاشگۈلنىڭ سېخىي داستىخىنى ئەلچىنى تەسىرلەندۈرۈۋەتتى . شۇنداق قىلىپ ، ئەلچى كۆڭلىدىكى ھەممە گەپنى تاشگۈلگە قالدۇرماي ئېيتتى . تاشگۈل كۆرۈنۈشتە ئۆزىنى خۇشال تۇتۇۋاتقىنى بىلەن ئىچىدە ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولۇۋاتاتتى . ئەلچىنىڭ باسقاق چوڭنى كۆككە كۆتۈرۈپ قىلغان گەپلىرى قۇلىقىغا كىرمەيتتى . تاشگۈل بىردىنلا ئۆز ۋاقتىدا چاۋاگۈل بىلەن ئېھتىماللىق قالدۇرۇپ قويغان يارىنىڭ ئاخىر ئېغىز ئالغىنىنى جەزم قىلدى - دە ، ئەلچىنى ئولتۇرۇپ تۇرۇشقا ئۈندەپ ، ئۆزى ئىچكەركى ئۆيگە كىرىپ كەتتى .

ئەلچى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئېپى - جېپى بىلەن قاملاشتۇرۇۋېتەلەيدىغانلىقىدىن مەمنۇن ئىدى . ئۇ ئەل ئىچىدە داڭقى تارالغان تاشگۈل مانا ئەمدى باسقاق چوڭغا ياتلىق بولۇپ ، ئەلگە تېخىمۇ كۆپ نۇسرەتلەرنى ياغدۇرۇۋېتىدىغان بولدى دەپ ئويلىدى . ئەمەلىيەتتە باسقاق چوڭ بىلەن تاشگۈل ئىككى دۇنيا ئىدى . بۇنى يۇرتتىكى ھەممە ئادەم ئوبدان چۈشىنەتتى . تاشگۈلنىڭ ئەل قەلبىدىكى يۈكسەك ئورنى ئالدىدا باسقاق چوڭ ھېچنېمىگە ئەرزىمەيتتى . ئەمما ، ھېچكىممۇ باسقاق چوڭنىڭ « يۇرت ئاتىسى » ئىكەنلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمايتتى . خەلقنىڭ ئارزۇسى بويىچە بولغاندىغۇ تاشگۈل يۇرت بېشى بولسا ئەلنىڭ چوڭى كۆككە يېتەتتى . ئەمما ، خەلقنىڭ تىلىكىنى كىم ئاڭلايدۇ ؟ تاشگۈلنىڭ ئادالەتپەرۋەرلىكى ۋە ئەل ئىچىدىكى يۈكسەك ئىناۋىتى چوڭ بولۇشىغا كاشىلا ئىدى . شۇنداقتىمۇ تاشگۈلنى خەلق « قەلبىمىزدىكى قاغان ، قاغانىيە ئانىسى » دەپ تونۇيتتى . ئەلچى بۇلارنى ئويلىغىنىدا ،

تاشگۈلنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ياخشى مۇئامىلىسىدىن گۇمانلانمايمۇ تۇرال-مىدى . يەنە بىر تەرەپتىن ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى تىلىدى .

تاشگۈل جىلىتتەك تېرىگە ئورالغان بىر تۇگۈنچەكنى كۆتۈرۈپ چىقتى . تۇگۈنچەكنىڭ پۈرمىلەنگەن ئۇچى تېرىدىن تىلىنغان بوي تاسما بىلەن چىڭ چىگىلگەن ئىدى . تاشگۈل ھەيرانلىق ئىلكىدە تېڭىرقاپ قالغان ئەلچىگە تۇگۈنچەكنى ئۇزاتتى :

— بۇنى باسقاق چوڭغا ئالغاچ كەتسىلە .

— كەلگەنگە يارىشا جاۋابلىرىنى كۈتۈۋاتسام ، بۇ نېمە قىلغانلىرى ئەمدى ؟

— بۇنى باسقاق چوڭغا تەگكۈزسىلە ، جاۋابىمنى ئۆزى بىلىۋالىدۇ .

— ئۆز ئاغزىلىرى بىلەن قىلغان گەپ بىلەن باسقاق چوڭنى بىر خۇش قىلىۋېتەي ، تاشگۈل خېنىم .

— بۇنى كۆتۈرۈپ بارغاندىنمۇ ئارتۇق خۇش خەۋەر بولامدۇ ؟

ئەلچى تاشگۈلنىڭ چىراي ئىپادىسىدىن ھېچقانداق يامانلىقنى بايقىمىغاچقا ، تۇگۈنچەكنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى . ئۇ تۇگۈنچەكنى مى-جىقلاپ ، ئىچىدىكى نەرسىنىڭ قاتتىق ھەم ئېغىرلىقىغا قاراپ « يامبۇ بولسا كېرەك » دەپ ئويلىدى . « كاللىسى قوداڭشىپ قالغان بۇ خوتۇن بەگكە نېمىدەپ يامبۇ بېرىدۇ ؟ — ئارقىدىنلا گاڭگىرىدى ئەلچى كېتىۋېتىپ ، — توغرا ، ئەمدى تاپتىم ، باياتىنقى خۇشاللىقىدىن قارىغاندا ئۈستەك بەرگەن بولۇشى مۇمكىن . نېمىلا دېگەنبىلەن ئۇ ئەردىن تولىمۇ ياش تۇل قالدى ، ئەرگە تەگكۈسى كېلىپ ئاران تۇرغاندا بېگىمنىڭ خېرىدار بولغىنى ھارام كالىغا پىچاق ياققاندەك گەپ . خوتۇن كىشى ھەرقانچە يامان بولۇپ ھاۋاغا پىچاق ئاتسىمۇ ، ھامان ئاجىز ، ئەرلەرگە ئوخشاش ئۆز ھېسسىياتىنى ئاش-كارىلىيالمايدۇ . ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ بايقۇش ئەرنىڭ خوۋلۇقىنىمۇ تازا كۆرەلمىدى . شۇ تاپتا ‹قېنى بارمۇ ؟ › دەيدىغان دەرىجىگە يەتتى ... »

ئەلچى ئەنە شۇنداق ئېگىز - پەس ئوي - خىياللار دەشتىدە كېزىپ ،

باسقاق چوڭنىڭ قورۇسى ئالدىغا قانداق كېلىپ قالغىنىنى بىلمەيلا قالدى .

باسقاق چوڭ ئەۋەتكەن ئەلچىسىنىڭ يولىغا قاراپ كۆزلىرى تېشىلەي دېگەندە ، دەرۋازىدىن كىرىپ كەلگەن ئەلچىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئارام تاپتى .

— تولا تاقەتسىزلەندۇرمەي خۇش خەۋەرنى تېز ئېيتسىلا .

باسقاق چوڭ نەپسى تاقىلداپ ئۆزىنى تۇتالماي قېلىۋاتاتتى .

— تېز ئېيتسىلا دەيمەن ، تېز ! تاپان ھەققى ئۈچۈن بېرىدىغان ئالتۇن بىلەزۈكنى سالغۇلىرى يوقمۇ ؟

— سالغۇم بولمامدىغان ، چوڭنىڭ سوۋغىسىنى جان دەپ سالغۇم بار ! ھى - ھى - ھى ! ...

— بىلەكلىرىنى تۇتسىلا ئەمىسە ، — باسقاق چوڭ ئەلچىگە ئاتاپ تەييارلاپ قويغان بىلەزۈكنى تەڭلىدى ، — ئۆز قولۇم بىلەن سېلىپ قوياي.

ياللداپ تۇرغان بىلەزۈك ئەلچىنىڭ كۆزلىرىنى چاقنىتىۋەتتى :

— پېقىرلىرى سوۋغاتلىرىنى قوبۇل قىلىشقا تەييار . قېنى سېلىپ قويسىلا .

ئەلچى شۇنداق دېگىنىچە ، قوينىدىن تاشگۈل بەرگەن تۈگۈنچەكنى ئېلىپ باسقاق چوڭغا بەردى .

— بۇ نېمە ؟ — چوڭ ھەيران بولۇپ سورىدى .

— تاشگۈل بىلەن ئىككىڭلار خېلىدىن بېرى ئېشىپەش تارتىشىپ يۈرگەن ئىكەنسىلەر . بۇ ئۇنىڭ ئۆزلىرىگە ئەۋەتكەن ئۈستىكى .

تاشگۈلنىڭ دەردىدە يۈرىكى كاۋاپ بولغان باسقاق چوڭ تۈگۈنچەكنى « كاپپىدە » ئالدى - دە ، ئالمان - تالمان يەشتى . ئۆز ۋاقتىدا چاۋاگۈلنى يوقلاپ ئاپارغان يامبۇلارنىڭ بىرىسىمۇ زايە بولماي ئۆز قولىغا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن باسقاق چوڭ غەزىپىنى باسالماي يامبۇلارنى يەرگە ئۇردى :

— خەپ توختاپتۇر ، تاشەك !

كوسا ئېڭىكىنى سىلىغان چوڭنىڭ كۆزى بىردىنلا نېمە ئىش يۈز

بەرگىنىنى ئاڭقىرالماي لاغىلداپ تىترەۋاتقان ئەلچىگە چۈشتى:

— سەن دەللە نېمدەپ كۆتۈرۈپ كەلدىڭ بۇنى؟

ئەلچى باسقاق چوڭنىڭ غەزەپلىك ۋارقىرىشىدىن قورقۇپ ئارقىسىغا ئۈچۈپ چۈشكىلى تاس قالدى. چوڭ ئەمدى خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇق قىلدى:

— ماۋۇ خوتۇننىڭ بىلىكىدىكى بىلەزۈكنى تارتىۋېلىڭلار!

ئىككى خىزمەتكار ئەلچىنى باسماداپ قولىدىكى بىلەزۈكنى چىقىرىۋالدى. ئەلچى سازايى تووۋلىغىنىچە قورۇنى بىر ئايلىنىپ كۆزدىن غايىب بولدى.

كۈز مەزگىلى ئىدى. ئۇلار يىراق قوۋملەردە ئاغرىقلارنىڭ كۆپىيىپ كېتىپ، كۆپلىگەن ئادەملەرنىڭ ئۆلۈپ كېتىۋاتقانلىق خەۋىرىنى ئۇقتى. تاشگۈل بىلەن بايۋەچچە مەسلىھەتلىشىپ، ئاغرىقتا يولۇققانلارنى ئەملەش قارارىغا كەلدى. تاشگۈلنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن بايۋەچچە خېلى كۆپ دورا تەييارلىدى. تاشگۈلمۇ ئوغلى باتۇر باشلىق شىرمەت پالۋان - چەۋەندازلاردىن بەشنى يىغدى. تاشگۈل يەنە كىمنىدۇر بۇ قاتارغا قوشۇشنى ئويلايتتىيۇ، ئىسمىنى يادىغا كەلتۈرەلمەي جىلە بولاتتى. شۇ ئەسنادا ئېغىلدىكى موزاينىڭ مۆرىگىنى ئاڭلاندى. «ھە، تاپتىم، — دېگىنىچە ھاياجانلىنىپ كەتتى تاشگۈل، — بۇقام، بۇقام ئەمەسمۇ!» تاشگۈل شۇئان بۇقامنى چاقىرىشقا ئادەم ئەۋەتتى. ئۇ تاشگۈلنىڭ ئىسمىنى ئاڭلاپ دەرھال يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقى بەئەينى يالغۇز گۈمبەزنىڭ ئۆزىلا ئىدى. مەيدىسىنى بېسىپ كەتكەن قويۇق ھەم ئۇسۇك تۈكلەر ئېڭىكىنى يۆلەپ تۇراتتى، قىزغۇچ، تىكەندەك تىك - تىك بۇرۇتلىرى زەردىلىك ئەزىمەت ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرەتتى. ئۇ خۇددى ئىچىدە يادا تېپىشى باردەك مەيلى يەردە ياكى ئات - تۆگە ئۈستىدە بولسۇن قولىنى شۇك تۇتمايتتى، پات - پات مەيدىسىنى سىلاپ قوياتتى.

— ئەسلىرىدە بارمىكىن، ئەنجۈرلۈك باغدا، لازىم تېپىلغاندا سىلىنى ئىزدەيمەن دېگەن ئىدىم، — دېدى تاشگۈل بۇقامغا.

— شۇ تاتلىق گەپلىرىڭىز قەلبىمنى خۇددى ئوت يالقۇنىدەك ئۆر-
تەپ كېلىۋاتىدۇ ، دەڭا .
— شۇنداق بولۇشىغا ئىشىنەتتىم .
— تەلىپىمنى ئاخىر ماقۇل كۆرۈپسىز - دە ؟ بىراق شۇنچە
دۆلەتمەن باسقاق چوڭغا ئۇنىمىغان تۇرسىڭىز ...
— سىلى دېگەن ھەقىقىي ئەركەك ، ئەركەك بولغاندىمۇ يېگەن -
ئىچكەندەك بېجىرىم ئەركەك دېسىلە .
— توغرا ، مەن شۇنداق زىيادە چوڭ يارالغان ئىكەنمەن .
— مەن سىلىنى ياقتۇرۇپ قالغان ئىدىم .
— شۇ چاغدا مېنى قەستەن ئازابلاپتىكەنسىز - دە ؟
— سىلى مەندىن خېلى كىچىك تۇرسىلا ...
— مەن ئۇنداق قارىمىغان يەردە ...
— ئېنىقىنى ئېيتىپ قوياي ، مېنىڭ توي قىلىش نىيىتىم يوق .
— بايا ياقتۇرۇپ قالدىم دەۋاتاتتىڭىزغۇ ؟
— توغرا . گېپىمدىن يېنىۋالغىنىم يوق .
— نېمىشقا ئوتلۇق تەلپىمگە سوغۇق مۇئامىلىدە بولىسىز ؟
— ئەخمەق بالا ، ياقتۇرۇپ قالغانغىلا ئالىدىغان - تېگىدىغان ئىش
بارمۇ ؟
— ئاياللارنىڭ ئەرلەرنى ياقتۇرۇشى شۇنداق مەقسەتنى ئۆز ئىچىگە
ئالامدۇ ؟
— ئاياللارنىڭمۇ ئەرلەرنىڭكىدەك نۇرغۇن ئارزۇسى بولىدۇ . مېنىڭ
سىلىنى ياقتۇرۇپ قېلىشىم پەقەت سىلىنى ئەر ئاغىنە قىلىۋېلىش . سىلى
قەلبىمدە ھەر دائىم قۇياشتەك چاقناپ تۇرىلا . بۇ بۇزۇلسا قەلبىمنىڭ نەپ-
رەتلىك تۆرىدىن ئورۇن ئالىلا - دە ، مەڭگۈلۈك رەقىبلەرگە ئايلىنىپ
قالىمىز .
— ياق ، بۇ چىن سۆزىڭىز ئەمەس ، بەلكى جاھىللىق !
— ياخشىسى ، ماڭا ئىشتەي ساقلىماي ، بالدۇرراق باشلىرىنى

ئىككى قىلىۋالسىلا .

— ياق ، مەن سىز گىلا ئاشىق .

— بىز ئاشىقلار قاتارىغا كىرمەيمىز .

— نېمىشقا ؟

— ئاشىقلىق دەسلەپتە بىر تەرەپتە شەكىللىنىپ ، ئاندىن يۈرەكتىكى ئوت ئىككىنچى يۈرەككە تۇتىشىدۇ - دە ، ھەقىقىي ئاشىق - مەشۇقلۇق بارلىققا كېلىدۇ . بىراق ، سىلىدىكى ئاشىقلىق ئوتى ئۆزلىرى بىلەنلا چەكلەندى ، ھەرقانچە قىلىپمۇ بۇ ئوتنى مېنىڭ يۈرىكىمگە تۇتاشتۇرالمىلا . شۇڭا ، بىز ئاشىقلاردىن ئەمەس .

— گەپكە ئەجەبمۇ ئۇستىكەنسىز !

— مېنى ئاچا دوست قىلىۋالسىلا ئەڭ مۇۋاپىق بولىدۇ .

— ئەمدى نېمە دېسەم بولار ؟

— ئۆزلىرىدەك ئۇستىخانلىق قىزدىن بىرىگە ئۆيلەنسىلە ، باللىرىڭلار كارامەت قاۋۇل چىقىدۇ .

— پالۋانلارنى كۆپەيتىشنى ئويلاۋېتىپتىسىز - دە ! شۇڭا ، سىزنى تاللىغان ئىدىم .

— ئىقتىدار ، ئالاھىدىلىك دېگەنلەرنى كېيىن يېتىلدۇرۇۋالغىلى بولىدۇ . مۇھىمى بەدەن قۇرۇلۇشىنىڭ قالتىسلىقى .

— سىزنى ساقلىسام چال بولۇپ كەتكۈدەكمەن - ھە !

— ئەسلىدە سىلى مېنىڭ ماھارىتىمگە خۇشتار بولغان . چۈنكى ، ۋۇجۇدلىرىدا پالۋان - نوچىلىق تۇيغۇسى بار .

تاشگۈل بۇقىنى چاقىرىشتىكى مەقسىتىنى ئېيتتى . بۇقام خۇشاللىق بىلەن ماقۇل كۆردى ، ئاندىن تاشگۈل ئۈنىڭ تەرلەپ كەتكەن بەستىگە قاراپ ئېيتتى :

— بۇ تۇرۇقلىرىدا سىلىنى ئات كۆتۈرەلمىگۈدەك ، بۇقام .

— شۇنداق . لېكىن ، بۇنىڭمۇ ئامالى بار .

— ئامال قىلالايدىغانلىقلىرىغا ئىشىنىمەن ، ھەرقانداق ئىشقا ئامال

تېپىلماي قالمايدۇ .

تـاشـگـۈل بـۇقـام بـىـلەن يەنە ئۇزاق پاراڭلاشتى . ھەر ئىككىيلەن ئۆزئارا قـىـزغـىن بولدى . تاشگۈل ئۇنى قايتىپ بىرىپ سەپەر تەييارلىقىنى قىلىشقا بۇيرۇدى . ئۇ تەكلىپنى بەجانىدىللىق بىلەن قوبۇل قىلدى .

ئارىـدىـن ئـىـكـكـى كـۈن ئۆتـكـەنـدە ، ئۇلار تـەيـيارلىغان دورا - دەرمـەكـلـەرنـى 40 قـېـچـىرغا يۈكلەپ مېڭىشقا ھازىرلاندى . بۇقام تېخىچە كـەلـمـەيـۋاتـاتـتى . بۇقامنى ساقلاپ يول ئۈستىدە خېلى تۇرۇشتى . باتۇر ھەمـمـىـدىن بەك تەقەززا بولۇپ كېتىۋاتاتتى . باتۇر ئېگىز ، گۆرەنلىك يە-گـىـت ئىدى ، ئەدەپ - ئەخلاقلىق چوڭ بولغان ئىدى ، پىيادە ياكى ئاتلىق يـۈرمـىسۇن ، يېنىدىن قامچىسىنى ئايرىمايتتى . بۈگۈن ئۇ دۈمبىسىگە ئوقيا بـىلەن ئوقدانىنى ئېسىۋالغان ئىدى . ئوقداندىن ئوقلارنىڭ قۇيرۇقى چىقىپ تۇراتتى . ئوقدانغا پۇتلاشقان يانى پات - پات كەينىگە ئىتتىرىپ قوياتتى . بـېـلـىـگە كەمەر باغلاپ ، سول يانپېشىغا خەنجەر ئېسىپ ، ياشلىق جاسارى-تـىـنـى نـامـايـان قىلغان ئىدى . مەشرىقتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان قۇياش ئۇلار تـۇرغـان كـوچىغا ئۇدۇلمۇئۇدۇل تۇراتتى . قۇياشنىڭ ئاجىز قىزغۇچ نۇرى بـاتـۇرنـىـڭ قاپقارا ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىدىكى تىزىلدۇرۇككە ① چۈشۈپ يەنە بـىـر قۇياش كۆتۈرۈلۈۋاتقاندەك كۆزلەرنى قاماشتۇراتتى . باتۇر قامچىسىنى ئۆتۈكىنىڭ قونچىغا يېنىك ئۇرغىنىچە كىشىلەر توپىغا يېقىنلاشتى .

تـاشگۈل بۇقامنى چاقىرغىلى ئادەم ئەۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا ، بۇقام بـۇغرانى ② مىنىپ كوچىنىڭ ئۇ بېشىدا پەيدا بولدى . ئۇ بىر قولىدا بۇغرا-نـىـڭ بـۇرۇنـلـۇقىنى تۇتۇۋالغان بولۇپ ، بىردەمدىلا يېتىپ كەلدى - دە ، ئادىتى بويىچە مەيدىسىنى سىلاپ قويۇپ تاشگۈلنىڭ يېنىدا توختىدى .

ئۇلار بـۇقـامنىڭ نېمە سەۋەبتىن كېچىكىپ قالغانلىقىنى سۈرۈشتۈ-رۈپ ئولـتـۇرمـىـدى . شۇ تاپتا يەتتە ئات ، بىر بۇغرا بولغا چىقىشقا تەييار تـۇراتـتـى . باياتىن ئۈرۈۋق - تۇغقان ، قولۇم - قوشنىلار ھەممەيلەن بىلەن

---

① تىزىلدۇرۇك — ئۆتۈكىنىڭ ئۇچىغا زىننەت ئۈچۈن ئورنىتىلغان تەڭگىلەر .

② بۇغرا — ئەركەك تۆگە .

خوشلىشىپ بولغان ئىدى. ئەمدى كۆڭۈل سانىغانلار بۇقامغا يوللۇق تۇ- تۇشتى. يۇرتىنىڭ كۆزى سانالغان بۇ بىرنەچچە كىشى ئۇزاتقۇچىلارغا گويا زور بىر ئاتلىق قوشۇندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. كىشىلەر خېلىغىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشتى. مويسىپىتلەر: « يامان كۆزگە تاش ـ تۇپراق، سەپىرىڭلار قۇتلۇق بولسۇن! » دېيىشتى.

تاشگۇل باشچىلىقىدىكى كارۋان ئالدىغا دۇچ كەلگەن تاغ ـ داۋان، دەريا ـ سازلىقلاردىن ئامان ـ ئېسەن ئۆتۈپ، سۇلىرى ئەلۋەك، مۇنبەت تۇپراققا قەدەم باستى. ئىگىسىزدەك تۇيغۇ بېرىدىغان تەبىئەت ئۇلارنى قىزغىن قارشى ئالغاندەك، ھەربىر توپ گىياھ يېنىك تەۋرىنەتتى، يوپۇرماقلار چاۋاك چالاتتى. ئۇلار ئېپتىخارلىق ھېسسىياتتا بىر جاڭگالدىن توپا ئېلىپ خېلى يەرگىچە كۆتۈرۈپ بارغاندىن كېيىن، ئۇنى ئېقىن سۇغا تاشلىۋەتتى.

ئۇلار ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلاۋاتقاندا كۆز ئالدىدا بىر تاغ تىزمىسى كۆرۈندى، شۇنىڭ بىلەن بۇ ئويىدىن ۋاقتىنچە ۋاز كېچىپ، تاغنىڭ يانباغرىدىكى يول بىلەن يۈرۈپ تاغ تىزمىسىغا ئۆرلەشتى. تاغلارنى بۈك ـ باراقسان ئورمانلار بېزىگەن بولۇپ، بەكمۇ گۈزەل ئىدى. تاغ يوتىلىرىدا ياۋا مېۋىلەر پىشىپ كەتكەن ئىدى. مېۋىزارلىقتا ئالدىغا بىر پارچىدىن تې- رىنى تارتىۋالغان ئىپتىدائىي ئادەملەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ يۈرۈشەتتى. بەزىلىرى مايمۇندەك شاختىن ـ شاخقا سەكرىشىپ مېۋە يەۋاتاتتى، باي- ۋەچچە « مۆكچىيىپ قالغان ئادەملەرنى ئەملەپ قويماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ پەيلى بەكلا يامان، ھەرىكىتى قارامدەك قىلاتتى. بايۋەچچە ۋە كارۋان تاغ قاپتىلىدا بىردەم كۆزىتىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئۇلار بىلەن توقۇنۇشۇپ قېلىشتىن ھەزەر ئەيلەپ يۈرۈپ كەتتى.

ئۇلار تاغ شارقىراتمىسى بويىدا غىزالانغاچ ئارام ئالغاندىن كېيىن، يېرىم كۈن مېڭىپ يەنە بىر تاغ ئېتىكىگە يېتىپ كەلدى، ئاندىن دېڭىز ساھىلىغا چىقتى. ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا كىچىككىنە بىر مەھەللە نامايان بولۇۋىدى، خۇددى گۆھەر تېپىۋالغاندەك خۇشاللىقتا چۆمۈشتى. قەدەملەر

بىردىنلا تېزلەشتى. مەھەللىدىكى ئۆيلەر بىر جايدىن يۆتكەپ كېلىپ تىزىپ قويغاندەك رەتلىك ئىدى. بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ تەنلىرى يايراپ كەتتى. شۇ چاغدا بىرسى چىقىپ كەلدى. ئۇ تاشگۈللەرنىڭ يۇرتىدىن چىقىپ كەتكىنىگە ئانچە ئۇزاق بولمىغان شەمەر ئىسىملىك كىشى ئىدى. ئۇلار بىر - بىرىنى نېرىدىنلا تونۇۋېلىشتى - دە، ھاياجانلىنىپ تۇۋلاشقىنىچە قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى. شۇ ئەسنادا ئورمانلىق ئارقىسىدا تېرىقچىلىق قىلىۋاتقان بىر توپ ئادەم يۈگۈرۈشۈپ كەلدى. بۇ كىشىلەرنىڭ بەزىلىرىنى تاشگۈل تونۇيتتى. بەزىلىرى يىلتىز سۈرۈشتۈرۈپ تونۇشلۇق بېرىش ئارقىلىق يېقىن تۇغقان چىقىپ قالدى. تاشگۈللەر بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇردى. بايۋەچچە ئۇلار ئارىسىدىكى ئاغرىق - سىلاقلارنى ئالغاچ كەلگەن دورىلار بىلەن ئەملىدى. ئۇلار تاشگۈللەرگە بۇ يەردە ئولتۇراقلىشىپ يېڭى ھايات يولىنى باشلىغانلىقلىرىنى زوق - شوق بىلەن سۆزلەپ بېرىشتى. تاشگۈللەر يۇرتىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، بىر قىسىم دورا - دەرمەكلەرنى قالدۇرۇپ مېڭىپ كېتىشتى. ئۇلار يەنە ناھايىتى كۆپ مۇساپىلارنى بېسىپ كۆپلىگەن قوۋملەرنىڭ ئاغرىقىنى ئەملەپ، بارغانلىكى يەردە ئىنسانلىق بۇرچىنى ئادا قىلىپ، باشقىلارغا ئەمچىلىكنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى چۈشەندۈردى ۋە ناھايىتى كۆپ قوۋملارنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالدى.

ئۇلار ئىچكى دېڭىزدىن ئۆتۈپ كۈنپېتىشقا قاراپ سەپىرىنى داۋاملاشتۇردى، ئاندىن كۈنچىقىشقا ماڭدى. يول ئۈستىدە ئەزىم دەريا ۋە چوڭ كۆللەرنى، ۋادىدا سەلتەنىتىنى نامايان قىلىپ تۇرغان ئۆز قاغانىنىڭ قەلئە - سېپىللىرىنى كۆردى. قاغاننى دېسە ئوتتەك بارغۇسى بار ئىدى، بىراق قاغان كۆچۈش ئالدىدا لەشكەرلەر كەلتۈرۈپ چىقارغان كۆڭۈلسىزلىكنى ئەسلەپ، ئېھتىيات كەمىرىنى باغلاشتى - دە، قەلئە سىرتىدىكىلەر بىلەن خۇپىيانە ھالدا كۆرۈشۈپ، دورا - دەرمەكلەرنى بەرگەندىن كېيىن دەرھال قايتىشتى.

ئۇلار تاغ يولىغا كەلگەندە بىر توپ ئادەم ئارقا تەرەپتىن كۆرۈپ

قېلىپ ، تاش ـ كالتەك ، ئارقارنىڭ مۆڭگۈزلىرىنى كۆتۈرۈشۈپ چۇقان ـ سۈرەن بىلەن قوغلاپ كەلدى . ھەممىنىڭ ئالدىدا ئۇيىنىڭ ئۇچلۇق ، تۇز مۇڭگۈزىنى خادىغا ساپلىۋالغان بىرسى جان ـ جەھل بىلەن ۋارقىراپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ توپنىڭ ئاتامانىدەك قىلاتتى .

ئاتامان قىياغا كەلگەندە توختاپ بىر قولىنى ئېگىز كۆتۈرۈۋىدى ، ئەگىشىپ كېلىۋاتقانلار ئۇنى چۆرىدەپ توختاشتى .

ـــ ئاتامان ، نېمە ئۇچۇن توختايمىز ؟ ـــ سورىدى بىرى .

ـــ ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشكۈدەك كۈچىمىز تۇرۇپ نېمىشقا تېگىش قىلمايمىز ؟ ـــ دېدى يەنە بىرى .

ـــ سىلەر نېمىنى بىلىسىلەر ، ـــ دېدى ئاتامان ، ـــ ئاۋۇ تاغ ئۈستىدىكى تاماشانى كۆرمىدىڭلارمۇ ؟

ـــ كۆردۇق . ياۋايى ھايۋانلارنىڭ كۆرگۈدەك نېمىسى بار ؟

دەرۋەقە ، 50 ـــ 60 مارال ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىكى تاغدا تۇراتتى . بىر بۇغا ماراللارغا بىر باشتىن سەكرەۋاتاتتى . بۇغا ماراللارنىڭ يېرىمىغا سەكرەپ بولۇپ ، تۆت قەدەمچە نېرىدىكى قورام تاش ئۈستىدە تۇرغان مېھرىگىياھنى 1 ـــ 2 يالىۋېتىپ كەلدى ـ دە ، قالغان ماراللارغىمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن سەكرىۋەتتى .

ـــ ئاۋۇ بىر بۇغىنىڭ شۇنچە مارال ئالدىدىكى كارامىتىنى كۆرگەنسىلەر ؟ ـــ دېدى ئاتامان .

ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغانلار تەڭلا ئېيتىشتى :

ـــ دەۋاتقانلىرى بەربىر ھايۋانغۇ ، كۆرگۈدەك نېمىسى بار ؟

ـــ ھەي قاپاقۋاشلار ! ـــ چالۋاقىدى ئاتامان ، ـــ بۇ زېمىننىڭ ھايۋانلىرىنىڭ ئەركىكى چېغىدا بىر تۇرۇشىدا 50 ـــ 60 مارالنى بۇغىدىن چىقىرىدىكەن ، بۇنىڭدىن قارىغاندا ئادەملىرى قانداقتۇ ؟ دېگەن سوئال كاللاڭلارغا كەلمىدىمۇ !؟

ـــ توغرا ، توغرا ، بىز قاراملىق قىپتۇق . قاراڭلار ، ئۇلارنىڭ قورقماستىن ئاۋۇ ئايغىرغا مىنىۋالغىنىنى ، يەنە تېخى بەشىمىزدەك كېلىدى-

غان بىر سىنىڭ ئادەمنى تىزلاپ باسىدىغان بۇغرا ئۇستىدە غەم تارتماي ئولتۇرغىنىنى ! — دېيىشتى ئۇلار .

بارا - بارا ئۇلارغا تاغلار قورقۇنچلۇق كۆرۈنۈشكە باشلىدى . ھەربىر گىياھ ، ھەربىر تاش يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقاندەك ئالاقزادە بولۇشۇپ كۆزلىرى چەكچەيدى ، چېكىلىرىدىن تەرلەر سىرغىشقا باشلىدى . جىلغا ئىچىدىن تاغ گۈمۈرۈلۈپ چۈشكەندەك دەھشەتلىك سادا ئاڭلىنىشى بىلەن ئاتامانى ھەممىنىڭ ئالدىدا قاچتى ، ئارقىسىدىن قول - چوماقلىرىمۇ تىكىۋەتتى . ئەمما ، ئۇلاردىن ئانچە يىراق بولمىغان قاپتالدا يولنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان تاشگۈللەر خاتىرجەم ھالدا داۋاندىن چۈشمەكتە ئىدى .

ئۇلار يۇرتقا ئامان - ئېسەن قايتىپ كەلدى . بۇ قېتىمقى خالسانە ئەملەش سەپىرى خېلى ئۇزاق داۋام قىلمىغاچقا ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا يۇرتداشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك چىقىشتى ، يىراق ئەللەرنىڭ ئاغرىق - سىلاق ئەھۋالىنى سوراشتى . ئۇلار قايتىشىدا ئوۋ ئوۋلاش بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ ، كەمچەت ، سۆسەر ، قۇندۇز ، ئېيىق ، بۇغا قاتارلىق ئەتىۋار- لىق ھايۋانلارنىڭ تېرىلىرىنى ، قۇلۇلە قېپى ، ئۈنچە - مەرۋايىت دېگەندەك قىممەت باھالىق زىبۇزىننەتلەرنى ئېلىپ كەلگەن ئىدى . ئۇنىڭدىن باشقا ، دورا - دەرمانلارغا يۇرتتا تېپىلمايدىغان بەزى ئېسىل نەرسىلەرنى تېپىشىپ ، سەپەرنىڭ يالدامىسى قىلغان ئىدى . بۇ بۇيۇملارنى ئۆتكەندە يوللۇق تۇتۇپ ئۇزاتقۇچىلارغا ئۇلەشتۈرۈپ بەردى .

تاشگۈللەر سەپەرنىڭ ھاردۇقىنى چىقارغاندىن كېيىن ، بۇقامنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ، يۇرتتىن ئۇنىڭغا پەر كەلگۈدەك قىزدىن بىرنى تاپتى - دە ، ئىككىسىنىڭ بېشىنى قوشۇپ قويدى .

# مەسلىھەتچى

بايۋەچچە بىر ئاغرىقنى ئەملەپ ئۈزىتىپ چىققان ئىدى، باسقاق چوڭ مەپىسىنى جاراڭلاتقىنىچە كېلىپ ئىشىك ئالدىدا توختىدى. ئۇ نا. ھايىتى كۆرەڭ ھالدا مەپىدىن چۈشۈپ، بايۋەچچىگە قول ئۇزاتتى. ئۇنىڭ مەغرۇرلۇقى ۋىجىك ئۇستىخىنىنى چوڭايتىپ، مەھەللىگە سىغمايۋاتقاندەك كۆرسىتەتتى.

— ئامەت، ئامەت!

— چوڭامنىڭ غېرىبخانەمگە قەدەم تەشرىپ قىلىشى، ئەلۋەتتە ئا. مەت - تە!

— سىز بۇنى بەك تۆۋەن مۆلچەرلەپ قويدىڭىز.

ئۇلار قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— چوڭام، تولا تەقەززا قىلماي تېزراق دېسىلچۇ!

— دەيمەن، دەيمەن، ئاۋۋال سەل دېمىمنى ئېلىۋالاي.

ئاڭغىچە ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. بايۋەچچە داستىخان سالغۇچە، ئايجامال چاي بىلەن مەزە ئېلىپ چىقتى. باسقاق چوڭ بىر بۇردا ناننى چايغا تۆگۈرۈپ ئاغزىغا سالدى. بايۋەچچە ئۇنى « قانداق خۇش خەۋەر ئېيتاركىن » دەپ تەقەززا بولماقتا ئىدى.

— بۇ دېگەن ھەممىمىزنىڭ قۇت - ئامىتى! — دېدى باسقاق چوڭ گەپ باشلاپ.

— دېگەنلىرى كەلسۇن، چوڭام.

— شۇ تۇرقىدا نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى بىلىۋالدىڭىزغۇ دەيمەن.

— ياق - ياق، چوڭام، سىلىنىڭ كۆڭۈللىرىدىكىنى مەن نەدىن

بىلەي ؟

— سىز دېگەن تۈيغۇن ئادەم ، قېنى پەرىزىڭىزنى دەڭا .

— جانىجان مەنپەئەتلىرىگە تاقالمىسا ياكى قاغانىنىڭ مەكتۇپى بولمىسا ؟

— مانا ، مانا ، تېپىۋالدىڭىز ئەمەسمۇ !

— نەدىكىنى .

— بولدى ، بىرئاز چاقچاقلىشىۋالدۇق .

— شۇنداق ، قانغۇدەك كۈلۈشۈپمۇ ئالدۇق .

— مۇددىئاغا كەلسەك ، قاغان قەۋزىيەت ۋە سوڭ چىققى ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ قالغان ئىكەن ...

— قايسى قاغان ؟

— نەشپۈتتا چارباغ سالدۇرغانچۇ !

— ئۇ ئاغرىقتىن خالاس تاپقاي .

— دېگىنىڭىز كەلسۇن .

— چوڭام ، بۇنىڭدىن قانداق خەۋەر تاپلا ؟

— شۇ تاپتا قاغانىنىڭ ئىككى چاقىرىقچىسى ئاتلىرىنى سوۋۇتۇپ قويۇپ ، مېھمانخانىدا ئۇخلاۋاتىدۇ .

— ئۇلار قاچان كەپتۇ .

— يېرىم كېچە بىلەن چۈشتى .

— قاغان ھەقاچان يۇرت ـ يۇرتقا يارلىق چۈشۈرگەندۇ ؟

— شۇنداق ، سىزنىڭ داڭقىڭىز قاغانىنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بوپتۇ . شۇڭا ، سىزنى ئەمچىلەرنىڭ ئەمچىسى ساناپ ئوردىغا چاقىرتىپتۇ .

— ھەي ، ئوردا بۇ يەردىن نەچچە ئون كۈنلۈك يول تۇرسا .

— ماقۇل ، مەن قايتاي ، سىز يول تەييارلىقىنى قىلىڭ . ماڭىدىغاندا سىزگە ئادەم قوشمەن .

باسقاق چوڭ قايتتى . بايۋەچچە ئېنىق ئىپادە بىلدۈرمەيلا ئۈزىتىپ قويدى .

— باسقاق چوڭ يەنە ئازراق ئولتۇرغان بولسا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىراتتىم ! — دېدى ئايجامال ئاچچىقىنى باسالماي ، — بەز مارىغان مۇشۇكتەك ھەريان قاراپ گەپ قىلغىنىدىن شۇنداق بىزار بولدۇم !

— بولدى ، ئۇنىڭغا قاچانغىچە ئۆچمەنلىك قىلىسىز ؟

— ئۇ نومۇس قىلماي تاشگۈل ئاچامغا ئىغىز ئاچتىيا !

— ئىرى يوقىقا ئەر ، خوتۇنى يوققا خوتۇن ئىزدەش ئەلمىساقتىن كېلىۋاتقان قائىدىغۇ !

— باسقاق چوڭ سىزگە قاغانىنىڭ تاجىنى كىيدۈرۈپ قويارمىكىن تايىنلىق ، ئەجەب ئۇنىڭغا غوجىتام بولۇپ كەتتىڭىز ؟

— مەن دېگەن ئەمچى ، ماڭا ھەركىم ئوخشاش . بىراق ، بېشىمغا بالا تېپىۋېلىشتىن قورقىمەن .

ئايجامال بايۋەچچىنىڭ گەپلىرىگە قايىل بولماي غۇدۇرىغىنىچە دورىلارنى ھاۋانچىدا سوقۇشقا باشلىدى . ئۇلار بىردەمدىن كېيىن ، ئۆز ئىشلىرىغا تۇتۇنۇپ جىمىپ قېلىشتى .

كۆزىگە ئۇيقۇ كەلمەيۋاتقان باسقاق چوڭ كارىۋاتتىن چۈشۈپ چىراغنى ياندۇردى . ئۇ ئىچ كىيىم بىلەنلا بولۇپ ، ئوڭ پۇتىنىڭ پىيى تارتىۋالغاچقا سول پۇتىدىن خېلىلا قىسقا كۆرۈنەتتى . قەدەم ئالغاندا ئوڭ تەرەپكە « لىككوك - لىككوك » قىلىپ ، سولتىيىپ كېتەتتى . يىراقتىن قارىغان كىشىگە پاتقاقتىن چىقالماي كۆچىنىپ پۇتىنى تارتىۋاتقاندەك تۇيغۇ بېرەتتى . ئۇ ئۆي ئىچىدە شۇ تەرىقىدە بىرنى نەق ، بىرنى نىپسى دەسسەپ ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭاتتى ، تېخى ئادىتى بويىچە قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ « ئە - ئۇم ... » دەپ گېلىنى قىقىپ قوياتتى . ئۇ مېڭىشتىن توختىمايتتى ، خۇدنى بىلمەيتتى ، ئۆزىنى گۈزەل بىر كېپىلەچەك چاقىرىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى . ئۇ كۆڭلىدە شاھانە باغچىغا كەلدى ، بۇلبۇللارنىڭ خەندان ئۇرۇپ سايراشلىرىدىن قانغۇدەك ھۇزۇرلاندى ، ئاندىن مېڭىشنى يەنە داۋاملاشتۇردى . ئاستىدا بىر ئالتۇن مەپە تۇراتتى . مەپىنى ياقۇت يۈگەن ، ئالتۇن كولدۇرما ، كۈمۈش توقۇملار بىلەن

جابدۇلغان دۇلدۇل سۆرەپ كېتىۋاتاتتى، چۆرە قىزلار غاز پېيى يەلپۈ-گۈچلەرنى تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. ئۇ كۆزلىگەن مەنزىلگە يەتكەندە مەيدىن چۈشتى. ئۇنىڭ ئېگىز ـ پەس دەسسەپ مېڭىشى شۇنچە كاتتا ھەم شۇنچە گۈزەل شەھەرنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك ئىدى. «ۋاي، ماۋۇ قەيەر، ھوشۇڭنى تېپىپ ماڭ!» دېدى ئۇنىڭغا يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىرسى. ئۇ ناتونۇش شەھەردە بۇ خىل قوپال گەپتىن ھودۇقۇپ، قەددىنى رۇسلاپ سىلىق مېڭىشقا تىرىشتى، ئەمما پۇتلىرى ئۆزىگە بويسۇنمىدى. ئاخىر ئۇ، تۇرقۇم شۇنداق تۇرسا قانداق قىلاتتىمكى دەپ، بولۇشىغا ئالچاڭلاپ مېڭىۋەردى... ئۇ شۇنداق كېتىۋېتىپ بىردىنلا تامغا ئۇسۇۋالدى ـ دە، پېشانىسى يېرىلىپ قان ئاقتى، كۆزلىرىدىن ئوت چاقنىدى. شۇندىلا كاللىسىنى سىلكىپ ئۆزىنى ئۆيدە كۆردى. ئاپئاق گەجلەنگەن تامنىڭ بوي يېتىم يېرىدە شاپتۇل شۆپۈكى چوڭلۇقىدا قان دېغى ئۇيۇپ قالغان ئىدى. ئۇ باياتىن زاھىر بولغان ئىشلارنىڭ ئوڭى ياكى چۈشى ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمىغان ھالدا پېشانىسىدىكى قاننى توختىتىپ ۋە ئازراق ھوشىنى تېپىپ، ئۆزىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق ماڭغانلىقىنى بىلدى. لېكىن، ئۇنىڭ ھەرىكىتى «مېڭىپتۇ ـ مېڭىپتۇ، قىردىن ئاشالماپتۇ» بول-غان ئىدى.

باسقاق چوڭ قاتتىق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. بېشى تېخىچە ئاغرىۋاتاتتى، كاللىسىنى چىگىش ئىشلار چىر-مىۋالغان ئىدى. ئۇ بىئارام بولدى. بۇ بىئارامچىلىقنى بايۋەچچە بىلەن كۆرۈشۈپ كەلگەندىن بېرى تېپىۋالغان ئىدى. كۈندۈزى ئەتراپىدا خىز-مەتكار پايپېتەك بولىدىغان باسقاق چوڭ ئەمدىلىكتە ھۇۋقۇشتەك تەنھا ھالدا ئۇھسىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ كۆزى چىراغنىڭ نۇرىغا ئۆزىنى ئۇرۇپ يۈرگەن پەرۋانىلەرگە چۈشتى. پەرۋانىلەرنىڭ بەزىسى كۆيۈپ كېتىۋاتاتتى. بەزىسى تىنماي ئايلىنىپ يۈرەتتى. ئاخىر ھەممىسى بىر ـ بىرلەپ كۆيۈپ تۈگىدى ياكى ياغقا مىلىنىپ ياتتى. ئەمما، باسقاق چوڭ بۇنىڭدىكى مەنىنى چۈشىنىشكە قادىر ئەمەس ئىدى. چىراغ ئۆزىچە، مەن

ئوتۇمنى يالقۇنجاتسام پەرۋانىلەرنىڭ كۆزى قارىغۇ بولىدۇ، شۇڭا ئۇلار ماڭا ئۆچ بولۇپ، يالقۇنۇمنى ئۆچۈرۈۋېتىش ئۈچۈن جان - جەھل بىلەن ھۇجۇم قىلىدۇ، دېگەندەك بىردە ئۇلغىيىپ، بىردە پەسىيىپ كۆيەتتى. باسقاق چوڭ زادى قايسىسىنىڭ مۇددىئاسى توغرىلىقىغا ھۆكۈم قىلالمايتتى. يېغى يېتەرلىك چىراغ جىمجىت كۆيۈۋاتاتتى. باسقاق چوڭ ئۆزىنى ھەرقانچە چوڭ، يۇرتنىڭ ئاتىسى چاغلىسىمۇ، شۇ تاپتا ئۆزىنى ئاشۇ چىراغدەكلا تەنھا ھېس قىلدى. تەنھا ئادەمنىڭ تاڭ ئاتمايۋاتقان كېچىدە ئويلىمايدىغان ئويى يوق ئىدى. ئۇ تاشكۆل بىلەن توي قىلىۋالغان بولسا بۇنداق غېرىبسىنمايتتى. ئۇ تاشكۆلگە چام سېلىپ قويغاچقا، ئەمدى ئۇنىڭدىن ئۇستۇن تۇرغۇدەك خوتۇن تاپالمايۋاتاتتى. يۇرت تەۋەسىدە بېشى ئوچۇق خوتۇن كۆپ بولسىمۇ، ھېچقايسىسى تاشكۆلگە يەتمەيتتى. شۇڭا ئۇ، تاشكۆلنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى چۈشۈرۈشنى خالىماي بىھۇدە جان قىيناۋاتاتتى. بۇنى ئويلىغاندا يارىسىغا تۇز سەپكەندەك بولاتتى.

باسقاق چوڭ ھەرقانچە قىلسىمۇ كۆڭلىنى تەسكىن تاپتۇرالمىدى. ئۆيدىكى بىساتلار چىراغ يورۇقىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى. ئۇ بىردىنلا مال - دۇنيانىڭ كۆڭۈلنى ئاۋۇندۇرالمايدىغانلىقىنى، كۆڭۈلدىكى خوتۇننىڭ ئورنىنى باسالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى. دەرۋەقە، توخۇ سۈتىدىن باشقىسى تېپىلىدىغان بۇ باياشات ئۆي ئۇنىڭ زېرىكىشلىك تۇرمۇشىغا مەزمۇن قوشالمايتتى. ئۇ بېشىنى ئېگىز پەي ياستۇققا قويۇپ يېتىۋىدى، كاللىسى ۋاڭڭىدا ئېچىلغاندەك بولدى. ھازىر ئۆزىنىڭ نېمىنى خىيال قىلىۋاتقانلىقى ئۆزىگە ئايان ئىدى. ئۇ ئۇزاقتىن بېرى قاغاننىڭ نەزىرىگە يولۇقۇشنى ئويلىدىمۇ - چۈشىدىمۇ ئارزۇلىغان ئەمەسمىدى! ئەمدى بۇنداق پۇرسەتنى ھەرگىزمۇ قولدىن بېرىپ قويۇشقا بولمايتتى. ئۇ تۇرۇپلا ئېسىنى تاپقاندەك ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ، تونىنىڭ قويۇن يانچۇقىدىن قاغاننىڭ يارلىقىنى ئالدى، ئاندىن يارلىقنى چىراغقا يېقىن تۇتۇپ، دانە - دانە خەتلەرگە كۆز يۈگۈرتتى. كۆزى بىردىنلا: «بۇ ئىشنى ئۆزىڭىزنىڭ بېجىرىشىگە ئىشىنىمەن» دېگەن قۇرغا چۈشۈشى

هامان چىرايى نۇرلىنىپ كەتتى. شۇنچە يىراق ئاستانىدىكى قاغاننىڭ كىچىككىنە بىر باسقاق چوڭغا ئىشەنچ باغلىشى ئالەمشۇمۇل چوڭ ئىش ئىدى. ئۇ قاغانغا چوڭقۇر ئىخلاسمەنلىك بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن ئۆزى بېرىشنى توغرا تاپتى.

باسقاق چوڭ ھەرقانچە قىلىپمۇ ئۇخلىيالماي ئورنىدىن دەس تۇردى ـ دە، ئاغزىدا نەغمە چېلىپ، ئۇسسۇلغا چۈشۈپ كەتتى. «بۈگۈنكىدەك قۇتلۇق پەيت يەنە كېلەتتىمۇ، ھەي توكۇر، ئۇخلىمىغانغا ئۆلەمتىڭ، ئاچ كۆزۈڭنى، بەردەم تۇر!» دەيتتى ئۇ ھاياجاندىن ئۆزىنى باسالماي، سىپسىلىق تامدا ئەكس ئەتكەن كۆلەڭگىسى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئوينىماقتا ئىدى. ئۇ قۇيۇندا قالغاندەك دەم ئوڭغا، دەم سولغا پىرقىرايتتى، كۆلەڭگىسى تەڭ ئەگىشەتتى. ئۇ ئۆز كۆلەڭگىسىدىن سەسكىنىپ تىللەۋەتتى، ئارقىدىن كۈچەپ بىرنى تەپتىيۇ، پۇتىنى تۇتقىنىچە ۋارقىراپ كەتتى.

باسقاق چوڭ تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئاران كارىۋاتقا چىققاندىن كېيىن، ھەرنېمە قىلىپ بولسىمۇ ئۇخلىماسلىققا تىرىشتى. ئەمما، ھەممە ئىش بىراۋنىڭ رايىچە بولىدىغان ئىش نەدە؟ ھەتتا بىر تەندىكى ئەزالارمۇ بەزىدە ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە خىلاپلىق قىلىدىغان تۇرسا! بايا ئۇ ئۇيقۇ بىلەن قېرىشقان بولسا، ئەمدىلىكتە ئۇيقۇ ئۇنىڭ بىلەن قېرىشىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ شېرىن ئۇيقۇ ئالدىدا ئۆزىنىڭ بەكمۇ ئاجىز ئىكەنلىكىگە تەن بەردى.

باسقاق چوڭ ۋاقچىراق ئورنىدىن تۇردى. ئاخشامقى «تاماشا»نى خىزمەتكارلىرىدىن بىرەرسىنىڭ كۆرۈپ قالمىغىنىغا ئىشەنچ ھاسىل قىلغاندىن كېيىن كۆڭلى تىندى. پەنجىرىدىن سالقىن ھاۋا كىرىپ تۇراتتى، ھويلىدىكى گۈل ـ گىياھلار ئەتىگەنكى قۇياش نۇرىدا تاۋلىناتتى. قەپەستىكى قۇشلار نەغمىسىنى باشلىۋەتكەن ئىدى. ئەمما، باسقاق چوڭ ئۈچۈن بۇلارنىڭ ھەممىسى بەربىر ئىدى. ئۇنىڭ ئەس ـ يادى قاغانغا مەزۇر كەلگۈدەك سوۋغا ـ سالام تەييارلاش ھەلەكچىلىكىدە ياناتتى. ئۇ

*ناشتا قىلىشۇبىلىشىنىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ هويلىغا چىققاندا خىزمەتكارلىرىدىن بىرى كۆڭلىكىنىڭ ياقىسىنى تۈزەشتۈرۈپ قويدى .*

باسقاق چوڭ بايۋەچچىنىڭ ئۆيىگە ئادەم ئەۋەتىپ ، يول تەييارلىق ئەھۋالىنى سۈيلىدى . ئۆزى ئۇستىكارلارنىڭ بېشىدا قاراپ تۇرۇپ ، ئىچىگە مىس قازان ئورنىتىلغان ، تېشى تۆگە تېرىسىدە مۇستەھكەم قاپلانغان ئىككى « مۇز سوغا » تەييارلاتقۇزدى .

ئەتىسى تاڭ يورۇشى بىلەن تەڭ ، ئاستانىگە ماڭىدىغانلار بېكى- تىلگەن يەرگە تەق بولۇشتى . بىرقانچە خىزمەتكار باسقاق چوڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن ئەنجۈرلۈك باغقا بېرىپ ، ۋايىغا يېتىپ پىشقان ، چوڭ - چوڭ ئەنجۈر مېۋىسىدىن ئاللاپ سېۋەتلەرگە ئۈزۈپ ئەكەلدى . ئاڭغىچە مۇزخانىدىن مۇزنى ھەم ئالاھىدە تەييارلانغان « مۇز سوۋغا »نى تەقلەپ تۇرۇشقان ئىدى . قولى ئەپلىك ئىككىيلەن باسقاق چوڭنىڭ كۆرسەتمىسى بويىچە چۆچەكلەرگە ئەنجۈرنى بىر قەۋەت ئەنجۈرنىڭ ئۈستىگە يوپۇرماق قويۇش ئۇسۇلى بىلەن تىزىپ قاچىلىدى . يەنە ئىككىيلەن مىس قازان بى- لەن « مۇز سوغا » سىرتى ئارىلىقىدىكى ئايلانما بوشلۇققا چوقۇلغان مۇزنى چىڭداپ تىقتى ، ئاندىن بايۋەچچە بىر خىل كۆملاچ دورىنى مۇزنىڭ بىرقانچە يېرىگە پاتۇرۇپ قويدى . ئاخىرىدا چۆچەكلەر مىس قازانغا ئو- رۇنلاشتۇرۇلۇپ مۇز سوغىنىڭ ئېغىزى ھەم ئېتىلدى . ئەمدى كېچىكمەي يولغا چىقىش كېرەك ئىدى .

شۇنداق قىلىپ ، ئاستانىگە ماڭىدىغان كارۋان يولغا چىقتى . ھەم- مىنىڭ ئالدىدا قىلچىلىق نەيزە تۇتقان ئاتلىق ئىككى يول باشلىغۇچى ماڭدى ، ئۇنىڭ ئارقىسىغا خاقان يارلىقى بىلەن كېتىۋاتقانلىقىنى بىلدۈر- دىغان ھەشەمەتلىك مەپە ، ئاندىن ئۈچ ئاتلىق هارۋا ۋە هارۋىنىڭ كەينىگە خىللانغان قىرىق ئاتلىق ئەگەشكۈچى لەشكەر تۆتتىن ئون قاتار قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇلدى . ناغرا - دۇمباقلار چېلىنىپ ، زور دەبدەبە هاسىل قى- لىندى . كارۋان سېپىنىڭ روهى كۆتۈرەڭگۈ بولۇپ ، چىرايىدا جەسۇرلۇق ئەكس ئېتەتتى . خىزمەتكارلار ئەنجۈر قاچىلانغان مۇز سوغىلارنى

كۆتۈرۈپ سىلىق مېڭىشاتتى . قالغانلارمۇ بىر خىل تېزلىك بىلەن ئىلگىرىلەيتتى . خاقانغا ئاتاپ تەييارلانغان ئىككى مۇز سوغا سوۋغات ئايرىم - ئايرىم ئىككى ھارۋىغا بېسىلىپ ، كۆستى ئوت - خەس بىلەن چۈمكەلدى . تاشگۈل ، ئايجامال ، باتۇرلار بىلەن ئايرىلىشقا قىيمىغان ھالدا خوشلاشقان بايۋەچچە باسقاق چوڭ بىلەن بىر مەپىگە چىققان ئىدى .

كارۋان يۈرتتىن ئاستا - ئاستا چىقىپ كېتىۋاتاتتى ، بوينىدىن باغلانغاندەك مەپىگە چىققان بايۋەچچە مەپە تۆشۈكىدىن ھەدەپ كەينىگە قارايتتى . ئايجامال مەپىنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇ كارۋاننىڭ قارىسى يىتكەندە توختىدى . تاشگۈل ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ قايتۇرۇپ كەتتى . ئەمدى نەغمە - ناۋالار بېسىقىپ ، ئۇزاتقۇچىلارمۇ تارقاپ كېتىشتى . بايۋەچچىنىڭ ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئايرىلىپ ، خاقاننىڭ ھوزۇرىغا كېتىۋاتقىنى ئايجامالغا ئېغىر كەلگەن ئىدى . چۈنكى ، ئايجامال ئۆز « بايۋەچچە »سىنى خاقاندىن ئۈستۈن كۆرەتتى . ئۇ ئايرىلىش ئازابىنى ئويلىغاندا چىدىماي قېلىۋاتاتتى .

ئۇلار زاپاس ئېلىۋالغان مۇزلارنى مۇز سوغىغا بىرقانچە قېتىم ئالماشتۇرۇپ ، يولنىڭ تەڭدىن تولىسىنى بېسىۋالدى . كارۋان شەھەرگە يېقىن ئايماققا يېتىپ كەلگەندە ، بىر قىسىم لەشكەرلەر ئاۋامنىڭ مۇزخانىلىرىدىن يېتەرلىك مۇز تېپىپ كېلىشتى . كارۋان ئايماقتا بىر كېچە بەھۇزۇر ئارام ئېلىۋېلىپ ئەتىسى سەھەردە يولغا چىقتى .

« يول ئازابى — گۆر ئازابى » دېگەندەك ، ئۇزاق يول جاپاسى بايۋەچچىنى خېلى چارچاتتى . ئۇ مەپىگە چىققان دەسلەپكى كۈنلەردە ساياھەتكە كېتىۋاتقاندەك تۇيغۇدا بولغان ئىدى ، يول تۈگىمىگەنسېرى ، يۇمشاق مەپىمۇ تاش ئۈستىدە ئولتۇرغاندەك بىلىنىشكە باشلىدى . ئۇ كۈن بويى ئولتۇرۇۋېرىپ چىدىماي ، بەزىدە مەپىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭدى . باسقاق چوڭ بولسا نېمە سەۋەبتىندۇر ھېچنېمىنى سەزمەي بەھۇزۇر ئولتۇراتتى .

ئۇلار ئاخىر ئاستانىگە ئامان - ئېسەن يېتىپ كەلدى . ئېگىز قەل-

ئەلەر قاغاننىڭ سەلتەنىتىنى نامايان قىلغاندەك گىدىيىپ قارايتتى. ئۇلارنىڭ يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرى ئوردىغا يەتكۈزۈلدى. ئاغرىق ئازابىدا جان قويارغا جاي تاپالماي ياتقان قاغان ئاغرىقتىن خالاس تاپتۇرغۇچىلارنىڭ دەرھال كىرىشىنى ئەمر قىلدى. ئۇلارنى قارشى ئېلىشقا ئوردا ئەمەلدارلىرىنى ئالدىغا چىقارتتى. بايۋەچچە باسقاق چوڭ بىلەن بىللە ئىدى. ئۇ توپىسىنىمۇ قېقىشقا ئۈلگۈرمەي، ھېرىپ - ئاچقىنىچە دورا ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ قاغاننىڭ مەخسۇس خانىسىگە كىرىپ كەلدى. قاغان ئاغرىققا چىدىماي ياتاتتى. چۆرە - كېنىزەكلەر ئەتراپىدا پايىپېتەك بولۇشۇۋاتاتتى. ئۇلار بايۋەچچە بىلەن باسقاق چوڭنى كۆرۈپ يەلكىسىدىن تاغ ئېلىۋېتىلگەندەك يېنىكلەپ ئۆزلىرىنى چەتكە ئېلىشتى. باسقاق چوڭنىڭ ئۇچىسىدا مەنسەپ تونى بار ئىدى. قاغان ئۇنىڭ قوللارچە تەزىمىگە ئېتىبار بېرىپ كەتمەي، ئاغرىقىغا شىپالىق يەتكۈزگۈچى بايۋەچچىگە ئۈمىد بىلەن تەلمۈردى. شۇ تۇرقىدا بايۋەچچە قاغاننىڭ كۆزىگە خىزىردەك كۆرۈنۈۋاتاتتى. بايۋەچچە تېرە ساندۇقنىڭ ئاغزىنى ئېچىشى ھامان قاغان خۇددى ئانىسىغا تەلپۈنگەن كىچىك بالىدەك ھالىلىنىپ يىغلاپ كەتتى. قېرىپ قالغان قاغانغا بىر چاپلىشىۋالغانچە ئاراملىق بەرمەيۋاتقان رەھىمسىز ئاغرىق ئۇنىڭ دىلىنى بەكلا ئۇزۇۋەتكەن ئىدى.

بايۋەچچە باشقىلارنى چىقىرىۋېتىپ قاغاننىڭ ئاغرىقىنى تەكشۈرۈشنى رەسمىي باشلاپ، ئالدى بىلەن قورساق قىسمىنى مۇجۇپ ۋە چېكىپ باقتى، ئاندىن سوڭنى تەكشۈردى. قاغاننىڭ سوڭدىن قان تەپچىرەپ تۇراتتى. ئاغرىق ئورۇن ئىششىپ قىزىرىۋالغان ئىدى. بايۋەچچە تەكشۈرۈشنى ئاخىرلاشتۇرۇپ ئاغرىقنىڭ خاراكتېرىنى بېكىتكەندىن كېيىن، قىزىق سۇ تەييارلاتقۇزۇپ، ئەنجۇر يوپۇرمىقىنى چىلىدى. سۇ ئىلمان ھالەتكە كەلگەندە قاغاننىڭ مەقئىتىنى قايتا - قايتا يۇيۇپ، كەكۈش ① سۈركىدى ۋە سۈرگە دورىسى بەردى. شۇنىڭ بىلەن

① كەكۈش ـــ ئىششىقنى ياندۇرىدىغان دورا.

قاغان ئاستا ـ ئاستا ئىگراشتىن توختاپ ئۇيقۇغا كەتتى. قاغان خېلى كۈنلەردىن بۇيان كۆز يۇممىغان ئىدى. ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ «ئازابلانغان»لارمۇ بىردىنلا ئارام تېپىپ قېلىشتى.

قاغان بىتاب بولۇپ قالغاندىن بېرى ئوردا ئىشلىرىنى ئوڭ قول ۋەزىر بېجىرىپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بايۋەچچە بىلەن باسقاق چوڭنى تاش هامامدا يۇيۇندۇرۇپ، يىپەك رەختتىن تىكىلگەن كىيىملەرنى كىيدۈردى. بىللە كەلگەن لەشكەر ۋە خىزمەتكارلارمۇ ئۆز لايىقىدا كۈتۈۋشكە ئېرىشتى.

قاغان ئۈچ كېچە ـ كۈندۈز ئويغانماي ئۇخلىدى. بۇ مەزگىلدە ئەملەشنى توختىتىشقا بولمايتتى. شۇڭا، بايۋەچچە ئەمچىلىك قائىدىسى بويىچە قەرەللىك ئەملەۋەردى. تۆتىنچى كۈنىگە كەلگەندە قاغان ئورنىدىن تۇردى ۋە بايۋەچچىنىڭ ئەمچىلىك ماھارىتىگە ئاپىرىن ـ تەھسىنلەر ئېيتىپ ئالاھىدە ئىنئاملار بەردى. باسقاق چوڭ ئۆزىنىڭ ئېتىبارغا ئېلىنمىغىنىدىن ئىچىدە نارازى بولسىمۇ، تېشىغا چىقارماي پۇرسەتنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈۋاتاتتى.

قاغان ئاغرىقتىن خالاس تاپقاندىن كېيىنكى بىر ئاخشىمى ئۆز «شاپائەتچى»سى بولغان بايۋەچچە ۋە باسقاق چوڭ بىلەن ھەمداستىخان بولۇشنى ئىختىيار قىلدى. باسقاق چوڭ كۈتكەن پۇرسەتنىڭ ئەمدى يېتىپ كەلگەنلىكىنى پەملىدى ـ دە، ئەنجۈر مېۋىسىنى كەلتۈرۈشكە ئادەم بۇيرۇدى. تاماقنىڭ ئالدى تارتىلىشقا باشلىشى هامان داستىخانغا قاشتېشى تەخسىدە مۇزدەك ئەنجۈر قويۇلدى. قاغان شۇ كەمگىچە كۆرۈپ باقمىغان ساپسېرىق نېمەتنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

— بۇ قانداق غىزا، مەن ھېلىغىچە كۆرۈپ باقماپتىكەنمەنغۇ؟ بىزنىڭ ئاشپەزلەرگىمۇ ئۆگىتىپ قويۇڭلار! — دېدى قاغان بايۋەچچىگە قاراپ.

— كەرەملىك، ئوبدان قارىسىلا، بۇ تائام ئەمەس، ئەنجۈر مېۋىسى. ئاغرىقتا مالاللىق يەتكەن كۆڭۈللىرىنى ئېلىش ئۈچۈن ئالايتەن ئەكەلدىم، — باسقاق چوڭ ئالدىراپ جاۋاب بەردى.

قاغان ئەنجۇرنى ئاۋايلاپ ئېلىپ ئاغزىغا سالغان ئىدى، مۇز سوغىدىن ئەمدىلا ئەكىرىلگەن مېۋە شۇررىدە ئېرىپ، ئاجايىپ تاتلىقلىقى ۋە يۇمشاق ـ سۇلۇقلۇقى بىلەن، خېلىدىن بۇيان غىزاغا كۆڭلى تارتمىغان قاغاننىڭ ئىشتىھاسىنى قوزغىۋەتتى.

قاغان ئەنجۇردىن گەپ ـ سۆزسىز ئون نەچچىنى يېۋەتكەندىن كېيىن ئىختىيارسىز ماختاپ كەتتى:

— ۋاھ، نېمىدېگەن ئېسىل مېۋە بۇ ـ ھە؟!

— كەرەملىك، ئۆزلىرىگە قىلدەك مەنپەئىتى بولسىلا، جېنىم كەتسىمۇ بۇ يولدا تارتقان رەنجۇمۇشەققىتىمگە رازىمەن ... — باسقاق چوڭ ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي ماختىنىپلا كەتتى.

قاغان ئېشىپ قالغان ئەنجۇرلەرنى ئوردىدىكى يېقىنلىرىغا تارقىتىپ بەرگەن ئىدى، مېۋىگە ئېغىز تەگكەنلەر بىردەك ماختاشتى.

باسقاق چوڭ ئەنجۇرلەرنى مۇز سوغىدا ساقلاپ، قاغانغا 10 كۈنگىچە ئۈدۈللۈق يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. بۇنىڭ بىلەن قاغاننىڭ ئىشتىھاسى ئېچىلىپ، تاماقنى ئوبدان يەيدىغان بولدى. سالامەتلىكى ئەسلىگە كېلىپ، كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولۇشقا باشلىدى. ئەمدى باسقاق چوڭ ئەمچىلىكتە بايۋەچچىدىن ئېشىپ چۈشۈپ، ئۇنىڭ قاغاننىڭ نەزەرىدىكى ئورنىنى ئىگىلىۋالغان ئىدى. كەڭ قورساق، كەم سۆز بايۋەچچە بۇنى ھېچبىر كۆڭلىگە ئېلىپ كەتمىدى، ئۇ ۋىجدانىغا مۇخالىپ ئىشنى خالىمايتتى.

شۇ كۈنلەردە قوشنا دۆلەت قاغانى لەشكەر تارتىپ، قاغانغا قاراشلىق بىرقانچە ئايماقنى بېسىۋالدى. ئەمدىلا كۆڭلى تەسكىن تاپقان قاغاننىڭ ئارامى بۇزۇلدى. قاغان نۇرغۇن لەشكەر چىقىرىپ قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتكەن بولسىمۇ، قولدىن كەتكەن زېمىننى قايتۇرۇۋېلىش تۈگۈل چوڭ تالاپەت يەپ، لەشكەرلىرىدىنمۇ ئايرىلدى. بېشىغا غەم تېغى يىقىلغان قاغان يەنە ئاش ـ تائامدىن قالدى. قاغان نېمە قىلارىنى بىلمەي باش قېتىنچىلىقىدا تۇرغاندا باسقاق چوڭ پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلىپ،

ئۆزى بىللە ئېلىپ كەلگەن لەشكەرلەرنى جەڭگە سېلىش تەكلىپىنى بەردى. قاغانغا بۇ مەسلىھەت ياغدەك ياقتى. شۇنداق قىلىپ، باسقاق چوڭنىڭ بۇيرۇقى بىلەن 40 لەشكەر جەڭگە چۈشتى. «جەڭنىڭ بىرى جەڭ، توقۇزى رەڭ» دېگەندەك، ئۇزاقتىن بۇيان يۇرت سوراپ بىشى پىشىپ كەتكەن باسقاق چوڭنىڭ ھىيلە ـ مىكىرلىرى يېتىپ ئاشقۇدەك ئىدى. ئۇ ئالتە قورۇ ئۆچكىنىڭ مۈڭگۈزىگە مەشئەل چىگدۇرۇپ، كېچىدە جەڭ مەيدانىغا ئۈچ تەرەپتىن ھەيدەشنى، 40 ئاتنى ئىككى لەشكەرنىڭ ئالدىغا سېلىپ بىرىپ، ياۋ لەشكەرلىرىگە يېقىن جايدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا قوغلىتىشنى ئورۇنلاشتۇردى. قالغان 30 دىن ئارتۇق لەشكەرنى ياۋنىڭ ئارقا تەرىپىگە ئۆتكۈزۈپ ئوقيا بىلەن ئوت قويدۇردى. بۇنىڭدىن قاتتىق پاتىپاراقچىلىققا چۈشكەن ياۋ لەشكەرلىرى جەڭ ۋەزىيىتىنىڭ ئۆزلىرىگە پايدىسىز بولۇۋاتقىنىنى پەملەپ دەرھال قېچىشتى.

باسقاق چوڭنىڭ لەشكەرلىرى جەڭدە نۇسرەت قۇچۇپ قايتتى. ئۇلار كۆڭلىدە، قاغان بىزگە كاتتا ئىنئاملارنى تەييارلاپ تۇردى دېگەن تەمەدە كېلىشكەن ئىدى، ئەمما قاغان ئۇلارنىڭ جەڭ ماھارىتىدىن قاتتىق چۆچۈپ، «بۆرىنى قوتاندا باققان» لىقىدىن ئۆكۈندى، ئۇلارنى قارشى ئالغىلى ئالدىغا ئادەم چىقىرىپمۇ قويمىدى. قاغان بىرقانچە قېتىم لەشكەر تارتىپمۇ قايتۇرۇۋالالمىغان زېمىننى ئانچىكى جەڭ بىلەنلا ياۋ قولىدىن تارتىۋالغان لەشكەرلەر ئىچىدە غۇلغۇلا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. تاللانغان بۇ لەشكەرلەرنىڭ ھەممىسى قىزىققان ئىدى. ئۇلار ئۆزلىرىنى باسالماي قورساق كۆپۈكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشتى. ئاچچىققا پايلىماي ئېغىزدىن چىقىپ كەتكەن بۇ گەپلەر قاغاننىڭ قۇلىقىغا يېتىپ، لەشكەرلەرنى ئۆز قوشۇنىنىڭ ئىچىگە بىردىن ـ ئىككىدىن قوشۇۋەتتى. بۇنىڭغا نارازى بولغان لەشكەرلەر باشلىقى باسقاق چوڭ بىلەن كۆرۈشۈپ:

— چوڭام، قاغانغا ئېيتىپ بىزنىڭ كېتىشىمىزگە ئىجازەت ئېلىپ بەرسىلە، — دېدى.

— قاغان سىلەرگە بىر ئوبدان مۇئامىلە قىلىۋاتىدىغۇ؟ — باسقاق

چوڭ چالۋاقىدى ، ــ ئۇنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ قېلىشتىن قورقامسىلەر ؟
ــ بىز نېمە بەرسە يەپ سەمرىيدىغان ، بىرنى سويۇۋاتسا ، يەنە بىرى بوي يېتىم يەردىكى شاخ ـ شۇمبىنى سۇغۇرۇپ يېگەچ تۇرىدىغان قوي ئەمەس ، سىزنىڭمۇ قوي مىجەزلىك بولۇشىڭىزنى تېخىمۇ خالىمايمىز!
ئەمەل ـ مەرتىۋە كويىدا ھەممىدىن كېچىشكە تەييار باسقاق چوڭ ئۆزىنىڭ لەشكەر باشلىقىنى قاغانغا چېقىشتۇرۇپ قويدى . قاغان ئۇنى باسقاق چوڭنىڭ ئۆزى بىر تەرەپ قىلىشقا پەرمان بەردى . باسقاق چوڭ ئىشنى تۈگەتكەندىن كېيىن ھېچنېمىنى ئۇقمىغان بولۇۋالدى ...
باسقاق چوڭنىڭ ساداقەتمەنلىك كۆرسىتىشى قاغانغا يېڭىدىن ـ يېڭى ئەقىللەرنى ئۆگەتتى . قاغان ئۆز گۆشىنى ئۆزىنىڭ يېغىدا قورۇش يولىنى تۇتۇپ ، باسقاق چوڭنى ئوردا مەسلىھەتچىلىكىگە تەيىنلەپ مەرتىۋىسىنى بىراقلا نەچچە بالداق كۆتۈردى . باسقاق چوڭ بېشىغا قونغان ئامەت قۇشىدىن كۆرەڭلەپ تېرىسىگە سىغماي قالدى .
بايۋەچچە نەزەر سىرتىدا قېلىۋاتقىنى بىلەن ھەممىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى ، باسقاق چوڭغا تەكرار سەممىي نەسىھەتلەر قىلدى :
ــ ئوردىدا مەرتىۋىلىرى ئۆسكىنى بىلەن قاناتلىرى بوغقۇچلىنىپ قالىدۇ .
ماڭا ھەسەت قىلىۋاتىدۇ ، دەپ ئويلىغان باسقاق چوڭ ئىنكاس قايتۇرمىدى .
ــ ئۇنداقتا ، مېنىڭ قايتىپ كېتىشىمگە قاغاندىن ئىجازەت ئېلىپ بەرسىلە ، ــ دېدى بايۋەچچە كەسكىن تۈردە .
باسقاق چوڭ بايۋەچچىنىڭ مۇددىئاسىنى قاغانغا يەتكۈزگەن ئىدى ، قاغان ئۆز جېنىنى قۇتقۇزۇۋالغان بۇ ئۇستا ئەمچىنى ئوردىدا ئېلىپ قېلىش نىيىتىدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى .
ــ بۇنداق ئادەملەرگە سەل قارىساق ، بۆرىنى قوتانغا سولىغان بولىمىز ، ــ دېدى باسقاق چوڭ قاغانغا ئەندىش سېلىپ ، ــ شۇڭا ، ئىشى تۈگىگەندىكىن ۋاقتىدا بارار يېرىگە ئۇزاتقىنىمىز تۈزۈك . بولمىسا ...

باسقاق چوڭ : « بولمىسا ، جانابلىرىنىڭ ئاغرىقلىرىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاشكارىلىۋېتىدۇ » دېمەكچى ئىدى ، گېپىنىڭ ئاخىرىنى يۇتۇۋەتتى .

قاغان ئىپادە بىلدۈرمىدى .

كەچتە قاغان بايۋەچچىنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ، ئۆزىگە پايدىسىز ئىشلارغا ئارىلاشماسلىقنى تاپىلىدى . بايۋەچچە قاغانغا تەشەككۈر بىلدۈرۈپ ، ئۆزىنىڭ شەخسىي بەختى ئۈچۈنلا ياشىمايدىغانلىقىنى ، يۇرتداشلار ئارىسىغا قايتىپ كېتىش ئارزۇسى بارلىقىنى ئېيتتى .

— سىز مېنىڭ جېنىمنى قۇتقۇزغان ئەڭ ئىشەنچلىك ئەمچىم ، — دېدى قاغان ، — بىراق ، سىز يەنىلا باسقاق چوڭنىڭ ئادىمى . باشقۇرۇش دائىرىسى بويىچە ئۇ ئۆزى بىرنېمە دېسۇن .

— كەرەملىك ، مەن سىلىنى دەپ كەلگەن . يەنە ئۆزلىرى ئىجازەت بەرگەنلىرى تۈزۈك .

— ئۇغۇ شۇنداق ، دېدىمغۇ ، بۇ باسقاق چوڭنىڭ ئىشى .

بايۋەچچە دوراساندۇقنى كۆتۈرۈپ كىرگەندە ، جان قويارغا يەر تاپالماي يىگىنە يېۋالغان ئىتتەك غىڭشىپ ياتقان قاغان ساقىيىۋېلىپلا ئۆز ۋاقتىدا كۆزىگە خىزىردەك كۆرۈنگەن بايۋەچچىنى ئۇنتۇغان ئىدى ، ئېسىدە بولغان تەقدىردىمۇ ئۆزىنى بۇيۈك سەلتەنەت ئىگىسى ساناپ ، ئۇنىڭلىك ئىش دېگەن بىر پۇقرانىڭ قاغان ئالدىدىكى تېگىشلىك مەجبۇرىيىتى دەپ قارايتتى . چۈنكى ، ئۇ ئەمدى ئەبەدىي ئۆلمەيدىغاندەك مەغرۇرلۇق تەختىنى قايتىدىن ئىگىلىگەن ئىدى . بايۋەچچە قاغانغا ئازراق چۈشەنچە بەرسىلا ئىشىنىڭ يامان تەرەپكە يۈزلىنىشىدىن ساقلانغىلى بولاتتى . بىراق ، ئارتۇقچە گەپ قىلىشقا ۋىجدانى يول قويمىدى . ئۇ قاغاننىڭ ئالدىدىن قايتىپ چىقىپ باسقاق چوڭ بىلەن كۆرۈشتى ۋە كېتىش تەلىپىدە چىڭ تۇردى . باسقاق چوڭ ئۇنىڭغا ، تەلىپىنى قوبۇل كۆرگەنلىكىنى ، ئەلياتقۇ مەھەلدە يولغا سېلىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، كۆڭلىنى تىندۇردى .

باۋەچچە « خوتۇن ـ باللىرىم بىلەن جەم بولىدىغان بولدۇم » دەپ خۇشاللىقنى باسالماي قالدى ۋە يول تەييارلىقنى بىردەمدىلا پۈتكۈ- زۈپ ، ماڭىدىغان ۋاقىتنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق ئىلكىدە كۈتتى . ئۇ ئالدىرىغانسېرى ۋاقىت شۇنداق ئاستا ئۆتىۋاتاتتى .

ئاخىر كۈتكەن چاغمۇ يېتىپ كەلدى . تۇيۇقسىز ئىشىك تېپىپ ئېچىلىپ ، قىلىچ ئاسقان ، نىقابلىق ئىككى ئادەم ئۆيگە ئۇسۇپلا كىردى . باۋەچچە دەسلەپتە « مېنى چاقىرغىلى چوڭ ئەۋەتكەن لەشكەرلەر بولسا كېرەك » دەپ ئويلىغان بولسىمۇ ، ئەھۋالنىڭ باشقىچىرەك ئىكەنلىكىنى سېزىپ تېڭىرقاپ قالدى . ئەمما ، ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئېيتتى :

— چاقچاق قىلمىساڭلارچۇ !

— ساڭا چاقچاق قىلىشقا كىمنىڭ چولىسى ؟

ئۇلارنىڭ تۇرقىدىنلا ئەمەس ، تەلەپپۇزىدىنمۇ جاللاتلىق ئېپادىلى- نىپ تۇراتتى . يولغا چىقىشنى تەقەززالىق بىلەن كۈتىۋاتقان باۋەچچىگە نىسبەتەن بۇ ۋەقە تولىمۇ تۇيۇقسىز يۈز بېرىۋاتاتتى . باۋەچچە تەشۋىش ئىچىدە ئويلىنىپ قالدى .

— بۇ زادى قانداق گەپ ؟

— بىز باسقاق چوڭنىڭ تاپشۇرۇقى بىلەن كىردۇق ! — دېيىشتى ئۇلار .

ئىككى جاللات باۋەچچىنى گەجگىسىدىن قامالاپ قەتل قىلىش ئۆيىگە ئېلىپ كىردى . ئىچكىرىگە جايلاشقان بۇ ئۆي بەكمۇ سۈرلۈك ھەم بەتبۇي ئىدى ، ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ ـ يېپىلىپ ، قورقۇنچلۇق ئاۋازلار ئاڭلىنىپ تۇراتتى . ئەمما ، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى باۋەچچىدە قىلچە ۋەھىمە پەيدا قىلالمىدى . چۈنكى ، ئۇ مۇكەممەل ئادەملىك سالاھى- يىتىدىن باشقا ، يېتىشكەن ئەمچى بولغاچقا نۇرغۇن قورقۇنچلۇق ئاغرىقلارنى ئەملىگەن ، كۆز ئالدىدا ھايات بىلەن خوشلاشقانلارنى كۆ- رۈپ ، يۈرىكى قېتىپ كەتكەن ئىدى .

— مېنى نېمىدەپ ئۆلتۈرىسىلەر ؟

— بۇ ئۆزۈڭگە ئايان ، بىز پەقەت چېپىشنىلا بىلىمىز !

— بىراق سېنى ئەڭ ئەتىۋارلاپ چاپىمىز ، — قوشۇپ قويدى يەنە بىر جاللات .

— بۇ نېمىدېگەن گەپ ؟

— باسقاق چوڭ شۇنداق تاپىلىغان .

— نېمە ، نېمە ؟ هو ، خەلق ئىچىگە يوشۇرۇلغان چايان ، ۋابا . مېنىڭ توققۇز ئوغلۇم بار . مېنىڭ كاللامنى ئالساڭلارمۇ ئۇلارنىڭ كاللىسىنى ئالالمايسىلەر ، توققۇز ئوغلۇم توققۇز شەھەرنى ئېلىپ سىلەرگە ئەجەل كەلتۈرىدۇ . ئاھ ، شۇ تاپتا ئۇلارنى بەك كۆرگۈم كەلدى . ۋاپادارىم ئايجامال ماڭا بەك ئامراق ئىدى ، شۇ تۇرقىدا ئۇ نېمە ئىش قىلىۋاتىدىكىن ؟

— ساڭا ئېيتساق ، قاغان مىڭ قېتىملىق ياخشىلىقنى بىر قېتىم ئۆتكۈزۈپ قويغان سەۋەنلىك بىلەن يوق قىلىۋېتىدىغان قارا كۆڭۈل ئادەم ئىدى . ئۇنى ئاغرىقتىن خالاس تاپتۇرۇپ يامان قىلدىڭ . ئاڭلىساق باسقاق چوڭنىمۇ ئۆلۈمدىن قۇتقۇزۇپ قويغان ئىكەنسەن ! — دېدى جاللات تاپا قىلىپ .

— دېگىنىڭلار توغرا .

— مانا بۇ قاغان بىلەن توكۇر چوڭنىڭ ساڭا بەرگەن مۇكاپاتى . ئەگەر قايتا تىرىلىپ قالساڭ ، باسقاق چوڭدەك ئادەملەردىن ھەزەر ئەيلەپ ياشارسەن !

جاللات شۇنداق دېگىنىچە بايۋەچچىنىڭ بوينىغا قىلىچ ئۇردى .



# ساپ ئۆزىمىزدىن

قىش كىرىپ قار يېغىپ قالغاچقا، باسقاق چوڭنىڭ لەشكەر تارتىشى توختاپ قالدى. قاغانغا ئەنجۈر مېۋىسى بالاسى تەگكەن ئىدى. ئۇ ئەنجۈرنىڭ خۇمارىدا قويغان - تۇتقىنىنى بىلمەيتتى. سوغۇق قاتتىق بولغاچقا، تېرەكلەرنىڭ غوللىرى كۆكچى قوغۇندەك يېرىلىپ كەتتى. شاپتۇل شاخلىرى قارىدىدى، ئەتىيازدا كۆكلىشىدىن ئۈمىد يوق ئىدى. تاغدىكى چارۋىلارغا يەم - خەشەك يېتىشمەيۋاتاتتى. جىلغا - قوتانلاردا قاپسىلىپ ئۆلگەن چارۋىلارنىڭ ھۇدۇدى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ كاللىسىغا ئەنجۈرلا كىرىۋالغان قاغان بۇ ئىشلارغا ئانچە باش قاتۇرۇپ كەتمىدى، ئەكسىچە تەبىئەتنىڭ ئۆزى بىلەن قېرىشىپ باسقاق چوڭنى يولدىن قويغىنىغا ئۆز قۇيرۇقىنى ئۆزى تالىدى. ئۇ ئەنجۈرنىڭ مەيلى مېۋىسى، مەيلى قېقى بولسىمۇ يېيىشكە تەقەززا ئىدى. ئۇنىڭ بىردىنلا تاش ئەينەككە كۆزى چۈشۈپ، ئەنجۈر مېۋىسى يېگەن چاغدىكىدىن خوپ ئورۇقلاپ ھەم قارىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى - دە، كۆڭلى يېرىم بولدى. ئۇ ھە دېگەندە ئەنجۈرنىڭ خەقىشىنى قىلاتتى، بۇ قىلىقلىرى خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشىشىپ قالغان ئىدى.

ئاتلار ئورۇق، يول يىراق ئىدى. ۋەزىر - ۋۇزرالارنىڭ مەسلىھەتىگە كۆنمەيۋاتقان قاغاننىڭ كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەيتتى. ئاخىر ئۇ باسقاق چوڭنى چاپقۇن بېشى قىلىپ تەيىنلىدى، بىر لەك لەشكەرنى قولىغا تۇتقۇزدى. باسقاق چوڭ قاغاننىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ھەرقانداق ئىشنى قىلىشتىن يانمايتتى. شۇڭا، جان پىدالىق بىلەن سەپەرگە ئاتلاندى. ئۇ باشلاپ ماڭغان قوشۇن يېرىم كۈن يول يۈرگەندە

ئاتلار قارغا مىنىپ قېلىپ ئىلگىرىلىيەلمىدى . ئاتلار ئورۇقلۇقىدىن توڭۇپ لاغ - لاغ تىترەيتتى . بىر دەمنىڭ ئىچىدە بىرقانچىسى يىقىلىپ خارتىلداپ ياتتى . لەشكەرلەر پىيادە ماڭماقچى بولۇۋىدى ، قارغا مەيدىسىگىچە چۆكۈپ كەتتى .

باسقاق چوڭ قانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر يولنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئالدىرايتتى ، ئۇنىڭ ئالدىدا قار - شىۋىرغان ھېچنېمە ئەمەس ئىدى . ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى خاقانغا بەرگەن قەسىمى لەرزىگە سېلىپ ئارامسىق بەرمەيتتى . ئۇ لەشكەرلەرگە تۆت پۈتى دەسسەپلا تۇرغان ئاتلارنى ھەرنېمە قىلىپ بولمىسۇن ھەيدەشكە بۇيرۇق چۈشۈرەتتى . شۇ ئارىدا يەنە بىرقانچە ئات يىقىلىپ ، قىمىشمايلا جان بەردى . خەتەرگە تە-ۋەككۇل قىلىۋاتقان لەشكەرلەر يەنە ئازراق ئىلگىرىلەيدىغانلا بولسا يا ئۈياققا ، يا بۇياققا ماڭالماي قاپسىلىپ قېلىشى كۆزگە كۆرۈنۈپلا تۇراتتى . ئۇلار گېپىنى بىر قىلىپ قايتىپ كېتىش توغرۇلۇق تەكلىپ بەردى . باسقاق چوڭ ئۇلارنىڭ پىكرىنى كەسكىن رەت قىلىۋەتتى .

— ئۇنداقتا ئۆزلىرى ئالدىدا يول ئېچىپ بەرسىلە ، چوڭام ، — دېيىشتى ئۇلار .

باسقاق چوڭ ئىلاجىسىز ماقۇل كۆرۈپ ، ئازراق مېڭىۋىدى ، ئېتى خارتىلداپ بىر قەدەممۇ ماڭماي تۇرۇۋالدى . ئۇ ، ئاتنى ئاياۋسىز قامچىلا-ۋەردى ، بىچارە ئات قارلارنى كۆكسى بىلەن تۇرتۇپ - تۇرتۇپ ناھايىتى تەستە ئىلگىرىلىدى . ئۇ ئاتنىڭ مۇنداق مېڭىشىدىن ئىچى پۇشۇپ قىلىچ-نىڭ دەستىسى بىلەن بېقىنىغا كۈچەپ ئۇرغان ئىدى ، بىر ئىرغىپلا ئىككى قەدەمچە نېرىغا دومىلاپ چۈشتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئۇمۇ ، ئاتمۇ لەشكەر-لەرنىڭ كۆزىدىن غايىب بولدى . لەشكەرلەر ئالمان - تالمان يۈگۈرۈشۈپ بېرىپ ، ئۇنى ئاتقا باسۇرۇلۇپ قالغان جايىدىن تەستە تارتىۋالدى . ئۇ توختىماي : « ۋاي بېلىم ! » دەيتتى . تىترەپ ياتقان ئاتنىڭ بۇرنىدىن ئېتىلىپ چىققان قان ئاپئاق قارنى ئوتقاشتەك بويىماقتا ئىدى . ئۇ ئۇزاقتىن بۇيان ئۆزىگە قانات بولۇپ كېلىۋاتقان ئېتىنىڭ مۇنداقلا ئۆلۈپ قېلىشىغا

نىمە دىيىشنى بىلمەي تۇرۇپ قالدى . ئەمما سەپەرنى داۋاملاشتۇرۇش نىيىتىدىن ياندىغاندەك قىلمايتتى .

باسقاق چوڭ ئاخىر لەشكەرلەرنىڭ جەڭگىۋارلىقى ۋە ساداقەتمەنلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش ئۈچۈن قارنى گەۋدىسى بىلەن تۇرتۇپ يول ئاچتى . ئات ئۇستىدە ئۇنىڭ توكۇرلۇقى چانمىغان بىلەن ئەمدى ئېغىرلىق مەركىزى ئاجىز پۇتىغا چۈشكەندە قارغا چۆكۈپ كەتكىلى تاس قالاتتى ، ئېغىرلىق ساق پۇتىغا يۆتكەلگەندە لوڭگىدە پەيدا بولاتتى ، خۇددى سۇ سوقىسىنى ئەسكە سالىدىغان بۇ خىل ھەرىكەت لەشكەرلەرگە قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلكىسىنى قىستايتتى . ئەمما ، ھېچكىممۇ كۈلۈشكە پېتىنالمايتتى . ئۇزاق ئۆتمەي ئۇمۇ ھالىدىن كېتىپ قارغا ئۆزىنى تاشلىۋەتتى . ئىككى لەشكەر يۆلەپ ئاتقا مىندۇرگەندىلا ، ئۇ قايتىشقا ماقۇللۇق بىلدۇرۇپ باش لىڭشىتتى .

باسقاق چوڭلارنىڭ يېرىم يولغىمۇ بارماي قايتقانلىقىنى ئايغاقچىلار قاغانغا مەلۇم قىلدى . قاغان ئاچچىقلىنىپ ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى . ئايغاقچىلار قار قېلىن بولغاچقا مېڭىش مۇمكىن بولمىغانلىقىنى ، باسقاق چوڭ ھەممە ئاماللارنى قىلىپمۇ ئىلگىرىلىيەلمەي ، ئاخىر «قاغاننىڭ ئالدىغا قۇرۇق قول بارغۇچە قاردا توڭلاپ ئۆلگىنىم ئەۋزەل » دەپ ، قول ۋە مەيدىسى بىلەن قارلارنى تۇرتۇپ يول ئاچقانلىقىنى ، ھالىدىن كېتىپ مۇزلاپ قالاي دېگەندە لەشكەرلەر قايتۇرۇپ كەلگەنلىكىنى تەپسىلىي ئېيتقاندا ، قاغان ئۇنىڭ پىداكارلىق روھىدىن تەسىرلىنىپ ئاچچىقىدىن ياندى .

باسقاق چوڭ شۇ ئىشتىن كېيىن ئۆپكە ئاغرىقىغا گىرىپتار بولۇپ يېتىپ قالدى . شۇ ھالدا تۇرۇپمۇ ئۆزىنى يوقلاپ كىرگەن قاغانغا «يارىماس »لىقى ھەققىدە دادلاپ كۆز يېشى قىلدى . قاغان ئۇنىڭ ھەققەتەن ساداقەتمەن ئىكەنلىكىگە ئىشىنىپ ، ساقايغاندا «گۇناھ »نى يۇيۇش پۇرسىتى بېرىدىغانلىقىنى ئېيتتى . شۇنىڭ بىلەن كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ ، مەيدىسى غىژىلداۋېتىپمۇ ئۆزىنى ھاۋادا ئۈچۈۋاتقاندەك

يېنىك سەزدى .

قىش كېتىپ ، يەنە ياز كەلدى . يۇرتتىكى باغلاردا ئەنجۈرلەر مەي
باغلاپ پىشتى . باغدا ئەنجۈر سەيلىسى قىزىۋاتاتتى ، كۈتۈلمىگەندە
تۈتۈنگە ئوخشىشىدىغان بىر خىل ئاچچىق قارا تۇمان پەيدا بولۇپ ،
ئەتراپنى قاپلىدى . مويسىپىتلەر قېقىلىپ يۆتىلىشكە باشلىدى . بەزىلەر
ئۆپكىسى ئاغزىدىن چىقىپ كەتكۈدەك چۈشكۈرەتتى . بەجايىكى ، شۇ
چاغدا ئەنجۈرلەر ئارىسىدا تۇمۇچۇق سۈپەت ساھىبجامال ئۇسسۇلچى قىزلار
ئاپتاپتەك چىراي ئېچىپ باغنى نۇرلاندۇرۇۋەتتى . سەيلىچىلەر ئەس -
ھوشىدىن ئايرىلغىلى تاس قېلىشتى . ئەمدى ئۇسسۇلچى قىزلار كەڭ يو-
پۇرماقلار ئارىسىغا خام يېگۈدەك يۇمران قوللىرىنى سوزۇپ ، بۇرنىدىن
شەربىتى تېمىپ تۇرغان ساپسېرىق ئەنجۈرلەرنى پاسىلدىتىپ ئۈزگىلى
تۇردى ، بەزىلىرى قاشتېشى لېگەنلەرنى تۇتۇپ بېرىۋاتاتتى ، ئىخلاس
بىلەن تىزىلغان ئەنجۈرلەر لېگەنلەر بىلەن رەڭداش كۆرۈنەتتى . كۆزنى
يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا قىزلار خۇددى گۈزەل ھەسەن - ھۈسەنگە
ئوخشىشىپ قالدى . ئۇلارنىڭ تاپىنىغىچە چۈشكەن تال - تال چاچلىرى
نازۇك بەدەن ھەرىكىتىگە ئەگىشىپ چاقپەلەكتەك ئايلانغاندا ھاسىل بولغان
مەيىن شامال يىگىتلەرنىڭ يۈزىنى سۆيمەكتە ئىدى . ئەنجۈرلۈك باغنىڭ
ئوتتۇرىسىدىن ئۆتكەن ئۆستەڭدىكى زىلال سۇ ئەگمە قاشلار ھىمايىسى-
دىكى بولاقلارغا ، بېلىقتەك بويۇنلاردىكى ئۈنچە - مارجانلار قولۇلە
قاپلىرىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك سۆيگۈ تاشقىنى ھاسىل قىلاتتى ، توغاچ-
تەك مەڭزىلەرگە ياراشقان زىناقلار ياش يۈرەكلەرگە ئىشق ئوتى
تۇتاشتۇراتتى . ئۇلار ئەڭ ئاخىرىدا سەيلىچىلەرگە نەپىس ئەنجۈر ئۇسسۇ-
لىنى تەقدىم قىلدى . ئۇلارنىڭ شوخ ھەرىكەت رىتىمىنى مۇزىكا تېمپىسىغا
ماسلاشتۇرۇپ مەردانىلەشتۈرۈش ئارقىلىق بەل - سۆڭگەكلىرىنى تول-
غاشلىرى ئۇسسۇلنىڭ جەزىبدارلىقىنى ئاشۇراتتى . سەيلىچىلەر ھاياجانغا
چۆممەكتە ئىدى .

تۇساتتىن باغنىڭ سىرتىدا ئاللا - چۇقان كۆتۈرۈلدى . ئۇسسۇل-

چىلار شۇئان غالجىر ئىتتىن قورقاندەك ئەنجۈرلەرنىڭ دالدىسىغا كىرىۋېلىشتى، سەيلىچىلەر ئۆرىتۆپە بولۇپ كېتىشتى. ئۇزاققا قالماي ئالدىتاغىل ۋارقىراشلار بىلەن ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەش - كىشنەشلىرى قۇلاق - مېڭىنى يېپىشكە باشلىدى.

ئاتلىق لەشكەرلەر ئەنجۈرلۈك باغنى قورشىۋالغان بولۇپ، ئازغاننىڭ يوچۇقىدىن بويۇنداپ قارىشاتتى. چۇقان - سۈرەنلەر تېخىچە بېسىقمىغان ئىدى. لەشكەرلەر باغنى مەركەز قىلغان ھالدا چەمبەرسىمان ئايلانما سەپ تۈزۈپ، 500 قەدەمچە نېرىدا سانجاق - سانجاق تۇرۇشاتتى.

سەيلىچىلەر قاتارىدا تاشكۆل، باتۇر، بۇقاملارمۇ بار ئىدى. ھېچكىم زۇۋان سۈرمىدى. قوشنا يۇرت - ئايماق، خەلقلەردىن كەلگەن ئېسىلزادە مېھمانلار نېمە ۋەقە يۈز بېرىۋاتقىنىنى ئاڭقىرالماي تېڭىرقاشتى.

قوشۇننىڭ ساۋۇت - دۇبۇلغا كىيگەن ئاتامانى ئېتىنى ئۇچقاندەك چاپتۇرۇپ باغقا بۆسۈپ كىردى. ئۇنىڭ قورۇقدىغۇچىسى بولسا كېرەك، ئاتلىق ئىككى لەشكەر تاپ بېسىپ كېلىپ، كىشىلەر توپىغا يېقىن جايدا توختىدى. خەلق تېڭىرقىغىنىچە ئۇلارغا قاراشتى. ئاتامان قويىنىدىن ئاپئاق تېرە جىلتىنى ئالدى. ئاڭغىچە ئاتلىق لەشكەرلەر ئاتتىن چۈشۈپ قول باغلاپ تۇرۇشتى.

— «قاغاننىڭ يارلىقى! — دېدى ئاتامان ئاۋازىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، — پۇتكۈل پۇقرالارنىڭ ھەرقانداق ئەمگەك مېۋىسى قاغانغا مەنسۇپ. ئەنجۈر مېۋىلەرنىڭ پادىشاھى بولۇش سۈپىتى بىلەن قاغاننىڭ ھاياتىغا باراۋەردۇر. بۇ مېۋىنىڭ پۇقرالار بېغىدا بولۇشى قاغان بىلەن ئۇزەڭگە سوقۇشتۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. دېمەك، ئەنجۈر شانۇ - شەۋكەتلىك قاغانغا مەنسۇپتۇر، بۇنىڭغا قارشى چىققۇچىلارنىڭ كاللىسى ئېلىنىپ ئەلگە ئىبرەت قىلىنىدۇ!»

قاغاننىڭ يارلىقى خەلقنىڭ قۇلىقىغا مۇشت بىلەن ئۇرغاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى. خەلق ئاشكارا بىرنېمە دېيەلمىسىمۇ، غەزەپ ئوتلىرى ئۇلارنىڭ قەلبىدە لاۋۇلداۋاتقان ئىدى.

ئاتـامان يارلىقنى ئوقۇپ تۈگىتىپ، خەلققە كۆز يۈگۈرتتى، خەلق قەددىنى تىك تۇتۇپ تۇراتتى. بۇ ھالدىن ئاتامان غەزەپلەندى.

— ھەممىڭ قول باغلاپ تۇرۇش! — دېدى ئۇ كانىيىنى كېرىپ، — بىلىپ قويۇش، بۇ دېگەن قاغاننىڭ يارلىقى!

ئۇنىڭ بىردىنلا ئۆزگىچە بىگىزدەك تىكىلىپ تۇرغان تاشگۈلگە كۆزى چۈشۈپ چىشلىرى غۇچۇرلىدى. خەلق يەنىلا بۇرۇنقىدەك تۇرۇۋەردى.

— تىزلىنىش! — تېخىمۇ سەت كاركىرىدى ئۇ.

ئۇنىڭ ئاۋازى خەلققە تونۇشتەك بىلىنىۋاتاتتى، ئەمما دەماللىققا پەرق ئېتەلمەيۋاتاتتى. تەلەپپۇزى سەل غەيرىي بولۇپ بەدەن قورۇلۇشىغا ماس كەلمەيۋاتاتتى. خەلق تېخىمۇ سىنچىلاپ قاراشتى. ئۇنىڭ دۈمبۈلغىسى بېشىغا بەكمۇ چۆكۈپ تۇرغاچقا، چىرايىنى كۆرگىلى بولمايۋاتاتتى.

— تىزلىنىش! — ۋارقىرىدى ئۇ ئات ئۈستىدە قىلىچ ئوينىتىپ.

— ئۇ دېگەن سېنىڭ قاغانىڭ، قانداق تۇرۇش ئۆزىمىزنىڭ ئىختىيارى! — تەمبەل بىرسى ئىنكاس قايتۇردى.

— ئاغزىڭغا بېقىپ گەپ قىل، ھەي يالاڭتۆش، خەلقنى قايمۇقتۇرماقچىمۇسەن؟

باسقاق چوڭ ئادەتتە «يالاڭتۆش»، «قايمۇقتۇرما» دېگەندەك «ئادەت» سۆزلىرىنى تولا قىلاتتى. بۇنىڭدىن خەلق بىردىنلا ئۇنىڭ باسقاق چوڭ ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى. ئۇلار ئىمانى قېلىپىدىن چىقىپ كەتكۈدەك غەزەپلىنىپ، ئۆرتۆپە بولۇپ كېتىشتى.

— ھەي توكۇر، بىز سېنى تونۇۋالدۇق. بايۋەچچە باشلىق بىرقانچە قېرىنداشلىرىمىزنىڭ قېنىنى ناھەق تۆكۈپ، ئەيمەنمەستىن يەنە قايسى يۈزۈڭ بىلەن ئالدىمىزغا كەلدىڭ؟

بۇ گەپنى قىلىشقا جۈرئەت قىلغىنى بايىقى تەمبەل يىگىت ئىدى. باسقاق چوڭ تاتارغان ھالدا ۋارقىرىدى:

— ئۇنى تۇت!

باسقاق چوڭنىڭ يېنىدىكى ئىككى لەشكەر نەيزىلىك قىلىچلىرىنى تەڭلەپ يوپۇرۇلۇپ كەلدى . ئەزىمەتلەردىن بىرقانچىسى ئۆزىنى كۆرسىتىپ قويۇشقا تەمشەلگەندە ، تاشگۈل توقۇنۇشنى چوڭايتىۋېتىشنىڭ هازىرچە پايدىسىزلىقىنى ، كۈچنى زايە قىلماسلىق كېرەكلىكىنى ئويلاپ توسۇپ قويدى . تەمبەل يىگىت لەشكەرلەردىن بىرىنى تاۋۇزدەك تاش بىلەن بىرلا ئۇرۇپ ئاتتىن غۇلىتىۋەتتى . لەشكەرلەر ئۈششۈك ھەرىلىرىدەك ئۆزىنى ئۇرۇپ كېلىپ ، ئۇنى قىلىچ ـ نەيزىلەر بىلەن ئۆلتۈرۈۋەتتى . ئارقىدىن ئەنجۈرلەرنى « قىر ـ چاپ » قىلىش باشلاندى .

لەشكەرلەر باغدىكى ھەممە ئەنجۈرلەرنى قاپسىلىپ قالغان خەلققە كولاتتى ، ئاندىن باغنى بىر غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتا قازدۇرۇپ ، ئاۋۋال چىقىرىۋېتىلگەن ئەنجۈرلەرنى ، ئۈستىگە ئۆگزىلەردىكى قۇرۇق ئوتۇنلارنى تاشلاتقۇزۇپ ئوت قويۇۋەتتى . ئۇلۇغ ئوتقا قاراپ تۇرۇشقان خەلق ئەنجۈر دەرەخلىرى ئەمەس ، بەلكى ئۆزلىرى كۆيۈۋاتقاندەك ئازابلىنىشتى . ئەمما ، قىلىچ ـ نەيزىلەر بېشىدا ئويناپ تۇرغاچقا ، ھېچقايسىسى قارشى چىقىشقا پېتىنالمىدى . بىرەر تال شاخ ياكى بىرەر بوي يىلتىزنى يوشۇرۇپ قېلىشقا ئۇرۇنۇش كاللا كېتىدىغان ئىش ئىدى . شۇنداقلاردىن بىرنەچچەيلەن خەلقنىڭ كۆز ئالدىدىلا جېنىدىن ئايرىلىشتى .

ئەنجۈرلەر تەلتۆكۈس كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىگەندە باسقاق چوڭ كۆرەڭلىگەن ھالدا تاشگۈلنىڭ ئالدىغا كەلدى .

— تاشگۈل ، بۇ تالاپەت سىزگە ھەممىدىن دەھشەتلىك تۇيۇلدىغۇ دەيمەن ؟ — دېدى باسقاق چوڭ قۇدرىتىنى نامايىش قىلغاندەك .

— ياق ، ماڭا دەھشەتلىك تۇيۇلغىنى يوق !

— بوينۇڭغا قىلىچ ئۇرغان بولسام ، — باسقاق چوڭ بىردىنلا «سەن »لەپ چۈشتى ، — ئاندىن دەھشەتلىك بولار ئىدى !

— پالتىنىڭ سېپى ئۆزىمىزدىن بولغانلىقى بوينۇمغا قىلىچ ئۇرغىنىڭدىنمۇ ئېشىپ چۈشتى .

— ھاھ ـ ھاھ ـ ھا! ... مەن تېخى ئۇنچىۋالا ئەمەسمىكىن

دەپتىمەن .

— تولا ھەددىڭدىن ئاشما ! ساپلىقنى يېتىشتۈرگەن خەلقىمىز ئۈنى نابۇت مۇ قىلىۋېتەلەيدۇ !

ئاشگۈل گېپىنى تۈگىتىپلا بويۇن قىقىپ نېرى كەتتى .

باسقاق چوڭ تەنىدىن تېرىكىپ چالۋاقىدى :

— سەن ، سەن ... ھازازۇل خوتۇن !

باسقاق چوڭ قاغاننىڭ پەرمانىنى ئاشۇرۇپ بەجا كەلتۈرگەندىن كېيىن ، يېتەرلىك ئەنجۈر كۆچىتى ئېلىپ قايتتى . بۇ يەرنى نازارەت قىلىش ئۈچۈن خېلى كۆپ لەشكەر قويۇپ قويدى . ئۇلارنىڭ ۋەزىپىسى ھەر ئېھتىمالغا قارشى كۆكلەپ قالغان ياكى بەزى « تېجىمەل »لەر يوشۇرۇۋالغان ئەنجۈرلەرنى تېنىپ تەلتۆكۈس يوقىتىش ئىدى . بۇ زېمىندىن ئەنجۈر دەرىخى تۈپ يىلتىزىدىن قۇرۇتۇلمىسا قاغان ئارام تاپمايتتى .



# چارباغقا ھۇجۇم

قالدۇرۇلغان لەشكەرلەر مۆھلەت بويىچە ئىككى يازنى ئۆتكۈزدى. ئەنجۈر دەرىخىنىڭ چالا قىزىلغان كۆتەكلىرى ئاز - پاز كۆكلىگەن بولسىمۇ، يوشۇرۇشقا ھېچكىم پېتىنالمىدى. لەشكەرلەر خۇددى ئىتتەك ژىنداپ يۈرۈپ، كۆكلەپ قالغان كۆتەكلەرنى ئۆز ئىگىلىرىگە قازدۇردى. تاشگۈل بىلەن يېقىن ئۆتىدىغانلارنىڭ ھەرقانداقىنى مىدىر - سىدىر قىلدۇرمىدى، تاشگۈلنىڭ ئۆيى ئەتراپىنى كېچە - كۈندۈز ئايلىنىپلا يۈرۈشتى. «تارقىمايدىغان مېھماندارچىلىق يوق» دېگەندەك، ئۇلار قانائەت ھاسىل قىلىپ تۈركۈملەپ قايتقاندىلا، خەلق خاتىرجەم ھايات كەچۈرۈش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشتى.

ئەنجۈرنىڭ خاسىيىتى بىلەن يوقسۇزلۇقتىن قۇتۇلۇشقا باشلىغان يۇرتنى يېڭىۋاشتىن غۇربەتچىلىك باسقان ئىدى. خەلقنىڭ بېشى چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، ئىچىگە تىنىپلا يۈرۈشەتتى، ئۆزئارا ھال - مۇڭ بولۇشىدىغانلارنى تاپقىلى بولمايتتى. تاشگۈل ۋۇجۇدىدا بارىنى بۇرۇنلا ئەنجۈر دەرىخىگە ئاتىۋەتكەچكە، بۇ قېتىمقى تالاپەتنى كۆتۈرەلمىدىمۇ، ساراڭدەك ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئىدى. ھەممە ئادەم ئوخشاش يارالغان، رىزق - نېسىۋىسىمۇ ھەر يەر - ھەر يەرگە تەڭ چېچىلغان. قانداق ئادەم بولۇش، قانداق كۈن كۆرۈش ھەركىمنىڭ ئۆز قولىدا. بىراۋدىن رىزق - نېسىۋە تىلەش ياكى تەمە قىلىش، بېخىللىق ۋە يۆلىنىۋېلىش ھالاكەتنىڭ نىشانىدۇر. شۇڭا، تەقدىرىڭگە تەدبىر قوللانمىقىڭ، بۇ جەرياندا بىرسى ساڭا تېرىقتەك زىيان يەتكۈزسە، ئۇنىڭغا قوناقتەك جاۋاب قايتۇرمىقىڭ كېرەك. پەقەت شۇ چاغدىلا مەۋجۇتلۇقۇڭنى

ساقلاپ ، هاياتلىق قەدىر ـ قىممىتىگنى كۆرسىتىپ ، ھەقىقىي ئادەمدەك ياشىيالايسەن . ھاياتلىقنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى بىلمەكچى بولساڭ ، جاھانىنىڭ ھەممە نەيرەڭلىرى ماھىيىتىدىن مانا مۇشۇ نۇقتىغا مۇجەسسەملەنگەن ، خالاس . بۇ ، تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخى ۋەسلىنى قۇچقاندا خىزىر ئېيتقان سۆزلەر بولۇپ ، شۇنىڭدىن بۇيان قەلبىگە مۆھۈردەك ئورنىشىپ قالغان ئىدى . شۇ تاپتىمۇ دىلى ۋە تىلىدا زىكىر قىلىنىۋاتاتتى .

تىلسىم چوققىدا ھاياتىي كۈچىنى ساقلاپ باراقسانلىغان ئەنجۈر دەرىخىنىڭ مۇقەددەس تۇپراققا ئېلىپ كېلىنگەندىن كېيىنكى پاجىئەلىك تەقدىرى كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان تاشگۈل ئۇيان ئويلاپ ، بۇيان ئويلاپ ئاخىر كاللىسىنى قولتۇقىغا قىسىپ تەنھا ئاتلاندى . ئەمما ، تاشگۈلنىڭ بۇ قورساق چوتىنى بالدۇرلا بىلىۋالغان باتۇر ئۆزى ئوۋغا چىقىپ كەتكەندە ئايجامالنىڭ كۆز ـ قۇلاق بولۇشىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان ئىدى . شۇڭا ، ئايجامال ۋە ئوغۇللىرى تاشگۈلنى ماڭدۇرمىدى . ئەسلىدە باتۇر پەيتنى كەلتۈرۈپ قاغان ۋە باسقاق چوڭلارنىڭ ئەدىپىنى بىر بېرىش ، بۇ ئىشنى تاشگۈل ۋە باشقا يېقىن ـ يورۇقلىرى كېڭىشىپ بەجا كەلتۈرۈشنى كۆڭلىگە پۈككەن ئىدى . ئايجامال باتۇرنىڭ بۇ پىلانىنى تاشگۈلگە ئېيتقاندا :

— ھازىر بۇ ئەھۋالىمىزدا تىركىشىش پۈتۈنلەي پايدىسىز ، — دېدى ئۇ چۈشەندۈرۈپ ، — خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى دېسەك ، شەخسىي ئۆچ ـ ئاداۋەتنى قويۇپ تۇرۇپ ئەنجۈر كۆچىتىنى قولغا چۈشۈرۈش ھەممىدىن زۆرۈر .

ئايجامالنىڭ ئوغلى دادىسى ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن ، قانخور باسقاق چوڭدىن قىساس ئېلىش ئۈچۈن نەچچە قېتىم خۇپىيانە ھالدا ئاستانىگە بارغانلىقى ، تېخى يۇرتتا بىر قىسىم چەۋەندازلارنى تەشكىللەپ تەقلەپ قويغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن ئىدى ، تاشگۈل ئۇنىڭ قەيسىرانە روھىدىن سۆيۈنۈپ كەتتى .

قاغان مەخسۇس ئەنجۈرلۈك چارباغ بىنا قىلدۇرغان ئىدى . ئەمدى ئىلگىرىكى نەشپۈتزارلىقلار نەزەر سىرتىدا قالغان ئىدى . ئەنجۈرلۈك

چارباغنى نۇرغۇن قاراۋۇللار مۇھاپىزەت قىلاتتى . ئۇلارنىڭ قائىدە - تۇزۇمى ناھايىتى چىڭ بولۇپ ، باغقا ۋەزىر - ۋۇزرالار تۇگۇل ، ئۇچار قاناتلارنىمۇ يېقىن يولاتمايتتى ، ھەتتا چارباغ ئۇستىدىن قۇشلار ئۆتۈپ قالسا شۇئان ئوقيا بىلەن ئېتىۋېتىلەتتى . كۇتۇلمىگەندە چارباغدا ھاشارات كۆپىيىپ كەتتى . ئەمما ، ھاشارات ئاپىتى قاغاننىڭ ھېچبىر دىققىتىنى قوزغىمىدى . پىشىپ كەتكەن ئەنجۇرلەر ئۇنىڭ ئېھتىياجىدىن يېتىپ ئاشاتتى . ئۇ پەقەت ئەڭ يېقىن ئادەملىرىگىلا ئاندا - ساندا بېرەتتى . مېۋىلەر پىشىپ تۆكۈلۈپ سېسىپ كېتىۋاتسىمۇ چارباغدا كېپىنەكتەك ئايلىنىپ يۇرگەن كېنىزەكلەرنىڭ ھېچقايسىسى بىرەر تال يېيىشكە پېتىنالمايتتى .

ئوردىدا ئەنجۇرلۇك چارباغ بىنا قىلدۇرغاندىن كېيىن ، مەيلى ئوردا ئىچى ، مەيلى ئوردا سىرتىدا بولسۇن ، ئۆز ئىناۋەت - ئابرۇيىنىڭ بۇرۇنقىدىن نەچچە ھەسسە ئاشقانلىقىنى سەزگەن قاغان ھەر يازدا ۋەزىر - ۋۇزرالىرىنى بىر قېتىم ئەنجۇر سەيلىسى قىلدۇراتتى . ئۇلار تاكى يەنە ياز كېلىپ قاغان سەيلىگە چاقىرغۇچە تامغاقلىرىنى چاكىلدىتىپ كۇتۇشەتتى . قاغان ھېلىغىچە باسقاق چوڭغىمۇ ئەنجۇرنىڭ مېۋىسى تۇگۇل غازىڭىنىمۇ كۆرسەتمەي كېلىۋاتاتتى . باسقاق چوڭ قولىدىن ئىش كېلىدىغان لەشكەرلىرىنى تۇتۇپ بېرىش بەدىلىگە قاغاننىڭ تېخىمۇ شېرىن گەپلىرىگە مۇيەسسەر بولۇشنى ئويلايتتى . بەزىدە شۇ باھانىدە ئۆزىنىڭ ئۇششاق - چۇششەك ئاغرىقلىرىنى ئەملىتىۋالاتتى . قاغانمۇ ئۇ چېقىشتۇرغان ئادەملەرنى ئۆلتۇرۇش ھېسابىغا ئۇنىڭ مەرتىۋىسىنى ئۆستۇرەتتى . ئۇ ئۆزىچە « قولۇمنى نەگە سوزسام يېتىدۇ » دەپ كۆرەڭلەيتتى . بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزى ئانچە زورۇقۇپ كەتمەيتتى ، ئۇنىڭ دەسمايىسى بولغان جان بىلەن بايلىق باشقىلارنىڭ ئىدى .

قاغان چارباغ بىنا قىلدۇرغاندا پۇقرالارنىڭ نۇرغۇن يەرلىرىنى ئىگىلىۋالغان بولسىمۇ ، ئۇلارنى ھېچنېمىدىن بەھرىمەن قىلمىدى . ئۇلار ھەتتا ئۆز يېرىگە تىككەن ئەنجۇر دەرىخىنىڭ زادى قانداقلىقىنىمۇ

كۆرۈشتىن مەھرۇم ئىدى. ئېغىزدىن - ئېغىزغا تارقىلىپ يۈرگەن ئەنجۈر ھەققىدىكى گەپلەر ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا ئاجايىپ سىرلىق ئاڭلىناتتى. ئۇنى كۆرۈشكە ئۈرۈنغان يىگىتلەردىن نەچچىسى جېنىدىن ئايرىلدى، نەچچىسى ئېغىر يارىلىنىپ ئاران قېچىپ قۇتۇلدى. ھەممە يەرنى ۋەھىمە قاپلاپ، ئەنسىزلىككە چۈشكەن خەلقنىڭ قاغانغا قارىتا قورساق كۆپۈكى كۈچەيمەكتە ئىدى.

بايۋەچچىنىڭ چوڭ ئوغلى كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىنى تاشگۈلگە ئەنە شۇنداق بايان قىلىپ بەردى. تاشگۈلنىڭ بىلىدىغانلىرىمۇ بۇ گەپلەرگە ئاساسەن ئوخشىشىپ كېتەتتى. تاشگۈلنىڭ ئويىچە، ئەنجۈر دەرىخىنى قايتا قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن پۈختا تەييارلىق بولمىسا بولمايتتى. تاشگۈل يۈرتتىكى شىرمەت پالۋانلارنى خۇپىيانە يىغىپ رايىنى سىنىغان ئىدى، ئۇلار ئەنجۈر دەرىخىدىن ئايرىلىپ، يۈرتتىن بەرىكەت، مېھىر - شەپقەتنىڭمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۆزلىرىنىڭ تەشنا قەلبىنى تاشگۈلگە تاپشۇرۇش نىيىتىگە كەلگەنلىكىنى ئېيتىشتى. لېكىن، مەخپىيەتلىكنى قەتئىي ساقلىمىسا، باسقاق چوڭنىڭ ئۆز ئورنىغا چوڭلۇققا قويۇپ قويغان ئوغلى تۇيۇپ قالاتتى. شۇڭا، ئۇلار ئوۋغا چىققان بولۇۋېلىپ، تاغ ئارىسىدىكى تۈزلەڭلىكتە باتۇرنىڭ مەشقاۋۇللۇقىدا ماھارەت ئۆگەندى. ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى ئىلگىرىمۇ ئات ئۈستى ۋە يەردە ئېلىپ بېرىلىدىغان جانبازلىق ماھارەتلىرىنى خېلى پىششىق بىلەتتى. پەقەت قىلىچ - نەيزىۋازلىقلا يېتەرلىك كۈچ ۋە چاققانلىق تەلەپ قىلىدىغان ماھارەت ئىدى. تاشگۈلنىڭ بېشىنى قاتۇرۇۋاتقىنى بۇقام بولۇپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى جەڭ قوراللىرى تولىمۇ كىچىكلىك قىلاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭغا ئۈچ ياشلىق بالىنىڭ ئېغىرلىقىچىلىك بىر ئايپالتا سوقتۇرۇپ بەردى. ئۇ، ئايپالتىنى ئات، تۆگە ئۈستىدە بىمالال پىرقىرىتىپ ماھارەت كۆرسەتتى. بۇ جەرياندا ئاتنى چاپتۇرغانچە كېلىۋېتىپ ئادەم يوتىسىدىن توم تاغ تېرىككە ئايپالتا ئۇرغان ئىدى، تېرەك چورتلا ئۈزۈلۈپ غۇلاپ چۈشتى. تاشگۈل سوقتۇرۇپ بەرگەن ئايپالتا ئۇنىڭ كۈچ - قۇدرەت كامالىتىنى

جارى قىلغان ئىدى . ئايپالتا ئۇرغاندىكى بىسىم كۈچلۈك بولغانلىقتىن ئات بەرداشلىق بېرەلمەي ، ئۇن قەدەمچە چېپىپلا مۈدۈرۈپ يىقىلدى .

شۇ قېتىمقى كۈچ كۆرسىتىش ماھارىتىدىن كېيىن ، تاشگۈل بۇ- قامغا ئاتاپ ئالاھىدە چوڭ ئاتتىن ئىككىنى تاپتۇرۇپ كەلدى . بۇقام ئاتلارنى شۇنداق كۆندۈرۈۋەتتىكى ، ھەرقاچان بىر - بىرسىدىن ئايرىلماي ئارقا - ئارقىدىن ماڭاتتى ، شۇنداق ئىسقىرتقان ھامان ھەرقانداق قور- شاۋنى بۆسۈپ چىقالايتتى .

ئايجامال تاشگۈلگە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن بىللە بېرىش تەلىپىنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى . ھەرقانداق چۈشەندۈرۈشلەرمۇ ئۇنى ئىرادىسىدىن ياندۇرالمايدىغاندەك قىلاتتى . مۇھىمى ، ئۇنىڭ ئات ئۈستى جانبازلىق ماھارەتلىرىدىن دېگەندەك خەۋىرى بولمىغاچقا ، خەتەرگە تەۋەككۈل قىلسا بولمايتتى . ئۇ پەقەت ئىرى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ قىساس ئوتى ۋۇجۇدىنى ئۆرتىگەنلىكى ئۈچۈنلا قەتئىي ئىرادىگە كەلگەن ئىدى . تاشگۈل ئۇنىڭغا يەنىلا ئىككى ئوغلىنىڭ توپ ئىچىدە بولغانلىقى ئۆزىنىڭمۇ بۇ جەڭگە قاتـ ناشقانلىقىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ ، رايىدىن ياندۇرماقچى بولدى . ئۇ گەرچە دەماللىققا ئىپادە بىلدۈرمىگەن بولسىمۇ ، ئويلىنىپ قالدى .

ئايجامال تاشگۈلدىن ئايرىلغان شۇ كۈندىن تارتىپ خېلى كۈنلەرگىچە قارىسىنى كۆرسەتمىدى . ئاستانىگە ئاتلىنىدىغان ۋاقىت يې- قىنلاپ قالغان بولۇپ ، ئۇلارنىڭ مەشىق مەيدانىدىنلا كېچىلەپ يولغا چىقىدىغانلىقىدىن ئايجامالنىڭ خەۋىرى بار ئىدى . ئايجامال دەل شۇ ئاخ- شىمى مەشىق ئورنىغا خۇپىيانە يېتىپ كەلدى . ئايجامال ئاتتىن چۈشۈپ ، قولىدىكى بوغچىنى يەشتى . بوغچىغا لىق دوپپا قاچىلانغان ئىدى . شىر- مەتلەر ئايجامالنىڭ ئەتراپىغا « گۇررىدە » ئولىشىپ ، دوپپىنى بىردىن ئېلىشتى . دوپپىنىڭ گۈللىرى ئەنجۈر يوپۇرمىقىنىڭكىدەك بولۇپ ، چۆ- رىسى ۋە ئۈستىگە ئەنجۈر مېۋىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى ئوخشىتىپ كەشتىلەنگەن ئىدى . چەۋەنداز ، شىرمەتلەر گويا ئەنجۈر مېۋىسى ئۆز

قولـلـىرىـدا تـۇرغـانـدەك ھېس قىلىشىپ ، دوپپىلارنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈركەشتى ، ئاندىن مۇقەددەس ئېتىقاد سۈپىتىدە باشلىرىغا كىيىشتى . شۇ تـۇرقـىدا ئۇلارنىڭ بوي ـ بەستى ئەنجۈر غولىنى ، بېشىدىكى دوپپا يوپۇر- ماق ۋە مېۋىلەرنى ئەسلىتەتتى .

تاشگۈلمۇ دوپپىدىن بىرنى كىيىپ ، ۋۇجۇدىغا غايەت زور كۈچ ئاتا بـولـغـاندەك ھاياجانلىنىپ كەتتى . ئايجامال ھەممەيلەن بىلەن خوشلىشىپ قـايـتتى . ئۇلار ئېغىر ياتقۇ مەھەلدە يولغا چىقتى ، ئېھتىيات قىلىشقا تېگىش- لـىـــك جـــايلاردىـــن كـــېچـىـسى ئەگـــىپ ئۆتـۈپ ، ئاتلارنـى بـەك تـالـدۇرـمـاي ، چۈشكەنلىكى يەردە ئوبدان تويغۇزۇپ سەپەرنى داۋاملاشتۇردى .

ئۇلار نـۇرغـۇن يـول بـېـسىپ ، كېچىسى بىر مەھەللىگە كەلگەندە ، كـەتـمەن كۆتۈرۈۋالغان ئىككى « سۇچى »نى ئۇچراتتى . تاشگۈل ئۇلارغا گـەپ قـىـلـىـشقا تەمشىلىۋىدى ، كەيىندىن كېلىۋاتقان بايۋەچچىنىڭ چوك ئوغلى قاۋۇل « ئە ـ ئۇم ! » دەپ گېلىنى قىرىپ ئاگاھلاندۇردى . تاشگۈل شـۇئان ھوشىنى تېپىۋالدى . ئۇلار تىنچ ـ ئامان مەھەللىدىن يىراقلاشتى .

ــ نـېـمـە دېـمەكچى ئىدىڭىز ، تاشگۈل ئاچا ؟ ــ سورىدى قاۋۇل كېتىۋاتقاچ .

ــ يەنە قانچىلىك مۇسايە قالغانلىقىنى سوراپ باقاي دېگەن .

ــ بـۇنـى قـوشـۇنـدىـكىلەرنىڭ كۆپىنچىسى بىلىدىغۇ ؟ « چېچەن بـۇرنـىـدىـن ئـىـلىنار » دەپ ، قانداق ئادەملىكىنى بىلمەي گەپ سورىماقچى بولغىنىڭىز نېمىسى ؟

ــ مانا ھېچ ئىش بولمىدىغۇ ؟

ــ بىزگە ئېھتىياتچانلىقنى ئۆزىڭىز ئۆگەتكەن ئەمەسمۇ !

ــ ئەمسە يەنە قانچىلىك ماڭىمىز ؟

ــ پىيادە ئۇچدەم ، ئاتلىق بىردەم .

ــ توغرا .

يـېـرىـم كـېـچـە بـولـغان ئىدى . قاۋۇل ھەر نۆۋەت يولغا چىققاندا

كېرىپ ئۆتىدىغان ئاغىنىسى قۇتلۇقنىڭكىگە باشلاپ ماڭدى . قۇتلۇقنىڭ ئۆيى تاغقا يېقىن توغراقلىق ئارىسىدا ئىدى . مۇنداق مەنزىرىلىك جاي كەمدىن - كەم ئۇچرايتتى .

قۇتلۇق قاغاننىڭ ئاددىي پۇقراسى بولۇپ ، لەشكەر ئىشى ، چەۋەندازلىق ئىلىملىرىدە كۆزگە كۆرۈنگەن پالۋان ئىدى . خەلق ئۇنى بۇ ماھارەتلىرى ئۈچۈن بېشىدا كۆتۈرەتتى . ئۇ قاتناشمىغان ئوغلاق تارتىشىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايتتى . قاغانمۇ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدە ماھارەتلىرىگە ھەۋەس قىلاتتى ، ئۇنى يىغىلىشلارغا تەكلىپ قىلىپ ئاپىراتتى ، قىلىچۋازلىق ، ئوقيا ئېتىش ماھارەتلىرىنى زوقلىنىپ كۆرگىنىدە كۆڭلىگە ياشلىق ھەۋەسلىرىنى كەلتۈرەتتى ، ئۆز دۆلىتىدە مۇنداق ئات چېپىپ كېتىۋېتىپ ئاتنىڭ ئالدىغىمۇ - كەينىگىمۇ ئۆتۈپ ، قورسىقىغىمۇ چۈشۈپ ، گاھى بىر قولىدا قىلىچۋازلىق قىلىۋېتىپ پۇتىنىڭ ياردىمىدە ئوقيانى دەل جايىغا تەگكۈزەلەيدىغان ئەزىمەت مەرگەنلەرنىڭ بولغانلىقىدىن قاغانلىق سۈپىتى بىلەن پەخىرلىنەتتى . قاغان ئۇنى ئوردا لەشكەر بېشى قىلىپ تارتۇقلىغاندا ، قانات - قۇيرۇقى بوغقۇچلانغان قۇشتەك بولۇپ قالىدىكەنمەن دەپ ، ئاددىي پۇقرالىقنى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى . قاغان « ئۇنىڭ تۇسۇن تايدەك مىجەزى ئاستا - ئۆزگىرىدۇ » دېگەن ئويدا بولۇپ ئىجازەت بەرمىدى . لېكىن ، ئۇ لەشكەرىي ئىشلار بىلەن كارى بولماي يۇرتمۇيۇرت كېزىپ يۈرۈپ ، خالىسا دىلكەش ئاغىنىلىرى بىلەن ئۆزلىرىنى تاغ باغرىغا قىستاپ تۇرغان دېڭىز ساھىلىغا باراتتى ، ئەمما دېڭىزدا تاغ پارچىلىرىدەك ، ئاراللاردەك غايەت زور بېلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ ، بەكمۇ قورقۇنۇشلۇق ئىدى . شۇڭا قۇتلۇقلار يىراقتا تۇرۇپ سۇ ھايۋانلىرىنىڭ ھايات - ماماتلىق ئېلىشىشلىرىنى تاماشا قىلاتتى ، زېرىككەندە دېڭىز بىلەن سۆيۈشۈپ تۇرغان كۆللەرگە بېرىپ بېلىق تۇتۇپ كۆڭۈل ئاۋۇندۇراتتى . ئۇلارغا كۆنۈپ قالغان تىمساھلار قارماقتىكى بېلىقنى كۆرگەندە سۇدىن بېشىنى چىقىرىپ قورقۇنچلۇق ئاغزىنى ئاچاتتى . ئۇلارمۇ يىگىرمە قەدەمچە نېرىدىن تىم-

ساھلارنىڭ ئاغزىغا بىلىقنى چەنلەپ ئېتىپ قىزىقچىلىق چىقىراتتى. بۇنىڭدىن زېرىكسە قۇلۇلە قېپى يىغاتتى، يىراق دېڭىز ساھىلىدىكى كونا قەلئەلەرگە چىقاتتى. ئۇ يەردىكى خەلقلەردىن كۆپ نەرسىلەرنى ئاڭلايتتى ۋە كۆرەتتى. كۆگۈللۈك ئوينايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق ساياقلىقى ئاخىر قاغاننى بىزار قىلدى. ئوردا لەشكەرلىرى باشسىز قالدى. شۇنداق قىلىپ، قاغان ئۇنىڭ بىرەر كۆڭۈلسىزلىك تېرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ ئارزۇسىغا يەتكۈزگەن ئىدى.

تاشگۈللەر قۇتلۇقنىڭ ئۆيىگە 100 قەدەمچە قالغاندا توختاپ، قاۋۇلنى قۇتلۇق بىلەن كۆرۈشۈشكە ئەۋەتتى. قاۋۇل ئىشىك ئالدىغا بېرىپ تونۇشلۇق بەلگىسىنى بېرىۋىدى، قۇتلۇق دوستىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغاندەكلا ئالدىغا چىقتى. قاۋۇلنىڭ بېشىدىكى دوپپا سۇتتەك ئايدىڭدا كۆككۆش جۇلالىنىپ، قۇتلۇقنى ھەيران قالدۇردى. ئۇ دوستىنىڭ بېشىغا ھەۋەسلىنىپ قارايتتى.

— ئاداش، بۇ دوپپا ئەمەس، بەلكى بېشىڭغا قونغان بەخت قۇشىدەك خويمۇ يارىشىپتۇ! — دېدى قۇتلۇق.

— ساڭىمۇ بىرنى ئالغاچ كەلدىم، — قاۋۇل شۇنداق دېگىنىچە يانچۇقىغا قاتلاقلىق پېتى سېلىۋالغان دوپپىنى ئېلىپ دوستىغا كىيدۈرۈپ قويدى.

— ئۆيگە كىرىۋەرگىن، مەن ئاتنى سوۋۇتۇۋېتىپ كىرەي.
— مەن يالغۇز ئەمەس.
— قېنى قالغانلار؟
— بىز 50 تىن كۆپرەك ئادەم، ئۇلار ئاۋۇ يەردە ساقلاپ تۇرىدۇ.

قۇتلۇق قاۋۇل كۆرسەتكەن تەرەپكە بېرىپ، كۆز ئالدىدا تۇرغان ھەيۋەتلىك قوشۇندىن يۈرىكى «جىغ» قىلدى. تاشگۈل ئۇنى قاۋۇل دەپ ئويلاپ قالغان ئىدى. كەينىدىنلا قاۋۇلمۇ يېتىپ كەلدى. ئۇلار ئاتتىن چۈشۈشتى. قاۋۇل قۇتلۇقنى تونۇشتۇرغاندىن كېيىن، ھەممىيلەن قىزغىن كۆرۈشتى. قۇتلۇقنىڭ بېشىدىمۇ دوپپا بولغاچقا، سەپكە قېتىلىپلا

كەتتى . ئەمما ئۇ ، تاشگۈللەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنى سەل قورۇنغاندەك ، دوپپا ئارقىلىق بىر ئىشقا دالالەت قىلىۋاتقاندەك سېزىۋاتاتتى .

ئۇلار ئازادە سارايدا قاتار ئولتۇرۇشتى . چىراغ يورۇقىدا ئۇلارنىڭ چىرايلىرى بەھەيۋەت كۆرۈنەتتى . قۇتلۇق بىر - بىرلەپ سەپسېلىپ ئېپتىخارلاندى . پالۋانلارنىڭ مۇنداق تاللانمىقى قىيىن ئىدى . قاۋۇل ئۇلارنى بىر باشتىن تونۇشتۇردى . نۆۋەت تاشگۈلگە كەلگەندە قۇتلۇق گەپ ئارىلىدى :

— خاتالاشمىسام سىز تاشگۈلغۇ دەيمەن .

— شۇنداق ، پالۋان .

— ئالپاغۇت ، ئالپاغۇت ① ! سىزنىڭ نام شەرىپىڭىزنى قاۋۇلدىن كۆپ ئاڭلىغان .

قاۋۇل تونۇشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇردى ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قولىغا سۇ بېرىلىپ داستىخان سېلىندى . مېھمانلار يۇمشاق قاتلىما بىلەن چاي ئىچىشكە تۇتۇندى . ئاڭغىچە قۇتلۇق تېخى ئاخشاملا ئوۋلاپ كەلگەن ئىككى كېيىكنىڭ گۆشىنى قازانغا سالدى . شۇ تۇرقىدا ئىككى كېيىك گۆشىنى بۇقاملا كۆرمىدىم دەپ يېۋېتىدىغاندەك قىلاتتى . قۇتلۇق بۇنى دەرھال ھېس قىلىپ ، قاۋۇلنى چاقىردى - دە ، يەنە توقلىدىن ئالتىنى قولمۇقول سويۇپ قازانغا تىقتى .

ئۇلار شورپىغا نان چىلاپ ئىچىپ ، ئارقىدىن تارتىلغان گۆشلەرنى پاك - پاكىز يەپ ، ئېغىز - قوللىرىنى سۈرتۈشۈۋاتاتتى ، باتۇر ھوگدىن پوك چىققاندەكلا ئېيتتى :

— شۇ تاپتا بىر ئاياقتىن قۇشقاچ تىلى ئاش ئىچىۋالغان بولساق ھاردۇقىمىز چىقاتتى .

— ئۆيدىمۇ ھە دېسە شۇ ئاشنىڭ جېدىلىنى قىلاتتىلە ، بالام ، — دېدى تاشگۈل ئۇنىڭ گېپىنى قۇۋۋەتلەپ ، — دەرۋەقە ئوغۇل بالىغا شورپىلىق ئۇگرە تازا لايىق .

---

① يېڭىلمەس باتۇر .

باشقىلارمۇ تاشگۈلنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى. تاشگۈلنىڭ ياردەملىشىشى بىلەن قۇتلۇقنىڭ ئايالى چامغۇر بىلەن پىننە سىلىنغان شورپىلىق ئۆگرە ئەتتى. پىننىنىڭ مەززىلىك پۇرىقى ھەممەيلەننىڭ ئىشتىھاسىنى غىدىقلىماقتا ئىدى. بۇقام ئۆگرىگە بىر قاتلىما چىلىدى.

ئۇلار چاشگاھغىچە قېلىپ ئۇخلاپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشتى. قۇتلۇق ئوردىنىڭ ئەھۋالىنى پىششىق بىلگەچكە، ئالدىن ئۆزى بېرىپ تىڭ تىڭلاپ كەلمەكچى بولغان ئىدى. تاشگۈل بىللە بېرىشنى ئېيتىپ تۇرۇۋالدى. قۇتلۇق بىرنېمە دېمىگەندىمۇ، باشقىلار تاشگۈلنىڭ بىرەر خېيىمخەتەرگە يولۇقۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. تاشگۈل ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ئېتىش ئۈچۈن تىلەمچى سىياقىدا ياسىنىۋىدى، ھەممىسى ئاغزىنى ئېچىپلا قېلىشتى. تاشگۈل ئالدىدا ماڭىدىغان، قۇتلۇق ھەر ئېھتىمالغا قارشى كەينىدىن قارا كۆرە كۆز - قۇلاق بولىدىغان بولدى.

تاشگۈل ئاستانىگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن، چارباغنىڭ ئەتراپىنى 2 — 3 رەت ئايلاندى، ئالدىدىن نەچچە قېتىم ئۆتتى. ئۇ كۆزەتچىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىمىغان ئاساستا باغنى كۆزەتتى، چارباغقا يېقىندىن سۇ قۇيغاچقا، ئەنجۈرنىڭ تۈۋى بوشاپ قالغانلىقىدا گەپ يوق ئىدى. بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى قومۇرۇشقا ياخشى پۇرسەت ئىدى. ئەمما ئەنجۈر دەرەخلىرى باراقسان ئۆسكىنىگە قارىماي نىمىشقىدۇر ئۈششۈك تەگكەندەك سولاشقان ئىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ياش چىقىپ كەتتى. سېپىلدەك تامدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئەنجۈر يوپۇرماقلىرى خۇددى ئۇنى تونۇغاندەك يېنىك تەۋرىنىپ ئېھتىرام بىلدۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قىمىشىشىدىن مۇمكىن بولسا چارباغدىن چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقى ئىپادىلىنەتتى. ئەمما، ئۇلار بىرەر كۈچنىڭ ياردىمىسىز ھەرگىز بۇ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. پەقەت مەيىن شاماللا باغدىكى بۇرۇقتۇرمىچىلىققا خاتىمە بېرەتتى.

تاشگۈل كۈن بىلەن تەڭ قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەزىمەتلەرگە چارباغنىڭ ھەقىقەتەن مۇستەھكەم مۇھاپىزەت ئاستىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ

بەردى . بۇنى ئاڭلاپ ئۇلار پۇختا مەسلىھەت بىلەن ئىش كۆرمىسە بولماي-
دىغانلىقىنى چۈشىنىشتى . ئۇنىڭ پىكرى يەنىلا توقۇنۇشتىن ساقلىنىپ
ئەنجۈر كۆچىتىنى قولغا چۈشۈرۈش ، مۇراد ھاسىل تاپقان ھامان تۈيدۈر-
ماي قايتىپ كېتىش ئىدى . ئۇ مەقسىتىنى ئېيتقاندىن كېيىن ، سەل
ئويلىنىپ تۇرۇپ قېلىپ ، ئاندىن قۇتلۇقتىن سورىدى :

— بۇ يەردە سېھىرگەر داخانلار باردۇ ؟

— بولمامدىغان ، تازا بار .

— تازا ئۆتكۈرلىرى تېپىلامدۇ ؟

— قاغانىنىڭ ئوردىسىدا جاھاندىكى ياخشىلىق - يامانلىقلاردىن
ۋاقتى - ۋاقتىدا ئۇچۇر بېرەلەيدىغان ئاجايىپ سېھىرگەر - داخانلار
كۆپ .

— ئۇلارنىڭ ئوردىدا بولۇشى بىزگە پايدىسىز .

— نېمىشقا ؟

— داخان - باقشىلارنىڭ سېھىر - كارامىتى بىلەن قاغانىنىڭ كال-
لىسىنى ئايلاندۇرۇپ قويالىساق ، ئىشىمىز ئوڭۇشلۇق بولاتتى .

— ئۇنداق سېھىرگەرلەرنى خەلق ئىچىدىنمۇ تاپقىلى بولىدۇ .
بىراق ...

— نېمە بىراق ؟

— بىز تاپقان سېھىرگەر - داخانلار ئىش باشلىغان ھامان بۇنى
قاغانىنىڭ داخان - باقشىلىرىمۇ بىلىۋالىدۇ - دە ، بىزنىڭ سېھىرگەر -
داخانلىرىمىز ئەپسۇننى ئوڭ ئوقۇسا ، ئۇلار تەتۈر ئوقۇپ ياندۇرۇۋېتىدۇ .
شۇنىڭ بىلەن جاھان ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇرۇۋېرىدۇ . ھەي ، جاھانمۇ
مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە مەۋجۇتمىكىن دېگۈم كېلىدۇ .

ھەممەيلەن بىرپەس جىمىپ كېتىشتى . ئاخىر ئۇلار ئەسلىدىكى
پىلان بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىش قارارىغا كېلىشتى ، قوزغىلىش پەيتىنى
كۈندۈز بىلەن كېچە ئارىلىقىدىكى ۋاقىتقا بېكىتىشتى .

قۇتلۇق ئۆز چەۋەندازلىرىغا كۈندۈزدىلا خەۋەر قىلىپ ، ھەر

ئېھتىمالغا قارشى بىر جايغا يىغىلىشنى بېكىتتى . ئۇ تاشگۆللەردىن ئايرىلىپ كەتكەن ئىدى . تاشگۆل قاراڭغۇ چۈشۈشى بىلەن چەۋەندازلارنى باشلاپ چارباغنى كۆزلەپ ئاتلاندى . ئۇلار ئارقا تەرەپتىن تېگىشنى نىشانلىغان ئىدى . چەۋەندازلار ئاتلىرىنى سىلىق ھەيدەپ ئۈنچىقشماي ئولتۇرۇشتى . چارباغنى مۇھاپىزەت قىلىۋاتقان قاراۋۇللار ئۇلارنى كۆرگەن بولسىمۇ، يىراقتىن ھارغىن ئەپتىگە قاراپ، ئۆز ئادەملىرىمىز شىكاردىن قايتقان بولسا كېرەك دەپ ئېرەنشىپ كېتىشىمىدى . قاراۋۇللارنىڭ كەيپىياتىنى مۆلچەر-لەپ ئۈلگۈرگەن تاشگۆل توپتىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى . تاشگۈلنىڭ قولىدا ئىككى قاپاق مەيزاپ، كاۋاپ قىلىنغان بىر توشقان، ئىككى ياۋا توخۇ بار ئىدى . باتۇر بىلەن بۇقام تاشگۈلگە يېتىشىپ كېلىۋاتاتتى . ئۇلار مەست قىياپىتىگە كىرىۋالغان ئىدى . قاراۋۇللاردىن بىرنەچچىسى تاشگۈلنىڭ ئال-دىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، قولىدىكى نەرسىلەرنى تەرەپ - تەرەپتىن تارتقۇشلاشقا باشلىدى . بۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىگەنلىرى باتۇر بىلەن بۇقامنىڭ ئالدىغا چوڭ تەمەدە يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى . بۇ ئىككىسىنىڭ قۇرۇق قول ئىكەنلىكىنى بىلىشكەندىن كېيىن، بېشىدىكى دوپپىلىرىغا قاراپ تونۇپ قېلىشتى - دە، قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ چۇقان كۆتۈرۈشتى . تاشگۈل ئۆز ئەتراپىدىكى قاراۋۇللار نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى ئاڭقىرىپ بولغۇچە، كۈندۈزى پەملەپ قويغان كىچىكرەك ئەنجۈر دەرىخىگە سالما تاشلىدى . سالما ئەنجۈرگە دەل چۈشكەن ئىدى . باتۇر بىلەن بۇقام يوپۇرۇلۇپ كې-لىۋاتقان قاراۋۇللارنى قامچىلاپ يول ئاچتى - دە، چاقماق تېزلىكىدە تاشگۈلنىڭ قولىدىكى سالمىنى ئالدى، ئاندىن ئاتلىرىغا قامچا سالغان ئىدى، ئەنجۈر دەرىخى پاراسلاپ قومۇرۇلۇپ تامدىن ئارتىلغانچە چىقتى . تاشگۈل ئالدىدا چېپىپ كېتىۋاتاتتى، قالغانلار كەينىدىن ئات سالغان ئىدى . كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ئارىلىقتا يۈز بەرگەن بۇ ۋەقەدىن قاراۋۇللار نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغان ئىدى .

ئالاقزادە بولۇشقان قاراۋۇللار ئالىتاغىل ۋارقىرىشىپ تاشگۈللەرنىڭ كەينىدىن يۈگۈرۈشتى . ئوردا ئەتراپى پاتىپاراق بولۇپ، شېرىن ئۇيقۇ-

دېكى ئوردا لەشكەرلىرى ئويغىنىپ كېتىشتى. بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان قاغان باسقاق چوڭنى چاقىرتتى. ئۇ دىڭگۇسلىغىنىچە قاغاننىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى. قاغان پۈتۈن ئوردا ئەھلىنىڭ ئالدىدا باسقاق چوڭنى تۇتقاقبېشى مەنسىپى بىلەن تارتۇقلىدى. قاغاننىڭ ئىشارىتى بىلەن بىر خىزمەتكار ئۇزۇن تىغلىق زۇلپىقارنى ئەكەلدى. قاغان زۇلپىقارنى ئۆز قولى بىلەن باسقاق چوڭغا تۇتقۇزدى. باسقاق چوڭ ۋاللىداپ تۇرغان زۇلپىقارنى يېنىشلاپ ئۈچ قېتىم سۆيدى، ئاندىن قىنىغا سېلىپ يانپېشىغا ئېسىۋالدى. باش سەركەردە تۇتقاقبېشىلىق قاشتېشى مۆھۈرنى بەرگەن ئىدى، باسقاق چوڭ ئىككى قوللاپ تاپشۇرۇپ ئالدى. باش سەركەردە ئەمدى باسقاق چوڭغا توپىلاڭچىلارنىڭ ئارقىسىدىن لەشكەر تارتىش بۇيرۇقىنى چۈشۈردى. باسقاق چوڭ ئەمدى بېشىغا كەينى - كەينىدىن «ئامەت قۇشى» قونۇشتىكى سەۋەبىنى چۈشەنگەندەكمۇ - چۈشەنمىگەندەكمۇ قىلاتتى.

# چارباغنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى

قاغاننىڭ يارلىقى بويىچە يولغا چىققان باسقاق چوڭنىڭ لەشكەر-لىرى جىددىللىسە، تاشگۆللەرگە يېتىشىۋېلىش ئېھتىمالى بار ئىدى. بۇنى مۆلچەرلەپ ئۆلگۈرگەن قۇتلۇق ۋاقىتنى كېچىكتۈرۈش ئۈچۈن چەۋەنداز-لىرىنى ئىشقا سېلىپ، باسقاق چوڭ لەشكەرلىرىنىڭ يولىنى توستى. خېيلىدىن بۇيان قورساق كۆپۈكى تارتىپ كەلگەن چەۋەندازلار كۈچلۈك قوشۇن بىلەن جان تىكىپ تۇقۇنۇشتى. قۇتلۇق ئۆزىلا بىرقانچە لەشكەرنى قىر - چاپ قىلىپ يەر چىشلەتتى. باسقاق چوڭ ئۇلارنى خا-قانغا قارشى چىققان يەرلىك خەلق ھېسابلاپ، ئۇلارغا ئاسىيلىق قىلماسلىق توغرىسىدا ۋەز ئېيتاتتى. ئەمما، چەۋەندازلارنىڭ مىڭ تەستە قولغا كەلگەن پۇرسەتنى شۇنداقلا كەتكۈزۈپ قويغۇسى يوق ئىدى.

كېچىدە يۈز بەرگەن بۇ جەڭنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى يۇرت ئەھلىنى ئويغىتىۋەتتى. خەلق ئۇۋىسىغا سۇ كىرگەن چۈمۈلىدەك قوزغىلىپ كەتتى. ئۇلار كالتەك - چوماق، ئارا - گۈرجەك، كەكە - پالتا دېگەندەك «قورال»لارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قۇتلۇقنىڭ چەۋەندازلىرىغا قوشۇلدى. ئەھۋالنىڭ بارغانسېرى يامانلىشىۋاتقىنىنى مۆلچەرلىگەن باسقاق چوڭ بىر قىسىم لەشكەرنى بۇ يەردە قالدۇرۇپ، ئۆزى بىر بۆلۈك لەشكەر بىلەن تاشگۆللەرنى قوغلاشقا ئاتلاندى.

يەرلىك خەلقنىڭ قوزغىلىڭىنى بېسىقتۇرۇش ئۈچۈن قاغان ئوردىدىن يەنە بىر تۈركۈم لەشكەر چىقاردى. بۇ چاغدا باسقاق چوڭ قالدۇرۇپ قويغان ھېلىقى لەشكەرلەر ئالدىنقى لەشكەرلەرگە يېتىشىۋالغان ئىدى. ئوردىدىن چىقىرىلغان لەشكەرلەر بىلەن خەلق كەسكىن

تـوقـۇنـۇشـتـى . چەۋەندازلار خېلى كۆپ لەشكەرنى ئۆلتۈرگەندىن باشقا ، ئاساسلىق قىسمىنى تىرە ـ پىرەن قىلىۋەتتى . قوزغالغان خەلق دېڭىز سۈيىدەك دەۋرىمەكتە ئىدى . بىر قىسىم پۇقرالار : « لەشكەرلەرنىڭ قانچە-لىك تالاپەت يېيىشى قاغان ئۈچۈن بەرىبىر . چارباغقا ئوت قويۇشلا قاغاننى چۆچۈتەلەيدۇ » دېيىشتى . بۇنى توغرا تاپقان نەچچە يۈز ئادەم چارباغ تەرەپكە قىيانىدەك ئاقتى . ئۇلارنى شۇ تاپتا ھەرقانداق مۇستەھكەم سېپىلمۇ توسۇپ قالالمايتتى . غەزەپكە كەلگەن خەلق سېپىلدەك تاملارنى ئۆرۈپ كىرىپ ، ئەنجۈرلەرنى قويماي قومۇرۇپ تاشلىدى ، ئاندىن چارباغ ئىچىگىلا دۆۋىلەپ قۇرۇق ئوتۇن بىلەن ئوت قويۇۋەتتى . بارغانسېرى ئۇل-غىيىپ يالقۇنى پەلەككە كۆتۈرۈلۈۋاتقان ئوتنى ئۆچۈرۈۋېلىش ھېچكىمنىڭ قولىدىن كەلمەيتتى . دەھشەتلىك ۋەقەدىن خەۋەر تاپقان قاغان ئوردا پەنجىرىسىدىن خۇددى قەپەستىكى كەكلىكتەك تەلمۈرۈپ قارايتتى . ئۇ-نىڭ ئىپتىخارى بولغان چارباغ ئاللىقاچان ئوت دېڭىزىغا ئايلانغان ئىدى .

مۇنتىزىم تەربىيىلەنگەن لەشكەرلەرنىڭ جەڭدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىشى مۇقەررەر ئىدى . ئەمما ، قۇتلۇقنىڭ چەۋەندازلىرىمۇ ئۇلاردىن قېلىشمايتتى . ئۇ قىرغىنچىلىقنى ئازايتىش ئۈچۈن بىرقانچە چەۋەندازنى باشلاپ ئوردىغا باستۇرۇپ كىرگەن ئىدى ، قاغاننى تاپالمىدى . ئۇلار ئالدىنغانلىقىنى بىلىپ ئۆلگۈرگىچە بۆكتۈرمە قىلىنغان لەشكەر مەرگەنلەرنىڭ ئوق يامغۇرى ئاستىدا قالدى . شىددەت بىلەن ئېتىلىۋاتقان ئوقلارنى قىلىچ بىلەن توسۇپ ئۈلگۈرگىلى بولمايتتى . چۈنكى ، زەھەرلىك ئوق تۆت تەرەپتىن تەڭلا كېلىۋاتاتتى . شۇنداقتىمۇ ئۆرۈپ چۈشۈرۈلگەن ئوقلار دۆۋىلىنىپ كەتتى . توسۇۋېلىشقا ئۈلگۈرمىگەن ئۈچ تال ئوق قۇت-لۇقنىڭ پۇتىغا تەگدى . ئۇ دەرھال يانچۇقىدىكى ئۆرۈمداينى ① ئېلىپ ئاغزىغا سېلىۋالدى . چەۋەندازلاردىنمۇ بىرنەچچىسىگە ئوق تەگكەن ئىدى . ساق قالغانلىرى ئۇنى مۇھاپىزەت قىلىپ ئوردىدىن چېكىنگەن ئىدى ، ئۇ قوۋۇق ئالدىغا چىقىشىغا ھالسىزلىنىپ يىقىلدى ، چەۋەندازلار ئۇنى ئاران

---

① ئۆرۈمداي ــــ زەھەر قايتۇرىدىغان تاش .

دېگەندە خالىيراق جايغا يۆتكىلىشىپلىشتى . قۇتلۇقا زەھەرلىك ئوق تەگكەنلىكىدىن خەۋەر تاپقان خەلق بېشى كېسىلگەن يىلاندەك بولۇپ قېلىشتى ، چەۋەندازلارنىڭ سەپلىرى بۇزۇلۇپ جەڭگىۋارلىقى ئاجىزلىششقا باشلىدى . ئەمدى لەشكەرلەرنىڭ روھلىنىپ كېتىشى مۇقەررەر ئىدى . شۇڭا ، لەشكەرلەر قىر - چاپ قىلىشتىن ئىلگىرى خەلق تەرەپ - تەرەپكە قېچىپ پاناھلىنىشتى . بۇ ھالدا قايتۇرما ھۇجۇمغا ئۆتۈش تەس ئىدى .

قوزغىلاڭ تىنجىتىلغان ئەتىسى قاغان چارباغنىڭ كۆلگە ئايلانغان خارابىسىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ ، ئىچى ئاچچىققا تولدى . قالدۇق ئوت تېخىچە كۆيۈۋاتاتتى . ئۇ 50 قەدەمچە يىراقلىقتا تۇرسىمۇ ، يۈزىگە ئوتنىڭ تەپتى كۈچلۈك ئۇرۇلاتتى .

— ئەمدى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنىڭ پەقەت ئىمكانىيىتى قالمىدىمۇ ؟ — سورىدى قاغان يېنىدىكىلەردىن .

— كەرەملىك ، بۇ توغرىدا باش قاتۇرۇپ ئاۋارە بولمىسىلا ، — دېدى ۋەزىر .

— قانداق دەيسىز ؟

— ئۇزاق كۆيگەن ئۇلۇغ ئوت 2 — 3 غۇلاچ چوڭقۇرلۇقتىكى تۇپراقنىمۇ كۆيدۈرۈۋەتمەي قالامدۇ ؟

— ئۇنداقتا ئەنجۈر دەرىخى تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەپتۇ - دە ! بولدى ، ئايغاقچىلار باسقاق چوڭغا پەرمانىمنى يەتكۈزسۇن . لەشكەرلەر دەرھال چېكىنسۇن !

— كەرەملىك ، لەشكەرلەر چېكىنسە ، ئەنجۈر دەرىخى سىلىگە مەڭگۈ نېسىپ بولمايدۇ .

— قارىغاندا ھېلىقى خوتۇن بىرەر تۈپىنى قومۇرۇپ قاچقان ئوخشىمامدۇ ؟

— توغرا ، ئۇنى كۆرگەنلەر بار . ئاشۇ بىر تۈپ ئەنجۈرنى قايتۇرۇپ كېلەلىسەك ، قايتىدىن چارباغ بىنا قىلساق بولىدۇ .

خاقان بىردىنلا جانلىنىپ ، كۆزلىرى ئۈمىدتىن چاقناپ كەتتى .

— ياخشى، ياخشى، يەنە دەرھال لەشكەر چىقىرىلسۇن! — دېدى ئۇ ھاياجىنىنى باسالماي، — ياق، توختاڭلار، باش سەركەردە ئۆزى لەشكەر تارتىپ كەينىدىن يېتىشسۇن!

بۇ چاغدا، تاشگۈللەر دېڭىزدىن يىراقلىشىپ، تاغ باغرىدىكى يولغا چىقىپ بولغان ئىدى. چەۋەندازلار ئاتلىرىنى بىر خىل چاپتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. دېڭىز تەرەپتىن سوققان شامال تېز مېڭىشقا توسالغۇ بولاتتى. ئۇلار تاغ قاپتىلىغا كەلگەندە شامالنىڭ تەھدىتىدىن قۇتۇلۇشتى. ئەمما، دېڭىزنىڭ ھەيۋەتلىك گۈركىرىشى نېمىشقىدۇر ۋەھىملىك ئاڭلىناتتى. كېتىۋاتقان ئاتلار ئالدىدا بۆكتۈرمە باردەك بىردىنلا قۇلاقلىرىنى دىڭلاپ كىشنەپ كەتتى.

كۈنچىقىش تەرەپ قىزىرىشقا باشلىغاندا، چەۋەندازلار دۆڭدىن پەسكە ساڭگىلىدى. بۇقامنىڭ ئېتى يوغانلىقىغا باقماي خېلىلا تارتىلىپ قالغان ئىدى. ئۇ ئات ئالماشتۇرۇۋالغۇچە قالغانلار تىزگىننى تارتىپراق ماڭدى. بۇقام يېتىشىپ كېلىشىگە ھەممەيلەن تىزگىننى قويۇۋەتتى.

ئۇلار يەنە بىر دۆڭلۈككە ياماشتى. كۆتۈلمىگەندە بايا بېسىپ ئۆتكەن دۆڭلۈكتىن كۆتۈرۈلگەن ئاسمان - پەلەك چاڭ - توزاننى كۆرۈپ، قاغان لەشكەرلىرىنىڭ قوغلاپ كېلىۋاتقانلىقىنى جەزم قىلىشتى. تاشگۈل بۇقامغا ئېتىنى ئالماشتۇرۇۋېلىشنى ئېيتتى، چۈنكى ئات بىر پارچە تاغنى كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك ئاران مېڭىۋاتاتتى. بۇقام بىر ئاتقا مەيدىسىنى، يەنە بىر ئاتقا پۇتىنى قويۇپ ئىككى ئات ئۈستىدە توغرىسىغا ياتتى. ئاتلار شۇنداق مېڭىشقا كۆندۈرۈلگەن ئىدى.

— تاشگۈل، سىلەر ماڭا قارىمىغان بولساڭلار خېلى ئۇزاپ كېتەتتىڭلار. ھېلىھەم بولسىمۇ مەن ئۇلارنى گول قىلىپ تۇراي، سىلەر ئىلگىرىلەۋېرىڭلار! — دېدى بۇقام جىددىي تەلەپپۇزدا.

— ياق، ئۇنداق قىلىشقا بولمايدۇ. ھەممىمىز ئۆلۈم - كۆرۈمنى تەڭ كۆرىمىز دەپ قەسەم قىلىشقان!

لەشكەرلەر چۇقان كۆتۈرۈپ يېقىنلىماقتا ئىدى، بۇقام تاشگۈلدىن

ئايـپالتىنى سورىدى . ئەمدى ئايپالتىنى ئىشلىتىدىغان پەيت يېتىپ كەلگەن ئىـدى . بۇقام ئايپالتىنى ئۇيان ـ بۇيان ئايلاندۇرۇپ ۋۇجۇدىغا تەڭداشسىز كـۈچ ئاتـا قـىلـىـنـغـانـدەك ئۇنـىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى . بۇ باتۇرلارنىڭ جەڭـدىـن بـۇرۇن ھەيـۋە كـۆرسىتىشتىكى ئادىتى ئىدى . بۇقام تاشگۈلگە لـەشـكـەرلـەرگـە تاقابىل تۇرۇشنى ئۆزىگە قويۇپ بېرىشنى ئېيتقان ئىدى ، تاشگۈل پەقەت ئۇنىمىدى .

بـاسقاق چوڭ باشلاپ كەلگەن لەشكەرلەر يېتىشۋېلىشقا ئاز قالغاندا ئـىـكـكـىـگـە بـۆلۈندى . تاشگۈل ئۇلارنىڭ قورشىماقچى بولغىنىنى ئۇقۇپ ، نـېرىدىكى ئېقىنغا نەزەر ئاغدۇردى . ئېقىننىڭ يۇقىرىسىدا 7 — 8 سۇۋادان تېرەك ئېگىزلىكىدە ئۇزۇلمە تاغ بار ئىدى . تاشگۈل چەۋەندازلارنى باشلاپ تـاغ قولتۇقىغا كىرىۋېلىپ ، رەقىبلىرىگە تاقابىل تۇرماقچى بولۇۋاتاتتى . ئۇ پـىلانـى بويىچە كۆزلىگەن ئەپلىك جايغا يېتىپ بېرىپ ، جىددىي جەڭ ھا-لىتىگە ئۆتتى .



## ئايپالتىنىڭ كارامىتى

ئەنجۈر دەرىخىنىڭ كۆتەك قىسمى ئاتنىڭ بېشىغا، شېخى قۇيرۇقى تەرەپكە قىلىپ قويۇلۇپ، بىر قات كىگىز بىلەن ئەپچىل ئورالغان ئىدى. تاشگۈل بىر قولىدا قىلىچ، يەنە بىر قولىدا سالما تۇتقان ھالدا ئەنجۈر دەرىخىنى تېقىمىغا چىڭ باسۇرۇپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئوڭ تەرىپىدە باتۇر، سول تەرىپىدە بۇقام، ئاندىن قاۋۇل جەڭ ھالىتىدە تۇراتتى. قالغان چەۋەندازلارمۇ ئۇلارنى مەركەز قىلىپ ياۋ قوشۇنىغا بۇركۇتتەك تىكىلگەن ئىدى.

باسقاق چوڭنىڭ لەشكەرلىرى ئۇلارنى ئۈچ تەرەپتىن قورشىۋالدى. تاشگۈل باسقاق چوڭنى تونۇپ ئۆلگۈرۈپ، غەزەپ ـ نەپرىتى چەكتىن يەتتى. غەزىپى تەڭداشسىز كۆچكە ئايلانغان چەۋەندازلار شۇ تاپنىڭ ئۆزىدىلا شىردەك ئېتىلىپ بېرىپ، باسقاق چوڭنىڭ كاللىسىنى تېنىدىن جۇدا ئەيلەپ يۇخادىن چىقماقچى بولۇشتى. ئەمما، چوڭ ئىشنى كۆزدە تۇتقاندا ئەرزىمەس بىر ئادەمنى دەپ چەۋەندازلارنى زىيانغا ئۇچرىتىشقا بولمايتتى. بۇ، جىق ئىشلارنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن تاشگۈلنىڭ ئاقىلانە قارىشى ئىدى. شۇڭا، چەۋەندازلارمۇ ئۇنىڭ پىكرىگە قوشۇلۇپ، ئاچچىقىغا ھاي بېرىشتى.

— قېرىنداشلار، نېمىدەپ بۇ جىن تەگكەن ھازازۇل خوتۇننىڭ ئېزىقتۇرۇشىغا ئۇچراپ جېنىڭلارنى سېلىپ بەرمەكچى بولىسىلەر؟ — ۋارقىرىدى باسقاق چوڭ چەۋەندازلارنى قايمۇقتۇرۇش غەرىزىدە، — قېنى قايسىڭلار قىلىچىڭلارنى تاشلايسىلەر؟

باسقاق چوڭ ئاغرىق تەگكەندەك خىرقىراپ قالغان ئىدى.

ئىسكىلىتقا ئايلىنايلا دەپ قالغان تۇرقى توكۇر ئەرۋاھقا ئوخشايتتى ، پىل-
دىرلاپ تۇرغان گۇنسىز كۆزلىرى ۋە ئاغزىنى دېمىگەندە چىرايى
كۆمۈردىن قېلىشمايتتى . ئۇ قاغاندىن يەنە تارتۇق - ئىنئام ئېلىش تەمە-
سىدە ئىت جېنىنى تىكىپ لەشكەر تارتقان ئىدى .

— باسقاق چوڭ ، ھەممىمىز بىر ئېقىننىڭ سۈيىنى ئىچىپ چوڭ
بولغان ئادەملەر ، بۇنچە ئاداۋەتلىشىپ نېمە تاپىمىز ؟ — ئىنكاس قايتۇردى
تاشگۈل مەردانە قىياپەتتە .

— گېپىڭ راست بولسا ، چېتىڭغا قىستۇرۇۋالغان ئەنجۈر دەرىخىنى
تېز تاشلا ئەمىسە !

— بوپتۇ ، بىرتال كۆچەتلىك ئېلىۋېلىپ قالغىنىنى بېرەي .

— سەن ئالۋاستىنىڭ قاغان بىلەن بەسلىششكە نېمە ھەددىڭ ؟

— ھەددىم بولمىسا بۇ يەرگە كېلىپ نېمە قىلاتتىم ؟ ئەنجۈر دە-
رىخى خەلققە مەنسۇپ !

— نېمە ؟ نېمە دېدىڭ ؟ ھەممە نەرسە قاغانغا تەئەللۇقتۇر . قېنى
لەشكەرلەر ، ئاۋۇ خوتۇننىڭ ئاستىدىكى ئەنجۈر دەرىخنى دەرھال تارتى-
ۋېلىڭلار ! — باسقاق چوڭ كەسكىن بۇيرۇق چۈشۈردى .

— توختاش ! — تاشگۈل قىلىچنى شىلتىپ ۋارقىرىدى .

— سەل تەخىر قىلىڭلار ! — باسقاق چوڭ ھۇجۇمغا تەييارلانغان
لەشكەرلەرنى توختاتتى .

— بىز كېلىشەيلى !

— قانداق كېلىشىمىز ؟

— ئاۋۋالقى گېپىم بويىچە سىلەر تەرەپتىن بىر لەشكەر ، بىز تە-
رەپتىن بىر چەۋەنداز مەيدانغا چۈشسۇن . ئەگەر قايسىسى يېڭىۋالسا ئەنجۈر
دەرىخى شۇ تەرەپكە مەنسۇپ بولسۇن .

— ئۇنداقتا ياخشىغۇ ، سېنىڭ ئاۋۇ سولتەك چەۋەندازلىرىڭغا
ساۋۇت - دوبۇلغىلىق لەشكەرلەر تەڭ كېلەلمىسە ، ئوردا لەشكىرى دېگەن
نامغا سەت ئەمەسمۇ ؟!

— دېگىنىم ھېساب ، قېنى مەيدانغا چىقسۇن !

باسقاق چوڭ لەشكەرلىرىگە قارىغان ئىدى ، ھەممىسى ئۈنچىقماي تۇرۇشتى . لەشكەرلەرنىڭ كۆزىگە چەۋەندازلار خۇددى تىلىم - تىلىم تاغ بۆلەكلىرىدەك ھەيۋەت كۆرۈنۈۋاتاتتى . ئۇلارنىڭ چىقىشقا جۈرئەت قىلالالماسلىقى ئەنە شۇنىڭدىن ئىدى .

باسقاق چوڭ گېلىنى قىرىپ نەچچە قېتىم ۋارقىرىغاندىلا ، بىرسى « مەن چىقاي » دەپ ئاران ئىنكاس قايتۇرۇپ ، توپتىن سۇغۇرۇلۇپ ئالدىغا ماڭدى . باسقاق چوڭ ئۇنىڭغا قارشى تەرەپ چەۋەندازىنى يەڭسە خاقانغا مەلۇم قىلىپ ئوردا لەشكەر بېشلىق مەنسەپ ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى ۋەدە قىلدى .

چەۋەندازلاردىن بۇقام چۈشمەكچى بولغان ئىدى ، باتۇر تالىشىپ تۇرۇۋالدى . بۇنى كۆرگەن قارشى تەرەپ لەشكىرى ئۆزى خالىغان چە-ۋەندازنى چاقىرىپ ئېلىشىشنى ئوتتۇرىغا قويدى . بۇ تەكلىپ باسقاق چوڭغا ياقتى . تاشگۈل نائىلاج لەشكەرنىڭ دېگىنىگە قوشۇلدى .

— قېنى تاللىغىن ، لەشكەر يىگىت ! — دېدى تاشگۈل .

— سېنى تاللىدىم ، سەن بىلەن ئېلىشىمەن .

— ئۆزۈڭ بىر ئەركەك تۇرۇپ ، ئانا يوللۇق ئايالنى تاللىساڭ ، ئەركەكلىكىڭگە مۇناسىپ كېلەمدۇ ؟

— بۇ دېگەن جەڭ ، ئەركەك - چىشى دەپ ئايرىلمايدۇ . ئەرلەرنىڭ ئايالالارنى تاللىشى ھەيران قالىدىغان ئىشمۇ ئەمەس !

لەشكەرنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ باسقاق چوڭنىڭ ئا-دەملىرى «ۋەيت - ۋەيت » دەپ تۇۋلاپ كېتىشتى . بۇنىڭغا چىداپ تۇرالمىغان باتۇر ئېتىلىپ چىققان ئىدى ، تاشگۈل « ھاي - ھاي »لاپ توسۇپ قويدى . ئۇ ئاچچىقى چېكىدىن ئاشقان شىردەك چىشلىرىنى غۇچۇرلىتاتتى . لەشكەر ئۇنىڭ ئۆتكۈر كۆزلىرىگە ۋە جۇدۇنلۇق ئەپتىگە قاراشقا پېتىنالماي كەينىگە داجىماقتا ئىدى . تاشگۈل ئىشنى بۇزۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۇنىڭغا كۆپ نەسىھەتلەر قىلىپ ئاران ئورنىغا قايتۇ-

رۇۋالدى .

— ھەي خوتۇن ، قىنى كەلمەمسەن ؟ — دەپ كۆرەڭلىدى لەشكەر .

تاشگۈل شىردەك ئىتتىلىپ چىقىپ ئۇنىڭغا تىكىش قىلدى . ئۇنىڭمۇ ئۆزىگە تۇشلۇق ھەيۋە ، ماھارىتى بار ئىدى . ئۇ يىقىنلاپ كېلىشىگە تاشگۈل سالما تاشلىغان ئىدى ، دەل بويىنىغا چۈشتى . ئۇ ھوشىنى تىپىپ قىلىچ ئۇرۇپ بولغۇچە ، تاشگۈل ئىتتىنى چاپتۇرۇپ ئىقىندا سۆرەپ يۈرۈپ ئۇنىڭ جېنىنى ئالدى .

لەشكەرنىڭ ئىچىنىشلىق ئۆلۈمى باسقاق چوڭغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى . بىر پۈتى گۆرگە ساڭگىلايدىغان ياشقا يەتكەندىمۇ تېخى كۈچ - قۇۋۋىتىدىن قالمىغان تاشگۈلنىڭ ئەرلەرنى بىسىپ چۈشىدىغان جاسارىتى باسقاق چوڭنى قاتتىق داغدا قويغان ئىدى . ئۇ تاشگۈلنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە قىلسىمۇ خوتۇنلۇققا ئۇنىماي يۈرىكىنى داغلىغانلىقىنى ئويلىغىنىدا ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ زەھەرخەندىلىكى قايناپ تىشۇاتاتتى . ئۇ قانداق قىلىپ بولمىسۇن تاشگۈلنى يوقاتمىسا قاغانىنىڭ ئۆزىدىن كۆتۈۋاتقان ئۈمىدى يوققا چىقىدىغانلىقىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ قاۋاندەك قۇتراشقا باشلىدى .

— ئەمدى قايسىڭ چىقىسەن ؟ — ۋارقىرىدى ئۇ لەشكەرلىرىگە قاراپ .

تاشگۈلنىڭ باياىقى سالما ماھارىتىنى كۆرۈپ تۇرۇشقان لەشكەرلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۈنچىقىشمىدى . خېلىدىن كېيىن لەشكەرلەردىن بىرى ئىچىدە : « بۇ خوتۇننىڭ مۇشۇ بىرلا ماھارىتى بولسا كېرەك » دەپ ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقتى .

— ئانىمىز سالما ئىشلەتمەي باشقا كارامەتلىرى بىلەن مېنى ئەدەپلەپ كۆرۈمنى ئىچىپ قويغان بولسا ! — دېدى ئۇ شەرت قويۇپ .

— باسقاق چوڭ ، يىڭىلگان تۇرۇقلۇق يەنە نېمىدەپ ئېلىششقا لەشكەر چىقىرىسەن ؟ — چالۋاقىدى تاشگۈل .

— سەن جادۇگەر قېرى سالما ئىشلەتتىڭ . بۇ نۆۋەت قىلىچۋازلىق قىلىپ بۇ لەشكەرنى يېڭىۋالساڭ سېنىڭ ھېساب !

تاشگۈلنىڭ غەزىپى چېكىگە يەتكەن ئىدى ، ئۇ باتۇر ۋە بۇقاملارنىڭ تۇسقىنىغا ئۇنىماي : « بوپتۇ ، كۆزۈڭلارنى بىر ئېچىپ قوياي » دېگىنىچە ئېتىغا قامچا سالدى . لەشكەرمۇ ئېتىنى قامچىلاپ ئەجدىھادەك نەرە تارتىپ مەيدانغا چۈشتى .

تاشگۈلنىڭ ئېتى قىلىچۋازلىق ماھارىتىگە كۆندۈرۈلگەن ئات ئىدى . ئارىلىق يېقىن قالغاندا تاشگۈل ئېتىنىڭ بويىنىنى چاۋاكلاپ قويدى ، ئات قىلىچنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە ۋارقىراپ كېلىۋاتقان لەشكەرگە ئۆرىدەپ قولىغا تەپتى ، قىلىچ قولدىن قاڭقىپ چىقىپ كېتىشىگىلا تاشگۈل چاققانلىق بىلەن قىلىچ تەڭلەپ ، لەشكەرنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى . ئارقىدىن قىلىچىنىڭ ئۇچىدا لەشكەرنىڭ قىلىچىنى چۆرۈپ بەردى . لەشكەر قىلىچىنى ھاۋادىن تۇتۇۋېلىپ تاشگۈلگە ھۇجۇم باشلىدى . تاشگۈل خۇددى ئويۇن كۆرسىتىۋاتقاندەك قىلىچ ئوينىتىپ بۇ نامەرد لەشكەر ئالدىدا ئۆزىنى ناھايىتى تەمكىن تۇتتى . ئۇ رەقىبىنىڭ قىلىچىدىن ئۆزىنى دەم ئالدىغا ، دەم كەينىگە ، دەم ئىككى يانغا قاچۇرۇپ ، چاقپەلەكتەك پىرقىراپ ماھارەت كۆرسەتتى ، ھەرگىز قالايمىقان قىلىچ ئۇرمايتتى ، بەلكى مۇداپىئەدە تۇرۇپ رەقىبىنى ھالسىزلاندۇرۇشقا تىرىشاتتى . ئۇ پەيت پىشىپ يېتىلگەنلىكىنى پەملەپ ، رەقىبگە ئىككى قېتىم قىلىچ ئۇرغان ئىدى ، كۆكسىدىن قورسىقىغىچە بۆسۈۋەتتى . شۇ ھالدىمۇ رەقىبى يەنىلا تىركىشىشنى توختاتمىغان ئىدى ، ئۇنىڭغا يېقىنلىشىپ ئېتىنىڭ بويىنىغا چاۋاكلىشىغا ، ئات ئۆرىدىدى . شۇ چاغدا ئۇ قىلىچ بىلەن مۇداپىئەلىنىپ تۇرۇپ ، يەنە بىر قولى بىلەن رەقىبىنىڭ شىلىلىسىدىن قارماپ تۇتۇپلا ئەپلەپ قۇشۋاغقا ئىلىندۇرۇۋالدى ، ئاندىن ئۆزىنى توختىتىۋېلىپ ، خۇددى ئوغلاقنى كۆتۈرگەندەكلا كۆتۈرۈپ ئالدىغا ئالدى ـ دە ، ئوغلاق ئوينىغان تەرىزدە مەيدانىنى بىر ئايلاندۇردى . رەقىبى : « ئۆلتۈرۈۋەت ! ئۆلتۈرۈۋەت ! » دېگىنىچە تېپىچەكلەيتتى ، ئۇ بولسا نەشتەردەك بارماقلىرى

بىلەن مىجىقلاپ تېقىمىغا باسۇرغىنىچە مىدىر ـ سىدىر قىلدۇرمايتتى.

تـاشـگـۈل بـىردەمدىن كېيىن، «لەسسىدە» بوشاشقان لەشكەرنى بـاسـقـاق چـوڭـنىڭ ئالدىغا ئەسكى ئۇچلىقنى تاشلىغاندەك تاشلىۋەتتى، ئانـدىن قان تېمىپ تۇرغان ئالمىدەك گۆشنى ئاتقان ئىدى، باسقاق چوڭـنـىـڭ يـۈزىـگـە تـېـگـىـپ يـەرگـە چـۈشـتـى. باسقاق چوڭ قان چاچراپ خـىـرەلەشكەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ يەرگە قاراپ، تېخىچە سوقۇۋاتقان يۈ-رەكـنـى كـۆردى ـ دە، قـورقـقـىـنـىـدىن چىرايىدا قان دىدارى قالمىدى. تاشگۈل بايا لەشكەرنىڭ يۈرىكىنى كۆكرىكىگە چاڭگال سېلىپ يۇلۇۋالغان ئىدى.

بـاسـقـاق چوڭ يېڭىلگەنلىكىنى كۆڭلىدە تەن ئېلىپ تۇراتتى، بىر ئايـغـاقـچـىنىڭ يىراقتىنلا ۋارقىراپ كېلىۋاتقىنىنى كۆردى. لەشكەرلەرنىڭ ھەمـمـىـسى شۇ تەرەپكە قاراشتى. ئايغاقچى يېتىپ كېلىپ، باسقاق چوڭغا چاربـاغـنـىڭ پۈتۈنلەي كۆيدۈرۈۋېتىلگەنلىكىنى، ئامان قالغان بىردىنبىر ئەنـجـۈر دەرىخىنىڭ تاشگۈلنىڭ قولىدا ئىكەنلىكىنى ئېيتتى، ئاندىن قاغا-نـىـڭ ئەنجۈر دەرىخىنى قولغا چۈشۈرۈش توغرىسىدىكى ئاغزاكى يارلىقىنى يەتـكـۈزدى. يـارلـىـقنىڭ مەددىتى بىلەن باسقاق چوڭ بىردىنلا روھلىنىپ لـەشـكـەرلـەرنـى يـېڭىۋاشتىن جەڭگە چاقىردى. شۇنىڭ بىلەن كەسكىن ئېلىشىش باشلىنىپ كەتتى.

چـەۋەنـدازلار تاشگۈلنىڭ بۇيرۇقى بىلەن لەشكەرلەرگە يامغۇردەك ئوق يـاغـدۇردى. نـۇرغـۇن لـەشـكـەر جەڭگە چۈشمەي تۇرۇپلا جېنىدىن ئايـرىـلدى. ئوق تۈگىگەندە قىلىچ ئاساسلىق قورالغا ئايلاندى. لەشكەرلەر يـوپـۇرۇلـۇپ كـېـلـىـشـكە بۇقام ئېتىغا مىندى ـ دە، يالمان ئوينىتىۋاتقان سـەركـەردىـگـە ئايـپالتا بىلەن قاقشاتقۇچ زەربە بەردى. شۇ ئارىدا يەنە بىر لـەشـكـەر بـۇقامغا يالمان كۆتۈرۈپ ئېتىلدى. تۇيغۇن بۇقام رەقىبىگە زەرپ بـىـلـەن ئايـپالتا شىلتىدى. كۈچلۈك ھەرىكەتنىڭ بېسىمىغا بەرداشلىق بې-رەلـمـىـگـەن ئات مۈدۈرۈپ كـەتـكـەنـلـىـكـتـىـن، ئايـپالتىنىڭ يۆنىلىشى ئۆزگـىـرىـپ، كـەتتى ۋە ئايپالتا رەقىبىنىڭ ئېتىنىڭ بوينىنى چورتلا ئېلە-

ۋەتتى . كاللىسى تاش ئۇستىدە سەكرەۋاتقان ئاتنىڭ تېنى ئۆز زەربىسى بىلەن ئوقچۇپ بىرىپ تاغقا مىخلىنىپ قالدى ، تاغقا زەلىم بىلەن تەگكەن لەشكەرنىڭ مېڭىسىنىڭ قېنىقى چاچراپ كەتتى . شۇ ئارىدا بۇقامىنىڭ ئېتى ئۆزىنى ئوڭشىۋالدى ، ئۇنىڭ ماھارىتىگە دىققىتى قوزغالغان لەشكەرلەر تولپىشىپ تاقابىل تۇرماقچى بولۇشقان ئىدى ، بۇنىڭدىن جېنى سۆيۈنۈپ ، مەيدىسىنى سىلىغان بۇقام ، ئاپپالتىسىنى ھەربىر ئايلاندۇرۇشىدا ئون نەچچىدىن لەشكەرنى يەر چىشلەتتى . ئۇ بارغانسېرى قىزىپ ، يوپۇرۇلۇپ كەلگەنلىكى لەشكەرلەرنى ئۇجمە تۆكۈلگەندەك تۆكۈۋەتتى ؛ ساۋۇت - دۇبۇلغىلار ئايپالتىنىڭ شامىلىدا ئەسكى چاپاندەك تېرە - پىرەن بولۇپ كېتىۋاتاتتى . ئۇ ھەدەپ : « قېنى ، قايسىڭ كېلىشسەن ! » دەپ ۋارقىراپ لەشكەرلەرنىڭ ھەيۋىسىنى سۇندۇراتتى .

شۇنچە كۆپ لەشكەرنىڭ كارغا يارىماي ساينىڭ تېشىدەك يېتىپ كەتكىنىنى كۆرگەن باسقاق چوڭنىڭ كۆزىگە قان قۇيۇلۇپ غالجىرلىقى تۇتتى - دە ، قاغان بەرگەن زۇلپىقارنى ئېگىز كۆتۈرگىنىچە :

— قايسىڭلار ئاشۇ خوتۇننىڭ ئاستىدىكى ئەنجۈر دەرىخىنى قولغا چۈشۈرسەڭلار قاغاندىن كاتتا مەنسەپ ئېلىپ بېرىمەن ! — دەپ جار سالدى .

ئارقا - ئارقىدىن ئېغىر تالاپەت يەپ ھالسىرىغان قالدۇق لەشكەرلەر بېشى قېتىپ تۇرغاندا ، ئاخىرىغا كۆز يەتكۈسىز بىر لەشكىرىي قوشۇن چۇقان - سۈرەن كۆتۈرۈپ يېتىپ كەلدى . بۇ قاغان ياردەمگە ئەۋەتكەن لەشكەرلەر ئىدى . باسقاق چوڭغا بىردىنلا جان كىردى . ئەمما ، تاشگۈل ۋە چەۋەندازلار ئانچە قورقۇپ كەتمىدى .

باش سەركەردە جەڭ ئەھۋالىنى كۆرگەندىن كېيىن ، لەشكىرىي ئىشلاردىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان باسقاق چوڭنى چاپاپ يۇركۈۋەتكۈدەك بولدى . ئەمدى ، قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلدى . ئۇ جەڭ تەجرىبىسىگە ئاساسەن بىر بۆلۈك لەشكەرلەرنى چەۋەندازلارنىڭ ئارقا تەرىپىدىكى تاغقا چىقاردى . ئۇلار چەۋەندازلارغا تاش ياغدۇردى .

بىرقانچە چەۋەندازنىڭ تاش تېگىپ جىنىدىن ئايرىلىشى تاشگۈلگە بەكمۇ ئېغىر كەلدى - دە، چەۋەندازلارنى تاش يەتمىگۈدەك يىراققا چېكىندۈردى. ئەمدى، بۇ ئورۇنغا دۈشمەننىڭ قالقانلىق تۆت رەت لەشكىرى كىرىۋېلىپ، چەۋەندازلار تۆت تەرەپتىن قورشىلىپ قالدى. ئەمما، بۇنداق قورشاشمۇ چەۋەندازلارنى توسىرىتالمىدى. مۇنداق ئېلىشىپ چەۋەندازلارغا تەڭ كېلەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن باش سەركەردە بىر ئايغاقچىنى مەرگەنلەر قوشۇنىغا خەۋەر يەتكۈزۈشكە ئەۋەتتى. بۇنى سېزىپ قالغان باتۇر قورشاۋنى بۆسۈپ چىققان ئىدى، ئارقىسىدىن بىر توپ لەشكەر قوغلىدى. باتۇر ئايغاقچىنى سۈر - توقاي قىلىپ ئارام بەرمىدى. ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى ئوغلاق ئويۇنىغا ئوخشىشاتتى. باتۇر لەشكەرلەرنىڭ تۈرلۈك تۇسالغۇلىرىنى بۇزۇپ، ئاخىر ئايغاقچىنىڭ كاللىسىنى ئالدى، ئاندىن قوغلاپ كەلگەن لەشكەرلەرنى بىر - بىرلەپ يوقاتتى. چەۋەندازلار بىر تەرەپتىن جەڭ قىلسا، يەنە بىر تەرەپتىن قارشى تەرەپنىڭ خەۋەر يەتكۈزۈشىنى توسۇيتتى.

كەسكىن ئېلىشىش كېچىچە داۋاملىشىپ، ئەتىسى كۈن چىققاندا، يەنە بىر قوشۇننىڭ قىقاس - چۇقان كۆتۈرۈپ كېلىۋاتقىنى مەلۇم بولدى. بۇ مەرگەنلەردىن تەشكىللەنگەن لەشكىرىي قوشۇن ئىدى. تاشگۈل دۈشمەن تەرەپنىڭ كېچە قاراڭغۇسىدىن پايدىلىنىپ ئايغاقچى ئەۋەتكەنلىكىنى جەزم قىلدى ۋە مەرگەنلەر يېتىپ كەلگۈچە لەشكەرلەرنىڭ قالقانلىرىنى تارتىۋالدى، ئاندىن قاۋۇلغا ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ قېچىشنى ئېيتقان ئىدى، ماقۇل كۆرمىدى. باشقا چەۋەندازلارمۇ بۇنىڭغا پەقەت تاشگۈللا باب ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ چىڭ تۇرۇۋېلىشتى. تاشگۈل قورشاۋنى بۆسۈپ چىقماقچى بولۇۋاتقاندا، لەشكەرلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن توسۇۋالدى. باتۇر بىلەن بۇقام ئۇلارنى تىرە - پىرەن قىلىۋەتتى. ئاڭغىچە مەرگەنلەر يېتىپ كېلىپ ھالقىسمان قورشىۋالغان ئىدى، بۇقام ئۇلارنىڭ ئىككىسىنى ئىككى قولىدا زەرب بىلەن ئاتتىن يۇلۇپ ئېلىپ نەچچىنى پىرقىراتقاندىن كېيىن ئون قەدەمچە نېرىغا ئېتىۋەتتى،

لەشكەرلەر تىن تارتماي جان بېرىشتى. ئۇنىڭ ئېتى بۇ بېسىمنى كۆتۈرەلمەي يىقىلدى، قوپماقچى بولغاندا تۇمشۇقى ئېزىلىپ بىر كاللەك لوق گۆشكە ئوخشاپ قالدى. ئەمدى، ئۇ ياياق جەڭ قىلىۋاتاتتى. ئۇ بىر سەرۋازغا پالتا ئۇرۇۋاتقاندا مەرگەننىڭ ئوقى كۆزىگە قادىلىپ قالدى. شۇ ئەھۋالدىمۇ ھېچنېمىگە پەرۋا قىلماي سەرۋاز بىلەن ئېلىشىشى ئەقىلگە سىغمايتتى. ئايپالتىنىڭ زەربىدە سەرۋاز خۇددى يېرىندىدەك ئوتتۇرىدىن بويىغا ئىككى بولۇپ كەتتى. مەرگەنلەر چەۋەندازلاردىن بىرقانچىسىنى يىقىتقاندىن كېيىن، ھۇجۇمنى تاشگۈلگە مەركەزلەشتۈردى. تاشگۈل بىر تەرەپتىن ئوق تۇسۇش ماھارىتىنى ئىشقا سېلىپ، يەنە بىر تەرەپتىن باتۇر، بۇقاملارنىڭ ھىمايە قىلىشىغا ماسلىشىپ قورشاۋنى بۆسۈپ چىقىپ كېتىش ئۈچۈن تىركىشىۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا، بىر تال ئوق «ۋىششىدە» ئۇچۇپ كېلىپ بۇقامنىڭ يەنە بىر كۆزىگە سانجىلدى. ئەمدى ئۇنىڭ ئىككىلى كۆزىدە بىر تالدىن ئوق قادىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا كۈندۈزمۇ كېچە، كېچىمۇ كېچە بولغان ئىدى. ئاتلارنىڭ دۈكۈرلەشلىرى، قىلىچلارنىڭ جاراڭ - جۇرۇڭلىرى، تاشگۈلنىڭ قىلىچ ئۇرغاندىكى «ھايت - ھۇيت»لىرى ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتاتتى.

بۇقامنىڭ بۇ ئېچىنىشلىق ئەھۋالدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقان تاشگۈل: «ۋاي، جېنىم بۇقام!» دەپ ۋارقىرىۋەتتى. بۇقام ھېلىقى چاغدا ئازغان يوچۇقدىن مارىغاندىن بۇيان چىن قەلبىدىن تەشنا بولۇۋاتقان بۇ ئاۋاز ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى لەرزىگە سېلىۋەتتى. ئۇ ئەمدى مۇھەببەتنىڭ، ياخشى كۆرۈشنىڭ نېمىلىكىنى، سۆيگۈ - مۇھەببەتكە يوشۇرۇنغان سېھرىي كۈچ - قۇدرەتنىڭ تەڭداشسىزلىقىنى چۈشەنگەندەك بولۇۋاتاتتى. ئۇ ۋۇجۇدىغا مۇجەسسەملەنگەن يالقۇنلۇق سادانىڭ تۈرتكىسىدە ئالدىغا ئات كېلەمدۇ، لەشكەر كېلەمدۇ قارا - قويۇق چېپىۋەردى. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە قاراملىشىپ كەتكەن ئىدى. ئايپالتىسى ھاۋادا پىرقىرىغاندا خۇددى ئەنقا كۆك قەرىنى يېرىپ شۇڭغۇۋاتقاندەك سادا چىقىراتتى. ئۇ مۇداپىئەلىنىش دېگەننى خىيالىغا

كەلتۈرمەيتتى . تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان ئوقلار بەدىنىنى مىخلىۋەتكەن بولسىمۇ پىسەنت قىلمايتتى ، يەنىلا شىردەك ھۆركىرەپ ئاي-پالتا ئوينىتىپ ، تاشگۈلگە يول ئېچىپ بېرىۋاتاتتى . شۇ تاپتا ئۇ ئادەم ئەمەس ، بەلكى غايەت زور بىر تىكەنلىك كومزەككە ئوخشىشىپ قالغان ئىدى ، ئوقلار يەنە داۋاملىق سانجىلماقتا ئىدى .

بۇقامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى سەپىنى بۆسۈشى بىلەن ، تاشگۈل «ئەلۋىدا ، بۇقام ! » دېگىنىچە ئاتنى چاپتۇرۇپ چىقىپ كەتتى . بۇقام ئاۋاز كەلگەن تەرەپكە يۈزلىنىپ ئىككى قولىنى كۆتۈرۈپ « ئەلۋىدا ، تاشگۈلۈم ، ئەلۋىدا ! سىز مەڭگۈلۈك ئۆلمەس قاغانىيە ئانىسى ! » دەپ قالدى . ئۇ تاشگۈلگە ، ئەنجۈر دەرىخىگە ھەم ئورتاق نىشان ئۈچۈن جان تىككەن قوشۇنغا يول ئېچىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن ئۆزىنى ھاياتلىقتىن ئارمانى قال-مىغاندەك خۇشال سېزەتتى . گەرچە كۆزى كۆرمىسىمۇ تاشگۈل كەتكەن تەرەپكىلا قارايتتى . تاشگۈل ئاتنى قامچىلاپ قۇيۇندەك ئىلگىرىلىمەكتە ئىدى .

بۇقامنىڭ قەلبىدە ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ كېتىۋاتقان جەسۇر مومايىنىڭ قامەتلىك گەۋدىسى نامايان بولدى . « ئۇ چوقۇم مەقسەتكە يې-تىدۇ ، — دەپ ئويلىدى ئۇ ، — تاغ يۈرەك قەھرىمان ، يېڭىلمەس باتۇر ، ئالپاغۇت ! » ئۇنىڭ يۈرەك سۆزلىرى ئايپالتىسىغا مۇجەسسەملەندى . ئۇ توختىماي « ئالپاغۇت ! ئالپاغۇت ! »لا دەيتتى ، پۈتۈن قەلب ئىزھارى مۇشۇ بىرلا سۆزگە مۇجەسسەملەنگەن ئىدى . ئۇنىڭ بىر قولىدا ئايپالتا ، بىر قولىدا قىلىچ يالتىرايتتى . ئۇ بىردىنلا ئايپالتىسىنى كۈنپېتىشقا قارىتىپ ئېگىز كۆتۈردى ، پۈتۈن كۈچى بىلەن ئېگىز كۆتۈردى ، بىرنېمە دې-مەكچى بولاتتىيۇ ، ئاغزىدىن چىقىرالمايتتى ، ھالىتى خۇددى چىللاشقا ئۇرۇنۇپ چىلىيالمايۋاتقان چۈجە خورازغا ئوخشىشاتتى . باتۇر شۇنداق قاراپ ، ئۇنىڭ كۆڭۈل ئارزۇسىنى چۈشەنگەندەك : « بۇقامكا ، ئوغلىڭىز شىرمەتنى ئەسلەپ قالدىڭىزمۇ ؟ خاتىرجەم بولۇڭ ، ئۇ سىزنى بېسىپ چۈشىدىغان پالۋان بولىدۇ ! » دېگەن ئىدى ، ئۇ خاتىرجەم بولغاندەك

بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس لىڭشىتتى، ئاندىن بېشىدىن دوپپىسىنى ئېلىپ ئايپالتىسىنىڭ چۇلدىسىغا كىيدۈرگەندىن كېيىن، سېپىنى يەرگە چىك نىقتىغىنىچە جىمىپ كەتتى. دوپپا بىلەن ئايپالتا مۇستەھكەم بىر گەۋدىگە ئايلىنىپ كۈچلۈك قۇياش نۇرىدا زەڭگەر رەڭدە تاۋلىناتتى، ئەتراپىدا سانسىز يۇلتۇزلار جىمىرلايتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى قوشۇلۇپ يىراقتىن خۇددى ھاۋا رەڭ تۇغ ـ ئەلەملەردەك كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ جەۋلانى چەۋەندازلارنى مۇقەددەس كۈرەش ئوچىقىغا چىللايتتى.

# سۈكۈتتىكى دەريا

باش سەركەردە بىلەن باسقاق چوڭ ئېقىننىڭ كۆنچىقىش تەرىپىنى ئىگىلەپ تۇراتتى. ئۇلارغا ھېچقانچە تالاپەت يەتمىگەن بولسىمۇ، روھى سۇنۇقتەك كۆرۈنەتتى. باش سەركەردە تاشگۈلنى تۇتۇپ كەلگۈچىنى ئورۇنباسار باش سەركەردىلىك مەنسىپى بىلەن تارتۇقلايدىغانلىقى توغرۇلۇق ۋەز ئېيتماقتا ئىدى.

تاشگۈلنىڭ ئاجايىپ ماھارەتلىرىدىن خەۋىرى بار لەشكەرلەر ئە-چىدىن بۇ مەنسەپكە قىزىقىدىغانلار چىقتى. جەڭگاھتا ھېچكىمنىڭ قازاغا رىزا بولغۇسى كەلمەيتتى. ئۇلار كاتتا مەنسەپ تەمەسىدە تاشگۈلنىڭ ئار-قىسىدىن ئۆلەر - تىرىلىشىگە باقماي قوغلاشتى. لېكىن، ھەرقانچە قىلسىمۇ يېتىشەلىشىدىن ئۈمىد چوڭ ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە نۇر-غۇن قەلئە - ئايماقلارنى بېسىپ ئۆتۈشكە توغرا كەلگەچكە، زور قان تۆكۈلۈش كېلىپ چىقاتتى. بۇنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن باتۇر ھايات قالغان ئون نەچچە چەۋەندازنى ھەربىكەتلەندۈرۈپ لەشكەرلەرنى تەمەگەرلىكنىڭ بالايىئاپەتلىك يولىدىن توستى. بۇنىڭ بىلەن يەنە بىر قېتىملىق شىددەتلىك جەڭ باشلاندى. تاشگۈل ئارقىسىغا قاراپ، قورشاۋدا قالغان يۈرەك پارىسىغا چىدىمىدى - دە، شۇنچە ئۇزۇنغا بېرىپ بولغىنىغا قارىماي قايتىپ كەلدى. ئۇ يوپۇرۇلۇپ كەلگەن لەشكەرلەردىن بىرقانچىنى سالما تاشلاپ يىقىتقان بولسىمۇ، ئۆششۈك ھەرىلىرىدەك رەقىبلەرگە تەڭ كەلمىكى تەس ئىدى.

— ئانا، سىز نېمىشقا قايتىپ كېلىسىز؟ دەرھال قېچىڭ، — دېدى باتۇر يىغلىغۇدەك بولۇپ، — قان بىلەن دەريا ھاسىل قىلغان ئەنجۈر دە-

رىخنى قۇتۇلدۇرۇپ قالمساق بولمايدۇ !

— خاتىرجەم بولسىلا ، ئوغلۇم ، دۈشمەننى « قىر - چاپ » قىلسىلا ، بولمىسا ئۇلار سىلىنى چاپىدۇ !

تاشگۈل ئىتىنى قامچىلىغىنىچە قورشاۋدىن قۇيۇندەك چىقىپ كەتتى . باتۇر لەشكەرلەر بىلەن ئېلىشىپ ئانىسىنى قوغدىدى . ئۇنىڭ بىر كۆزى ئانىسىدا ئىدى ، ئاتنىڭ تۇيىقىدىن چاچرىغان تاش - شېغىللار ۋىڭىلداپ ئۇچاتتى . تاشگۈلنىڭ قارىسى چاڭ - توزانلار ئارىسىدا بارا - بارا غۇۋالاشتى .

باتۇر بىلەن قاۋۇل تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرۈپ ، تاشگۈلنىڭ كەينىگە ئادەم چۈشۈرمىدى . بىشى يوق چىۋىندەك پىترىغان لەشكەرلەرنى تاشگۈلنىڭ ئات چېپىش ماھارىتىمۇ ھەيران قالدۇرماقتا ئىدى . لەشكەرلەر ئەمدى « ئىشىكىگە كۈچۈك يەتمىسە ، ئۇر توقۇمنى » دېگەندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ باتۇرغا يېپىشۋالدى . باتۇر بوش كەلمەي ئىتىنى چاپتۇرۇپ قورشاۋدىن چىقىپ كەتتى . ئەمما ئۇ ، ئىتىنى چاپتۇرغانچە بېرىپ ، دېگىز بويىدىكى ئۇزاقتىن بۇيان قۇرۇپ ياتقان دەر-ياغا چۈشۈپ قالدى . تەبىئىي قورشاۋ ئۇنى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىۋاتقان يالمان - قىلىچلارنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىتىپ ، قىلىچىدىن ئايرىدى . لەشكەرلەر بۇنىڭدىن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتى ، ئەمما ئۇ ھېچ ئىش بولمىغان-دەك قامچىسىنى ئوينىتىقىنىچە خاتىرجەم تۇراتتى . ئىككى لەشكەر قىلىچلىرىنى ئېگىز كۆتۈرۈشۈپ ئوڭ - سولدىن قىستاپ كېلىشكە ئۇ قامچىسىنىڭ دەستىسىدىكى بىر مونەكنى باش بارمىقى بىلەن شۇنداق مىجىشىغىلا قىلىچ تىغى شارتلا ئېتىلىپ چىقتى . ئۇ چەبدەسلىك بىلەن ئىككى لەشكەرنى چېپىۋەتتى . ئەمما ، بۇنداق قامچىلىق قىلىچ ① يالمان ، قىلىچلار ئالدىدا كارغا كەلمەيتتى . شۇڭا ئۇ ، بىر لەشكەرنىڭ يالمىنىنى تارتىۋېلىپ دەريانىڭ قىرىغا بېرىۋالدى . كۈچتۈڭگۈر بىر دۈشمەن

---

① قامچىلىق قىلىچ — قامچا دەستىسىگە قىلىچ تىغى يوشۇرۇن ئورنىتىلغان ئالاھىدە قىلىچ .

ۋارقىرىغىنىچە كەلگەن ئىدى، قولتۇقىغا يالمىنى تىقىپ ئون قەدەمچە
نېرىغا تاشلىۋەتتى. كۆچتۆڭگۈر دۈشمەن چاقماق تېزلىكىدە قەددىنى
رۇسلاپ، باتۇرغا قارىتىپ ئوق ئۈزمەكچى بولغاندا، باتۇر ئۇنىڭدىن
چاققان كېلىپ ئېتىنى ئىككى تاقلىتىپلا زەرب بىلەن يالمان ئۇردى. ئۇ
قاقۋاشلىق قىلىپ دومىلىۋالغاچقا يالمان يەرگە تېگىپ قويۇق چاڭ -
توزان كۆتۈرۈلدى، ئۇ بولسا يىقىلىپ قوپۇپ قاچتى. چاڭ - توزان بې-
سىققاندا، ئۇنىڭ بىلىكىدىن ئۈزۈلگەن بىر قول، قولنىڭ يېنىدىكى يالمان
تېگىپ ئويۇۋەتكەن كىچىككىنە ئويمانچاق ئىچىدە پارقىراق بىر نەرسە تۇر-
غانلىقى مەلۇم بولدى. باتۇر ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ ھېلىقى پارقىراق
نەرسىنى ئالدى - دە، يەنە ئېتىغا مىنىۋالدى. شۇ ئەسنادا كۆك قەرىدە
غايەت يوغان بىر قۇش پەيدا بولۇپ، ئەتراپنى ئەگىپ باتۇرغا ئانچە يىراق
بولمىغان قىرغا قوندى، ئاندىن بىرنېمىلەرنى تارتقۇشلاشقا باشلىدى. شۇ
تاپتا باتۇرنى قىزىقتۇرغىنى قۇش بولماستىن، قولدىكى پارقىراق نەرسە
ئىدى. باتۇر ئۇنىڭ چۆرىسى ۋە ئارقا تەرىپىگە يېپىشىۋالغان سېغىز
توپىنى قىرىپ ئادالىغان ئىدى، قاشتېشىدا ياسالغان ئالاھىدە بىر قۇتا ئە-
كەنلىكى مەلۇم بولدى. باتۇر قۇتىنىڭ ئەتراپىدىكى نەپىس ئويما
رەسىملەرگە زەن سېلىپ تۇرمايلا ئېچىپ، ئىچىدە قاغانىنىڭ ئە-
پاردا سۇغىرىلغان گۆھەر تامغىسى تۇرغىنىنى كۆرگىنىدە خۇشاللىقتىن
كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. باتۇرنى يېڭى بىر ئىقبال قۇچىقىغا چاقىرماقتا
ئىدى. گۆھەر تامغا قۇياش نۇرىدا چاقناپ، قالدۇق لەشكەرلەرنىڭ
كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇۋەتتى. ئۇلار بىردىنلا ئېسىنى تېپىپ، گۆھەر تام-
غىنى تارتىۋېلىش ئۈچۈن ئۈششۈك ھەرىلىرىدەك ئۆزلىرىنى ئۇرۇپ
كېلىشتى. ھەر ئېھتىمالغا قارشى قالدۇق لەشكەرلەردىن كۆز ئۈزمەي تۇ-
رۇشقان قاۋۇل باشلىق چەۋەندازلار ئۇلارنىڭ يولىنى توسۇشقا ئۇرۇنغاندا،
باتۇر ئىپادە بىلدۈرمىدى، باتۇرنىڭ مەقسىتى گۆھەر تامغىنى تارتتۇرۇپ
قويماسلىق ئىدى. شۇڭا، باتۇر ئېتىنى بولۇشىغا قويۇۋەتتى. تېخىچە نا-
مەلۇم نەرسىنى تارتقۇشلاۋاتقان ھېلىقى قۇشنىڭ بىردىنلا خاتىرجەملىكى

بـۇزۇلـدى . قـۇش باتۇر ۋە ئاتنىڭ پەيلىدىن قاتتىق ئۇركۈگىنىدىن دەمال-لىـىقـقـا ئاسـمـانغا كۆتۈرۈلەلمەي ، قانىتىنى كەرگىنىچە يۇگۇرەيتتى ، ئات قـۇشـنىڭ ئارقىسىدىن تاپىپىسىپ كېلىۋاتاتتى . ئارىلىق بىرقانچە قەدەم قال-غـانـدا قـۇش يـەردىـن « لـەسـىـىـدە » كۆتۈرۈلدى . باتۇرنىڭ كالىلىسىغا چـاقـمـاق تـېـزلـىكىدە بىر ئەقىل كېلىپ ، ئەتىگەن ھەر ئېھتىمالنى ئويلاپ كـېـسـىـپ قويىنىغا سېلىۋالغان بىر غېرىچ ئۇزۇنلۇقتىكى ئىككى تال ئەنجۇر كـۆچـىـتـى بىلەن گۆھەر تامغىنى تېخمۇ بىخەتەر جايلاشتۇردى ، ئاندىن ئاتـنـى قـامـچىلاپ ، ئات بـېـشـى ئېـگىزلىكتە ئۇچۇۋاتقان قۇشقا يېتىشىپ قـانـاتـلـىرى ئاستىغا كىردى ـ دە ، شۇنداق ئۆرلىشىگىلا پۇتىغا ئېسىلىۋال-دى . تـۇيـۇقـسـىـز يـۈز بەرگەن بۇ ئىشتىن غەلىتىلىك ھېس قىلغان قۇش ئېـگـىز ـ پەس ئۇچقان بولسىمۇ باتۇر قولىنى پەقەت قويۇۋەتمىدى ، بەلكى بـارغـانـسـېرى چىڭ تۇتۇۋالدى . ئەمدى قۇش خالىغان تەرەپكە ئۇچماقتا ئىدى ، بارا ـ بارا كۆك قەرىگە سىڭىپ كېتىۋاتاتتى .

— باتۇر ئاكا !... — قاۋۇل بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى . ئۇنىڭغا ئەگـىشىپ باشقا چەۋەندازلارمۇ ئاسمانغا قاراپ چاقىرىشتى . باتۇر قۇشنىڭ ئىككى پۇتىدىن مەھكەم تۇتقىنىچە تـۆۋەنـگـە قـاراپ جـاۋاب قايتۇردى :

— قــاۋۇل ئۇكـام ، مـېـنـى سـاقلاڭلار ، مـەن چـوقـۇم قـايـتـىپ چۈشىمەن !

بـاتـۇر قـۇش بـىـلەن كۆك قەرىگە ئاستا ـ ئاستا سىڭىپ كەتتى ، پـەسـتـىـكىلەر دوپپىلىرىنى تۇتقىنىچە قاراپ قېلىشتى . چەۋەندازلار ئەمدى لـەشـكـەرلـەر بـىلەن تۇتۇشۇپ قالسا پۇتۇنلەي تۇگىشىدىغانلىقىنى ئويلاپ دەرھال قـاچـتـى . ئەمـمـا ، ئۇلار ئۇزاقـقـا بـارمـايلا كـەيـنىگە قاراپ ، باش سـەر كـەردە بـىـلەن باسقاق چوڭنىڭ قالدۇق لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ كې-تـىـۋاتـقـىـنىنى كۆرۈشتى ـ دە ، كۆڭلى تىنىپ ، باتۇرنى ساقلاش ئۇچۇن ئۇزۇلـمـە تـاغ ئالدىدىكى بايىقى جەڭ مەيدانىغا قايتىپ كەلدى . جەسەتلەر سـايـىـنـىـڭ تـېشىدەك ياتاتتى . بەزىلىرىنىڭ قارنى يېرىلغان ، بەزىلىرىنىڭ كـاللىسى تېنىدىن جۇدا قىلىنغان ، يەنە بەزىلىرىنىڭ پۇت ـ قوللىرى يوق

ئىدى . تېخى جېنى چىقمىغانلار يىلاندەك تولغىنىپ ئىگرىشاتتى . قانلار قوشۇلۇپ دەريا ھاسىل قىلغان ئىدى . قاۋۇل باشچىلىقىدىكى چەۋەندازلار بۇقام قاتارلىق ئۆز ئادەملىرىنىڭ جەسەتلىرىنى دەپنە قىلماقچى بولۇۋاتقاندا ، قان ـ قۇشلاردىن كۆگلى ئاينىغان قۇياش قاتتىق بىر سىلكىنىۋىدى ، ئاسمان گۈمبىزى تېشىلىپ ، چېلەكلەپ قۇيغاندەك يامغۇر يېغىپ كەتتى . ھەش ـ پەش دېگۈچە دەھشەتلىك كەلكۈن دەۋرەپ ، چەۋەندازلار ئاران دېگەندە دۆگگە چىقىۋېلىشتى . يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلغاندا ئېقىندا بىرەرمۇ جەسەت ياكى ئالىقانچىلىك قان داغلىرى كۆرۈنمەيتتى . كەلكۈن جەڭ مەيدانىنى تازىلاپ ، ھېچ ئىش بولمىغاندەك تۇسكە كىرگۈزگەن ئىدى . بۇ بىر قانۇنىيەت بولۇپ ، زېمىندا ئىنسان ئاپىرىدە بولغاندىن بۇيان شۇنداق داۋاملىشىپ كېلىۋاتاتتى . نى ـ نى كاتتا قەلئەلەرمۇ ، شىرمەت پالۋانلارمۇ ، باھادىر قاغانلارمۇ بۇنداق پاجىئەدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى .

قاۋۇللار باتۇرنىڭ قايتىپ چۈشۈشىنى كۈتۈشكە باشلىدى . باتۇرنىڭ « چوقۇم قايتىپ چۈشىمەن » دېگەن ۋەدىسى ئۇلارنىڭ قەلبىگە مۆھۈردەك ئورناپ كەتكەن ئىدى . ئۇلار ناھايىتى ئۇزاق كۈتۈشتى ، كۈتۈۋېرىپ سوغۇقمۇ چۈشتى ، ئەمما باتۇر تېخىچە چۈشمەيۋاتاتتى . بۇنداق كۈتۈشتىن جاق تويغان چەۋەندازلار بىردىنلا باسقاق چوگنى ئەسلەپ قالدى ۋە غەزىپى قايناپ تېشىپ ئۇنى يوقىتىش نىيىتىگە كېلىشتى . شۇنداق قىلالىسا خەلققە كېلىدىغان بالا ـ قازا بىر ئۇلۇش ئازىياتتى ياكى تۈگىشىمۇ مۇمكىن ئىدى . ئۇلار شۇ نىيەتتە يۈرۈپ كېتىشتى .

چارباغنىڭ كۆيدۈرۈلۈشى ، ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قۇتلۇقنىڭ قارشى چىقىشى بىلەن ئىچى ئېچىشىپ يۈرىكىگە ئېغىر دەز كەتكەن قاغان ئۆلەر ھالغا چۈشۈپ قالغان ئىدى . لەشكەرلەرنىڭ مەغلۇبىيەت خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن « ئۆلمەك ئۈستىگە تەپمەك » بولۇپ ، بىر يىقىلغانچە ئۆرە بولالماي ھايات بىلەن خوشلاشتى . باسقاق چوڭ ئۇنىڭ ئۆلۈكىگىمۇ ساداقەت كۆرسىتىپ ، پات ـ پات قەبرە بېشىغا بېرىپ تۇرۇۋاتاتتى . بۇ

ئۇچۇرغا ئىگە بولغان قاۋۇل باسقاق چوڭنى ئۇجۇقتۇرۇشنىڭ ئېپىنى كەلتۈرەلمەي، بىر قىشنى ئوچۇق گۆردە ئۆتكۈزدى.

— قۇتلۇق بولغان بولسا بۇنچىلىك ئىشنى ئىسنى چىقارماي جۆندەيتتى، — دېدى بىر چەۋەنداز قاۋۇلغا.

— قۇتلۇقنىڭ ئايالىنىڭ دېيىشىچە، ھېلىقى جەڭدىن بۇيان ئۆلۈك - تىرىكىنىڭ خەۋىرىنى ئالالماپتۇ، — دېدى قاۋۇل ئېغىر تىنىپ، — ئەمما ئايالى، قۇتلۇق ھامان بىر كۈنى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ساقلاۋاتقۇدەك.

— ئۇ بولسىمۇ - بولمىسىمۇ، بۇ ئىشنى يەنىلا ئۆزىمىز قىلغانغا يېتەمدۇ؟ — دېدى يەنە بىر چەۋەنداز.

— توغرا گەپ، قىساسنى باشقا ئادەمگە تاپشۇرماي ئۆزى ئالغان ياخشى!

— مەقسەت ئۇنى ئۆلتۈرۈشلا ئەمەس - تە!

چەۋەندازلار دالىدا شۇنداق پىچىرلىشىپ تۇراتتى، باسقاق چوڭ خوتۇن - بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ چىقىپ كەلدى. باسقاق چوڭنىڭ دىڭگۇسلاپ مېڭىشىدىن بىرلا كۆرگەن ئادەم كۆز يېتىم يەردىلا تونۇۋالايتتى. باسقاق چوڭلار كېلىپ قاغانىنىڭ قەبرىسى ئالدىدا توختاشتى. باسقاق چوڭ يېنىدىكى خوتۇنىنى ئاستانىگە كەلگەندىن كېيىن ئالغان بولۇپ، ئەگەشتۈرۈۋالغىنى شۇ خوتۇندىن تۇغۇلغان ئوغلى ئىدى.

تاقەت قىلالمىغان قاۋۇللار ئوچۇق گۆردىن سەكرەپ چىقىشتى - دە، باسقاق چوڭنىڭ گەجگىسىگە قىلىچ تەڭلىدى. ئۇ ئەجىلى تولغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمەي، قاغانىنىڭ ئەرۋاھى غەزەپ قىلىۋاتامدىكىن دەپ قورققىنىدىن لاغىلداپ تىترەشكە باشلىدى. خوتۇنى بىلەن ئوغلى چەۋەندازلارنى كۆرۈپ قورقۇشقىنىدىن ۋارقىراپ ئىشتىنىغا سىيىپ تاشلىدى. بۇ، كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ۋاقىتتا يۈز بەرگەن ۋەقە ئىدى.

باسقاق چوڭ ئۆزىگە قىلىچ تەڭلەپ تۇرغانلارنىڭ كىملىكىنى بىلگەندىن كېيىن، قۇۋلۇق بىلەن گەپ يورغىلاتتى:

— ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەنلىكىم ئۈچۈن كىشىلەر ئارى-سىدا مەن توغرۇلۇق ئۆسەك سۆز، پىتنە - پاساتلار تارقىلىپ يۈرۈپتۇ. بايىۋەچچىگە كەلسەك، ئۇ مېنىڭ نەسىھىتىمگە قۇلاق سالماي، ئاغرىقلارنى ئەملەش بىلەنلا بولۇپ كەتتى. نەتىجىدە ئۆزىگە ئاغرىق يۇقتۇرۇۋېلىپ قازا قىلدى. شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئوردىدا پايپېتەك بولۇپ قانچىلىك بەدەل تۆلىگىنىمنى بىلەمسىلەر؟ بايىۋەچچىنى قاغان ئالدىدا ماختاپ، ئۈچۈرۈپ ئوردا ئەمچىسى قىلغىنىممۇ يالغانمۇ؟

— بېشىڭدا ھەقىقەتنىڭ قىلىچى ئويناۋاتسىمۇ ھوشۇڭنى تاپماي، يەنە مۇغەمبەرلىك قىلىشقا پېتىنىۋاتىسەنغۇ !؟

— ئۇنداق قىلما، بالام، مېنىڭ ئۆز خەلقىمگە قىلغان ياخشىلىقلى-رىم ئازمۇ؟

— نېمە دېدىڭ؟ سەن خەلقنىڭ چوڭى — ۋەكىلى تۇرۇپ خەلق مەنپەئىتى تەرەپتە تۇرمىدىڭ! قاغانغا ۋەدە بېرىپ، ئۈچ ئەمەلنى ئېلىۋېلىپ، بىزگە ئاز جاپالارنى سالدىڭمۇ؟

— لەشكەرلەر ئەنجۈر دەرىخىنى چاپقۇن قىلغاندا يۇرت خەلقىمگە يالىمان، قىلىچ دېگەندەك كېرەكلىك قورالارنى تارقىتىپ بەردىم، بۇمۇ يالغانمۇ؟

— سەن ئەنجۈر دەرىخىنى قاغانغا دو تۇتقۇزۇپ، ئەسلىدىلا تىپ-تىنچ بىر يۇرتقا بالايىئاپەت ياغدۇردۇڭ، يەنە تېخى يالمان، قىلىچ بەردىم دەپ گۇناھنى خەلققە ئارتىپ قويۇپ، ئۆزۈڭنى تۇخۇمدىن ئاق، سېغىز-خاندىن ساق قىلىۋالماقچىمۇ؟ سەن دەۋاتقان گەپلەر قاغاننىڭ ئۆزىنى ئۆزىگە بابلىتىش ھىيلىسىدۇر ...

قاۋۇل قىلىچنى ئۇرماقچى بولغاندا باسقاق چوڭ ئەڭ قىممەتلىك ئىككى ئېغىز گېپى بارلىقنى ئېيتىپ توختىتىۋالدى:

— سىلەرگە ۋە بالىلىرىڭلارغا، بالىلىرىڭلارنىڭ بالىلىرىغا قالدۇرۇپ كېتىدىغان ئىككى جۈملە ھېكمەتلىك سۆزۈم بار.

— گەپ يورغىلاتماي تېز ئېيت!

— پۇقرالىق، نامراتلىق ئىمتىھانىدىن ئۆتمەك ئوڭاي ئىكەن. بىراق بايلىق، ئەمەلدارلىق سۇپىسىدىكى ئىمتىھاندىن ئۆتمەك تولىمۇ مۇشكۇل ئىكەن.

— مەنپەئەتنى ئەمەلدارلىقنىڭ ئۇستىگە دەسسەتمىگەنلەر بۇنىڭ سىرتىدا!

قاۋۇل كەسكىن تۇردە شۇنداق دېدى ـ دە، قىلىچنى چاپتى. باسقاق چوڭ قاتتىق ۋارقىرىشى بىلەن تەڭ، قاراپ تۇرغانلارنىڭ كۆزىگە ئۇنىڭ ئاغزىدىن مورا قۇيۇنىدەك بىر قۇش ئۇچۇپ چىقىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى، كاللىسى تۆت قەدەم نېرىغا قاڭقىدى، تېنى بىر تەرەپكە «گۇلۇپپىدە» چۈشتى. ئوغلى بىلەن خوتۇنى قورققىنىدىن ۋارقىراپ ئۆزلىرىنى يەرگە ئېتىشتى.

قەبرىستانلىق ئوردىغا يىراق ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئەتراپتا لەشكەرلەر ئىختىيارىي مېڭىپ يۈرۈشەتتى. ۋارقىرىغان ئاۋاز ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا يېتىش بىلەن، دەسلەپ يېقىندىكى لەشكەرلەر، ئاندىن ئوردا لەشكەرلىرى تەرەپ ـ تەرەپتىن ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىلەردەك يېتىپ كېلىشتى، قەبرىستانلىقتا بىر قەپەس كەسكىن جەڭ بولۇپ، ئۈچ چەۋەنداز باتۇرلۇق كۆرسىتىپ جانلىرىدىن ئايرىلىشتى. زەھەرلىك ئوق تەگكەن قاۋۇل قورشاۋنى بۆسۈپ قاچتى. ئارقىسىدىن قوغلىغان لەشكەرلەرنى ئېزىقتۇرۇۋېتىپ، قۇرۇق دەرياغا كەلدى ـ دە، باتۇر قۇشنىڭ پۇتىغا ئېسىلىپ ئاسمانغا چىقىپ كەتكەن جايدا ئۇنىڭ قايتىپ چۈشۈشىنى كۈتۈشكە باشلىدى.

قاۋۇلنىڭ كۆككە تەلمۈرگىنىچە قانچە كۈن، قانچە ئاي، قانچە يىل سۈكۈتتە تۇرغىنىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيتتى. ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇ قۇرۇق دەريانىڭ بىر قىسمىغا ئايلىنىپ كەتكىنى راست ئىدى. روشەنكى، دەريا ئاسمانغا قارىغىنىچە ئېڭىكىنى ئېسىپ تۇرغىنى تۇرغان ئىدى. سۇغا پەۋەس دېڭىزغا ياندىش بۇ دەريا ئاشۇ تۇرقى قاغجىرىغان قىنىنى بىر قاندۇرۇۋېلىش ئۈچۈن قاتتىق يامغۇر يېغىپ ھاسىل بولىدىغان كەلكۈننى تەشنا تۆت كۆزى بىلەن كۈتۈۋاتقاندەك ئىدى.

# « قۇرۇماس دەرەخ »

تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتكەن جەسەتلەرنى يامغۇر هاسىل قىلغان كەلكۈن پاك ـ پاكىز تازىلىۋەتتى ، بەلكىم بۇ جەسەتلەر ئۇلۇغ سۇدا ئېقىپ بېرىپ ، ئىلگىرىكى تالاي قېتىملىق ئاپەتلەردە قازا تاپقان قېرىنداش ، يۇرتداش ، ئاي يۈزلۈك نازىنىن قىزلار ۋە تاغ يۈرەك باتۇر پالۋانلارنىڭ تەنلىرىگە قوشۇلۇپ كەتكەندۇ ؛ گۆش ـ ياغلىرى ئېرىپ تۇپراققا سىڭىپ چوڭقۇر يەر قاتلىمىدا غايەت زور « يەر يېغى » كۆللىرىنى هاسىل قىلغاندۇ ! بىراق ، ئۇلارنىڭ ئۇستىخانلىرىنى يەر يەپ تۈگىتىۋېتەلمىدى . يەرنىڭ چوڭقۇر قاتلاملىرىدىكى سۆڭەكلەردە هاياتلىق پەيدا بولدى ، سۆڭەكلەر بىخ سۈردى ، بىخلار ئاستا ـ ئاستا چوڭىيىپ يورۇق دۇنياغا كۆز ئاچتى ـ دە ، دېڭىز ـ كۆل ۋە دەريا قىرغاقلىرىدا ، چەكسىز قۇملۇق قوينىدا سانسىز يۇلغۇنلارغا ئايلاندى . مانا بۇ بىر هاياتلىقنىڭ ئىككىنچى بىر هاياتلىق بولۇپ يارىلىشى ئىدى .

يۇلغۇنلار ئادەمنىڭ ئۇستىخانلىرىدىن ئۈنۈپ چىققان ئۆسۈملۈك بولغاچقىمۇ تېنى بىلەن چېچەكلىرى قاندىن رەڭ ئالغان . دېمەك ، بۇ ئەسلىي نەسلىگە تارتقانلىق بولۇپ ، قاندەك تۇرقى هەر ۋاقىت ئەجدادلارنىڭ قىسمەتلىرىنى ئەسكە سېلىپ تۇراتتى . ئۇنىڭدىن قان هىدى كېلىپ تۇرۇشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى . ئەزەلدىن قاننى كۆرسە بېشى ئاغرىيدىغان قۇياشنىڭ بۇ يېڭى هاياتلىق بىلەن چىقىشمىقى تەسكە چۈشتى . كونا باش ئاغرىقى قوزغالغان قۇياش يۇلغۇنلارنى يەر يۈزىدىن يوق قىلىۋېتىش ئۈچۈن دەهشەتلىك بورانىنى ئەۋەتتى . بۇ هالدا يۇلغۇنلارغا بىرەر دالدا ياكى يۆلەنچۈك كېرەك ئىدى . ئەمما ، يۇلغۇنلار

بۇنىڭسىزمۇ دەشتۇچۆلدىن ھېچ ياققا ئۇچۇپ كەتمىدى، ئۇرۇقلىرىنىمۇ زايە ئەتمىدى. يۇلغۇنلارنىڭ شۇنچە دەھشەتلىك بوراندىمۇ ھېچبىر خېيىمخەتەرگە يولۇقمىغانلىقىنى كۆرگەن قۇياش ئەمدى قۇم ياغدۇردى. قۇملارنىڭ ئەلپازى بەك يامان بولۇپ، يۇلغۇنلارنى پۈتۈنلەي ئۆز قوينىغا غەرق قىلىۋەتمەكچى بولۇشتى. لېكىن، قۇم باسقانسېرى يۇلغۇنلار بوي بەرمەي ئۆسۈۋەردى، قۇممۇ توختىماي بېسىۋەردى. قۇم قانچىلىك باسسا يۇلغۇنلار ھەسسىلەپ ئۆسەتتى. قەيەردە يۇلغۇن بولسا قۇملار شىرىلداپ ئېقىپ كېلىپ كۆمۈۋېتىشكە ئۇرۇناتتى، ئەمما يۇلغۇننىڭ «قۇم تېغى» ئۈستىدە مەغرۇر قەد كېرىپ تۇرىدىغانلىقىنى خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى. قۇملار توختىماي كۆمەتتى، يۇلغۇنلار قەيسەرلىك بىلەن ئۆسەتتى، ئاخىر چۆل قوينىدا سانسىز قۇم خامانلىرى ھاسىل بولاتتى، يۇلغۇنلار «بۆلە»، «چەش»لەر ئۈستىدە مەغرۇر كۈلۈپ تۇراتتى.

كۆپلىگەن تەدبىرلىرى بىلەنمۇ مەقسىتىگە يېتەلمىگەن قۇياش ئەمدىلىكتە چۆلنى ئوتتەك قىزىتىپ يۇلغۇنلارنى قۇرۇتۇۋېتىش نىيىتىگە كەلگەن ئىدى. لېكىن، يۇلغۇنلار قەتئىي بەرداشلىق بېرىپ ياشاۋېرەتتى، ياز ئۆتۈپ، يەر - جاھان سوغۇقتىن تاشتەك قاتقاندىمۇ يۇلغۇنلار پىسەنت قىلمايتتى، بەلكى تېنى ھەر خىل مۇھىتتا تاۋلىنىپ، باھار كېلىشى ھامان ھەممىدىن بۇرۇن ئويغىناتتى. پىژقىرىم ئىسسىقتا چېچەكلەپ ئۇرۇقىنى چەكسىز ھاياتىي كۈچكە ئىگە قىلىپ پىشۇراتتى - دە، ئۆزىگە «ئۆچ» بوراننىڭ ياردىمىدە جاھاننىڭ ھەممە يېرىگە چاچاتتى. ئۇرۇقلار بارغانلا يېرىدە بىخ سۈرۈپ يېڭى يۇلغۇنغا ئايلىناتتى، قۇم - بورانلارنى مەردانە كۆكسى بىلەن توسۇپ چۆلنى بوستانلىققا تۇتاشتۇراتتى.

يۇلغۇنلارنىڭ ھەممە يەرنى قاپلاپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن قۇياش كىشىلەرنىڭ دىلىغا ئوتۇن ۋەسۋەسىنى سالدى. يۇلغۇنلارنىڭ ئەسلىي زاتى لەشكەر ۋە چەۋەندازلارنىڭ سۆڭەكلىرى بولغاچقا، تېنى تاشتىنمۇ قاتتىق، ئەمما پاتاگدەك ئەۋرىشىم ئىدى. بىپايان چۆللۈكتىكى يۇلغۇنلار ئىگىسىز ئىكەنلىكى، ئۇنىڭ ئۈستىگە تەييار ماتېرىياللىقى بىلەن ئاچ

كۆزلەرنىڭ كۆزلىرىنى پارقىرىتتۇەتتى . رەھىمسىز ئادەملەر تاغ باغرىدىكى چۆللۈككە خۇددى كەلكۈندەك ئېقىپ، يۇلغۇنلارنى كولاپ ئەكېلىپ ئوتۇن قىلىشتى، ئۇستىلار نوتا ۋە شاخلىرىنى يىرىپ - چاناپ، سېۋەت - باداڭ، چويلا - زەمبىل توقۇشتى، ئارا ۋە جازا قورالّلىرىنى ياساشتى. كۆتەكلىرىدە پاختا - يۇڭ ئاتىدىغان مۇشتەك ئەتتى. چېچەكلىرىنى خالىغانچە سىرىپ ئېلىپ بوياقچىلىقلىرىغا ئىشلەتتى. بۇنىڭدىن ھاسىل بولغان رەڭ ئۆزگىمەيتتى. بۇنىڭ بىلەن بوستانلىقلار چۆللەشتىيۇ، يۇلغۇنلار تۈپ يىلتىزىدىن تۈگەپ كەتمىدى، بەلكى يەنە نەسلىنى كۆپەيتىپ، مەردانىلەرچە ياشناۋەردى. شۇغىنىسى، بوران چىققاندا، مۇشتەكنى زەيگە ئۇرغاندا تارايدىغان بىر خىل مۇڭ ئادەمنىڭ يۈرىكىنى ئېزىپ، ۋۇجۇدىغا يىغا ئولاشتۇراتتى. يۇلغۇنلار تالاي ئەسىرلەردىن بېرى ئۆز كۈشەندىلىرى بىلەن مانا شۇنداق ئېلىشىپ كېلىۋاتاتتى. بۇنداق تىركىشىش يەنە قانچىلىك داۋاملىشىدۇ؟ بۇ سوئال ھەرقانداق ئەقىل ئىگىسىنى چوڭقۇر ئويلاندۇراتتى.

تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى ئېلىپ كېتىۋېتىپ، قاغان باش سەركەردە بىلەن باسقاق چوڭدىن سىر تۇتۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويغان بۆكتۈرمىنى سېزىپ قالدى - دە، دەرھال يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىپ ئۇلۇغ تەرەپتىكى جىلغىغا كىرىپ كەتتى. بۇنى بىلىۋالغان بۆكتۈرمە لەشكەرلىرى تاشگۈلنىڭ كەينىدىن ئات سالدى. جىلغا ئىچىدە يول يوق بولۇپ، تاشگۈل يامغۇر سۇلىرى يالاپ ھاسىل قىلغان پەلەمپەي شەكىللىك ئېقىن يولى بىلەن ئىلگىرىلەۋاتاتتى، بۇنداق جايدا ئات ماڭالمايتتى. شۇڭا، ئەنجۈر دەرىخىنى قولتۇقىغا قىسىپلا تاغقا چىقىۋالدى. قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرمۇ بۇنى سېزىۋېلىپ، تەرەپ - تەرەپتىن تاغقا ياماشتى ۋە تاشگۈلنى بىر چەتكە قىستاشقا باشلىدى. تاشگۈل ئاخىرىچە تىك تاغنىڭ قىرىغا كېلىپ قالغاچقا، چۈشىدىغان يەر ئىزدەپ ئۇيان - بۇيان پىرقىرايتتى. قەيەرگىلا قارىسا، تاغنىڭ ھەممىلا يېرى 4 — 5 سۇۋادان تېرەك بويى چوڭقۇر تىك يار ئىدى. تاشگۈل

يەنە ئازراقلا تۇرۇپ قالسا لەشكەرلەر تۇتۇۋېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى. ئىش بۇ دەرىجىگە يەتكەندە، تاشگۈل ئىلگىرى كۆپ مەشىق قىلغان تىك تاغدىن سەكرەش ماھارىتىنى ئىشقا ئالدى ـ دە، ئىككىلەنمەي تۇرمايلا ئاۋۋال ئەنجۈر دەرىخىنى تاشلاپ، ئارقىدىن ئۆزى سەكرىدى. ئىز بېسىپ كەلگەن لەشكەرلەر ئاغزىنى ئېچىپ قاراپ قېلىشتى.

تاشگۈلنىڭ ئوقتەك چۈشۈپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرگەن لەشكەرلەردىن بىرى: «ھەي ئىست، بۇ خوتۇن ئەمدى كۇكۇم ـ تالقان بولۇپ كەتمىسە ھېساب ئەمەس!» دەۋاتاتتى. تاشگۈل ئويلىمىغان يەردىن بىرلا موللاق ئېتىپ سۇرئەتنى ئاستىلىتىش نۇقتىسى ھاسىل قىلدى. بويۇنداپ تۇرۇشقان لەشكەرلەر تاشگۈلنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدىكى ئاجايىپ كارامىتىدىن ھەيران بولۇپ تامغاقلىرىنى چىكىلدىتىشتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىرى: «بۇ، ئادەم سۈرەتلىك جىنمۇ ـ نېمە؟» دېيىشتى. لەشكەرلەر «سىرىك ئويۇنى»نىڭ لەززىتىدىن ئېسىنى تاپقۇچە، تېز چۈشۈپ كېتىۋاتقان تاشگۈل يەرگە 3 ـــ 4 غۇلاچ قالغىنىنى سېزىپ، يەنە بىر موللاق ئېتىپلا، شىغىللىق ئۆستەڭگە خۇددى پارچە تامدىن سەكرىگەندەكلا يېنىك دەسسىۋالدى، ئاندىن ئۆزىنى ئوڭلاپ، تۆت قەدەم نېرىدىكى ئەنجۈر دەرىخىنى ئالدى ـ دە، ئىسقىرتتى. شۇئان ئېتى قاياقتىندۇر تاراقلاپ يېتىپ كەلدى. تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى قولتۇقىغا قىسقىنىچە سەكرەپلا مىنىپ، بايا جىلغىغا قانداق كىرگەن بولسا شۇنداق چىقىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى. لەشكەرلەر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يەنە قوغلاشنىڭ بىكار ئاۋارىچىلىك ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىشتى.

ئەنجۈر دەرىخىنى بىخەتەر ئېلىپ كەلگەن تاشگۈل قاش قارايغاندا يۇرت تەۋەسىدە پەيدا بولدى. پايلاقچىلار تاشگۈلنىڭ دېرىكىنى يۇرت چوڭى (باسقاق چوڭنىڭ ئوغلى)غا يەتكۈزۈشتى، دادىسىنىڭ قىساس ئوتى ۋە يەنە چوڭراق بىرەر مەنسەپ تەمەسىدە كۆيۈپ كۆل بولاي دېگەن چوڭغا بۇ ياخشى پۇرسەت ئىدى. شۇڭا ئۇ، تاشگۈلنى تۇتۇشقا دەرھال لەشكەر چىقاردى. يەرنىڭ ئاستىدا يىلان كۆشەۋاتقىنىنى بىلەلەيدىغان

تاشگۈل ئۇنىڭ شۇم نىيىتىنى سېزىپ ئۈلگۈرۈپ ، لەشكەرلەر قوزغىلىشتىن بۇرۇن بارار جايىنى تېپىپ بولغان ئىدى . شۇنداقتىمۇ خېلى ۋاقىتتىن بۇيان چوڭ ئانىسىنىڭ دېرىكىنى ئالالماي تىت ـ تىتچىلىقتا تۇرغان ئاتتىلا خەلقىنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ ، سۆيىدە ئېقىپ يۈرۈۋاتقان تاشگۈلگە ھەمدەم بولۇش ئۈچۈن يۈرۈپ كەتتى .

ئاتتىلا 18 ياشلىق يىگىت بولۇپ ، باتۇرنىڭ ئوتتۇرانچى ئوغلى ئىدى . ئۇ ھامىلە چېغىدىلا ئانىسىنىڭ قورسىقىنى تېپىپ يىغلىغان ، تۇغۇلۇپلا يېرىم توقاچ يېگەن ، ئالتە ئايلىق بولغاندا ئايىغى چىققان ، باشقىلارنىڭ قولىدىكى ئوقيانى تارتىۋېلىپ ، مەيدىسىگە مەھكەم تاڭغىنىچە دۈم يېتىۋالغان خاسىيەتلىك بالا ئىدى . شۇڭا ، تاشگۈل : « بۇ بىزگە ئاتا بولۇپ تۇغۇلغاندەك قىلىدۇ » دەپ ، ئۇنىڭغا « ئاتا » دېگەن ئىسمنى قويغان ئىدى . قوۋم ـ قېرىنداشلىرىمۇ تاشگۈلنىڭ پىكرىنى توغرا تېپىپ ، « ئاتا »نى « ئاتتىلا » دەپ چاقىرىشتى . كېيىن بۇ بۇيۈك ئىسىم ئاۋام خەلق ئىچىدە ئومۇملاشتى . تاشگۈل ئۇنىڭغا ئۆز ۋۇجۇدىدا بولغان پۈتكۈل ماھارەتلىرىنى پىششىق ئۆگەتكەندىن سىرت ، ئىستېداتلىق سانغۇنلاردىن ئۇستاز تەكلىپ قىلىپ كامىل جەڭ ئىلىملىرىنىمۇ ئۆگىتىپ ، باتۇردىن ئېشىپ چۈشىدىغان پالۋانغا ئايلاندۇرغان ئىدى . ئەمما ، تاشگۈل ئاۋام خەلقنىڭ ئۈمىد نەزىرى چۈشكەن بۇ ئاتا سۆيەت ئەۋلادنى كۈتۈلمىگەن زىيان ـ زەخمەتكە ئۇچراپ قالمىسۇن دەپ ئەنجۈر دەرىخى ماجىراسىغا قاتناشتۇرمىغان ئىدى .

ئاتتىلانىڭ ئېتىنىڭ تۇيىقى ئاستىدىن چاچرىغان تاشلار خۇددى ئاسمان پلانېتىلىرىنىڭ پارچىلىرىدەك زەرب بىلەن چۈشۈپ تۇن جىملىقىنى بۇزاتتى . ئاتتىلا چوڭ ئانىسى تاشگۈلنىڭ ھەممە ماھارەتلىرىنى تولۇق بىلگەچكە ، ئۇنى تېپىشنى ئانچە مۈشكۈل ھېسابلىمايتتى . يامان يېرى تۇن كېچىدە چاقىرىشقا بولمايدىغانلىقى ئىدى . ئاتتىلا پەقەت تاڭ شەپىقى ئۈپۈقنى سۆيگەن مەھەلدە تاشگۈلنى كۆردى . تاشگۈلمۇ ئاتتىلانى يىراقتىنلا تونۇۋالدى . ئىككىيلەن جەم بولغاندىكى تەسىرلىك كۆرۈنۈشنى

تەسۋىرلەشكە ھەرقانداق ماھىر قەلەممۇ ئاجىزلىق قىلاتتى .

— چوڭ ئانا ، مۇنداق قىچىپ يۈرۈش ياخشى چارە ئەمەس . مالال كۆرمەي ئاۋۇ تاغنىڭ ئۈستىگە چىقىپ تۇرغان بولسىلا ، ئۇلارغا كارامەتىمىنى بىر كۆرسىتىپ قوياي دەيمەن ، — ئاتتىلا تاشگۈلگە يالۋۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئېيتتى .

— ئوغلۇم ، سىلىدىكى يەنە بىر قالتىس تەرەپ — ياۋا ئادەمگە ئوخشىشىپ كېتىدىغان مۇشۇ چىرايلىرى بىلەن كامالەتكە يەتكەن جەڭ ماھارەتلىرىنىڭ ئۆزئارا ماسلاشقانلىقى .

— توغرا ، مەن بۇنىڭدىن پەخىر ھېس قىلىمەن .

— سۈرلۈك چىرايمۇ پالۋانلىق دەرىجىسىنى ئاشۇرىدىغان ، رەقىبلەردە ۋەھىمە پەيدا قىلىپ ، روھىيىتىنى ساراسىمىگە سالىدىغان مۇھىم ئامىل . شۇڭا ، ئۇلار ئۈستىدىن غالىب كېلىشلىرىگە گەپ كەتمەيدۇ . بىراق ، قانلىق توقۇنۇش بىلەن مۇددىئاغا يېتىشكە ئۇرۇنۇشمۇ ئاقىلانىلىك ئەمەس . نېمىلا دېگەنبىلەن ھەممىمىز قوۋم - قېرىنداش ، ئۆزئارا قىرغىنچىلىق قىلىۋەرسەك « قوچقار سوقۇشسا بۆرىگە پايدا » دېگەندەك ئىش بولىدۇ . سانىمىز ، كۈچىمىز ئازلاپ كېتىدۇ . بۇنداق ئارازچىلىق چوڭلار بىلەنلا تۈگىسۇن ، ئۇنى ئەۋلادلارغىچە سۆرەشكە قەتئىي بولمايدۇ . يەنىلا ئەقىل ئىشلىتىپ ، ئەپچىل چارە تېپىش لازىمدۇر .

— ئۇلارنىڭ سىلىدەك ياشنىپ قالغان بىر ئايالغا قىلغانلىرىنى ئويلىسام ...

— ئۇلار يەنىلا خەلقىمىزگە ۋەكىللىك قىلالمايدۇ . ئومۇمىيەتنى كۆزدە تۇتماق مەڭگۈلۈك غالىبلىقنىڭ ئاساسى .

— ئۇنداقتا مەن سىلىگە نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ ؟

— مۇشۇ ئەنجۈر دەرىخىنى ئەۋلاد ، ئەۋلاد ... ئەۋلادلارغىچە يەتكۈزۈش ھەممىنى بېسىپ چۈشىدىغان مۇقەددەس ئىش . سىلى بۇ ئارزۇيۇمغا يەتكۈزگەن بولسىلا شۇ چاغدا مەن سىلىدىن ئىككىلى ئالەمدە رازى بولىمەن .

تاشگۈلنىڭ ۋەزنى ئالەم بىلەن تەڭ كېلىدىغان بۇ سۆزلىرى ئاتتىلانى ئويلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ، چاقماق تېزلىكىدە بىر ئەپچىل چارىنى تاپتى - دە، كۆڭلى «ۋاللىدە» يورۇپ كەتتى.

— قوغلىغۇچى لەشكەرلەر ئارقىمىزدىكى تاغدىن ئۆتسىلا بىزنى تېپىۋالىدۇ، — دېدى ئاندىن تاشگۈلگە.

— ئۇلار سىلىنىڭ مەن بىلەن بىللە ئىكەنلىكلىرىنى بىلەمدۇ؟

— ياق.

— بۇ بەك ياخشى ئىش بولدى. ئۇلار مېنىلا كۆرسۇن، يېنىمدا سىلىدەك بىر ئوغلاننىڭ بارلىقىنى بىلمىسۇن. شۇندىلا بىز ئويلىغاندەك ئىشلار يۈز بېرىدۇ.

تاشگۈل ئەنجۈر دەرىخىنى ئاتتىلاغا سۇنۇپ بەردى، ئاتتىلا ئۇنى ئاۋايلاپ تېقىمىغا باسۇرۇۋالدى. تاشگۈل تالاي باتۇر - ئەزىمەتلەرنىڭ قېنى بىلەن سۇغىرىلىپ، قۇرۇماستىن ھەقىقىي مەۋجۇتلۇقىنى نامايان قىلىپ كېلىۋاتقان بۇ خاسىيەتلىك دەرەخنىڭ كۆتىكىنى ئاخىرقى قېتىم سىلىۋالدى. تاشگۈل شۇ تاپتا ئەجدادلارنىڭ تەن سىيماسى، ۋۇجۇدى بىلەن يۇغۇرۇلغان بۇ دەرەخنى قولدىن چىقىرىۋېتىشكە قىيمايۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىككىيلەن شۇ تەرىقىدە ئاتنى تەڭ چاپتۇرۇپ، خېلى ئۇزاق بىللە ماڭدى. ئايرىلىدىغان چاغدا ئىككى جۈپ نۇرلۇق كۆز ئۆزئارا تىكىلىپ بىرھازا تۇرۇشتى. ئۇلار گەرچە گەپ قىلمىسىمۇ ئىشەنچ بىلەن تولغان كۆزلەر ھەممىنى ئىپتىماقتا ئىدى. ئەنجۈر دەرىخى بىر خىل ئۆملۈك مۇجەسسەملەنگەن ئاجايىپ كۈچ - قۇدرەتنى نامايان قىلىۋاتاتتى.

تاشگۈل شۇ تاپتا ھاياتىدىن ئۈستۈن تۇرىدىغان ئەنجۈر دەرىخىنى تۇغۇلغاندىلا قەلبىگە ئىشەنچ ئۇرۇقى چاچقان ئاتا سۈپەت نەۋرىسىگە ئۆتكۈزۈپ بەرگەنلىكىدىن تولىمۇ خاتىرجەم ئىدى. چۈنكى، تاشگۈل ئاتتىلانى مۇشۇنداق ئۇلۇغۋار مەقسەت ئۈچۈن تەربىيىلىگەن ئىدى. تاشگۈل پۈتۈن ۋۇجۇدىدىن كۈلگەن ئىدى، كۈلكە ساداسى تاغلارنى لەرزىگە سېلىپ جاراڭلىتىۋەتتى، ئاندىن ئۇ ئايرىلىشقا قىيماي تۇتۇۋالغان ئەنجۈر

دەرىخىنىڭ كۆتىكىنى ئاستا ـ ئاستا قويۇۋېتىپ ئاتتىلاغا ئالەمچە ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى :

ــــ ئاتتىلا ، بىز دېمەك ئەنجۈر ، ئەنجۈر دېمەك بىز ! بۇنى ئەسلىرىدە چىڭ تۇتسىلا ، ئۇ كېيىن ھەممىنى سۆزلەپ بېرىدۇ ، ئۇنىڭغا بىزنىڭ تامام قىسمەتلىرىمىز پۈتۈلگەن ، باتۇر ئەجداد ، شىرمەت پالۋانلارنىڭ سىيماسى سىزىلغان . شۇڭا ، بۇ ئەنجۈر دەرىخىنى ئەۋلادلارغىچە يەتكۈزۈشكە كاپالەتلىك قىلسىلا !

تاشگۈلنىڭ ئاخىرقى خىتابى ئاتتىلانىڭ ۋۇجۇدىغىلا ئەمەس ، بەلكى پۈتۈن زېمىن ، تاغۇتاشلارنىڭ قات ـ قېتىغا سىڭىپ كەتتى. ئۆز ۋاقتىدا پالۋانمۇ خىتاب قىلىپ : « تاشگۈل ، بۇ خاسىيەتلىك ئەنجۈر دەرىخىنى چوقۇم ئەكەت ، چوقۇم ، چوقۇم ... » دېگەن ئىدى . ئەمدىلىكتە تاشگۈل ئاتتىلاغا جېكىلەۋاتاتتى . ئاتتىلا كىمگە جېكىلەيدۇ ؟ ياق ، ئاتتىلانىڭ بۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۆز ئۈستىگە ئالىدىغانلىقىدا شەك ـ شۈبھە يوق ئىدى . چۈنكى ، ئاتتىلا ئەجدادلىرىنىڭ ھاياتلىق ئىزنالىرىنىڭ مۇشۇ ئەنجۈر دەرىخىگە مۇجەسسەملەنگەنلىكىنى ، ئۇنىڭ شېخىدىكىسى ئادەتتىكى مېۋە ئەمەس ، بەلكى قاتار ـ قاتار تىزىلغان ئەجدادلارنىڭ مېھنىتى ئىكەنلىكىنى ، شۇڭا بۇنداق شارايىتنىڭ باشقا ھېچبىر ئىقلىمغا نېسىپ بولمىغانلىقىنى چۈشىنىپ يەتكەن ئىدى .

ئەمدى ئۇلار ئوتتۇرىسىدا تارتىشىپ تۇرۇۋەرگۈدەك ئىش قالمىغان بولۇپ ، ۋاقىت سوزۇلسا قوغلىغۇچى لەشكەرلەر كېلىپ قورشىۋېلىشى مۇمكىن ئىدى . ئاتتىلا ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ ئەتراپىنى كۆزەتكەندىن كېيىن بىر تاغنىڭ يانباغرىغا ئۆتۈۋالدى . تاشگۈل ئاتتىلادىن ئايرىلىپ 50 قەدەمچە ماڭا ـ ماڭمايلا يەرگە ئېگىشىپ بىر تۈپ سۆكسۆكنى يۇلۇۋالدى ـ دە ، ئېتىنى ھۇقۇيتقىنىچە بۇركۈتتەك ئۇچۇپ جىلغىغا كىرىپ كەتتى .

لەشكەرلەر ئالدىنى توسۇپ تۇرغان تاغدىن چىققاندا تاشگۈل بوراندەك كېتىۋاتاتتى . ئارىلىقتا خېلى ئۇزۇن مۇساپە بار ئىدى .

شۇنداقتىمۇ ئۇلار يالمان ـ نەيزىلىرىنى كۆتۈرۈشكىنىچە ئاتلىرىنى ھەدەپ
قامچىلاپ جان ـ جەھل بىلەن قوغلاشقا باشلىدى .

تاشگۇل يەنە بىر كېچە ـ كۈندۈز ماڭغاندىن كېيىن ، كۈن بىلەن
تەڭ تاغنىڭ غەربىي جەنۇبىدىكى دېڭىز ساھىلىغا يېتىپ كەلدى . ئەمدى
قېچىۋېرىشنىڭ يولى قالمىغان ئىدى . تاشگۇل توختاش نىيىتىگە كەلگەن
بولسىمۇ ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان لەشكەرلەرنىڭ چۇقان ـ سۈ-
رەنلىرى ئاڭلىنىش بىلەن ئويلىنىپ قالدى . شۇئان كۆڭلىگە بىر چارە
كەلگەن تاشگۇل ئېتىدىن چۈشتى ـ دە ، بىر تۈپ سۆكسۆككە چاپىنىنى
كىيدۈرۈپ قارانچۇق ياسىدى . يىراقتىن قارىسا قارانچۇق راستىنلا ئادەمگە
ئوخشايتتى . تاشگۇل قارانچۇقنى ئات ئۈستىگە مەھكەم جايلاشتۇرغاندىن
كېيىن ، ئاتنىڭ قۇيرۇقى ئاستىغا يانتاق قىستۇرۇپ قويۇۋەتتى . ئەزەلدىن
مۇنداق ئىشقا يولۇقمىغان ئات كەينى ئىككى پۇتىنى ھەدەپ ئېتىپ چې-
چاڭلىغىنىچە قۇيۇندەك چېپىپ كەتتى . لەشكەرلەرنىڭ بۇنى تاشگۇل
دېيىشى تۇرغان گەپ ئىدى .

لەشكەرلەر قىيا ـ چىيا قىلىشىپ كەلگۈچە تاشگۇل يوشۇرۇنۇپ
ئۈلگۈردى . ئۇلار ئاتلىرىنى چاپتۇرغىنىچە تاشگۇلنىڭ بېشىدىنلا ئۆتۈپ
كېتىشتى . ئۇلارنىڭ قارانچۇقنى قانچىلىك ۋاقىت قوغلىغانلىقىغا بىرنېمە
دېيىش تەس ئىدى . ئات قارانچۇقنى ئېلىپ جان ـ جەھلى بىلەن
قاچاتتى ، ئۇلار توختىماي قوغلايتتى ، ئەمما قانچە قىلسىمۇ يېتىشەلمەيۋا-
تاتتى .

ئازراقلا ئەقىل بىلەن بېشىغا چۈشكەن غەم تېغىنى دەپئى قىلغان
تاشگۇل قېنىپ ئۇخلىغان بوۋاقتەك خاتىرجەم ھالدا جىلغىدىن چى-
قتى . بۇ يەردىكى دېڭىزدا ياشايدىغان سۇ ھايۋانلىرى تاغنىڭ
جەنۇبىدىكى دېڭىزدا ياشايدىغان سۇ ھايۋانلىرىدەك كۆپ ھەم ۋەھىملىك
ئەمەس ئىدى . تاشگۇل بۇنى ئوبدان بىلگەچكە ، دېڭىز قىرغىقىغا بىمالال
بېرىۋەردى . تاشگۇل بىر بېلىقنى تۇتۇپ ئادالاۋاتقاندا ، بىر پىلنىڭ ئېچى-
نىشلىق ۋارقىراپ زارلىنىۋاتقىنى ئاڭلاندى . پىلنىڭ ھەربىر ۋارقىرىشىغا

چىدىغۇسىز ئازاب يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېس قىلغان تاشگۈل بېلىقنى قو-
يۇپ، پىل ئاۋازى كېلىۋاتقان قېلىن ئورمانلىققا باردى ۋە پىلنى ئاسانلا
تېپىۋالدى. كۆزلىرىدىن ھۆررەك - ھۆررەك چاپاق ئۆرلەپ تۇرغان پىل
دەم ۋارقىراپ، دەم قۇچاق يەتكۈسىز دەرىجىدە ئىششىپ كەتكەن ئالدى
پۇتىنى يالاپ ياتاتتى. ئۆزى شۇنچە چوڭ ھەم بىر پارچە تاغنى كۆتۈرۈپ
قويغۇدەك كۈچلۈك مەخلۇق تۇرۇپ شۇ تاپتا ئاشۇ ئىششىق پۇتىنى
يالاشقىمۇ دەرمانى يەتمەيۋاتاتتى. تاشگۈل قاراپلا توپتىن ئايرىلىپ قالغان
يارىدار پىل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈردى. تاشگۈل پىلنىڭ قېشىغا بىمالال
باردى - دە، ئۇنىڭ ئاغرىق پۇتىنى سىلىدى. پىل ئۆزىگە بىر ئىنساننىڭ
ياردەمگە كەلگەنلىكىنى بىلىپ، ئىڭرىغىنىچە كۆزلىرى بىلەن ئىششىق
پۇتىنى ئىما قىلدى. تاشگۈل پىلنىڭ ئىشەنچىگە ئېرىشكەندىن كېيىن
ئىششىق پۇتىنى تەپسىلىي تەكشۈردى. مەلۇم بولدىكى، پىلنىڭ تاپىنىغا
ئوتتۇرا قول تومىلۇقىدىكى شېشىق كىرىپ كەتكەن ئىدى. شېشىقنىڭ
ئۇچى تاپان يۈزىدىن بىلىنەر - بىلىنمەس چىقىپ تۇراتتى. تاشگۈل
شېشىق ئەتراپىدىكى گۆشنى چۆرگىلىتىپ ئويۇپ ئۇچىنى تۇتۇپ تارتقۇ-
دەك ئىمكانىيەت ھازىرلىدى. پىل ئاغرىققا چىداپ مىدىر - سىدىر قىلماي
ياتاتتى. بىراق، تاشگۈل شېشىقنى ھەرقانچە تارتىپمۇ سۇغۇرالمىدى.
شېشىق گەرچە تاشگۈلدەك قەيسەر ئايال ئالدىدا ھېچنېمىگە ئەرزىمىسىمۇ،
شۇ تۇرقىدا تىركىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاشگۈل ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى
گۆشلەرنى تېخىمۇ چوڭقۇر كولاپ ئېلىپ، كۆتىكىنى راۋۇرۇس
چىقاردى، ئاندىن بەلدەپ پىششىق شوينا بىلەن مەھكەم باغلىدى، شوينا
ئۇچىنى بىلىكىگە ئىككى قات يۆگەپ، ئىككى پۇتىنى دەرەخ كۆتىكىگە
تىرىگىنىچە، ئارقىسىغا قاتىيىپ تۇرۇپ راسا كۈچەپ تارتقان ئىدى،
سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر يېرىم غېرىچ كېلەتتى، قان -
يىرىڭ ئىچىدە قارىيىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ ئورنىدا پەيدا بولغان باش
بارماق چوڭلۇقىدىكى كاماردىن بىرھازاغىچە قان - يىرىڭ چىقتى. يىرىڭ
ھازىرچە توختايدىغاندەك قىلمايتتى. پىلنىڭ قۇچاق يەتمىگۈدەك بولۇپ

كەتكەن پۈتى، تاختىدەك تۈزلەنگەن بويۇن ـ تاغاقلىرى ئاستا ـ ئاستا جىمىپ، بوشىغان تاغاردەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى. پىلمۇ راھەتلەنگەندەك ئېزىلىپ ياتاتتى. تاشگۈل ئىچىدە: «قانغۇچە ئۇخلىۋال، جانىۋار، بۇ سېنىڭ ئەزىز ماكانىڭ!» دېدى ـ دە، قايتىپ بېرىپ، بېلىقنى كاۋاپ قىلىپ يەپ، ئۇيقۇغا كەتتى. بېشىغا تەكىيە قىلغان تاش بىلەن «سىرلىنىجا» شېغىل بىرقانچە كۈندىن بېرى ئۇيقۇسىزلىق، ھارغىنلىق يەتكەن بەدىنىگە گويا مامۇق تۆشەكتەك راھەتبەخش ئەتتى.

تاشگۈل قاچاندىن بۇيان ئۇخلىمىغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمايتتى. شۇ تاپتىكى ئۇخلىشىدا بىرەر كۈچ ياكى ۋەھىمىلىك ئاۋاز تەسىر قىلمىسا بىرقانچە كېچە ـ كۈندۈز ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلىغان بولاتتى. بىراق، يەنە شۇ پىلنىڭ قاتتىق ۋارقىرىشى ئويغىتىۋەتتى. ئەنسىرەپ ئورمانلىققا بارغان ئىدى، پىلنىڭ خېلىلا ساقىيىپ تېتىكلىشىپ قالغىنىنى كۆرۈپ، چىرايىغا كۈلكە ياماشتى. خاتىرجەم بولۇپ قايتىشقا تەمشەلگەن ئىدى، پىل يوگۇرگەنچە بېرىپ، دېڭىزنىڭ تېيىز يېرىدىن ئۆزىگە سۇ چاچتى، ئاندىن خارتومى بىلەن ئەتراپقا سۇ پۈركۈدى. شۇ تاپتا ئۇ تازا راھەتلىنىۋاتقاندەك قىلاتتى. تاشگۈلمۇ ئۇنىڭ قىلىقلىرىغا ھېرىسمەنلىك بىلەن قاراپ بىرئاز ئولتۇردى.

پىل ئاخىر دېڭىزدىن چىقىپ تاشگۈلنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل شادلىق نۇرى چاقناۋاتاتتى. ئويلىمىغاندا، بەش ئاتلىق كەپتۇ، ئۇلار تاشگۈلنىڭ نەۋرىلىرى ئىكەن. تاشگۈل پىلنى ھازىرقى ئالتاي تاغ تىزمىسى تەرەپكە ھەيدىۋېتىپتۇ. ئاندىن نەۋرىلىرى بىلەن دۇنيانىڭ يىراق ـ يىراق جايلىرىغا بېرىپتۇ. ئۇ باھادىر نەۋرىلىرىنى بەش چوڭ قۇرۇقلۇققا بىردىن ماكانلاشتۇرۇپتۇ. بۇ تارىخقا ئايلىنىپتۇ، تارىخ رىۋايەتقە ئايلىنىپتۇ، رىۋايەت يەنە تارىخقا ئايلىنىپتۇ. تارىخ بىلەن رىۋايەت بىر ـ بىرىنى دەۋرىي قىلغان ئۆلمەس ھاياتلىققا ئايلىنىپتۇ.

نەچچە يۇرت ـ ئىقلىمنى، ھەتتا ئۆز زامانىسىدا سەلتەنىتى جاھانغا تارالغان قاغانلىقنى زىلزىلىگە سالغان ئەنجۈر ماجىراسى ئەنە شۇنداق ئا-

خىرلىشىپ ، ئارىدىن تالاي ـ تالايلىغان ئەسىرلەر ئۆتۈپ كەتتى . بۇ زېمىندا يەنە قانچىلىغان ئىمپېرىيە ، قاغانلىق دەۋران سۈردى ، قانچە باھادىر شاھ ۋە ئارسلان ـ ئالپاغۇتلارنىڭ ھاياتلىق چىرىغىغا زاۋاللىق يەتتى . يەنە قانچە قېتىملاپ چوڭ ـ چوڭ تەبىئەت ئۆزگىرىشلىرى يۈز بەردى ، قىسقىسى ، ھاياتلىقنىڭ ئۇل ئۇقتىسىدىن باشلانغان دەۋرى نەچچە تەكرارلانغىنىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ . گەپنى شاخلاتسا ھەيران قالارلىق قىسسە ـ ۋەقەلەر ئىچىدىن تېخىمۇ قىزىق قىسسە ـ ھېكايەتلەر چىقىپ قۇيرۇقى ئۈزۈلمەيدۇ .

مەلۇمكى ، ئەنجۈر بىلەن تاشگۈل ھەققىدىكى تەسىرلىك ۋەقەلەر ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ كەتتۇ . لېكىن ، ئەينى دەۋر بىلەن كېيىنكى دەۋرنىڭ يىل پەرقى ناھايىتى ئۇزاق بولغاچقا ، بەزى تەپسىلاتلار رىۋايەتتەك تۈيغۇ بېرىپتۇ ، كىشىلەرمۇ بۇنىڭغا ئېرەن قىلماپتۇ . كېيىنكى مەزگىللەردە قىران دەرياسى بىر قېتىملىق مىسلىسىز زور تاشقىنغا دۇچ كەپتۇ . كەلكۈن توختاپ دەريا قىنى قۇرۇغاندا كىشىلەر ئوتۇن ـ تەمەچ تەرگىلى دەريا بويىغا بېرىپتۇ . ئۇلار كەلكۈن ئېقتىپ كەلگەن ئوتۇنلارنىڭ ئارىسىدا ئۆزلىرى رىۋايەت قىلىپ يۈرگەن ئەنجۈر مېۋىسى تۇرغانلىقنى بايقاپ يېگەن ئىكەن ، ئىمانى نۇرلىنىپ ، ۋۇجۇدى كۈچ ۋە غەيرەتكە تولۇپتۇ ، شۇنىڭ بىلەن تەمەچ ـ ئوتۇنلارنى بىردەمدىلا تېرىپ بولۇپتۇ . ئۇزاق يىللار رىۋايىتىنى تاشلاپ قويۇپ ئۆزى مۆكۈپ يۈرگەن بۇ خاسىيەتلىك مېۋە كىشىلەر ئالدىدا ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولغاندا ھەممەيلەن شادلىققا تولۇپتۇ . بۇ مۆجىزىلىك پاكىت ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا كۆچۈپ ، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئاڭلىنىپ ئوقۇمۇشلۇق زاتلارنىڭ قۇلىقىغا يەتكەن ئىكەن ، ئۇلار دەريانى بويلاپ مېڭىپ بىرقانچە كېچە ـ كۈندۈز ئىزدەپ ، چىقمىغان تېغى ، چۈشمىگەن جىلغىسى قالماپتۇ . شۇنداقتىمۇ ئىزدەشنى توختاتماپتۇ . بەختىگە يارىشا ئۇلارنىڭ ئەجرى بىكار كەتمەي ، ئاخىر ئەنجۈر دەرىخىنى قاتمۇقات تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئارقىسىدىكى ھاياتلىق بولۇشىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدىغان بىر تىك چوققىدا بايقاپتۇ . ئۇ ئۆ-

زىنىڭ غايەت زور تېنى بىلەن بۇ گىياھسىز تاقىر چوققىنى تېخىمۇ مەزمۇت كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ. ئۇلار ئەنجۈر دەرىخىگە يېقىنلاپ، ئۇنىڭ مەيلى قىشنىڭ زىمىستان سوغۇقلىرىدا، مەيلى تومۇزنىڭ پىژغىرىم ئاپتىپىدا ۋە مەيلى تەبىئەتنىڭ دەھشەتلىك بوران ـ چاپقۇنلىرىدا بولسۇن، قەددىنى كېرىپ، بەلكى تېخىمۇ تاۋلىنىپ، تەرەپ ـ تەرەپكە يىلتىزلاپ، ئالماس كەبى مەزمۇت تىك چوققىنى ھاياتلىقنىڭ قۇدرىتى بىلەن چاك ـ چېكىدىن ئاجرىتىپ، ئۆز ۋۇجۇدىدا قارشى تۇرغىلى بولمايدىغان ھاياتىي كۈچنىڭ بارلىقىنى نامايان قىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئاجايىپ كۈچلۈك ئىرادىگە كېلىشىپتۇ، ئاندىن قېقىر تاغلارنى خۇددى ئۆمۈچۈك تورىدەك ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان يىلتىزلارغا ئېسىلىپ چىقىپ، ئەنجۈر دەرىخىنى كۆرۈپتۇ، ئەنجۈر مېۋىسىنى كەڭ كۇشادە، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشىپتۇ. شۇ چاغدا بىردىنلا ئىمانى نۇرلىنىپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى كۈچ ۋە غەيرەتكە تولۇپتۇ، ئەنجۈر دەرىخىنى تېپىش يولىدا چەككەن جەبىر ـ جاپا، رىيازەتلىرى بىراقلا ئۇنتۇلۇپتۇ. ئۇلار ئەنجۈردىن ئېپتىخارلىنىپ شاخ ـ يوپۇرماقلىرىنى يۈز ـ كۆزلىرىگە سۈرتكەن ئىكەن، چىرايى نۇرلىنىپ، كۆزلىرى روشەنلىشىپتۇ. چوڭ ـ چوڭ تاشلارغا مىنگىشىپ ياتقان شاخلارغا تىرەك قويۇپتۇ. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەن قانائەت تاپماي يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تاغ ئىچكىرىلەپ كىرىپ، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تىك ئۆسكەن ناھايىتى توم ئانا غولىنى بايقاپتۇ. ئۇلارنى ھەممىدىن بەكرەك ھەيران قالدۇرغىنى ئەنجۈرنىڭ غولى بىلەن بىر گەۋدە بولۇپ كەتكەن، تاشقا ئايلانغان ئادەم ئىسكىلىتى ئىكەن.

ئۇلار ئىسكىلىتنى سىنچىلاپ كۆزەتكەندىن كېيىن:

— بۇ كىم بولغىيدى؟ — دېيىشىپتۇ.

— بۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن؟ تاش ئىكەنلىكى ئېنىق تۇرمامدۇ! — دەپتۇ بىرى.

— ھەي، سەن كورمۇ؟ ئۇنىڭ ئادەملىكى مانا مەن دەپلا تۇرمامدۇ؟ — دەپتۇ بىرى قارشى چىقىپ.

يەنە بىرى :

— ئۇ تاش ئەمەس ، كىيىۋالغىنى يىللارنىڭ سوۋغىسىدۇر ! — دەپتىكەن ، بىرى قوپۇپ :

— ئۇنداقتا ئۇ زات تېخىچە شىرىن ئۇيقۇدا ئىكەن - دە ، — دەپتۇ كىنايە قىلغان تەلەپپۇزدا .

ئاخىرىدا بىرسى خۇلاسە كالام قىلىپ ئېيتىپتۇ :

— بۇنىڭ « ئاتا » سۈپەت ئاتىلا ئىكەنلىكىگە قىل سىغمايدۇ . ئۇ خەتەرلىك ئەھۋالدا ئەڭ ئاخىرقى ئىمكانىيەتكە مۇراجىئەت قىلىپ ، ئەنجۈر دەرىخىنى بۇ تىك چوققىنىڭ دەم ئۇ يېرىگە ، دەم بۇ يېرىگە قويغان ، ھەممە يەر ئۇيۇل تاش بولغاچقا ، كۆتەك پاتقۇدەك ئازگال ئويۇلمىغان . ئۇ شۇنداق تىت - تىتچىلىقتا باش قاتۇرۇۋاتقاندا ، بىردىنلا يامغۇر تېمشى-غان . ئۇنىڭ كۆڭلى « ۋاللىدە » يورۇپ ، شۇئان ئىككى چاڭگال سۇ سىغقۇدەك بىر زېدىگە ئەنجۈر دەرىخى كۆتىكىنى مىقتاپ چىڭ تۇتۇپ ئولتۇرغان . ئولتۇرغاندىمۇ ئەنجۈر دەرىخىنى تىك تۇتقىنىچە مىدىر - سىدىر قىلماستىن بارلىق ئەقىدىسىنى نوتا سۈرۈشكە مۇجەسسەملەپ ئول-تۇرغان . ئاخىر ئۇ تەگداشسىز باتۇرلۇق ھەم سەۋرچانلىقىنى مۇشۇ ئەنجۈر دەرىخى ئارقىلىق نامايان قىلىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن . ئەنجۈر دەرىخى يىللارنىڭ دەھشەتلىك جۇدۇن - چاپقۇنلىرىغا ئۇچرىسىمۇ ئۆز يېنىدا ئاتىلادەك تايانچىسىنىڭ بولغانلىقىدىن ئاستا - ئاستا بىخ سۈرگەن ...

— قاراڭلار ، ئاتىلانىڭ يېنىدا تاشقا ئايلانغان قىلىچمۇ تۇرامدۇ نېمە ؟ ئۇ چاغدا قىلىچ بولغىيمىدى ؟ — ئارىدىن بىرسى گەپنى بۆلگەن ئىدى ، يېنىدىكىسى جاۋابەن ئېيتتى :

— ئۇنى - بۇنى دېگىنىمىز بىلەن تېخى بۇ ئالەمنىڭ ھەقىقىي سىرى ئېچىلغىنى يوق . تەتقىقاتلار بىر پەرەز ياكى ئىلمىي يەكۈندىنلا ئى-بارەت . بىز بۇ ئىلمىي يەكۈنلەرگە ئاساسلىنىپ تەبىئەتتىن پايدىلىنىۋاتىمىز . قىلىچ ھەققىدىكى سوئالغا ، ئەڭ ياخشىسى ، قىلىچ ئاس-قان ئاتىلا ئۆزى جاۋاب بەرسۇن .

— مانا بۇلار ھەر كىمنىڭ ئىنچىكە كۆزەتلەندىن كېيىنكى ئۆز سەممىيىتىنى قانداقلارچە ئوتتۇرىغا قويۇشىنى كۈتۈپ تۇرغان ئاجايىپ پاكىت، — دېدى ئارىدىن يەنە بىرى.

شۇ چاغدا بىرسى سەكرەپ بېرىپلا :

— ماڭا قارىڭا، ئاتنىلاكا، — دېگىنىچە ئىسكىلىتنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ تارتقان ئىدى، تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى « قاراس » قىلىپ قولىغا چىقتى. ئۇ نېمە قىلارىنى بىلمەي قورققىنىدىن تىترەپ كەتتى. باش سۆڭىكىنىڭ تاشقاتمىسى ئۇنىڭ قولىدىن جىلغىغا چۈشۈپ كەتتى.

باشقىلار بىردىنلا غەزەپلىنىپ :

— ھەي تەلۋە، بىر ئوبدان بېشى بار تەننى باشسىز قىلىپ قويغىنىڭ نېمىسى؟ قارا، ئەمدى ئۇنىڭ تېنى تىترەۋاتىدۇ! بىز ئاشۇ باش سۆڭىكنى تاپايلى ... — دېيىشتى.

گەپنىڭ ئاخىرى ئۈزۈلمەستىنلا قاتتىق بوران بىلەن تەڭ ھاۋا گۈلدۈرلەپ چاقماق چېقىپ، يامغۇر قۇيۇۋەتتى، تاغۇدەشتلەر بىر پەستىلا سۇغا چىلىنىپ كەتتى. باش سۆڭىكنىڭ تاشقاتمىسمۇ كۆزدىن غايىب بولدى. لېكىن، ئۇلار ئەنجۇر دەرىخىدىن كۆچەتلىك ئالغاچ كېتىپ يۇرتتا ئەنجۇرلۇك باغ ئەھيا قىلىشتى. شۇنداق قىلىپ، ئەنجۇرنىڭ داڭقى ئەلدىن - ئەلگە تارقاپ، بۇ ھەقتىكى قىسسە - مەلۇماتلار خاتىرىلىنىشكە باشلىدى.

# ئاخىرقى سۆز

يۇرتۇمدا «بۇلۇڭ كوچا» دەپ ئاتىلىدىغان قاتمۇقات ئۆجمىلىك كۆجۈم بىر مەھەللە بار ئىدى. پۈتكۈل نەغمە - ناۋالار، مەشرەپ - ئويۇنلار، قىسسە - ھېكايەتلەر مۇشۇ ئۆجمىلىك مەھەللىدە ئېيتىلىپ ۋايىغا يېتىپ جاھاننىڭ باشقا جايلىرىغا تارقىلاتتى.

بالىلىق چاغلىرىمدا، ئاپئاق ساقىلى كۆكسىدىن ئاشقان قىسسىچى بوۋايلارنى، چاچلىرى پاختىدەك ئاقارغان چۆچەكچى مومايلارنى كۆرسەم «ئەۋلىيا - خىزىر دېگەنلەر مانا مۇشۇلار بولسا كېرەك» دەپ ئويلايتتىم. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇلار بىر - بىرلەپ ئالەم بىلەن خوشلاشتى. يەنە ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ قىسسە - ھېكايىلار ئېيتىپ بېرىدىغان، بىز يامىشىپ چىقىپ ئېغىنىپ يەيدىغان رەت - رەت ئۆجمىلەر چىقىرىۋېتىلىپ، ھەشەمەتلىك ئايۋان - سارايلار چىقىۋېتىلىپ، ئىز - ئورنى سالالاشتۇرۇلدى. ئەمدى قەيەردىن قارىسا تەپتەكشى بۇ مەيداندا ئۆجمىلەر كۆرۈنمەيتتى. گويا مەن ئۇلارنى يۇدۇۋالغاندەك يەلكەمنى ئېغىر ھېس قىلاتتىم. يېشىمنىڭ چوڭىيىشى، جىسمىمنىڭ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ ئاشۇ ئەۋلىيا - خىزىر سۈپەت بوۋا - مومىلىرىم سۆزلەپ بەرگەن ۋەقەلەر ۋۇجۇد ئېتىزىمدا بىخلىنىشقا باشلىدى.

1981 - يىلى ئاۋغۇستتا تارىمنىڭ غەربىي شىمالىدىكى ئاتۇش شەھىرىنىڭ ئارغۇ يېزا ئاچچىق كەنتى قىران دەرياسىنىڭ شەرقىي قىرغىقىدىكى ئېگىزلىكتىن ئادەمنىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تې-

پىلدى . بۇ ئېگىزلىكنىڭ دۇنيا خەرىتىسىدىكى جۇغراپىيىلىك ئورنى شەرقىي ئۇزۇنلۇق ' 05 °75 ، شىمالىي كەڭلىك ' 45 — ' 44 °39 ئارىلىقتا بولۇپ ، تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەكنى ئاتۇش تەۋەسىدىن تېپىلغانلىقى ۋە ئاناتومىيىلىك بايقاشلار نەتىجىسىدە ، ئارخېئولوگلار تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەككە « ئاتۇش ئادىمى » دېگەن نامنى بەردى . ئېلىمىزدىكى ئارخېئولوگلار ، ئىنسانشۇناسلار ۋە گېئولوگىيە تەتقىقات خادىملىرى تاشقا ئايلانغان بۇ باش سۆڭەكنىڭ ناھايىتىمۇ ئۇزاق دەۋرلەر بۇرۇنقى 18 ياشلىق ئەرنىڭ باش سۆڭىكى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى . ھاياتلىق قالدۇق سۆڭەكلىرىنىڭ « ئاتۇش ئادىمى »نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىدەك مۇكەممەل تاشقاتمىغا ئايلىنىشى ئۈچۈن نەچچە ئون مىڭ يىلنىڭمۇ بەك ئازلىق قىلىدىغانلىقىنى ئويلىغىنىمدا ، ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ ئېيتىلىپ كەلگەن ھېكايە - قىسسەلەرنىڭ قانداقتۇر ئەپسانە - رىۋايەت ئەمەس ، بەلكى يىراق تارىخنىڭ گۈزەل بەدىئىي تەسۋىرى ، ئەجدادلىرىمىزنىڭ شانلىق تارىخى ئىكەنلىكى كۆز ئالدىمدا نامايان بولدى .

« ئاتۇش ئادىمى »نىڭ بايقىلىشى دىيارىمىزنىڭ ئىنسانلار ئەڭ بۇرۇن ئەللەيلەنگەن مۇقەددەس ئالتۇن بۆشۈك ئىكەنلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ناھايىتى يىراق ، ناھايىتى يىراق تارىخقا ئاساسلانغاندا ، ھازىرقى جۇڭغار - تارىم ئويمانلىقى قەدىمكى تېتىس دېڭىزىنىڭ بۆلەكلىرى بولۇپ ، ھالقىسىمان قاتمۇقات تاغلار بىلەن ئورالغان ئىدى . مۇئەللەقتىن قارىغاندا ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالى ۋە جەنۇبىدىكى ئىككى دېڭىز خۇددى تولدۇرۇپ قويۇلغان قوش قەدەھتىكى سۈيۈشۈپ تۇرغان شارابتەكلا داۋالغۇپ تۇراتتى . تاغلار شۇنچە ئېگىز ، شۇنچە ھەيۋەت بولسىمۇ ، بىراق ئۆز قوينىغا غەرق قىلىۋېتىش قەستىدە تىنىمسىز ئۆرلەۋاتقان دېڭىز ئۇنىڭ كۆك تېرىگەن بويىنى پاكار كۆرسىتەتتى . ھازىرقى تەڭرىتېغىنىڭ شىمالىدىكى تەبىئىي بەلۋاغلارنىڭ تېمپېراتۇرىسى يۇقىرى ، ھۆل - يېغىن مىقدارى كۆپ ئىدى . يىل بويى بۈك - باراقسان كۆكىرىپ تۇرىدىغان

ئورمانلار دېڭىز ساھىلىغا بەكمۇ گۈزەل تۈس ئاتا قىلىپ تۇراتتى. دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدە ئورانگوتانلار، ئادەمسىمان مايمۇنلار شاختىن - شاخقا سەكرىشەتتى، ۋارقىرىشىپ - جارقىرىشىپ جىمجىت مۇھىتقا جانلىقلىق بەخش ئېتەتتى. ئۇلار گاھىدا دەرەخلەرنىڭ غوللىرىغا ئۈستى - ئۈستىلەپ يۆگىشىۋالغان يۆگىمەچ غوللۇق ئۆسۈملۈكلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ، كارىدور ياكى خانا شەكىللىك تەبىئەت دۇنياسىنىڭ ھۇزۇرىنى سۈرەتتى. تۇرۇپلا تەرەپ - تەرەپكە چېپىپ يۈرگەن توپ - توپ بېگىموتلار چايكىلارنى چۆچۈتۈۋېتەتتى. بەزىدە بۇ سۇ قۇشلىرى بېگموتلارغا ئېرەن قىلىپمۇ كەتمەي بىرنېمىلەرنى تىمىسقىلايتتى ياكى كۆك قەرىدىن بوران چىقارغىنىچە چۇشۇپ بېلىق ئالاتتى.

ھازىرقى تەگرىتېغىنىڭ جەنۇبىدىكى دېڭىزدا نېرىدىن چۆكمە تاغ پارچىلىرىدەك كۆرۈنىدىغان غايەت زور بېلىقلار ناھايىتى كۆپ بولۇپ، بەزىدە سۇ يۈزىدە خۇددى كىچىك - كىچىك ئاراللاردەك پەيدا بولۇپ قالاتتى. بۇنداق چوڭ بېلىقلار سۇ يۈزىگە چىققاندا تىمساھ تىپىدىكى ئۆمىلىگۈچى ھايۋانلار ئەنسىزلىككە چۈشۈپ قورۇقلۇقتا خۇددى دېڭىز دولقۇنلىرىدەك ئۆزلىرىنى ئاتاتتى. دېڭىز سىزىقىنى بۆسۈپ ئۆتەلمىگەن لەھەڭ، ئاكولا، دېڭىز يولۋىسى دېگەندەك خىلمۇخىل سۇ ھايۋانلىرى ھاۋا بوشلۇقىغا خۇددى يا ئوقلىرىدەك ئېتىلىپ چىقاتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلار ئۆزلىرىدىن كىچىك بېلىقلارنى يۇتۇۋېتەتتى. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا غايەت زور بېلىقلارغا يەم بولاتتى. ھەركۈنى بىرقانچە قېتىم مانا شۇنداق قىسمەتكە يولۇقۇپ تۇرىدىغان سۇ ھايۋانلىرى گويا ھېچ ئىش يۈز بەرمىگەندەكلا قايناپ تۇراتتى.

دېڭىز ناھايىتى چوڭقۇر بولۇپ، سۈيى ئانچە تۇزلۇق ئەمەس ئىدى. زىراپە، ياۋا تاغىل ئات ياكى شىر، سىرتلان قاتارلىق ھايۋانلار بولسۇن ۋەياكى قولۇلە قېپى يىغقىلى كەلگەن ئادەملەر بولسۇن، ئۇلارنى سېزىپ قالغان چوڭ بېلىقلار قىرغاققا يېقىنلاپ قاتتىق كۈچ بىلەن سۇ پۈرقۇيتتى. بېلىقلارنىڭ ئاغزىدىن مۇناردەك ئېتىلىپ چىققان سۇ ھايۋان

ياكى ئادەمنى سوقاتتى. ئۇنىڭ زەربىسىدە تىك موللاق چۈشكەنلەر كەيـنىگە قايتقان سۇ بىلەن ئېقىپ بېلىقنىڭ ئاغزىغا كىرىپ كېتەتتى. شۇڭا، دېڭىزغا قۇلۇلە قېپى يىغقىلى ياكى سۇ ھايۋانلىرى تۇتقىلى كەلگەنلەر پۇختا بىر نۇقتىغا مەھكەم چىگىلگەن ئۇزۇن ئارغامچىنى بېلىگە باغلاپ كالتەك ـ چوماق كۆتۈرگەن ھالدا قىرغاققا يېقىنلىشاتتى. مەن ـ مەن دېگەنلەرمۇ دېڭىزغا كېچە ياكى سال بىلەن كىرىشكە پېتىنالمايتتى...

مەن 1998 ـ يىل ئىيۇندا «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تېپىلغان ئېگىزلىككە چىقتىم. مۇقەددەس تۆپىلىك ماڭا خۇش چىراي ئاچتى. مەنمۇ «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ يېنى تەگكەن، ئۇچىسىغا يېپىنچا بولغان ھەربىر چىمدىم تۇپراققا ئوتلۇق مېھرىم بىلەن قارىدىم. ئەينى زاماندىكى دېڭىزنىڭ ساھىلىدا پەيدا بولغان قۇرۇقلۇقنىڭ چوكۇندى ھاسىلاتلىرى گرانت تاشلارغا ئايلىنىپ بولغان بولۇپ، چۆكۈندى قەۋەتلىرىمۇ نىسبەتەن قېلىن ئىدى. بۇ ھال ئەينى دەۋردىكى چۆكۈندىلىشىش مۇھىتىنىڭ ئۆزگىرىشىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەتتى. «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنىڭ ۋۇجۇدقا كېلىشىنى مەلۇم يەر قەۋىتى شەكىللەنگەن گېئولوگىيىلىك دەۋرلەر ۋە ئوخشاشمىغان گېئولوگىيىلىك دەۋرلەردىكى ھازىرقى تارىم ۋادىسى ئورنىدىكى ئىلگىرىكى دېڭىز بىلەن ھازىرقى تارىم ئويمانلىقىنىڭ تەقسىملىنىش ئەھۋالىغا باغلاپ چۈشەندۈرۈشكە بولىدۇ. ۋەھالەنكى ئاتتىلا ياشىغان ئەينى دەۋردىكى دېڭىز ساھىلىدىكى قۇرۇقلۇقلار ھازىر تاش تەركىبلىك ئېگىزلىكلەرگە، قېلىن ئورمانلار كۆمۈر قاتلىمىغا، دېڭىزدىكى شۇنچە كۆپ ھايۋانلار چوڭقۇر يەر قاتلاملىرىغا چۆكۈپ نېفىتكە ئايلىنىپ بولغان. مەملىكىتىمىزدىلا ئەمەس، دۇنيا بويىچىمۇ تۇز زاپىسى ئەڭ كۆپ جايلارنىڭ بىرى، قەدىمكى دېڭىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى يالدامىسى ھازىرقى لوپنۇر كۆلى ۋە تارىم ۋادىسىنىڭ باشقا جايلىرىدىكى تۇز كانلىرىنىڭ تۇز زاپىسىغا ئاساسلىنىپ، ئاتتىلا كۆرگەن ئەسلىي دېڭىزنىڭ يېشىنى ھېسابلاش مۇمكىن.

«ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكىنىڭ تاشقا ئايلىنىش دەرىجىسى، يەر قاتلىمى، تاشقا ئايلانغان باش سۆڭەك تېپىلغان

ئېگىزلىكىنىڭ جۇغراپىيىلىك ئورنى قاتارلىق يېڭى مەلۇماتلار، شۇنىڭدەك ھەجىم ۋە شەكلىنىڭ ھازىرقى ئادەملەرنىڭ باش سۆڭىكىگە ئاساسەن ئوخشىشىدىغانلىقى ئۇنىڭ ئەڭ قەدىمكى مەرىپەتلىك، مۇنەۋۋەر ئىنسان، ئەمما ئەڭ كېچىكىپ بايقالغان ئىنسان ئەجدادى ئىكەنلىكىنى دەلىللەيدۇ.

مەن ئېھتىياج تۇپەيلى بۇ سېلىشتۇرمىلارنى تۆپىلىكتە تۇرۇپ كۆز ئالدىمدىن ئۆتكۈزۈپ، پەخىرلىنىش ھېسسىياتىمنى باسالمىغان ھالدا «ئاتۇش ئادىمى»نىڭ تاشقا ئايلانغان باش سۆڭىكى تېپىلغان نۇقتىغا بېكىتىلگەن ئاددىي پولات تاختىنىڭ قېشىغا كەلدىم ـ دە، ئىككى قولۇمنى ئېگىز كۆتۈرۈپ: «ئېھ، ئىنسانىيەتنىڭ تۇنجى مەدەنىيەتلىك ئەجدادىنى ئەللەيلىگەن ئالتۇن بۆشۈك! ئېھ، ئىنسانلارغا تۇنجى ئاياغ، تىل، ئەقىل، كۆز نۇرى، ئوغۇز ۋە ئىشەنچ ئاتا قىلغان بۈيۈك ئانا!» دەپ، مۇقەددەس زېمىننى قۇچاقلىدىم. بىردىنلا تەنلىرىم يايراپ، يۈرىكىم توملانغاندەك بولدى.

جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرۈۋاتقان تۆپىلىكتە توختىماي سوقۇۋاتقان تاغ شامىلى مېنى ئەللەيلىمەكتە ئىدى. بىر خىل غايىبانە كۈچنىڭ تۈرتكىسىدە چاچراپ ئورنۇمدىن تۇردۇم، يېقىن ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ۋۇجۇدۇمنى سۈر بېسىپ چىلىق ـ چىلىق تەرگە چۆمۈلدۈم. كاستۇممنى سېلىپ تۆپىلىككە يېپىشىم بىلەن ئىمانىم نۇرلىنىپ ۋۇجۇدۇم ئىشەنچكە تولۇپ، يىراق ـ يىراقلارغا تىكىلدىم. كۆز يېتىم يەردە ناھايىتى نۇرغۇن تۆمۈر تۇمشۇق قاتاڭشىغان بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ مېۋىلىرىگە ئۆتكۈر تۇمشۇقلىرىنى تۈۋۈگىچە پاتۇرۇپ شىرنىسىنى شوراۋاتاتتى. بۇنى كۆرۈپ دەر غەزەپكە كېلىپ، ئىسقىرتقان ئىدىم، ماڭا تونۇشلۇق بولغان بۈركۈت كېلىپ دولامغا قوندى. مەن تۆمۈر تۇمشۇقلارنى ئىما قىلدىم. بۈركۈت ئولجىنى كۆرۈپ ئۆتكۈر تىرنىقىنى چىقىرىپ تاقەتسىزلەندى. مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم ـ دە، ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم.

1998 ـ يىل 9 ـ ئاي، ئاتۇش

这是长篇小说中，以生动而有趣的故事情节和勇敢的女人形象，逼真地描绘把无花果从神秘险峰上拿到人间的惊险幻想故事。是一部富有传奇色彩的作品。

جاۋابكار مۇھەررىرى : **تۇردى يامغۇر**
جاۋابكار كوررېكتورى : **گۈلباھار مۇھەممەتئىمىن**
تېخنىكىلىق مۇھەررىرى : **غولام ئەبەيدۇللا**

# قۇرۇماس دەرەخ

( رومان )

ئاپتورى : **تۇرسۇنجان قادىرى**

---

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى نەشر قىلىپ تارقاتتى
( قەشقەر شەھىرى تاربوغۇز يولى 14 ـ قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000 )
جايلاردىكى شىنخۇا كىتابخانىلىرى ساتىدۇ
قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 1168 × 850مم 32 / 1
باسما تاۋىقى : 13.375 قىستۇرما ۋارىقى : 3
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2000 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3110 —— 1

---

ISBN7 — 5373 — 0811 — X/I. 231
باھاسى : 21.00 يۈەن

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : مەخمۇتجان تۇردى

خېتىنى يازغۇچى : غەيرەت خالىق

ISBN 7-5373-0811-X

9 787537 308113 >

ISBN 7 — 5373 — 0811 — X

باھاسى: 21.00 يۈەن I. 231(民文)